رەيھانگۈل مجت

# قايانكاھ



شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

قايتا نىكاھ

مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: غالىب شاد
خەتتات: ئابلىكىمجان زۇنۇن جەۋلانى

# قايتا نىكاھ




ISBN 978-7-5371-5970-8
9 787537 159708 >
باھاسى: 32.00 يۈەن

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى


مەزكۇر ئەسەرنىڭ ئۇيغۇرچە نەشرىنى مەرھۇمە ئاپتور – رەيھانگۈل مىجىتنىڭ ھايات خاتىرىسىگە ھۆرمەت بىلەن بېغىشلايمەن .

– تەرجىماندىن



رەيھانگۈل مجىت

# قاتيانگاھ



(رومان)

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى : نىجات مۇخلىس
مەسئۇل كوررېكتورى : دىلىيار تۇرسۇن
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : غالىب شاھ

# قايتا نىكاھ

(رومان)

ئاپتورى : رەيھانگۈل مىجىت
تەرجىمە قىلغۇچى : سېيىت تىلىۋالدى

*

شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 2 ـ كوچا 1 ـ قورۇ، پ: 830049)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ رەڭلىك بېسىش زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۆلچىمى :1168×850مم، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى : 15.75
2008 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2008 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
ISBN978—7—5371—5970—8
سانى : 3500—1
باھاسى : 32.00 يۈەن

بېسىلىشتا، تۈپلەشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئەۋەتىڭ، تېگىشىپ بېرىمىز



رەيھانگۈل مجسح

Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No: 7
Daire: 4 Zeytinburnu - İST.

# مۇھەررىردىن

ئاپتور رەيھانگۈل مىجىت 1958-يىل 1-ئاينىڭ 11-كۈنى توقسۇن ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1978-يىلىدىن 1981-يىلىغىچە ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتىدا، 1981-يىلىدىن 1983-يىلىغىچە ئاپتونوم رايونلۇق ئەدلىيە نازارىتىدە خىزمەت قىلغان؛ 1983-يىلىدىن 1989-يىلىغىچە ئاپتونوم رايونلۇق ئەدلىيە مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى بولغان؛ 1986-يىلىدىن 1988-يىلىغىچە مەركىزىي سىياسىي-قانۇن كادىرلار مەكتىپىدە ئوقۇغان؛ 1989-يىلىدىن 2003-يىلىغىچە ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىدە سوتچى، باش سوتچى، ھەق تەلەپ 1-كوللېگىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان؛ 2005-يىلى ئادۋوكاتلىق سالاھىيىتىگە ئېرىشكەن.

ئاپتور قىسقىغىنا ھاياتىدا خەنزۇ تىلىدا «سوتچىنىڭ خاتىرىسى»، «قايتا نىكاھ»، «ئىپار ۋە سەيپىن دۆلتى» ناملىق پوۋېست ۋە رومانلارنى يازغان بولۇپ، «سوتچىنىڭ خاتىرىسى» ناملىق پوۋېستىنىڭ خەنزۇچە نەشرى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغانىدى.

مەرھۇمە ئاپتور رەيھانگۈل مىجىتنىڭ «قايتا نىكاھ» ناملىق بۇ رومانى — خەلقىمىزنىڭ ئائىلىۋى تۇرمۇشىدا ھەر دائىم ئۇچراپ تۇرىدىغان، ئادەتتە ھېچكىمنىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى قوزغاپ كەتمەيدىغان ئۇششاق دېتاللار ئاساسىدا تاۋلاپ چىقىلغان مۇۋەپپەقىيەتلىك ۋە تەسىرلىك ئەسەر. ئەسەردە مىللىتىمىزنىڭ ئائىلىۋى تۇرمۇشىدا ئەكس ئېتىدىغان ئېتنىك مەدەنىيەت ۋە ئەخلاق مەنتىقىسى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغان بولۇپ، ياشانغاندا جورىسىدىن ئايرىلىپ قالغان مويسىپىتلارنىڭ قايتا نىكاھلانغاندىن كېيىنكى تۇرمۇشى، ئۆگەي ئاتا-ئانىلار بىلەن ئۆگەي باللار ئوتتۇرىسىدىكى

نازۇك مۇناسىۋەت ۋە مويسىپىتلارنىڭ ياشانغان چاغدىكى كىشىلىك ھاياتىدىن كۆتىدىغان ئارزۇ-ئىستەكلىرى بەدىئىي يوسۇندا يارقىن يورۇتۇپ بېرىلگەن.

مەزكۇر رومان ئۆزىدىكى بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن نەشرىياتىمىز تەرىپىدىن بىرلا ۋاقىتتا ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ تىللىرىدا تەڭلا نەشر قىلىندى. ئېنىقكى، بۇ نەتىجە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئىپتىخارى، جۈملىدىن ئۇيغۇر ئايال ئاپتورلىرىنىڭ پەۋقۇلئاددە مۇۋەپپەقىيىتى ھېسابلىنىدۇ.

ئەسەرنىڭ ئورىگىنالىنى دەسلەپتە قولۇمغا ئېلىپ بىر قۇر كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن ھەسرەت بىلەن ئۇزاقتىن-ئۇزاق «ئۇھ» تارتىپ ئولتۇرۇپ كەتتىم. بولۇپمۇ ئۇيغۇر ئاياللىرى ئارىسىدا تۇنجى قېتىم خەنزۇ تىلىدا رومان يازغان بۇ ئۈمىدلىك ئەدەبىيات ھەۋەسكارىنىڭ ئۇن گۈلىنىڭ بىرى ئېچىلماي تۇرۇپلا ۋاقىتسىز قازا قىلىپ كەتكەنلىكىگە بەكمۇ ئېچىندىم.

ئورىگىنالنى تولۇق كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن مەرھۇمە ئاپتورنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىدىكى ياش بوغۇنلارنى، بولۇپمۇ ئەدەبىياتقا ھەۋەس قىلىدىغان ئوقۇرمەنلەرنى سۆيۈندۈرگۈدەك ئەسەرنى قالدۇرۇپ كەتكەنلىكىگە ئاپىرىن ئوقۇدۇم.

ئاخىرىدا تەرجىماننىڭ ئەسەرنىڭ تەرجىمە نۇسخىسىغا ئەسكەرتىپ قويغان مۇنۇ بىر جۈملىسىنى ئەسەرنى نەشرگە تەييارلاشقا ئىشتىراك قىلغان بارلىق كەسپداشلارنىڭ ئورتاق يۈرەك سۆزى سۈپىتىدە ئەينەن قەيت قىلىپ ئۆتۈشنى لايىق تاپتىم:

«مەزكۇر ئەسەرنىڭ ئۇيغۇرچە نەشرىنى مەرھۇمە ئاپتور — رەيھانگۈل مىجىتنىڭ ھايات خاتىرىسىگە ھۆرمەت بىلەن بېغىشلايمەن!»

2008-يىل ئىيۇل

# ئاخىرقى تىنىقلاردىن تەۋسىيە

شۇنداق قىلىپ «قايتا نىكاھ» ناملىق بۇ رومانىمنى ئاخىر پۈتكۈزدۈم. دوستلىرىمغا دەيدىغان بەزىبىر يۈرەك سۆزلىرىم بار ئىدى. بۇ گەپلەرنى سۆزلەۋاتقان ھېكايەمنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈپ دېگىلى مۇمكىن بولمىغاچقا، ئايرىم يېزىشقا مەجبۇر بولۇۋاتىمەن.

دۇرۇس، مەن يازغۇچى ئەمەس، ئادەتتىكى بىر ئەدەبىيات ھەۋەسكارىمەن. نېمىشقىدۇر گاھىدا ئۆزۈمنىڭ تەقدىرىگە ئېچىنغۇم كېلىدۇ. چۈنكى، كىچىك چاغلىرىمدىن تارتىپلا ئەدەبىياتقا ئىشتىياقىم بار ئىدى. شۇڭا باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپتىكى چاغلىرىمدا مۇئەللىملىرىم يازغان ماقالىلىرىمنى كۆرۈپ: «رەيھانگۈل، سىز چوڭ بولغاندا چوقۇم يازغۇچى بولىسىز» دەيتتى. لېكىن، پېشانەم تەتۈر كېلىپ ئالىي مەكتەپتە قانۇن كەسپىنى ئوقۇپ قالدىم. شۇنداقتىمۇ، ئەدەبىي كىتابلار ماڭا ھەر ۋاقىت ھەمراھ ئىدى. ئالىي مەكتەپنى تۈگەتكەندىن كېيىن قانۇن ساھەسىدە بىر مەزگىل ئوقۇتقۇچىلىق قىلدىم. كېيىن سوت مەھكىمىسىگە كېلىپ پۈتۈكچىلىك قىلدىم، ياردەمچى سوتچى بولدۇم، ئاندىن سوتچى بولدۇم، ئاخىر قايتا-قايتا ئىمتىھان بېرىپ يۈرۈپ ئادۋوكاتلىق سالاھىيىتىگىمۇ ئېرىشتىم.

كۈنلىرىم تۈگىمەس دەۋا-دەستۇر، سوئال-سوراق دېگەنلەرنىڭ ئىچىدە ناھايىتى ئالدىراش ئۆتەتتى. «بىر بۇردا ناننى ھالاللاپ يېيىش» — مېنىڭ بىردىنبىر ھاياتلىق پەلسەپەم بولغاچقا، خىزمەتنى ناھايىتى بېرىلىپ ئىشلەيتتىم. شۇڭلاشقىمۇ مەيلى ئاتا-ئانام بولسۇن، مەيلى تەشكىل

بولسۇن، ۋە ياكى دەۋاگەر-جاۋابكارلار بولسۇن، مەندىن ناھايىتى مىننەتدار ئىدى. بولۇپمۇ ئۇرۇق-تۇغقانلار، دوست-بۇرادەرلىرىم خىزمىتىمگە بەك ھەۋەس قىلاتتى. گەپنىڭ راستىنى دېسەم، ئۇلارنىڭ ھەۋەس قىلىدىغىنى — چېكىسىدە دۆلەت گېربى بار قاسقان شەپكىنى كىيىپ، قاپاقلىرىنى تۈرۈپ ئولتۇرغان «رەيھانگۈل سوتچى»نىڭ ھەيۋەتلىك قىياپىتى ئىدى. شۇڭا يولدىشىمنىڭ دوستلىرىمۇ بەزىدە ئۇنىڭغا: «رەيھانگۈل سوتچى قاسقان شەپكىسىنى كىيىپ ئۆيگە شۇنداقلا كىرسە، سىراجىدىن ئەرشى قورقۇپ موللا مۈشۈك بولۇپ كېتەرمىش» دەپ چاقچاق قىلاتتىكەندۇق.

لېكىن، نېمىشقىدۇر ئۆزۈمدىن رازى بولغۇم كەلمەيتتى. ئېنىقراقىنى دېگەندە، ئالدىراشلىقتا باش قاشلاشقىمۇ ۋاقىت چىقىرالماي ئۆتۈۋاتقان كۈنلىرىمگە ئېچىنغۇم كېلەتتى. گاھىدا ئۆزۈمدىن شۇنداق دەپ سوراپ كېتەتتىم: «كۈنلىرىم مۇشۇنداق ئايىغى چىقماس ئىشلارنىڭ ھەلەكچىلىكىدە ئۆتەرمۇ؟ پانىي دۇنيادا يەيدىغان رىزقىم تۈگەپ ئەزرائىل ئامانەتنى ئالغىلى كەلگەندە قىلىۋاتقان مۇشۇ ئۇششاق-چۈششەك ئىشلىرىم بىلەنلا نام-نىشانسىز كېتىپ قالارمەنمۇ؟...» ئىشكاپىمدىكى قېلىن-قېلىن كىتابلار مۇشۇ كۆڭۈل غەشلىكلىرىمگە مەلھەم بولدى؛ چاڭقىغان يۈرىكىمگە ئابىزەمزەم بولدى، كۆز ياپرىقىدەك تىترىگەن ۋۇجۇدۇمغا تاغدەك يۆلەك بولدى...

ئاشۇ كىتابلاردىن ئاۋۇنغان ئېستېتىك تۇيغۇلىرىمنىڭ غەليانلىرى بىلەن قولۇمغا قەلەم ئېلىپ ئۇنى-بۇنى يېزىپ باقتىم، ئاخشىمى-ئەتىسى ئۈستەلگە مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ قەلەمگە ئالغان ئاشۇ نەرسىلىرىمدىن ئاخىر بىرنەچچە پارچە ئەسەر پۈتۈپ قالغانمۇ بولدى. نۇرغۇن ۋاقتىمنىڭ ئىدارىنىڭ ئالدىراش خىزمىتى بىلەنلا ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىغا ئىچىم

پۇشۇپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، تۇيۇقسىزلا خىزمەتتىن ئىستېپا بېرىپ ئۆز ئالدىمغا ئادۋوكاتلىق قىلغاچ يېزىقچىلىق قىلىش نىيىتىگە كېلىپ قالدىم. ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ ئىشنىمۇ ئارزۇيۇم بويىچە ۋۇجۇدقا چىقاردىم. بىر يەككە ئادۋوكاتلىق ئورنى مېنى ھەش-پەش دېگۈچە ئىشقا تەكلىپ قىلدى.

«سوتچىنىڭ خاتىرىسى» ناملىق پوۋېستىم ئۈستىدە قايتا ئىشلەۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە تۇيۇقسىزلا ئۆپكەم چىڭقىلغاندەك بولۇپ يۆتىلىپ كەتتىم. ئاخىر بولالمىغاندا يولدىشىم مېنى ئۆپكە كېسەللىكلىرى دوختۇرخانىسىغا ئاپاردى. ئۇلار ئۆپكەمنى سۈرەتكە ئېلىپ كۆرۈپلا: «دەرھال ئۆسمە كېسەللىكلىرى دوختۇرخانىسىغا ئاپىرىپ تەكشۈرتۈپ بېقىڭلار، ئۆپكىدە قارا داغ باردەك قىلىدۇ» دېيىشتى. ئۆسمە كېسەللىكلىرى دوختۇرخانىسىغا بېرىۋىدۇق، ئۇلار: «ئۆپكە راكىنىڭ ئالامەتلىرى بەك ئېنىق، دەرھال بالىنىستتا يېتىپ داۋالانمىسا بولمايدۇ» دەپ دىئاگنوز قويدى.

تېخى تۈنۈگۈنلا ساپساق يۈرگەن ئادەم كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇچە راك كېسىلى بىلەن ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدىم، لېكىن ئۆزۈمنىڭ بۇنداق كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالغىنىمغا پەقەتلا ئىشەنگۈم كەلمەيتتى. يولدىشىمنىڭ ئىدارىسىدىن مېنى يوقلاپ كەلگەنلەرگە: «بۇلار خاتا دىئاگنوز قويۇۋاتىدۇ تايىنلىق، قارىمامسىلەر، بۇ سەندەلدەك ئەپتىمگە! مېنى راك كېسىلى دېسە كىم ئىشىنىدۇ؟» دېگەنلىرىم ھېلىغىچە يادىمدا تۇرۇپتۇ. مەن بالىنىستقا كىرىپ ئۇزۇن ئۆتمەي شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى «سوتچىنىڭ خاتىرىسى» ناملىق خەنزۇچە پوۋېستىمنى نەشر قىلىپ تارقاتتى. تۇنجى ئەسىرىمنىڭ نەشر قىلىنغانلىقىدىن يۈرىكىم ئالەمچە خۇشاللىق ئىچىدە دۈپۈلدەپ كەتتى. شۇ خۇشاللىقتا «قايتا نىكاھ» ناملىق بۇ رومانىمنى تەكرار پىششىقلاشقا كىرىشىپ كەتتىم.

سول بىلىكىمدە ئاسما ئوكۇل، ئوڭ قولۇمدا قەلەم، تىزىمنىڭ ئۈستىدە ئورىگىنال... ئۆزۈم قاردەك ئاپئاق كىرلىك قاپلانغان كېسەل كارىۋىتىدا ئولتۇرىمەن... ياتاقداشلىرىم جانغا تىكىلىپ كەلگەن راك كېسەلىنىڭ رەھىمسىز ئازابلاشلىرىدىن ئاجىز ئىڭرىشىدۇ... مەن بولسام رومانىمدىكى ۋەقەلىكلەر ئىچىدە ئايلىنىپ يۈرىمەن...! ياتاقداشلىرىمنىڭ ئەلەملىك تولغىنىشلىرىغا قاراپ گاھىدا كۈلگۈم كېلىدۇ، خۇددى مەن راك كېسەلى ئەمەستەك... ھە، ئەمدى بىلدىم، مەندىكى بۇ ئارامخۇدالىق تىزىمنىڭ ئۈستىدە تۇرغان مۇشۇ ئەسىرىمدىن كەلگەنىكەن؛ «قايتا ئىنكاھ» ناملىق بۇ رومانىمنى دەسلەپكى قەدەمدە پۈتكۈزۈپ چىققانلىقىمنىڭ خۇشلۇقىدا ئۆزۈمنىڭ ئاخىرەتكە يېقىنلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىمنى ئۇنتۇپ قالغانىكەنمەن. «ھەي، ھايات لەززىتىگە ئىنتىلىش» دېگەن شۇ بولسا كېرەك.

كۈنلىرىم كېسەل كارىۋىتىدا سوتكىلاپ ئاسما ئوكۇل قويدۇرۇش، ئۇن كۈندە بىر قېتىم خىمىيىلىك داۋالىتىش بىلەن ئۆتمەكتە، يانچۇقتىكى دەسمايىمۇ سۇدەك كەتمەكتە ئىدى ... ئەجەل پەيمانىم توشۇپ قالدىمۇ بىلمىدىم، دوختۇرلارمۇ ماڭا ئانچە قىلىپ كەتمەيدىغان بولۇپ قالدى. شۇنداق قىلىپ يولدىشىم مېنى ئاخىر توقسۇن ناھىيىسىدىكى بىر تېۋىپكە كۆرسىتىپ بېقىش ئۈچۈن ئاپاردى، كېيىن ئىچكىرىدىكى بىر خەنزۇ تېۋىپىنىڭ يېنىغا ئاپاردى. ئۇ يەردە خېلى ئۇزاق تۇرۇپ قالدۇق. ئەمما، كېسىلىمدە ياخشىلىنىش يوق، ئەكسىچە ھالىم كۈندىن-كۈنگە بەتتەرلىشىپ كېتىۋاتاتتى. كۆزۈمنى يۇمساملا ئۆزۈمنى ئاسمان-پەلەك لاۋۇلداپ كۆيىۋاتقان ئوت ئىچىدە كۆرىمەن...

كېيىن مېنىڭ يىغلاپ-قاقشاشلىرىم بىلەن يولدىشىم مېنى ئۆيگە ياندۇرۇپ كەلدى. چۈنكى، كۆزۈمنىڭ ئوچۇقىدا مەن

ئۈچۈن كېچە-كۈندۈز سەدپارە بولۇۋاتقان ئاتامنى، قېرىنداشلىرىمنى، مەن بىتاب بولۇپ يېتىپ قالغاندىن بۇيان كۆزلىرىدىن ياش قۇرۇمايۋاتقان ئىككى ئوغلۇمنى قېنىپ كۆرۈۋېلىشقا ئالدىرايتتىم.

ئۆيگە يېنىپ كەلگەندىن كېيىن يولدىشىم قۇلىقى ئاڭلىغانلىكى دورىنىڭ ھەممىسىنى ئەكېلىپ ئىچۈرۈپ باقتى. لېكىن، كۈنلىرىمنىڭ ئازلا قېلىۋاتقانلىقى ماڭا ئايان ئىدى. شۇڭا بۇ رومانىمنىڭ ئاخىرقى نۇسخىسىنى پاتراق چىقىرىۋېتىشكە ئالدىرايتتىم. ئەمما، يولدىشىم بىلەن بالىلىرىم مېنى قولۇمدىكى قەغەزلەرنى قويۇپ ئارام ئېلىشقا دەممۇدەم دەۋەت قىلىپ تۇراتتى. لېكىن، كۆز يۇمۇشتىن ئىلگىرى بۇ دۇنيادا تۈگىتىۋەتمىسەم بولمايدىغان ئىشىم پەقەت مۇشۇدەك، قەلەمنى قويغۇم كەلمىدى. بۇ ھالىمنى كۆرگەن يولدىشىم: «كۆڭلۈڭ شۇنىڭدىن تەسەللى تاپسا مەيلى» دەپ رايىمغا باقتى.

مانا ھازىر كېسەل تېخىمۇ ئەدەپ مىدىر-سىدىر قىلالمايدىغان، ھەتتا ياتالمايدىغان بولۇپ قالدىم. بېشىمنى شۇنداقلا ياستۇققا قويسام، گويا يۈرىكىم ئاغزىمدىن ئېتىلىپ چىقىدىغاندەك قىينىلىپ كېتەتتىم، شۇڭا يولدىشىم بىلەن بالىلىرىم تاڭ ئاتقۇچە كۆزىنى يۇمماي بېشىمدا پەرۋانە ئىدى.

ئاھ، خۇدا! دۇنيا، ھايات دېگەن شۇلا ئىكەنغۇ! بېجىرىم چاغلىرىمىزدا گويا دۇنيادىن شۇ پېتى ئۆتۈپ كېتىدىغاندەك كېسەل ئازابى، ئۆلۈم دېگەنلەرنى خىيالىمىزغا ئېلىپ قويمايدىكەنمىز؛ ئېغىر بىتاب بولۇپ بېشىمىز ياستۇققا يەتكەن، ئۆلۈم ئالدىدا جان تالاشقان چاغلىرىمىزدا: «ئىسىت!» دەپ زارلايدىكەنمىز. ئەپتىمگە قاراپ يىغلىغۇم كېلىدۇ. ئاغرىققا پەقەت چىدىيالمىغان چاغلىرىمدا يولدىشىم ئەكېلىپ بەرگەن مورفېيندىن ئىككى تال ئىچىپ بىرەر سائەتچە

ئارام تاپقاندەك بولىمەن. بىر تېرە-بىر ئۇستىخان بولۇپ، يادەك ئېگىلىپ كەتكەن جىسمىمنى كۆرگەن كىشىلەر مېنىڭ ئۆز ۋاقتىدا ئەدلىيە فورمىسىنى كىيىپ، سوت زالىغا ھەيۋەتلىك كىرىپ كەلگەن چاغلىرىمدا ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى ھەۋەس بىلەن قارىشىدىغان «رەيھانگۈل سوتچى» ئىكەنلىكىمگە ھەرگىز ئىشەنمەيدۇ، ھەرگىز... تاماكىنىڭ قالدۇقىدىكى چوغدەك بىلىنەر-بىلىنمەس پىلىلداپ تۇرغان كۆزلىرىم ۋە زەئىپ يۈرىكىمنىڭ ئاجىز دۈپۈلدەشلىرىدىنلا ئۆزۈمنىڭ تېخىچە ھايات ئىكەنلىكىمگە؛ ئىككى ئوغلۇمنىڭ مۆلدۈرلەپ تۇرغان كۆزلىرى، يولدىشىمنىڭ ماڭا قارىسا تەبەسسۇم كەتمەيدىغان چېھرىدىن بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ تېخىچە جەم ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمەن...

دۈرۈس، مەن تېخى ھايات! ئەمما ئەزرائىل كۆزۈمگە كۆرۈنۈپلا تۇرىدۇ... بۇ ھالىمدىن كۆڭلۈم بۇزۇلغان چاغلاردا ياستۇقۇمنىڭ يېنىدىكى بۇ رومانىمغا قارىسام كۆڭلۈم ئاز-تولا تەسەللى تاپقاندەك بولىدۇ... چۈنكى، مەن بۇ رومانىمنى ئاخىر پۈتكۈزۈپ ئارزۇيۇمغا يەتتىم...

ئاخىردا دوستلىرىمغا شۇنداق دېگۈم كېلىۋاتىدۇ:

—مەن پانىي دۇنيادىكى ھاياتىمنى ئاخىرلاشتۇرۇپ پات ئارىدا باقىي ئالەمگە سەپەر قىلىمەن! ئەلۋىدا، سۆيۈملۈك دوستلىرىم، ئەلۋىدا! مەندىن رازى بولۇڭلار! كېسەل كارۋىتىدا يېتىپ تۇرۇپ، مىڭ تەستە پۈتكۈزگەن بۇ نىمجان رومانىم كۈنلەرنىڭ بىرىدە ۋاراقلاپ بېقىشىڭلارغا نائىل بولالىسا، مەھشەردە يېتىپ ئالەمچە سۆيۈنگەن بولاتتىم، خەير خوش، دوستلىرىم...!

رەيھانگۈل مىجىت

2007-يىل ئاۋغۇست ئۈرۈمچى

## 1

يوغان قارا كۆزلىرىدىن نۇر چاقناپ تۇرىدىغان شەرىپە غۇنچە بوي خېلى كېلىشكەن مەزلۇم ئىدى. ئۇنىڭ سىدام چاناقلىرىنى ئوراپ تۇرغان پارقىراق قاپاقلىرىدىن ئادەتتە روھلۇق يورىدىغان ساغلام مەزلۇم ئىكەنلىكى چىقىپلا تۇراتتى.

شەرىپەنىڭ ئۇچىسىدا قارا ماۇق چاپان، بېشىدا قارا رومال بار ئىدى. بۇ رومالنى شەرىپەنىڭ دوستلىرى ئۇنىڭ ئاپىسىنىڭ بايىلا تارقىغان يەتتە نەزىرىسىدە ئۇ تويتوغرا يەتتە كۈن سالغان ئاق رومالنى ئېلىۋېتىپ، شۇنىڭ ئورنىغا سېلىپ قويۇشقانىدى. شۇنداق، ئۆلگەنلەرگە تارتىشمايدىغان كىم بار دەيسىز؟ شۇڭا، مېيىت چىقارغانلار ئۇچىسىغا سىدام ئۇستۋاش كىيىپ، بېشىغا ئاق رومال سالىدۇ. مەرھۇمەنىڭ يەتتە نەزىرىسى بېرىلگەن كۈنى ئۇلار بېشىدىكى ئاق رومالنى قارىغا ئالماشتۇرۇپ، ئۇنى تاكى قىرىق نەزىرىسىگىچە سالىدۇ. بەزى ئاياللار بېشىدىكى ئاقنى ھەتتا مەرھۇمەنىڭ يىل نەزىرىسىگىچە يەشمەيدۇ.

ئۆلگەننىڭ كەينىدىن ئۆلگىلى بولمايدىكەن! شۇڭا قارىلىق تۇتۇپ مېيىت ئىگىلىرىگە ھەمراھ بولۇپ ئولتۇرۇشۇپ بەرگەنلەر مەرھۇمەنىڭ يەتتە نەزىرىسى تۈگىگەندىن كېيىن تارقىلىشىدۇ، مەرھۇمەنىڭ بالا-چاقا، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىمۇ ئەل-جامائەتنىڭ ھەمراھلىقىدا ئۆيلىرىگە قايتىشىدۇ. شەرىپەمۇ شۇ قاتاردا ئۇنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويماقچى بولغان دوستلىرىنىڭ ئارقىسىدىن مىنىبۇسقا چىقتى.

مىنىبۇس قار-مۇز قاپلىغان يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى قاتار-قاتار ئىمارەتلەر ۋە يالىڭاچلىنىپ بولغان دەل-دەرەخلەرنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، چۈمۈلە ئۆمىلىگەندەك تەستە

كېتىپ باراتتى. شەرىپە مىنىبۇسنىڭ ئەينىكىدىن سىرتقا قارىدى. تانابتەك سوزۇلۇپ ياتقان يول ماشىنىنىڭ ئاستىدا ئۇدۇللۇق غايىب بولاتتى، ئاپئاق قار ئۇچقۇنلىرى بىمالال تۆكۈلمەكتە ئىدى.

لېكىن، شەرىپەنىڭ ماشىنا سىرتىدىكى بۇ يورۇق دۇنيانى كۆرەرگە كۆزى يوق ئىدى. شۇ تاپتا شەرىپەنىڭ كاللىسىدا ئاپىسىنىڭ يەتتە كۈن ئىلگىرىكى سىيماسىدىن ئۆزگە ھېچنېمە يوق ئىدى. يەتتە كۈندىن بېرى مەرھۇمەنىڭ كۆلۈمسىرەپلا تۇرىدىغان تاتىراڭغۇ چېھرى شەرىپەنىڭ كۆز ئالدىدىن بىردەممۇ نېرى بولمىدى.

شەرىپەنى ئۆيىدىكىلەر گاھىدا «شور تۇمشۇق»، «ۋاتىلداق» دېگەندەك لەقەملىرى بىلەن ئاتايتتى. دېمىسىمۇ، ئۇنىڭ مىجەزى چۇس، گېپى تولا ئىدى. لېكىن، ئاپىسى قازا قىلغان يەتتە كۈندىن بېرى ئۇنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپلا كەتتى، تۇرۇپ-تۇرۇپ ئىختىيارسىز بېشىنى چايقاپ قوياتتى. ئاپىسىنىڭ ئۆلۈپ كەتكىنىگە ئۇنىڭ ھېچ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى، چۈنكى ئۇ ئاپىسى جان ئۈزۈشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ بىلەن دىدارلىشىپ، ئاپىسىدىن بىرەر ئېغىز رازىلىق سورىيالمىغانىدى. يەتتە كۈن بۇرۇنقى ئاشۇ ئۇنتۇلغۇسىز دەقىقىلەر ھېلىدىن-ھېلىغا ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كېلىۋالاتتى...

شەرىپە ئەتىگەندە ئىشخانىسىغا كىرىپ سومكىسىنى قويدى-دە، ئادىتى بويىچە تېلېفوننى قولىغا ئالدى.

قارشى تەرەپتىن شەرىپە ئەبەدىي ئاڭلاپ قانمايدىغان ھېلىقى تونۇش ئاۋاز كەلدى:

— ئىدارەڭگە بېرىپ بولدۇڭمۇ، قىزىم؟

— ھە، نېمە قىلىۋاتىسەن، ئاپا؟

— نېمە قىلىدۇ، دەيسەن؟ باياتىن ئۆي يىغىشتۇردۇم، ئەمدى كۆكتات ئەكىرەيمىكىن، دەپ تۇرغان.

— نېمە؟ يەنە ئۆي تازىلىدىڭما؟ ساڭا دېگەنغۇ، ئاپا، ئەتە شەنبە، ئاچام ئىككىمىز تازىلايتتۇق ئەمەسمۇ! — دېدى شەرىپە ئاپىسىدىن رەنجىپ.

— ھە... ي... قىزىم، سىلەرنىڭمۇ چېچىڭلاردىن تولا ئىشلار تۇرسا، خۇدانىڭ قۇتلۇق كۈنى ھېرىپ ھېچ ھالىڭلار قالمايدۇ، — دېدى ئاپا ئېغىر ئۇھ تارتىپ، — شۇڭا ھەر قېتىم سىلەرنى ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە، «مېھمانىدارچىلىققا بارغاندەك كىرىپ كەلسىكەن» دەيمەن، جېنىم بالام!

— دۇنيادا سەندەكمۇ باغرى يۇمشاق، ئۇلۇغ ئاپا بارمىدۇ، ئاپا، — دېدى ئاپىسىنىڭ گەپلىرىدىن ۋۇجۇدى ياپراقتەك تىترەپ كەتكەن شەرىپە.

— مۇشۇنداق گەپلىرىڭنى مىڭ ئاڭلىساممۇ قانمايمەن، جېنىم قىزىم، — دېدى ئاپا، — ئاشۇ چۈچۈك سۆزلىرىڭ يۈرەك - باغرىمنى ياشارتىدۇ، ھە، راست، ئەتە ئاكاڭلار كېلىدىغان بولدى، كېلەلەمسەن؟ ئۆيدە مانتا كاۋىسىدىن بىرى تۇرىدۇ، مەن چىقىپ يېڭى گۆشتىن ئەكىرىمەن، ئەتە تازا ئوخشىتىپ مانتا ئېتەي.

— نېمە، كاۋا مانتىسى ئېتەمسەن؟ — دېدى خۇشلۇقىدا سەكرىۋېتىشكە تاسلا قالغان شەرىپە، — ئەجەب ياخشى بولدى، سەن ئەتكەن كاۋا مانتىسىنى يېمىگىلى ئۇزاق بوپتىكەن.

— ئەتە چوقۇم كەل جۇمۇ، سىلەرگە دەيدىغان گېپىم بار...

— ماقۇل، ئاپا، خۇدا بۇيرۇسا بارىمەن...

شەرىپە ئاپىسى بىلەن خوشلىشىپ تېلېفوننى قويدى.

چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككىدىن سەل ئۆتكەندە شەرىپەنىڭ ئاچىسى زۆھرە ئۇنىڭغا: «ئاپام تۇيۇقسىز بالنىستتا يېتىپ قالدى، دوختۇرلار ئۆتتە تاش باركەن،

ئوپېراتسىيە قىلىمىز، دەپ ئەكىرىپ كەتتى...» دەپ تېلېفون قىلدى.

— نېمە؟ ئاپامنى بالنىستتا يېتىپ قالدى، دېدىڭما؟ — دېدى قۇلاقلىرىغا ئىشەنمىگەن شەرىپە، — ئەتىگەن مەن تېلېفون قىلغاندا ساپساق ئىدىغۇ؟

زۆھرەنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ بېشى «ۋىڭگىدە» پىرقىراپ كەتكەن شەرىپە گويا پىچاق تىققاندەك زىڭىلداپ ئاغرىغان كۆكرىكىنى ئىختىيارسىز سىلىدى. ئۇ تۇپلەۋاتقان ھۆججەتلەرنى ئالمان-تالمان يىغىشتۇرۇپ سومكىسىنى ئالدى-دە، تالاغا قاراپ ئۆزىنى ئاتتى.

شەرىپە دوختۇرخانىغا يېتىپ كەلگەندە ئۆيدىكى ھەممەيلەن ئوپېراتسىيە بۆلۈمىنىڭ كارىدورىدا سۈكۈت ئىچىدە تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاتىسى سۇلايمانمۇ بار ئىدى. سۇلايمان چاچلىرىغا ئاق سانجىلغان ئاتمىش بەش ياشلاردىكى كىشى ئىدى. سۇلايمان لام-جىم دېمەي تەمكىن تۇرغىنى بىلەن، كۆزلىرىدىن تاقەتسىزلىك ئىچىدە تىتىلداپ كېتىۋاتقانلىقى بىلىنىپلا تۇراتتى. سۇلايماننىڭ بىر يېنىدا ئاكىسى پولات تۇراتتى، يەنە بىر يېنىدا ئىچ ئاغرىقى چىرايىغا چىقىپ كەتكەن زۆھرە كۆزلىرىنى يېرىم يۇمغىنىچە تامغا يۆلىنىپ تۇراتتى. شەرىپە دوختۇرخانىغا يېتىپ كەلگەندە ئۇنىڭ ئاپىسىنى ئوپېراتسىيىگە ئەكىرىپ كەتكىنىگە يېرىم سائەتتىن ئاشقانىدى. بالىلار ئاپىسىنىڭ ھازىرغىچە «رېماتىزم قوزغىلىپ، پۇتۇم ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ» دەپ ئانچە-مۇنچە ۋايساپ قويغىنىدىن باشقا، بىرەر قېتىممۇ ئاغرىپ يېتىپ قالغىنىنى بىلمەيتتى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئاپىسى ناھايىتى ساغلام مەزلۇم ئىدى، شۇڭا ئاپىسىنىڭ تۇيۇقسىزلا ئوپېراتسىيە ئۈستىلىگە چىقىپ قالغانلىقىنى ئاڭلىغان بالىلار قورقۇپ جان-ئىمانى چىقىپلا كەتتى.

قورقۇپ كەتكەن شەرىپە ئۆيدىكىلەر بىلەن سالاملىششقىمۇ ئۇلگۇرمەي، ئالمان-تالمان سورىدى:

— ئاپامغا نېمە بولدى؟ ئوپېراتسىيىگە ئەكىرىپ كەتكىلى قانچىلىك بولدى؟... ھازىرغىچە بىرەر خەۋەر يوقمۇ؟... ئوپېراتسىيە تۈگەي دېدىمۇ؟

— ئاخىر كەلدىڭ، سىڭلىم! — دېدى شەرىپەنى كۆرۈپ كۆڭلى سەل-پەل جايىغا چۈشكەن زۆھرە. ئۇ ئىتتىك بېرىپ شەرىپەنىڭ مۈرىلىرىنى قامالاپ تۇتتى-دە، بېشىنى ئۇنىڭ مۈرىسىگە قويۇپ ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى.

— يىغلىما، نېمىگە يىغلايسەن؟ — دېدى شەرىپە ئاچىسىنىڭ چاچلىرىنى بوشقىنا سىلاپ تۇرۇپ، — ئېيتقىنا، ئاپام قانداقلارچە بالنىستقا كىرىپ قالدى؟

زۆھرە شەرىپەدىن ئىككى ياش چوڭ بولسىمۇ، لېكىن جۇغى كىچىك بولغاچقا، قارىماققا شەرىپەنىڭ سىڭلىسىدەك كۆرۈنەتتى.

زۆھرە بولغان ئىشنى شەرىپەگە تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى:

— چۈشتە ئاپام ئوخشىتىپ پولۇ ئېتىپتىكەن، ھەممەيلەن تالىشىپ دېگۈدەك يېيىشتۇق. ئۇنى كۆرۈپ ئاپامۇ ئازراق يېگەنىدى، لېكىن ھايال ئۆتمەي «ئاشقازىنىم ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ!» دەپ بولالمايلا قالدى، چىپ-چىپ تەرلەپ كەتتى. «ئۆتىدە تاش بارلار مايلىق تاماق يېسە ئاشقازان بەك ئاغرىيدۇ» دەپ ئاڭلىغانىدىم. شۇڭا ئاپامنى دەرھال دوختۇرخانىغا ئەكېلىپ تەكشۈرتتۇم، دوختۇرلار تەكشۈرۈپ كۆرۈپلا: «ئۆتتىكى تاش بەك يوغىناپ كېتىپتۇ، دەرھال ئوپېراتسىيە قىلمىساق خەتەرلىك!» دەپ ئەكىرىپ كەتتى...

— ئۆيدىكىلەردىن بىرەرى ئىمزا قويماستىنلا ئەكىرىپ كەتتىما؟ — دەپ سورىدى شەرىپە جىددىي تەرزدە.

— ياقەي، كېسەلنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە ئىمزا قويدۇرمايلا

ئوپېراتسىيە قىلىنىشقا بېشى ئونمۇ ئۇلارنىڭ؟ ــ دېدى زۆھرە، ــ دوختۇرلار ئىمزا قويۇڭلار، دەپ ئالدىرىتىۋېدى، مەن ئۇلارغا «ئاتامدىن باشقىمىز ئىمزا قويساق بولمايدۇ» دەپ چۈشەندۈردۈم...

ــ ۋاي-ۋۇي، ئەزمەڭنى ئەزمەي گەپنىڭ پوسكاللىسىنىلا دېگىنە، ــ دېدى ئىچى تىتىلداپ كېتىۋاتقان شەرىپە ئاچىسىنىڭ گېپىنى ئۈزۈپلا، ــ ئاخىرى زادى كىم ئىمزا قويدى؟

ــ ئاتام!

سىڭلىسىنىڭ قوپاللىقى سەل كۆڭلىگە كەلگەن زۆھرە ئۇنىڭ كۆزىگە «لاپپىدە» تىكىلىپ قويۇپ، باشقا گەپ قىلماي ئۇدۇل بېرىپ تام تۈۋىدىكى ئورۇندۇققا ئولتۇردى.

شەرىپە ئاچىسىغا قوپاللىق قىلىپ قويغانلىقىنى سېزىپ، زۆھرەنىڭ ئارقىسىدىن بېرىپ ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇردى ۋە ئىختىيارسىزلا ئاتىسى بىلەن ئاكىسىغا قارىدى. ئۇ ئىككىيلەننىڭ كۆزىمۇ ئۇنىڭدا ئىدى.

ــ ئاپلا! ــ دېدى شەرىپە ئىچىدە، ــ ئاچام بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، ئاتام بىلەن ئاكامغا سالاممۇ قىلماپتىمەن، ماۋۇ گالۋاڭلىقىمنى قارىمامدىغان! ــ شەرىپە ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ئاتىسى بىلەن ئاكىسىنىڭ يېنىغا باردى.

بۇ تۆتەيلەن ئوپېراتسىيە بۆلۈمىنىڭ ئالدىدا شۇ تەرىقىدە نەق تۆت سائەت تۇردى. ئاڭغىچە دوختۇرلار شەرىپەنىڭ ئاپىسىدىن كېيىن ئەكىرىپ كەتكەن ئىككى بىمارنىڭ ئوپېراتسىيىسىنى تۈگىتىپ ئاچىقىپ بولدى. شەرىپەنىڭ ئاپىسىنىڭ ئوپېراتسىيىسى نېمىشقا تۈگىمەيدىغاندۇ؟ قاتتىق ئەندىشىگە چۈشكەن بۇ تۆتەيلەن تاقەتسىزلىك ئىچىدە تېپىرلاپ كېتىۋاتاتتى. تاقىتى تاق بولغان شەرىپە ئوپېراتسىيە بۆلۈمگە كىرىپ زادى نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلىپ باقماقچى

بولدى. لېكىن، ئىشىك ئىچىدىن تاقاقلىق ئىدى.
بىرھازادىن كېيىن بىر سېستىرا ئوپېراتسىيە بۆلۈمىنىڭ ئىشىكىنى قىيا ئېچىپ بۇ تۆتەيلەنگە قارىدى. بۇنى كۆرگەن شەرىپە ئىشىك ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ ئالدىراپ سورىدى:
— خانقىز، ئاپامنىڭ ئوپېراتسىيىسى تۈگەي دەمدۇ؟
لېكىن، سېستىرا گەپمۇ قىلماي ئىشىكنى «گۈپپىدە» ياپتى.
— ۋۇي، ئەجەب ئىشقۇ بۇ! — دېدى ئاكىسى پولات جىددىيلىشىپ، — نېمىشقا ھازىرغىچە تۈگىمەيدىغاندۇ؟ ئۆت ئوپېراتسىيىسى دېگەن ئانچىكىلا بىر ئىش تۇرسا!
— شۇ ئەمەسمۇ، ئەجەب ئەنسىرەپ كېتىۋاتىمەن، — دېدى شەرىپە، — بولمىدى، مەن كىرىپ سوراپ باقاي! — ئۇ ئوپېراتسىيە بۆلۈمىنىڭ ئىشىكى تەرەپكە ئالدىراپ مېڭىۋىدى، ئاتىسى ئۇنى توۋلىدى.
— گەپنى چىرايلىق قىلغىن، — دېدى شەرىپەگە تاپىلاپ، — جاڭجاللىشىپ قالغۇچى بولما!
— خاتىرجەم بول، ئاتا!
شەرىپە ئوپېراتسىيە بۆلۈمىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا بېرىپ بوسۇغىدىكى مۇھاپىزەتچىگە بىرنېمىلەرنى دېيىۋىدى، ئۇ كىرىپ كېتىپ بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن ئۆڭسۈلى ئۆچكەن بىر سېستىرا چىقتى. ئۇ دەل بايا ئىشىكنى قىيا ئېچىپ قاراپ قويۇپلا كىرىپ كەتكەن ھېلىقى سېستىرا ئىدى. ئۇ شەرىپەگە بىرنېمىلەرنى دېگەچ، ئۇنىڭغا ياندىشىپ سۇلايمان بىلەن پولاتنىڭ يېنىغا كەلدى.
— ۋۇي، قىزىم! نېمە بولغىنى بۇ؟ — دەپ سورىدى سۇلايمان، — بەش سائەت بولدى، ئەجەب تۈگىمەي كەتتىغۇ بۇ ئوپېراتسىيە!
— ئەنسىرىمەڭلار، — دېدى سېستىرا، — ئاز قالدى، چاتاق چىقمايدۇ، قورقماڭلار! — ئۇ گېپىنى تۈگىتىپ ئارقىغا

بۇرۇلۇپلا مېڭىشقا تەمشىلىۋىدى، شەرىپە ئۇنىڭ بىلىكىدىن «كاپپىدە» تۇتۇۋالدى:

— نەگە بارماقچى سىز؟

— نېمە... ئوپېراتسىيە بۆلۈمىگە! — دېدى سېستىرا قاپاقلىرىنى سۈزۈپ تۇرۇپ.

— ئوپېراتسىيە بۆلۈمىگە؟ مۇشۇمۇ دوختۇرخانىما؟ — دېدى شەرىپە غەزەپتىن تىترەپ تۇرۇپ، — كىچىككىنە ئۆت ئوپېراتسىيىسىنى بەش سائەتتىمۇ تۈگىتەلمەيدىغان قانداق دوختۇر سىلەر؟ زادى نېمە ئىش بولدى؟ گەپنىڭ راستىنى ئېيتىڭ! — شەرىپەنىڭ ئەلپازىدىن قورقۇپ كەتكەن سېستىرا بېلىكىنى ئۇنىڭ قولىدىن تەستە ئاجرىتىپ ئوپېراتسىيە بۆلۈمىگە يۈگۈرۈپ كىرىپ كەتتى.

شەرىپە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىماقچى بولۇۋىدى، ئاتىسى بىلەن ئاكىسى ئۇنى تۇتۇۋالدى.

— سەل تەخىر قىلايلى، — دېدى زۆھرە تەمكىنلىك بىلەن، — بۇ سېستىرانىڭ قولىدىن نېمە كېلەتتى؟ دوختۇرلار ئويلىمىغان يەردىن بىرەر تېخنىكىلىق مەسىلىگە يولۇقۇپ قالغاندۇ بەلكىم، بۇ بىچارە سېستىرانى تولا تەڭقىسلىقتا قالدۇرما!

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان شەرىپە ئاچچىقىغا بىرنېمە دېمەكچى بولۇپ ئاغزىنى ئۆمەللىدىيۇ، كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىككىنىچە لام-جىم دېمەي تۇرۇپ قالدى.

ئارىدىن ئون نەچچە مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن ئوپېراتسىيە بۆلۈمىنىڭ ئىشىكى قىيا ئېچىلدى. ھېلىقى سېستىرا ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن بېشىنى چىقىرىپ ئۇلارغا باش ئىشارىسى قىلدى. ئۇ تۆتەيلەن ئوپېراتسىيە بۆلۈمىنىڭ ئىشىكىگە ئېتىلىپ باردى، لېكىن ھېلىقى سېستىرا ئۇلارنى بوسۇغىدا توسۇپ تۇرۇپ بوش ئاۋازدا دېدى:

— بىمارنىڭ ئەھۋالى تاسادىپىي ئۆزگىرىپ قالدى، ھازىر جىددىي قۇتقۇزۇۋاتىمىز، كىرسەڭلار بولىدۇ!

— نېمە... نېمە دېدىڭىز؟ — شەرىپە تۇيۇقسىز ۋارقىرىۋەتتى.

— ئۆزۈڭلارنى بېسىۋېلىڭلار، گەپ قىلماڭلار! — دېدى سېسترا ئۇلارغا تاپىلاپ.

ئاتا-بالا تۆتەيلەن ئالدىنى توسۇپ تۇرغان سېسترانى ئىتتىرىۋېتىپ ئوپېراتسىيە بۆلۈمىگە ئېتىلىپلا كىردى-دە، ئەھۋالنى كۆرۈپ ھاڭ-تاڭ قېلىشتى. شەرىپەنىڭ ئاپىسى ئوپېراتسىيە كارىۋىتىدا كۆزلىرى يۇمۇلغان پېتى جىمجىت ياتاتتى. دوختۇر، سېسترالار كارىۋاتنىڭ چۆرىسىدە پايپېتەك بولۇپ كېتىشكەنىدى. بىر دوختۇر ئېھتىمال سۈنئىي نەپەسلەندۈرۈۋاتقان بولسا كېرەك، ئۇنىڭ كۆكرىكىنى كۈچەپ بېسىۋاتاتتى. دوختۇر سىياق يەنە بىرەيلەن كارىۋاتنىڭ يېنىدىكى ئاللىقانداق بىر ئاپپاراتنى بىرنېمىلەر قىلىۋاتاتتى. سېسترالار خۇددى باپكارنىڭ موكىسىدەك ئۇياقتىن-بۇياققا يۈگۈرۈشۈپ يۈرۈپ، داكا، شپرىس دېگەندەك نەرسىلەرنى يىغىشتۇرۇۋاتاتتى. ئىشقىلىپ، ئۇلارنى بىمارنى جىددىي قۇتقۇزۇۋېتىپتۇ دېيىشكىمۇ، ئوپېراتسىيىنى تۈگىتىپ لاتا-لۇقىسىنى يىغىشتۇرۇۋېتىپتۇ دېيىشكىمۇ بولاتتى.

ئاتا-بالا تۆتەيلەن كارىۋاتنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— ئاپا، جېنىم ئاپا! نېمە بولغانسەن؟ كۆزۈڭنى ئاچقىنا! — شەرىپە يىغلامسىراپ تۇرۇپ ۋارقىرايتتى. ئاتىسى «ئۈنۈڭنى چىقارما» دېگەن مەنىدە شەرىپەنى نوقۇپ قويدى.

دەل شۇ چاغدا بىمارنى سۈنئىي نەپەسلەندۈرۈۋاتقان ھېلىقى دوختۇرنىڭ قوللىرى «لاسسىدە» چۈشۈپ كەتتى.

— كەچۈرۈڭ! — دېدى ئۇ سۇلايمانغا قاراپ، — بار ئامالنى قىلىپ باقتۇق، لېكىن قۇتقۇزالمىدۇق!

بۇ ئۇنىڭ «بىمار ئۆلۈپ كەتتى» دېگىنى ئىدى. لېكىن، بۇنداق بولارىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان بۇ تۆتەيلەن بولسا دوختۇرنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى دەماللىققا ئاڭقىرالماي ئۇنىڭغا تەڭلا قاراشتى. ئۆزىگە مىختەك تىكىلگەن تۆت جۈپ كۆزنى كۆرۈپ، نېمىشقىدۇر يۈزلىرى چوغنى ياققاندەك قىزىپ، يۈرىكى گويا قېپىدىن چاچراپ چىقىدىغاندەك دۈپۈلدەپ كېتىۋاتقان دوختۇرنىڭ ئالىقانلىرىدىن تەر تەپچىرەشكە باشلىدى. قىزىق ئىش، باشقا ئادەملەرنىڭ چېكىسىدىن تەپچىرەيدىغان تەر بۇ كىشىنىڭ ئالىقىنىدىن سىرغىيدىكىنا! بۇ ئادەتتە ئۆز تۇيغۇسىنى يوشۇرۇشقا ئۇستا كىشىلەرنىڭ بەلگىسى ئىدى. دوختۇر ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغان بۇ تۆتەيلەننىڭ باشقا گەپ قىلمىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ ياۋاش مۆمىنلەردىن ئىكەنلىكىنى جەزم قىلدى.

— بىمارنىڭ يوشۇرۇن يۈرەك كېسىلى بار ئىكەندۇق، ئوپېراتسىيە جەريانىدا قوزغىلىپ قالدى، — دېدى ھېلىقى دوختۇر چۈشەندۈرۈپ، — قولىمىزدىن كېلىدىغانلىكى ئامال-چارىنى قىلىپ باقتۇق، لېكىن قۇتقۇزۇپ قالالمىدۇق...

دوختۇرنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرىنى ئاڭلىغان بۇ تۆتەيلەن قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەي گويا قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپلا قالدى، چۈنكى ئۇلار دوختۇرنىڭ بايا زادى نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى ئەمدى چۈشەنگەنىدى. بىرنەچچە سېكۇنتلۇق سۈكۈناتتىن كېيىن ئوپېراتسىيە بۆلۈمىنى تۇيۇقسىزلا يىغا-زار قاپلىدى...

ئەتىسى مېيىت يەرلىكىدە قويۇلدى. ئاپا باللىرىنى تاشلاپ كېتىپ قالدى، ئۇلارغا تۈگىمەس جۇدالىق ئازابىنى قالدۇرۇپ، ئۆزى مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتتى. يامان يېرى، ساپساق تۇرغان ئادەمنىڭ ھېچبىر سەۋەبسىزلا ئۆلۈپ كېتىشى ئۇلارنىڭ يۈرەك-

باغرىنى چىدىغۇسىز ئۆرتەيتتى. شۇ ئەمەسمۇ! ئۆمرىدە بىرەر قېتىممۇ يۈرەك كېسىلى قوزغىلىپ باقمىغان ئادەم نېمە ئۈچۈن تۇيۇقسىزلا يۈرەك كېسىلى بىلەن ئۆلۈپ كېتىدۇ؟ دوختۇرلار نېمە ئۈچۈن قۇتقۇزالمايدۇ؟ باللارنى ئازابلاۋاتقىنى دەل مۇشۇ سىر ئىدى.

باللار ئاپىسىنى يەرلىكىدە قويۇپ ئۈچىنچى كۈنىدىن باشلاپ بۇ ئىشنىڭ دېرىكىنى قىلىشقا كىرىشتى. ئالدى بىلەن ھېلىقى دوختۇرخانىغا بېرىپ، ئوپېراتسىيىدە پىچاق تۇتقان دوختۇردىن ئىشنىڭ ئۇجۇر-بۇجۇرىنى سوراپ باقتى، لېكىن دوختۇر ئاللىقانداق كەسپىي گەپلەر بىلەن ئىشنىڭ باش-ئايىغىنى سۇ كىرمەس قىلىپ چۈشەندۈردى. ئۇلار شۇ كۈنى ئوپېراتسىيىگە قاتناشقان سېستىرالاردىن ئەھۋال ئۇقۇپ بېقىشۇىدى، ئۇلارمۇ ئىشنى ناھايىتى ئورۇنلۇق گەپلەر بىلەن ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي چۈشەندۈرۈپ كەتتى. باللار ئاخىر دوختۇرخانا باشلىقىنىڭ يېنىغا كىردى. دوختۇرخانا باشلىقى ئۇلارنى ئەدەپ بىلەن كۈتۈۋالغاندىن كېيىن يۈرەك قان تومۇرى كېسەللىكلىرىگە دائىر ئايىغى چىقماس ئىلمىي گەپلەر بىلەن ئۇلارنى ئېغىز ئاچقۇزمىدى. شۇنداق قىلىپ، باللار دوختۇرلارنىڭ «ھادىسىنىڭ سەۋەبكارى بىز ئەمەس» دېگىنىگە ئىشىنىپمۇ قالدى، لېكىن ئۇلار ئەمدى بولدى قىلايلى، دەپ تۇرۇشىغا سۇلايمانغا ناتونۇش بىرەيلەن تېلېفون بېرىپ: «ئايالىڭىزدا ھېچقانداق يۈرەك كېسىلى يوق ئىكەندۇق، ئۇ پەقەت داۋالاش ھادىسىسى سەۋەبىدىن قازا قىلىپ كەتتى!» دېگەن گەپلەرنى قىلدى. سۇلايمان ئۇنىڭ كىملىكىنى سورىۋالغۇچە ئۇ تېلېفوننى قويۇۋەتتى.

شۇنداق قىلىپ، سۇلايماننىڭ ئائىلىسىدىكىلەر دوختۇرخانا بىلەن دەۋالىشىشقا يەنە كىرىشتى. ئەمما، بۇ تۇخۇمنى تاشقا ئۇرغاندەكلا بىر ئىش-دە! شۇڭلاشقىمۇ دوختۇرخانا ھېچبىر

يۇمشايدىغاندەك ئەمەس ئىدى...

— شەرىپە، ئۆيگە كەلدۇق، چۈشەيلى! — ئارقىدا ئولتۇرغان بىرەيلەننىڭ سۆزى شەرىپەنىڭ ئۇزاققا سوزۇلغان خىيال يىپلىرىنى ئۈزدى.

ئۇلار ماشىنىدىن چۈشتى. شەرىپەنىڭ دوستلىرى ئۇنى قولتۇقلاپ دىگۈدەك يەتتە كۈندىن بۇيان ئاياغ بېسىپ باقمىغان ئۆيىگە ئەكىردى.

شىرەگە قەنت-گېزەك، پوشكال ۋە مېۋە-چىۋىلەر تىزىۋېتىلگەنىدى. شەرىپە ئىشىكتىن كىرىپلا ئۇنىڭدىن بالدۇر كېلىپ تەييارلىق قىلىپ تۇرغان دوستلىرىنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ ھۆكرەپ يىغلاپ كەتتى.

## 2

ئاپىسى قازا قىلغان كۈنى زۆھرەمۇ ئىچ ئاغرىقىدا ھوشىدىن كېتىپ يىقىلغانچە دوختۇرخانىدا يېتىپ قېلىپ ئاپىسىنىڭ نەزىرىسىگىمۇ قاتنىشالمىدى. زۆھرە كېسەل كارىۋىتىدا ئىككى كۆزىنى تورۇستىن ئۈزمەي ئۈن-تىنسىز ياتاتتى. ئۇنىڭ تورۇسقا مىدىر-سىدىر قىلماي تىكىلىپ تۇرغان بىر جۈپ نۇرسىز قارىچۇقى بەئەينى چاڭ-توزان بېسىپ كەتكەن ئەينەك شارغىلا ئوخشاپ قالغانىدى. ئاپىسى قازا قىلغاندىن كېيىن ئۇ ئۆيىدىكى باشقىلارغا قارىغاندا نەچچە ھەسسە ئېغىر ئازابقا قالدى، لېكىن ئۇ يۈرىكىنى چىدىغۇسىز ئۆرتەۋاتقان ئاشۇ ئازابلىرىنى خۇدادىن ئۆزگە ھېچكىمگە ئېيتالمايتتى. ئۇ ئىچىدىكى ئالەمچە ھەسرەت-پىغانلىرىنى بوشىتالمىغاچقا يۈرەك-باغرى شامدەك كۆيۈپ ئېرىپ كېتىۋاتاتتى. شۇ كۈنكى ئىشلارنى ئويلىسىلا زۆھرە چەكسىز پۇشايمان ئىچىدە ئۆزىنى قويغىلى يەر تاپالماي قالاتتى. شۇ كۈنى زۆھرەنىڭ ئاپىسى

تۇيۇقسىزلا «ئاشقازىنىم ئاغرىپ كەتتى» دەپ ۋايسىغىلى تۇردى. زۆھرە ئۇنى دوختۇرخانىغا ئاپىراي دېۋىدى، ئۇ ئۇنىمىدى. ئۇ زۆھرەگە: «ئۆتكەندىمۇ بىر قېتىم مۇشۇنداق ئاغرىغاندا، ئاتاڭ بەرگەن بىر خىل دورىنى يەپ بىردەمدىلا ئوڭلىنىپ قالغانىدىم، ھازىر ئاتاڭغا تېلېفون بېرىپ ئاشۇ دورىنى نەگە قويغانلىقىنى سوراپ باققىن!» دېگەنىدى. لېكىن، كۆڭلى سەل دەككە-دۈككىگە چۈشۈپ قالغان زۆھرە ئاتىسىغا تېلېفوندا ئاپىسىنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىنى دەپ قويغاچ تاكسىدىن بىرنى چاقىرىپ، ئاپىسىنى ئۇنىمىغىنىغا قارىماي دوختۇرخانىغا ئاپارغانىدى. ئۇلار دوختۇرخانا دەرۋازىسىغا كەلگەندە ئاغرىق سەل-پەل قويۇپ بەرگەندەك قىلىۋىدى، زۆھرەنىڭ ئاپىسى: «ئاغرىق بايىقىدىن خېلىلا قويۇپ بەردى، بولدى، قايتىپ كېتەيلى!» دەپ تۇرۇۋالدى. لېكىن، زۆھرە «ئاپامنى بەربىر ئاۋارە قىلىپ ئەكەپتىمەن، شۇڭا ئوبدان بىر تەكشۈرتۈپ باقاي!» دەپ ئويلاپ، ئاپىسىنى زورلاپ دېگۈدەك دوختۇرخانىغا ئەكىرگەنىدى، لېكىن دوختۇرخانىغا مېڭىپ كىرگەن ئادەمنى دوختۇرلار ھاپىلا-شاپىلا كارىۋاتقا ياتقۇزۇپ ئوپېراتسىيىگە ئەكىرىپ كەتتى.

«ئاپامنىڭ جېنىغا مەن زامىن بولدۇم! ھەي، مېنىڭ بۇ جاھىللىقىمزە! ساپساق تۇرغان ئادەمنى بۇ پالاكەت باسقان دوختۇرخانىغا زورلاپ ئەكەلمىگەن بولسامچۇ، ئىسىت، ئىسىت!!، — زۆھرە ئۆزىگە توختاۋسىز پىچىرلايتتى، — ئۆيدىكىلەر ئاپامنىڭ دوختۇرخانىغا مەن بىللەن كەلگەنلىكىنىلا بىلىدۇ، لېكىن ئۇنى زورلاپ ئەكەلگەنلىكىمنى ھەرگىز ئۇقمايدۇ، ناۋادا ئۇلار ئۇقۇپ قالسا تېرەمنى تەتۈر سويۇۋېتىشتىن يانمايدۇ... ھەي... ئۇلار ئۇقۇپ قالمىسا بولاتتى!»

— ۋىيەي، بىلگەندەكلا ئۇدۇل تېپىپ كەپتىمىز، 27-

كارىۋات مۇشۇ ئۆيدىكەن، ئەنە، ئەنە... زۆھرە باركەن...

زۆھرە يەڭگىسى گۈليارنىڭ تونۇش ئاۋازىنى ئاڭلىدى. ئۇ بۇ تومپاي يەڭگىسىنى ئانچە ياقتۇرۇپ كەتمىسىمۇ، لېكىن ئاكىسىنىڭ يۈز-ئابرۇيى ئۈچۈن ئۇنى ھۆرمەت قىلاتتى. زۆھرە ياتقان ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىك تەرەپكە قارىدى. ئاڭغىچە يەڭگىسى يەنە بىر ئايالنى ئەگەشتۈرۈپ كىرىپ كەلدى. زۆھرەنىڭ يەڭگىسى بىلەن كىرىپ كەلگەن ئامىنە ئىسىملىك ئوتتۇز بەش-ئوتتۇز ئالتە ياشلاردىكى بۇ ئايال يەڭگىسىنىڭ دوستى ئىدى. ئامىنە ئىككى يىل ئىلگىرى ئېرىدىن ئاجرىشىپ كەتكەن ھەمدە بالىلىرىنى ئېرى ئەكەتكەن بولغاچقا، ئۆيدە تىكەندەك يالغۇز ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يېقىندا زۆھرە ئۇنى «ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇۋېتىلگەچكە ئۆيدە بىكار قاپتۇدەك» دەپ ئاڭلىغانىدى.

بۇ ئۈچەيلەن تاغدىن-باغدىن بىردەم پاراڭلاشقاندىن كېيىن تۇيۇقسىزلا جىمىپ قېلىشتى. زۆھرە كىچىك چاغلىرىدىن تارتىپلا كىتابخۇمار قىز ئىدى. ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن بىر ئىدارىگە تەرجىمانلىققا ئورۇنلاشتى. لېكىن، ئۇنىڭ جاھاندارچىلىقنىڭ ئېپى-جېپىنى دېگەندەك بىلىپ كەتمەيدىغان بۇ يەڭگىسى تەقۋادار ئائىلىنىڭ قىزى بولغاچقا، ئون يېشىدىن باشلاپلا قۇرئان ساۋاتىنى چىقىرىۋالغان، بەش ۋاخ نامازنى قازا قىلمايدىغان ئايال ئىدى. زۆھرەنىڭ ئاكىسى ئۆز ۋاقتىدا يەڭگىسىنىڭ چىرايىغا كۆيگەنىدى. ئۇ چاغدا بۇ چىرايلىق قىز زۆھرەنىڭ ئاكىسى ئىشلەيدىغان نەشرىياتنىڭ ئۇدۇلىدىكى كىرخانىدا ئىشلەيتتى. زۆھرەنىڭ ئاكىسى ھەر قېتىم يۇيدۇرىدىغانغا كىر ئېلىپ بارغان چاغلىرىدا بۇ پەرى سۈپەت قىزنىڭ چېھرىدىن كۆزىنى ئۈزەلمەي ئۇنىڭغا ئۇزاقتىن-ئۇزاق قاراپ كېتەتتى. ئاخىرى ھەم مائاشلىق، ھەم ئائىلە ئەھۋالىمۇ تۆتىنىڭ كەينى بولسا

تۆتنىڭ ئالدىدا تۇرىدىغان بۇ زىيالىي يىگىت ئاران تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن، كىرخانىدا مەدىكارلىق قىلىپ ئېيىغا ئاران دېگەندە بىرنەچچە يۈز يۈەن پۇل تاپالايدىغان بۇ قىزنى ئەمىرىگە ئېلىش قارارىغا كەلگەنىدى. شۇ چاغدا يىگىتنىڭ ئاتا-ئانىسى بۇ نىكاھ ئىشىغا قوشۇلمىغانىدى، لېكىن پەقەت زۆھرەلا ئاكىسىنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىپ، ئاكىسى تەرەپتە تۇردى. ئەمەلىيەتتە ئۇمۇ بۇ قىزنى «ئاكامنىڭ خىلى ئەمەس» دەپ قارايتتى. شۇنداقتىمۇ، بۇنداق ئاشىقلىقتا سەۋەب كەتمەيدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. دېمىسىمۇ، ئاشىقلىقتا سەۋەب بولىدىغان ئەڭ مۇھىم نەرسە پەقەت قىز بالىنىڭ چىراي-تۇرقى، خالاس. چۈنكى، يىگىتلەرنىڭ نەزىرىدە قىز بالىنىڭ چىراي-تۇرقى ئۇنىڭ بايلىقى، بىلىمى دېگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى بېسىپ چۈشەلەيدۇ. زۆھرەنىڭ ئاكىسى «ئاشۇ قىزغا ئۆيلەنمىسەم توي قىلمايمەن!» دەۋاتقان تۇرسا، ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى يەنە نېمىشقا «ياق!» دەپ تۇرۇۋالىدىغاندۇ؟! ئۇنىڭ ئۈستىگە زۆھرەنىڭ ئاكىسى ئۇ چاغلاردا ئوتتۇز ئىككى ياشقا كىرىپ قالغان بولۇپ قېرى يىگىتلەردىن سانىلاتتى، ھەتتا ئۇنىڭ سىڭلىسى زۆھرەمۇ ئوتتۇز ياشلىق قېرى قىزغا ئايلىنىپ قالغانىدى. ئوغۇللىرىغا خوتۇن، قىزلىرىغا لايىق چىقماي ئولتۇرۇپ قالغان ئاتا-ئانا ئادەتتە ئاز ئۇچرايدۇ. شۇڭا زۆھرەنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭمۇ ئولتۇرسا-قوپسا ئويلايدىغىنى بۇ ئىككى بالىسىنىڭ نىكاھ ئىشى ئىدى. زۆھرە بۇنى ئاتا-ئانىسىغا كۆرمىڭ قېتىم دەپ باقتى. زۆھرەنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۇنى ھەم ئەقىللىق، ھەم ئاتا-ئانىنىڭ ھالىغا يېتىدىغان قىزىمىز، دەپ بىلەتتى. شۇڭا ئاخىر ئۇنىڭ گەپلىرىنى توغرا تېپىپ، ئوغلىنىڭ نىكاھ ئىشىغا قوشۇلغانىدى. ھەش-پەش دېگۈچە سەككىز يىل ئۆتۈپ كەتتى، زۆھرەنىڭ ئاكىسىنىڭ ئوغلىمۇ بەش ياشقا كىرىپ

قالدى. ئەينى چاغدا زۆھرە ئاكىسىنىڭ بۇ نىكاھ ئىشىنى بىرىنچى بولۇپ توغرا تاپقانلىقى ئۈچۈنمۇ ئاكىسى بىلەن يەڭگىسى ئۇنىڭغا ناھايىتى ئامراق ئىدى. بولۇپمۇ، ئۇنىڭ يەڭگىسى ئىككى ئېغىز گەپنىڭ بىرىدە ئۇنىڭغا ھەشقاللا ئېيتىپ تۇراتتى. لېكىن، زۆھرە ھەرقانچە قىلسىمۇ بۇ يەڭگىسىنى ئۆز كۆرۈپ كېتەلمىگەچكە ئۇنىڭغا «پىسىڭگىدە» كۈلۈپلا قوياتتى. ئىشقىلىپ، زۆھرە بىلەن يەڭگىسى بىر-بىرىگە پەقەتلا ئوخشاشمايدىغانلاردىن ئىدى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ گېپى بىر يەردىن چىقمايدىغان بولغاچقا، ئادەتتە ئېچىلىپ-يېيىلىپ سىردىشالمايتتى.

— زۆھرە ئاچا، ئەمىسە بىز قايتايلى، نېمىگە ئىشتىھايىڭىز بولسا دەۋېرىڭ، مەن ئېتىپ ئەكېلىمەن! — دېدى يەڭگىسى ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ. يەڭگىسى زۆھرەدىن توپتوغرا بەش ياش كىچىك بولغاچقا، زۆھرەنى «ئاچا» دەپ ئاتايتتى. دېمىسىمۇ، بىزدە كىشىلەرنىڭ ياش پەرقى نەسەب-بوغۇن پەرقىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان بولغاچقا، قارشى تەرەپ مەيلى قانداق تۇغقان بولسۇن، يېشى چوڭ بولسىلا ئۇنى «ئاكا» ياكى «ئاچا» دەپ ئاتاش كېرەك-دە! زۆھرە ئېغىز ئېچىپ بولغۇچە ئامىنە سۆز ئالدى:

— مەنچۇ، تۇرپاننىڭ تۈرمىلىگە ئۇستا دەڭە، تۈرمەل ئېتىشنى توقسۇندىكى بىر تۇغقىمىزدىن ئۆگىنىۋالغان، ئەتە سىزگە تۈرمەل ئېتىپ ئەكېلەي، بولامدۇ؟

ئامىنە گېپىنى تۈگىتىپ زۆھرەگە خۇددى ئۇنىڭدىن ھىمات كۈتكەندەك تىكىلىپ قاراپ كەتتى. زۆھرە ئامىنەنىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپ ھەيران قالدى.

«بۇ ئايال گەرچە يەڭگەمنىڭ دوستى بولسىمۇ ئۇنىڭ بىلەن ئەسرالىشىپ باقمىغان تۇرسام، يەنە نېمىشقا ماڭا بۇنچىۋالا يېقىنچىلىق قىلىپ كېتىدىغاندۇ؟» دەپ ئويلىدى

زۆھرە. زۆھرە بايا ئامىنە ئىشىكتىن كىرىپ كەلگەندە ئۇنى يەڭگىسىگە ھەمراھ بولۇپ كەلگەن ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىغانىدى، لېكىن ئامىنەنىڭ ئۆزىگە قىلىۋاتقان بۇ يېقىنچىلىقلىرىدىن بىرەر مەقسەت-مۇددىئاسى بارلىقىنى سەزگەندەكمۇ بولدى. زۆھرە ئامىنەگە يەر تېگىدىن سەپسېلىپ باقتى. ئادەتتە ئانچە ياسىنىپ كەتمەيدىغان بۇ ئايال بۈگۈن نېمىشقىدۇر بۆلەكچىلا ئىدى. قارىغاندا، ئۇ زۆھرەنى يوقلاپ كېلىش ئۈچۈن ئاتايىن جابدۇنغاندەكمۇ قىلاتتى: ئامىنە قۇلىقىغا ئالتۇندىن سوقۇلغان يوغان ئەگمە ھالقا سېلىۋالغان، بوينىغا توم ئالتۇن زەنجىر ئېسىۋالغان، ئىككى قولىغا بەش دانە ئالتۇن ئۈزۈك تاقىۋالغانىدى. ئۈچىسىدىكى ئۈستىگە مونچاق قويۇلغان كۆڭلىكىمۇ سەنشىخاڭزا بازىرىدىكى قىممەت پۇللۇق ماللاردىن ئىدى. زۆھرەنىڭ كاللىسىدىن ئاجايىپ خىياللار كەچكىلى تۇردى: «بۇ ئايال نېمىگە كەلگەندۇ؟ بىرەر مەقسىتى بارمىدۇ؟ ياكى بولمىسا...؟» خىياللار زۆھرەنى ئەندىشىگە سالغىلى تۇردى. تۇيۇقسىزلا ئۇنىڭ گېلىغا بىرنەرسە تۇرۇپ قالغاندەك دېمى سىقىلىپ، قۇلاقلىرى غوڭۇلداشقا باشلىدى. زۆھرەنىڭ ھەتتا گەپ قىلىشقىمۇ ماجالى قالمىغاندەك قىلاتتى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ يەڭگىسىنىڭ يۈز-ئابرۇيى ۋە مېھماننىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن كۆڭۈل غەشلىكلىرىنى زورىغا بېسىپ، ئامىنەگە قاپىقىنى ئاچتى:

— كۆڭلىڭىزگە رەھمەت، ئامىنە. سىزمۇ ئالدىراش تۇرسىڭىز، ئاۋارە قىلسام قانداق بولىدۇ؟!

— ۋىيەي، نېمە دەيدىغانسىز؟ ھازىرچۇ، ھەممىدىن بىكارچىسى مەن، ئىشتىن قالدىم، يېنىمدا بالامۇ يوق، — دېدى ئامىنە پىخىلداپ كۈلۈپ تۇرۇپ.

زۆھرە يەڭگىسىگە زەردە بىلەن تىكىلدى.

«قېيىنانا دېگەن يەنىلا قېيىنانىدە، ئۆز ئاپاڭدەك

بولامتى، ــ دەپ ئويلايتتى زۆھرە، ــ ئاپام رەھمەتلىكنىڭ كىرپىكىگە توپا قونماي تۇرۇپلا قىلىۋاتقان قىلىقىنى قارىمامدىغان!»

ــ ئۆيدە بىكار ئىكەنلىكىڭىزنى بىلىمەن، ئامىنە، ــ دېدى نېمە دەپ ئېغىز ئېچىشنى بىلەلمەي قېلىۋاتقان زۆھرە تۇرۇلۇپ كېتىۋاتقان قاپاقلىرىنى زورىغا ئېچىپ، ــ سىزنىڭمۇ ئاتا ـ ئانىڭىز بار، ئۇلارغا قارىمىسىڭىز بولمايدۇ، سىز تېخى ياشقۇ! بىرەر ئىشنىڭ پېشىنى تۇتقىنىڭىز ياخشى، ــ زۆھرە بىردەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئاچچىقىدا گەپنى چورتلا ئۈزدى، ــ ئامىنە، بۇنىڭدىن كېيىن بىزنىڭ ئۆيگە بارىمەن، دەپ ئاۋارە بولۇپمۇ يۈرمەڭ!

زۆھرە گېپىنى تۈگىتىپ ئامىنە بىلەن يەڭگىسىگە سەپسالدى. ئۇ ئىككىسىنىڭ چىرايى تۇيۇقسىزلا ئۆڭۈپ كېتىۋاتاتتى.

ــ سىز... سىز... نېمىلەرنى دەپ كەتتىڭىز، زۆھرە؟ ــ دېدى پېتىدىن چۈشمەسلىككە تىركىشىۋاتقان ئامىنە، ــ مەن ئۆيۈڭلارغا بارىمەن، دېمىدىمغۇ!

گۈليار ئارىدىكى ئوڭايسىز كەيپىياتنى ئوڭلاش نىيىتىدە ئۇلارنىڭ گېپىنى بۆلدى:

ــ زۆھرە ئاچا، كېسەل ئازابىدا چارچاپ قالغاندەك قىلىسىز، ئەجەب يوقىلاڭ خىياللارنى قىلىدىكەنسىز! دېمىسىمۇ، ئاپام قازا قىلغاندىن كېيىن ئاتام بىچارە ئۆيدە تىنەك ئوغۇز قالدى، سىزنىڭ ئۆز ئىشىڭىز ئۆزىڭىزگە يېتىپ ئاشىدۇ. ئاتامنىڭ ئاش ـ تامىقىنى ئېتىدىغان بىرەرى كېرەك ـ دە! ئاپام رەھمەتلىك ھايات چاغدىلا ئۆيگە بىر ئۆي خىزمەتچىسى تۇرغۇزايلى دەپ، لايىقىدا بىرەرىنى تاپالمىغان ئىدۇققۇ!

ــ بولدى قىلىڭا، گۈليار! سىز زادى نېمە دېمەكچى؟ مەن

تېخى ئۆيدە، ئاتامنىڭ ھاجىتىدىن ئۆزۈم چىقالايمەن!

بۇ زۆھرەنىڭ تۇنجى قېتىم يەڭگىسىنىڭ گېپىنى قوپاللىق بىلەن يىرتىۋېتىشى ئىدى. زۆھرە يەڭگىسى بىلەن ئامىنەنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ بولدى. ئۇنىڭچە بولغاندا، ئامىنە بويتاق قالغان سۇلايمانغا تېگىپ زۆھرەنىڭ ئاپىسىنىڭ ئۇ ئۆيدىكى ئورنىنى ئىگىلىمەكچى ئىدى. گۈليارنىڭ بۇ قىلىقمۇ ئۇچىغا چىققان يۈزسىزلىك ئىدى. زۆھرەنىڭ نەزىرىدە ئاتىسى بىلەن ئاپىسى ئۆمرىدە «سەن-پەن» دېيىشىپ باقمىغان كۆيۈمچان ئەر-خوتۇنلاردىن ئىدى. سۇلايماننىڭ جەمئىيەتتە قەددىنى كېرىپ يۈرەلىشى دەل زۆھرەنىڭ ئاپىسىنىڭ ۋاپادارلىق ۋە قابىللىقىدىن ئىدى. شۇڭا ھەممىلا ئادەم زۆھرەنىڭ ئاتىسى بىلەن ئاپىسىنى خۇدا قوشقان بىر جۈپلەر دېيىشەتتى. زۆھرەنىڭ ئاپىسى بالىلىرىنىڭ نەزىرىدە دۇنيادا تەڭدىشى يوق ئايال ئىدى. «يېتىمنىڭ ئاغزى ئاشقا يەتسە بۇرنى قاناپتۇ» دېگەندەك ئەمدىلەتىن ئاتمىش ياشلارغا ئۇلاشقان بۇ جاپاكەش ئاپا تۇيۇقسىزلا قازا قىلىپ كەتتى. بالىلارنىڭ ئاپىسىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىغا ئىشەنگۈسىمۇ كەلمەيدۇ. شۇنداق تۇرسا، سۇلايمان خوتۇنىنى بۇ ياقتىن كۆمۈپ قويۇپ، ئۇ ياقتىن ھاپىلا-شاپىلا ئۆيلىنىمەن، دەرمۇ؟ بالىلار ئاتىسىنىڭ ئۇنداق قىلىشىغا ھەرگىز ئىشەنمەيتتى. ئاتمىش بەش ياشقا كىرىپ بىر پۈتى گۆرگە ساڭگىلىغان ئاتا توپتوغرا قىرىق يىل بىر ياستۇققا باش قويغان سۆيۈملۈك ئايالىنى باقىي ئالەمگە ئۇزىتىپ قويۇپلا: «خوتۇندىن يەنە بىرنى ئېلىپ ھاياتىنىڭ پەيزىنى سۈرىمەن!» دېسە، بالىۋاقىسىدىن ۋاقىتسىز ئايرىلىپ، قارا يەرنىڭ قارا قېتىغا كىرىپ ياتقان مەرھۇمە ئۈچۈن ئادالەتسىزلىك بولمامدۇ! ناۋادا ئاتا «ئۆيلىنىمەنلا» دەپ قالسا، مەرھۇمە خوتۇنىدىن ياش، قاۋۇل خوتۇنلار ساماندەك. جاھان دېگەن شۇكەنغۇ، ئەر كىشى دېگەنغۇ بىر

ئۆمۈر پايپېتەك بولۇپ ئۆتكەن خوتۇنى ئۆلۈپ كەتسە خوتۇن دىگەن جىققۇ دەيدۇ. ھەي، پەلەك! ناۋادا ئاتا راستىنلا يەنە خوتۇن ئېلىش كويىدا بولسا، ئۇنىڭ مەرھۇمە خوتۇنىنىڭ نامىزىدا ئۆكسۈپ يىغلاپ كېتىشلىرىنى قانداق چۈشەنگۈلۈك؟ زۆھرە ئاتىسىنىڭ ئۇنداق ئادەملەردىن ئەمەسلىكىگە، ئۇنىڭ خوتۇنى ئۈچۈن تۆككەن ياشلىرىنىڭ يۈرىكىدىن ئۇرغۇپ چىققان ۋاپادارلىق يېشى ئىكەنلىكىگە شەكسىز ئىشىنىدۇ.

گۈليار بىلەن ئامىنە كەتكەندىن كېيىن زۆھرە تولغىنىپ زادىلا ياتالمىدى. ئۇنىڭ خىيال كەپتىرى ھېلىدىن ـ ھېلىغا توختىماي پەرۋاز قىلاتتى: «نەچچە ئون يىلدىن بۇيان كۈلكە سادالىرى ئىچىدە بەختلىك ئۆتكەن ئىللىق ئائىلىمىز خۇددى كۆز تەگكەندەكلا تىرىپىرەن بولۇپ كېتەرمۇ؟ بىزنى يەنە قانداق قىسمەتلەر كۈتۈۋاتىدىغاندۇ؟!»

زۆھرە كارىۋاتتىن چۈشتى ـ دە، دوختۇرنىڭ ئىشخانىسىغا ئىتتىك كىرىپ كەتتى، چۈنكى ئۇ دەرھال بالنىستتىن چىقىپ ئاتىسىنىڭ ھالىدىن ئۆز قولى بىلەن خەۋەر ئالمىسا بولمايتتى.

### 3

تۈن نىسپىدىن ئاشتى، جاھان تىمتاس ئىدى. سۇلايمان كوچىدىكى تاكسىلارنىڭ ئۆيگە ئاندا ـ ساندا ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان گۈرۈلدەشلىرىنى ئاڭلاپ ياتاتتى. لېكىن، قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەن كىشىلەر قاراڭغۇ كېچىنىڭ بۇ سادالىرىدىن بىخەۋەر ئىدى. يولدىن قانچە ماشىنا ئۆتكىچە ئۇخلاپ قالىدىغانلىقىنى بىلىپ باقماقچى بولغان سۇلايمان گۈركىرىگەن ماشىنىلارنى بىر ـ بىرلەپ ساناپ باقتى. ماشىنىدىن توپتوغرا يىگىرمە بەشى ئۆتۈپ كەتتى، لېكىن ئۇنىڭ كۆزىگە ئۇيقۇ كېلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. سۇلايمان

«ئۈيقۇسى قاچقان ئادەم يۇزدىن بىرگىچە تەتۈر سانىسا ئۇخلاپ قالارمىش» دەپ ئاڭلىغانىدى. شۇڭا ئۇ كۆزلىرىنى زورىغا يۇمدى-دە، كوچىدىن ئۆتۈۋاتقان ماشىنىلارنىڭ ئاۋازىنى تەتۈر ساناپ باقماقچى بولدى: يۈز، توقسان توققۇز، توقسان سەككىز، توقسان يەتتە، توقسان ئالتە، توقسان بەش... بىر! لېكىن ئۇ ھېچبىر ئۇخلايدىغاندەك ئەمەس ئىدى. سۇلايمان ساناق ساناشنى يەنە باشلىدى... قىزىق ئىش، ساناق سانىغانسېرى ئۇنىڭ ئۇيقۇسى كېلىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ئۇيقۇسى ئېچىلىپ، سەگەكلىشىپ كېتىۋاتاتتى.

— قايسىبىر يالغانچىنىڭ تاپقان پەتىۋاسىدۇ بۇ؟ — دېدى ئۇيقۇسى قاچقانسېرى تېرىكىپ كېتىۋاتقان سۇلايمان ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلاپ، — ئەگەر تەتۈر ساناق بىلەن ئۇخلىغىلى بولسا، دۇنيادا مەندەك ئۇيقۇسىزلار قاراڭغۇ تۈنلەرنى تۆشەكتە تولغىنىپ ئۆتكۈزەرمىدى؟ ھەممىلا ئادەم تۇرمۇشتىكى ئۇششاق-چۈششەك تەجرىبىلىرىگە تايىنىپلا ئۆزىنى داۋالاپ ساقايتقىلى تۇرسا دوختۇرلار نېمە ئىش قىلىدۇ؟ ئاشۇنداق تۇتۇرۇقسىز گەپلەرگە ئىشىنىپ يۈرگەن مەنمۇ ساراڭ... ھەي...!

ئۇ كارىۋاتتىن چۈشۈپ قاپقاراڭغۇ ئۆيدە بىرھازاغىچە جىمجىت تۇرۇپ قالدى. شۇ ئارىدا دېرىزىدىن تېشىپ ئۆتكەن بىر نۇر ئۇنىڭ كۆزلىرىنى قاماشتۇردى. سوغۇقتىن ۋۇجۇدى سەل-پەل قورۇلغان سۇلايمان ئىشكاپنى ئېچىپ پوپايكىدىن بىرنى ئېلىپ كىيىۋالدى. ھايال ئۆتمەي ئۇنىڭ دولىسى بىلىنەر-بىلىنمەس ئىللىغاندەك قىلدى. بۇ پوپايكىنى ئۇنىڭ مەرھۇمەسى بىرنەچچە يىل ئىلگىرى ئۇنىڭغا ئاتاپ ئۆز قولى بىلەن توقۇغانىدى. ئۇ چاغدا سۇلايمان بۇ قىزغۇچ پوپايكىنى «رەڭگى بەك ئوچۇقكەن، يېشىمغا ماس كەلمەيدىكەن» دەپ كىيمىگەنىدى، ھەتتا خوتۇنىغا «رەڭگى چوڭلارغا لايىقراق يىپتىن توقۇساڭمۇ بوپتىكەن!» دەپ كايىغانىدى. لېكىن،

ئايالى ئېرىنىڭ كايىشلىرىدىن پەرۋايى پەلەك، ئېرىنىڭ بۇرنىنى خۇددى كىچىك باللارنى ئەركىلەتكەندەك تەبەسسۇم بىلەن چىمدىپ قويغانىدى.
— سۇلايمانئاخۇن، ئۆزلە «مەن قېرىپ كەتتىم» دەۋاتامالا؟ — دېگەنىدى ئايالى ئۇنىڭغا كۆزلىرىنى تىكىپ تۇرۇپ، — ئۇنتۇپ قالمىسىلا، سىلى قېرىمىدىلا، مەنمۇ قېرىمىدىم، سىلى يىگىرمە ياش، مەن دېگەن ئون سەككىز ياش، بىلەملا؟!
شۇ چاغدىكى ئىشلار سۇلايماننىڭ بەئەينى هازىرقىدەكلا يادىدا تۇرۇپتۇ. ئۇ چاغدا سۇلايماننىڭ ئايالى باللارنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ تۆت ئەتراپقا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن ئىتتىك كېلىپ ئېرىنىڭ مەڭزىگە «چوككىدە» بىرنى سۆيۈپ قويغانىدى. بۇنىڭدىن كۆڭلى ئالەمچە سۆيۈنگەن سۇلايماننىڭ: «هەي، قېرىغىننى تۇيمايدىغان؟ سەنزە مەڭگۈ چوڭ بولمايسەن جۇمۇ؟ باللار كۆرۈپ قالسا سەت ئەمەسمۇ؟!» دەپ كەتكەنلىرىچۇ تېخى. شۇنداق، بىر ياستۇققا باش قويغاندىن تارتىپ مېهىر بىلەن ئېجىل ئۆتكەن بۇ بىر جۈپ ئەر-خوتۇن چاچلىرى ئاقىرىپ، چىشلىرى سارغىيىپ كەتكەندىمۇ، ئاشىق-مەشۇقلاردەك قىلىقلىرىنى تاشلىمىغانىدى.
سۇلايمان ئۆي ئىچىدە ئۇيياقتىن-بۇياققا توختىماي ماڭاتتى. ئۇنىڭ دولىسىدىكى پوپايكا تۇيۇقسىز سىيرىلىپ يەرگە چۈشۈپ كەتتى. سۇلايمان يەردىكى پوپايكىغا قارىدى. قىزغۇچ پوپايكا مىسكىنلىك ئىچىدە جىمجىت تۇراتتى. ئۇ يەرگە تەستە ئېڭىشىپ پوپايكىنى قولىغا ئالدى-دە، قايتا كىيمەي، قوش قوللاپ چىڭ تۇتقىنىچە ئۇنىڭغا ئۇزاقتىن-ئۇزاق قاراپ تۇرۇپ كەتتى.
— هەي، رەهمەتلىكنىڭ قولى گۈل ئىدى-دە! ئىسسىت،

مۇشۇنداق ئېسىل پوپايكىنى نېمىشقىمۇ ئۇ ھايات چاغدا كىيمىگەن بولغىيتتىم؟ — سۇلايمان ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلىغىنىچە پوپايكىنى باغرىغا چىڭ بېسىپ چوڭقۇر نەپەس ئالدى. پوپايكىدىن قىرىق نەچچە يىللىق قەدىناسلىقنىڭ خۇشبۇي ھىدى كېلىۋاتاتتى.

— ھەي، ھەكىمە...! ھەي، ھەكىمە! نېمىشقىمۇ ئۇن-تىنسىز كېتىپ قالىدىغانسەن؟ ماڭا نېمىشقىمۇ بۇنچىۋالا تاش يۈرەكلىك قىلىدىغانسەن؟ ماڭا: «باشقا يۇرتلارغا يېتىلىشىپ بېرىپ سەيلە قىلىپ كەلسەك!... زۆھرەنىڭ تويىنى دەرقەمدە تۇرۇپ چىرايلىق ئۆتكۈزۈپ بەرسەك!» دېگەنىدىڭغۇ؟ زۆھرەنىڭ بالىسىنى ئۆز قولۇڭ بىلەن بېقىپ بەرمەكچى، نەۋرەڭنىڭ مەكتەپكە بېرىپ-كەلگەنلىكىنى ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆرمەكچى ئىدىڭغۇ؟ ئىككىمىز بىر-بىرىمىزگە ھەمراھ بولۇپ ھەج قىلىپ كېلىشنى نىيەت قىلغانىدۇققۇ، ھەكىمە؟! مانا ئەمدى ۋەدەڭگە ۋاپا قىلماي، مىنى يالغۇز تاشلاپ تۇيۇقسىزلا كېتىپ قالدىڭغۇ! مېنى ئەمدى قانداق قىلسۇن دەيسەن، ھەكىمە؟

سۇلايمان پوپايكىنى يۈزلىرىگە چىڭ يېقىپ تۇرۇپ بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. ئۇنىڭ ئىككى مۈرىسى توختاۋسىز سىلكىنەتتى. سۇلايمان ياندىكى ئۆيدە ئۇخلاۋاتقان زۆھرەگە چاندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن ئازابلىق يىغلايتتى. قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن، سۇلايمان يىغىدىن ئاخىر توختىدى. ئۇستىخانلىرى تېلىپ كەتكەن سۇلايمان كارىۋاتقا ئاستا چىقىپ ياتتى. ئۇ بىر ھازادىن كېيىن پوپايكىنى چىڭ قۇچاقلىغىنىچە تاتلىق ئۇيقۇغا كەتتى.

سۇلايمان ئويغىنىپ قارىسا ئەتىگەن سائەت يەتتە بوپتۇ. زۆھرەنىڭ ئىشقا بېرىشىغا يەنە بىر سائەت بار ئىدى. سۇلايمان ياندىكى ئۆيگە قۇلاق سېلىپ باقتى، لېكىن ئۆي ئىچى تىمتاس

ئىدى. دېمەك، زۆھرە تېخى ئويغانماپتۇ. سۇلايمان
ئىختىيارسىز يېنىغا قارىدى لېكىن نەچچە ئون يىلدىن بېرى
ئۇنىڭ بىلەن بىر ياستۇققا باش قويۇپ كېلىۋاتقان ئايالى
يېنىدا يوق ئىدى. ئىلگىرى بۇ چاغلاردا ھەكىمە ئاللىقاچان
ئورنىدىن تۇرۇپ، بېشىغا رومالنى چىڭ چىگىپ، ئۇچىسىغا
خالاتنى كىيەتتى-دە، ئۇياقتىن-بۇياققا پوسۇرلاپ يۈرۈپ ئۆي
يىغىشتۇراتتى، چاي قاينىتىپ ناشتىلىق تەييارلايتتى.
سۇلايمانمۇ تاڭ سەھەردە تۇرۇپ ئەتىگەنلىك بازارغا بېرىپ،
سۈت، ئىسسىق نان ئەكېلەتتى. ئۇ ھەر كۈنى ئەتىگەنلىك
بازاردىن قايتىپ كىرگەن چاغلىرىدا ھەكىمە قىلىۋاتقان
ئىشىنى تاشلاپ قويۇپ گويا ئاشىقىنى كۈتۈۋالغان قىزلاردەك
يۈگۈرۈپ بېرىپ ئېرىنىڭ قولىدىكى نەرسىلەرنى ئالاتتى،
ئاندىن بالىلىرى ئالدىدا ماختىنىپ سۆزلەپ كېتەتتى:
— ۋىيەي، ئاتاڭلارغا قاراڭلار! كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇچە
بازارغا بېرىپ كەپتۇ، پىكاپىتەكلا چاققان ئادەمدە بۇ!
سۇلايمان ئايالىنىڭ چاقچاقلىرىدىن يۈرەكلىرى يايراپ
تۇرسىمۇ، لېكىن بالىلىرىنىڭ ئالدىدا ئۆزىچە ئايالىدىن
رەنجىگەن قىياپەتتە سۆزلەپ قوياتتى:
— ھەي، بولدى، بولدى! ئادەمنى كىچىك بالىنى
ئالدىغاندەك ماختاپ كەتكىنىنى بۇنىڭ! ئۇنچىۋالا قىلمىساڭمۇ
خۇدانىڭ قۇتلۇق كۈنى ناشتىلىق ئەكىرىۋاتىمەنغۇ!
— پاھ، ئاتام نەرسە-كېرەك سېتىۋېلىشقا بەك ئۇستا
جۇمۇ! — دېيىشەتتى ئاتىسى بىلەن ئاپىسىنىڭ بۇنداق
يېقىملىق كۈلكە-چاقچاقلىرىغا كۆنۈپ كەتكەن باللار گەپكە
ئارىلىشىپ، — شۇنداققۇ، قارىمامسىلەر قاق سەھەردە چىقىپ
شۇنچىۋالا جىق نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ كىرىپتۇ؛ ئاپا، راستىنلا
ئادەم تونۇيدىكەنسەن جۇمۇ، ياش ۋاقتىڭدا ئاتامنى ئوبدان
تاللاپتىكەنسەن! — بۇنىڭ بىلەن يېقىملىق كۈلكە ساداسى

ئۆي ئىچىنى بىر ئالاتتى.
سۇلايمان ئايالى قازا قىلىپ كەتكەن بىرنەچچە ئايدىن بېرى ئەتىگەنلىك بازارغا بېرىپ باقمىدى، تالا - تۈزگىمۇ كەمدىن - كەم چىقىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭغا قويۇپ بەرسە ھەتتا ھېچقانداق ئادەم بىلەن كۆرۈشكىسى، بوسۇغا ئاتلاپ چىققۇسى يوق ئىدى. دوختۇرخانا بىلەن دەۋالىشىدىغان ئىشنى ئۈچ بالىسى قىلىۋاتاتتى.
ئۇ كارىۋاتتىن ئاستا چۈشتى، لېكىن پۇتلىرى لاغىلداپ تىترەۋاتاتتى. ئاخشام بەك كەچ ئۇخلىغاچقىمۇ ياكى باشقا سەۋەبتىنمۇ ئۇنىڭ پۇتۇن ئەزايى خۇددى ئۇرۇپ يانجىۋەتكەندەك تېلىپ ئاغرىپ كېتىۋاتاتتى، تاياقتەك قېتىپ كەتكەن پۇتلىرى ئۆزىنىڭ ئەمەستەكلا ئىدى. ئۇ ئورنىدا بىر ھازا مىدىرلىماي تۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئالدىرىماي كىيىندى، ئاندىن پوپايكىنى ئاۋايلاپ قاتلاپ ئىشكاپقا سېلىپ قويدى. ئۇ ئاخشامقى ئىشلىرىنى زۆھرەنىڭ بىلىپ قېلىشىنى خالىمايتتى.
سۇلايمان تازىلىق ئۆيىگە كىرىپ يۈز - كۆزىنى يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن لۆڭگىنى قولىغا ئالدى، لېكىن لۆڭگە قاپقارا كىر بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ بېشىنى چايقىنىغىچە لۆڭگىدىن يەنە بىرنى ئالدى. ھەكىمە ناھايىتى پاكىز مەزلۇم ئىدى. شۇڭا نەچچە ئون يىلدىن بۇيان سۇلايماننىڭ قولىغا بىرەر قېتىممۇ كىرلىشىپ كەتكەن لۆڭگە چىقىپ باقمىغانىدى. بىر قېتىم ئۇلار بىر دوستىنىڭ ئۆيىگە مېھمانغا بارىدۇ. شۇ چاغدا سۇلايمان ئۆي ئىگىسى ئۇزاتقان لۆڭگىنىڭ كىرنىڭ دەستىدىن قارىغۇسىز بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ: «بۇ دۇنيادا بىزنىڭ ھەكىمەدەك ئىشچان، پاكىز خوتۇن ئاز ئوخشايدۇ!» دەپ ئويلايدۇ ئىچىدە. ئۇ ئايالىنىڭ مۇشۇ تەرىپىدىن بەكمۇ رازى ئىدى.
سۇلايمان ئاشخانىغا كىردى. زوھرە ئاشخانىدا ناشتىلىق

راسلاۋاتاتتى. زۆھرەنىڭ بېشىدىكى قارا رومالنى كۆرگەن سۇلايماننىڭ يۈرىكى «جىغغىدە» قىلىپ قالدى.

— زۆھرە قىزىم، — دېدى سۇلايمان گېلىنى قىرىپ قويۇپ ناھايىتى مۇلايىملىق بىلەن، — كېچىدە قانداقراق ئۇخلاپسەن؟ ئەتىگەن قوپۇپ زەن سالسام ھۇجراڭ جىمجىت تۇرىدۇ، سېنى ئۇخلاۋاتامدىكىن، دەپتىمەن.

پۈتۈن ئەس-يادى بىلەن داستىخان راسلاۋاتقان زۆھرە ئاتىسىنىڭ ئۈنىدىن چۆچۈپ كەتكەچكە ۋارقىرىۋەتكىلى تاسلا قالدى، لېكىن دەرھاللا ئاتىسىغا قاراپ زورىغا كۈلۈمسىرىدى:

— قانداقراق قوپۇپسەن، ئاتا؟ كېچىدە ياخشى ئۇخلىيالىدىڭمۇ؟

— خۇدا بۇيرۇسا، يامان ئەمەس ئۇخلاپتىمەن، قىزىم!

سۇلايمان شىرەنىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى. زۆھرە شىرەنىڭ ئۈستىدىكى داستىخانغا قاراپ پېشانىسىگە «پاققىدە» بىرنى ئۇرۇپ:

— ئاپلا! ئېسىم قۇرۇسۇن مېنىڭ، ئۆيدە ياڭاق مېغىزى تۈگەپتىكەن، ياڭاق چېقىپ قويۇشنى ئۇنتۇپتىمەن ئەمەسمۇ! ئازراق چېقىپ كىرەي، — زۆھرە ئالمان-تالمان سىرتقا قاراپ ماڭدى.

— بولدى قىل، بالام، — دېدى سۇلايمان زۆھرەنى چاقىرىپ، — بىرەر ۋاخ ياڭاق يېمىگەنگە نېمە بولاتتى؟ كەچلىك غىزادا يەيلى، ئىشقا بارىدىغان ۋاقتىڭ بولۇپ قالدى، كېچىكىپ قالمىغىن يەنە! قارىغىنا، داستىخاندا كىشمىش، ھەسەل باركەن، ۋۆي تېخى بادام، مېغىزمۇ تۇرمامدۇ؟ بولدى، بولدى، چېيىڭنى ئاچىققىن، قىزىم!

زۆھرە ئاتىسىنىڭ گېپى بىلەن ياڭاق چېقىشنى قويۇپ، بىر كورىدا قايماق چاي ئەكىردى. ئۇ چايدىن ئاتىسىغا لىقمۇلىق بىر چىنە، ئۆزىگە يېرىم چىنە قۇيۇپ، ئۇنى داستىخانغا

ئەدەپ بىلەن قويدى. شۇنداق قىلىپ ئاتا-بالا ئىككىيلەن گەپ-سۆز قىلماي ناشتا قىلىشقا باشلىدى. ئارىدىكى جىمجىتلىقنى پەقەت چوكىنىڭ چىنىگە تەگكەن چاغدىكى ئاۋازىلا بۇزۇپ تۇراتتى. ئاتا-بالا ئىككىسىنىڭ كۆڭلىدىكى غەشلىكلەر بىر-بىرىگە ئايان ئىدى. يەنە قاچانغۇچە مۇشۇنداق بىر-بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرۇپ ناشتا قىلالايدۇ دەيسىز؟

زۆھرە چېيىنى ئىچىپ بولۇپ قاچا-قۇچىلارنى يىغىشتۇرۇۋەتكەندىن كېيىن ئىشقا ماڭدى. ئۇ ئىشىكتىن چىقىش ئالدىدا ئاتىسىغا:

— ئاتا، توڭلاتقۇدا تۈگۈكلۈك جۇۋاۋا بار، چۈشتە ئۆزۈڭ پىشۇرۇپ يېگىن، — دەپ تاپىلىدى.

زۆھرە ئىشقا كېتىۋىدى، ئۆيىنىڭ ئىچى خۇددى گۆرىستاندەك جىمىپلا كەتتى. سۇلايمان زېرىكىشلىكتە تېلېۋىزورنى ئېچىپ ئۇ قانالدىن بۇ قانالغا يۆتكەپ كۆرۈپ باقتى، لېكىن ئېكراندا كۆرۈنۈۋاتقان نەرسىلەرنىڭ بىرەرىمۇ ئۇنى قىزىقتۇرالمىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ تېلېۋىزورنى ئۆچۈرۈۋېتىپ بالكونغا چىقتى. بالكوندىكى بىرنەچچە تەشتەك گۈل ئۇسسۇزلۇقتىن سولىشىپ كەتكەنىدى. سۇلايمان چۆگۈنگە سۇ ئاچىقىپ گۈللەرنى سۇغاردى.

— ھەي، بايقۇش گۈللەر، سىلەرگە سۇ بەرمەي ئۇۋال قىپتۇق-دە، — دېدى ئۇ تەشتەكتىكى گۈللەرگە قاراپ، — سىلەرنى ھارماي پەرۋىش قىلىدىغان ھەكىمە بارسا-كەلمەس يەرگە كەتتى، ئۇ سىلەرنىلا ئەمەس، ھەتتا قىرىق نەچچە يىل بىرگە ياشىغان مېنىمۇ تاشلاپ كېتىپ قالدى. بىراق ئۇنىڭدىن ئاغرىنماڭلار، تەقدىر دېگەن شۇ! بۇنىڭدىن كېيىن «مانا مەن» ھەكىمەنىڭ ئورنىدا ھالىڭلاردىن خەۋەر ئالىمەن!

لېكىن، گۈللەر زۇۋانسىز ئىدى، بايا قۇيغان سۇ گۈللەرنىڭ

يوپۇرماقلىرىنى بويلاپ يەرگە تامچىلاۋاتاتتى. ياق، يەرگە تامچىلاۋاتقىنى سۇ ئەمەس، گۈللەرنىڭ ھەسرەت يېشى ئىدى.

شۇنداق، گۈللەرمۇ ياش تۆكۈۋاتىدۇ؛ گۈللەر ئۆزلىرىنىڭ ئىچكۆيەرى ھەكىمەنىڭ ئۇلارنى تاشلاپ «غىپپىدە» كېتىپ قالغىنىغا ئېچىنىپ ياكى سۇلايماننىڭ بايىقى يۈرەك سۆزلىرىدىن تەسىرلىنىپ ياش تۆكۈۋاتقاندۇ، بەلكىم.

سۇلايمان گۈللەرگە سۇ قۇيۇپ بولۇپ چۆگۈننى ئەمدىلا يەرگە قويۇپ تۇرۇشىغا ئىشىك قوڭغۇرىقى جىرىڭلىدى. «ۋۇي، قاق سەھەردە كەلگەن كىمدۇ ئەمدى؟» سۇلايمان مۇشۇككۆزدىن سىرتقا قاراپ باقتى. سىرتتا تۇرغان ياش يىگىتنىڭ چىرايى ئۇنىڭغا تونۇش ئىدىيۇ، لېكىن ئۇنى دەماللىققا ئېسىگە ئالالمىدى. ئۇ ئىشىكنى ئاچتى، سىرتتا بىر خىزمەتدىشىنىڭ ئوغلى بىرمۇنچە باغاقنى تۇتۇپ تۇراتتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، — يىگىت ئەدەپ بىلەن سالام قىلدى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، قېنى ئۆيگە كىرگىن، بالام!

سۇلايمان يىگىتنى ئۆيگە تەكلىپ قىلىۋىدى، يىگىت بېشىنى يەردىن ئالماي تۇرۇپ ئۆزرە ئېيتتى:

— رەھمەت، تاغا، مۇنداق ئىش ئىدى، شەنبە كۈنى ئىنىمنىڭ تويى، ئاتام بۇ باغاقنى ئۆز قولۇم بىلەن يەتكۈزۈشۈمنى تاپىلىغانىدى.

سۇلايمان يىگىتنىڭ قولىدىن باغاقنى ئالدى. يىگىت ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ پەلەمپەيدىن ئىتتىك چۈشۈپ كەتتى. قولىدىكى باغاققا قاراپ ئۆيكىسى ئۆرۈلۈپ كېتىۋاتقان سۇلايمان بوسۇغىدا تۇرۇپ قالدى.

— بىرى تۇغۇلىدىكەن، بىرى ئۆلىدىكەن؛ بىرى ھەمراھىدىن ئايرىلىدىكەن، بىرى ئۆيلىنىدىكەن؛ بىرى يىغلايدىكەن، يەنە بىرى كۈلىدىكەن، ھايات دېگەن شۇ

ئوخشايدۇ! ــ دېدى ئۇ ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلاپ.

سۇلايمان ساپاغا كېلىپ ئولتۇرۇپ باغاقنىڭ ئىچىگە قارىدى. باغاقتا پەقەت سۇلايماننىڭلا ئىسمى يېزىلغانىدى. «باقىي دۇنياغا كەتكەنلەرنىڭ ئىسمى ھەتتا باغاقتىنمۇ ئۆچىدىكەن-دە!» سۇلايماننىڭ يۈرەكلىرى يەنە ھەسرەت-نادامەت ئىچىگە ئۆرتىنىشكە باشلىدى. ئۇ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ ھەكىمەنىڭ تامغا ئېسىقلىق سۈرىتىنىڭ ئالدىغا كەلدى:

ــ كۆردۈڭمۇ بۇ ۋىجدانسىزلارنى؟ ئوغلىنىڭ تويىغا مېنى ئېيتىپ، سېنى ئېيتماپتۇ، ئادەمگەرچىلىكنى بىلمەيدىغان بىرنېمىلەركەن بۇ! سېنى ھېلىتىنلا يوققا چىقىرىۋەتكىنىنى قارا! ياق، سەن تېخى ھايات، باشقا يەردە ئەمەس، دەل مېنىڭ يۈرىكىمدە ھاياتسەن، ــ سۇلايماننىڭ دىماغلىرى ئېچىشىپ، كۆز جىيەكلىرى قىزىرىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ بارماقلىرى بىلەن سۈرەتتىكى ئايالىنىڭ يۈزلىرىنى سىلىدى، ئۇنىڭ ئۈنى ئەمدى تىترەپ چىقىۋاتاتتى:

ــ يېنىمدا بولغان بولساڭچۇ، ھەكىمە! ماڭا: «تەڭ ياشاپ، تەڭ قېرىيمىز» دەپ قويۇپ ئۆزۈڭ غېپپىدە كېتىۋالدىڭ، مېنى يالغۇز قويۇپ كەتتىڭ! ھازىر بويتاق ئەرلەرنى يېرىم ئادەم سانايدىكەن بۇ خەق! قەدرىڭگە ئەمدى يېتىۋاتىمەن. ھەكىمە بىلەمسەن؟! ــ سۇلايمان گېپىنىڭ ئايىغىنى چىقىرالمىدى، ئۇ بېشىنى چىڭ قامالليغىنىچە ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى.

ئۇ ساپاغا قايتىپ كېلىپ تېلېۋىزورنى يەنە ئېچىپ باقتى، لېكىن كۆرۈشكە ھېچ رايى بارمىدى. ئۇ بىردەم ئولتۇرغاندىن كېيىن ئاستا-ئاستا ئۇيقۇغا كەتتى.

سۇلايمان سائەت ئون بىرلەر بىلەن تېلېفوننىڭ ئاۋازىدىن چۆچۈپ ئويغاندى. ئۇ ئىتتىك بېرىپ تۇرۇپكىنى قولىغا ئېلىۋىدى، شەرىپە: «كەچتە ئوغلۇمنى ئېلىپ بارىمەن» دەپ

تېلېفون قىلغانىكەن. بۇ گەپنى ئاڭلاپ سۇلايمانغا بۆلەكچىلا جان كىرىپ كەتتى.

شۇ كۈنى كەچتە سۇلايماننىڭ باللىرى ئاتىسىنىڭ يېنىغا جەم بولدى. كېلىنى گۈليار: «ئىشىم چىقىپ قالدى، شۇڭا كىچىككىپرەك بارىمەن» دەپ گەپ ئېيتىپ بېرىپتۇ.

سۇلايماننىڭ ئىككى قىزى ئاشخانىدا تاماقنا تۇتۇش قىلدى. ئوغلى پولات ساپادا ئولتۇرۇپ ئاتىسى بىلەن پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى:

— تۈنۈگۈن دوختۇرخانىغا بېرىپ ئۇدۇللا دوختۇرخانا باشلىقىنىڭ يېنىغا كىردىم — دېدى پولات، — ئۇ كىشى ماڭا بەكمۇ ئەدەپ بىلەن مۇئامىلە قىلدىيۇ، لېكىن گەپ-سۆزىگە قارىغاندا ئاسانلىقچە تەن ئالىدىغاندەك ئەمەس؛ مەن قايتىپ چىقىۋېتىپ ئۇنىڭغا: «ناۋادا سىلەر ھەل قىلالمىساڭلار سەھىيە ئىدارىسىگە، سەھىيە نازارىتىگە، ھەتتا سوتقىمۇ بارىمەن!» دەپ قويدۇم، ئەمما كۆڭلىدە سان بولغاچقا بىزنىڭ گەپلىرىمىزگە پەرۋايى پەلەك ئوخشايدۇ.

پولاتنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ جۇدۇنى ئۆرلىگەن سۇلايمان ئادىتى بويىچە يۈزىنى تاتىلاپ قويدى.

— مېنىڭچە، بۇ ئىش ئاسانغا چۈشمىگۈدەك، — دېدى سۇلايمان بىردەم لام-جىم دېمەي ئولتۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن، — ناۋادا تەن ئالسا جاۋابكارلىقنا تارتىلىدىغان گەپ، بۇنىڭدىن قورقىدۇ-دە!

— جاۋابكارلىقىلا ئەمەس، جازاغا تارتىلىشى كېرەك.

— دېگىنىڭ توغرا! لېكىن ھازىرقى مەسىلە — ئۇلارنى خاتالىقىغا قانداق ئىقرار قىلدۇرۇش. بىز پەقەت پەرەز بىلەنلا ئىش قىلىۋاتىمىز، قولىمىزدا دەلىل-ئىسپات يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە دوختۇرلۇقتىن خەۋىرىمىز يوق، شۇڭا نۇرغۇن داۋالىلارنى چۈشەندۈرەلمەيمىز. لېكىن ئۇلارچۇ؟ دوختۇرلۇقنىڭ

بىز چۈشەنمەيدىغان نەزەرىيىسىنى بىر ساتقىلى تۇرسا ھېچنېمىنى ئاڭقىرالماي ئولتۇرىدىكەنمىز. شۇڭا دەلىل-ئىسپات تاپماي بولمايدۇ، — سۇلايماننىڭ ئاخىرقى سۆزلىرى ھاياجاندىن بولسا كېرەك، ناھايىتى ئۇرغۇلۇق چىقتى.

— ساڭا تېلېفون قىلغان ھېلىقى كىشىنى تاپالىغان بولساققۇ ھەممە ئىش ئوڭغا تارتاتتى.

— لېكىن تاپماق تەس، سىڭلىڭ تېلېگراف ئىدارىسىگە بېرىپ تەكشۈرۈپ باقتى، تېلېفوننى دوختۇرخانىنىڭ يېنىدىكى بىر ئاممىۋى تېلېفوندىن ئۇرغانىكەن؛ ئۇنداق تېلېفوننى ھەرگىزمۇ ئىشخانىدىن ياكى ئۆيىدىن ئۇرمايدۇ، ئاشكارىلىنىپ قالسا ئۆزىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرايدىغانلىقىدىن قورقىدۇ-دە! لېكىن ئۇ كىشىنىڭ ئەھۋالنى يىپىدىن-يىڭنىسىغىچە بىلىدىغانلىقى ئېنىق، ئۇ ئادەم ئېھتىمال شۇ كۈنى نەق مەيداندا بار كىشىلەرنىڭ بىرى.

— ھە، توغرا، ئاتا، تېلېفون قىلغان كىشىنى ئايال دېگەنىدىڭ، ئۇ شۇ كۈنى ئوپېراتسىيىگە قاتناشقان سېسترالاردىن بىرى بولۇپ قالمىسۇن يەنە!

— بۇنىمۇ يوق دېگىلى بولمايدۇ.

ئاتا-بالا ئىككىسىنىڭ گەپلىرى تېخى تۈگىمىگەنىدى، زۆھرە ئۇلارنى تاماققا چاقىرىپ قالدى. ھەممەيلەن تاماق شىرەسىنى چۆرىدەپ ئولتۇردى. شىرەنىڭ ئۈستىدىكى داستىخاندا ھورى چىقىپ تۇرغان بىرنەچچە تەخسە قورۇما تۇراتتى، ئاڭغىچە زۆھرە يەنە بىر تەخسە قورۇمىنى ئاچىقىپ ئوتتۇرىغا قويدى.

— نېمانچە جىق قورۇما بۇ؟ — دېدى سۇلايمان سەل نارازى بولغاندەك، — بىر تەخسىلا بولسا يەتمەمدۇ!

— دادا، گاڭپەننى نەدىمۇ بىر قورۇما بىلەن يەيدىغان ئىش بار؟ — دېدى پولاتنىڭ ئوغلى قولىدىكى چوكىنى ئويناپ

تۇرۇپ، — ئاپامچۇ گاڭپەن ئەتكەن كۆنلىرى قورۇمىلارنى بەك جىق قورۇيدۇ... كۆكتات بار، گۆش بار... مەن گۆشلۈك قورۇمىغا بەك ئامراق.

ئوغلىغا مەستلىكى كەلگەن پولات ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ قويدى.

— باركاللا، ئوغلۇم، ئوغۇل بالا دېگەن گۆش يەيدۇ، — دېدى سۇلايمان نەۋرىسىنى ئەركىلىتىپ، — گۆشنى جىق يېسەڭ تېز چوڭ بولىسەن، بويۇڭ تېز ئۆسىدۇ، چوڭ بولغاندا ناھايىتى قاۋۇل يىگىت بولىسەن دېگىنە!

— بىراق، يەسلىدىكى قىزلارنىڭ ھەممىسى چىنىسىدىكى گۆشنى بىزگە ئېلىپ بېرىدۇ، ئۇلار گۆش يېسەك سەمرىپ كېتىمىز، دەيدۇ.

— ئاللا كارامەت، مۇشتۇمدەك بالىلارنىڭ ئاغزىدىمۇ سېمىزلىك بىلەن ئورۇقلۇقنىڭ گېپى... بۇ جاھان زادى نېمە بولۇپ كەتتى؟! — دېدى پولات.

سۇلايمان يەنە يۈزىنى تاتىلىدى ۋە پىياز بىلەن گۆش قورۇمىسىنى نەۋرىسىنىڭ ئالدىغا سۈرۈپ قويۇپ:

— ئۇنداق قىزلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سالما، بالام، سەن دېگەن ئوغۇل بالا، گۆش يېگەنگە سەمرىپ كەتمەيسەن، ئەمما گۆش يېمىسەڭ ھەرگىزمۇ ئېگىز، قاۋۇل ئادەم بولالمايسەن.

— يەسلىدىكى مۇئەللىممۇ ئاشۇنداق دېدى، دادا، بىراق... — سۇلايماننىڭ نەۋرىسى ئۇنىڭغا سەپسېلىپ قاراپ، — سەنمۇ كىچىك ۋاقتىڭدا گۆشنى ئاز يەپتىكەنسەن-ھە؟

— نەدىكىنى، مەن دېگەنچۇ كىچىك ۋاقتىمدا گۆشنى تازا جىق يېگەن.

— ئۇنداق بولسا بويۇڭ ئاتامدىن پاكاركەنغۇ؟ يەسلىدىكى چېغىڭدا مۇئەللىملەرنىڭ گېپىنى ئاڭلىماي گۆش

يېمەيتىكەنسەن، شۇڭا بويۇڭ پاكار بولۇپ قاپتۇ، راستمۇ، دادا؟
— ۋۇي، ماۋۇ قۇلاق كەستىنىڭ گېپىنى قاراڭلار! سەن مېنى پاكار دېمەكچىمۇ؟
سۇلايمان ئورنىدىن دەس تۇردى-دە، بىلەكلىرىنى ئۇزۇن سوزۇپ، مۇشتۇمىنى تۈگۈپ، بوكسچىلارنى دوراپ قويدى. بۇنى كۆرگەن نەۋرىسى قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئاڭغىچە شەربە گاڭپەن ئۇسسۇلغان چىنىلەرنى ئاچىقىپ ھەربىرەيلەننىڭ ئالدىغا بىردىن قويدى ۋە ئۆزىمۇ كېلىپ ئولتۇردى.
— قېنى، غىزا يەيلى، — دېدى باللارغا قاراپ. بۇنىڭ بىلەن ھەممەيلەن قوللىرىغا چوكا ئالدى.
سۇلايمان چىنىدىكى گاڭپەندىن ئىككى چوكا ئالغاندىن كېيىن زۆھرەگە قارىدى:
— قىزىم، بۇ ئاشنى تەخسىگە سېلىپ بەرگىنە، گاڭپەننى تەخسىدە يەپ كۆنۈپ قالغان ئادەمگە چىنىدە يېسە تېتىمايدىكەن.
بۇ گەپنى ئاڭلىغان زۆھرە دەرھال كىرىپ تەخسىدىن بىرنى ئاچىقتى-دە، چىنىدىكى ئېشىنى تەخسىگە تۆكۈپ بەردى. سۇلايمان تەخسىلەرگە ئايرىم-ئايرىم ئۇسسۇلغان قورۇمىلاردىن تەخسىدىكى گاڭپەننىڭ ئۈستىگە سالدى ۋە قورۇمىنى گاڭپەنگە ئارىلاشتۇرغاندىن كېيىن ئىشتىھا بىلەن يېيىشكە باشلىدى. ئاتىسىنىڭ تاماقنى ئىچىلىپ-يېيىلىپ ئىشتىھا بىلەن يەۋاتقانلىقىنى كۆرگەن شەربە ھاياجان بىلەن سۆزلەپ كەتتى:
— بىز خەقنىڭ ئاش-تاماق يېيىش ئادىتىمىز بەك ياخشىكەن جۇمۇ، ئاتا. ئۆزى ئاددىي، ھەشىمى ئاز ھەم قۇۋۋەتلىك. كىچىك چاغلىرىمىزدا مەيلى توي-تۆكۈن بولسۇن

ياكى نەزىر-چىراغ بولسۇن، مېھمانلارغا تاتلىق-تۈرۈملار بىلەن سىنچاي قويغاندىن كېيىن پولۇ ياكى قورداق تارتاتتى، مېھمانلار ئالدىدىكى تاماقنى پاك-پاكىز يەۋېتەتتى، ھەرگىز ئاشۇرۇپ قويمايتتى. بىراق ھازىر نېمە بولدۇقكىنتاڭ؟ رېستورانلاردىكى توي-تۆكۈنلەردە ئون-يىگىرمە قورۇمىنى ئاچىقىپ ئۈستى-ئۈستىلەپ تىزىۋېتىدۇ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئېشىپ قالىدۇ، ئاخىرىدا ھەتتا چوكىمۇ تەگمىگەن تاماقلارنى ئاچىقىپ تۆكۈۋېتىدۇ. بىز خەق تاماقنى ئاچىقىپ تۆكۈۋەتكۈدەك بېيىپ كەتتۇقمۇ-يا؟!

تۈيۈقسىز ئىشىك قوڭغۇرىقى جىرىڭلىدى. ئەسلىدە گۈليار دوستى ئامىنەنى ئەگەشتۈرۈپ كەلگەنىدى. ئامىنەنى ئۆيىدىكىلەردىن پەقەت زۆھرەلا تونۇيتتى. زۆھرەنىڭ ئۇنى كۆرۈپلا جۇدۇنى تۇتتى. لېكىن، مېھماننىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن چاندۇرمىدى. ئۆيىدىكى ھەممەيلەن ئورۇنلىرىدىن دەس تۇرۇپ، ئامىنە بىلەن تىنچلىق سوراشقاچ «بۇ كىمدۇ؟» دېگەندەك ئۇنىڭغا يەر تېگىدىن سىنچىلاپ قاراشتى. ئۆيىدىكىلەردىن ئامىنەنىڭ زادى نېمە مۇددىئا بىلەن كەلگەنلىكىنى بىلىدىغان ئادەم پەقەت زۆھرە ئىدى. شۇڭا زۆھرە ئامىنەنىڭ ئىشىكتىن كىرىپلا سۇلايمانغا «لاپپىدە» قارىغانلىقىنى، سۇلايماننىڭمۇ ئامىنەگە غىل-پال سەپسالغانلىقىنى سەزدى.

ئاڭغىچە گۈليار ئامىنەنى ئۆيدىكىلەرگە تونۇشتۇردى:

— بۇ ياق مېنىڭ دوستۇم بولىدۇ، ئىسمى ئامىنە، ئۆزى بەكمۇ ئىشچان. بۈگۈن ئاتامنىڭ كىر-قاتلىرىنى يۇيۇپ، ئۆي تازىلىماقچى ئەمەسمىدۇق؟ شۇڭا باشلاپ كەلدىم، — ئۇ قىزىقچىلىق قىلىپ كەيپىياتنى كۆتۈرۈش نىيىتىدە ئۆزىچە چاقچاق قىلىپ باقتى، — ئامىنە خىزمىتىدىن قالغاندىن كېيىن يالغۇز ئۆيدە ئولتۇرۇۋېرىپ سەمرىپ كېتىپتۇ، شۇڭا بۈگۈن

تازا بىر ئىشقا سالايلى.

لېكىن، گۈليارنىڭ بۇ چاقچىقىغا ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم كۈلمىدى.

شەرىپەنىڭ نىمە ئۈچۈندۇر تۇيۇقسىزلا تەرى تۈرۈلدى:

— بىز ئۈچەيلەن تۈگىتەلمەي دوستىڭىزغا قىلدۇرغۇدەك قانچىلىك ئىش بار بۇ ئۆيدە؟ سىزمۇ قىزىقكەنسىز، نەدىكى بىر ئادەملەرنى ئاۋارە قىلىپ!

بۇ گەپنى ئاڭلاپ سەل-پەل ئوڭايسىزلانغان ئامىنە لەۋلىرىنى چىشلەپ يەرگە قارىدى.

زۆھرە ئىشىنىڭ ئۇجۇر-بۇجۇرىنى گەرچە شەرىپەدىن ئوبدانراق بىلسىمۇ، لېكىن ئامىنەنى باشقىلارنىڭ ئالدىدا خىجىل بولۇپ قالمىسۇن، دەپ گەپنى بۇرىماقچى بولدى:

— ۋىيەي، مېھماننى ئۆرە تۇرغۇزۇپ قويغىنىمىز نېمىسى ئەمدى؟! قېنى ئولتۇرۇڭە!

بۇ گەپنى ئاڭلىغان شەرىپە زۆھرەگە چەكچىيىپ بىرنى ئالايدى. ئاڭغىچە سۇلايمان گەپ قىستۇردى:

— قېنى ئولتۇرۇڭ، ئامىنە، — ئۇ بالىلىرىغا قارىدى، — سىلەرمۇ ئولتۇرۇڭلار، تاماق يەيلى! زۆھرە، گۈليار بىلەن ئامىنەگە تاماق ئاچىقىڭلار، قىزىم!

سۇلايماننىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلىغان ئامىنە ئۇنىڭغا ئاجايىپ بىر خىل تەبەسسۇم بىلەن تىكىلدى. ئامىنەنىڭ كۆزلىرى سۇلايماننى سەل-پەل تەمتىرىتىپ قويدى. ئايالى ئۆلۈپ كېتىپ بويتاق قالغان ئەرلەر ئۆزىدىن كىچىك بىرەر ئايالنىڭ ئىللىق تەبەسسۇم بىلەن باققان كۆزلىرىنى كۆرگەن چېغىدا يۈرەكلىرى دۈپۈلدىمەي قالمايدۇ-دە! سۇلايمان ئامىنەنىڭ ئاشۇ مەنىلىك بېقىشلىرىدىن ئۇنىڭ ئۆي ئىشىغا ياردەملىشىش مەقسىتىدىلا كەلمىگەنلىكىنى سېزىپ بولدى. ئۇنىڭ گۈليارغا تۇيۇقسىزلا ئۆچلۈكى كەلدى.

«تازا قاپاق باش بىرنېمىكەن بۇ، ــ دېدى سۇلايمان ئىچىدە، ــ ھەكىمە ئۇ ياقتىن كۆز يۇمۇپ، بۇ ياقتىنلا خوتۇن كىشىدىن بىرنى باشلاپ كىرگىنىنى بۇنىڭ! مېنى نېمە چاغلاپ قالدىكىنە؟!»

شۇنداقتىمۇ، سۇلايمان نېمىشقىدۇر ئالدىدىكى بۇ ئايال زاتىغا تۇرۇپلا قىزىقىپ قېلىۋاتاتتى. ئۇ ئامىنەگە باشقىچىدىن خۇپىيانە سەپسېلىپمۇ باقتى، ئۇ ئىككىسىنىڭ كۆزى بىرنەچچە قېتىم ئۇچرىشىپمۇ قالدى، لېكىن ئامىنە سۇلايمانغا كۆزلىرىنى مەنىلىك تىككىنىدە ۋۇجۇدى گويا گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغاندەك تىترەپ كەتكەن سۇلايمان كۆزلىرىنى ئامىنەنىڭ كۆزلىرىدىن ئەپقاچتى.

ئامىنە ئالدىدىكى تاماقتىن ئىككى قوشۇق يەپلا «ئاشقازىنىم بىئارام بولۇۋاتىدۇ» دەپ چىنىنى ئىتتىرىپ قويدى. باشقىلار تامىقىنى يەپ بولدى. ئامىنە ئورنىدىن تۇرۇپ قاچا-قۇچىلارنى يۇيماقچى بولدى.

لېكىن، شەرىپە ئۇنىڭ ئالدىنى توستى:

ــ قائىدە-يوسۇن دېگەننى بىلەمسىز، ئامىنە؟ نەدىمۇ ئۆيگە كەلگەن مېھمانغا قاچا-قومۇچ يۇيدۇرىدىغان ئىش بار؟

لېكىن، ئامىنە شەرىپەنىڭ گەپلىرىنى كۆڭلىگە ئالماقتا يوق، ئەكسىچە قاچا-قۇچىلارنى كۆتۈرۈپ ئاشخانا تەرەپكە ماڭدى:

ــ ۋىيەي، مېھمان دەپ كەتكىنىڭىزنى قارىمامدىغان! بۇنىڭدىن كېيىن مەن سىلەرگە مېھمان ئەمەس جۇمۇ! گۈلياردىن ئاڭلىسام، بۇ ئۆيدىكى ھەممىڭلار بەكمۇ ئاق كۆڭۈل ئىكەنسىلەر، نېمە ئىش بولسا دەۋېرىڭلار، كېلىپ قىلىشىپ بېرىمەن!

ئامىنەنىڭ بۇ گەپلىرى شەرىپەنىڭ ئىمانىنى قىرىق گەز ئۇچۇرۇۋەتتى.

— بەكمۇ ئالدىراپ كېتىپسىز، ئامىنە، — دېدى شەرىپە ئۇنىڭ قولىدىكى قاچا-قۇچىلارنى تارتىپ دېگۈدەك ئېلىۋالغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا غەزەپلىك كۆزلىرىنى تىكىپ تۇرۇپ، — بىز چامغۇر كۆمۈپ قويمىدۇق، پۈتۈن-سۈرۈك ئاپىمىزنى كۆمۈپ قويدۇق، ئاپام تۈگەپ بىرنەچچە ئاي بولا-بولمايلا، ئۆزىڭىزچە تېخى...! — شەرىپە گېپىنىڭ ئايغىنى يۇتۇۋېتىپ، بۇرۇلۇپلا ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى.

بۇنداق بولارىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان ئامىنە نومۇس ۋە ئاچچىقتىن ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ شەرىپەگە دەيدىغاننى دەپ دەردىنى چىقىرىۋالغۇسى كەلدىيۇ، لېكىن سۇلايماننى رەنجىتىپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ تىلىنىڭ ئۇچىغا كەلگەن گەپنى ئىچىگە يۇتتى.

— شەرىپە، خاپا بولماڭ، — دېدى ئامىنە بىردەم جىم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، — بۇ مېنىڭ پەقەت سىلەرنى ئۆز كۆرۈپ قىلغان تۈز كۆڭۈللۈكۈم ئىدى، لېكىن سىزنىڭ باشقىچە ئويلاپ كېتىدىغانلىقىڭىزنى ئويلاپمۇ باقماپتىمەن!

— گۈليار، مەن ماڭاي! — دېدى ئامىنە. ئۇ ئارقىسىغا قاراپمۇ قويماي ئىشىكتىن چىقتى-دە، مىشىلداپ يىغلاپ كەتتى. گۈليار ئۇنى دەرۋازىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى، لېكىن ئۇ ئامىنەگە نېمە دەپ تەسەللى بېرىشنى ئۇقماي قېلىۋاتاتتى. ئۇ خوشلىشىدىغان چاغدا يانچۇقىدىن قولياغلىقىنى چىقىرىپ ئامىنەنىڭ كۆز ياشلىرىنى سۈرتتى.

— كۆڭلۈڭگە ئالمىغىنا، ئاداش، — دېدى گۈليار ئۇنىڭغا، — شەرىپەنىڭ مىجەزى شۇنداق، ئۇنىڭغا ھەتتا قېيىناتامۇ چىش يېرىپ بىرنېمە دېيەلمەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاپىسى تۈگەپ كەتتى ئەمەسمۇ، شۇڭا مىجەزى تېخىمۇ چۇسلىشىپ كېتىپتۇ، بۇنى چۈشەنگىن، ئاداش! لېكىن،

قېنىناتام ئالتۇندەك ئادەم دېگىنە، شەرىپەنىڭ ئىككى ئېغىز گېپى بىلەنلا ئۇركۇپ كەتسەڭ قانداق بولىدۇ؟!
ئامىنە گۆليارغا باشقا گەپ قىلمىدى. ئۇ گۆليارغا قاراپ «خوش، ئاداش!» دېدى-دە، تۈن پەردىسى ئىچىدە كۆزدىن غايىب بولدى.
گۆليار ئۆيگە قايتىپ كىرگەندە كەيپىيات بۆلەكچىلا ئىدى.
گۆليارنىڭ قايتىپ كىرگەنلىكىنى كۆرگەن شەرىپە ئۇنىڭغا چەكچىيىپ تۇرۇپ بىرنى ئالايدى-دە، باشقا ياققا قارىۋالدى. گۆليار ساپانىڭ ئالدىغا كېلىۋىدى، زۆھرە شەرىپەنىڭ يېنىغىراق سۈرۈلۈپ گۆليارغا ئورۇن بوشاتتى.
— قېنى، گۆليار، ئولتۇرۇڭە! — دېدى زۆھرە گۆليارغا قاراپ.
لېكىن، شەرىپە زۆھرەگە ئالىيىپ تۇرۇپ ئۇنى گۆليار تەرەپكە ئىتتىردى:
— ئوھۇش، نېمانچە قىستايدۇ ئادەم ئىسسىپ ئۆلەي دەۋاتسا!
شەرىپەنىڭ گۆليارغا چېچىلىۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى. گۆليار ئۆزى بىلەن تەڭ دېمەتلىك بۇ قېينىسىڭلىسىدىن ئادەتتە ھېيىققاچقا كۆپىنچە ئۇنىڭغا يول قوياتتى. لېكىن، بۈگۈن ئۇ ئامىنەنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى بەكمۇ ئوسال قىلدى. ئۇنى ئاز دەپ مانا ئەمدى بۆرە تېرىسىنى كىيىۋاتاتتى. گۆليار ئاچچىقىنى ئىچىگە پاتۇرالمىدى.
— شەرىپە، سىزگە ئىككى ئېغىز گەپ قىلاي، — دېدى گۆليار، — ئۆزىڭىزچە باشقىلارنى قائىدە ئۇقمايدۇ، دەپ كېتىدىكەنسىز، سىزچۇ؟ ئەدەپ-قائىدە دېگەننى بىلەمسىز؟ ئۇنچىۋالا قىلىپ كېتىدىغانغا ئامىنە تۇزلۇقىڭىزنى چېقىۋەتمىگەندۇ سىزنىڭ؟
بۇ گەپنى ئاڭلىغان شەرىپە دەس ئورنىدىن تۇردى-دە،

گۈليارنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ كەلدى.
— نېمە؟ گەپ قىلمىسا نېمانچە ھەددىڭىزدىن ئاشىسىز؟ — دېدى شەرىپە قولىنى شىلتىپ تۇرۇپ، — يەڭگىلىك سالاھىيىتىڭىزنى ساقلىسىڭىز بولمامدۇ؟ سىزدىن سوراپ باقاي، بۇ ئۆيگە نەدىكى بىر خوتۇننى باشلاپ ئەكېلىپ نېمە قىلماقچى ئىدىڭىز، ئېيتىڭە؟!
شەرىپەنىڭ ئەلپازىنى كۆرگەن گۈليار دەماللىققا نېمە دېيىشنى ئۇقالماي گويا گېلىغا بىرنەرسە تۇرۇپ قالغاندەك شەرىپەنىڭ كۆزىگە قاراپ قويۇپ ئېغىز ئاچمىدى.
بۇنىڭ بىلەن شەرىپەنىڭ ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۇچۇپ، جۇدۇنى تېخىمۇ ئۆرلىگىلى تۇردى.
— «مۆ» دېمەيسىزغۇ؟ دېمىسىڭىزمۇچۇ، قورسىقىڭىزدىكىنى بەش قولدەك بىلىمەن! سىزگە شۇنى دەپ قوياي، مەنلا بولىدىكەنمەن، ھەرقانداق خوتۇن بۇ ئۆيگە كىرىپ ئاپامنىڭ ئورنىنى باسىمەن، دەپ خام خىيال ئەيلىمىسۇن!
ئىچكەركى ئۆيدە ئاتىسى بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغان پولات بۇ ۋاراڭ-چۇرۇڭنى ئاڭلاپ چىقتى. ئۇ خوتۇنى بىلەن شەرىپەنىڭ جىدەللىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ناھايىتى ئاچچىقى كەلدى. ئۇنىڭ بۇ غىڭ-غىڭنىڭ سەۋەبىنى ئۇقۇپ، كىمنىڭ ئاق، كىمنىڭ قارا ئىكەنلىكىنى ئايرىپ ئولتۇرۇشقا تاقىتى قالمىغانىدى، چۈنكى ئۇلارنىڭ دەرھال ئاغزىنى ئەتمىسە ئاتىسى ئۇقۇپ قېلىپ كۆڭلى يېرىم بولاتتى.
— شەرىپە، نېمانچە توۋلايسەن؟ ئۆپكەڭنى بېسىۋالساڭ بولمامدۇ؟ ئىككىڭلار نېمە يەتمەي شۇنچىۋالا ۋارقىرىشىسىلەر زادى؟ ئاتام ئاڭلاپ قالسا سەت ئەمەسمۇ-ھە؟!
بۇ ئۆيدە ھېچكىمنى پوش دېمەيدىغان شەرىپە پەقەت ئاكىسى پولاتتىنلا ھېيىقاتتى. ئۇ دەرھاللا جىمىدى. پولات

ئادەتتە ئىشلارنى ناھايىتى لىللا قىلاتتى. شۇڭا ئۇ بۇرۇلۇپ ئارقىسىغا قارىدى-دە، گۈليارغا ئالايدى:

— مېڭەڭنى قاغا چوقۇۋالدىمۇ سېنىڭ؟ قارىغىنا قىلغان قىلىقىڭغا؟!

پولات بۇ گەپنى گۈليارنىڭ قېينىسىڭلىسى بىلەن «سەن-پەن» دېيىشۋاتقانلىقىغا قارىتىپ دېدىمۇ ياكى ئۆيگە ئامىنەنى باشلاپ كەلگەنلىكىگە قارىتىپ دېدىمۇ، بۇنىسى گۈليارغا قاراڭغۇ ئىدى. گۈليار ئېرىغا تىكىلىپ قارىدى. ئۇنىڭ مۇلايىملىق بىلەن كۈلۈمسىرەپ تۇرغان بىر جۈپ كۆزىدىن شۇ تاپتا ئۇنىڭ خىجىللىق ئىچىدە ئۆرتىنىۋاتقانلىقى «مانا مەن» دەپ چىقىپلا تۇراتتى. پولات خوتۇنىنى تىللىغۇسى بار ئىدى، لېكىن خوتۇنىنىڭ ئىلتىجالىق كۆزلىرىگە قاراپ قاتتىق گەپ قىلىشقا كۆڭلى ئۇنىمىدى. لېكىن، شەرىپەنىڭ ئاچچىقىنى بېسىپ كۆڭلىنى ياساپ قويۇش ئۈچۈن خوتۇنىغا قاراپ قاپاقلىرىنى تۈردى.

— مېنى كىرپىدەك تۈگۈلۈپ تۇرۇپ قورقىتىمەن، دېمە، — دېدى پولات خوتۇنىغا قاراپ گېلىنى قىرىپ قويۇپ، — قالغان گەپنى ئۆيگە بېرىپ دېيىشەيلى! — ئۇ گېپىنىڭ ئاخىرىدا خوتۇنىغا قاراپ كۆزىنى قىسىپ قويدى. بۇنى كۆرگەن گۈليار «پىسسىڭىدە» كۈلدى.

لېكىن، شەرىپە ئاكىسىنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىپ بولغانىدى.

— ھىم، — دېدى شەرىپە ئاكىسىغا دىمىغىنى قىرىپ، — خوتۇن دېگەن خوتۇندە، قېرىنداش خوتۇنىنىڭ ئالدىدا نېمىدى؟! مېنى قورسىقىڭدىكىنى بىلمەيدۇ دەمسەن؟

شەرىپەنىڭ بۇ گەپلىرى پولاتنىڭ جېنىغا تەگدى. ئۇ شەرىپەنى بىر شاپىلاق سالماقچى بولۇپ قولىنى شۇنداق كۆتۈرۈۋىدى، شەرىپە ئۇزىنى «شارتتىدە» چەتكە ئېلىپ

ھاجەتخانىغا قېچىپ كىرىپ كەتتى. زۆھرە گەپكە ئارىلاشماي جىم ئولتۇرۇپ تېلېۋىزور كۆرۈۋاتقان بولغاچقا، پولاتنىڭ شەرىپەنى ئۇرماقچى بولغانلىقىنى كۆرمەي قالدى.

پولات گەپ قىلماي، گۈليارنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى.

ئاڭغىچە سۇلايمان ئىچكەركى ئۆيدىن چىقتى. پولات بىلەن گۈليار ئولتۇرغان ئورنىدىن تۇرۇپ سۇلايمانغا قارىدى.

— ئاتا، سەنمۇ دەم ئالغىن، — دېدى پولات چاچلىرىنى بارماقلىرىدا تارىغاچ، — بىزمۇ قايتايلىمىكىن!

سۇلايمان:

— بوپتۇ، بالام، مېڭىڭلار! — دېدى-دە بۇرۇلۇپ ھاجەتخانا تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

— ۋۇي، ئاتا، ھاجەتكە كىرەمسەن؟ — ئالدىراپ سورىدى پولات.

— ھە، نىمە بولدى؟

— ياقەي... ئەمدى...

دەل شۇ چاغدا ھاجەتخانىدىن شارقىرىغان سۇنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. ئارقىدىنلا شەرىپە ھاجەتخانىدىن چىقىپ كەلدى. بۇنى كۆرگەن سۇلايمان پولاتنىڭ بايا نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى چۈشەندى ۋە ئۇنىڭغا مەنىلىك قاراپ قويغاندىن كېيىن يۈزىنى تاتىلغىنىچە شەرىپەگە قارىدى:

— بۇنىڭدىن كېيىن سۇنى بەك ئىسراپ قىلىۋەتمە، قىزىم!

باشقىلار بىر-بىرىگە مەنىلىك قاراشتى. شەرىپە دادىسىغا باشقا گەپ قىلماي پولاتقا قاتتىق بىرنى ئالىيىپ قويۇپ ئىچكەركى ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

— دىلشاتنى ئويغىتىپ كېيىندۈر، — دېدى پولات گۈليارغا قاراپ، — بىز ماڭايلى، ئاتاممۇ ئارام ئالسۇن!

گۈليار ئوغلى دىلشاتنى ئويغىتىپ چىقىش ئۈچۈن ئىچكەركى ئۆيگە كىرىپ كەتتى. پولات ساپادا ئولتۇرغان

ئاتىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى.
— ئەتە-ئۆگۈن ۋاقىت چىقىرىپ دوختۇرخانىغا يەنە بېرىپ باقساق بولارمىكىن، بالام، — دېدى سۇلايمان پولاتقا، — بېرىپ ئۇلارنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ باق، ناۋادا يەنىلا شۇ بۇرۇنقى گېپىنى يورغىلاتسا ئاستا بولىدۇ قىلايلى، ئۆلدى، كەتتى، ئەمدى ئورنىغا كەلمەيدۇ، دوختۇرخانا بويىنىغا ئالغان تەقدىردىمۇ ئاپاڭنىڭ كەتكىنى كەتكەن، بالام، ئۇنىڭ ئۈستىگە قولىمىزدا قىلچىلىك دەلىل-ئىسپات يوق؛ نۇرغۇن ۋاقتىمىز، زېھنىمىز ئىسراپ بولۇپ كەتتى، ئاز بەدەل تۆلىمىدۇق!
خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغان پولات ئاتىسىغا قاراپ بېشىنى لىڭشىتتى. ئاڭغىچە گۈليار ئوغلىنى كۆتۈرۈپ چىقتى، بالا تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى. پولات گۈليارنىڭ قولىدىن بالىنى ئالدى.
— ئۇخلاپ قېتىپتۇ، بۇ تۇرقىدىن ھېچ ئويغىنىدىغاندەك ئەمەس! — دېدى گۈليار قولىدىكى شەپكىنى بالىغا ئوڭلاپ كىيدۈرۈۋېتىپ.
پولات قولىدىكى بالىنى ئوڭلاپ كۆتۈرگەچ دادىسىغا قارىدى:
— بىز ماڭدۇق، ئاتا، ئۇ ئىشتىن خاتىرجەم بولغىن، ئۆزۈم بىر تەرەپ قىلىمەن.
سۇلايمان پولاتقا قاراپ بېشىنى لىڭشىتتى. بوسۇغىدىن چىقىپ بولغان گۈليار بۇرۇلۇپ پولاتقا قارىدى:
— شەرىپەچۇ، كەتمەمدىكەن؟ يېرىم كېچە بولۇپ كەتتى، كەتسە بىز ئاپىرىپ قويايلى!
دەل شۇ چاغدا ئىچكەركى ئۆيدىن چىقىپ كەلگەن شەرىپە يەڭگىسىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغانىدى. ئۇ ئاتىسىغا قاراپ دېدى:
— بۈگۈن ئاخشام كەتمەي مۇشۇ ئۆيدە قونۇپ قالىمەن!

— ئۇنداق قىلما، كەتكىن، — دېدى سۇلايمان شەرىپەگە بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا، — ئۆيۈڭ يالغۇز تۇرسا كەتمىسەڭ قانداق بولىدۇ؟!

سۇلايماننىڭمۇ ئويلىغان يېرى بار ئىدى، چۈنكى شەرىپەنىڭ ئېرى جەنۇبىي شىنجاڭغا ۋەزىپە بىلەن چېنىقىشقا كەتكەن بولغاچقا، ئۆيدە شەرىپە بىلەن ئوغلى ئىككىسىلا تۇراتتى. ناۋادا شەرىپە ھە دېسىلا چوڭ ئۆيگە كېلىپ تۇرۇۋالسا، يالغۇز ئوغلى ئاچ-توق قالاتتى. لېكىن، سۇلايماننىڭ بۇ ئويىنى شەرىپە نەدىنمۇ بىلسۇن؟! شەرىپە ئاتىسىغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قارىدى:

— ئاتام بىلەن ئاپامنىڭ ئۆيىدە قونساممۇ بولمامدىكەن؟ مەنمۇ مۇشۇ ئۆينىڭ بالىسىغۇ؟ ئاتام كۆرمىگەن نەدىكى بىر-نېمىلەر كەلسە ئېچىلىپ-يېيىلىپ قىلىدىغانغا قىلىق تاپالماي قېلىۋاتقان ئادەم ئەجەب بىر كېچە قوناي دېسەم قوغلاۋاتىسەن-ھە!

— ھەي، سېنىزە...! قاچانمۇ چوڭ بولارسەن، مۇشۇ مىجەزىڭنى قاچانمۇ ئۆزگەرتەرسەن، بالام؟ سەن ھازىر كىچىك بالا ئەمەس، بىر بالىنىڭ ئاپىسى، ھە دېسىلا ئاچچىقىڭنى خەقتىن ئالىدىكەنسەن!

— ھە... كۆڭلۈڭدىكىنى ئەمدى چۈشەندىم، ئاتا. ھېلىقى ئامىنە دېگەن خوتۇنغا ئىككى ئېغىز تەگكۈزۈپ قويغىنىمغا خاپا بولۇۋاتامسەن؟ سەن ماڭا ئۆچ بولۇپ كېتىۋاتىسەن، مېنى كۆرسەڭلا جۇدۇنۇڭ ئۆرلەيدۇ، مانا ئەمدى «كەت» دەپ قوغلاۋاتىسەن! — شەرىپە تېخىمۇ قايىنغىلى تۇردى.

شەرىپەنى بۇنداق گەپلەرنى قىلار، دەپ ئويلاپمۇ باقمىغان سۇلايمان شەرىپگە قاراپ كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدى تىترەپ، ئاغزى گەپكە كەلمەي قېلىۋاتاتتى. بوسۇغىدا تۇرغان پولات قولىدىكى بالىنى

ئالمان-تالمان گۈليارغا بەردى-دە، ئاتىسىنىڭ يېنىغا ئىتتىك بېرىپ ئۇنىڭ قوللىرىنى ئالقىنىغا ئېلىپ سىلىدى.

— بولدى قىل، شەرىپە، — دەپ ۋارقىرىدى پولات، — ئاپىمىزدىن ئايرىلدۇق، ئەمدى مۇشۇ تەۋەررۈك ئاتىمىزلا قالدى، ئۇ ھازىر بىزگە ھەم ئاتا، ھەم ئاپا، بىلدىڭمۇ؟ سەندە ۋىجدان دېگەن بارمۇ؟ ئاۋۇ كاللاڭ قاپاق بولمىغاندىكىن ئويلاپ باقساڭ بولمامدۇ؟ ھە دېسىلا شۆلگىيىڭنى چاچقۇچە!

سۇلايمان ئوغلىنىڭ بۇ گەپلىرىدىن رازى بولغان بولسىمۇ، لېكىن شەرىپەنىڭ بايىقى گېپىدىن تېرىكىپ بوغۇلۇپ كېتىۋاتاتتى:

— يوقال! — دېدى ئۇ شەرىپەگە، — ئەمدى كۆزۈمگە كۆرۈنگۈچى بولما!

شەرىپە «شارتتىدە» ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ئىچكەركى ئۆيگە كىرىپ ئاسقۇدىكى پەلتوسىنى ئېلىپ كىيدى، ئاندىن ئۇچقاندەك چىقىپ ئىشىك تۈۋىدىكى ئۆتۈكنى كىيمەكچى بولىۋىدى، لېكىن ئۆتۈكنىڭ سول پېيىنىڭ سىيرىتمىسى زادىلا ئېتىلمىدى. شەرىپە سىيرىتمىسى ئېتىلمىگەن ئۆتۈكنى سېلىپ ئاچچىقىدا يەرگە قارىتىپ ئاتتى. ئۇنىڭ ئەلەملىك ياشلىرى گويا يېپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك قۇيۇلۇشقا باشلىدى. بۇنى كۆرگەن گۈليار قۇچىقىدىكى بالىنى بىر قولىدا تۇتۇپ تۇرۇپ، يەنە بىر قولىدا يەردىكى ئۆتۈكنى ئېلىپ شەرىپەگە سۇندى.

— تېز كىيىۋېلىڭ، بىراق سىيرىتمىسىنى بەك تارتىۋەتمەڭ، ئەتە موزدۇزغا ئوڭلىتىۋالسىڭىز بولىدۇ ئەمەسمۇ!

شەرىپە يەڭگىسىنىڭ قولىدىن ئۆتۈكنى يۇلۇپ ئېلىپ كىيدى، ئاندىن ئىشىك تۈۋىدىكى ئاسقۇدىن سومكىسىنى ئېلىپ، كەينىگە قاراپمۇ قويماي تالاغا قاراپ ماڭدى. ئۆتۈكنىڭ سىيرىتمىسى ئېتىلمىگەچكە، قونچى پالاقلاپ يەرگە

سۆرىلىپ قالغانىدى.
گۈليار ئىتتىك چىقىپ كېتىۋاتقان شەرىپەنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ ئۆز-ئۆزىگە غودۇڭشىدى:
— ھەممىنى بىلىپ تۇرۇپ قىلىۋاتقىنىنى بۇنىڭ!
ئۇزۇن كېچىلەر يەنە باشلاندى. ئۇيقۇسى قاچقان سۇلايمان كارىۋاتتا ھېلىدىن-ھېلىغا توختىماي ئۆرۈلەتتى. بۇگۈنكى ئىشلار بىر-بىرلەپ ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كېلەتتى. قاراڭغۇلۇق ئىچىدە تۇيۇقسىزلا ئامىنەنىڭ تاتلىق تەبەسسۇم يېغىپ تۇرغان بىر جۈپ كۆزى پەيدا بولدى، سۇلايمان تەئەججۈپ ئىچىدە بېشىنى چايقىدى. ئۇ ئامىنەنىڭ چىرايىنى كۆڭلى ئېكرانىدىن يىتتۈرۈش ئۈچۈن شەرىپەنىڭ بايىقى ئەلپازىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ باقتى. شەرىپەنىڭ چەكچەيگەن كۆزلىرى ئۇنىڭغا تىكىلەتتى، كىشىنىڭ جېنىدىن ئۆتۈپ كېتىدىغان بايىقى گەپلىرى سۇلايماننىڭ قۇلاق تۈۋىدە تەكرارلىناتتى. ئۇ ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلىدى:
— تارتقۇلۇقلىرىم تېخى ئالدىمدا ئوخشايدۇ، ھەي!...

## 4

تاڭ يورۇدى، لېكىن جاھان يەنىلا تىمتاس ئۇيقۇدا ئىدى. گۈليار ئويغىنىپ پولاتنىڭ ئۆزىگە ئارتىۋالغان بىلىكىنى ئاستا ئىتتىرىپ، ئۈستىگە يوتقاننى تۈزەپ يېپىپ قويدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ بېشىدىكى روملىنى تۈزەپ چىگكەندىن كېيىن ئاۋايلاپ مېڭىپ ھاجەتخانىغا كىرىپ، كۈندىكى ئادىتى بويىچە ئىۋرىقنى باشقىدىن سۇ ئېلىپ تاھارەت ئالدى.
تاھارەت ئېلىپ بولۇپ بېشىدىكى ئاخشام چىگىپ ياتقان روملىنى ئېلىۋېتىپ، سۈتتەك ئاق رومالنى ئېگىكىدىن ئوراپ چىگدى ۋە ئوتقاشتەك گىلەم سېلىنغان يەنە بىر ئۆيگە كىرىپ

سىلىقلىق تۇرغان جايىنامازنىڭ ئالدىغا كەلدى ـ دە، بامدات نامىزىنى باشلىدى. ئۇ تۆت رەكەت نامازنى ئىخلاسى بىلەن ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن سەجدىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ قىرائەتكە چۈشتى...

گۈليارنىڭ ئوي ـ خىيالى ئاللىقاچان ئۆيىنىڭ تۆت تېمىدىن هالقىپ چىقىپ ئاللانىڭ دەرگاهىغا قاراپ ئۇچقانىدى. ئۇ قىرائەتنى تۈگىتىپ دۇئاغا قول كۆتۈردى:

«... ئېي، هەقنىڭ ئىگىسى، هەممىگە قادىر ئاللا ئىگەم، بىلىپ ـ بىلمەي قىلغان گۇناهى كەبىرلىرىم ئۈچۈن سەندىن مەغپىرەت تىلەيمەن؛ مەغرىبتىن مەشرىققىچە كەتكەنلەرگە ئىمان، قالغانلارغا ئىنساپ، تەۋپىق، هىدايەت تىلەيمەن؛ مۆمىن بەندىلىرىڭگە ئەمىنلىك بەرگەيسەن، ئامىن ئاللاهۇئەكبەر!»

كىشىلەر: «ئىمانى كامىل بەندىلەرنىڭ چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدۇ» دېيىشىدىكەن. دېگەندەكلا گۈليار قۇرت ـ قوڭغۇزغىمۇ ئازار بېرىشنىمۇ گۇناھ بىلىدىغان، چىرايىدا ئەزەلدىن سولغۇنلۇقنى كۆرگىلى بولمايدىغان، ئىللىق چىراي مەزلۇم ئىدى. ئۇ ئۆي ئىشلىرىنى گۈلىنى گۈلگە كەلتۈرۈپ قىلاتتى، ئوتتۇز كۈنلۈك روزىنى تولۇق تۇتۇپ، بەش ۋاخ نامازنى هەرگىز قازا قىلمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن، گۈليار بىر ئالىنىڭ ئاپىسى بولغان تۇرۇقلۇقمۇ، بوي ـ بەستى يەنىلا قىزلارنىڭكىدەك زىلۋا ئىدى.

گۈليار نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ناشتىلىق تەييارلاشقا تۇتۇندى. ئۇ قارىچاينى قېنىق سېلىپ پۇرۇقلىتىپ ئۆرلىتىۋالغاندىن كېيىن ئۇنى كورىغا قويۇپ چىنىدىكى يۈزىگە قېلىن قايماق تۇتقان سۈت بىلەن قايماق چاي تەييارلىدى. ئۇ قايماق چاينى كورا بىلەن شىرەگە ئەكىلىۋىدى، چاينىڭ دىماغلارنى غىدىقلايدىغان مەززىلىك هىدى ئۆي ئىچىنى بىر

ئالدى. گۇليار توگلاتقۇدىن كىشمىش، ياڭاق مېغىزى، ئۆزى قايناتقان مۇرابباۋە توقاچتىن بىرنەچچىنى ئېلىپ پەتنۇسقا چىرايلىق تىزىپ ئەكېلىپ شىرەدىكى داستىخاننىڭ ئۈستىگە قويدى، ئاندىن ھاجەتخانىغا كىرىپ يۈزىنى ئازراق نەمدىۋالغاندىن كېيىن سۇس پەرداز قىلدى. ئۇ ئەينەكتىكى ئۆزىنىڭ چىرايىغا قاراپ «پىسىڭگىدە» كۈلۈپ قويدى ۋە ئىتتىك چىقىپ ئۇخلاۋاتقان ئېرىنى ئويغاتتى. پولات ئالدىراپ ئورنىدىن تۇردى-دە، يۈز-كۆزىنى ئاندا-مۇندا يۇيۇپلا داستىخانغا كەلدى. گۇليار قايماق چايدىن بىر چىنە ئۇسۇپ ئېرىنىڭ ئالدىغا ئەدەپ بىلەن قويدى. پولات قايماق چايدىن قېنىپ بىرنى ئوتلىغاندىن كېيىن تۇيۇقسىز بىر ئىش يادىغا يەتكەندەك گۇلياردىن سورىدى:

— دىلشاتنى ئويغاتمىدىڭمۇ؟

— تاتلىق ئۇخلاۋاتسا، ئۇيقۇسىنى بۇزغۇم كەلمىدى.

— ۋۇي، نېمىشقا؟ يەسلىگە كېچىكىپ قالامدۇ؟

— ۋىيەي، ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ؟ ئۇلارنىڭ يەسلىسىنى رېمونت قىلىدىكەنغۇ، بالىلارنى بىر ھەپتە قويۇۋېتىپتۇ، شۇڭا مەنمۇ ئىدارىدىن بىر ھەپتىلىك رۇخسەت ئالدىم!

پولات پېشانىسىگە شاپىلاقلاپ قويدى:

— ھە، راست! ئاخشام دېگەنتىڭ، ئۇنتۇپ قالغىنىمنى قارىمامدىغان!

گۇليار پولاتقا باشقا گەپ قىلماي «پىسىڭگىدە» كۈلۈپ قويۇپ چىنىدىكى چېيىنى ئالدىغا تارتتى. پولات نېمىشقىدۇر تۇيۇقسىزلا ئىچىۋاتقان چېيىنى قويۇپ خوتۇنىنىڭ چىرايىغا سىنچىلاپ قاراپ كەتتى. گۇليار چىنىدىن بېشىنى كۆتۈرۈۋىدى، ئۇنىڭ خۇمارلىق كۆزلىرى ئېرىنىڭ ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. بۇنى كۆرگەن گۇليارنىڭ مەڭزىلىرى «ۋىللىدە» قىزىرىپ كەتتى.

— ۋيەي، كۆرمىگەندەكلا قاراپ كەتكىنىنى...!

— ساڭا رەھمەت دېسەم بولىدىكەن، خوتۇن، — دېدى پولات تۈيۈقسىزلا.

ئېرىنىڭ تۇلۇمدىن توقماق چىققاندەك گەپلىرىگە ھەيران قالغان گۆليار شۇئان سورىدى:

— نېمىشقا ئۇنداق دەيسىز، پولات؟ بۈگۈن قاق سەھەردە سىزگە نېمە بولدى زادى؟

— مەنغۇ قېينانامنى كۆرۈپ باقمىغان، قارىغاندا، رەھمەتلىك ناھايىتى پەزىلەتلىك، قولى گۈل مەزلۇم بولسا كېرەك.

گۆليار ئېرىنىڭ بۇ گەپلىرىگە يارىشا نېمە دەپ ئېغىز ئېچىشنى ئۇقالماي تۇرۇپ كەتتى.

— كونىلار «ئاپا كۆرۈپ قىز ئال، قىرغاق كۆرۈپ بۆز ئال» دەپ بىكارغا ئېيتمىغانىكەن-دە، — دېدى پولات، — ئاپىسى قانداق بولسا قىزى شۇنداق بولىدىكەن ئەمەسمۇ؟!

گۆليارنىڭ كۆز جىيەكلىرى قىزىرىشقا باشلىدى، پولات گېپىنى داۋام قىلدى:

— ئاپاڭ سېنى ئۆز قولى بىلەن بېقىپ چوڭ قىلمىغىنى بىلەن، ئالتۇندەك پەزىلىتىنى ساڭا ئۇدۇم قالدۇرۇپتىكەن، مېنىڭچە، چوقۇم شۇنداق!

— نېمە بولدىڭىز، پولات؟ ھېلى ھەشقاللا دەيسىز، ھېلى ماختايسىز!

— ئاخشام شەرىپە ساڭا شۇنداق يولسىزلىق قىلىپ تۇرسىمۇ سەن چىشىڭنى چىشلەپ ئۆتكۈزۈۋەتتىڭ، ئەگەر ئاشۇنداق قىلمىغان بولساڭ شەرىپە ئالەمنى مالەم قىلاتتى، لېكىنزە، — دېدى پولات بىردەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن گەپنى باشقا ياققا بۇراپ، — تۈنۈگۈن ئامىنەنى راستتىنلا بىرەر مۇددەتكە بىلەن باشلاپ كەلدىڭمۇ قانداق؟

— ھە!
— نېمە؟ ئامىنەنى ئاتامغا ئېلىپ بېرەيلى دېمەيدىغانسەن؟
— ياقەي، ئۇنداق دېيىشكە بېشىم ئونمۇ؟ ئۆيلىنەمدۇ، ئۆيلەنمەمدۇ، كىمگە ئۆيلىنىدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئاتام ئۆزى بىرنېمە دەيدۇ-دە!
— ئۇنداق بولسا ئامىنەنى نېمشقا باشلاپ كەلدىڭ؟
— ئاپام قازا قىلغاندىن بۇيان نۇرغۇن تۇل خوتۇنلار ئاتامغا كۆز تىككىلى تۇرۇپتۇ، باشقىلار بۇ ئىشنى سىزگە دېيىشكە پېتىنالماي مېنىڭ بېشىمنى ئاغرىتقىلى تۇردى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ يېشى بەك چوڭ، بەزىلىرىنىڭ بەك كىچىككەن؛ بەزىلىرىنىڭ ياش قۇرامى ئاتامغا ماس كەلگىنى بىلەن بالىلىرى جىق ئىكەن. ئالدىنقى ھەپتە بىزنىڭ دۇكاندىكى بىرەيلەن ئامىنەنى تونۇشتۇرغانىدى، ئامىنە ھەر جەھەتتىن ئاتامغا خېلىلا ماس كېلەتتى، لېكىن ئۆيلۈك-ئوچاقلىق بولمىغان بالىسىدىن ئۇچى بار دەڭا! مەنغۇ ئامىنەنىڭ گېپى تېشىلگەن چاغدىلا «ھەي، بولدى قىلىڭلار!» دېدىم، ئەمما يەنە ئويلاپ باقسام...

ئېرىنىڭ تۇيۇقسىزلا ئۆگۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن گۆليار گېپىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋېتىپ ئۇنىڭغا يەر تېگىدىن قارىدى.

پولات چىنىدىكى چاينى بىر ئوتلاپلا ئىچىۋېتىپ چىنىنى بىر تەرەپكە سۈرۈپ قويدى.

— بولدى، تويدۇم! ھېلىقى ماموق چاپىنىمنى تېپىپ بەرگىنە، بۇگۈن خېلىلا سوغۇق تۇرىدۇ، — دېدى پولات گۆليارغا. گۆليار ئېرىنىڭ ئاتىسىنىڭ قايتا ئۆيلىنىشى ھەققىدە گەپ قىلىشىنى خالىمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، ئۆزىنىڭ بايىقى يەڭگىلتەكلىكىگە بەكمۇ پۇشايمان قىلدى. ئۇ نېمە قىلارىنى ئۇقالماي لەۋلىرىنى چىشلەيتتى. ئۇ ئىتتىك ئورنىدىن

تۇرۇپ ئىچكەركى ئۆيدىن پولاتنىڭ ماموق چاپىنىنى ئاچىقىپ بەردى. پولات ماموق چاپان بىلەن قىشلىق ئايىغىنى كىيگەندىن كېيىن تالاغا قاراپ ماڭدىيۇ، لېكىن بىر ئىشنى يادىغا ئالغاندەك ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ كېلىپ ئۆزىنى ئۇزىتىپ بوسۇغىغا بېرىپ بولغان گۈليارنى چىڭ قۇچاقلىدى:

— بايىقى ئىشنى ماڭا قويۇپ بېرىڭلار، — دېدى پولات گۈليارغا تىكىلىپ تۇرۇپ، — لېكىن، ھازىر تېخى ۋاقتى ئەمەس، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئامىنە ھەرگىز بولمايدۇ!

گۈليار پولاتنىڭ كۆزلىرىگە ئۇنسىز تىكىلدى.

**5**

پولات ئىشخانىسىغا كىرىپ ئەمدىلا ئولتۇرۇشىغا بىرەيلەن ئىشىكنى چەكتى. پولات «كىرىڭ!» دەپ بولغۇچە مودا كىيىنىۋالغان بىر قىز ئۇسۇلۇپلا كىردى. پولات بۇ قىزنى دەماللىققا تونۇيالمىدى، شۇنداقتىمۇ، ئەدەپ يۈزىسىدىن ئۇنىڭ بىلەن تىنچلىق سورىشىپ، ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. پولات ئېغىز ئېچىپ بولغۇچە ئۇ قىز قاپاقلىرىنى سۈزۈپ قويۇپ گېپىنى باشلىدى:

— پولات ئاكا، ئالدىنقى ئايدا سىزگە ئەكېلىپ بەرگەن ھېلىقى شېئىرلار توپلىمىمنى كۆرۈپ باقتىڭىزمۇ؟

قىزنىڭ بۇ گەپلىرىدىن قىزنى ئاران ئېسىگە ئالغان پولات ئۆزىنىڭ پېشانىسىگە «پاققىدە» بىرنى ئۇردى.

— ۋۇي، خاپا بولماڭ، ئۇكام. ئاشۇ شېئىرلار توپلىمىنىڭ گېپىنى چىقارمىسىڭىز سىزنى تېخى ئېسىمگە ئالالماسكەنمەن جۇمۇ!

— ۋىيەي، پولات ئاكا، ئەجەپمۇ ئۇنتۇغاقكەنسىزغۇ، — دېدى قىز نازلىنىپ تۇرۇپ، — نەچچە كۈن ئۆتە-ئۆتمەيلا ئۇنتۇپ

قاپسز، قارىغاندا، ئېسىڭىزدە قالغۇدەك بىرەر ئالاھىدىلىكىم يوقكەن-دە!

— يېقىندىن بۇيان بەك ئالدىراش بولۇپ كېتىپ كىتابىڭىزنى كۆرۈپ بېقىشقا تېخى ۋاقتىم يەتمىدى، ماۋۇ ئالدىراشچىلىقلار تۈگىسىلا چوقۇم كۆرۈپ چىقىمەن، — پولات تارتمىسىدىن بىر دۆۋە ئورىگىنالنى ئېلىپ ئۆز ئىشىنى باشلىدى.

پولاتنىڭ ئۆزى بىلەن پەرۋايى پەلەك ئالدىدىكى قەغەزلەر دۆۋىسى ئىچىگە مۆكچەيگەنلىكىنى كۆرگەن قىز يانچۇقىدىن ئەينەكنى چىقىرىپ پاخپىيىپ تۇرغان چاچلىرىنى ئەينەككە قاراپ تۈزەشتۈردى، لەۋلىرىدىكى سۇرۇخنى تىلى بىلەن ئوڭشىۋالغانمۇ بولدى، ئاندىن پەلتوسىنىڭ تۈگمىلىرىنى يېشىۋەتتى. ئۇنىڭ ئۇچىسىدىكى توق قىزىل پوپايكىسىنى كۆتۈرۈپ تۇرغان بىر جۈپ كۆكسى كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىپ تۇراتتى. قىز قەستەن بەللىرىنى رۇسلاپ، كۆكرىكىنى ئالدىغا چىقىرىپ تىك ئولتۇردى. ئۇنىڭ قېلىن لاك سۈرۈلگەن كىرپىكلىرى ھەم ئىتتىك، ھەم نۇرلۇق كۆزلىرىنىڭ ئۆپچۆرىسىدە توختىماي قانات قاقاتتى.

— پولات ئاكا، ئۇنداق بولسا قاچان كېلەي؟ — دەپ سورىدى قىز.

— ئۈچ-تۆت كۈندە كۆرۈپ بولارمەن، — دېدى پولات، — ھە، مۇنداقلا قىلايلى، تېلېفون نومۇرىڭىزنى قالدۇرۇپ قويۇڭ، كۆرۈپ بولۇپلا سىزگە ئۇچۇرىنى بېرەي.

قىز سومكىسىدىن ئىسىم كارتىسىنى چىقىرىپ پولاتقا سۇندى. پولات قىزنىڭ قولىدىن ئىسىم كارتىسىنى ئالغاچ ئۇنىڭ يۈزىگە غىل-پال سەپسالدى.

«تاققا-تۇققا بىرنېمىلەرنى يېزىپ ئەكەلگىنى بىكار ئەمەسكەن-دە، — دەپ ئويلىدى پولات، — ئەقلى بىلەن

ئەس ـ يادىنى يۈزىدىكى گىرىمگىلا ئاتىغان قىزكەن ئەمەسمۇ بۇ!»

پولات بۇدۇشقاق بۇ قىزنى ئاخىر يولغا سالدى. ئۇ ئالدىدىكى ئورىگىنالنى تەھرىرلىمەكچى بولۇپ قولىغا قەلىمىنى ئالدى، لېكىن ئاتىسىنىڭ ئاخشام تاپىلىغان گەپلىرى ئۇنىڭ كاللىسىغا كىرىۋالغاچقا، ئالدىدىكى ئىشىغا پەقەتلا كىرىشەلمىدى. ئۇ دەرھال دوختۇرخانىغا بېرىشى كېرەك، ئاپىسىنىڭ قازاسى ھەققىدىكى بۇ دەۋا ـ دەستۇردا مەيلى يەڭسۇن ياكى يېڭىلسۇن، ئۇنى بىر باشقا ئېلىپ چىقمىسا بولمايدۇ ـ دە! پولات ئالدىدىكى ئورىگىناللارنى يىغىشتۇرۇپ قويۇپ سومكىسىنى ئېلىپ ئىشخانىدىن چىقتى.

ئۇ دوختۇرخانا دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگەندە سائەت ئون بىردىن ئۆتكەندى. دېمەك، دوختۇرخانىدىكىلەر ئىشتىن چۈشۈشكە ئازلا ۋاقىت قالغانىدى. پولات يۈگۈرۈپ دېگۈدەك دوختۇرخانا باشلىقىنىڭ ئىشخانىسى ئالدىغا كەلدى. ئىشىك قىيا ئوچۇق ئىدى. پولات ئىشخانىغا ئۇسۇپلا كىرىشنى بىئەپ بىلگەچ، ئاستا چېكىپ باقتى. ئۇ ئىشىكنى شۇنداق بوش چەكتىكى، «تاك ـ تاك» قىلغان ئاۋازنى ئۆزىدىن بۆلەك ھېچكىم ئاڭلىيالمايتتى. ساپساق ھەكىمەنىڭ بۇ دوختۇرخانىغا تىرىكى كىرىپ ئۆلۈكى چىقتى. شۇڭا، مەرھۇمەنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە ۋاكالىتەن چىرايلىقچە ئەھۋال ئۇقۇشقىلى كەلگەن پولات دوختۇرخانا باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىغا دادىل كىرىۋەرسە بولاتتى. لېكىن، ئۇ ھەر قېتىم مۇشۇ ئىشىكنىڭ بوسۇغىسىغا كەلسىلا نېمىشقىدۇر تەشۋىش ئىچىدە قالاتتى، بولۇپمۇ دوختۇرخانا باشلىقىنى كۆرگەن ھامان ھودۇقۇپ كېتەتتى. شۇڭا دەككە ـ دۈككە ئىچىدە ئىشىكنى بايىقىدىن قاتتىقراق چەكتى، لېكىن ئىشخانا تىمتاس ئىدى. ئۇ ئىشىكنى يەنە چېكىپ باقتى، يەنىلا سادا كەلمىدى. پولات ئىشىكنى

ئاستا ئېچىپ قارىسا ئىشخانىدا ئادەم يوق ئىدى.

— ئىشىكنى ئوچۇق قويغىنىغا قارىغاندا يىراق كەتمىگەن ئوخشايدۇ، — دەپ ئويلىغان پولات ئىشخانىغا كىرىپ ساپادا ئولتۇرۇپ تۇردى.

ئالاھازەل يېرىم سائەتچە ئۆتكەندىن كېيىن ئىشىك ئالدىدا ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. سىرتتىن خۇشال كىرىپ كەلگەن دوختۇرخانا باشلىقى ساپادا ئولتۇرغان پولاتنى كۆرۈپلا سەل-پەل ئۆڭگىدى. پولات ئورنىدىن تۇرۇپ دوختۇرخانا باشلىقىغا سالام قىلدى ۋە ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمەكچى بولۇپ قولىنى ئۇزاتتى. لېكىن، دوختۇرخانا باشلىقى پولاتنىڭ قول ئۇزاتقانلىقىنى قەستەنگە كۆرمەسكە سېلىپ ئۇدۇل بېرىپ ئىش ئۈستىلىنىڭ كەينىدىكى ئايلانما ئورۇندۇقتا ئولتۇردى.

— قېنى، ئولتۇرۇڭ، ئولتۇرۇڭ، — دېدى ئۇ ئەمەلدارلارغا خاس تەلەپپۇز بىلەن، — سىلەر «ھوقۇق-مەنپەئەتىمىزنى قانۇن بويىچە قوغدايمىز» دېگەننى باھانە قىلىپ ھە دېسىلا دوختۇرخانىغا كېلىۋېلىپ دەۋا قىلىۋاتىسىلەر، دۇرۇس، دۆلىتىمىزدە ھەرقانداق ئىش قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ، ھەممىدە قانۇننى ئاساس قىلىمىز، لېكىن قانۇن ھېسسىياتنى ئەمەس، دەلىل-ئىسپاتنى ئاساس قىلىدۇ، — دوخ تۇرخانا باشلىقى ھەم دىقماق ھەم سېمىز بارماقلىرى بىلەن شالاڭ چاچلىرىنى سىيپاپ قويدى، ئاندىن يانچۇقىدىن كىچىككىنە تارغاقنى چىقىرىپ چاچلىرىنى تاراشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئۆتكەنكى قىزغىنلىق ۋە كەمتەرلىكلىرىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. بۇنىڭدىن بىر خىل ۋەھىمىنىڭ پۇرىقىنى سەزگەن پولاتنى بىلىنەر-بىلىنمەس تىترەك باسقىلى تۇردى. پولات ئىلگىرىكىگە قارىغاندا ئاسمان-زېمىن ئۆزگىرىپ كەتكەن بۇ تەكەببۇر باشلىققا زوۋانىنى قانداق ئۇقتۇرۇشنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ قېلىۋاتقاندا دوختۇرخانا باشلىقى يەنە ئۆز

گېپىنى يورغىلاتقىلى تۇردى:

— سىلەر ھازىرغىچە ھېچقانداق دەلىل-ئاساسسىزلا بىز بىلەن زاكونلىشىۋاتىسىلەر، بىز يۈزلىگەنلارنى دەپ سىلەرگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىۋاتىمىز، چۈنكى بىز بىمارلارنىڭ مەنپەئىتىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويىمىز-دە! شۇڭا بۇ ئىشنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ چىقىش ئۈچۈن مەخسۇس گۇرۇپپا قۇردۇق، تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ يېڭىدىن-يېڭىنىسىغىچە ئىنچىكە تەكشۈرۈپ چىققاندىن كېيىنكى مەخسۇس تەكشۈرۈش دوكلاتىنى دوختۇرخانا پارتكومىغا يوللىدۇق. تەكشۈرۈش دوكلاتىدىن قارىغاندا، دوختۇر، سېستىرالىرىمىز ئاپىڭىزنى ئوپېراتسىيە قىلىش جەريانىدا بەلگىلىمىگە، تېببىي ئەخلاققا مۇخالىپ كېلىدىغان ھېچقانداق سەۋەنلىك سادىر قىلماپتۇ، ئاپىڭىز پەقەت تۇيۇقسىز قوزغىلىپ قالغان يۈرەك كېسىلى سەۋەبىدىنلا قازا قىپتۇ. شۇڭا، بۇنىڭدىن كېيىن كېلىۋەرمەڭلار، بىزنىڭمۇ خىزمىتىمىز ئالدىراش تۇرسا!

دوختۇرخانا باشلىقى سائىتىگە قاراپ قويۇپ ئۈستەلدىكى خاتىرە دەپتىرىنى تارتمىغا سالدى، ئاندىن قول سومكىسىنى ئېلىپ ئورنىدىن تۇردى. قارىغاندا، ئۇنىڭ ئىشتىن چۈشىدىغان ۋاقتى توشقاندەك قىلاتتى. پولاتنىڭ ئاران بىر كەلگەندە بۇنداقلا چىقىپ كەتكۈسى كەلمىدى.

— ئاكا، بايا دېگەن تەكشۈرۈش دوكلاتىنى كۆرۈپ باقسام بولامدۇ؟ — دەپ سورىدى پولات يېلىنغان تەرزدە.

— بولمايدۇ، — دېدى دوختۇرخانا باشلىقى بېشىنى چايقاپ، — ئۇ دېگەن ئىچكى ھۆججەت، سىرتنىڭ ئادىمىگە كۆرسىتىشكە بولمايدۇ-دە! تەكشۈرۈش دوكلاتىنىڭ يەكۈنىنى سىزگە بايا دەپ بەردىمغۇ؟! بولدى، كېتىڭ! ئەمدى كەلمەڭ!

پولات تۇغۇلۇپ ئۆسكەندىن تارتىپ تا ھازىرغىچە ھېچقانداق زەربىگە ئۇچراپ باقمىغانىدى، ئۇنىڭ ئارىلاشقان

ئادەملىرىنىڭ ھەممىسى ئەدەپ-قائىدىلىك زىيالىيلار بولغاچقا، ھېچكىم بىلەن «سەن-پەن» دېيىشىپ كۆرمىگەنىدى. ئۇنىڭ گەرچە دوختۇرخانا باشلىقىغا دەيدىغانىنى دەپ دەردىنى چىقىرىۋالغۇسى كەلگەن بولسىمۇ، مۇلايىم پەزىلىتى بۇنىڭغا يول قويمىدى.

—ئاكا، بۇنداقلا تۈگىدى قىلساڭلا بولمايدۇ، —دېدى پولات دوختۇرخانا باشلىقىغا يالۋۇرۇپ، —ئىشنى «ئاپاڭ ئۆلدى» دەپلا تۈگىتەمسىلەر؟ ئويلاپ بېقىڭلا، سىزنىڭمۇ ئاپىڭىز بارغۇ؟

پولات بۇ باشلىققا زادى نېمە ئۈچۈن بۇنداق نان يىمەسلىكنىڭ گەپلىرىنى دەپ يۈرگەنلىكىنى ئۆزىمۇ بىلمەي قالدى. دوختۇرخانا باشلىقى ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويماي ئۇدۇللا ئىشىك تۈۋىگە بېرىپ بولدى. بۇنىڭ بىلەن پولاتمۇ نائىلاج ئىشخانىدىن چىقتى، دوختۇرخانا باشلىقى ئىشخانىسىنى دەرھال قۇلۇپلىدى. پولات دوختۇرخانا باشلىقىنىڭ يېنىدا ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ تەلمۈرۈپ تۇراتتى. لېكىن، دوختۇرخانا باشلىقى ئىشىكنى قۇلۇپلاپ پولاتقا «لاپپىدە» بىر قاراپ قويۇپ لام-جىم دېمەستىن بۇرۇلۇپلا كېتىپ قالدى. پولات ئۇزاپ كېتىۋاتقان دوختۇرخانا باشلىقىنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ خېلىغىچە گويا قاققان قوزۇقتەك داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كاللىسى قۇپقۇرۇق ئىدى. ئۇ ھەتتا ئاشۇ بىر-نەچچە دەقىقە ئىچىدە ئۆزىنىڭ بۇ يەرگە زادى نېمىدەپ كەلگەنلىكىنىمۇ ئۇنتۇپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ ئېسىنى يىغقاندا دىماغلىرى خۇددى لازا سۈيى قۇيغاندەك ئېچىشىپ، كۆزلىرىدىن ياش ئەگىگىلى تۇردى. ئۇ گويا كۆزلىرىدىن تاراملاۋاتقان ياشلىرىنى ئىچىگە يۇتماقچى بولغاندەك، گېلىغا كەپلىشىۋالغان ئاچچىق بىر نەرسىنى «غۇرتتىدە» يۇتۇۋەتتى. پولات كارىدورنىڭ تام تۈۋىنى بويلاپ ئىشىك تەرەپكە قاراپ

ئاستا سىلجىدى. پولات دوختۇرخانا باشلىقىنىڭ بايىقى گەپلىرىدىن ئەمدى ئۇنىڭغا ھال ئېيتىپ ئولتۇرۇشىنىڭ ئورنى قالمىغانلىقىنى بىلىپ يەتتى. «ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ شۇنداقلا بولدى قىلىمەنمۇ؟ ئاپام رەھمەتلىكنىڭ ناھەق ئۆلگىنى ئۆلگەن بولدىمۇ؟ ئاپامنىڭ مىڭ بىر جاپادا چوڭ قىلغان بىزدەك پەرزەنتلىرى ئەمدىلىكتە ئاپىمىزنىڭ روھىنى ئادالەتنىڭ خاسىيىتى بىلەن خاتىرجەم قىلالماي ئولتۇرارمىزمۇ؟»

بۇ خىياللار پولاتنىڭ يۈرەك - باغرىنى پىچاقتا تىلغاندەك ئېچىشتۇراتتى. پولات دوختۇرخانىنىڭ مەمۇرىيەت بىناسىدىن مەيۈسانە چىقىپ كەلدى. ئۇنىڭغا قولىدا تاماق كۆتۈرۈۋالغان ئىككى سېستىرا ئۇچرىدى. يېقىنلاپ كەلگەندە ئۇلارنىڭ قىلىشىۋاتقان گەپلىرى پولاتنىڭ قۇلىقىغا كىرىپ قالدى:

— ۋىيەي، ئاداش، بولدى قىلە، بىزنىڭ قولىمىزدىن ئىچ ئاغرىتىشتىن باشقا نېمە كېلەتتى؟ پېشانىسىگە پۈتۈلگىنى شۇ ئوخشايدۇ!

— پېشانە، پېشانىلا دەيدىكەنسەن، مەنغۇ تەقدىر - پېشانە دېگەنلەرگە پەقەت ئىشەنمەيمەن. پاتىمەنىڭ ئۆزىدىمۇ بار، دوختۇرلار ھېلىقى ئايالنى يۈرەك كېسىلى بىلەن قازا قىلدى دېگەن تۇرسا، ئۇنىڭغا دوختۇرلارنىڭ گېپىدىن قۇسۇر ئىزدەشنى كىم قويۇپتۇ؟ ئاغزىدىن بالاغا قالدى - دە، بايقۇش!

— قازا قىلغان ھېلىقى ئايالنىڭ ئۆيىدىكىلەر ھازىرغىچە دەۋالىشىۋاتقۇدەكقۇ؟

...

ئۇلار ئاشۇ گەپلەرنى دېگەچ مەمۇرىيەت بىناسىنىڭ ئالدىدىكى گۈللۈكنى ئايلىنىپ تاشقى كېسەللىكلەر بىناسىغا كىرىپ كەتتى. پولات بۇ ئىككى سېستىرانىڭ دوختۇرخانىدا يۈز بەرگەن بىرەر ۋەقە ھەققىدە سۆزلىشىۋاتقانلىقىنى ئېنىق جەزم

قىلدى. «قىزىق ئىشقۇ بۇ؟ ئۇلار ئاپامنىڭ ئۆلۈمى ھەققىدە سۆزلىشىۋاتامدۇ قانداق؟» تۇيۇقسىز بىر ئىش يادىغا يەتكەن پولات تاشقى كېسەللىكلەر بىناسىغا ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ قارىۋىدى، ھېلىقى ئىككى سېسترانىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى. شۇنىڭ بىلەن پولات بىنادىن سالپىيىپ يېنىپ چىقتى. لېكىن، بايىقى سېسترالارنىڭ گەپلىرىدىن قىممەتلىك بىر بېشارەتنى بايىقىغان پولات بېشىغا «پاققىدە» بىرنى ئۇرۇپ ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلىدى: «ئەسلىدە ئاشۇ كۈندىكى ئوپېراتسىيىگە قاتناشقانلارنى ئىزدىتالاپ چىقىدىغان گەپ ئىكەندۇق، ھازىرغىچە ھەممە ئەھۋالنى ئوپېراتسىيىدە پىچاق تۇتقان ھېلىقى دوختۇر بىلىدۇ، دەپ شۇنىڭ بىلەنلا زاكونلىشىپتىمىز ئەمەسمۇ؟ ياردەمچى دوختۇر، سېسترالارچۇ؟ ھە، راست، ناركوزچى دوختۇرمۇ بار ئەمەسمۇ؟ ھەي، كالۋالىقىم!»

پولات شۇنداق دەپ بېشىغا يەنە بىرنى شاپىلاقلىدى.

## 6

4-ئاي كىرىپ قالاي دېگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ شەھەردە يېشىللىقتىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. ئىس ۋە چاڭ-توزاندىن بۇلغىنىپ ئۆز رەڭگىنى يوقاتقان كۆل رەڭ قار-مۇزلار باھار تەپتىدىن ئاستا-ئاستا ئېرىپ، يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى ئېرىقتا بۇلغانما بولۇپ ئاقماقتا ئىدى. پەسلى بار، ھۆسنى يوق باھار قويىندىكى بۇ شەھەرنى مېھرى بىلەن باغاشلىغان كىشىلەر كۈنلىرىنى ئادەتلەنگىنى بويىچە داۋام قىلىۋاتاتتى.

سۇلايمان بالكونغا چىقىپ چۆلدەرەپ قالغان شەھەرنىڭ گىرىمسەن ئاسمىنىغا سوغۇق نەزەر تاشلىدى. يالغۇز ئۆيدە غېرىبلىق يەتكەن سۇلايماننىڭ كۆزلىرىگە ياش كەلدى.

تۇيۇقسىزلا ئۇنىڭ قورسىقى ئاچقاندەك قىلدى. ئۇ بالكوندىن قايتىپ كىرىپ سائەتكە قارىۋىدى، سائەت ئون ئىككىدىن ئېشىپ كېتىپتۇ.

«ۋۇي، كۈن چۈشتىن قىيىلىپتۇ-دە، — دېدى ئۇ ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلاپ، — قورسىقىم نېمانچە ئاچتىكىن دېسەم، ھەي... بۈگۈن نېمە يەيمەن ئەمدى...؟»

ئادەتتە زۆھرە چۈشلۈكى قايتىپ كېلەلمەيدىغان بولغاچقا، ئاخشىمى ئاتىسىنىڭ چۈشلۈك غىزاسى ئۈچۈن جۇۋاۋا دېگەندەك تاماقلارنى تەييارلاپ توڭلاتقۇغا سېلىپ قوياتتى. سۇلايمان چۈشلۈكلىرى ئۇنى ئۆزى پىشۇرۇپ يەيتتى، گۆش پىشۇرۇپ، تەرخەمەك، تۇرۇپتا سوغۇق سەي تەييارلاپ قوياتتى. سۇلايمان قورسىقى ئاچقاندا گۆشنى مىكرو دولقۇنلۇق ئوچاقتا ئىسسىتقاندىن كېيىن ھېلىقى سوغۇق سەيلەر بىلەن قورسىقىنى تاقىلايتتى. لېكىن، زۆھرە تۆت كۈن ئىلگىرى «كوئېنلۇن» سارىيىغا يىغىنغا كەتتى. ئۇ يىغىن كاتىبات گۇرۇپپىسىدا بولغاچقا، ھەر كۈنى دۆۋە-دۆۋە ماتېرىياللارنى تەرجىمە قىلاتتى. شۇڭا ئۇ مېھمانسارايدا يېتىپ ئىشلەشكە مەجبۇر بولۇۋاتاتتى. ھەكىمە ھايات بولغان بولسىغۇ، سۇلايماننىڭ ئاش-تامىقى ۋاقتى-قەرەلىدە داستىخانغا تەخ بولۇپ تۇراتتى. لېكىن، ھازىر ئۇ يوق، قېرىشقاندەك زۆھرەمۇ ئۆيدە يوق، سۇلايمان ناشتا بىلەن كەچلىك غىزادىغۇ قولىدىن كېلىشىچە بىرنېمىلەرنى قىلىپ قورساقنى ئەستەرلەيدۇ، ئەمما چۈشتە قانداق قىلار؟ زۆھرەنىڭ ئەنسىرەيدىغىنىمۇ دەل مۇشۇ ئىدى. سۇلايمان زۆھرەگە: «ئەنسىرىمە، سەن يوق چاغدا تاماقنى ئاشخانىدىن يەپ تۇرىمەن» دېگەنىدى. ھەكىمە تاماققا بەكمۇ ئۇستا ئىدى. شۇڭا ھەكىمە ئەتمىگەن تاماق سۇلايماننىڭ ئاغزىغا تېتىمايدىغان بولغاچقا، نەچچە ئون يىلدىن بۇيان بەزىبىر توي-تۆكۈنلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئۇ

ئاشخانا، رېستوران دېگەنلەرگە ھەرگىز كىرمەيتتى.
زۆھــرە يىغىنغــا كېتىــپ ئــۈچ كــۈنگىچە ئــۇ ھەر كــۈنى چۈشلۈكىگە گــۆش پىشــۇرۇپ يەپ بــاقتى. چــۈنكى، ئــۇ قــازان بېشى ئىشلىرىنى پەقەتلا ئۇقمايتتى، ھەتتا ساپلىقىنمۇ ئۆمرىــدە تۇتۇپ باقمىغانىدى. گۆشنىغۇ كىچىــك بــالىلارمۇ پىشــۇرالايدۇ. گۆشنى خۇدانىڭ قۇتلۇق كۈنى يەۋەرسىمۇ چىقىپ قالىــدۇ-دە! سۇلايمانىنىڭ بۈگــۈن يەنە گــۆش يېگۈسـى كەلمىــدى. «ھەي، نېمە يېسەم بــولار؟» سۇلايمان ئۇيــان ئــويلاپ-بۇيــان ئــويلاپ ئاخىرى چۈشــلۈك تاماققا چــاي ئىچىــپ تۇرمــاقچى بولــدى. ئــۇ ئــازراق قايمــاق چــاي ئېتىــپ ئۇنىڭغــا نــان چىلىــدى، ئانــدىن داســتىخاندىكى ياڭــاق مېغىزىــدىنمۇ ئىككــى-ئــۈچ تــال يەپ باقتى. ھايــال ئــۆتمەي ئۇنىــڭ ئاشقازىنى ئېچىشقىلى تــۇردى. ئولتۇرســا ئاشــقازىنى ئېســىلاتتى، ياتســا قورســىقى كــۆپەتتى. ئاخىرى بولماي، ئۇ ئۆيىنىڭ ئىچىدە ئۇياقتىن-بۇياققا مــاڭغىلى تــۇردى. قوشــنىلارنىڭ ئۆيىــدىن چۈشــلۈك غىزاغــا گــۆش توغراۋاتقان ئاۋاز ئاڭلىنىۋاتاتتى. بىردەمــدىن كېيىن ناھــايىتى مەززىلىــك تاماقنىــڭ ھىــدى كەلــدى. سۇلايمان بــايىلا قايمــاق چــاي بىــلەن قورســىقىنى توقلىۋالغــان بولســىمۇ، نېمىشــقىدۇر قوشنىلارنىڭ ئۆيىدىن كېلىۋاتقان تاماقنىــڭ پۇرىقىنى ھىــدلاپ ئېغىزىنــى تامشــىپ قويــدى. سۇلايمان بولســا ھەكىــمە ھايــات چاغلارنى ئەسلەپ قالدى. ئادەتتە بۇنداق چاغلاردا ئۇ ھەكىــمە ئەتكەن مەززىلىك تاماقنى ئىشتىھا بىــلەن يەپ بولــۇپ ساپادا يــانچە ئولتــۇرۇپ چىشــلىرىنى كولاشــقا چۈشــەتتى. ئــۇ تاماققــا ئامراق بولغاچقا، ھەكىمە بىر ھەپتىنىــڭ يەتــتە كۈنىــدە يەتــتە خىل تاماق ئېتەتتــى. سۇلايمان ھەكىــمە ئەتــكەن تاماقلارنىــڭ ئىچىدە بولۇپمۇ پېتىر مانتىنى ئاغزى-ئاغزىغا تەگــمەي ماختــاپ تــۇرۇپ يەيتتــى. چــۈنكى، ھەكىــمە ئەتــكەن پېتىــر مانتىنىــڭ جىلتىســى قەغەزدەك نېپىــز ئىــدى. جىلتــا ئەينەكــتەك سۈزۈك

بولغاچقا ئىچىدىكى قىيمىلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بىر كۈنى ھەكىمە ياندىكى شىپاخانىغا ئاسما ئوكۇل سالدۇرغىلى چىقتى، لېكىن ئاسما ئوكۇلنىڭ يېرىمى تۈگىمەي تۇرۇپلا بىر ئىش ئۇنىڭ يادىغا يەتتى. ئەسلىدە ئۇ بۈگۈن چۈشتە پېتىر مانتا ئەتمەكچى بولۇپ خېمىرنى يۇغۇرۇپ قويغان، ئەمما قىيمىسىنى تېخى قىلمىغان ئىدى. شۇڭا دەرھال بېرىپ قىيما قىلمىسا، تاماق سۇلايماننىڭ كېلىشىگە ئۈلگۈرمەيتتى. ھەكىمە بولسا سېستىرانىڭ ئۇنىمىغىنىغا قارىماي بىلىكىدىكى ئوكۇل يىڭنىسىنى تارتىپ ئېلىۋېتىپلا شىپاخانىدىن ئۇچقاندەك چىقىپ كەتتى. لېكىن، ھازىر سۇلايمانغا ئۇنداق كۆيۈنىدىغان كىم بار دەيسىز؟! دۇرۇس، ئۇنىڭ ئىچكۆيەرلىرىدىن ئاشۇ باللىرىلا قالدى. لېكىن ئۇلارنىڭ ئۆز ئالدىغا تۇرمۇشى، ئايىغى چىقماس ئىشلىرى بار-دە! شۇڭا باللارنىڭ ئالدىراش ئىشلىرىنى تۈگىتىپ «ئۇھ» دېگەن چاغلىرىدىلا يالغۇز ئاتىسىنى يوقلاپ كېلىشكە ئاندىن چولىسى تېگىدۇ. بۇلارنى خىيالىدىن بىرقۇر ئۆتكۈزگەن سۇلايمان پانىي دۇنيادا ئۇنىڭ كۈلكىسىگە تەڭ كۈلۈپ، يىغىسىغا تەڭ يىغلايدىغان قەدىناسىنىڭ پەقەت ھەكىمەلا ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم ھېس قىلىپ يەتتى. سۇلايمان قاچان قىشلىق كىيىمنى كىيىدۇ، قاچان يازلىق كىيىمنى كىيىدۇ، نېمىدىن خاپا بولۇپ، نېمىدىن خۇش بولىدۇ... بۇلارنىڭ ھەممىسى ھەكىمەگە بەش قولدەك ئايان ئىدى. چۈنكى، ھەكىمە سۇلايماننىڭ بۇ دۇنيالىقتىكى بىردىنبىر سىردىشى ئىدى-دە! لېكىن، تەقدىر دېگەن شۇ ئىكەن! ئۇ خۇشى تۇتۇپ قالسا، ئاشۇنداق سىرداشنى ھەمراھ قىلىپ بېشىڭنى كۆككە يەتكۈزىدىكەن، ئەمما كۈنلەرنىڭ بىرىدە چىن يۈرىكىڭدىن سۇ ئىچكەن ئاشۇ ھەمراھىڭنى مەڭگۈلۈككە ئېلىپ كېتىدىكەن. سۇلايمان ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلايتتى: «ھەي، ھەكىمە، بىلەمسەن؟ مەن بۈگۈن ئاچ

قالدىم، قىينىلىپ كېتىۋاتىمەن، باللار قارىمىدى ئەمەس، قاراۋاتىدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭمۇ «ئاتا ھالىڭ نېچۇك» دېيىشكە پەقەت ئۆز ئىشلىرىنى تۈگىتىپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن چولىسى تېگىدۇ-دە! شۇڭا ئۇلاردىن رەنجىمەيمەن، سەنمۇ ئۇلاردىن رەنجىمە بولامدۇ؟ سەن ھەمىشە: «بالا دېگەن ئاتا-ئانىنىڭ يۈرەك پارىسى، لېكىن ھەرگىزمۇ يۆلەنچۈكى ئەمەس» دەيتتىڭغۇ! توغرا دەپتىكەنسەن، ھەكىمە، مېنىڭ بۇ دۇنيالىقتىكى يۆلەنچۈكۈم پەقەتلا سەن ئىكەنسەن ئەمەسمۇ؟! بىراق سەن لەۋزىڭدە تۇرمىدىڭ، ھەكىمە! قىران چاغلىرىمىزدا مەن ساڭا قالقانىدىم، قېرىپ پۈت-قولۇمنىڭ ماغدۇرى قاچقان ئەمدىلىكتە ئۆزۈڭ غىپپىدە كېتىۋالدىڭ، مېنى يالغۇز تاشلاپ قويۇپ يامان قىلدىڭ، ھەكىمە!»

نەپىسى سەل-پەل قىسىلىپ يۈرىكى ئاغقاندەك بولغان سۇلايمان ھۇجرىسىغا كىرىپ ئاستا ياتتى.

تۇيۇقسىز تېلېفون جىرىڭلىدى. تېلېفوننى پولات بەرگەنىدى. پولات جەنۇبىي شىنجاڭغا خىزمەت بىلەن كەتكەن ئون كۈندىن بۇيان ھەر كۈنى تېلېفون قىلىپ ئاتىسىدىن ئەھۋال سوراپ تۇرۇۋاتاتتى. ئالدىنقى كۈنى ئۇ زۆھرەنىڭ يىغىنغا كەتكەنلىكىنى ئۇقۇپ تېلېفوندا ئاتىسىدىن تاماقنى قانداق قىلىۋاتقانلىقىنى سورىغانىدى. كېيىن ئۇ خوتۇنىغا تېلېفون قىلىپ ھەر كۈنى چوڭ ئۆيگە بېرىپ ئاتىسىغا تاماق ئېتىپ بېرىشنى ئېيتتى، لېكىن قېرىشقاندەك گۈليارنىڭمۇ ئاتىسى ئوپېراتسىيە قىلىنىپ دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغاچقا گۈليار ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغاچ بالىسىنى يەسلىگە ئاپىرىپ-ئەكەلىسە بولمايتتى. شۇنداقتىمۇ گۈليار ئاتايىتەن كېلىپ سۇلايمانغا ئاش-تاماق ئېتىپ بەرمەكچى بولدى. لېكىن، بۇنداق قىلسا گۈليارنىڭ ئىككى ئارىلىقتا قاتراپ ھالىدىن كېتىدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن سۇلايمان بۇنىڭغا

ھەرگىز ئۇنىمىدى ۋە ئۇلارنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن «يېقىنلا يەردە ناھايىتى پاكىز بىر ئاشخانا باركەن، ئاش-تامىقىنىڭ تەمىمۇ ياخشىكەن، تاماقنى شۇ يەردىن يەيمەن!» دەپ قويدى. بۇنىڭ بىلەن باللارنىڭ كۆڭلىمۇ جايىغا چۈشتى.

لېكىن، شەرىپە يېرىم ئاي ئىلگىرى ئاتىسىدىن رەنجىپ چىقىپ كەتكىنىچە ئىككىنچى كەلمىدى، سۇلايماندىن ھەتتا تېلېفوندا بولسىمۇ ئەھۋال سوراپ قويمىدى. سۇلايمان شەرىپەنى تۇيۇقسىز سېغىنىپ قالدىمۇ، ئۇنىڭغا تېلېفون قىلىپ باقماقچى بولۇپ تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قولىغا ئالدى، لېكىن نومۇردىن ئىككىنى باسقاندىن كېيىن دېلىغۇللۇق ئىچىدە بىردەم تۇرۇپ كېتىپ ئاخىرى شەرىپەگە تېلېفون قىلىشتىن يالتايدى. «ئاتا دېگەن يەنىلا ئاتا ئەمەسمۇ، قىزىغا ئىككى ئېغىز ئۆتكۈزۈپ گەپ قىلىپ قويغانغا، ‹يوقال!› دەپ ۋارقىراپ قويغانغا نېمە بولاتتى؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ كۆڭلى جېدەلنى شەرىپە ئۆزى تېرىغان تۇرسا! بالادەك ئىش بولۇپ كەتسىمۇ، ئاتىسى بالىسىغا يالۋۇرسا قانداق بولىدۇ؟» شۇلارنى بىرقۇر كاللىسىدىن ئۆتكۈزگەن سۇلايمان تېلېفوننى جايىغا قويۇپ قويدى. ئۇنىڭ ئاشقازىنى ھەم ئېچىشىپ، ھەم كۆپۈپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ھېلىدىن-ھېلىغا توختىماي كېكىرەتتى. چۈشتە ھەممەيلەن ئارام ئېلىۋاتقاچقىمۇ ئەتراپ جىمجىت ئىدى. پەقەت كوچىدىن ئۆتۈپ تۇرۇۋاتقان ماشىنىلارنىڭ گۈركىرىگەن ئاۋازىلا ئۆي ئىچىدىكى تىمتاسلىقنى بۇزۇپ تۇراتتى. تورۇسقا تىكىلگىنىچە خىيال سۈرۈپ ياتقان سۇلايمان ئۆزىنىڭ كېكىرىكىنى ئاڭلاپ تويۇقسىزلا كۈلگۈسى كېلىپ قالدى، چۈنكى ھەكىمە باشقىلارنىڭ ئالدىدا كېكىرگەن ئادەمگە ناھايىتى ئۆچ ئىدى. بىر قېتىم سەھرادىن بىر تۇغقىنى كېلىپ ئۇلارنىڭ ئۆيىدە بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ قالدى. ئۇ

ئادەم ھەر ۋاخلىق تاماقتىن كېيىن داستىخاندا ئولتۇرۇپلا «كارت-كارت» قىلىپ كېكەرگىلى تۇراتتى. بەزىدە ئۇنىڭ كېكىرىكى شۇنداق ئۇزۇن چىقىپ كېتەتتىكى، بەئەينى قوزىنىڭ مەرىگىنىگىلا ئوخشايتتى، ئۇنى ئاڭلىغان ئادەمنىڭ راستتىنلا كۆڭلى ئېلىشەتتى، لېكىن ئۇ كىشى يىراقتىن كەلگەن مېھمان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېرىنىڭ تۇغقىنى بولغاچقا ھەكىمە ئۇنىڭ كېكىرىكىدىن كۆڭلى ئېلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھەرگىز چاندۇرمايتتى. ھەر قېتىم ئۇ مېھمان تاماقنى يەپ بولۇپ، كېكىرىشكە تەمشەلگەن ھامان ھەكىمە «غىپپىدە» ئاشخانىغا كىرىپ كېتەتتى. ھېلىقى مېھماندىن باشقىلارنىڭ ھەممىسى ھەكىمەنىڭ نېمىشقا ئۆزىنى دالدىغا ئېلىۋاتقانلىقىنى بىلگەچكە بىر-بىرىگە قاراپ ئىچىدە كۈلۈشەتتى. بىر قېتىم سۇلايمان ئەر-خوتۇن ئىككىسى بىر دوستىنىڭ ئۆيىگە مېھمانغا باردى. ئۇلار ئۇسسۇزلۇقىغا كولا ئىچىشكەنىدى، بىردەمدىن كېيىن سۇلايماننىڭ ئاشقازىنىدىن كۈچلۈك بىر خىل گاز ئۆرلەپ كېلىپ بوغۇزىغا كەپلەشكىلى تۇردى، بايىقى كولا ئۇنىڭ بۇرنىدىن ئېتىلىپ چىقىدىغاندەكلا قىلاتتى. «ئاپلا، كېكىرىپ قالىدىغان بولدۇم-دە!» دەپ ئويلىدى سۇلايمان. ئۇ ھاجەتخانىغا كىرمەكچى بولۇپ ھەكىمەنىڭ يېنىدىن تۇردى، لېكىن ئۈلگۈرەلمىگەنىدى. «كارت» قىلغان كېكىرىك ئاۋازىنى ھەممەيلەن ئاڭلىدى. نومۇستىن يەرگە كىرىپ كېتەيلا دېگەن ھەكىمە بولسا سۇلايماننىڭ يوتىسىنى كۈچەپ چىمدىدى. لېكىن خوتۇن كىشى ھەرقانچە كۈچەپ چىمدىسىمۇ، ئەر خەقلەرگە چۈمۈلە چاققانچىلىكمۇ بىلىنمەيدۇ-دە!

ھەكىمە باشقا خوتۇنلارغا ئوخشاش گاھىدا ئېرىنى كۈنلەپمۇ قالاتتى. سۇلايمان ئۇن نەچچە يىل ئىلگىرى بولغان مۇنداق بىر ئىشنى ھەرگىز ئۇنتۇيالمايدۇ. بىر قېتىم ئەر-خوتۇن ئىككىسى تويغا باردى. توي ناھايىتى قىزىغانىدى،

چىرايلىق قىزدىن بىرنەچچىسى ئوتتۇرىدا ئۇسسۇل ئويناۋاتاتتى. قىزلارنىڭ گۈلدەك ئېچىلغان خۇشخۇي رۇخسارى ۋە لاتاپەتلىك ئۇسسۇلىنى كۆرگەن كىشىلەر تەرەپ-تەرەپتىن چاۋاك چالغىلى تۇردى. خۇشاللىقتا ئىچىپ خېلى تەمشىلىپ قالغان سۇلايمان مېھمانلارغا قوشۇلۇپ «بارىكاللا!» دەپ توۋلىغاچ ھەدەپ چاۋاك چالاتتى. ھاراقنىڭ كۈچىدىن ھاياجىنىنى باسالماي قالغان سۇلايماننىڭ تاپانلىرى قىچىشقىلى تۇردى. ئۇ دەس ئورنىدىن تۇردى-دە، مەيدانغا چۈشۈپ ھېلىقى قىزلار بىلەن بېقىشىپ ئۇسسۇل ئوينىغىلى تۇردى. ئۇ ئۇسسۇل ئوينىغاچ ھېلىقى قىزلارغا قاراپ ھېلىدىن-ھېلىغا ھىجىياتتى. لېكىن ئۇنىڭ بۇ خۇشلۇقى ئۇزۇنغا بارمىدى، بىرەيلەن ئىتتىك بېرىپ ئۇنى پېشىدىن تارتقىنىچە مەيداندىن چىقىرىۋالدى. ئۇ توي تارىغان چاغدىلا ھەكىمەنىڭ ئاللىقاچان كېتىپ قالغانلىقىنى بايقىدى. بۇنى كۆرگەن سۇلايمان خوتۇنىنى ئىچىدە «ۋۇي، قائىدە-يوسۇن ئۇقمايدىغان!» دەپ تىللىغىلى تۇردى. باشقىلار ئۇنى ماشىنىغا ئىتتىرىپ چىقىرىپ، ئۇنىمىغىنىغا قارىماي ئۆيىگە ئاپىرىپ قويدى. ئەتىسى ئەتىگەندە ئويغانغان سۇلايماننىڭ كاللىسى قۇپقۇرۇق ئىدى. ئاخشام بولغان ئىشلاردىن خوتۇنىنىڭ ئۇنى تاشلاپ بالدۇر كېتىپ قالغاندىن باشقا ئىشلار ئۇنىڭ ئېسىدە يوق ئىدى. ئۇ خوتۇنىنىڭ ئۇنى تاشلاپ بالدۇر كېتىپ قالغانلىقىنى ئويلىسىلا پىغانى ئۆرلەپ ئۆزىنى باسالماي قېلىۋاتاتتى. ئۇ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ ھەكىمەنى تىللاپ ئەدىپىنى بېرىش ئۈچۈن ئاشخانىغا كىردى، لېكىن ھەكىمە ئاشخانىدا يوق ئىدى، چاي كورىسىمۇ ئوچاقنىڭ ئۈستىدە ئاخشام قويۇپ قويغان پېتى قۇرۇق تۇراتتى. بۇنى كۆرگەن سۇلايماننىڭ تېخىمۇ جۇدۇنى تۇتتى. سۇلايمان تازىلىق ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ قارىسا ھەكىمە يۈز-كۆزىنى يۇيۇپ

بولۇپ چىچىنى تاراۋاتاتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى قىزىرىپ، قاپاقلىرى ئىششىپ كەتكەنىدى. سۇلايمان ئىغىزىنى ئۈمەللەپ بولغۇچە، ھەكىمە گەپ تەشتى:

— بولدى، سۇلايمانئاخۇن، بىز ئاجرىشىپ كېتەيلى!

— نىمە دېدىڭ؟ قاغا پوق يېمەستە ئېلىشىپ قېلىۋاتمايدىغانسەن؟ سەندىن سوراپ باقاي، ئەجەب قائىدە-يوسۇن دېگەننى ئۇقمايدىغان بىرنېمىكەنسەن، تويغا ئىككىمىز تەڭ بارغاندىكىن تەڭ يېنىپ كەلمەي، ئۆزۈڭ يالغۇز غىپپىدە تىكىۋېتىپسەن، خەقنىڭ ئالدىدا يۈزۈمنى تۆكتۈڭ، بىلەمسەن؟!

— نېمە؟ ئۆزلە يەنە يۈزىنىڭ گېپىنى قىلىۋاتامدىلا؟ ئەللىك ياشلىق چوپچوڭ ئادەمنىڭ قىلىۋاتقان قىلىقى ئاۋۇ، يەنە تېخى...

— مەن نېمە قىپتىمەن؟

— ئۆزلىرىدىن سورىسىلا!

— مەن نەدىن بىلەي ئۇنى، نېمە قىلغانىغا شۇنچىۋالا قىلىپ كېتىسەن؟

ھەكىمە قولىدىكى تارغاقنى قويۇپ سۇلايمان تەرەپكە بۇرۇلدى ۋە ئۇنىڭغا كۆزلىرىنى مىختەك تىكتى.

— تولا خۇپسەنلىك قىلمىسىلا، قىلغان ئىشلىرىنى ئۇقمامىلا تېخى! سىلىگە دېسەم، ھەرقانداق ئادەمنىڭ ياشلىقى بولىدۇ، ئاخىرى يەنە ھەممىسى ئوخشاش قېرىيدۇ. مەنمۇ ياش ۋاقتىلىرىمدا قىزىلگۈلدەك چىرايلىق، تال چىۋىقتەك زىلۋا قىز ئىدىم. «بالىلىرىنى تۇغىمەن، ئۆيلىرىنى تۇتىمەن» دەپ قېرىپ چىرايىمدىن كېتىپ بولدۇم. ياخشىكەنلا، ساقاللىرى مەيدىلىرىگە چۈشكەندە چىرايلىق قىزلارنى كۆرسىلە كۆزلىرىنى ئۈزەلمەي قالىدىكەنلا. سىلى ئاخشام مەيداندا ھېلىقى قىزلار بىلەن بېقىشىپ ئۇسسۇل ئويىنىغاچ ئۇلارغا ساقال تاشلىۋېدىلە

ئاسمان يىراق، يەر قاتتىق بىلىنىپ كەتتى ماڭا!

ھەكىمەنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلىغان سۇلايمان پېشانىسىگە «پاققىدە» بىرنى سالدى. ئۇ شۇ چاغدىلا ئاخشامقى ھاراقنىڭ كەيپىدىن يېشىلىپ، تويدا بولغان ئىشلارنى غۇۋا ئېسىگە ئالدى. بولۇپمۇ، كەيپچىلىكتە ئۆزىنىڭ بىر قىز بىلەن قىزغىن بېقىشىپ ئۇسسۇل ئوينىغانلىقى يادىغا كەلدى. ئۇنىڭ تۇيۇقسىزلا قانلىرى قىزىپ، يۈز-كۆزى خۇددى چوغنى ياققاندەك ئوت ئالغىلى تۇردى. شۇنداق قىلىپ، خوتۇنىنىڭ ئەدىپىنى بەرمەكچى بولغان سۇلايمان ئاخىرى خوتۇنىدىن دەككىسىنى يېدى.

«ھەي! ــ دېدى خىياللىرى بارغانسېرى چىگىشلىشىپ كېتىۋاتقان سۇلايمان ئېغىر ئۇھ تارتىپ، ــ خوتۇن بار چاغلاردا نېمىنى توغرا قىلدىم، نېمىنى خاتا قىلدىم ھەر دائىم ئەسكەرتىپ تۇرىدىغان بولغاچقا، كۆڭلىرىم ناھايىتى مەنىلىك ئۆتەتتىكەندۇق؛ ھازىرچۇ؟ مەن قېرى بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى يوق، ھېچكىم ‹ھالىڭ قانداق؟› دەپ قويۇشقىمۇ يارىمايدۇ، قارىغاندا، يەيدىغىنىمنى يەپ بولغانمۇ ئوخشايمەن! ھەي، ھەكىمە! مەن يەنە كېكىرىپ قويدۇم، مېنى قانغۇچە تىللىۋال، پۇخادىن چىققۇچە چىمدىۋالغىن بولامدۇ؟ مېنى ھەرقانداق يامان گەپلەر بىلەن تىللاپ، ھەرقانچە قاتتىق چىمدىۋالساڭمۇ ئەمدى ھەرگىز ئېغىر ئالمايتتىم، گەپلىرىمنى ئاڭلىدىڭمۇ ھەكىمە؟!»

تۇيۇقسىز جىرىڭلىغان ئىشىك قوڭغۇرىقىنىڭ ئاۋازى سۇلايماننىڭ خىيال يىپلىرىنى ئۈزدى. ئۇ سائىتىگە قارىدى، سائەت ئىككى يېرىم بولغانىدى. «بىمەھەل ۋاقىتتا كەلگەن كىمدۇ بۇ؟» سۇلايمان ئاستا بېرىپ مۆشۈكتۆزدىن تالاغا قارىدى. ئىشىك تۈۋىدە شەرىپە تۇراتتى. قايسى كۈنى يامانلاپ چىقىپ كەتكەن شەرىپە ئاخىر كەلگەنىدى. يالغۇزلۇقتا بەكمۇ

غىربىسىنىڭغان سۇلايمان قىزى شەرىپەنىڭ يوقلاپ كەلگەنلىكىنى بىلىپ كۆڭلى «ۋاللىدە» يورۇپ كەتتى، كەيپىياتى كۆتۈرۈلۈپ، جىسمى يېنىكلەپ قالغاندەك بىلىنىشكە باشلىدى. سۇلايمان قولىنى ئۇزىتىپ ئىشىكنى ئاچقۇچە بولغان بىرنەچچە دەقىقە ئىچىدە: «شەرىپە كىرىپ ئەپۇ سورىسا ئۇنىڭغا نىمە دېسەم بولار؟» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ بولدى، لېكىن شەرىپە بوسۇغا ئاتلاپ كىرگەن ھامانلا، ئۆزىنىڭ خاتا ئويلىغانلىقىنى سەزدى.

شەرىپە ئاتىسىغا قاراپمۇ قويماي ئۆيگە ئېتىلىپ دېگۈدەك كىرگەندىن كېيىن بېشىنى يەردىن ئاستا كۆتۈرۈپ سۇلايماندىن سورىدى:

— ئاتا، ئۆزۈڭ يالغۇزمۇ؟

— يالغۇز بولماي، يەنە كىم بولماقچىدى؟

شۇنچە كۈننىڭياقى كۆرۈشمىگەن قىزىنىڭ ئۆزىگە سالاممۇ قىلمىغانلىقىنى كۆرگەن سۇلايمان «لاسسىدە» بولۇپ قالدى. سۇلايمان شەرىپەنىڭ ئۆگسۇلى يوق كىرىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ بېشىغا كۈن چۈشۈپ، ئۆزىگە ھال ئېيتقىلى كەلگەنلىكىنى بىلىپ بولدى.

— ئاتا، پۇلۇڭ بولسا بەش مىڭ يۈەن بېرىپ تۇرغىن! بىرنەچچە كۈندىن كېيىن قايتۇرۇۋېتىمەن؟ — دېدى شەرىپە ساپاغا ئولتۇرا-ئولتۇرمايلا.

ئەسلىدە شەرىپەنىڭ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوغلى مەردان بىر ساۋاقدىشى بىلەن ئۇرۇشۇپ قېلىپ ئۇنى پىچاق سېلىپ يارىلاندۇرۇپ قويغانىدى. يارىلانغان بالىنىڭ ئاتا-ئانىسى: «ئون مىڭ يۈەن تۆلەم بېرىسىلەر، بولمىسا بالاڭلارنى قولغا ئالدۇرۇۋېتىمىز!» دەپ تەھدىت سالغانىدى. شەرىپە ئەر-خوتۇن ئىككىسى تۆت تەڭگە مائاشىغا تايىنىپ كۈن ئالىدىغانلاردىن ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىككى بالىسى

ئوقۇيتتى ھەم يېقىندا ئۆي سېتىۋالغان بولغاچقا، يانچۇقىمۇ
قۇرۇقدىلىپ كەتكەنىدى. ئەر-خوتۇن ئىككىسى مىڭ
تەسلىكتە بەش مىڭ يۈەن تەييارلىيالىدى. قالغان بەش مىڭ
يۈەننى تونۇش-بىلىشلىرىدىن سوراپ باقتى، لېكىن ھەممىلا
كىشىنىڭ ئۆزىگە چۇشلۇق دەردى تۇرسا، كىممۇ ئۇنچىلىك
پۇلنى ئىككى يېنىغا قارىماي، «شارتتىدە» چىقىرالىسۇن؟

سۇلايمان شەرىپەنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن
قايناپ كەتتى:

— مەن سىلەرگە: «مەردانىنى چىڭ تۇتۇڭلار، كەلسە-
كەلمەس بىرنېمىلەر بىلەن ئازراق باردى-كەلدى قىلسۇن»
دەپ كۆرمىڭ قېتىم ئېيتمىغانمۇ؟ لېكىن سىلەرچۇ؟ ھەپتە
ئاخىرى كەلدىمۇ، بولدى! ھېلى توي، ھېلى چاي، ھېلى
تۇغۇلغان كۈن زىياپىتى... ۋاي-ۋۇي، باھانەڭلەر جىق. بالا
ئاچ قېلىۋاتامدۇ، ئۆگىنىشى قانداق كېتىۋاتىدۇ... بۇلار بىلەن
پەرۋايىڭلار پەلەك! ئەمدى خوپ بولدىمۇ؟! بىر ئوبدان بالا
ئىككىڭلارنىڭ كاساپىتىدىن يولدىن چىقتى... ھەي!

— ئېيتقانلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى توغرا، ئاتا، مەنمۇ
پۇشايماندىن ئۆز گۆشۈمنى ئۆزۈم يېگۈدەك بولۇپ
كېتىۋاتىمەن، بىراق بولار ئىش بولدى، ئەمدى ئۇنىڭ ئامالىنى
قىلمىساق بولمايدۇ-دە! پۇلنى بۈگۈن تاپشۇرمىساق ئۇ خەق
ساقچىغا دەيدۇ، بۇ ئىشنى مەكتەپ ئۇقۇپ قالسا مەردانىنىڭ
تۆگەشكىنى شۇ! — دېدى شەرىپە ئاتىسىغا يېلىنىپ تۇرۇپ.

سۇلايمان باشقا گەپ قىلماي، ياتاق ئۆيىدىن بىر پۇل
كىنىشكىسىنى ئاچىقىپ شەرىپەگە بەردى. شەرىپە پۇل
كىنىشكىسىنى ئالدى-دە، ئاتىسىغا خوشمۇ دەپ قويماي
ئۇچقاندەك چىقىپ كەتتى.

سۇلايماننىڭ شەرىپەنى مۇشۇككۆزدىن كۆرگەن چاغدىكى
خوش كەيپى نەلەرگىدۇر ئۇچتى. سۇلايمان ئۆز-ئۆزىگە

پىچىرلىدى: «ھەي... كونىلار ‹مەن كۆيەرمەن بالامغا، بالام كۆيەر بالىسىغا› دەپ بەكمۇ توغرا ئېيتىپتىكەن. قارىمامدىغان، مەن تېخى شەرىپەگە قاتتىق گەپ قىلىپ قويدۇم، دەپ ئۆزۈمنى ئەيىبلەپ يۈرگىلى نەۋاخ! لېكىن ئۇچۇ؟ شۇنچە كۈننىڭياقى مېنى ئۇنتۇپلا كەتتى، مانا ئەمدى بالىسىنىڭ بېشىغا كۈن كېلىپ، ماڭا ھاجىتى چۈشكەندە ئىزدەپ كەپتۇ!»

ئويلىغانسېرى جۇدۇنى ئۆرلەپ كېتىۋاتقان سۇلايمان ئۆي ئىچىدە ئۇياقتىن-بۇياققا توختىماي ماڭاتتى.

## 7

سۇلايماننىڭ ھېلىدىن-ھېلىغا دېمى سىقىلىپ، ئىككى قەدەم ماڭە-ماڭمايلا ھاسىرايدىغان بولۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ زىققە كېسىلىنىڭ يەنە ئەدەپ قېلىۋاتقانلىقىنى سەزدى. بۇنداق ئەھۋالدا دوختۇرخانىغا بېرىشقا توغرا كەلسە ئۆزى يالغۇز بارسا بولمايتتى، ئۇنى چوقۇم بىرەيلەن ئاپىرىشى كېرەك ئىدى. لېكىن، بالىلارنىڭ خىزمىتى ئالدىراش بولغاچقا، ئاتىسىنى دوختۇرغا كۆرستىش ئۈچۈن چوقۇم ئىش ئورنىدىن رۇخسەت سورىمىسا بولمايتتى. بالىلىرىنى خىزمەتتىن قويۇشقا كۆڭلى ئۇنىمىغان سۇلايمان بۇ ئىشنى بالىلىرىغا تىنماي، ھازىرچە دورا ئىچىپ تۇرماقچى بولدى، لېكىن دورا ئىچكەنسېرى ئۇنىڭ ھاسىراشلىرى پەسەيمەكتە يوق، كۈندىن-كۈنگە ئەدەپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ بۇ ھالىنى ئاخىرى زۆھرە سېزىپ قالدى. ئەتىگەنلىكى زۆھرە ئاتىسىنى دوختۇرخانىغا ئاپارماقچى بولۇۋىدى، ئۇ ئۇنىمىدى. زۆھرە يەنە يالۋۇردى. سۇلايمان ئاخىر زۆھرەگە ئاتىلىق ھەيۋىسى بىلەن سۈر كۆرسەتمەكچى بولۇپ:

— مېنىڭ بىلەن كارىڭ بولمىسۇن، ماڭ ئىشىڭغا بار!

زۆھرە ئاتىسىنىڭ مۇشۇ كەمگىچە ئۆزىگە بۇنداق چەكچىيىپ باققانلىقىنى كۆرمىگەنىدى. سۇلايمان بىردەمدىن كېيىن سىلىق چۈشەندۈردى:

— هازىر ئىدارىلەرنىڭ ھەممىسى يىللىق باهالاشقا چۈشتى، پەۋقۇلئاددە بىرەر ئىشى چىقىپ قالمىغان كادىرلار رۇخسەت سورىماسلىقى كېرەك. مۇشۇنداق چاغدا رۇخسەت سورىساڭ تەشكىلگە سەت كۆرۈنۈپ قالىسەن، خىزمەتداشلىرىڭنىڭ ئالدىدا تىلىڭ قىسقىرايدۇ، بالام!

— ئاتىسىنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقى پەۋقۇلئاددە ئىش هېسابلانمامدىكەن؟ جاهىللىق قىلمىغىنە، ئاتا! — دېدى زۆھرە ئاتىسىغا يىلىنىپ تۇرۇپ.

سۇلايمان زۆھرەگە بۇنداق گەپلەرنىڭ كار قىلمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. شۇڭا ئۇ قاتتىق يۆتەلدىن كېيىن قىزىغا تەرىنى تۇرۇپلا ۋارقىرىدى:

— ماڭە... ماڭ، ئىشىڭغا بار! دوختۇرخانىغا سۆرەپ ئاپىرىدىغانغا مەن تېخى سەكراتقا چۈشۈپ قالمىدىم!

شۇنداق قىلىپ، سۇلايمان زۆھرەنى ئىشىكتىن ئىتتىرىپ دېگۈدەك چىقىرىۋەتتى.

زۆھرەنى يولغا سېلىۋەتكەندىن كېيىن سۇلايمان ئۆيدە «شىپائىي پۇركۇمە» دەيدىغان بىر خىل دورىنىڭ بارلىقىنى ئەسكە ئالدى ۋە شۇنى مىلىك تەسلىكتە تېپىپ كانىيىغا پۇركۈپ بېقىۋىدى، دېگەندەكلا خېلى ئارام تېپىپ قالدى. ئۇ هۇجرىسىغا كىرىپ ئاستا كارىۋاتقا چىقىپ يانچىلاپ ياتتى. ئۇ ئەمدىلا كۆز يۇمۇپ تۇرۇشىغا ئىشىك قوڭغۇرىقى جىرىڭلاپ كەتتى. سۇلايمان: «زۆھرە يەنە قايتىپ كەلگەن ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ مىدىرلىماي يېتىۋالدى. لېكىن، ئىشىك قوڭغۇرىقى توختىماي جىرىڭلاۋەردى. سۇلايمان تۇيۇقسىز ئويلاپ قالدى:

«زۆھرەدە ئۆينىڭ ئاچقۇچى تۇرسا، ئۇدۇل ئېچىپ كىرمەي قوڭغۇراقنى بېسىپ يۈرەمتى! باشقا بىرى كەلگەن گەپ...»

سۇلايمان كارىۋاتتىن بويىنىدىن سۆرىگەندەك تەستە چۈشتى ۋە دەلدەڭشىپ ماڭغىنىچە ئىشىك تۈۋىگە بېرىپ مۈشۈككۆزدىن زەن قويۇپ قارىۋالغاندىن كېيىن تەلەتىنى تۈرگىنىچە بېشىنى چايقىدى. ئۇ:

— كەت دېسىمۇ... — دەپ غودۇڭشىغىنىچە ئىشىكنى ئاستا ئاچتى. ئاستىنقى قەۋەتتە ئولتۇرىدىغان قاسىم ئىسىملىك گاچا يىگىت ئىشىك تۈۋىدە ھىجىيىپ تۇراتتى. قاسىمنىڭ بويى ئانچە ئېگىز بولمىغىنى بىلەن جامدەك بىر جۈپ كۆزى بىلەن بۈركۈتنىڭ تۇمشۇقىدەك ئىلمەك بۇرنى ئادەمگە غەلىتىلا كۆرۈنەتتى. قاسىم بىلەن ئۇنىڭ كىسەلچان ئاپىسى بۇ بىناغا بۇنىڭدىن ئۈچ يىل بۇرۇن كۆچۈپ كەلگەنىدى. بۇ بىنادىكى قوشنىلار بىر-بىرىگە تاماق سۇنۇشىدىغان كونا ئادەتنى تاشلىمىغانىدى. شۇڭا قاسىملار كۆچۈپ كەلگەن كۈنى ھەكىمە ئۇلارنىڭ ئۆيىگە ئاتايىن پولۇ ئېتىپ ئەكىردى. ھەكىمە قاسىملارنىڭ ئۆيىگە تاماق ئەكىرىپ بېرىپ چىققاندىن كېيىن نېمىشقىدۇر جىمىپلا كەتتى. سۇلايمان نېمە بولغانلىقىنى سورىۋىدى، ھەكىمە:

— ئۇلارنى ماكانسىز بىچارىلاركەن، دەپ ئېتىبار قىلمىغان بولسا، ئۇلارنىڭ بىنادىن ئۆي سېتىۋالغۇدەك قۇربى يوقكەن ئەمەسمۇ! — دېدى كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ تۇرۇپ، — ئۇلارنىڭ ئۆيىدە كونىراپ رەڭگى ئۆچۈپ كەتكەن ئەسكى كىگىز بىلەن شالاقشىپ كەتكەن كونا ئىشكاپتىن باشقا ھېچنېمىسى يوقكەن، — دەپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى ھەكىمە، — كارىۋات بولمىغاچقا بىچارە موماي يەردىلا يېتىپتۇ، مومايىنىڭ ئۇچىسىدا ياماق كۆڭلەك، ھەتتا پۇتىدىكى پايپىقىنىڭمۇ ئۇ يەر-بۇ يېرىگە ياماق چۈشۈپتۇ، — ھەكىمە گېپىنى تۈگىتىپ مىشىلداپ

يىغلاپ كەتتى.

— خوتۇن خەق دېگەن قىزىق-دە، — دېدى سۇلايمان ھەكىمەنىڭ يىغىسىغا قاراپ، — كوچىدا كۆكنامرات، غېرىب-غۇرۋا دېگەنلەر ساماندەك تۇرسا قايسىبىرىگە يىغلاپ بولىسەن؟

ھەكىمە بىرھازادىن كېيىن يىغىسىدىن توختاپ سۇلايمانغا قارىدى:

— بىز ئۇلارغا كۆپرەك ياردەم قىلساق بولغۇدەك!

— ھە، مۇنداق دېمەمسەن! — دېدى سۇلايمان ھەكىمەنىڭ دولىسىغا پەپىلەپ قويۇپ، — يىغىنىڭ قولىدىن نېمە كېلەتتى، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئاپا-بالا ئىككىسىگە تاماق سۇنۇشنى ئۇنتۇپ قالمىساڭلا بولدى.

ھەكىمە ئېرىغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى. ئۇنىڭ بۇ ئەپتى بولسا ئاتىسى بەرگەن ئويۇنچۇقنى كۆرۈپلا يىغىدىن توختاپ كۈلۈمسىرىگەن كىچىك بالىغا ئوخشىشىپ كەتكەنىدى. قاسىملار كۆچۈپ كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەي ئۇنىڭ ئاپىسى سۆڭەك راكى بىلەن ئاغرىپ يېتىپ قالدى، موماي ناۋادا داۋالانسا ئۆمرىنى بىرەر-يېرىم يىل ئۇزارتقىلى بولاتتى. لېكىن، موماي «داۋالانغىلى پۇلۇم يوق» دەپ داۋالانغىلى ھەرگىز ئۇنىمىدى. ھەكىمە قولۇم-قوشنىلىرىغا دەپ يۈرۈپ، بۇ بىچارە مومايغا ئازراق پۇل يىغىش قىلدى، لېكىن ئۇ موماي قوشنىلار كىرگۈزگەن پۇلنى قەتئىي ئالغىلى ئۇنىمىدى.

— ياق، ياق، پۇللىرىنى ئاچىقىپ كەتسىلە، — دېدى موماي يىغلاپ تۇرۇپ، — ئىككى پۇتۇم گۆرگە ساڭگىلاپ بولدى، شۇنى بىلىپ تۇرۇپ يەنە ھەرقايسىلىرىنىڭ پۇلىنى خەجلىسەم يۈرىكىم چىدىمايدۇ، گۆرۈمدە ئۆرە ئولتۇرىمەن! قوشنىلارنىڭ كۆڭلىگە رەھمەت!

ھەكىمە ئىلاجسىز يېنىپ چىقىپ قوشنىلاردىن يىغىش قىلغان پۇلنى ئىگىلىرىگە قايتۇرۇۋەتتى. قاسىمنىڭ ئاپىسى

ئاغرىپ بىر ئاي بولار-بولمايلا قازا قىلىپ كەتتى. قاسىملارنىڭ ھېچقانداق ئۇرۇق-تۇغقىنى بولمىغاچقا، موماينىڭ ئۆلۈمىنى قوشنىلار ئۇزاتتى. لېكىن، قوشنىلار موماينىڭ مېيىتىنى ئۇزىتىش ۋاقتىدا بايقالغان بىر ئىشتىن ھاڭ-تاڭ قېلىشتى.

ــ رەھمەتلىكنىڭ كىيىم-كېچەكلىرىگە قاتمۇ قات ياماق چۈشۈپ كېتىپتۇ، ــ دېدى موماينىڭ يۇيۇقىغا كىرگەن بىر ھاجى خېنىم ھەكىمەگە، ــ ھەتتا تامبالنىمۇ ياماپ كىيىپتىكەن بىچارە، تامبالنىڭ سول يېنىدا ئېغىزى تىكىۋېتىلگەن بىر يانچۇق تۇرىدۇ، ئېچىپ قارىساق ئىچىدىن بانكىنىڭ ئامانەت چېكىدىن بىرى، يەنە بىر پارچە خەت چىقتى. خەتتە: «كۆڭلىرىم يېقىنلاپ قالغاندەك قىلىدۇ، ھەركىمنىڭ جېنى ــ خۇدا بەرگەن ئامانەت. بۇ ئامانەتنى قاچان ئالىدىغانلىقىنى پەقەت ئاللا ئىگەمنىڭ ئۆزىلا بىلىدۇ؛ ئالىمادىس تويۇقسىز كېتىپ قالسام ئۆلۈمىمنى قوشنىلار ساۋابلىق ئۈچۈن خۇدا يولىدا ئۇزىتىپ قويساڭلار! كېيەنلىك رەخت، يىپ-يىڭنە، يۇيۇق سوپۇنى، پاختا دېگەندەك نەرسىلەرنى تەييارلاپ ئۆينىڭ بۇلۇڭىدىكى يەشىكنىڭ ئىچىگە سېلىپ قويدۇم، يەرلىكنىمۇ ئون يىل بۇرۇن ئېلىپ قويغانىدىم، نەدىلىكىنى قاسىم بىلىدۇ. قوشنىلىرىمنىڭ ھىممەت-ياردىمىگە رەھمەت، لېكىن ئەندىشەم ئوغلۇم قاسىمدا قالدى. بۇ كىنىشكىدا ئون بەش مىڭ يۈەن پۇل بار، بىر قىسمىنى نەزىرگە ئىشلىتىپ، قالغىنىغا قاسىم ئۈچۈن جاھاندارچىلىقنىڭ بىرەر يولىنى كۆرسىتىپ قويغان بولساڭلار! مۇشۇ ئوغلۇم بىرەر ئىشنىڭ پېشىنى تۇتالىسا، گۆرۈمدىمۇ خاتىرجەم ياتاتتىم. بۇ ئىشلارغا قوشنام سۇلايمانئاخۇن ئەر-خوتۇن ئىككىسى ئاتىدارچىلىق قىلغان بولسا!» دەپ يېزىپتۇ.

قوشنىلار موماينىڭ ئۆز ۋاقتىدا نېمە ئۈچۈن داۋالىنىشقا

ئۇنىمغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى شۇ ئىشتىن كېيىن بىلىشتى. موماينىڭ ئۆلۈمى يىغا-زار بىلەن ئۇزىتىلغاندىن كېيىن سۇلايمان ئەر-خوتۇن ئىككىسىنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن قاسىم دۇكاندىن بىرنى ئېچىۋالدى. ئۇ ئاشۇ دۇكاندىن ئېيىغا ئۈچ يۈز-تۆت يۈز يۈەن پۇل تاپالايتتى. ھەكىمە قاسىمغا خۇددى ئۆز بالىسىدەك ھەر ۋاخلىق غىزادا بىر قاچىدىن تاماق ئېلىپ قوياتتى. قاسىممۇ ھەكىمەنى ئۆز ئاپىسىدەك كۆرەتتى. ئۇ ياڭاق مېغىزىغا بەكمۇ ئامراق ئىدى. قاسىم سۇلايماننىڭمۇ ياڭاققا ئامراق ئىكەنلىكىنى ھەم ئۇلارنىڭ ئۆيىدە ياڭاق ئۈزۈلمەيدىغانلىقىنى بىلگەچكە، يېنىدا ياڭاق قالمىغان چاغلاردا سۇلايمانلارنىڭ ئۆيىگە ياڭاق سوراپ كىرەتتى. شۇڭا سۇلايمان بوسۇغىدا ھىجىيىپ قاراپ تۇرغان قاسىمنى كۆرۈپلا ئۇنى يەنە ياڭاق سوراپ كەلگەن ئوخشايدۇ، دەپ قالغانىدى. لېكىن، قاسىم ھارغىنلىق يەتكەندەك ئىككى كۆزى ئولتۇرۇشۇپ، چىرايلىرى تاتىرىپ كەتكەن سۇلايماننى كۆرۈپلا ئۇنىڭغا ھەيرانلىق ۋە ئېچىنىش بىلەن تىكىلدى. سۇلايمان قارىماققا ئۇنى بىمەھەل ۋاقىتتا كېلىپ ئاۋارە قىلدى، دەپ رەنجىگەندەك كۆرۈنگىنى بىلەن، قاسىمنى يەنىلا ئۆيگە باشلىدى.

—ھە، يەنە ياڭىقىڭ تۈگەپتۇ-دە، —دېدى سۇلايمان ھاسىراپ تۇرۇپ، —لېكىن ئۆيدە ياڭاق مېغىزى قالماپتۇ، شۇڭا ياڭاق بېرەي، ئۆزۈڭ چېقىپ يېگىن!

قاسىم شۇ ھامان بېشىنى چايقىدى ۋە «ئاغرىپ قالغاندەك تۇرىلا، دوختۇرخانىغا ئاپىرايمۇ؟» دېگەن مەنىدە ئىشارەت قىلدى.

—ياق، مەن ساق، —دېدى سۇلايمان تېرىككەندەك قىلىپ، —مېنىڭ بىلەن كارىڭ بولمىسۇن، بېرىپ ئىشىڭنى قىلغىن...! دۇكىنىڭغا ئوغرى كىرىپتۇ، دەيدىغۇ!

بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۆزلىرى چەكچەيگەن قاسىم ئارقىسىغا «شارتتىدە» بۇرۇلۇپ ئىككى قەدەم ماڭغاندىن كېيىن يەنە ئارقىسىغا ياندى ۋە سۇلايمانغا «دۇكان قۇلۇپلاقلىق، ئوغرى كىرەلمەيدۇ، مەن سىلىنى دوختۇرغا ئاپىراي!» دېگەن مەنىدە ئىشارەت قىلدى. ئاڭغىچە سۇلايمان ئاشخانىغا كىرىپ بىر لېگەن ياڭاقنى ئاچىقىپ قاسىمغا تۇتقۇزۇپ قويدى ۋە:

ــ قۇلۇپ سېلىپ قويساڭلا ھېساب ئەمەس، ئوغرى دېگەن قۇلۇپنى قايرىۋېتىپ كىرىۋېرىدۇ، ــ دېدى. ئاندىن قاسىمنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قارىماي ئۇنى دولىسىدىن ئىتتىرىپ چىقىرىۋەتتى.

ئۆي ئىچى يەنە تىمتاسلىققا چۆمدى. سۇلايمان ھۇجرىسىغا يېنىپ كىرىپ ئەمدىلا يېتىپ ئارام ئالاي دەپ تۇرۇشىغا تېلېفون جىرىڭلىدى. «زۆھرە ئىدارىسىگە بېرىپلا خاتىرجەم بولالماي تېلېفون قىپتۇ-دە!» دەپ ئويلىغان سۇلايمان: «ھىم، ئۇخلاپ چۈشۈڭ، دوختۇرخانىغا ھەرگىز بارمايمەن» دەپ غودۇڭشىغىنىچە بېرىپ تېلېفوننى ئالدى. ئەمما، تېلېفون زۆھرەدىن ئەمەس، سۇلايماننىڭ ھاشىم ئىسىملىك بىر ئاغىنىسىدىن كەلگەنىدى. ئىككىسى بىرقۇر سالاملاشقاندىن كېيىن ھاشىم نەۋرىسىنىڭ ئىنگلىز تىلىنى تۆت يىل تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئاخىر يالتىس ئىمتىھانىدىن 5.5 نومۇر بىلەن ئۆتكەنلىكى، ئەمدى ئامېرىكىغا ئوقۇشقا چىقىشقا بولىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. قارىغاندا، ھاشىم ناھايىتى خۇشال ئىدى. سۇلايمانمۇ ئاغىنىسىنىڭ خۇشاللىقىدا خۇشال بولدىيۇ، لېكىن تۇرۇپلا ھاشىمغا سەل-پەل ھەسەت قىلىپمۇ قالدى. چۈنكى، ھاشىمنىڭ ئۇ نەۋرىسى سۇلايماننىڭ نەۋرىسى مەردان بىلەن تەڭ دېمەتلىك ئىدى. لېكىن، ئۇ بالا تىرىشىپ ئۆگىنىپ ئۇبدان ئادەم بوپتۇ، سۇلايماننىڭ نەۋرىسى مەردان بولسا ئۆگىنىشكە تىرىشماقتا يوق، باللار بىلەن ئۇرۇشۇپ، ئىش تېرىپ يۈرىدۇ. ئەسلىدىنلا مىجەزى يوق سۇلايماننىڭ

هاشىمنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ دىمى ئىچىگە چۈشۈپلا كەتتى، لېكىن هاشىمنىڭ گېپى تۈگەيدىغاندەك ئەمەس ئىدى. تاقەتسىزلىنىپ كېتىۋاتقان سۇلايمان ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتمەكچى بولدى:

— هاشىم، بالىلىرىڭ يارامىلىق ئادەملەردىن بولغىنىدى، ئەمدى نەۋرىلىرىڭمۇ ئاتا-ئانىسىنى دوراپتۇ، بەختىڭ بار قېرى جۇمۇ سەن!

ئادەتتە خېلى چېچەن كۆرۈنىدىغان هاشىم بولسا سۇلايمان قىلغان گەپنىڭ تېگىگە يېتەلمىدىمۇ، گېپىنى تۈگىتىدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

— توغرا دەيسەن، ئاداش، — دەپ گېپىنى داۋام قىلدى هاشىم، — بالىلىرىمنىڭ هەممىسىلا ناھايىتى ئوبدان ئادەم بولغىنىدى، نەۋرىلىرىمنىمۇ ناھايىتى ياخشى تەربىيىلىدى. ئالدىنقى كۈنى زۇكامداپ قاپتىكەنمەن، چوڭ ئوغلۇم بىلەن كېلىنىم كېلىپ مېنى سۆرەپ دېگۈدەك دوختۇرخانىغا ئاپاردى، ئاندىن قايتىپ ئاپىسىغا ئۆي تازىلىشىپ بەردى تېخى!

سۇلايمان بۇ ئاغىنىسىنىڭ هەممە نېمىسىدىن رازى، ئەمما هە دېسىلا بالىلىرىنى ماختايدىغان قىلىقىغا ئۆچ ئىدى. شۇڭا ئۇ هاشىمنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاۋېرىشكە تاقەت قىلالماي ئۇنىڭ گېپىنى يەنە ئۈزدى:

— هە، زۇكامداپ قالغانمىدىڭ؟ هازىرچۇ، خېلى ئوڭلىنىپ قالدىڭمۇ؟ ئىككى كۈندىن بېرى مېنىڭمۇ مىجەزىم يوق! — هاشىمنىڭ تۈگىمەس گەپتىن بىرنى باشلىۋېلىشىدىن ئەنسىرىگەن سۇلايمان گەپنىڭ ئاخىرىنى چورتلا ئۈزدى، — ئاداش، دورا ئىچىدىغان ۋاقتىم بولدى، كېيىن مۇڭدىشايلى!

بۇ گەپنى ئاڭلىغان هاشىمنىڭ يەنە دەيدىغان گەپلىرى باردەك قىلاتتى، لېكىن سۇلايمان ئۇنىڭغا يەنە ئېغىز ئېچىش پۇرسىتى بەرمەي «خوش ئەمىسە، خۇداغا ئامانەت!» دەپلا

تېلېفوننى قويۇۋەتتى.

سۇلايمان ساپاغا كېلىپ ئولتۇردى ۋە شىرەدە تۇرغان تىزگىنەكنى ئېلىپ تېلېۋىزورنى ئېچىپ، ئۇ قانال-بۇ قانالغا يۆتكەپ بېقىپ يەنە ئېتىۋەتتى. ئۇ كۆزنى چاقنىتىدىغان نۇرلىرى دەقىقە ئىچىدە ئۆچۈپ بولغان تېلېۋىزورنىڭ قاپقارا ئەينىكىگە قاراپ هاڭۋېقىپ ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇ هاشىمنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ يەۋالغاندەكلا بولۇپ قالدى. هاشىم ئۇنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ساۋاقدىشى ئىدى. ئۇلار تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققان يىلى هاشىمنىڭ ئاتىسى ئۆلۈپ كېتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆيىدە تىرىكچىلىك قىلىدىغان باشقا ئادەم بولمىغاچقا، هاشىم ئوقۇشنى تاشلاپ، ئاپىسى بىلەن بىللە موخوركا، گازىر-پۇرچاق سېتىشقا مەجبۇر بولىدۇ. هاشىم ئون ئالتە ياشقا كىرگەن يىلى بىر زاۋۇتقا يۈك ماشىنىسى شوپۇرى بولۇپ ئورۇنلىشىپ بىر ئۆمۈر شوپۇرلۇق قىلدى. سۇلايمان ئۇنىڭغا قارىغاندا كۆپ تەلەيلىك ئىدى. ئۇ ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ شەهەرلىك هۆكۈمەت ئورگىنىغا ئورۇنلاشتى. سۇلايماننىڭ ئىشلىرى ئوڭدىن كېلىۋاتاتتى. ئۇ ئادەتتىكى كادىرلىقتىن مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقلىقىغا ئۆستى، كېيىن بۆلۈم باشلىقى بولدى، ئاندىن يەنە مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى ۋە باشقارما باشلىقى بولدى، ئاخىرىدا مۇئاۋىن نازىرلىققا ئۆستۈرۈلدى. هاشىم بىلەن سۇلايمان ئوخشاشلا دېهقان بالىسى بولسىمۇ، لېكىن ئىككىسىنىڭ تەقدىرى ئوخشاشمايتتى. شۇ ۋەجىدىن ئۆزىنى كەمسىتىشكە ئادەتلىنىپ قالغان هاشىم يۇرتلۇقلار ئولتۇرۇشلىرىغا سۇلايمان بىلەن بىللە بېرىشنى ئانچە خالاپ كەتمەيتتى، چۈنكى باشقىلارنىڭ ئۇ ئىككىسىگە جەمىيەتتىكى ئورنىغا قاراپ، ئېگىز-پەس مۇئامىلە قىلىشىدىن ئەنسىرەيتتى، لېكىن سۇلايماندا قىلچە ئۇنداق ئىدىيە بولمىغاچقا، بۇ ئاغىنىسىنى بەكمۇ ئۆز كۆرەتتى. بۇ

ئىككى ئائىلىنىڭ پەرقى بالىلارنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ باشقىچە بولدى. سۇلايماننىڭ بالىلىرىنىڭ ھەممىسى خىزمەتلىك بولسىمۇ، لېكىن ھاشىمنىڭ بالىلىرىدەك كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئىشلارنى قىلالمىدى. ھاشىمنىڭ چوڭ ئوغلى ياپياش تۇرۇپلا باشقارما باشلىقى بولدى، يېقىندا يەنە مۇئاۋىن نازىرلىققا ئۆستۈرۈلەرمىش؛ ئوتتۇرانچىسى چوڭ بىر كارخانىنىڭ باش دىرېكتورى، ئايلىق مائاشى تۈمەن يۈەندىن ئاشارمىش؛ كەنجىسى شاڭخەي قاتناش ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرۈپ كەلدى، بۇلتۇر ئېلىنغان مەمۇرلار ئىمتىھانىدا شەھەر بويىچە بىرىنچى بولۇپ، ناھايىتى ئوبدان بىر ئىدارىگە دۆلەت مەمۇرى بولۇپ ئورۇنلاشتى. مانا ئەمدى نەۋرىسىنى ئامېرىكىغا ئوقۇشقا چىقىدۇ، دەۋاتىدۇ. ھەي، ئادەم دېگەن شۇنداق بولىدىكەن: ياش، قىران چاغلىرىدا بىر-بىرى بىلەن كەسىپتە بەسلىشىدىكەن، قېرىپ پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىن ئۆز ئارا سېلىشتۇرغۇدەك باشقا نېمىسى قالمىغاچقا، بالىلىرى، نەۋرىلىرى قازانغان نۇسرەتلەر بىلەن ماختىنىدىكەن. سۇلايمانمۇ ئىلگىرى مۇئاۋىن نازىر ئىدى، ئۇمۇ بالىلىرى، بولۇپمۇ نەۋرىلىرىنىڭ ئۆزىدىن ئېشىپ كېتىشىگە تەشنا ئىدى. لېكىن...! سۇلايمان نەۋرىسى مەرداننى ئەسلەپ قالدى: «ئۇ ھازىر نېمە ئىش قىلىۋاتقاندۇ؟» شەرىپە قايسى كۈنى پۇلنى ئېلىپلا چىقىپ كەتكىنىچە تېلېفون قىلىپمۇ قويمىدى. سۇلايمان بىر چاغلاردا نەۋرىسى مەردانغا بىر شاپىلاق سالغان، بۇنى كۆرگەن شەرىپەنىڭ يۈرەكلىرى ئېچىشىپ كەتكەنىدى. سۇلايمان بۇ ئىشلارنى ئەسكە ئېلىپ پۇشايمان ئىچىدە بېشىنى چايقىدى ۋە ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلىدى: «ھەي، ھەكىمە! ۋىجدانسىز خوتۇن! جەننەتكە ئۆزۈڭ يالغۇز كىرىپ يېتىۋېلىپ، باش ئاغرىقىنىڭ ھەممىسىنى ماڭا تاشلاپ قويدۇڭ، سېنى ھەرگىز كەچۈرمەيمەن!»

سۇلايمان ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتمەكچى بولۇپ ئورنىدىن تۇرۇشىغا ئىشىك قوڭغۇرىقى جىرىڭلىدى. سۇلايمان «زۆھرە كەلگەن ئوخشايدۇ» دەپ بېرىپ ئىشىكنى ئېچىۋىدى، شەرىپە ئىكەن. ئۇنىڭ قولىدا بىرمۇنچە سوۋغا-سالام تۇراتتى. قىزىنىڭ ئىشىك تۈۋىدە تۇرغانلىقىنى كۆرگەن سۇلايمان ھەم خۇشال بولدى، ھەم ھەيران قالدى. ئۇ خۇشاللىقىنى چاندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن قاپىقىنى زورىغا تۈرۈپ تۇرۇپ:

— ھە، كەلدىڭمۇ، قېنى، ئۆيگە كىر! — دېدى ئاغزىنىڭ ئۇچىدىلا.

ئاتىسىنىڭ چىراي ئاچمىغانلىقىنى كۆرگەن شەرىپە سەل-پەل ئوڭايسىزلانغان بولسىمۇ، بۇنىڭغا ئانچە ئېرەنشىپ كەتمىدى. شەرىپە ئىتتىك كىرىپ قولىدىكى نەرسىلىرىنى يەرگە قويۇپ ئايىغىنى سالدى. سۇلايمان شەرىپەگە قاپىقىنى ئاچمىغىنى بىلەن نەۋرىسى مەردانىنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇشقا ئالدىراپ كېتىۋاتاتتى.

— مەردان قانداقراق؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

شەرىپە ئايىغىنى سېلىپ بولغاندىن كېيىن يەردىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئاتىسىغا قارىدى ۋە بايىقى گەپكە جاۋاب بەرمەي ئاتىسىنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى:

— ئاتا، مىجەزىڭ يوقمۇ؟ نېمىشقا دوختۇرخانىغا بارغىلى ئۇنىمىدىڭ؟

— نېمە؟ مېنىڭ مىجەزىمنىڭ يوقلۇقىنى سەن نەدىن ئۇقتۇڭ؟ — دەپ سورىدى سۇلايمان.

— قاسىم بىزنىڭ ئىدارىگە بېرىپ ماڭا بىرنېمىلەرنى دەپ ئىشارەت قىلدى، — دېدى شەرىپە، — لېكىن گاچىنىڭ تىلىنى نەدىن بىلەي؟ ئۇ ئاخىرى بولماي ئالدىمىدىكى قەغەز-قەلەمنى ئېلىپلا «تازا دۆت بىرنېمىكەنسەن، ئاتاڭ ئاغرىپ قالغان تۇرسا بۇ يەردە غېمىڭدە يوق ئولتۇرۇپسەن» دەپ

يېزىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

— ۋۇي، بۇ گاچىنىڭ خېلى دىتى باركەن جۇمۇ، — دېدى سۇلايمان كۈلۈپ تۇرۇپ. باياتىن ئىچكەن دورىنىڭ تەسىرىمۇ ياكى شەرىپە قايتىپ كەلگەچكىمۇ، سۇلايمانغا خېلىلا جان كىرىپ قالغانىدى. شەرىپە ساپادا ئولتۇرغان سۇلايماننىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ ئالىقىنىنى ئۇنىڭ پېشانىسىگە قويدى.

— قىزىتماڭ يوققۇ، — دېدى شەرىپە، — قانداق بىئارام بولۇۋاتىسەن، ئاتا؟

سۇلايمان شەرىپەنىڭ قولىنى ئىتتىرىۋەتتى.

— مەن ئاغرىپ قالمىدىم دېدىمغۇ، — دېدى سۇلايمان شەرىپەدىن نارازى بولغاندەك، — ئەتىگەن دورا ئىچتىم، پۈركۈيدىغان دورىنىمۇ پۈركۈدۈم، مانا ساپساق تۇرمامدىمەن؟ ئادەمنى دەككە-دۈككە قىلماي دېگىنە، مەردانچۇ؟

شەرىپە ساپادىن ئاستا تۇرۇپ شىرەنىڭ ئۈستىدە تۇرغان گېزىت-ژۇرناللارنى نېرىغا سۈرۈپ قويدى.

— ئىككى كۈندىن بېرى ئۇنى ئىزدەپ بارمىغان يېرىم قالمىدى، — دېدى شەرىپە، — بۈگۈن ئەتىگەن ئۇنىڭ بىر ساۋاقدىشى تېلېفون قىپتۇ، مەردان ئىككى ساۋاقدىشى بىلەن بىللە چىقىپ كېتىپتىكەن، هازىر ۋوگزالدا مەدىكارلىق قىلىۋېتىپتۇ، مەن شۇ يەرگە ماڭغانىدىم...

شەرىپەنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلىغان سۇلايماننىڭ چىرايى شۇ هامان قارىداپ، يۈرەكلىرى ئىتتىك سالغىلى تۇردى.

— يەنە نېمىگە قاراپ تۇرىسەن ئەمىسە؟ — دېدى سۇلايمان شەرىپەگە چانىقىدىن چىقىپ كېتەيلا دەپ قالغان كۆزلىرىنى مىختەك تىكىپ تۇرۇپ، — هازىرلا ماڭغىن! هەي... بۇ بالىنىزە، ئادەمنى ئەجەبمۇ يۈرەكزادە قىلىۋەتتىغۇ، مەكتىپىدە ئوقۇماي ۋوگزالدا مەدىكارلىق قىلغىنى نېمىسى ئەمدى؟!

شەرىپە ئاتىسىغا قاراپ قويۇپ باشقا گەپ قىلماي ئاشخانىغا قاراپ مېڭىۋىدى، سۇلايمان ئۇنىڭ ئالدىنى توستى:

— بۈگۈن ماڭا تامىقىڭنىڭ لازىمى يوق، ماڭ، ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا ۋوگزالغا بارغىن!

لېكىن، شەرىپە ئۇنىماي تۇرۇۋالدى.

— مىجەزىڭ يوقكەن، ئاتا، — دېدى شەرىپە، — ساڭا ئازراق تاماق ئېتىپ بېرەي، بىر تەخسە گۆش بولسىمۇ قورۇپ بېرەي، ماقۇل دېگىنە!

ئەمما، سۇلايمان شەرىپەگە قاپىقىنى تۈرۈپ تۇرۇپ ۋارقىرىدى:

— ياق دېدىمغۇ، ماڭ! مېنى خاتىرجەم بولسۇن دېسەڭ، بالاڭغا ئوبدان قارا!

شەرىپە ئاتىسىنىڭ بۇ گەپلىرىدىن چۈشىنىپ يەۋالغانىدەكلا بولۇپ قالدى.

— بالاڭنىمۇ باشقۇر، ئۆزۈڭنى بىلىشنىمۇ ئۆگىنىپ قوي بولامدۇ؟ — دېدى سۇلايمان لام-جىم دېمەي تۇرغان شەرىپەگە قاراپ.

ئاتىسىنىڭ قايسى كۈندىكى ئىشنى ئەگىتىپ تەرگەۋاتقانلىقى شەرىپەگە ئايان ئىدى. ئۇ ئاتىسىغا بىرنېمە دېمەكچى بولۇپ ئېغىزىنى ئۆمەللەپ تۇرۇشىغا سۇلايمان ئۇنىڭ غولىدىن ئىتتىردى:

— ماڭ، ھازىرلا چىق! مەردانىنى تېپىپ كەلمىسەڭ بۇ ئۆيگە كىرگۈچى بولما!

## 8

«پاختىدا چوغ ساقلىغىلى بولماپتۇ» دېگەندەك، مەردانىنىڭ ساۋاقدىشىغا پىچاق سېلىۋەتكەنلىكى پۈتكۈل

مەكتەپكە پۈر كەتتى. مەكتەپ رەھبەرلىرى باشقىلارغا ئىبرەت قىلىش ئۈچۈن مەردانغا چارە كۆرۈپ، بۇ ھەقتە مەكتەپ بويىچە ئۇقتۇرۇش چىقاردى. لېكىن، مەكتەپ رەھبەرلىرى مەردانىنىڭ بۇ يىل ئوقۇش پۈتتۈرىدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ ئىشنى ساقچىخانىغا مەلۇم قىلمىدى. ھېلىقى بالىنىڭ ئاتا-ئانىسىمۇ شەرىپە تۆلىگەن ئون مىڭ يۈەن پۇل بىلەن بالىسىنى داۋالىتىۋالغاندىن كېيىن نېرى-بېرى گەپ قىلمىدى.

ئەمما، مەردان ئاسمانغا پىچاق ئاتىدىغانلاردىن بولغىنى بىلەن، يۈز-ئابرۇي دېسە جېنىنى بېرەتتى. شۇڭا، ئۇ بۇ سەتچىلىكنى مەكتەپتىكىلەر ئۇقۇپ كەتكەندىن كېيىن نومۇستىن يەرگە كىرىپ كېتەيلا دەپ قالدى. ئۇ يوتقانغا بېشىنى پۈركەپ توپتوغرا ئۈچ كۈن ياتتى، بۇ جەرياندا ئۇ بوسۇغا ئاتلاپ تالاغىمۇ چىقمىدى، ئاش-تاماقتىنمۇ قالدى.

ھەرقانداق ئىشنىڭ بىر سەۋەبى بولىدۇ-دە! شەرىپە ئىشنىڭ ئۇجۇر-بۇجۇرىنى ئۇقالماي تىتىلداپ كېتىۋاتاتتى. مەردانىنىڭ ئۇ بالىغا پىچاق سېلىۋېتىشىگە زادى نېمە سەۋەب بولغاندۇ؟ مەردان «ئۇ گۇينىڭ گېپى جېنىمدىن ئۆتۈپ كەتتى، شۇڭا ئاچچىقىمغا چىدىماي پىچاق تىقىۋېتىپتىمەن» دەپلا تۇرۇۋالدى.

مەردانىنىڭ ئاغزىدىن گەپ ئالالمىغان شەرىپە كوچىلاپ سوراۋېرىشتىن يالتايدى، لېكىن بۇ ئىشنى ئويلىسىلا ئۆزىنى قويىدىغانغا يەر تاپالماي كېتەتتى. «ئۇ بالا چوقۇم مەردانىنىڭ يېغىرىغا تەگكەن گەپ، بولمىسا مەردان خەققە پىچاق كۆتۈرۈپ يۈرەمتى! ياكى مەردانىنىڭ ئېغىزغا ئالغىلى بولمىغۇدەك بىرەر سەتچىلىكى بارمۇ-يە؟» شەرىپە ئىشنىڭ تېگىگە يېتەلمەي قىينىلىپ كېتىۋاتاتتى. شەرىپەنىڭ ئېرى ئۆيدە يوق ئىدى، قىزى ئىچكىرىدىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان بولغاچقا بىر يىلدا بىر قېتىم كېلەتتى. شۇڭا

ئۇنىڭ ئۆيىدىكى بىردىنبىر ھەمراھى مەردان ئىدى. مانا ئەمدى مەردان ئىش تېرىپ قويۇپ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىۋىدى، ئۆي ئىچىمۇ خۇددى گۆرىستاندەك جىمپىلا كەتتى.

مەردان كەچلىك غىزاسىنى يەپ بولۇپ قاچىسىنى داستىخانغا قويۇپلا گەپمۇ قىلماي ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى. شەرىپە قاچا-قۇچىلارنى يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ، مەردان ياتىدىغان ھۇجرىنىڭ بوسۇغىسىغا كەلدى-دە، ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن ئۆيىنىڭ ئىچىگە سەپسالدى. مەردان كارىۋىتىدا يانپاشلاپ يېتىپ ئۈستەل چىرىغىنىڭ يورۇقىدا پۈتۈن دىققىتى بىلەن كىتاب ئوقۇۋاتاتتى. شەرىپە بۇنى كۆرۈپ ھەيران قالدى، چۈنكى ئۆگىنىشكە ئانچە قىلىپ كەتمەيدىغان مەردان ئادەتتە ئۆيدە تاپشۇرۇقنىڭ ھۆددىسىدىن ئاران چىقاتتى، تاپشۇرۇقلىرىنى ئىشلەپ بولۇپلا تورغا چىقىپ ئويۇن ئوينايتتى ياكى گىتار چالاتتى، ياكى بولمىسا تېلېۋىزور كۆرەتتى؛ شەرىپە ئوغلىنىڭ ئۈستەل چىرىغىنىڭ يورۇقىدا كىتاب ئوقۇپ ئولتۇرغانلىقىنى مۇشۇ كەمگىچە كۆرۈپ باقمىغانىدى. شەرىپە مەردانىنىڭ نېمە كىتاب ئوقۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ باقماقچى بولۇۋىدى، مەردان ئاپىسىنىڭ كىرگەنلىكىنى كۆرۈپلا قولىدىكى كىتابنى ھاپىلا-شاپىلا ئارقىسىغا تىقىۋالدى. بۇنى كۆرگەن شەرىپەنىڭ كاللىسىغا كەچمىگەن ئويلار كەچتى. ئۇ ئىتتىك بېرىپ مەردانىنىڭ قولىدىكى كىتابنى ئالماقچى بولدى، لېكىن مەردان ئۇنى بېشىدىن ئېگىز تۇتۇۋالدى. ئۇ ئاپىسىدىن نەق يىگىرمە سانتىمېتىر ئېگىز تۇرسا، شەرىپە ئۇنى قانداقمۇ ئالالىسۇن؟!

—ئاپا، سەن كۆرسەڭ بولمايدۇ، —دېدى مەردان ئارقىسىغا داجىپ، —مەنمۇ ئون سەككىز ياشقا كىرىپ قالدىم، چوڭ ئادەم بولدۇم، مېنىڭمۇ ئۆزۈمگە تۇشلۇق شەخسىيىتىم بولمامدۇ؟! —ئاڭلىماققا ئۇنىڭ گەپلىرى

ناھايىتى ئورۇنلۇق ئىدى.

— بوپتۇ، — دېدى ئوغلىنىڭ قولىدىن كىتابنى ئالالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن شەرىپە، — كۆرمىسەم كۆرمەي، بىراق قالايمىقان نەرسىلەرنى ئوقۇساڭ بولمايدۇ جۇمۇ!

— خۇدا ھەققى، ئۇنداق نەرسە ئەمەس، — دېدى مەردان گەپنى كېسىپلا.

ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن مەردان ئاخىرى مەكتەپكە باردى. ئۇ مېڭىش ئالدىدا ھۇجرىسىنىڭ ئىشىكىنى قۇلۇپلاپ، ئاچقۇچنى يانچۇقىغا سېلىۋالدى. مەردان مەكتەپكە كەتكەندىن كېيىن شەرىپە تېلېۋىزور ئىشكاپىدىن بىر باغلام ئاچقۇچنى ئېلىپ، شۇنىڭ ئىچىدىن مەردانىنىڭ ھۇجرىسىنىڭ ئاچقۇچىنى مىڭ تەستە تېپىپ مەردانىنىڭ ھۇجرىسىغا كىردى ۋە ئورۇن-كۆرپىنىڭ قات-قېتى، تومپۇچكىنىڭ ئىچى، كىتاب ئىشكاپى... ئىشقىلىپ، ھەممىلا يەرنى قالدۇرماي ئاختۇرۇپ چىقتى، لېكىن ھېلىقى كىتاپ تېپىلمىدى. ئۇ مەردانىنىڭ كىيىم ئىشكاپىنىمۇ بۇلۇڭ-بۇلۇڭلىرىغىچە ئاختۇرۇپ باقتى، ئۇ يەردىمۇ يوق ئىدى. «ئەكەتكەن ئوخشايدۇ-دە؟» دەپ ئويلىدى شەرىپە. ھېلىقى كىتابنى تاپالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن شەرىپە ئارقىسىغا يېنىپ چىقىپ كەتمەكچى بولدى، لېكىن بوسۇغىغا بېرىپ بولۇپ يەنە قايتىپ كەلدى ۋە ئىشكاپتىكى كىتابلارنى بىر-بىرلەپ ئاختۇرغىلى تۇردى.

كىتابلارنىڭ ئارىسىدا «ئىسلام دۇنياسى» دېگەن كىتابتىن بىرى تۇراتتى. ئوغلىنىڭ كىتاب ئىشكاپىدا تويۇقسىزلا ئىسلامغا ئائىت كىتابنىڭ پەيدا بولۇپ قالغانلىقىغا خۇشال بولغان شەرىپە ئۇ كىتابنى كۆرۈپ باقماقچى بولۇپ قولىغا ئېلىۋىدى، كىتابنىڭ مۇقاۋىسى ئاجراپلا يەرگە چۈشتى. ئەسلىدە ئۇ باشقا كىتاب ئەمەس، تېشىغا «ئىسلام دۇنياسى» دېگەن كىتابنىڭ

مۇقاۋىسى قاپلاپ قويۇلغان «ئىنجىل» ئىدى. «ئىنجىل» گەرچە خرىستىئان مۇخلىسلىرىنىڭ بىباھا گۆھىرى بولسىمۇ، لېكىن بىر مۇسۇلمان بالىسىنىڭ ئۆيىدىن «ئىنجىل»نىڭ چىقىشى ئادەمنى ھەقىقەتەن ئەجەبلەندۈرەتتى.

«مەردان نېمىشقا ‹ئىنجىل› نى ساقلايدۇ؟ ئۇ ‹ئىنجىل› نى قىزىقىپ ئوقۇپ باقاي دېگەنمۇ-يا؟ ئۇنداق بولسا نېمىشقا باشقا بىرى كۆرۈپ قالمىسۇن، دېگەندەك ئۇنى يالغان مۇقاۋىغا ئوراپ تىقىپ قويىدۇ؟ ئۇنىڭ ھېلىقى كۆڭنى ئوقۇۋاتقىنى ‹ئىنجىل› بولمىسۇن يەنە؟ شۇ كۆڭنى مەردانىنىڭ قولىدىكىسى راستتىنلا ‹ئىنجىل› بولسا، ئۇ زادى نېمىشقا ‹ئىنجىل› نى ئوقۇيدۇ؟ نېمىشقا مېنى كۆرۈپلا ھودۇقۇپ ئارقىسىغا تىقىۋالىدۇ؟ ئۇنداقتا، مەردان...؟!»

كاللىسىغا كەچكەن خىياللاردىن شەرىپە قورقۇنچ ئىچىدە جالاقلاپ تىترەپ كەتتى. ئۇ ئويلايتتى: «ئىككى مۇسۇلماننىڭ پۇشتىدىن بولغان ئۇيغۇر بالىسى ئەبەدىلئەبەد ئۆز ئىمانى بىلەن يۇرۇشى كېرەك، ئىسلامدىن ئۆزگە دىننى تاللاش ئۇنىڭ ئۈچۈن نومۇس! ناۋادا كىمىكى ئىسلامدىن كېچىپ، يات دىنغا كىرسە ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكىلەر ئۇنى ‹ئىمانسىز› دەپ قاراپ ئارىغا ئالمايدۇ، يېتىم قويىدۇ. شۇڭلاشقا شۇنچە زامانلاردىن بېرى ‹پالانى ئۇيغۇر ئىسلام دىنىنى تاشلاپ باشقا دىنغا كىرىپتۇ› دېگەننى ھېچكىم ئاڭلاپ باقمىغان. دېمەك، ئۇيغۇر ئۈچۈن ئېيتقاندا، پانىي ئالەمگە ئىمانى بىلەن كەلگەنىكەن، باقىي ئالەمگىمۇ ئىمانى بىلەن كېتىش قىل سىغمايدىغان ھەقىقەت، ئەلۋەتتە».

شەرىپە بىر دوستىدىن «بىرنەچچە ئوقۇغۇچى ‹رېفلېكسىيە ئانسامبىلى› دەيدىغان بىر مۇزىكا ئەترىتى قۇرۇپتۇدەك، ئۇلار ھەممىسى خرىستىئان دىنىغا كىرىپتۇمىش» دېگەن گەپلەرنى ئاڭلىغانىدى. لېكىن، ئۇ چاغدا شەرىپە ئۇنى «ئەپقاچتى

گەپلەر» بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭغا ئانچە ئېرەنشىپ كەتمىگەنىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە شەرىپەنىڭ نەزىرىدە ئۇنداق ئىشلار باشقىلارنىڭ ئائىلىسىدە كۆرۈلىدىغان، ئۆز ئائىلىسىگە ئەبەدىي يات قىلىقلاردىن ئىدى. مانا ئەمدى ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ ھۇجرىسىدىن يات دىنىدىكىلەرنىڭ كىتابى چىقىۋاتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن شەرىپەنىڭ كۆڭلىگە يەتمىگەن ئىشلار يەتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن، شەرىپە مەردانىنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشىنى قاتتىق كۆزىتىشكە باشلىدى. دىمىسىمۇ، ئۇ ئوغلىنىڭ ئۆزگىرىپ قېلىۋاتقانلىقىنى سەزدى. ئەدناسى، مەردان ئىلگىرى ھەر قېتىملىق غىزادىن كېيىن داستىخاندىن دۇئا قىلماي قوپمايتتى، مانا ھازىر ئۇنى-بۇنى باھانە قىلىپ، داستىخاندىن دۇئا قىلمايلا قوپۇپ كېتىدىغان بولۇپ قالدى.

بىر يەكشەنبە ئەتىگەنلىكى مەردان ناشتىدىن كېيىنلا «بىر دوستۇم بىلەن كۆرۈشىمەن» دەپ تالاغا ماڭدى. ئۇنىڭ قولىدا ئاتىسى بەرگەن كونا سومكا بار ئىدى. شەرىپەمۇ تۇيدۇرماستىن ئۇنىڭ ئىزىغا چۈشتى. مەردان دېگەندەكلا ئۇلارنىڭ ئۆيىگە يېقىن يەردىكى بىر چېركاۋنىڭ يېنىغا بارغاندىن كېيىن ئىككى يېنىغا قاراپ قويۇپ چېركاۋغا «غىپپىدە» كىرىپ كەتتى.

«ئاھ، خۇدا! مەردان خىرىستىئان دىنىغا كىرىپتۇ!» شەرىپە تۇرغان ئورنىدا ۋارقىرىۋەتكىلى تاس-تاماس قالدى. ئۇ ئاجايىپ كۈچلۈك ۋەھىمە ئىچىدە تىترەپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئۆيىگە بەكمۇ تەستە قايتىپ كەلدى.

«ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى مۇمكىنمۇ؟ بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟ باشقىلار ئۇقۇپ قالسا قانداق قىلغۇلۇق؟ ئۇلار مېنى نېمە دەيدۇ؟ ئەمدى قانداق قىلسام بولار؟...» شەرىپە بۇلارنى ئويلىغانسېرى قورقۇپ، ئۆزىنى قويغىلى يەر تاپالماي

قېلىۋاتاتتى. ئۇ ئۆزىنى بىسىۋالماقچى بولۇپ ساپاغا زورىغا ئولتۇرۇپمۇ باقتى. لېكىن، ئوغلىنىڭ چېركاۋغا ئالاقىدارلىق بىلەن كىرىپ كېتىۋاتقان قىياپىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرسىلا ئەلەم ئىچىدە پۇچۇلىناتتى: «ياق، مەن چېركاۋغا كىرىپ ئۇنى قايتۇرۇپ چىقمىسام بولمايدۇ!»

شەرىپە دەس ئورنىدىن تۇرۇپ تالاغا قاراپ ماڭدى، چېركاۋنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا بېرىپ بولۇپ ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدى.

— ئۇ خەقنىڭ ئىبادەتخانىسىغا ئۇسۇپلا كىرسەم ئۇلار مېنى قوغلاپ چىقارسا قانداق قىلىمەن؟ ھەي، بولدىلا... مەردان ئۆيگە بارغاندىن كېيىن سوراپ باقاي...!

ئۇ ئۆيگە قايتىپ بېرىپ بىرھازادىن كېيىن مەردانمۇ قايتىپ كەلدى. شەرىپە دەس ئورنىدىن تۇردى ۋە مەرداندىن بۇنىڭ زادى نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى ۋارقىراپ تۇرۇپ سورىدى.

— ھە، — دېدى مەردان ناھايىتى تەمكىنلىك بىلەن، — خرىستىئان دىنىغا كىردىم!

— نېمە؟ تەپ تارتماستىن «خرىستىئان دىنىغا كىردىم» دەۋاتىسىنا! — شەرىپە ئوغلىغا غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى.

ئاجايىپ بىر ئاچچىق تۇيغۇ شەرىپەنىڭ ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سالماقتا ئىدى، ئۇنىڭ پۇت-قولىغا تىترەك ئولىششقا باشلىدى. شەرىپەنىڭ كىچىك چاغلىرىدىن باشلاپلا قەھرى-غەزەپكە كېلىپ پۇت-قولىنى تىترەك باسقان ھامان كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەي قالىدىغان ئادىتى بار ئىدى. ئۆيدىكىلەرنىڭ ئۇنى «شور تۇمشۇق» دەپ ئاتىشىدىكى سەۋەبمۇ دەل شۇنىڭدىن ئىدى. ئايال كىشىگە بۇنداق مىجەزنىڭ ياراشمايدىغانلىقىنى شەرىپە ئۆزىمۇ ئوبدان بىلگەچكە مىجەزىنى ئۆزگەرتىشكە تىرىشىپمۇ باقتى، لېكىن سۆت بىلەن كىرگەن مىجەز جان بىلەن چىقىدۇ-دە! دېمەك،

شەرىپە ھەر قېتىم بىرەر ئىشقا قاتتىق چېچىلغان چاغلىرىدا ۋارقىراپ-جارقىراپ ئالەمنى مالەم قىلىۋالمىسا ھەرگىز ئاچچىقى بېسىلمايتتى.

شەرىپە شۇ تاپتا ئون سەككىز ياشلارغا كىرىپ قالغان ئوغلىنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى زورىغا بېسىپ تۇرۇۋاتاتتى، ناۋادا شۇنداق قىلمىسا ئىش يامىنىغا ئايلىنىپ كېتەتتى. لېكىن، ئۇ ئوغلىنىڭ پەرۋايى پەلەك تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قۇيقا چاچلىرى تىك تۇرۇپ كەتتى. شەرىپە ئاشخانىغا ئەكىرىۋېتىش ئۈچۈن ئېلىپ ماڭغان چىنىنى تويۇقسىزلا يەرگە قارىتىپ ئاتتى، چىنىدىكى چاي تامغا چاچراپ، ئاپئاق تامنى سارغۇچ داغ قىلىپ قويدى.

— ئاپا، كىچىك بالىدەكلا قىلىقىڭ بار-دە! — دېدى ئاپىسىنىڭ بۇ قىلىقىنى ئۇنىڭ ئاغزىنى ئېتىشنىڭ ئوبدان دەستىكى دەپ بىلگەن مەردان، — نېمىشقا ھە دېسىلا بىر نەرسىلەرنى ئۇرۇپ-چاقىسەن؟ — مەردان گىلەمنىڭ ئۈستىدىكى چىنىنىڭ سۇنۇقىنى غەزەپ بىلەن تەپتى ۋە ھۇجرىسىغا ئېتىلىپ كىرىپ ئىشىكنى «گۈپپىدە» يېپىۋالدى. نېمە قىلارىنى بىلەلمەي تىترەت كېتىۋاتقان شەرىپەنىڭ سەۋر قاچىسى توشقانىدى. ئۇ ئوغلىنىڭ ھۇجرىسىغا ئېتىلىپ كىردى ۋە:

— دەپباقە، مەن سېنىڭ ئاپاڭمۇ نېمە؟ — دېدى مەردانغا چانىقىدىن چىقىپ كېتەيلا دەپ قالغان كۆزلىرىنى مىختەك تىكىپ تۇرۇپ، — بىرەر پىيالىنى چېقىۋەتكىنىمگە نېمە بولاتتى-ھە؟ سەن مېنى خاپا قىلمىغان بولساڭ بىكاردىن-بىكارغا چېچىلغىلى ساراڭمۇ مەن؟ مېنى زادى نېمە قىل دەيسەن-ھە... سەن تېخى...! — شەرىپە گېپىنىڭ ئايغىنى چىقىرالماي «ھۇ» تارتىپ يىغلاپ كەتتى.

ئاپىسىنىڭ ئەلەملىك يىغىسىغا چىداپ تۇرالمىغان مەردان

شەرىپەنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنىڭ قوللىرىغا ئېسىلدى:
— ئاپا، مېنى ئۇرە، قانغۇچە ئۇرۇۋال! ئاچچىقىڭ چىقىدىغانلا ئىش بولسا نېمە قىلساڭ مەيلى!

شەرىپە يىغىدىن توختىدى. ئۇ ئوغلىنىڭ بۇ گەپلىرىگە ئىچىدە خۇشال بولۇۋاتاتتى. لېكىن، تۇرۇپلا ئۆزىنىڭ بايىقى يەڭگىلتەكلىكىگە ئوغلىنىڭ ئالدىدا نومۇس قىلىۋاتاتتى.

بىراق، ئۇ يەنىلا ئانىدە! بالىنىڭ ئالدىدا ئانىلىق سۈپىتىنى ساقلىمىسا قانداق بولىدۇ! شەرىپە قاپاقلىرىنى زورىغا تۈرگىنىچە مەردانىنىڭ ھۇجرىسىدىن چىقىپ مېھمانخانىدىكى ساپاغا كېلىپ ئولتۇردى، ئارقىدىن مەردانمۇ چىقتى. شەرىپە ئوغلىنى يېنىدا ئولتۇرۇشقا ئىشارەت قىلدى.

— دېگىنە، بالام، قانداقلارچە بۇ ئويغا كېلىپ قالدىڭ؟ — دەپ سورىدى شەرىپە مۇلايىملىق بىلەن.

— مەن «رېفلېكسىيە ئانسامبلى»غا كىرىپ مۇزىكا ئۆگىنەي دېگەنىدىم، ئۇ ئانسامبلدىكى مۇزىكا چالىدىغان باللارنىڭ ھەممىسى چېركاۋغا كىرىدىكەن، شۇڭا...

— ھەي، مېڭىسىنى قاغا چوقۇۋالغان دۆت! خەق پوق يە دېسە يەمتىڭ؟ ئىمانىغا ئاسىيلىق قىلغانلارنىڭ قانداق ئاقىۋەتكە قالىدىغانلىقىنى بىلەمسەم؟

— بىلىمەن... بىراق شۇ... بۇنداق بولارنى ئويلىماپتىمەن.

— ئەلۋەتتە ئويلىشىڭ، بىلىشىڭ كېرەك ئىدى!

شەرىپە تۇيۇقسىزلا بىر ئىشنى ئويلاپ قالدى.

— ھە، راست، دېگىنە! ئۆتكەندە سەن ھېلىقى بالا بىلەن مۇشۇ سەۋەبتىن ئۇرۇشۇپ قالغانمۇ قانداق؟

— ئاپا، يەنە شۇ گەپنى تەرگەپ قويتۇڭغۇ؟

— ئەلۋەتتە تەرگەيمەن، ئاشۇ ئىش سەۋەبىدىن مەكتەپ ساڭا چارە كۆردى، ئۇنى ئاز دەپ مەن ئون مىڭ يۈەن پۇل

تۆلىدىم، بىلەمسەن، ئۇ دېگەن مېنىڭ ئاز كەم بىر يىللىق مائاشىم!

— شۇنداق، ئاپا، مۇشۇ ئىش سەۋەبىدىن ئۇرۇشۇپ قالغان، — دېدى مەردان بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن.

— شۇنداقمۇ؟ قېنى، ئۇجۇر-بۇجۇرىغىچە دەپباققىنە!

مەردان بولغان ئىشنى شەرىپەگە يېپىدىن-يىڭنىسىغىچە سۆزلەپ بەردى.

شۇ كۈنى چۈشلۈكى مەردان مەكتەپنىڭ يېنىدىكى ئاشخانىغا تاماققا كىردى، لېكىن ئاشخانىدا ئولتۇرغۇدەك ئورۇنمۇ قالمىغانىدى. قورساقنى ئانچە-مۇنچە كوملاپلا سىنىپقا كىرىپ كېتىشكە ئالدىرىغان مەردان يول ياقىسىدىكى دۇكاندىن كالا گۆشى كولباسادىن ئىككى كېسىم ئېلىپ، ئۇنى نان بىلەن يېگەچ مەكتەپ دەرۋازىسى تەرەپكە كېتىپ باراتتى. ئاڭغىچە ئۇدۇل تەرەپتىن چىقىپ كەلگەن بىر بالا ئۇنى قىچقاردى. مەردان ھېلىقى بالىنى تەستە تونۇدى. ئۇ ئىككى يىل ئىلگىرى ئوغرىلىق قىلىپ ئىككى ئاي دەرس قالدۇرغانلىقى ئۈچۈن مەكتەپتىن قوغلىۋېتىلگەن قاسىم ئىدى. مەردان بۇ مەكتەپتىكى شوخ باللاردىن ھېسابلانسىمۇ، لېكىن قاسىمغا ئوخشىمايتتى. مەردان قولىدىكى كولباسادىن چىشلىگەچ قاسىم بىلەن ئەدەپ يۈزىسىدىن ئاغزىنىڭ ئۇچىدىلا تىنچلىق سورىشىپ قويۇپ كىرىپ كەتمەكچى بولدى. لېكىن، مەردانىنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسى قاسىمنىڭ جېنىغا تەگدى. قاسىم «رېفلېكسىيە ئانسامبىلى» دىكىلەرنىڭ ئىشىنى ۋە مەردانىنىڭ چېركاۋغا كىرىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغانىدى. شۇڭا، ئۇ شۇنى دەستەك قىلىپ تۇرۇپ مەردانىنىڭ يېغىرىنى ئاچماقچى بولدى.

— ھەي، گۇي! ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتە-ئۆتمەي ئەجەب

تونۇماس بوپكېتىپسىنا؟!

مەردان گەپ قىلمىدى. ئۇنىڭ قورسىقى ئېچىپ، ئۈچەيلىرى تارتىشىپ كېتىۋاتاتتى. شۇڭا ئۇ قولىدىكى كولباسادىن يەنە بىر چىشلەم چىشلىدى. بۇنى كۆرگەن قاسىم دىمىغىدا كۈلگىنىچە ئۇدۇل كېلىپلا مەردانىنىڭ قولىدىكى كولباسانى تارتىۋالدى.

— «مەردان خىرىستىئان دىنىغا كىرىپ كاپىر بولۇپ كېتىپتۇ» دېگەن گەپكە ئىشەنمەپتىكەنمەن، — دېدى قاسىم مەردانغا قاراپ سوغۇق كۈلگىنىچە، — راستىكەن ئەمەسمۇ، — قاسىم قولىدىكى كولباساغا يىرگىنىچ بىلەن قاراپ قويدى، — پاھ، تەپ تارتماستىن كولباسا يەيدىغان بولۇپ كېتىپسەن-ھە! دېسەم-دېمىسەم توڭگۇز گۆشىغۇ دەيمەن؟! — قاسىم قولىدىكى كولباسانى يەرگە قارىتىپ ئاتتى. مەردان ئارانلا ئىككى چىشلەم يېگەن كولباسا توپىغا مىلىنىپلا كەتتى. بۇ مەردانىنىڭ چۈشلۈك غىزاسى ئىدى. قاسىمنىڭ بۇ يولسىزلىقىغا چىدىمىغان مەردان بولسا قاسىمغا قاراپ ئېتىلدى. ھەش-پەش دېگۈچە مەردان بىلەن قاسىم يەردە پوملاقلىشىپ كەتتى، لېكىن مەردان قاسىمغا تەڭ كېلەلمەيتتى. قاسىم ھېچقانچە كۈچىمەيلا مەردانىنى بېسىۋالدى. يەرگە «گۈپ» قىلىپ يىقىلغان مەردانىنىڭ بېشى تاشقا تېگىپ گويا يېرىلىپ كەتكەندەك ئاغرىغىلى تۇردى. ئۇ بېشىنىڭ تاشقا تەگكەن يېرىنى سىلاپ بېقىۋىدى، قولى قىپقىزىل قانغا بويىلىپ كەتتى. بۇنى كۆرگەن مەردانىنىڭ كۆزلىرىگە قان تولدى. ئۇ يانچۇقىدىكى قەلەمتىراچنى چىقىرىپ ئاچتى-دە، ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ، ئۆزىنى مازاق قىلىپ كۈلۈپ تۇرغان قاسىمغا «پوسسىدە» تىقىۋەتتى...

ئوغلىنىڭ بۇ ھېكايىسىنى ئاڭلىغان شەرىپەنىڭ مەردانغا ھەم ئىچى ئاغرىيتتى، ھەم ئاچچىقى كېلەتتى.

— ھەممىسى ئۆزۈڭنىڭ كاساپىتى! — دېدى شەرىپە مەردانغا مىختەك قادىلىپ تۇرۇپ.

## 9

سۇلايماننىڭ بالىلىرى جۈمە كۈنى كەچلىك غىزادا چوڭ ئۆيگە يەنە جەم بولدى. تاماق ئارىلىقىدا شەرىپە ئوغلىنىڭ ئىشنى باشقىلارغا دەپ بېقىپ بۇ باش قېتىنچىلىقىغا ئۇلاردىن ياردەم سوراپ باقماقچى بولدى، لېكىن تۇرۇپلا يەنە بۇ گەپنى تېشىپ قويسا ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ تۈگىمەس تاپا-تەنىسىگە قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. ئۇ بىرھازا دېلىغۇل بولۇپ تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن ئاخىر ئېغىز ئاچتى:

— سىلەرگە دەيدىغان گېپىم بار ئىدى، بىراق... بۇ گەپنى ئاڭلا-ئاڭلىمايلا ئانا-بالا ئىككىمىزنى ئەيىبلىگىلى تۇرساڭلار بولمايدۇ! — شەرىپە ئۆيدىكىلەرنىڭ چىرايىغا سۈرلۈك قارىدى. باشقىلارمۇ «زادى نېمە ئىش بولغاندۇ؟» دېگەندەك بىر-بىرىگە سوئاللىق قاراشتى. زۆھرە قولىدىكى چوكىنى شىرەگە قويۇپ شەرىپەگە ھەيرانلىق ئىچىدە تىكىلدى، لېكىن شەرىپە بىرھازاغىچە گەپ قىلماي جىم تۇرۇپ كەتتى.

— دېمەمسەن گېپىڭنى، بىر ئۆيلۈك ئادەمنى تىت-تىت قىلىپ قويۇپ بۇتتەك ئولتۇرماي! — دېدى پولات تاقەتسىزلىك بىلەن.

— مەردان خرىستىئان دىنىغا كىرىپتۇ! — دېدى شەرىپە گەپنى ئېچىپلا ۋە ئۆيدىكىلەرنىڭ چىرايىغا بىرمۇبىر سەپسالدى. لېكىن، ئۇلار شەرىپەنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى دېگەندەك چۈشەنمىدىمۇ، ئۇ ئويلىغاندەك ئۈنچىۋالا ھاڭ-تاڭ قېلىشمىدى. بۇنى كۆرگەن شەرىپە گېپىنى

داۋام قىلدى:
— «رېفلېكسىيە ئانسامبىلى»نىڭ ئىشىنى ئاڭلىغانسىلەر؟ ھەممەيلەن بېشىنى چايقىدى.
— مەردان ئاشۇ ئانسامبىلدا مۇزىكا ئۆگەنمەكچى بوپتىكەن، باشقىلارنى دوراپ خرىستىئان دىنىغا كىرىپتۇ.
— نېمە... خرىستىئان دىنى؟ — گۈليار ئەندىكىپ سورىدى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ھەش-پەش دېگۈچە ياش غىلدىرلىغىلى تۇردى، — ۋۇي، مۇسۇلمان بالىسى خرىستىئان دىنىغا كىرسە قانداق بولىدۇ؟ بۇنداق ئادەم ئىماندىن چىقىپ كاپىر بولۇپ كەتمەمدۇ؟!
— شۇ ئەمەسمۇ، — دېدى شەرىپە چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ، — ھەر-قانچە قىلسامۇ ئەقلىم يەتمىدى، مەن ئۇنىڭدىن كوچىلاپ سوراپ باقتىم، ئۇ ئانسامبىلدىكىلەرنىڭ ھەممىسى خرىستىئان دىنىغا كىرىپتىكەن، شۇڭا مەردانمۇ ئاشۇ باللارنى دوراپ باققان ئوخشايدۇ.
— «مەنپەئەتنىڭ ئۇۋۇقى پوققا چۈشۈپ كەتسە پۈۋلىمەي ئاغزىغا سېلىپتۇ» دېگەندەك تىرناقچىلىك ئىشنى دەپ ئېتىقادىدىن كېچىپ، ئىمانىدىن چىقىۋاتقانلار ئاز ئەمەس، ھەي... — دېدى پولات ھەسرەت بىلەن ئۇھ تارتىپ.
باياتىن بېرى باشقىلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سېلىپ لام-جىم دېمەي ئولتۇرغان زۆھرە تۇيۇقسىزلا ئېغىز ئاچتى:
— مېنىڭچە، بۇ ئالاقزادە بولۇپ كەتكۈدەكمۇ ئىش ئەمەس، ھەرقانداق ئىشنىڭ سەۋەبى بولىدۇ ئەمەسمۇ! ھازىر مۇسۇلمانلار دۇنياسىدا يۈز بېرىۋاتقان نۇرغۇن ئىشلار ياشلىرىمىزنى ئويغا سېلىپ قويدى، بۇنىڭ بىلەن ئۇلار يات مەدەنىيەتلەرنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىپ باقماقچى بولۇۋاتىدۇ. يەنە كېلىپ، سەككىز-ئون مىليون ئۇيغۇرنىڭ ئىچىدە تۆت-بەش بالا خرىستىئان دىنىغا كىرىپ باققانغا نېمە

بولاتتى! مېنىڭچە، بۇ بىر ھېسابتا ياخشى ئىشكەن، چۈنكى ھازىرقىدەك قاتمال ھالەتتىن زېرىككەن ياشلىرىمىز جاھانغا سەپسېلىپ بېقىشقا جۈرئەت قىپتۇ!

زۆھرەنىڭ بۇ گەپلىرىدىن ھەيرانۇھەس قالغان گۈليار كۆزلىرىنى جامدەك ئاچقىنىچە گويا يۈرىكى سوقۇشتىن توختاپ قالغاندەك تۇرۇپلا قالدى، چۈنكى ئۇنىڭ بۇنداق رېئاللىقنى قوبۇل قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

باياتىن بېرى باشقىلارنىڭ گەپلىرىگە پەرۋا قىلماي چېيىنى ئىچىپ ئولتۇرغان سۇلايمان گەپكە ئارىلاشتى:

— نېمانداق ئاغزىڭلارغا كەلگەننى بىلجىرلايسىلەر؟ — ئۇ بۇرۇلۇپ شەرىپەگە قارىدى، — مەردان قېنى؟ بىردەم تۇرۇپ كېلىدۇ، دەۋاتمامتىڭ؟ ھازىرغىچە قارىسى كۆرۈنمەيدىغۇ ئۇنىڭ؟

سۇلايماننىڭ گېپى تۈگىمەي تۇرۇپلا ئىشىك قوڭغۇرىقى جىرىڭلىدى. مەردان خۇددى بايىقى گەپلەرگە قۇلىقى قىزىغاندەك تۇيۇقسىزلا كىرىپ كەلدى. ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى تەرەپ-تەرەپتىن داستىخانغا چاقىرىشتى، لېكىن مەرداننىڭ چىرايى ناھايىتى سولغۇن ئىدى، قارىغاندا، ئۇ بىر ئىشقا تىتىلداپ تۇراتتى. ئۇ شەرىپەنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ قۇلىقىغا بىرنېمىلەرنى دېدى، ئارقىدىنلا ئانا-بالا ئىككىسى دەس ئورنىدىن تۇرۇپ ئىچكەركى ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ھايال ئۆتمەي ئىچكەركى ئۆيدىن ئانا-بالا ئىككىسىنىڭ ۋارقىراشقان ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

زۆھرە كىرىپ شەرىپەنى باشلاپ چىقتى. شەرىپە ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ يىغلاپ كېتىۋاتاتتى.

— قارىغىنا، ئاتا، ماۋۇ شۇمنىڭ تېرىغان بالاسىنى! — دېدى شەرىپە ئىسەدەپ تۇرۇپ، — ھېلىقى بالىنىڭ ئاتا-ئانىسى «يەنە بەش مىڭ يۈەن تۆلەيسىلەر» دەپتۇدەك. بۇ قاراپ

تۇرۇپ ئادەمنى بوزەك قىلغانلىق بولماي نېمە؟ ۋۇي، ئۇ خەق بالىسىنىڭ ئۆلۈكىنى سېتىپ، بىزنى شىلىپ يېمەكچىمىكىنە؟! — شەرىپە شىرەدىكى قەغەزنى ئېلىپ ياشلىرىنى سۈرتتى ۋە يانىدا ئۆرە تۇرغان مەردانغا قاراپ ۋارقىرىدى:
— ساڭا دەپ قوياي، مېنى قاق سەنەم قىلىپ بولدۇڭ، ئەمدى ساڭا بېرىدىغان پۇلۇم يوق!
— پۇل تۆلىمىسەك ئۇلار: «ساقچىغا دەيمىز، سوتقا ئەرز قىلىمىز!» دەيدۇ.
— ئەرز قىلسا قىلسۇن! — دېدى شەرىپە گەپنى كېسىپلا.
— بۈگۈن پۇلنى ئالغىنىم ئالغان! بولمىسا، ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ كۆزۈڭلاردىن يوقاپلا تۈگىشىمەن شۇ! ھېلىمۇ مەكتەپ بىر قېتىم چارە كۆردى، ئەمدى يەنە خەقنىڭ ئالدىدا سازايى بولۇپ يۈرگەندىن ئۆلگىنىم تۈزۈك! — دېدى مەردان ئاپىسىغا تەھدىت سالغاندەك.
— نېمە؟ سەن تېخى ئاپاڭغا گەپ ياندۇرغۇدەك بولۇپ كەتتىڭما؟ — باشقىلارنىڭ گېپىنى زەن قويۇپ ئاڭلاپ ئولتۇرغان سۇلايمان ئورنىدىن دەس تۇرۇپ مەردانىنىڭ يېنىغا كەلدى.
— دادا، مەن بىلەن كارىڭ بولمىسۇن! — دېدى مەردان سۇلايمانغا. مەردان كىچىك چېغىدىن باشلاپلا ئەركە ئۆسكەچكە ھېچكىمدىن ھېيىقمايتتى.
— نېمە دېدىڭ؟ ۋۇي، تېخى مېنىمۇ پوش دېمىگۈدەك يوغىناپ كەتتىڭما؟ خەقنىڭ بالىسىغا پىچاق سېلىۋەتكەننى ئاز دەپ، خىرىستىئان دىنىغا كىرىپسەن، دىنىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسەن سەن ئوسۇرۇق؟! سېنىڭ ھازىرقى ۋەزىيەڭ نېمە؟ نېمىشقا ئۆگىنىشىڭنى قىلماي يوقىلاڭ ئىشلارغا ئارىلىشىپ بالا تېرىپ يۈرىسەن؟ ھازىرغىچە ئاپاڭنىڭ بېشىنى ئوچاق

ئەتكىنىڭ ئازمۇ سېنىڭ؟ ئىسست، سېنى ئۇن نەچچە يىل باققىنىم! ــ سۇلايمان قايناپ سۆزلەپ كەتتى.

ــ ئەمىسە باقمىساڭ بولمامدۇ؟ كىم سېنى باقسۇن دەپتۇ؟ ــ مەردان سۇلايمانغا ھۆرپەيدى. مەرداننىڭ بۇ سۆزلىرى جېنىغا تەگكەن سۇلايماننىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ، قۇلاقلىرى ۋىڭىلداپ كەتتى. ئۇ مەرداننىڭ سول ياڭىقىغا كېلىشتۈرۈپ بىر شاپىلاق سېلىۋىدى، مەردان تەستەكىنىڭ زەربىسىدىن دەلدەڭشىپ كەتتى. ئۇ ئالىقانلىرى بىلەن يۈزىنى تۇتقىنىچە «ھۆ» تارتىپ يىغلىغىلى تۇردى:

ــ ھەممىڭلار مېنى بوزەك قىلىۋاتىسىلەر، ئانام بولغان بولسا مېنى ئۇنداق قىلغۇزمايتتى... ئانا... سەن نەدە جېنىم ئانا؟ ــ مەردان ئارقىسىغا بۇرۇلۇپلا تالاغا ئۆزىنى ئاتتى. پولات ئۇنى تۇتۇۋالماقچى بولۇپ يۈگۈرۈۋىدى، سۇلايمان ئۇنىڭ ئالدىنى توستى:

ــ قويۇپ بەر، نەگە بارسا بارسۇن! ــ دېدى سۇلايمان ۋە بۇرۇلۇپ شەرىپەگە قارىدى، ــ سەن ھېلىقى بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بىلەن ئۇقۇشۇپ باق، راستتىنلا پۇلغا ھاجىتى چۈشكەن بولسا بەش مىڭ يۈەننى مەن بېرەي، دەرھال ئاپىرىپ بەر!

لېكىن، ئويلىمىغان يەردىن شەرىپە ئاتىسىغا غەزەپلىك كۆزلىرىنى تىكتى:

ــ ئاتا، مەرداننى نېمىشقا ئۇرىسەن؟ ۋۇي، مەن چېغىمدا تاك ئېتىپ چەكمىگەن تۇرسام!

شەرىپەنىڭ بۇ گەپلىرى سۇلايماننى تەمتىرىتىپ قويدى، ئۇ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي ئورنىدا قاققان قوزۇقتەك بىرھازا داڭ قېتىپ تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن ئاستا ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ھۇجرىسىغا كىرىپ ئىشىكنى «گۈپپىدە» ياپتى.

قالغانلار تەرەپ ـ تەرەپتىن شەرىپەنى ئەيىبلىگىلى تۇردى.

ئاچچىقتىن يېرىلىپ كېتەيلا دەپ قېلىۋاتقان شەرىپە:

— خەپ! بۇ ئۆينىڭ بوسۇغىسىغا ئىككىنچىلەپ دەسسەيدىغان بولسام...! — دېدى-دە، ئالدى-ئارقىسىغا قارىماي چىقىپ كەتتى.

شۇنداق قىلىپ مەردان راستتىنلا ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. ئۆيدىكىلەر دەسلەپتە مەردانىنىڭ گېپىگە ئانچە ئېرەنشىپ كەتمىگەنىدى. بىرنەچچە كۈنگىچە قارىسى بولمىغاندىن كېيىن ھەممەيلەن پۈتى كۆيگەن توخۇدەك تېپىرلىشىپ كەتتى. شەرىپە ئاتىسىغا تېلېفون قىلىپ: «سەن بىر شاپىلاق ئۇرمىغان بولساڭ مەردان ئۆيدىن چىقىپ كەتمەيتتى!» دېگەن گەپلەرنى قىلىۋىدى، سۇلايمان ئۇنى: «بالاڭنى ئەركە ئۆگىتىپ قويۇپ، بالا-قازا تېرىغان ئۆزۈڭ!» دەپ ئەيىبلەپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ ئاتا-بالا ئىككىسىنىڭ ئارىسىغا يەنە يېرىكچىلىك چۈشۈپ قالدى. سۇلايمان شەرىپەنى ئاغزىدا ئەيىبلىگىنى بىلەن ئاچچىقىدا ئۆزىنىڭ قىلغانلىرىغا پۇشايمان قىلىپ ئۆرتىنىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە نەۋرىسىدىن ئەنسىرەپ ئاخىرى ئاغرىپ يېقىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دوختۇرخانىدا توپتوغرا بىر ئاي ياتتى. سۇلايمان دوختۇرخانىدىن ساقىيىپ چىققان كۈنىنىڭ ئەتىسى مەردانمۇ قايتىپ كەلدى. مەردانىنى كۆرۈپ خۇشاللىقتا ئاغزى قۇلىقىغا يەتكەن ھەممەيلەن ئۇنى مېھرى بىلەن باغرىغا بېسىشتى.

## 10

كۈز كېتىپ، زىمىستان سوغۇقى كىشىگە نەشتەردەك سانجىلىپ تۇرىدىغان يېڭى يىلمۇ كەلدى. ھەكىمە دەل بۇلتۇر يېڭى يىلنىڭ 5-كۈنى يەرلىكىدە ياتقانىدى.

بۇ يىل 5-يانۋار سۇلايمان بالىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ تۇپراق

بېشىغا چىقتى. ھەكىمەنىڭ قەبرىسى ئاخشام ياغقان مامۇقتەك ئاپئاق قارنىڭ ئاستىدا باغاشلىنىپ ياتاتتى. ئۇلار قەبرىنىڭ ئۈستىدىكى قارلارنى پاك-پاكىز سۈپۈرۈپ تازىلىدى، ئاندىن قەبرىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۆزلىرى باشلاپ كەلگەن قارىمغا ياندىشىپ يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇشتى. قارىمنىڭ مۇڭلۇق قىرائىتى قارلىق دالىنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ تۇراتتى. قارىم ئۇزۇن دۇئاسى بىلەن قىرائىتىنى ئاياغلاشتۇردى. ئۇلار ئورۇنلىرىدىن تۇرغاندىن كېيىن پولات قارىمغا يىگىرمە يۈەن پۇل بەردى. قارىم پۇلنى ئېلىپ نۇرغۇن رەھمەت-ھەشقاللىلار بىلەن يانچۇقىغا سالدى. ئۇلار قايتماقچى بولۇپ ماشىنا تەرەپكە قاراپ مېڭىشتى. زۆھرە ئاپىسىنىڭ قەبرىسىنى قۇچاقلاپ يىغلاپ ئولتۇراتتى. شەرىپە زۆھرەنىڭ كۆڭلىنى ياسىماقچى بولۇپ ئۇنىڭ يېنىغا باردى، ئۇمۇ ھەدىسىنىڭ ھەسرەتلىك يىغىسىنى كۆرۈپ ئۆزىنى تۇتالماي زۆھرەنىڭ بويىنىغا ئېسىلىپ «ھۆ» تارتىپ يىغلاپ كەتتى.

ئىككى قىزنىڭ قەبرە ئالدىدا ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرگەن سۇلايماننىڭمۇ يۈرەكلىرى ئېزىلىپ كەتتى. سۇلايمان كۆيۈمچان ھەمراھىنى كۆمۈپ قويغىلى تۇپتوغرا بىر يىل بولدى. بۇ بىر يىل جەريانىدا يالغۇزچىلىقنى يەتكۈچە تارتقان سۇلايمان تۇپراق ئاستىدا خاتىرجەم ياتقان ھەمراھىنى كۆرمىگىلى قېتىم ياد ئەتتى، سېغىندى، ئۇنىڭ بىلەن غايىبانە سىرداشتى... شۇ تاپتا ئۇنىڭمۇ ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ، ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ كېتىۋاتاتتى. لېكىن، بالىلىرىنىڭ ئالدىدا ئۇن سېلىپ يىغلىسا بولمايدۇ-دە! بۇ بىر يىلدىن بۇيان، ئۇ ھەكىمەنىڭ قەبرىسىنى نۇرغۇن قېتىم ئۆزى يالغۇز يوقلاپ كەلگەن، قەبرە بېشىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ھەمراھى كەتكەندىن كېيىن يولۇققان ئىشلىرىنى، كۆرگەن خۇشلۇقلىرىنى، تارتقان خاپىلىقلىرىنى، گۆرىستاندەك سوغۇق

ئۆيدە يالغۇز قالغان چاغدىكى غېرىبلىقلىرىنى، ھەمراھىغا ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز سېغىنىشلىرىنى مەھشەردىكى ھەكىمەگە ئۈنسىز يىغلاپ تۇرۇپ سۆزلەپ بەرگەنىدى، لېكىن ئۇ ھازىر چىشىنى چىشلىشى كېرەك ئىدى.

— بولدى، سەۋر قىلىڭلار، باللىرىم، يىغلىماڭلار، سوغۇق چۈشۈپ كەتتى، ئەمدى ماڭايلى! — سۇلايماننىڭ ئۈنى تىترەپ چىقاتتى. قىزلار يىغىدىن توختىدى. سۇلايمان بۇرۇلۇپ ئىككى قەدەم ماڭغاندىن كېيىن يەنە ئارقىسىغا قارىدى.

— خوش، ھەكىمە، خوش! بىز كەتتۇق! — دېدى كۆز چاناقلىرىدا ياشلار لىغىرلاپ تۇرغان سۇلايمان پەس ئاۋازدا. ئارقىدىنلا سۇلايماننىڭ باللىرىمۇ ئاپىسىنىڭ قەبرىسىگە ئاخىرقى قېتىم تەلمۈرۈپ قارىدى:

— خەيرخوش، ئاپا! سېنى يەنە يوقلاپ كېلىمىز!

قەبرىدىن ھېچقانداق سادا كەلمىدى، پەقەت غەربىي شىمالدىن سوقۇۋاتقان ئاچچىق سوغۇق شاماللا ئۇلارنىڭ قۇلاق تۈۋىدىن ئۈشقىرتىپ ئۆتتى.

ھەكىمەنىڭ يىل نەزىرى ئۆتكەندىن كېيىن سۇلايمان تېخىمۇ غېرىبسىنغىلى تۇردى. باللىرىنىڭ ئاخشىمى-ئەتىسى يوقلاپ كېلىپ «ۋاي، ئاتا! ھالىڭ قانداق؟» دەپ تۇرۇشلىرىدىن سۇلايماننىڭ كۆڭلى ئالەمچە ئاۋۇنۇپ كېتەتتىيۇ، لېكىن ئۇلار قاتارلىشىپ ئىشىكتىن چىققان ھامان، ئۇنىڭ خۇشاللىقلىرى ئاللىقاياقلارغا ئۇچۇپ، ئۇنى تۆت تام يېگىلى تۇراتتى؛ بۇنىڭ بىلەن غېرىبلىق بېسىپ بوينى قىسىلىپ كېتىۋاتقان بوۋاي قاپقاراڭغۇ ئۆيدە ئايىغى چىقماس خىياللار بىلەن ئۇزاقتىن-ئۇزاق يىغلامسىراپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى: «بالا دېگەن ئۆيلۈك-ئوچاقلىق بولۇشتىن ئىلگىرىلا ساڭا تەئەللۇق بولىدىكەن، قانات-قۇيرۇقى تەگشىلىپ، ئۆز ئۆيىنىڭ مورىسىدىن ئىس چىقارغاندىن كېيىن ئۇلارنى

جەمئىيەتنىڭ، بالىۋاقىسىنىڭ قوينىدا كۆرىدىكەنسەن، ئۇلارنىڭ ساڭا بولغان كۆيۈمچانلىقى، ئاتلاپ چىققان كۈندىن باشلاپ ئىلگىرىكىدەك بولمايدىكەن، شۇڭا سەن بالا كويىدا ئۇسساپ چاكىلداپ كەتكىنىڭنى بىلەن، ئۇلار «ئاتامنى كۆرۈپ كېلەيچۇ!» دەپ ئاتايىن ۋاقىت چىقارماي، پەقەت چولىسى تەگكەندىلا ئاندىن سېنى يوقلاپ كېلىدىكەن؛ بۇنى ھەكىمە ھايات ۋاقتىدا ئەجەبمۇ بىلمەپتىكەنمەن، ھەي، ھەي، ھەسرەت... ھەي، ھەسرەت!...»

سۇلايمان نەچچە ئون يىل بىر ياستۇققا باش قويغان خوتۇنى باقىي دۇنياغا كەتكەندىن كېيىن بىردىنبىر روھىي تۈۋرۈكىنىڭ ئۆزۈل-كېسىل سۇنغانلىقىنى ئاخىر بىلىپ يەتتى. شۇنداق ئەمەسمۇ، خوتۇنى بار چاغلاردا ئۇنىڭ كۆڭلى توق ئىدى، بالىلىرى يوقلاپ كېلەمدۇ، كەلمەمدۇ، ئۇ پەرۋايىغا ئېلىپ قويمايتتى. مانا ئەمدى ئۇنىڭ روھىي تۈۋرۈكى سۇنۇۋىدى، دەشت-باياۋاندا چاڭقىغان تىلەمچىگە ئوخشاپ قالدى. ئۇ ئاشۇ چاڭقاشلىرىغا ئالىلىكىملەرنىڭ قىممەتلىك دىدارىدىن مەلھەم ئىزدەيتتى.

سۇلايماننىڭ غېرىبلىقى بارا-بارا ئۇنى ئاجايىپ بىر خىل تەشۋىش ئىچىدە قىينايدىغان بولۇپ قالدى. يۈرىكىنىڭ قات-قېتىدىن ئۇرغۇپ چىقىۋاتقان تۈگىمەس يۈرەك سۆزلىرىنى كىملەرگىدۇ دەپ بەرگۈسى كېلەتتى. لېكىن، كۆڭۈلدىكى گەپىنىڭ ھەممىسىنىلا بالىلارغا دەۋەرگىلى بولمايدۇ-دە! گاھىدا ئۇ ئۆزىنى بۇ دۇنياغا يېگانە تاشلاپ قويۇپ باقىي ئالەمگە كەتكەن ھەمراھىنىڭ يېنىغا بېرىپ يېتىۋالغۇسىمۇ كېلەتتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئۆزىنىڭ راستتىنلا بىر سىرداشقا موھتاج بولۇپ قېلىۋاتقانلىقىنى ئاخىرى بىلىپ يەتتى، لېكىن بۇ سۇلايمانغا نىسبەتەن ناھايىتى قورقۇنچلۇق مەنزىل ئىدى. دېمىسىمۇ، ئۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان نۇرغۇن ئىشلارنى

كۆردى، ياشانغاندىكى نىكاھ ئىشىنىڭ ياش ۋاقتىدىكىدەك ئۇنچىۋالا ئاسانغا چۈشمەيدىغانلىقىنىمۇ بىلىدۇ.

سۇلايماننىڭ بىر تونۇشى خوتۇنى قازا قىلغاندىن كېيىن «باللارغا ياخشى بولارمىكىن» دېگەن نىيەتتە خوتۇنىنىڭ تۇل ئولتۇرغان سىڭلىسىنى ئەمرىگە ئالغانىدى، لېكىن ئۇ ئادەمنىڭ تۆت بالىسى ئۇ قايتا نىكاھلىق بولغان كۈندىن باشلاپ ئاتىسىنىڭ بوسۇغىسىغا ئىككىنچى دەسسىمىدى، شۇنداق قىلىپ ئۇ بايقۇش يېقىندا ئارمان بىلەن ئۆلۈپ كەتتى. ئىسست! بىر ئۆمۈر بالىنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ، سۈيىدە ئاقىدىكەنمىز. بىر ھېسابتا بۇنى ئىنسانىنىڭ خاتالىقى دېيىشمۇ بولغۇدەك! شۇنداق ئەمەسمۇ؟! تۆت بالىسى ھېلىقى بايقۇشنى «قېرىغاندا قايتا ئۆيلەندىڭ» دېگەننى قىلىپ تاشلىۋەتكەندە، ئۇنىڭ يۈرەك-باغرى قانچىلىك ئېزىلگەن بولغىيتتى؟! جېنى ھەلقۇمغا كېلىپ، سەكرات ئازابى دەستىدىن مىڭ ئۆلۈپ تىرىلگەن چاغلىرىدا ئاشۇ ئارزۇلۇق بالىلىرىنىڭ دىدارىغا قانچىلىك تەلمۈرگەن بولغىيتتى؟! ئىشقىلىپ، ئۇنىڭ كۆزى ئوچۇق كەتتى.

سۇلايماننىڭ يەنە بىر خىزمەتدىشى بولىدىغان. ئۇمۇ خوتۇنى قازا قىلغاندىن كېيىن ئۈچ بالىسى بار بىر خوتۇنغا ئۆيلەندى. ئۇ كۆڭلى ياخشى ھەم چېچەن مەزلۇم بولغاچقا، ئەر-خوتۇن ئىككىسى ئوبدانلا چىقىشىپ قالغانىدى. لېكىن، ئۇ ئادەمنىڭ ئىككى قىزى ھېلىقى ياۋاش مەزلۇمغا پەقەتلا كۈن بەرمىدى. بىر كۈنى ئۇ ئادەمنىڭ ئىككى قىزى ئاتىسىنىڭ ئۆيىگە مېھمان بولۇپ كەلدى. ئۇلار يەيدىغاننى يەپ ياندىغان چاغدا، قىزلارنىڭ چوڭى: «پەلتويۇمنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ قويغان ئالتۇن زەنجىرىم يوق تۇرىدۇ» دەپ ئالەمنى مالەم قىلدى، قىزلارنىڭ كىچىكىمۇ: «ئاچامنىڭ ئالتۇن زەنجىرى مۇشۇ ئۆيدە بولمىسا نەگە كېتىدۇ؟» دەپ

تۇرۇۋېلىپ، بۇلۇڭ-پۇچقاقنى ئاختۇرغىلى تۇردى ۋە بىردەمدىن كېيىن يىتكەن ئالتۇن زەنجىرنى توكلاتقۇنىڭ ئىچىدىن تېپىپ چىققان بولدى. بۇنىڭ بىلەن ئاچا-سىڭىل ئىككىسى ئۆگەي ئاپىسىنىڭ كۆزىگە سوئاللىق تىكىلدى. بۇ ياۋاش مەزلۇم نېمە قىلارىنى بىلەلمەي تۇرۇپلا قالدى. شۇنداق قىلىپ، ئىككى قىز ئۆگەي ئاپىسىنى قىلتاقا دەسسىتىپ يۇرۇپ ئاخىر ئۆيدىن قوغلاپ چىقاردى.

بۇلارنى ئويلىسىلا تەنلىرى شۇركۇنۇپ كېتىدىغان سۇلايمان گاھىدا ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلاپ قوياتتى: «ھەي... نەۋرە-چەۋرىلىك بولغان ئادەمنىڭ قايتا نىكاھلىنىپ قىلغان تويى توي ئەمەس، ئۇ بىر جەڭ. چۈنكى، جەڭنىڭ جان ئالىدىغان ئوق-بومبىسى، كۆزلىرىگنى كور قىلىۋېتىدىغان ئىس-تۈتەكلىرى بولىدۇ؛ ئۇنىڭغا ماھارەت ۋە تاكتىكا كېرەك، بولمىسا، ھالىڭدىن كېتىپ تۈگىشىسەن، يېڭىشكە كۆزى يەتكەن ئادەملا كۆكرەك كېرىپ ئاتاكىغا ئۆتەلەيدۇ. مېنىڭ ئاشۇ جەڭدە يېڭىپ چىقىشقا قۇربىم يېتەرمۇ؟!»

مارت ئېيىنىڭ باشلىرى، سۇلايماننىڭ قەدىناس ئاغىنىسى ھاشىم ئۇنى يوقلاپ كەلدى. ھاشىم سالام-سەھەتتىن كېيىن كۆڭلىدىكىنى ئۇدۇللا دەپ، ئۇن نەچچە ئايالنىڭ ئىسمى يېزىلغان بىر پارچە تىزىملىكنى سۇلايماننىڭ ئالدىغا قويدى:

— قېنى، ئۆزۈڭ تاللاپ باقە!

سۇلايمان بىلەن ھاشىم نەچچە ئون يىللىق قەدىناس دوستلاردىن بولغاچقا، ئۇلارنىڭ دېيىشمەيدىغان گېپى يوق ئىدى. سۇلايمان ھېلىقى تىزىملىككە ئالدىراپ كۆز يۈگۈرتمەي تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ بۇ جەھەتتە تەڭقىسلىقتا قېلىۋاتقانلىقىنى دوستىغا ئېيتتى.

— باللىرىڭنى چىمەنخان ئىككىمىزگە قويۇپ بەر! — دېدى ھاشىم مەيدىسىگە ئۇرۇپ تۇرۇپ، — ئۇلار خېلى رايىش

بالىلاردىنغۇ، مېنىڭچە، ياق دېمەيدۇ!
سۇلايمان ھاشىمنىڭ بۇ گېپىگە ماقۇل بولغۇسى كەلدىيۇ، لېكىن يەنىلا ئەنسىرەپ تۇراتتى.
— زۆھرە بىلەن پولاتتىنغۇ چاتاق يوق، — دېدى سۇلايمان، — لېكىن شەرىپەنى ئەيۋەشكە كەلتۈرمەك تەس، مىجەزىنىڭ تۇتامى يوق بالا بولۇپ قالدى...
— شەرىپەمۇ كۆز ئالدىمىزدا چوڭ بولغان، مىجەزى چۇسراق بولغىنى بىلەن كۆيۈمى بار قىز، بۇنىڭدىن غەم قىلما، ماقۇلمۇ؟ — ھاشىم سۇلايماننىڭ كۆڭلىنى ياسىدى.
سۇلايمان ھېلىقى تېزىملىكنى ئېلىپ سىنچىلاپ قاراپ كەتتى. ئۇ ئاخىرى «ئاسىيە» ئىسىملىك بىر ئايالنى لايىق كۆردى. قىرىق ئالتە ياشلىق بۇ ئايال بىر يىل ئىلگىرى پاراۋانلىق باسما زاۋۇتىدىن پېنسىيىگە چىققان بولۇپ، ئېرىغا ئۈچ يۈز يىگىرمە يۈەن پېنسىيە پۇلى ئالاتتى. ئېرى بۇنىڭدىن بەش يىل بۇرۇن ماشىنا ۋەقەسىدە قازا قىلىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ يىگىرمە ئالتە ياشلىق چوڭ قىزى ياتلىق بولغان، يىگىرمە تۆت ياشلىق كىچىك قىزى بولسا تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرۈپ ئۆيدە ئىش كۈتۈۋاتاتتى.
ئىككى كۈندىن كېيىن ھاشىم ئاسىيەنىڭ سۈرىتىنى ئەكېلىپ سۇلايمانغا كۆرسەتتى. قاش-كۆزى جايىدا، ئۆزى سېمىزرەك كەلگەن بۇ مەزلۇم سۇلايمانغا ناھايىتى ياردى. سۇلايمان ئاسىيە ئىسىملىك بۇ مەزلۇمنىڭ ئاقسۇغا تۇغقان يوقلاپ كەتكەنلىكىنى، يەنە ئىككى ھەپتىدىن كېيىن قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى ھاشىمدىن ئۇقتى. ھاشىم ئاسىيە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن سۇلايماننى ئۇ مەزلۇم بىلەن كۆرۈشتۈرۈشكە ۋەدە قىلدى.
شۇنداق قىلىپ ئاتمىش بەش ياشقا كىرىپ، ساقىلى ئېڭەككە چۈشكەن سۇلايمان مەشۇقتىن بىرنى تاپتى. ئۇ

گەرچە ئاسىيە بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ باقمىغان بولسىمۇ، لېكىن قانداقتۇر ئۇنىڭغا كۆڭۈل رىشتى غايىبانە باغلىنىپ قېلىۋاتقاندەك، ئاسىيەگە ئېغىز ئېچىپ بولغۇچە ئۇمۇ «ماقۇل» دەۋېتىدىغاندەك تۇيغۇدا ئىدى. شۇ كۈنلەردە ئۇنىڭغا كېچىلەر ئىلگىرىكىدىن ئۇزىراپ كېتىۋاتقاندەك، كۈنمۇ مەشرىقتىن مەغرىبكە تېززەك يۈگۈرمەي، ئېزىلەڭگۈلۈك قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ كۈنلەرنى بارماقلاپ سانايتتى. ئىككى ھەپتىدىن كېيىن ئاسىيە ئىسمىلىك ئۇ مەزلۇم بىلەن يۈز كۆرۈشىدىغانلىقىنى ئويلىسىلا يۈرەكلىرى ئويناپ كېتەتتى. تۇرۇپلا يەنە ئۆزىنىڭ شۇنچە ياشقا كىرگەندىن كېيىنمۇ خوتۇن كىشىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرسە ھاياجانلىنىۋاتقانلىقىغا ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى.

ھاشىم ئاخىرى «ئاسىيە قايتىپ كەپتۇ» دېگەن خەۋەرنى ئەكەلدى. ئۇ يەنە ئاسىيەنىڭ سۇلايمان بىلەن كۆرۈشۈشكە ماقۇل بولغانلىقىنى دەپ بەردى.

خوش، بۈگۈن سۇلايمان ھاشىمنىڭ دېگىنى بويىچە ئاسىيەنىڭ ئۆيىگە ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكىلى بارىدۇ. شۇڭا ئۇ زۆھرەنى ئىشقا ماڭدۇرۇۋەتكەندىن كېيىن كۆرۈشۈشنىڭ تەييارلىقى ئۈچۈن پايپېتەك بولۇشقا باشلىدى. سۇلايمان يېڭى ئالغان قاردەك ئاق كۆڭلەك بىلەن كۈل رەڭ كاستۇم-بۇرۇلكىسىنى كىيىپ، قوڭۇر گالستۇكىنى تاقاپ ئەينەكنىڭ ئالدىغا كەلدى. بۇ ئۇنىڭ خوتۇنى قازا قىلغاندىن بۇيان تۇنجى قېتىم ئەينەككە قارىشى ئىدى. ئۇ ئەينەككە سىنچىلاپ قاراپ كەتتى. يېڭىلا بوياتقان چاچلىرى بىلەن ساقال-بۇرۇتى ئانچە قويۇق بولمىسىمۇ، لېكىن قايتا-قايتا قىرىلغان يۈزلىرى پارقىراپ تۇراتتى. سۇلايمان ئەينەككە قاراپ رازىمەنلىك بىلەن باش لىڭشىتىپ قويۇپ تامدىكى سائەتكە قارىدى. خۇدا بۇيرۇسا، يەنە بىر سائەتتىن كېيىن ئۇ ئاسىيەنىڭ ئۆيىدە

ئولتۇرىدۇ. سۇلايمان ناتونۇش ھەم ئۆزىدىن خېلىلا كىچىك بىر مەزلۇم بىلەن ئۇچرىشىدىغانلىقىنى ئويلىسىلا ھاياجاندىن كۆكسىنى تولدۇرۇپ نەپەس ئالغۇسى كېلەتتى. تۇرۇپلا يەنە تەشۋىشتىن يۈرەكلىرى دۈپۈلدەپ سىلىپمۇ كېتەتتى.

سائەت ئون بىردىن قىرىق مىنۇت ئۆتكەندە سۇلايمان ھاشىم ئەر-خوتۇن ئىككىسى بىلەن بىرگە ئاسىيەنىڭ ئۆيىگە كەلدى.

ئاسىيەنىڭ ئۆيى ناھايىتى كىچىك بولۇپ، قارىماققا قىرىق نەچچە كۋادرات مېتىر كېلەتتى. ئۆي ھېچقانداق بېزەلمىگەن، يەرگە كونىراپ تىۋىتى قالمىغان بىر پارچە گىلەم تاشلاپ قويۇلغان بولغاچقا يەردىن مۇز چىقىپ تۇراتتى. «ئېيىغا ئاران بىرنەچچە يۈز يۈەن پېنسىيە پۇلى ئالىدىغان تول خوتۇنىنىڭ ئۆيى شۇنداق بولىدۇ-دە، ئەمدى!» دەپ ئويلىدى سۇلايمان.

ئاسىيە مېھمانلارنى دەپ ئۆينى ئالاھىدە تازىلىغانىدى. بۇ ئۆي قارىماققا ھەم رەتلىك، ھەم پاكىز كۆرۈنەتتى. ئۇ مېھمانلار بىلەن سەمىمىي سالاملاشقاندىن كېيىن ساپاغا كېلىپ بېشىنى تۆۋەن سالغىنىچە ئۈن-تىنسىز ئولتۇردى. مېھمانلارنى ئۇنىڭ مەرىيەم ئىسىملىك بىر دوستى كۈتتى.

سۇلايمان ئاسىيەگە يەر تېگىدىن سەپسېلىپ باقتى. سۇلايماننىڭ كۆڭلىدىكىنى دېگەندە، ئاسىيە سۈرەتتىكىدەك چىرايلىق ئەمەس ئىدى. سەمرىپ كەتكەن بولغاچقا ئۇ ھەم پاكار، ھەم دىقماق كۆرۈنەتتى، ئۇششاق بۇدۇر قىلىۋالغان چاچلىرى قۇلىقىنىڭ تۆۋىدە غۇژمەكلىشىپ تۇراتتى. سۇلايمان ئادەتتە قىرقىم چاچ خوتۇنلارغا ئۆچ ئىدى. شۇ تاپتا سۇلايماننىڭ ئىككى ھەپتىدىن بۇيانقى ئىنتىلىشلىرى، يۈرەكلىرىنى دۈپۈلدەتكەن ھاياجانلىرى ئاللىقاياقلارغا ئۇچقانىدى. شۇڭا سۇلايمان ئالدىدا ئولتۇرغان ئاسىيە ئىسىملىك بۇ مەزلۇمنى گەرچە ئۆزىدىن يىگىرمە ياش كىچىك

بولسىمۇ، «ماڭا ئانچە ماس كەلمىگۈدەك!» دەپ ئويلاپمۇ قالدى. چۈنكى، ئۇ ئۆزىنىڭ ھازىرقى ھالىتى بىلەن ئاسىيەدىنمۇ چىرايلىقراق خوتۇنلارنى تاپالايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. لېكىن ئۇنىڭ كۆڭلىگە شۇ نەرسىمۇ ئايان ئىدى: سۇلايمانغا ئەمدى كېرىكى مەشۇق ئەمەس، بەلكى ھەمراھ ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھاشىم كۆرسەتكەن لايىقلار ئىچىدە بالىلىرى ئاز، ياش-تۇرقى جەھەتتىنمۇ سۇلايمانغا خوپ كەلگىنى دەل مۇشۇ ئاسىيە ئىدى، بەزىلىرىنىڭ بالىلىرى جىق، بەزىلىرىنىڭ يېشى بەك كىچىك، يەنە بەزىلىرىنىڭ يېشى بەك چوڭ بولغاچقا، سۇلايمان ئۆزىمۇ ئاسىيەنى «بولىدىكەن» دەپ ئويلىغانىدى. سۇلايمان بىلەن ھاشىم ئەر-خوتۇن ئاسىيەنىڭ ئۆيىدە ئالاھازەل بىر سائەتتىن ئارتۇقراق ئولتۇرۇپ قايتتى.

— قانداقراق، بولامدىكەن؟ — دەپ سورىدى ھاشىم سۇلايماندىن تالاغا چىققاندىن كېيىن.

— بولىدىكەن!

— ئاغزىڭنىڭ ئۇچىدىلا «بولىدىكەن» دەپ قويۇۋاتامسەن قانداق؟ — دەپ سورىدى ھاشىم كۈلۈپ تۇرۇپ، — قارىغاندا، يارىمىغان ئوخشايدۇ-ھە؟

— ياقەي... سىلەر تاپقان لايىق يارىمامتى؟!

— شۇنداق، — دېدى ھاشىم سۇلايمانغا قاراپ، — لېكىن شۇنى بىلىپ قالغىن، سۇلايمان. ھەكىمەدەك خوتۇننى تاپمىقىڭ ئەمدى مۇمكىن ئەمەس جۇمۇ!

— بۇنداق چاغدا ھەكىمەنى تىلغا ئالمىغىن، ئاداش، — دېدى سۇلايمان ھەسرەت بىلەن، — رەھمەتلىكنى ھېچقانداق ئايال زاتىغا تەڭ قىلغۇم كەلمەيدۇ.

— ۋىيەي، بۇ گەپنى بەك بالدۇر دەۋەتتىلىمۇ قانداق؟ — دېدى باياتىن بېرى لام-جىم دېمەي كېتىۋاتقان چىمەنخان مەسخىرە

ئاربلاش كۆلۈپ تۇرۇپ، — ئاسىيەنى ئالدى بىلەن نىكاھلاپ ئۆيگە ئەكىرىپ باقسىلا، دۇنيادىكى خوتۇنلارنىڭ ئىسىلى مۇشۇكەن دەپ كېتەملا تېخى! ئەر خەقنىڭ قايسىبىرى يېڭى كۆلنىڭ سۈيى تاتلىق دېمەيدۇ؟!

ھاشىم تويۇقسىزلا خوتۇنىغا ئۆگىدى:

— تولا بىلجىرلىمىسىنا!

بۇنىڭ بىلەن ئۇچەيلەنىنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپلا كەتتى.

## 11

ئاسىيە مېھمانلارنى ئۇزىتىپ قويغاندىن كېيىن قولى ئىشقا بارماي خېلىغىچە خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ كەتتى. كۆڭلىدىكىدەك بىر ئەرنى ئۇچرىتىپ قالغان ئايال زاتى ئەسلىدە خۇشاللىقتىن يايراپ كېتىشى كېرەك ئىدى. لېكىن، مېھمانلارنى ئۇزىتىپ قويۇپ خۇددى چۈشىن يەۋالغاندەكلا بولۇپ قالغان ئاسىيە نېمە قىلارىنى بىلەلمەي بىئارام بولۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ھېلىدىن-ھېلىغا كۆڭلى ئېلىشىپ تۇراتتى، كىملەرنىدۇر ۋارقىراپ تىللىغۇسى، «ھۇ» تارتىپ يىغلىغۇسى كېلەتتى. ئۇ ئۆينىڭ ئىچىدە ئۇياقتىن-بۇياققا ماڭاتتى، ھېلى ھۇجرىسىغا كىرسە، ھېلى مېھمانخانىغا يېنىپ چىقاتتى. ئۇ بالكونغا چىقتى، بىرنەچچە كۈندىن بېرى ئۇسسۇز قالغان گۈللەر سولىشىپ كەتكەنىدى. ئاسىيە گۈللەرگە قۇيۇش ئۈچۈن چۆگۈندە سۇ ئاچىقتى. ئۇ بالكوننىڭ دېرىزىلىرىنى ئېچىۋېتىپ، قىشنىڭ گىرىمسىز ئاسمىنىغا ئۇزاقتىن-ئۇزاق قاراپ تۇردى. ئاسىيەنىڭ ئۆيى كىچىكرەك بولغىنى بىلەن ئۆينىڭ ئورنى ياخشى يەردە ئىدى. شاۋقۇن-سۈرەندىن خالىي بۇ بىنانىڭ ئۆيچۆرىسىنى قويۇق دەرەخ قاپلاپ تۇراتتى. كەچ كۈز كېلىشى بىلەنلا يالىڭاچلىنىپ

بولغان دەل-دەرەخلەرنىڭ شاخ-شۇمبىلىرى قىشنىڭ قار-شىۋىرغىنىغا پىسەنت قىلمىغاندەك مەزمۇت تۇراتتى. ئاخشام ياغقان قار دەرەخ شاخلىرىنى يادەك ئەگكەندى، دەرەخلىكتىكى ئاپئاق قار كۈن نۇرىدا كۆز چاقنىتاتتى. قىش كۈنلىرى ئادەم ئاياغ باسمايدىغان دەرەخلىك مامۇقتەك ئاپئاق قار ئاستىدا جىمجىت ئۇيقۇغا كەتكەندى. ئاشۇ ئاپئاق دۇنيانىڭ بۇ تىمتاسلىقى ئاجايىپ بىر خىل سېھىردىن بىشارەت بېرىپ تۇراتتى. لېكىن، بۇ سىرلىق دۇنياغا يۈرەك بىلەن باقساڭ، ئۇنىڭ قات-قېتىدىن كۆزگە كۆرۈنمەس ھەسرەت-نادامەتنىڭ بىلىنەر-بىلىنمەس بالقىۋاتقانلىقىنىمۇ سېزىسەن، ئەلۋەتتە!

ئاران باشلانغۇچ مەكتەپكىچە ئوقۇيالىغان ئاسىيە شائىرانە تۇيغۇ دېگەنلەرنى بىلمەيدۇ. لېكىن، كۆز ئالدىدىكى بۇ سېھىرلىك دۇنياغا ئۇزاقتىن-ئۇزاق نەزەر تاشلاپ تۇرغان ئاسىيە تۇيۇقسىزلا ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلىدى: «ئادەمنىڭ ھاياتىمۇ تۆت پەسىلگە ئوخشايدىكەن، مېنىڭ باھاردەك چاغلىرىم ئاللىقاچان كەلمەسكە كەتكەن. ماۋۇ دەل-دەرەخلەر يوپيۇرماقلىرى تۆكۈلۈپ يالىڭاچلىنىپ قالغانغا يىغلامسىراپ كېتىپتۇ، نېمانچە قىلىدۇ؟ ئەتىياز كەلسىلا يەنە كۆكىرىپ ياشىرىدۇ ئەمەسمۇ؟ لېكىن مەنچۇ؟ ئوتتۇرا ياشقا بېرىپ قالغان تۇل خوتۇننىڭ ئۆمرى ئايىغى چىقماس قىشقا كىرىپ، قەدىرسىز تۆكۈلگەن غازاڭلار بىلەن قوشۇلۇپ كەلمەسكە كېتىدۇ!» ئاسىيەنىڭ كۆز ياشلىرى تاراملاپ كېتىۋاتاتتى. ئاسىيە مۇشتۇمدەك تۇرۇپلا ئاتا-ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەچكە، ئۇنى كىچىك ئاتىسى بىلەن كىچىك ئاپىسى بېقىپ چوڭ قىلدى. ئاسىيە ئون ئالتە ياشقا كىرگەن يىلى كىچىك ئاتىسى ئۇنى بىر باسما زاۋۇتىغا نابورچىكلىققا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى. ئون سەككىز يېشىدا مۆمىن ئىسىملىك بىر ئاشپەزگە ياتلىق

بولدى. مۆمىننىڭ قولىدا گۈلدەك ھۈنىرى بولغىنى بىلەن ئۆز ئالدىغا ئاشخانا ئاچقۇدەك پۇلى بولمىغاچقا، خەققە مەدىكار ئىشلەيتتى. مۆمىن ئەخمەق سېخىيلاردىن بولغاچقىمۇ، تۆت تەڭگە مائاشىنى ئالار-ئالمايلا ئىچەرمەن ئاغىنىلىرىنى مېھمان قىلاتتى، غەرق مەست قايتىپ كەلگەن چاغلىرىدا ئاسىيە سەللا قاپاق تۈرۈپ قالسا ئۇنى دەسسەپ چەيلىۋېتەتتى. شۇنداق قىلىپ ئاسىيە مۆمىن بىلەن بىر ئۆيدە ياشىغان يىگىرمە بىر يىل مابەينىدە تۇرمۇشنىڭ خۇۋلۇقى، ئەر خەقنىڭ مېھرى دېگەنلەرنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەي ئۆتۈپ كەتتى. شۇڭا ئۇنىڭ نەزىرىدە نىكاھ — ئىنسان بېسىپ ئۆتمىسە بولمايدىغان تىكەنلىك مەنزىل؛ ئەر خەق — ئىككى ئاياغلىق ھايۋان ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، بۇنىڭدىن بەش يىل ئىلگىرى ئاسىيە مۆمىننىڭ ماشىنا ۋەقەسىگە ئۇچراپ قازا قىلغانلىقىنى ئاڭلىغان چېغىدا ئېرى ئۈچۈن ھەسرەت چېكىپ يىغلاپ، مىڭ ئۆلۈپ بىر تىرىلگەنىدى. پانىي دۇنيادىكى تىرىكلەر ئۆلگەنلەرنى بىراقلا ئۇنتۇپ كېتەلمەيدۇ، ئەلۋەتتە. ئەكسىچە، ئاشۇ مەرھۇمنىڭ ئىللەتلىرى ئۇنتۇلۇپ، ئېزگۈ ئەمەللىرى تىرىكلەرگە مەڭگۈلۈك ئەسلىمە بولۇپ قالىدۇ. ئاسىيەنىڭ ئېرى گەرچە ھاراقكەش زابويلاردىن بولسىمۇ، ئاسىيەنى ئەمرىگە ئېلىپ ئۇنى ئىككى قىزلىق قىلدى. ئۇ ئاخشىمىسىغا تاپسا ئەتىسىگە يوق نامراتلاردىن بولسىمۇ، خوتۇنى بىلەن ئىككى قىزىنى ئاچ قويمىدى. ئاسىيە پەقەت ئاشۇ ھاراقكەش ئاشپەز ئەمرىگە ئالغانلىقى ئۈچۈنلا نىكاھلىق خوتۇنلاردىن بولالىدى. ئاسىيەنىڭ ئىككى قىزىمۇ ئاشۇ ھاراقكەش ئاتىسى بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئاتا-ئانىسى دەرقەمدە بار ئائىلىدە چوڭ بولالىدى... مۇشۇلارنى ئويلىغان ئاسىيە ئېرىنى مەمنۇنىيەت بىلەن ئەسلەپ، مەرھۇمنىڭ روھىغا دۇئا قىلاتتى.

دانىشمەنلەر: «تەقدىرىڭ كەچمىشىڭدىن» دەپ توغرا

ئېيتىپتىكەن. ئاسىيە كىچىكىدىن تارتىپلا باشقىلارنىڭ قاش-قاپىقىغا قاراپ كۈن ئېلىپ كەلگەچكە ئۆزىنى بەك كەمسىتەتتى؛ قارىماققا ئاجىز، مىسكىن كۆرۈنگىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە ناھايىتى مەردانە مەزلۇم ئىدى. مۆمىن قازا قىلغاندىن كېيىن ئاسىيەنىڭ كۆنى تېخىمۇ تەسلىشىپ كەتتى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ چوڭ قىزى ياتلىق بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئاپىسىغا ياردەم قولىنى سۇنغۇدەك مادارى يوق ئىدى. شۇڭا بىرنەچچە يۈز يۈەن پۇل بىلەن بىر ئائىلىنى قامدىماق ئاسىيە ئۈچۈن ھەقىقەتەن قىيىن ئىدى. ھەر ئاينىڭ ئاخىرى توك، سۇ پۇلى يىغىدىغانلار بوسۇغىغا دەپدەيلەپ كەلگەن چاغلاردا ئۇ ئون نەچچە يۈەننى تەخلەپ بېرەلمەي، خەقنىڭ ئالدىدا نومۇستىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولۇپ كېتەتتى. ئانا-بالا ئىككىسى توك پۇلىنى تۆلىيەلمەي تالاي كېچىلەرنى قاراڭغۇدا تۈنەپ ئۆتكۈزگەنىدى.

ئاسىيە كۈنلىرىنى ئاشۇنداق مۇشەققەت ئىچىدە ئۆتكۈزسىمۇ، لېكىن ھەرگىز چاندۇرمايتتى. ئاسىيە ھەر كۈنى تاڭ سەھەر تۇرۇپ ئالدى بىلەن قىزىغا چۆشلۈك غىزا تەييارلايتتى، چۈنكى قىزى چۈشلۈك غىزانى ئۆيدىن ئېلىۋالسا بىر ۋاخلىق تاماقنىڭ پۇلىنى تېجەپ قالاتتى؛ ئاندىن ئۆينى بىرقۇر يىغىشتۇرۇپ تازىلاپ چىققاندىن كېيىن كىيىم-كېچەك، ئورۇن-كۆرپىلەرنىڭ يىرتىلغان-سۆكۈلگەن يەرلىرىنى ئوڭلايتتى. ئاسىيەنىڭ بىر جۈپ ئېگىز پاشنىلىق ئايىغى بار ئىدى، ئاياغ سەل كونىراپ قالغاچقىمۇ، كىيىپ ئىككى قەدەم ماڭە-ماڭمايلا پۇتلىرى ئاغرىپ چامدىيالماي قالاتتى. «خەقلەر مېنى ئېرىدىن تۇل قېلىپ تۈگىشىپلا كېتىپتۇ دەپ قالمىسۇن» دەپ ئويلىغان ئاسىيە تالا-تۈزگە چىققان چاغلىرىدا ئاشۇ ئايىغىنى كىيىپ چىشىنى چىشلەپ تۇرۇپ تاكاسلاپ ماڭاتتى، لېكىن ئۆيگە قايتىپ كېلىپ بوسۇغىدىن ئاتلىغان ھامان ئۇ

ئاياغنى سېلىپ تاشلاپ نەلەرگىدۇر ئاتاتتى.

ئاسىيە ئېرى ئۆلۈپ كەتكەندىن بۇيانقى بەش يىلنى ئەنە ئاشۇنداق ئۆتكۈزدى. «تۇل خوتۇننىڭ ئېتىكى ئوتلۇق» دېگەندەك، ئۇنىڭغا لايىقلارمۇ جىق چىقتى، لېكىن ئاسىيە ھەممىسىنى «ياق!» دەپ يولغا سېلىپ كەلدى. چۈنكى، ئۇنىڭمۇ ئويلايدىغان يېرى بار ئىدى: «قىز تەگكەن ئېرىدىن تىرناقچىلىك خۇۋلۇق كۆرمىگەن يەردە، ئەمدى تەگكەن ئېرىدىن قانچىلىك ۋاپا كېلەر؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوتتۇرا ياشتىن ئاشقاندىن كېيىن تونۇشۇپ، قايتا نىكاھلىق بولغانلارنىڭ تارتقۇلۇقلىرى ھەققىدىكى ھېكايىلەر ئازمۇ؟»

شۇڭا ھاشىم ئەر-خوتۇن ئىككىسى كېلىپ گەپ ئاچقان دەسلەپكى چاغدا ئاسىيە يېقىنمۇ كەلمىگەنىدى. لېكىن، ھاشىممۇ بوش كەلمىدى، ئۇ خۇدانىڭ قۇتلۇق كۈنى دېگۈدەك كېلىپ ئاسىيەنىڭ بېشىنى ئاغرىتىۋەردى. ئىلگىرى ھاشىم ئەر-خوتۇن ئىككىسىنىڭ ئۆزىگە قىلغان نۇرغۇن ياخشىلىقلىرىنىڭ يۈز-خاتىرىسىنى قىلغان ئاسىيە ئاخىر سۇلايمان بىلەن كۆرۈشۈپ بېقىشقا ماقۇل كەلدى. ئۇ بۈگۈن سۇلايماننى، يەنى ئۆزىنى ئەمرىگە ئالماقچى بولۇۋاتقان ئەرنى كۆرۈپ سەل-پەل ئېرىپمۇ قالدى، چۈنكى ئۇ سۇلايماننى يېشىنىڭ چوڭلۇقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، سالاپەتتە بولسۇن، تەقى-تۇرقتا بولسۇن، ۋە ياكى گەپ-سۆزدە بولسۇن، ئۆزىگە خېلى لايىقكەن، دەپ ئويلىدى. گەپنىڭ راستىنى ئېيتقاندا، ئاسىيەنىڭ ئۆزى بىلەن يىگىرمە بىر يىل ئۆي تۇتقان ئاشپەز ئېرى سۇلايماندەك سالاپەتلىك ئەمەس ئىدى. نېمىشقىدۇر ئاسىيە سۇلايماننى ئۆزىچىلا «خوتۇن خەقنىڭ ھالىغا يېتىدىغان ئىشەنچلىك ئەركەكتەك قىلىدۇ» دەپ ئويلاپ قېلىۋاتاتتى. شۇڭا ئۇ بۇ ئىشنى ئەمدى يەنە رەت قىلىۋەرگۈسى كەلمىدى. قىزىق ئىش، ئاسىيە تاكى سۇلايمانلار ئۇنىڭ

بوسۇغىسىدىن ئاتلاپ كىرگۈچە قايتا ياتلىق بولىدىغان ئىشنى كۆڭلىگە سىغدۇرالماي، ئۇلارغا نېمە دېيىشنى، قانداق قىلىپ چىرايلىقچە رەت قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغانىدى، لېكىن سۇلايماننى كۆرگەندىن كېيىن هازىرقىدەك ئويغا كېلىپ قېلىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى. ئۇ ئۆز-ئۆزىدىن سورايتتى: «قانداق قىلارمەن؟ ئەللىك ياشقا كىرەي دەپ قالغاندا بۇرۇنقى لەۋزلىرىمنى يەردە قويۇپ، باشقا بىر ئەر كىشى بىلەن بىر ياستۇققا باش قويارمەنمۇ؟ ئۆمرۈمدە كۆرۈپ باقمىغان يات بىر ئۆيگە خوتۇن بولۇپ كىرەرمەنمۇ؟ باشقىلارغۇ ئۇ ئادەمنىڭ باللىرىنى ئوبدان دېيىشىۋاتىدۇ، بىراق باللار هەرقانچە ئوبدان بولسىمۇ مېنى ئۆگەيلىمەي قالارمۇ؟ ئىككى قىزىم بۇنىڭغا نېمە دەر؟ ئۇلار مېنىڭ ئاتام كۆرمىگەن-ئاپام كۆرمىگەن خەقلەر بىلەن بىر ئۆيدە ياشىشىمغا ئۇنارمۇ؟»

ئاسىيە تۇرۇپلا ئۆزىنى بىر خىل غايىبانە ۋەھىمە ئىچىدە قېلىۋاتقاندەك سەزدى. ئۇنداقتا ئاسىيە بۇ ئىشنى بولدى قىلسۇنمۇ؟ ياق، ئۇ ئەمدى يەنە رەت قىلسا بولمايدۇ. ئاسىيە ناهايىتى ئۇزاق ئويلاندى. دېمىسىمۇ، ئانا-بالا ئىككىسى تۇرمۇشتا جىق سورۇقچىلىقلارنى تارتتى، ناۋادا سۇلايمانغا ياتلىق بولسا ئەڭ بولمىغاندا يوقسۇزچىلىقنىڭ دەردىدىن ئازراق بولسىمۇ قۇتۇلىدۇ، هازىرغىچە ئۆيدە ئىش كۈتۈپ ئولتۇرۇۋاتقان قىزى سۇلايماننىڭ دۆلەتىدە خىزمەتلىك بولۇپ قالسىمۇ ئەجەب ئەمەس! «قانداق قىلاي؟ زادى قانداق قىلسام بولار؟» ئاسىيە نېمە قىلارىنى بىلەلمەي گاڭگىراپلا قېلىۋاتاتتى.

ئۇ بالكوندىن قايتىپ كىرىپ ئەمدىلا يېتىپ ئارام ئالاي، دەپ تۇرۇشىغا تېلېفون جىرىڭلاپ كەتتى. ئۇ ئىتتىك بېرىپ تېلېفوننى ئېلىۋىدى، قارشى تەرەپتىن هاشىمنىڭ ئۈنى كەلدى.

— ئاسىيەخان، قانداقراق؟ سۇلايمان بولامدىكەن؟ — ھاشىم ئاسىيە بىلەن تىنچلىق سوراشقاندىن كېيىن، تاقەتسىزلىك بىلەن سورىدى.

ئاسىيە دەماللىققا نېمە دېيىشنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى ۋە:

— مەن، مەن... نېمە دېسەم بولار؟ — دېدى پەس ئاۋازدا. ئاسىيەنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى چۈشەنگەن ھاشىم تېلېفوننى رازىمەنلىك بىلەن قويدى.

## 12

سۇلايمان ئاسىيەنىڭ ئۆيىگە ھاشىم بىلەن بىللە بېرىپ تۈنجى كۆرۈشكەندىن كېيىن، ئۆزى يالغۇز يەنە بىرنەچچە قېتىم ئۇچرىشىپ مۇڭدىشىپ باقتى. چىراي-تۇرقى ئادەتتىكىچە بولغىنى بىلەن ۋۇجۇدىدىن بىر خىل تەمكىنلىك ۋە دۇرۇسلۇق تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان بۇ ئايال سۇلايمانغا بەك ياقتى. شۇنداق قىلىپ، قالغان ئۆمرىنى ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆتكۈزۈش قارارىغا كەلگەن سۇلايمان بىر كۈنى ئاسىيە بىلەن بىرگە سۈرەتكە چۈشۈپ توي خېتىمۇ ئالدى.

نىكاھ دېگەن نۇرغۇن ئۆتكەللەردىن ئوڭۇشلۇق ئۆتەلىسە ئاندىن ۋۇجۇدقا چىقىدىغان ئىش. سۇلايمان بىلەن ئاسىيەنىڭ ئالدىدا ئاخىرقى بىر ئۆتكەل قالغانىدى. ئۇ دەل بالىلارنىڭ ئۆتكىلى ئىدى. ئادەتتە قايتا نىكاھلانماقچى بولغانلار بالىلىرىغا بۇ گەپنى ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ياكى دوست-بۇرادەرلىرى ئارقىلىق يەتكۈزىدۇ. لېكىن، ئارىغا باشقا بىرىنى قىستۇرۇشنى بىئەپ كۆرگەن سۇلايمان بۇ ئىشنى بالىلىرىغا يۈزنى سىيپىۋېتىپلا ئۆزى دېيىش نىيىتىگە كەلدى. ئۇ بۇ ئىشنى ئىككى قىزىغا ئۇقتۇرۇشتىن بۇرۇن، ئوغلى پولاتقا دەپ

بېقىشنى لايىق كۆردى.

پولات قۇلىقى قىزىغاندەكلا چوڭ ئۆيگە تۇيۇقسىز كىرىپ كەلدى. ئاتا - بالا ئىككىسى سالام - سەھەتتىن كېيىن تاغدىن - باغدىن پاراڭغا چۈشتى. سۇلايمان گەپ ئارىلىقىدا ئۆزىنىڭ ئاسىيەگە ئۆيلەنمەكچى بولغانلىقىنى پولاتقا ئۇدۇللا دېدى. پولات ئادەتتە ھەرقانداق ئىشتا ناھايىتى تەمكىن ئىدى، بىرەر ئىشقا ئالدىراپ بىرنەرسە دېمىگىنىنى بىلەن، لىللا گەپ قىلاتتى. شۇڭا، سۇلايمان: «پولات بۇ ئىشقىمۇ سوغۇققانلىق بىلەن توغرا قاراپ: ‹ئوبدان قىپسەن، ئاتا› دەيدىغۇ» دەپ ئويلىغانىدى، لېكىن ئويلىمىغان يەردىن ئۇ بەش مىنۇتچە زۇۋان سۈرمەي ئولتۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن تېلېۋىزور كۆرگەن بولۇپ گەپ قىلماي تۇرۇۋالدى. سۇلايمان ئوغلىنىڭ كۆڭلىنىڭ ناھايىتى پاراكەندە بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇراتتى. ئۇ يەنە پولاتنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا ماقۇل بولىدىغانلىقىنىمۇ بىلەتتى. ئۇ پولاتنىڭ بېقىنىدا خېلى ئۇزۇنغىچە «نېمە دەركىن؟» دەپ تەلمۈرۈپ ئولتۇردى. تۇيۇقسىز جىرىڭلىغان ئىشىك قوڭغۇرىقى ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزدى. پولات ئىتتىك بېرىپ ئىشىكنى ئېچىۋىدى، شەرىپە كىرىپ كەلدى. شەرىپەنىڭ تۇيۇقسىزلا كىرىپ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن سۇلايمان بىلەن پولات سەل ھەيران قالدى. ئارىدىكى گەپنى يەنە شەرىپە تەشتى:

— ۋۇي، ئاكا، بۇ يەردە ئولتۇرىسەنغۇ؟ ئىشقا بارمىدىڭمۇ؟

— سەنچۇ؟ سەن نېمىشقا كەلدىڭ؟ ئىشقا بارمىدىڭمۇ؟

— كۆڭلۈمنىڭ ئارامى يوق، ئىشقا بارغۇم كەلمىدى!

شەرىپە ئۇدۇل كېلىپ قولىدىكى توخۇ كاۋىپىنى ئاتىسىغا سۇندى.

— ۋۇي، يەنە نەرسە كۆتۈرۈپ كەپسەنغۇ، قىزىم؟ ھەر قېتىم كەلگەندە بىر نەرسە كۆتۈرۈپ كېلىدىغانغا يا مەن يات ئادەم بولمىسام؟!

— بۇ دېگەن ئاخىرقى قېتىمقىسى، ئاتا. ئەمدى ئەكەلمەيمەن، — دېدى شەرىپە سۇلايمانغا ئەمەس، پولاتنىڭ كۆزىگە مەنىلىك تىكىلىپ تۇرۇپ.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ — دېدى پولات شەرىپەگە قاراپ، ئاندىن يەنە ئاتىسىغا قارىدى.

شەرىپە ئاتىسى بىلەن ئاكىسىغا گەپمۇ قىلماي ئۇدۇللا ئاتىسىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى. سۇلايمان بىلەن پولات شەرىپەنىڭ ئارقىسىدىن سوئاللىق قاراپ قېلىشتى.

— يەنە نېمە قىلاي دەيدىغاندۇ بۇ؟ — دېدى پولات ئۆز-ئۆزىگە غودۇڭشىپ.

شەرىپە ھايال ئۆتمەيئاتىسىنىڭ ھۇجرىسىدىن ئاپىسىنىڭ رامكىلىق سۈرىتىنى كۆتۈرۈپ چىقتى.

— ۋۇي، ئاپاڭنىڭ سۈرىتىنى ئېلىۋاپسەن، نېمە قىلىسەن ئۇنى؟ — سۇلايمان ئەندىكىپ سورىدى.

— ئاپام ئەمدى بۇ ئۆينىڭ خوجايىنى بولمىغاندىكىن، ھۇجراڭغا يېڭى خوجايىنىنىڭ سۈرىتىنى ئېسىپ قويارسەن، ئاتا. رەھمەتلىك ئاپام بۇ ئۆيدە بويىنىنى قىسىپ قالمىسۇن، دەپ سۈرىتىنى ئېلىۋالدىم، — شەرىپە سۈرەتنى قولتۇقىغا قىستۇردى ۋە ساپاغا قويۇقلۇق سومكىسىنى ئېلىپ تالاغا ماڭدى.

— يەنە نېمە قىلاي دەيسەن، شەرىپە؟ نېمە گەپ بۇ ئەمدى-ھە؟ ئادەمنى تولا تىت-تىت قىلماي گېپىڭنى ئوچۇق قىل! — پولات شەرىپەنى ئاكىلىق ھەيۋىسى بىلەن توسۇپ قالماقچى بولدى. شەرىپە پولاتنىڭ گەپلىرىنى پىسەنتىگە ئېلىپ قويماي، كەتمەكچى بولۇپ بوسۇغىغا بېرىپ بولدى.

— توختا! — غەزەپتىن تىترەپ كېتىۋاتقان سۇلايمان جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىرىدى. شەرىپە تۇرغان يېرىدە توختىدىيۇ، لېكىن گەپ قىلمىدى.

— بىرى كەل! — سۇلايمان بۇيرۇق تەرزدە يەنە ۋارقىرىدى.
شەرىپە ئاستا ساپاغا كېلىپ ئولتۇردى. سۇلايمان ئۇنىڭ قولىدىكى سۈرەتنى ئېلىپ شىرەگە قويۇپ قويدى.
— ھاپىلا-شاپىلا سۈرەتنى ئېلىۋېلىپ نېمە قىلماقچى ئىدىڭ؟
— بۇ دېگەن ئاپامنىڭ سۈرىتى، قاچان ئەكەتكۈم كەلسە ئەكىتىۋېرىمەن، — دېدى شەرىپە ئاتىسىغا دوق قىلىپ.
— قىزىم شەرىپە، ساڭا شۇنى دەپ قوياي، ھەكىمە سىنىڭ ئاپاڭلا ئەمەس، مىنىڭ قەدىناسىم؛ ئۇ كۆز يۇمغاننىڭىياقى مەنمۇ سىلەرگە ئوخشاشلا ئازابلىنىۋاتىمەن، ئۇنى ھەسرەت ئىچىدە سېغىنىمەن؛ رەھمەتلىكنىڭ روھىنى قورۇندۇرۇپ قويماسلىقنى سەن ئۆگەتمىسەڭمۇ ئوبدان بىلىمەن!
— نېمە دېدىڭ؟! رەھمەتلىك ئاپام سېنىڭ ئايالىڭما تېخى؟ ئاتا، تولا ياسالمىلىق قىلما! ھەممىنى ئۇقۇپ بولدۇم، سەن بۇ ئۆيگە خوتۇنىدىن بىرنى ئەكىرىپ ئاپامنىڭ ئورنىغا دەسسەتمەكچى! — شەرىپە گەپنىڭ ئوچۇقىنىلا ئېيتتى.
بۇ ئىشنى شەرىپەنىڭ نەلەردىن ئۇققانلىقىغا ھەيران قالغان سۇلايمان قىزىغا باشقا گەپ قىلماي جىم ئولتۇرۇپ قالدى.
— شەرىپە، ئاتاممۇ ياشىنىپ قالدى، — دېدى پولات سىڭلىسىغا گەپ يېگۈزۈش كويىدا، — ئاپام رەھمەتلىك قازا قىلغاندىن بۇيان ئاتام بىچارە بەكلا غېرىبسىنىپ قېلىۋاتىدۇ، ئۇنىڭغا بىر ھەمراھ بولمىسا بولمايدۇ-دە!
— ئاكا، بولدى قىل، ئۇنداق گەپلىرىڭنى ئەمدى ئاڭلىغۇم يوق! — شەرىپە قايناپ سۆزلىگىلى تۇردى. قىزىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاشقا تاقىتى قالمىغان سۇلايمان ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ ھۇجرىسىغا كىرىپ ئىشىكنى «گۈپپىدە» ياپتى. پولاتنىڭ بىر جۇپ كۆزى شەرىپەگە ئۆتكۈنۈش ئىچىدە

تىكىلدى، ئۇ توختىماي بېشىنى چايقايتتى.

ـــ ئاكا، مەندىن «گېپىمنى ئاڭلىمىدى» دەپ ئاغرىنساڭمۇ مەيلى؛ ئاتامنىڭ قېرىغاندا يەنە «خوتۇن ئالىمەن» دەپ قوپقىنىغا ھېچبىر ئەقلىم يەتمەيدۇ. ئۆيدە ئاخشىمى-ئەتىسى ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغانغا زۆھرە ئاچام بارغۇ؟ بىزمۇ ھەر ھەپتىسى يوقلاپ تۇرۇۋاتىمىز؛ ئاتامغا ئىككى مىڭ يۈەندەك پېنسىيە مائاشى چىقىدۇ، يەيمەن دېسە بار، كىيىمەن دېسە بار، قولىنى نەگە سۇنسا يېتىدۇ، ئەمدى يەنە خوتۇننىڭ نېمە كېرىكى؟!

پولات شەرىپەنىڭ گېپىگە يارىشا بىرنېمە دەي دەپ تۇرۇشىغا، ئۇ شىرەدىكى سۈرەتنى ئېلىپ ماڭماقچى بولۇۋىدى، پولات سۈرەتنى تارتىپ ئېلىۋالدى:

ـــ كەتسەڭ كەت، كېيىن بىرنېمە دېيىشەيلى، لېكىن ئاپامنىڭ سۈرىتىنى ھازىر ئەكەتسەڭ بولمايدۇ؛ ھېلىقى ئايال ئۆيگە كىرىپ بولغىچىلا بۇنداق قىلغىلى تۇرساڭ ئاتامنىڭ كۆڭلى يېرىم بولمامدۇ؟!

شەرىپە ئورنىدىن دەس تۇرۇپ تالاغا قاراپ ماڭغاچ غۇدۇرىدى:

ـــ ھىم، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاياپدىكەنمىزۇ، ئۇ ئەجەب «قېرىغاندا يەنە خوتۇن ئالسام بالىلىرىمنىڭ كۆڭلى يېرىم بولماسمۇ؟» دەپ بىزنى ئويلاپمۇ قويمايدىكەنغۇ!

شەرىپە كەتكەندىن كېيىن سۇلايمان تورۇسقا تىكىلگىنىچە ئۇزاقتىن-ئۇزاق خىيال سۈرۈپ يېتىپ كەتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ يۈرىكى ئازاب ئىچىدە ئۆرتەنمەكتە ئىدى. شۇنداق، سۇلايماننىڭ بۇ دۇنيالىقتىكى ئەڭ يېقىن سىردىشى كېتىپ قالدى. غېرىبلىق باسقان مۇشۇ كۈنلەردە ئۇ بالىلىرىنىڭ ئۆزى بىلەن بۇرۇنقىدەكلا ھەقىقىي دىلكەش ۋە سىرداش بولۇپ ئۆتۈشىنى نەقەدەر ئارزۇ قىلاتتى-ھە! دېمەك، ئۇ ئەمدى

ئۆزىگە ھەمراھتىن بىرنى تېپىپ، غېرىبلىقتا ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك بولۇۋاتقان بۇ تەنھا كۈنلىرىنى ئاخىرلاشتۇرمىسا بولمايدۇ. شۇنداق قىلسا، بالىلىرىمۇ يوكتىن، ئاتىسىنىڭ غېمىدىن خالاس بولىدۇ. شۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزگەن سۇلايمان ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلىدى: «مۇشۇ كۆڭلۈمنى چۈشەنگەن بولساڭلارچۇ، جېنىم بالىلىرىم! بېشىم كۆككە يېتەر ئىدىغۇ!» كەچتە زۆھرە ئىشتىن ئۇدۇللا ئۆيگە يېنىپ كېلىپ، كىيىمىنى يەڭگۈشلەپلا تاماقتا تۇتۇش قىلىش ئۈچۈن ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى. ساپادا ئولتۇرغان سۇلايماننىڭ بۇ ئىشنى زۆھرەگە قانداق ئېيتىشنى بىلەلمەي كاللىسى قېتىپ كېتىۋاتاتتى.

زۆھرە ئوتتۇز سەككىز ياشقا كىرگەن قېرى قىز بولغىنى بىلەن ئۆزى مۇلايىم، كەم سۆز ھەم ئىللىق چىراي ئىدى. زۆھرە ئاپىسى ھايات چاغلاردا ئۇنىڭ بىلەن ھەر ھالدا ئىچ سىر ئېيتىشىپ مۇڭدىشاتتى، ئاپىسى قازا قىلغاندىن كېيىن، ئۇ تېخىمۇ كەم سۆز بولۇپ كەتتى. شۇڭا سۇلايمان بۇ قىزىنىڭ زادى نېمە ئويلايدىغىنىنى ئۇقالماي ئاۋارە ئىدى. مانا ئەمدى سۇلايمان ياش قۇرامى زۆھرەدىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدىغان بىرىنى «ماۋۇ سېنىڭ ئاپاڭ» دەپ ئەكىرسە ئۇ نېمە دەيدۇ؟! زۆھرەنىڭ «تاماق پىشتى» دېگەن سۆزى سۇلايماننىڭ خىيالىنى بۇزدى. سۇلايمان ئاشخانىدىكى تاماق شىرەسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇردى. زۆھرە كەچلىك غىزا ئۈچۈن سۇيۇقئاش ئەتكەنىدى. ئاتا-بالا ئىككىسى ئىلگىرىكىدەكلا لام-جىم دېمەي ئولتۇرۇپ ئىشىنى ئىچىۋاتاتتى. پەقەت قوشۇقنىڭ چىنىگە تەگكەن چاغدىكى ئاۋازىلا ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ تۇراتتى.

—ئاتا، ساڭا سالىدىغان بىر مەسلىھەتىم بار ئىدى، —دېدى زۆھرە تويۇقسىزلا ئېغىز ئېچىپ.

— نېمە ئىش؟

— مەن ئىچكىرىگە بىلىم ئاشۇرۇشقا بارىدىغان بولۇپ قالدىم، — دېدى زۆھرە ۋە بىردەم تۇرۇۋېلىپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — بىر خىزمەتدىشىم كاناداغا كۆچمەن بولۇپ چىقىپ كەتكىلىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ قىرىق نەچچە كۋادرات مېتىرلىق بىر يورۇش ئۆيى بار ئىدى، شۇنى ئىجارىگە بېرىدىكەن، ئايلىق ئىجارىسى ئۈچ يۈز يۈەن ئىكەن، شۇنى ئىجارىگە ئالايمىكىن دەيمەن!

سۇلايمان زۆھرەنىڭ گەپلىرىگە ھەيران قالدى.

— قىزىم، بىلىم ئاشۇرۇشقا بارىمەن دېگىنىڭگە خۇش بولدۇم، لېكىن «ئۆي ئىجارە ئالىمەن» دېگىنىڭ بۇ زادى نېمە ئىش؟ قانداقلارچە تۇيۇقسىزلا بۇنداق ئويغا كېلىپ قالدىڭ؟ بىرەر گەپ ئاڭلىدىڭمۇ ـ يە؟

— ياقەي، — دېدى زۆھرە ئاڭلىغان گەپلىرىنى ئاتىسىنىڭ يۈزىگە سېلىشقا پېتىنالماي، — ئۆي ئىجارىسى ئەرزانىكەن ھەم بىزنىڭ ئىدارىگە يېقىن، شۇڭا...!

— ھە، مۇنداق دېگىن! قارىغاندا، بەزىبىر گەپلەرنى ئاڭلىغانمۇ ئوخشايسەن، قىزىم. بوپتۇ، مەن ساڭا ئۆز ئاغزىم بىلەن دەپ بېرەي، مەن ئۆيلىنىدىغان بولۇپ قالدىم، تويىنى پات ئارىدا قىلىمىز. بىراق، دەل مۇشۇنداق چاغدا «كۆچۈپ چىقىپ كېتىمەن» دېگىنىڭگە قارىغاندا بۇنىڭغا قوشۇلمايدىغان ئوخشىمامسەن؟

— ياقەي، ئۇنداق ئەمەس، ئاتا. ئۇ ئايال بۇ ئۆيگە كىرگەندىن كېيىنمۇ تۇرىۋەرسەم بىئەپ بولۇپ قالارمىكىن، دەپ ئويلاپ... — دېدى زۆھرە بېشىنى كۆتۈرمەي تۇرۇپ.

— ياق، بولمايدۇ! — دېدى سۇلايمان گەپنى كېسىپلا، — يېشىڭ ھەرقانچە چوڭ بولۇپ كەتسىمۇ، سەن دېگەن تېخى تاللىق بولمىغان قىز، شۇڭا يېنىمدا تۇرۇۋېرىسەن.

زۆھرە ئاشتىن بىر قوشۇق ئېلىپ ئاغزىغا سالدى، لېكىن گېلىدىن ئۆتمىدى. ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى مارجاندەك تۆكۈلۈۋاتاتتى. سۇلايمان زۆھرەگە ئاتىلارچە مېھرى بىلەن تىكىلدى:

— ئۇنداق قىلما، قىزىم. مۇشۇ ئۆيدە تۇرۇۋەر، بولامدۇ؟

— ماقۇل، ئاتا! — دېدى زۆھرە بىرھازا جىمجىت ئولتۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن.

## 13

ئاسىيەنىڭ كىچىك قىزى مۇنەۋۋەر ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئۆيدە خىزمەت كۈتۈپ ئولتۇرۇۋاتاتتى. مۇنەۋۋەر كىچىك چاغلىرىدىن تارتىپلا يوقسۇزلۇقنىڭ دەردىنى جىق تارتتى، ئۇنى ئاز دەپ ئاتىسى بالدۇر تۈگەپ كەتتى. شۇڭا، قىزىنىڭ بۇ تارتقۇلۇقلىرىنى ئويلىسىلا يۈرىكى ئېچىشىدىغان ئاسىيە: «كۆڭلى سۇنۇپ قالمىسۇن» دەپ ئالىقىنىدا پۈۋلەيتتى؛ ئۆزى بولسا تىرىكچىلىك ئۈچۈن قولىنى كۆسەي، چېچىنى سۈپۈرگە قىلاتتى. شۇڭا مۇنەۋۋەر ئادەتتە ئاپىسىنىڭ تېپىپ بەرگىنىنى يەپ، دوستلىرى بىلەن ئويناپ، كۈنلىرىنى خۇددى مايىنىڭ ئىچىدىكى بۆرەكتەك غەمسىز ئۆتكۈزەتتى. شۇڭا خىزمەت كۈتۈۋاتقان ئىككى يىلدىن بۇيان، ئۇ بىر كۈنمۇ زېرىكىپ مۈگىلىنىپ باقمىدى، لېكىن چاقماق چاققاندەك بىلىنىپ كەتكەن بىر شۇم خەۋەر ئۇنىڭ بۇ غەمسىز كۈنلىرىنىڭ ۋەتۋەرىكىنى چىقىرىۋەتتى: «ئاپام قېرىغاندا يەنە ئەرگە تېگىدىغان بوپتۇ!» بۇ گەپنى ئۇنىڭغا ئاسىيەنىڭ دوستى مەريەم دەپ بېرىپ، ئالدى بىلەن ئاپىسىنى ئويلاش، كۆڭلىنى يېرىم قىلماسلىق ھەققىدە نۇرغۇن گەپ قىلدى، لېكىن مۇنەۋۋەر شۇ كۈندىن باشلاپ يېمەي-ئىچمەي، ھەتتا

گەپمۇ قىلماي ئولتۇرۇپلىۋالدى. ئۇ ئەتىگەندىن كەچكىچە ساپادا ئولتۇرۇپ مەرھۇم ئاتىسىنىڭ تامغا ئېسىقلىق سۈرىتىگە تەلمۈرگىنىچە مۆلۈلدەپ يىغلايتتى. مۇنەۋۋەر ساپادا توپتوغرا ئىككى كۈن مىدىرلىماي ئولتۇرۇپ ئاشۇنداق يىغلىدى. بۇنى كۆرگەن ئاسىيەنىڭ يۈرىكى لەختە-لەختە قان بولۇپ كەتتى. مۇنەۋۋەر ئاپىسىغا چىش يېرىپ بىرنېمە دېمىگىنى بىلەن، ئۇنىڭ بۇ قىلىقىدىن ئاپىسىنىڭ بۇ نىكاھ ئىشىغا نارازى ئىكەنلىكى ئېنىق ئىدى. ئاسىيە قىزىغا نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ قىزىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن قىزى ناھايىتى ئامراق تاماقلارنى ئېتىپ ئالدىغا ئەكېلىپ باقتى، لېكىن مۇنەۋۋەر داستىخانغا قاراپمۇ قويمىدى. ئاخىرى يەنە مەريەم ئارىغا چۈشتى:

— ئۇنداق قىلماڭ، قىزىم! ئاپىڭىزنىڭ بۇ توي ئىشىنى قىلامدۇق-قىلمامدۇق، ئۇنىڭغا كېيىن بىرنېمە دەيلى، سىز قورسىقىڭىزدا نېمە ئويلىغان بولسىڭىز شۇنى دەڭ، جېنىم بالام! ئالدى بىلەن تاماق يەڭ، تاماق يېمىسىڭىز قانداق بولىدۇ؟ تاماق يېمەي ئالمادىس ئاغرىپ-تارتىپ قالسىڭىز ھەممە بولغۇلۇق يەنە شۇ ئاپىڭىزغا بولار؟! ئۇنداق قىلماڭ، ئاپىڭىزنى ئويلاپ قويۇڭ!

بۇ گەپلەر مۇنەۋۋەرگە قىلچە كار قىلمىدى، ئۇ خۇددى روھى چىقىپ كەتكەن ئادەمدەك بۇرۇنقىدەكلا تامغا قاراپ جىم ئولتۇرۇۋالدى. ئىككىنچى كۈنى كۈن ئولتۇراي دېگەندە مۇنەۋۋەر ھوشىدىن كېتىپ يىقىلدى. قولۇم-قوشنىلار «ھە-ھۇ» بىلەن ئۇنى دوختۇرخانىغا ئاپاردى، دوختۇرخانىدا ئۇنىڭغا ئاچىسى لەيلى كېلىپ قارىدى. ئاسىيەنىڭ چوڭ قىزى لەيلى قانداقلا بولمىسۇن، بىر بالىغا ئاپا بولغان بولغاچقا ئاپىسىنىڭ دەردىنى ئازدۇر-كۆپتۇر چۈشىنەتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئاپىسىنىڭ ياتلىق بولىدىغان ئىشىنى پەقەتلا كۆڭلىگە

سىغدۇرالمايۋاتاتتى، ئەمما كىچىك چاغلىرىدىن باشلاپلا رايىشلىققا كۆنگەن بۇ مەزلۇمنىڭ «بوپتۇ» دېمەي نېمە ئامالى بولسۇن؟!

ئۇ كېسەلخانىغا كىرىپ كەلگەن چاغدا ئاسىيە مۇنەۋۋەرنىڭ يېنىدا ئىدى. شۇنچە يىراقتىن يېتىپ كەلگەن قىزىنى كۆرۈپلا پۈتۈن ۋۇجۇدىغا ئوت يامىشىپ ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ كەتكەن ئاسىيە قىزى لەيلىنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ بۇقۇلداپ يىغلىغىلى تۇردى. نېمىشقىدۇر، لەيلى كۆزلىرىگە ھېچبىر ياش كەلتۈرەلمەيۋاتاتتى.

ئاچىسىنى كۆرۈپ خېلى جان كىرىپ قالغان مۇنەۋۋەرنىڭ مەڭزىلىرىگە بىلىنەر-بىلىنمەس قىزىللىق يۈگۈردى. شۇ ئارىلىقتا ئاسىيە دوختۇرنىڭ ئىشخانىسىغا چىقىپ كەتتى.

—ئۇقتۇڭمۇ، ئاچا، ئاپام ئاتمىش نەچچە ياشلىق بىر قېرىغا تەگمەكچى بوپتۇ، —دېدى ئاپىسىنىڭ تالاغا چىقىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن مۇنەۋۋەر ئاچىسىغا گەپنى ئۇدۇللا ئېچىپ، —ئۇ قېرى دېگەن ئاپامنىڭ ئاتىسى دېمەتلىك ئادەم تۇرسا... ھەي... ئاپامۇ قىزىقكەن، چۈشەكەپ قوپقاندەك قانداقلارچە قېرىغاندا ئەرگە تەگكۈسى كېلىپ قالدىكىنە؟!

—بۇنى ئاڭلىدىم، ئۇنى خېلى بولىدىغان ئادەم دېيىشىۋاتىدۇغۇ؟!

—سەن كىمدىن ئاڭلىدىڭ؟

—ئاپامنىڭ دوستى مەريەم ئاچامدىن.

—ئاپام «ياتلىق بولدۇم» دېگىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە ھېلىقى قېرىنىڭ ئۆيىگە مالاي بولۇپ كىرىدۇ، مەريەم ئاپاشمۇ قىزىقكەن، ئاپامنىڭ دوستى تۇرۇقلۇق ئۇنىڭغا ئىككى ئېغىز نەسىھەت قىلىپ قويماي... —مۇنەۋۋەر دەرغەزەپ بولۇپ سۆزلەيتتى.

لەيلى گەپ قىلماقچى بولۇپ ئاغزىنى ئۆمەللەپ تۇرۇشىغا

ئاسىيە كىرىپ كەلدى. بۇنىڭ بىلەن ئاچا-سىڭىل ئىككىسىنىڭ گېپىمۇ ئۈزۈلۈپ قالدى. ئۇچ كۈندىن كېيىن مۇنەۋۋەر دوختۇرخانىدىن چىقتى. مەريەممۇ ئۇنى دەل شۇ كۈنى ئۆيگە يوقلاپ كەلدى. ئۇ لەيلى بىلەن مۇنەۋۋەرنى ئاسىيەنىڭ ھۇجرىسىغا چاقىرىپ كىرىپ نۇرغۇن نەسىھەتلەرنى قىلدى.

— مەريەم ئاپا، ئاپامنىڭ ھالىغا يەتمىگىنىم ئەمەس. پەقەت ئۇنىڭ قېرىغانىدا ياتلىق بولدۇم دەپ، ئاخىرقى ھېسابتا باشقىلارغا مالاي بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى ئويلىساملا ۋىجدانىم چىدىماي، ئۆزۈمنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالىمەن، — دېدى مۇنەۋۋەر ئۆزىنىڭ گېپىنى راست قىلىپ.

— قىزىم، مەن سىزگە بىر ئىشنى سۆزلەپ بېرەي، — دېدى مەريەم سەۋرچانلىق بىلەن، — بۇرۇن بىر ئايال ئوتتۇز ياشقا بارماي تۇرۇپلا ئېرىدىن تۇل قاپتۇ، ئۇ يالغۇز ئوغلىنى ئۆگەينىڭ ئالدىغا ئەكىرىشنى بىئەپ كۆرۈپ تۇل پېتى ئوغلىنى مىڭ بىر جاپادا بېقىپ چوڭ قىپتۇ. ئۇ ئايالنىڭ ئوغلى قىرانىغا يېتىپ ئۆيلۈك-ئوچاقلىق بوپتۇ، لېكىن ھېلىقى ئايال قېرىپ مادارىدىن كېتىپتۇ. ئايالنىڭ ئوغلى «ئاپامنىڭ ئاخىرقى ئارزۇسى — مەككىگە بېرىپ ھەج قىلىش بولسا كېرەك، شۇڭا ئاشۇ ئارزۇسىنى قاندۇرۇپ دۇئاسىنى ئالاي» دېگەن ئويدا ئاپىسىنى بويىنىغا مىندۇرۇپ بىرنەچچە ئاي يول يۈرۈپ ئاخىرى مەككىگە ئاپىرىپتۇ. بۇنى كۆرگەن بىر دانىشمەن ئۇنىڭدىن سوراپتۇ: «ئىي ئوغلۇم، ئاپاڭنى نە سەۋەبتىن بويىنۇڭغا مىندۇرۇپ ئېلىپ كەلدىڭ؟» موماينىڭ ئوغلى شۇنداق جاۋاب قىپتۇ: «ئاتام رەھمەتلىك بۇرۇن تۈگەپ كەتكەچكە ئاپام بىچارە ياش تۇرۇپلا تۇل قالدى، لېكىن مېنى بېقىپ قاتارغا قوشىمەن، دەپ قايتا ياتلىق بولمىدى؛ شۇڭا ئاپامنىڭ ماڭا قىلغان ئاشۇ مېھىر-شەپقىتىگە جاۋاب قايتۇرۇپ، ئۇنىڭ

دۇئاسىنى ئالاي، دېگەن ئۈمىدتە بويىنۇمغا مىندۈرۈپ مەككىگە ھەجگە ئېلىپ كەلدىم.» ھېلىقى دانىشمەن ئوغۇلغا قاراپ ئېچىنغان ھالدا بېشىنى چايقاپتۇ: «ئىي ھاماقەت يىگىت! ئاپاڭنىڭ دۇئاسىنى ئالىمەن، دەپ بۇنداق جەبىر تارتىپ يۈرگۈچە ئاپاڭنى بۇرۇنراق بىرىگە ياتلىق قىلىۋەتكەن بولساڭلا، ئۇنى بويىنۇڭغا مىندۈرۈپ مەككىگە ئەكەلگەندىنمۇ نەچچە ھەسسە ئارتۇق ساۋاب تاپار ئىدىڭ ئەمەسمۇ؟!»... جاۋابەن ئوغلىنىڭ دولىسىدا تۇرغان موماي شۇنداق دەپتۇ: «ئاللا ئىگەم بۇ ئوغلۇمغا ئۆكۈزدەك كۈچ بەرگۈچە، سىلى دېگەن ئاشۇ ئەقىلنى بەرگەن بولسىچۇ كاشكى...!»

مەريەم بىردەم تۇرۇۋېلىپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— بۇ مەن توقۇغان گەپ ئەمەس، ئەل ئىچىدە ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان ئېغىزدىن-ئېغىزغا كۆچۈپ كېلىۋاتقان ھېكايە. ئىشقىلىپ، ئۆز ھەمراھىدىن ئايرىلىپ قالغان ھەرقانداق ئادەم غېرىبسىنىدۇ، ئۆزىگە لايىق كەلگۈدەك بىرەر دىلكەشنى تېپىپ قالغان ئۆمرىگە ھەمراھ قىلىۋېلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر بالىلىرىنىڭ كاجلىق قىلىپ تۇرۇۋېلىشى سەۋەبىدىن بۇ ئارزۇسىغا يېتەلمەي كېلىۋاتىدۇ. يەنە بىرنەچچە يىلدىن كېيىن سىزمۇ تالالىق بولىسىز، قىزىم. شۇ چاغدا ئاپىڭىزنىڭ ئەللىك ياشقا كىرە-كىرمەيلا تىكەندەك يالغۇز قېلىپ تۆت تامغا يەم بولۇپ كېتىشىگە سىزمۇ چىدىمايسىز.

— ياق، مەن توي قىلماي ئاپامغا بىر ئۆمۈر ھەمراھ بولىمەن، — دېدى مۇنەۋۋەر تۇمشۇقلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ.

— ئاقمايدىغان يوقىلاڭ گەپنى قىلماڭە، قىزىم، — دېدى مەريەم مۇنەۋۋەرنىڭ گېپىنى ئۈزۈپ، — ئويلاپ بېقىڭە، ئاپىڭىزغا ھەمراھ بولىمەن، دەپ توي قىلماي قېرى قىز بولۇپ ئولتۇرۇپ قالسىڭىز ئاپىڭىز خۇش بولارمۇ؟! كىچىك بالىدەك

گەپ قىلىدىكەنسىز!
بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان مۇنەۋۋەر جىمىپ قالدى. مەريەم: «مۇنەۋۋەرنى ئەيۋەشكە كېلىپ قالارمىكىن؟» دېگەن ئۈمىدتە ئۇنىڭغا چىرايلىق گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى دەپ باقتى:
— ھېلىقى ئادەم بۇرۇن مۇئاۋىن نازىر بوپتىكەن، ھازىر ئىككى مىڭ يۈەن پېنسىيە پۇلى ئالىدىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە تېنى ساق، گۇسمۇستەك ئادەممىش. شۇڭا ئۇ ئۆيدە ئاپىڭىزغا ئېغىرچىلىقنى سالىدىغان ھېچكىم يوق، ئاپىڭىز ئۇ ئۆيگە كىرسە دولىسى ئاپتاپ كۆرۈپ، ھازىرقىدەك يوقسۇزچىلىقنىڭ دەردىدىنمۇ قۇتۇلاتتى، ھەتتا سىزنىڭ خىزمىتىڭىزمۇ ئاشۇ بوۋاينىڭ دۆلىتىدە ھەل بولۇپ قالامدۇ تېخى!
— ئىشقىلىپ، ئۇ ئۆيگە ئاپام بارسا بارسۇن، مەن بارمايمەن! — دېدى مۇنەۋۋەر غودۇڭشىپ.

## 14

2-ئىيۇن سۇلايمان بىلەن ئاسىيەنىڭ تويى بولدى. گەپنىڭ ئوچۇقىنى ئېيتقاندا، سۇلايمان ئاسىيەنى نىكاھلاپ ئەكېلىۋالدى. سۇلايمان بىلەن ھاشىم ئىككىسى شۇ كۈنى ئەتىگەنلىكى ئالدىنقى كۈنى كۆرۈۋشۇپ قويغان قارىمنى باشلاپ ئاسىيەنىڭ ئۆيىگە نىكاھقا كەلدى. ئاسىيەنىڭ دوستى داستىخان راسلاپ مېھمانلارغا چاي تارتتى. سۇلايمان بىلەن ھاشىم ئىككىسى داستىخاندا قارىمنىڭ ئىككى بېقىنىدا ئولتۇردى. ئۇزۇن رومالنى يەر سۆرىتىپ سېلىۋالغان ئاسىيە ئىككى قىزنى ئىككى بېقىنىغا ئېلىپ ئىچكەركى ئۆيدە ئولتۇراتتى. چايدىن كېيىن نىكاھ ئوقۇلدى. قارىمنىڭ مۇڭلۇق قىرائىتىنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان ئاسىيە نېمىشقىدۇر تۇيۇقسىزلا مىشىلداپ يىغلاپ كەتتى. بۇنى كۆرگەن لەيلى بىلەن

مۇنەۋۋەرمۇ ئۆزىنى تۇتالماي يىغلىغىلى تۇردى.
— ئاسىيەخان، — دېدى قارىم قىرائەتنى تۈگىتىپ بولغاندىن كېيىن شەرىئەت ھۆكۈمى بويىچە ئالدى بىلەن ئاسىيەدىن سوئال سوراپ:
— ئۆزلىرىنى سۇلايمانئاخۇنغا خوتۇنلۇققا قوبۇل قىلدىلىمۇ؟
ئىچكەركى ئۆيدىن جاۋاب چىقمىدى. ئادەتتە ئايال تەرەپ بولسا، قارىم: «ئۆزلىرىنى خوتۇنلۇققا قوبۇل قىلدىلىمۇ؟» دەپ ئىككى-ئۈچ قېتىم سورىغاندا ئاندىن جاۋاب بېرەتتى ياكى ئۇنىڭ جاۋابىنى باشقا بىر ئايال «قوبۇل قىلدىم، دەيدۇ» دەپ يەتكۈزەتتى، بۇ ھەم نىكاھنىڭ قائىدىسى ئىدى. قارىم بايىقى سوئالنى ئۈچىنچى قېتىم تەكرارلىدى. ئىچكەركى ئۆيدىن قىرائەت باشلىنىشى بىلەن ئاسىيەنىڭ يېنىغا كىرىپ ئولتۇرغان مەريەمنىڭ ئۈنى ئاڭلاندى:
— قوبۇل قىلدىم دەيدۇ!
قارىم ئۇڭ بېقىندا ئولتۇرغان سۇلايمانغا يۈزلەندى:
— سۇلايمانئاخۇن، ئاسىيەخاننى حوتۇنلۇققا قوبۇل قىلىپ ئەمرىلىرىگە ئالدىلىمۇ؟
— ئالدىم! — دېدى سۇلايمان قارىمنىڭ سوئالى تۈگىشى بىلەن كەسكىن جاۋاب بېرىپ. قارىم دۇئاغا قول كۆتۈردى.
سۇلايمان بىلەن ئاسىيەنىڭ نىكاھى ئوقۇلۇپ بولۇندى، ئاسىيە سۇلايماننىڭ ئەمرىگە ئۆتتى. شۇنداق قىلىپ، ئاسىيە ئاشۇ دەقىقىدىن باشلاپ بەش يىلدىن بېرى تۇل ئولتۇرۇۋاتقان كۈنلىرىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ يېڭىچە ھاياتقا قەدەم قويدى. «نىكاھ سودىسى — ئۆمۈر سودىسى» دېگەنىكەن ئاتىلار. دېمىسىمۇ، نىكاھ-تويى بولغان ھەر ئىككىيلەن ئۈچۈن ئېيتقاندا يۈرەكلەرنى دۈپۈلدىتىۋېتىدىغان خۇشاللىنارلىق ئىش ئىدى، لېكىن ئاسىيە نېمىشقىدۇر خۇشال بولماقتا يوق،

مەريەمنىڭ بويىنغا ئېسىلىپ يىغلاپ كەتتى. بۇنى كۆرگەن لەيلى بىلەن مۇنەۋۋەرمۇ كېلىپ ئاپىسىغا ئېسىلىپ يىغلىغىلى تۇردى.

— رەھىمسىز ئاپاڭلارنى كەچۈرۈڭلار، قىزلىرىم، — دەيتتى ئاسىيە قىزلىرىنىڭ مەڭزىدىكى ياشلارنى بارمىقى بىلەن سۈرتكەچ بۇقۇلداپ يىغلاپ، — نېمىشقا بۇنداق قىلىۋاتقانلىقىمنى ئۆزۈممۇ ئۇقمايمەن...، ھەي... مەن نېمە دېسەم بولار...!

ئانا ـ بالا ئۈچى قانغۇچە يىغلىشىۋالغاندىن كېيىن سۇلايمان بىلەن ھاشىم ئاسىيەنى ئېلىپ ماڭدى. ئاسىيەگە قولداش بولغان مەريەم ئۇنى قولتۇقلاپ كېتىپ باراتتى. ئۇلار سۇلايماننىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلگەندە ئاللىقاچان يىغىلىپ، داستىخان تەييارلاپ تۇرۇشقان سۇلايماننىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقان، بالا ـ چاقىلىرى ئۇلارنى چوڭقۇر سالام بىلەن كۈتۈۋالدى. لېكىن، ئۆيدە قىز ـ يىگىتلەر توينىڭ يارىشىقى سۈپىتىدە چاڭ چىقىپ كېتىدىغان نەغمە ـ ناۋا، ئۇسسۇل ـ ساما، كۈلكە ـ چاقچاق دېگەنلەردىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. ئاسىيەنىڭ سۇلايماننىڭ بوسۇغىسىدىن ھەشەم ـ دەرەمسىز، نەغمە ـ ناۋاسىز تېپتىنچ كىرىپ كېلىشى ئەلۋەتتە توغرا ئىدى. چۈنكى، قايتا نىكاھلىق بولغانلارنىڭ تويى ئاشۇنداق تۈگەيتتى.

## 15

سۇلايمان بېشىنى ئوڭلاپ غېرىبلىقتىن قۇتۇلغاچقىمۇ ئۇنىڭ ھەكىمە قازا قىلغاندىن باشلاپ خۇنى ئۆچكەن چېھرىگە قايتا كۈلكە يۈگۈردى. سۇلايماننىڭ خوتۇنى ئاسىيە ئۇنىڭدىن خېلىلا كىچىك ئىدى. شۇڭلاشقىمۇ، سۇلايمان ئۆزىنى خېلىلا تۈزەشتۈرۈپ يۈرىدىغان بولۇپ قالدى: ساقال ـ بۇرۇتلىرىنى

ھەر كۈنى پاك-پاكىز قىرىپ، شالاڭ چاچلىرىنى پارقىرىتىپ تارىۋالاتتى. ئەزەلدىن كىيىپ باقمىغان ھېلىقى قىزغۇچ پوپايكىنىمۇ ئېلىپ كىيدى، سۈتتەك ئاق كۆڭلەك بىلەن قىزغۇچ پوپايكا بەكمۇ ياراشقان سۇلايمان تېخىمۇ روھلىنىپ ياشىرىپ كەتكەندەك بولۇپ قالدى.

ئاسىيە سۇلايماننىڭ ئۇچىسىدىكى قىزغۇچ پوپايكىنى كۆرۈپ ماختاپ كەتتى. بۇنى ئاڭلىغان سۇلايماننىڭ خۇشاللىقتىن ئاغزى قۇلىقىغا يەتتى، لېكىن ئۇ ئاسىيەگە بۇ پوپايكىنى بۇرۇنقى خوتۇنىنىڭ نەچچە كېچە ئۇخلىماي ئۆز قولى بىلەن توقۇپ بەرگەنلىكىنى ئېيتمىدى. چۈنكى، سۇلايماننىڭ كۆڭلىگىمۇ بەش قولدەك ئايان: «ياشانغاندا قايتا نىكاھلىق بولغان ئادەم گەپ-سۆز، ئىش-ھەرىكەتتە سەللا كەتكۈزۈپ قويسا بېشىغا پىت سېلىۋالىدىغان گەپ.»

سۇلايمان ئادەتتە بۇ نۇقتىغا ناھايىتى دىققەت قىلسىمۇ، لېكىن گاھىدا ئويلىمىغان يەردىن كەتكۈزۈپمۇ قوياتتى. ناشتىدىن كېيىن ئاسىيە چىنە-قاچىلارنى يىغىشتۇرۇپ ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى. سۇلايمان گۈللەرنى سۇغىرىش ئۈچۈن بالكونغا چىقتى. بىرنەچچە تەشتەك مودەنگۈل «ھۇپپىدە» ئېچىلىپ كەتكەنىدى. بۇنى كۆرۈپ كۆڭلى بۆلەكچىلا ئېچىلىپ قالغان سۇلايمان گۈلنىڭ يۇمران غۇنچىلىرىنى بارمىقى بىلەن سىلاپ باقتى. مودەنگۈلنىڭ غۇنچىسى ھەم يۇمران، ھەم ئۇماق ئىدى. سۇلايمان گۈللەر ئارىسىدىكى ھەممىدىن يوغان ھەم ئوتقاشتەك قىزىل ئېچىلغان بىر تەشتەك مودەنگۈلگە ئىختىيارسىز يېنىش-يېنىشلاپ قاراپ كەتتى، چۈنكى ھەكىمە ھايات ۋاقتىدا بۇ مودەنگۈلگە بەكمۇ ئامراق ئىدى.

«ھەي، بوۋاي! — دېگەنىدى ئۇ بىر قېتىم ئاشۇ بىر تەشتەك گۈلنى كۆرسىتىپ سۇلايمانغا چاقچاق قىلىپ، — گۈللەرنىڭ

ئىچىدە ھەممىدىن چىرايلىقى مۇشۇكەن جۇمۇسىلا! ئەمەدىچۇ، مېنىڭ باشقا گۈللەر بىلەن كارىم يوق، قالغانلىرىغا ئۆزلە قارىسىلا، مەن مۇشۇ گۈلنىلا باقىمەن!»

شۇنداق قىلىپ، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بارا-بارا بۇ بىر تەشتەك گۈلنى باللار «ئاپامنىڭ گۈلى» دەيدىغان، سۇلايمان بولسا «ھەكىمەنىڭ گۈلى» دەپ ئاتايدىغان بولدى. ئۇ گۈل ئېچىلغان چاغلاردا باللار خۇشاللىقتىن: «ۋۇي، ئاپا! گۈلۈڭ ئېچىلىپتۇ» دەپ توۋلىسا، سۇلايمان: «ھوي، ئاپىسى! مەيەرگە چىقىپ قاراپ باققىنا، ماۋۇ گۈلۈڭ بەكمۇ چىرايلىق ئېچىلىپ كېتىپتۇ!» دەپ قوياتتى. بۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىغان ھەكىمە قولىدىكى ئىشنى دەرھال تاشلاپ يۈگۈرۈپ چىقىپ پورەكلەپ ئېچىلغان بۇ ئوتقاشتەك قىزىل مودەنگۈلگە تويماي قاراپ كېتەتتى. تەشتەكنىڭ ھېلى ئۇ تەرىپىگە، ھېلى بۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ گۈلگە گويا تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك سەپسېلىپ قاراۋاتقان ھەكىمە گاھىدا ئاتىسى بازاردىن ئەكېلىپ بەرگەن يېڭى ئويۇنچۇقنى كۆرۈپ ھاياجاندىن نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قېلىۋاتقان كىچىك بالىغىلا ئوخشاپ كېتەتتى.

ئاشۇ ئۇنتۇلغۇسىز مىنۇتلار تۇيۇقسىز يادىغا كەلگەن سۇلايماننىڭ ئەس-يادىمۇ ھېلىدىن-ھېلىغا توختىماي بەرۋاز قىلىۋاتقان خىيال كەپتىرىنىڭ ئارقىسىدىن قانات قاققىلى تۇردى.

«ھوي، ھەكىمە! مەيەگە چىققىنا!» دەپ ۋارقىرىدى سۇلايمان ئىختىيارسىز. لېكىن ئۇ ئاشۇ سۆزلەر ئاغزىدىن ئۇرغۇ بىلەن چىقىپ بولغاندىن كېيىنلا ئاندىن ئۆزىنىڭ ھەش-پەش دېگۈچە خىيال دېڭىزىغا غەرق بولۇپ كېتىپ بۇرۇنقى خوتۇنىنىڭ ئىسمىنى توۋلاپ سالغانلىقىنى تۇيدى. «ئاللاھۇ ئەكبەر! — دېدى ئۇ پېشانىسىگە ياققىدە بىرنى ئۇرۇپ، — ئاسىيە

ئاڭلاپ قالمىغان بولغىيتتى ئەمدى؟» ئۇ قولىدىكى چۆگۈننى يەرگە قويۇپ ئۆيگە سەپسالدى. قىرىشقاندەك ئاسىيە بالكونغا يانداش مېھمانخانا ئۆيدىكى خورۇم ساپانى سۈرتۈۋاتاتتى. ھودۇقۇپ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قىلىۋاتقان سۇلايمان ئاسىيەدىن ھېچ ئىش بولمىغاندەك دۇدۇقلاپ تۇرۇپ سورىدى:

— بۇ... بۇ... تۈنۈگۈنلا سۈرتكەندەك قىلىۋاتاتتىڭ، يەنە سۈرتكىلى تۇرۇپسەنغۇ؟! — سۇلايمان ئاسىيەگە كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا سەپسالدى. ئاسىيە قولىدىكى ئىشنى بېشىنى كۆتۈرمەي تۇرۇپ قىلىۋەردى.

— قارىماققا پاكىزدەك كۆرۈنىدىكەن، — دېدى ئاسىيە قولىدىكى نەم لاتا بىلەن ساپانىڭ يۆلەنچۈكىنى قايتا-قايتا سۈرتكەچ پەس ئاۋازدا، — لېكىن كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان چاڭ-توزانمۇ بولىدىكەن ئەمەسمۇ!

ئاسىيەنىڭ گېپىنىڭ تېگىدە گەپ بار ئىكەنلىكىنى سەزگەن سۇلايمان ئۈندىمىدى. ئۇنىڭ تۇيۇقسىزلا ئاسىيەدىن بىردەم نېرى تۇرغۇسى كېلىپ قالدى. شۇڭا ئۇ گويا ئۇيقۇ بېسىپ كەتكەن ئادەمدەك غولاچلىرىنى كېرىپ قەستەن ئەسنىدى:

— ۋۇي، بېشىم قايغاندەك بولۇۋاتىدۇ، مەن بىردەم ئۇخلاي جۇمۇ! — ئۇ ھۇجرىسىغا كىرىپ «ئۇھ» دېگىنىچە كۆكسىنى تولدۇرۇپ نەپەس ئېلىۋالغاندىن كېيىن ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلىدى: «ھەي، سۇلايمان! ھەي، سۇلايمان! كاللاڭنى سەگەك تۇت، قايتا نىكاھلىق بولغانلارنىڭ ھاياتلىق يولىدا چوڭقۇر ھاڭلارنىڭ بولىدىغانلىقىنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالما، بولمىسا تۈگىشىسەن!»

چۈشكە يېقىن ئاسىيە سۇلايماننىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ ئۇنىڭدىن نېمىگە ئىشتىھاسى بارلىقىنى ئەدەپ بىلەن سورىدى، لېكىن سۇلايمان ئاسىيەنىڭ ئۆزىگە گەپ قىلغاندا

قانــداقتۇر كــۆزىنى قەســتەن ئۇنىڭــدىن قاچۇرۇۋاتقــانلىقىنى سېزىپ قالدى.

چۈشلۈك غىزادا سۇلايمان ئاسىيەنىڭ تامىقىنى ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ كەتتى، لېكىن ئاسىيە بۇنىڭغا يارىشا باشقا گەپ قىلماي، بىلىنەر-بىلىنمەس كۈلۈمسىرەپلا قويدى.

قارىغاندا، ئاسىيە بايا سۇلايماننىڭ بۇرۇنقى خوتۇنىنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالغانلىقىنى ئاڭلاپ قالغاندەك قىلاتتى. ناۋادا ئاڭلاپ قالغان بولسا ئاسىيەنىڭ بۇنىڭغا ئازابلانغانلىقى، ھەتتا رەنجىگەنلىكىنى توغرا چۈشىنىشكە بولاتتى. ئەمما، سۇلايمان بۇ گەپنى ئوچۇق ئېيتىپ ئۇنىڭدىن ئەپۇ سورىسا بولمايدۇ-دە! ئاسىيەچۇ؟ ياشانغاندا قايتا نىكاھلىق بولۇپ، ئەر كىشىگە يېرىم يولدا ياندىشىۋالغىنىدىن، ئۇنىڭ كۆڭۈل ئاغرىقى دېگەنلەرگە ئۇچرىماي قالامتى؟! لېكىن ئۇمۇ بۇنداق كۆڭۈل ئاغرىقلىرىنى ئېرىغا ئوچۇق دېسە بولمايتتى. دېمەك، سۇلايمان بىلەن ئاسىيەنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھەم نېپىز ھەم تىنىق، ئەمما يېقىنلاشقىلى بولمايدىغان بىر قەۋەت پەردە بار ئىدى.

شۇنداق قىلىپ، سۇلايمان بىلەن ئاسىيە ئىككىيلەن چۈشلۈك غىزاسىنى يېگەچ قارشى تەرەپنىڭ كۆڭلىدە زادى نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى ئۆزلىرىچە قىياس قىلىپ بېقىشتى. سۇلايمان بىلەن ئاسىيە بىر-بىرىگە ئاغزىنىڭ ئۇچىدا كۈلۈپ، كۆڭلىنى ئاران كەچ قىلدى.

ئاسىيە كەچلىك غىزانى سۇلايماننىڭ گېپى بويىچە ناھايىتى ئاددىي راسلىدى. ئەر-خوتۇن ئىككىسى كەچلىك غىزاسىنى يەپ بولغاندىن كېيىن ئاسىيە داستىخاننى يىغىپ قاچا-قۇچىلارنى يۇيۇپ بولۇپ بىر چۆگۈن چاي دەملىدى، ئاندىن بىر پىيالە چاي قۇيۇپ سۇلايمانغا پەتنۇستا ئاچىقتى.

— ئاسىيە، ساڭا نەچچە قېتىم دېدىمغۇ، — دېدى

سۇلايمان سەل-پەل ئاچچىقلانغاندەك قىلىپ، — قاچانغىچە ماڭا تۈزۈت قىلىپ يۈرىسەن، ماڭا چاي ئەكەلگەندە پەتنۇستا سۇنماي قولۇڭدا سۇنساڭمۇ بولىدۇ ئەمەسمۇ؟ يا مەن مېھمىنىڭ بولمىسام!

— ياق، ئۇنداق دېمىسىلە، ئۆزلە دېگەن ماڭا ھەر دائىم مېھمان! — دېدى پەتنۇسنى تۇتۇپ ساپانىڭ يېنىدا ئۆرە تۇرغان ئاسىيە. سۇلايمان ئۇنىڭ قولىدىكى پەتنۇسنى ئېلىپ چاي شىرەسىنىڭ ئۈستىگە قويدى.

— ھە، ئۇنداق بولسا يېنىمدا ئولتۇرغىنا، — دېدى سۇلايمان، — ساھىبخانا دېگەن مېھماننىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان! — ئۇ ئاسىيەنى ساپاغا تارتىپلا ئولتۇرغۇزۇپ چىڭ قۇچاقلىدى. بۇنىڭ بىلەن ئاسىيە ئاخىر كۈلدى. ئۇنىڭ كۈلگەن چاغدىكى ئاۋازى ھەم جاراڭلىق، ھەم يېقىملىق ئىدى. سۇلايمان ئاسىيەنىڭ چاچلىرىنى مېھرى بىلەن سىلىدى:

— سېنى ئەمرىمگە ئالغىنىمكەنمەن، خۇدا بۇيرۇسا، بەختلىك قىلىمەن، بۇنىڭغا ئىشەنگىن بولامدۇ؟

ئاسىيە ئۇندىمەستىن بېشىنى لىڭشىتقاچ سۇلايماننىڭ كۆكسىگە يۆلەندى. ئاسىيەنىڭ كۆزلىرىدىن ئۇقچۇپ چىققان ئىككى تامچە ياش سىرغىپ كېلىپ مەڭزىدە توختاپ قالدى. ئەمما، ئۇنىڭ ياشلىق كۆزلىرى ئاجايىپ بىر خىل بەخت تۇيغۇسى ئىچىدە بۆلەكچىلا چاقناپ كەتتى.

## 16

تويدىن كېيىن سۇلايمان بىلەن ئاسىيەنىڭ كۈنلىرى ناھايىتى تىنچ ۋە خاتىرجەم ئۆتتۈۋاتاتتى. بولۇپمۇ، ئاسىيەنىڭ ئىللىق مېھرى ۋە غەمخورلۇقىدىن كۆڭلى سۇ ئىچكەن سۇلايمان قىرىنغاندا ناھايىتى ئوبدان خوتۇن ئېلىۋالغانلىقىدىن بەكمۇ

مەمنۇن ئىدى.

لېكىن، سۇلايمان كىچىك قىزى شەرىپەنى ئويلىسىلا بۇ خۇشاللىقلىرى ئاللىقاياقلارغا ئۇچۇپ يەنە پىغانى ئۆرلەيتتى. شەرىپە ناھايىتى ئىشچان قىز ئىدى، ئاپىسى ھايات چاغلاردا ئۇ ھەر شەنبە كۈنى ئەتىگەندىلا ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ ئۆز قولى بىلەن تاماق ئېتەتتى، ئاندىن ئاچىسى زۆھرە بىلەن قولمۇقول كىر يۇياتتى، ئۆي تازىلايتتى. شەرىپە بولۇپمۇ ئاشخانىنى بەك پاكىز تۇتاتتى. ئۇ ھەر قېتىم چوڭ ئۆيگە كەلگەن چاغلىرىدا قازان بېشىدىكى دەسمالنىڭ سەل-پەل قارىيىپ، تۇۋاق بىلەن چاي چۆگۈنىنىڭ ئاز-تولا ئىسلىشىپ قالغانلىقىنى كۆرگەن ھامان دەسمالنى يۇندى چېلىكىگە «شالاققىدە» ئېتىپ، تۇۋاقنى «تاراق-تۇرۇق» قىلىپ تاشلاپ، ئۆيىنى بېشىغا كىيەتتى. ئۆيدىكىلەر شەرىپەنىڭ بۇ قىلىقلىرىدىن زېرىكىپ چىشلىرىنى غۇچۇرلاتقىنى بىلەن ئۇنىڭغا غىڭ قىلالماي ئۆزلىرىنى «غىپپىدە» دالدىغا ئالاتتى. ئۇلار تالا-تۈزنى بىردەم ئايلىنىپ ئۆيگە قايتىپ كىرگەندە بولسا ئاشخانىنىڭ ئەينەكتەك پاك-پاكىز تازىلانغانلىقىنى، تۇۋاق بىلەن چاي چۆگۈنىنىڭ يۇيۇپ پارقىرىتىۋېتىلگەنلىكىنى كۆرەتتى. ئۆي ئىچى ۋە قازان-قومۇچلار پاكىز بولسا ئادەمنىڭ كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ قالىدۇ-دە! شۇڭا ئۆيدىكىلەرمۇ شەرىپەنىڭ بايىقى قىلىقلىرىنى بىردەمدىلا ئۇنتۇيتتى. يەنە كېلىپ، شەرىپە ئاتا-ئانىسىغا بەك كۆيۈنەتتى. ئاپىسى ھايات چاغلاردا ئاتىسى ياكى ئاپىسىنىڭ سەل-پەللا ساقسىز بولۇپ قالغانلىقىنى ئاڭلىغان ھامان خىزمىتى ياكى ئۆي ئىشى ھەرقانچە ئالدىراش بولسىمۇ، ئۇنى ھېچ ئىككىلەنمەي شۇ جايىدىلا قوياتتى-دە، ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆيىگە قاراپ چاپاتتى. لېكىن ئۇ ئىچىدە گەپ ياتمايدىغان، قېنى قىزىق مەزلۇم بولغاچقا بىرەر ئىشقا يولۇققان ھامان كۆزى

يۇمۇلۇپ ئاغزى ئېچىلاتتى-دە، قىلغان ياخشىلىقلىرىنى ھەش-پەش دېگۈچە ئۆزى يوققا چىقىراتتى.

ئاپىسىنىڭ تۇيۇقسىز ئۆلۈمىگە دېگەندەك بەرداشلىق بېرەلمەي قالغان شەرىپە گاھىدا مىجەزى قوداڭشىپ، سەۋدايىلارغىلا ئوخشاپ قالاتتى. ئىككى گەپنىڭ بىرى بولسىلا ئاكىسى ياكى ھەدىسى بىلەن تاكاللىشاتتى، كىچىككىنە ئىش كۆڭلىگە كېلىپ بولغۇچە ئاتىسىغا قېيىداپ قوپاتتى. ئىشقىلىپ، باشقىلارنىڭ ھالىغا يېتىش دېگەننى ھەرگىز ئۇقمايتتى. سۇلايمان خوتۇنىنىڭ ئۆلۈمىگە توپتوغرا بىر يىل قارىلىق تۇتتى، بۇ بىر يىل جەريانىدا ئۇ يالغۇزچىلىق ۋە غېرىبلىقنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتتى. شۇڭا سۇلايمان ئۆزىگە لايىق كەلگۈدەك بىرەر مەزلۇمنى نىكاھىغا ئېلىپ قېرىغاندىكى غېرىبلىقلىرىدىن قۇتۇلماقچى بولۇۋىدى، شەرىپەنىڭ تۆت پۇتى ئۆرىلا قالدى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ قىرىچىسىغا، يېنىچىسىغا ئېيتقان گەپلىرى سۇلايماننىڭ جېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى. لېكىن، نېمىلا دېگەنبىلەن بالا دېگەن ئاتا-ئانىنىڭ يۈرەك پارىسى تۇرسا! سۇلايمان بىلەن شەرىپە بۇنچىلىك ئىش سەۋەبلىك بىر-بىرىدىن كېچىشىپ كەتمەيدۇ-دە! گەرچە شەرىپە ھېلىقى كۈنى بۆرە تېرىسىنى كىيىپلا: «بۇ ئۆيگە ئىككىنچى ئاياغ باسمايمەن» دەپ كەتكىنى بىلەن سۇلايمان ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتە-ئۆتمەيلا ئۇنى سېغىنغىلى تۇردى. ئۇ شەرىپەنىڭ تۇيۇقسىزلا پەيدا بولۇپ ئاتىسىنىڭ قوللىرىنى چىڭ تۇتقىنىچە: «خاپا بولمىسىنا، ئاتا، بالا دېگەن گاھىدا ئاشۇنداق تەنتەكلىك قىلىپ قالىدىكەن» دەپ ئەپۇ سورىشىغا كېچە-كۈندۈز تەشنا بولۇپ كېتىۋاتاتتى. ھەر قېتىم تېلېفون جىرىڭلىغان ھامان سۇلايمان تېلېفوننى «شەرىپەدىن كەلگەنمىدۇ؟» دېگەن ئۈمىدتە ئىتتىك ئالاتتىيۇ، لېكىن تېلېفوندىن باشقا بىرىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپلا گويا روھى

چۈشۈپ كەتكەندەك «لاسسىدە» بولۇپ قالاتتى. سۇلايمان تالاي كېچىلەرنى تورۇسقا تىكىلگىنىچە ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭغا پەقەت ئۆزىنىڭ پىچىرلاشلىرىلا ھەمراھ ئىدى: «جېنىم قىزىم، شەرىپە! ئاپاڭ ھەكىمە ئاجايىپ ئېسىل مەزلۇم ئىدى، ھەكىمەنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن مەنمۇ سىلەرگە ئوخشاشلا جۇدالىق ئوتلىرىدا ئۆرتەندىم، ئۇنسىز يىغلىدىم، قاقشىدىم! گەپنىڭ راستىنى ئېيتسام، قىزىم، ئاشۇ جۇدالىقتىن تاپقان دىل ئازابلىرىڭ يۈرىكىمدىكى دەرد-پىغانلىرىمغا ياماقچى بولالمايدۇ! ئاپاڭدىن ئايرىلىپ يالغۇز قالغان بۇ بىر يىلنى قانداق ئۆتكۈزگەنلىكىمنى بىلەمسەن؟ ئەلۋەتتە بىلمەيسەن! بىزدەك ياشنىپ قالغانلارنىڭمۇ يوقسۇزچىلىق، ئاغرىق-سىلاق دېگەنلەر ھەرگىز قورقۇتالمايدۇ. بىزنىڭ ئەڭ قورقىدىغىنىمىز يالغۇزچىلىق، غېرىبلىق! غېرىبلىقنىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسەن؟ ئەلۋەتتە بىلمەيسەن! رەھمەتلىك ئاپاڭنىڭ يىلى توشقاندىن كېيىن ئاپاڭدىن ئايرىلىپ غېرىب قالغاندىن بۇيانقى جۇدالىق ئەلەملىرىنى ئازراق بولسىمۇ يەڭگىللىتەرمىكىن، دېگەن ئۈمىدتە قايتا ئۆيلەندىم. يېنىمدا بىرەر ھەمراھ بولسا سىلەرمۇ مەندىن خاتىرجەم بولاتتىڭلار ئەمەسمۇ، قىزىم؟ مېنىڭ قايتا ئۆيلەنگىنىم ھەرگىزمۇ رەھمەتلىك ئاپاڭنى ئۇنتۇپ، بالىۋاقامدىن يۈز ئۆرۈپ كېتىش ئۈچۈن ئەمەس ئىدى... مېنى نېمىشقىمۇ چۈشەنمەيدىغانسەن، جېنىم بالام؟!...»

## 17

ھەش-پەش دېگۈچە يەنە شەنبە بولۇپ قالدى. سۇلايمان بىلەن ئاسىيە ئىككىسى ئەمدىلا ناشتىسىنى قىلىپ بولۇپ دۇئاغا قول كۆتۈرەي دەپ تۇرۇشىغا تۇيۇقسىز تېلېفون جىرىڭلاپ كەتتى. تېلېفون ئاۋازىنى ئاڭلىغان سۇلايماننىڭ

يۈرىكى گويا بىرنېمىنى تۇيغانـدەك ھاياجـان ئىچىـدە سـوقۇپ كەتتىيۇ، لېكىن ئۇ نېمىشقىدۇر تېلېفوننى ئېلىشـقا پېتىنالمـاي دېلىغۇللۇق ئىچىدە ئولتۇرۇپ قالدى. ئاخىرىچە ئاسـىيە ئىتتىـك بېرىپ تېلېفوننى ئالدى:

— ئەسسالام، زۆھرەگۈلمۇ؟

ئاسـىيەنىڭ ئـاۋازى سـەل-پەل تىتـرەپ چىقىۋاتقانــدەك قىلاتتـى. ئاسـىيەنىڭ بـۇ گېپىنـى ئاڭلىغـان سـۇلايماننىڭ يۈرىكىدىكى بايىقى ھاياجانلىق تۇيغۇ كۆزنى يۇمۇپ-ئـاچقۇچە ھەيرانلىققـا ئالماشـتى، چـۈنكى سـۇلايماننىڭ كۆتـۈۋاتقىنى شەرىپەنىڭ تېلېفونى ئىدى. شـۇڭا ئـۇ تېلېفوننىـڭ زۆھـرەدىن كەلگەنلىكىنـى ئۇقـۇپ «لاسسـىدە» بولـۇپ قالـدى. لـېكىن، زۆھـرەدىن ھەر قېـتىم تېلېفـون كەلسـە سـۇلايماننىڭ كـۆڭلى خېلىلا ئۆسۈپ قالاتتى. ئەڭ بولمىغانـدا، ئـۇ ئاتىسىنىڭ قايتا ئۆيلىنىشىگە ئاغزىنىـڭ ئۇچىـدا بولسـىمۇ رازىلىـق بىلـدۈردى. زۆھـرە بىلـىم ئاشۇرۇشـقا كەتكەنـدىن بۇيـان دائىـم ئاتـايىن تېلېفون قىلىپ ئاتىسىدىن ئەھۋال سوراپ تـۇردى. ئاسـىيە بـۇ ئـۆيگە بوسـۇغا ئـاتلاپ كىرگەنـدىن بۇيـان زۆھــرە بىــلەن دىدارلىشىپ باقمىغان بولسىمۇ، لېكىن تېلېفونـدا بىـر نەچـچە نـۆۋەت كۆرۈشـتى. ئاسـىيە زۆھـرەدىن بەكمـۇ رازى ئىـدى. بولۇپمـۇ، زۆھرەنىــڭ ھەر قېــتىم تېلېفــوننى ئېلىــپلا: «تىنچلىقمۇ، ھەدە؟» دەپ ئەدەپ بىلەن ئەھـۋال سوراشـلىرى ئاسىيەنى ناھايىتى تەسىرلەندۈرگەنىدى.

— ۋۇي، راستما؟ بۈگۈن چۈشتىن كېيىن يېتىپ كېلەمسىز؟ بەك ياخشـى بوپتـۇ، كۆڭلـۈڭىز قانـداق تاماقنى تارتىـدىكىن، زۆھرەگۈل؟ دەۋېرىڭ، سىز كەلگىچە تەخ قىلىپ تـۇراي! — دېـدى ئاسىيە ھاياجان بىلەن ئۈنلۈك قىلىپ. بۇ گەپلەرنـى ئاڭلىغـان سۇلايمان ئاشخانىدىن ئالمان-تالمان چىقىپ كەلدى:

— نېمە؟ زۆھرە قايتىپ كېلەمدىكەن؟

زۆھرەنىڭ ئۈچ ئايلىق ئۆگىنىش ۋاقتى ئاياغلىشىپ قايتىپ كېلىدىغان ۋاقتى توشقانىدى. زۆھرە گۈلە باسقان پولۇغا ناھايىتى ئامراق ئىدى.

— گۈلە بېسىپ پولۇ ئەت! — دېدى سۇلايمان تالاغا چىقىشقا تەمشىلىپ، — مەن چىقىپ ئېسىل گۆلەدىن ئازراق ئەكىرەي، مەن كىرگۈچە سەۋزىنى قەلەم ئېتىپ، پىياز، گۆشلەرنى توغرىغاچ تۇرغىن!

سۇلايمان بوسۇغىغا بېرىپ بولغۇچە پولات بىلەن گۈليار تۇيۇقسىز كىرىپ كەلدى. گۈليارنىڭ قولىدا بىر خالتا گۈلە تۇراتتى. بۇنى كۆرگەن سۇلايمان چىقىپ گۈلە ئەكىرىشتىن يالتىيىپ، پولات بىلەن بىللە ساپاغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇ بۈگۈن بالىلىرىنىڭ كېلىپ جەم بولىدىغانلىقىنى ئويلىسىلا خۇشاللىقىدا يۈرەكلىرى ئويناپ كېتىۋاتاتتى، لېكىن ئۇ ھاياجانلىق تۇيغۇلار بىلەن بۆلەكچىلا ئاۋۇنۇۋاتقان كۆڭلىنىڭ تۇرۇپلا يەنە يېرىم بولۇۋاتقانلىقىنى سەزدى. دۇرۇس، بۈگۈن شەرىپە كېلەلمەيدۇ! ئۇنىڭ ئۈستىگە سۇلايمان ھەرقانداق ئىشنى كۆڭلىدىكىدەك ۋايىغا يەتكۈزۈشكە تەشنا ئىدى. بولۇپمۇ ئۇ: «بالىۋاقام ئەبەدىي ئۈم-ئىناق، خۇشال-خۇرام ئۆتسىكەن، ئائىلەم ئەبەدىلئەبەد بىر قېلىپتا تۇرسىكەن!» دەپ ئويلايتتى. شۇڭا ئۇ بالىلىرى جەم بولىدىغان بۈگۈنكى داستىخانغا شەرىپەنىڭ داخىل بولالمايدىغانلىقىنى ئويلىسىلا كۆڭلى يېرىم بولاتتى. ھەكىمە قازا قىلغاندىن كېيىن سۇلايماننىڭ ئائىلىسى ئىلگىرىكى شادلىقلىرىدىن مەھرۇم قالدى. لېكىن، ئائىلىسىنىڭ بۇرۇنقى ئىللىقلىقىنى يوقىتىپ قويىدىغانلىقىغا ھەرگىز تەن بەرگۈسى كەلمەيۋاتقان سۇلايمان بالىۋاقىسىنىڭ شاد-خۇراملىق ئىچىدە غەمسىز ئۆتكەن بۇرۇنقى چاغلىرىنى ھەسرەت ئىچىدە ئەسكە ئالاتتى. بولۇپمۇ ئۇ بالىلىرىنىڭ كۈنلىرىنى بۇرۇنقىدەكلا شاد-خۇراملىق ئىچىدە

ئۆتكۈزۈشىنى ئۈمىد قىلاتتى. مېھرىبان ئاپىسىدىن ئايرىلىپ كۆڭلى سۇنغان بالىلىرىنىڭ تاغدەك ئاتىسىنىڭ دۆلىتىدە سائادەت سۈرۈشىگە تەشنا ئىدى. شۇڭا ئۇ نۇرغۇن تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ باقتى. ئۇ بالىلىرى ئۆزىنى يوقلاپ كەلگەن چاغلاردا ئاغرىپ گەپ قىلغۇدەك ماجالى قالمىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇنى قىلچە چاندۇرماي، بالىلىرى بىلەن تەڭ مۇڭدىشىپ، تەڭ كۈلۈشەتتى، ئۆزىنىڭ كەم-كۈتىلىرى ئۈچۈن بالىلىرىنى ئاۋارە قىلىشنى خالىمايتتى. سۇلايمان تالاي-تالاي جاپا-مۇشەققەتلەردە پىشقاچقىمۇ ناھايىتى تېجەشلىك ئىدى، كوچا دوقمۇشلىرىدىن ناھايىتى ئەرزان ئالغان پايپاقنى ئاز دېگەندە بىر يىل كىيەتتى، ئەمما ھەر ئايلىق مائاشىدىن مىڭ يۈەننى تېجەپ بانكىغا قويۇشنى ھەرگىز ئۇنتۇمايتتى. سۇلايماننىڭ ئىقتىساد قىلىۋاتقان بۇ پۇللىرىمۇ يەنىلا بالىلىرى ئۈچۈن ئىدى. شۇڭا ئۇ بالىلىرىنىڭ قايسىسى پۇلدىن قىسىلىپ قالسا، ئىككى بېقىنىغا قارىمايلا «شارت»تىدە چىقىراتتى. ئىشقىلىپ، سۇلايمان بالىلىرىنى ھەكىمەنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئۈچ ئاغرىقى تارتقۇزۇپ قويماسلىق ئۈچۈن قولىدىن كېلىدىغانلىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ باقتى. لېكىن، بۇ قېتىم ئاسىيەگە ئۆيلىنىشتە ئۇ شەرىپەنىڭ نارازىلىقلىرىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ تۇردى. چۈنكى، سۇلايمان دەسلەپتە: «شەرىپەنىڭ كىچىك بالىدەك مىجەزى بار، ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتۈپ ئالا كۆچۈكلەر كەتكەندىن كېيىن تۈزۈلۈپ قالىدۇ» دەپلا ئويلىغانىدى، لېكىن ئاتىسىنىڭ بۇ قىلغىنىغا بەكمۇ نارازى بولغان شەرىپە شۇ قېتىم باتناپ چىقىپ كەتكىنىچە بىرنەچچە ئايدىن بۇيان ئاتىسىنىڭ بوسۇغىسىغا دەسسەپ قويمىدى. شەرىپەنىڭ بۇ ئىشى سۇلايماننىڭ كۆڭلىگە بەكمۇ كەلدى. ئۇ يالغۇز قالغان چاغلىرىدا ئۆز-ئۆزىگە سۆزلەپ كېتەتتى: «ئادەم

قىرىغاندا، بولۇپمۇ ھەمراھىدىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىن بالىلارنىڭ نەزىرىدە كىچىك بالىغا ئايلىنىپ قالىدىكەن. بۇنىڭ بىلەن تېخى تونۇگۇنلا ئالدىدا ئەركىلەپ ئوينىاپ يۈرگەن بالىلىرىنىڭ ساڭا ھېيىقماستىن ھۆرۈ- پۆرۈ دېيەلەيدىكەن. ناۋادا قايتا نىكاھلىق بولۇپ قالساڭ خۇددى باش كۆتۈرگۈسىز جىنايەت ئۆتكۈزۈپ قويغان ئادەمدەك بالىلىرىڭنىڭ قاش- قاپىقىغا قاراپلا ئۆتىدىغان گەپكەن.»

— پولات، بۇگۈن زۆھرەنىڭ قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇڭمۇ؟ — دەپ سورىدى خىيالدىن تەستە باش كۆتۈرگەن سۇلايمان ئېغىر ئۇھ تارتىپ تۇرۇپ.

— ھە، — دېدى پولات ئاتىسىغا جاۋابەن، — شۇڭا ئالدىراپلا كېلىشىم، زۆھرە ماڭا ئەتىگەن تېلېفون قىپتىكەن، خۇددا بۇيرۇسا چۈشتىن كېيىن يېتىپ كېلىدۇ، — پولات ئاتىسىنىڭ كۆزلىرىدە «يالت» قىلىپ ئۆتكەن بىلىنەر- بىلىنمەس مەيۈسلۈك ئالامەتلىرىنى كۆرۈپ تېگىرقاپ قالدى.

— بالام پولات، زۆھرە قايتىپ كەلسە بۇگۈن ھەممىمىز ئاخىرى جەم بولىدىغان بولدۇق- دە! — سۇلايمان ئوغلىنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلدى.

— ئاتا، گەپىڭىز ئوچۇقىنىلا ئېيتاي، — دېدى بايىقى گەپلەردىن سۇلايماننىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى چۈشىنىپ بولغان پولات، — شەرىپەگە جىق تېلېفون قىلىپ كەتتىم... ئۇنى باتناپ يۇرۇۋەرمەي ئۆيگە بىر كەلسۇنمىكىن، دېگەن، لېكىنزە...!

بۇ گەپنى ئاڭلىغان سۇلايماننىڭ چىرايى تۇيۇقسىزلا ئۆڭۈپ دەسلەپتە «ھۇپپىدە» قىزاردى، ئاندىن بارا- بارا قارىداپ كەتتى.

— كۆڭلۈڭگە ئالمىسىنا، ئاتا، — دېدى پولات سۇلايماننىڭ كۆڭلىنى ياساپ، — ئۇنىڭ مىجەزى شۇنداققۇ، ئىدىيىسىدىن

ئۆتمىگەن ئىشقا كاللىسىنى كېسۋەتسىمۇ ماقۇل دېمەيدۇ، لېكىن ئاستا-ئاستا چۈشىنىپ قالار. ئويلىمىغان يەردىن ئەتە-ئۆگۈن ئاسماندىن چۈشكەندەكلا سېنى يوقلاپ كېلىپ قالامدۇ تېخى! نېمىلا دېگەنبىلەن ئۇنىڭ كۆڭلى ياخشى، ئۆزى كۆيۈمچان.

چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككىلەر بىلەن زۆھرە قايتىپ كەلدى. ئۇ ئىشىكتىن كىرىپ كەلگەندە ئۆيدىكىلەر ھاڭ-تاڭ بولۇپ تۇرۇپلا قېلىشتى، چۈنكى زۆھرە شەرىپەنى باشلىغاچ كەلگەنىدى. ئەسلىدە زۆھرە ئالدىنقى كۈنىلا قايتىپ كەلگەن بولۇپ، ئىككى كۈننىڭياقى شەرىپەنىڭ ئۆيىدە تۇرغانىدى. ئۇمۇ ئېھتىمال «شەرىپەنى ئۆيگە بىللە ئەكىرەي!» دېگەن نىيەتتە شۇنداق قىلغاندۇ... زۆھرە ئىچكىرىگە ئوقۇشقا ماڭغان چاغدا ئاتىسى ئۆيدە يالغۇز قالغانىدى، لېكىن ئۈچ ئايلىق ئوقۇشتىن قايتىپ كېلىپ قارىسا ئاتىسىنىڭ يېنىدا ئۆزى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان بىر مەزلۇم قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرۇپتۇ. زۆھرە بۇ مەزلۇم بىلەن تېلېفوندا بىرنەچچە قېتىم كۆرۈشكەن، ئۇ مەزلۇمنىڭ گەپ-سۆزلىرىمۇ زۆھرەگە يامان ئەمەس تەسىر قالدۇرغانىدى. لېكىن، زۆھرە ئۆمرىدە كۆرۈپ باقمىغان بىر يات خوتۇن بىلەن بىر ئۆيدە ياشايدىغانلىقىنى ئويلىغان چاغلىرىدا تەنلىرى شۈركۈنگەنىدى، ھەتتا: «ئەمدى ئاتامنىڭ بوسۇغىسىدىن قانداقمۇ ئاتلارمەن؟» دېگەندەك ئايىغى چىقماس خىياللار بىلەن تالاي كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزگەنىدى.

شەرىپە بىرنەچچە ئايدىن بېرى يۈز كۆرۈشمىگەن ئاچىسىنىڭ قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ خۇشاللىقتىن ئاغزى قۇلىقىغا يەتتى، ئۇ زۆھرە كېلىدىغان كۈنى بىر كۈن رۇخسەت سوراپ ئاچىسىنىڭ ئالدىغا چىقتى، ئاندىن ئاچىسى بىلەن گۇڭگۇر-مۇڭگۇر مۇڭدىشىپ ئولتۇرۇپ زۆھرە ئەڭ ياخشى

كۆرىدىغان تاماقنى ئەتتى. ئاخشىمى زۆھرە ياتىدىغان كارىۋاتقا ئۆيدىكى ئەڭ چىرايلىق كىرلىكتىن بىرنى ئېلىپ سالدى ۋە زۆھرە ياخشى كۆرىدىغان ئەتىردىن چېچىپ قويدى. ئۇ چىراغنى ئۆچۈرمەكچى بولۇپ قولىنى سوزۇۋىدى، زۆھرە تۇيۇقسىزلا ئۇنى توستى:

— چىراغنى ئۆچۈرمەي تۇرغىنا، ساڭا دەيدىغان گېپىم بار.

— ئاچا، باشقا ھەرقانداق گېپىڭ بولسا مەيلى، — دېدى زۆھرەنىڭ نېمە دېمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ يەتكەن شەرىپە گەپنى ئۈزۈپلا، — بىراق، ئاتام بىلەن ھېلىقى خوتۇننىڭ گېپىنى چىقارغۇچى بولما! — ئۇ گېپىنى تۈگىتىپلا چىراغنى «تارسسىدە» ئۆچۈردى-دە، يوتقاننىڭ ئىچىگە چۆكتى. ئەمما، زۆھرە ئۇنىڭغا زۇۋانىنى ئۇقتۇرۇپ بولغۇچىلا ھاپىلا-شاپىلا گەپنىڭ بېلىغا تېپىۋېتەر، دەپ ئويلىمىغانىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە زۆھرە سەل-پەل قورقۇنچاق ئۆسۈپ قالغاچقىمۇ، بىرەرى «ياق!» دەۋەتكەن ئىشنى ئىككىنچى ئاغزىغا ئالالمايتتى. شۇڭا زۆھرەنىڭ «مېنى چوڭ ئۆيگە شەرىپە ئەكىرىپ قويىدۇ» دېگەن ئۈمىدى بىراقلا يوققا چىقتى. ئۇ ئەمدى ئاتىسى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ ئالغان يات بىر خوتۇننىڭ ئالدىغا ئۆزى يالغۇز كىرىدۇ، ئاشۇ ئۆيدە ئۇنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان نۇرغۇن قىسمەتلەرگە مانا ئەمدى ئۆزى يالغۇز يۈزلىنىدۇ. ھەي... قىسمەت! زۆھرە باشقا قىزلارغا ئوخشاش بالدۇرراق بىرەرىنىڭ پېشىنى تۇتۇپ تۇرمۇشلۇق بولۇۋالغان بولسا مۇشۇ كۈنلەرگە قالماس ئىدى! مۇشۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزگەن زۆھرە بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. ئاچىسىنىڭ يىغلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان شەرىپە دەرھال قوپۇپ چىراغنى ياقتى:

— ۋۇي، نېمىگە يىغلايسەن؟ بايىقى گېپىم كۆڭلۈڭگە كېلىپ قالدىمۇ؟ بىراق ئۇنى ساڭا قارىتىپ دېمىگەن تۇرسام!

ئاتامنىڭ قېرىپ ئىككى پۇتى گۆرگە ساڭگىلىغاندا يەنە «خوتۇن ئالىمەن!» دەپ نەدىكى بىر يات خوتۇننى ئۆيگە ئەكىرگەنلىكىنى ئويلىسىلا قۇيقا چاچلىرىم تىك تۇرۇپ كېتىدۇ!

زۆھرە شەرىپەنىڭ گەپلىرىگە يارىشا باشقا گەپ قىلمىدىيۇ، لېكىن يىغلىغانسېرى كۆڭلى بۇزۇلۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ بىرھازادىن كېيىن شەرىپەنىڭ سوئالىغا يارىشا ئېغىز ئاچتى:

— مەن نېمانداق شور پېشانە يارىلىپ قالغاندىمەن؟ قىرىق ياشقا كىرەي دەپ قالدىم، لېكىن ھازىرغىچە يالغۇز، شۇڭا كىشىلەر ئارقامدىن «قېرى قىز» دەپ سۆز-چۆچەك قىلىشىۋاتىدۇ...

زۆھرەنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلىغان شەرىپەنىڭ تۇيۇقسىزلا دىماغلىرى ئېچىشقىلى تۇردى. ئۇ زۆھرەنىڭ يوتقىنىغا كىردى.

— بۇ گەپلەرنى قىلساڭ مەن ئۆزۈمنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالىدىكەنمەن، ئاچا، — دېدى شەرىپە پەس ئاۋازدا، — ئىككىمىز ئاچا-سىڭىل بولغاندىكىن ساڭا كۆپرەك كۆڭۈل بۆلۈشۈم كېرەك ئىدى... لېكىن مەن بەك شەخسىيەتچىمۇ، ئۆيۈم، بالام بىلەنلا بولۇپ كېتىپتىمەن... مېنى كەچۈرگىن، ئاچا...!

زۆھرە شەرىپەنى بۇنداق گەپلەرنى قىلىدۇ، دەپ ئويلاپمۇ باقمىغانىدى. چۈنكى، زۆھرەنىڭ نەزىرىدە ئۇ پەقەت ئۆزىنىڭ سەۋەنلىكىدىنلا ھازىرغىچە قېرى قىز بولۇپ ئولتۇرۇپ قېلىۋاتىدۇ. شۇڭا ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ تارتقۇلۇقلىرى ۋەجىدىن باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلىشنى خالىمايدۇ. زۆھرە شەرىپەگە بايىقى گەپلەرنى قىلغىنىغا تۇرۇپلا پۇشايمان قىلىپ قالدى.

— نېمىشقا مەندىن ئەپۇ سورايتتىڭ؟ — دېدى زۆھرە

يىغىدىن توختاپ، ــ ئەزەلدىن ماڭا يۈز كېلەلمىگۈدەك بىرەر ئىش قىلىپ باققىنىمىڭ يوق، پەقەت ئۆزۈمنىڭ ھالىغا يىغلاۋاتىمەن، بىلەمسەن؟ مېنىڭ چوڭ ئۆيدىن باشقا بارار يېرىم بولمىسا؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە ھېلىقى ئايالنىڭ يەنە بىر قىزىمۇ ئاشۇ ئۆيدە ئاتاملار بىلەن بىللە تۇرىدىكەن، ئىلگىرى كۆرۈپمۇ باقمىغان ئىككى يات ئايال بىلەن بىر ئۆيدە ياشايدىغانلىقىمنى ئويلىساملا قۇلاقلىرىم غوڭۇلداپ كېتىدۇ...

ــ راست دەيسەن، ئاچا، ــ دېدى زۆھرەنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ كۆزلىرىنىڭ جىيەكلىرى قىزىرىشقا باشلىغان شەرىپە، ــ بىزغۇ، ئۇ ئۆيگە بارمىساقمۇ بولىدۇ، لېكىن سېنىڭ ئۇ ئۆيدىن باشقا باش تىققۇدەك يېرىڭ بولمىسا؟ ھەممىمىزدىن ساڭا بەكرەك ئۇۋال بولىدىغان بولدى-دە! ھەي... بۇنى نېمىشقىمۇ ئويلىمىغاندىمەن...؟! ــ شەرىپە كاللىسىغا بىرەر ئەقىل كەلگەندەك تۇيۇقسىز زۆھرەگە قارىدى:

ــ مۇنداق قىلايلى، ئاچا، مەرداننىڭ ئاتىسى جەنۇبىي شىنجاڭدا دېگىنە، شۇڭا سەن مۇشۇ ئۆيدىلا تۇرغىن، بولامدۇ؟

ــ ياقەي، ئۇنداق قىلسام قانداق بولىدۇ؟ ــ دېدى زۆھرە شەرىپەنىڭ تەكلىپىنى شۇ ھامان رەت قىلىپ، ــ چوڭ ئۆيگە بارمىسام ئاتامنىڭ بۇ يېڭى ھەمراھىنى قوبۇل قىلمىغان بولۇپ قالىمەن، بۇنىڭغا ئاتام رەنجىمەي قالمايدۇ، ئىشقىلىپ، ئاتامنى رەنجىتكۈم يوق!

شەرىپە زۆھرەنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ كەتتى ۋە ئۇنىڭغا جاۋابەن ئۇندىمەستىن بېشىنى لىڭشىتتى. زۆھرە تۇيۇقسىزلا شەرىپەنىڭ قوللىرىغا ئېسىلىپ تۇرۇپ يېلىندى:

ــ ماقۇل دېگىنە، شەرىپە، ئەتە مەن بىلەن چوڭ ئۆيگە بىللە بارغىن! مېنى ئۆيگە ئاپىرىپ قوي، بولامدۇ؟!

شۇنداق قىلىپ، شەرىپە زۆھرەنىڭ ئىلتىجاسىنى يەنە رەت

قىلىشقا يۈزى چىدىمىدى.

ئىلگىرىكى چاغلاردا بولسا گەپنى پوك-پوك سوقۇپ، ئىشىكتىن بوراندەك كىرىپ كېلىدىغان شەرىپە بۈگۈن نېمىشقىدۇر تارتىنىپ قالغاندەك قىلاتتى. ئۇ زۆھرەنىڭ ئارقىسىدا يەرگە قاراپ جىم تۇراتتى. بۈنى كۆرگەن پولات ئىشىك تۈۋىگە يۈگۈرۈپ بېرىپ سىڭىللىرىنىڭ قولىنى تۇتتى.

— ئوھوي، شەرىپە ئاچا، يەنە ئورۇقلىماپسەنغۇ؟ — دېدى دىلشات شەرىپەنى كۆرۈپ سەل-پەل ئۈمىدسىزلەنگەندەك. ئۆيدىكىلەر دىلشاتنىڭ گېپىدىن پاراققىدە كۈلۈپ كېتىشتى. شەرىپە قاپاقلىرىنى تۈرگىنىچە دىلشاتقا ئالىيىپ قارىدى:

— ۋۇي، ساراڭنىڭ دەۋاتقان گېپىنى، ئۆيۈڭلاردا مېنىڭ غەيۋىتىم بوپتۇ-دە! قارىغاندا...

گۈليار شەرىپەنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ تۇيۇقسىز ئېغىز ئاچتى:

— ۋىيەي، نەدىكىنى؟ ئارقىڭىزدىن راستىنىلا باشقا گەپ قىلمىدۇق... ئىشەنمىسىڭىز دىلشاتنىڭ ئۆزىدىن سوراپ بېقىڭە؟!

لېكىن، دىلشات ئاپىسىنىڭ كۆڭلىدىكىنى نەدىن بىلسۇن؟! ئۇ ئاڭلىغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى چۈچۈك تىللىرى بىلەن قالدۇرماي تۆككىلى تۇردى:

— ئاخشام ئاپام «شەرىپەنى ئۇزاق بولدى كۆرمىگىلى، ئۇ ئورۇقلىغانمىدۇ؟ شەرىپە ھە دېسىلا خەق بىلەن ئۇرۇشىدۇ، ئاشۇنداق تۇرۇپمۇ يەنە سەمرىيدىكەن» دېدى.

ئۆيدىكىلەر بۇ دورەم دىلشاتنىڭ گېپىگە كۈلمىدى، چۈنكى شەرىپە دىلشاتنىڭ بايىقى گەپلىرىنى ئاڭلاپلا مۆلدۈرلەپ ئېقىپ كېتىۋاتاتتى. ئاڭغىچە ئاسىيە ئىتتىك شەرىپەنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنىڭ قوللىرىنى تۇتتى ۋە:

— بىزنىڭ شەرىپە قىز ئورۇقلايمەن، دەپ ئاۋارە بولمىسىمۇ

بولىدىغانلىقىنى؟ قاراڭلار بۇ كىپتى ئۆزىگە شۇنداق يارىشىدىكەن، — دېدى گەپنى باشقا ياققا بۇراش نىيىتىدە. بۇنى چۈشەنگەن باشقىلار «پاراققىدە» كۈلۈشتى.

ئاسىيە سۇلايماننىڭ ئىلگىرى ئۆزى كۆرۈپ باقمىغان بۇ ئىككى قىزى بىلەن يۈز يېقىپ كۆرۈشۈپ ئۇلاردىن مېھرىبانلىق بىلەن تىنچلىق سورىدى:

— سىز بىلەن تېلېفوندا بىرنەچچە قېتىم سالاملاشقان، قىزىم، — دېدى ئۇ زۆھرەنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، — بىر-نەچچە ئايدىن بېرى سىرتلاردا ئوقۇۋېمەن، دەپ خېلى قىينالغانسىز-ھە؟

— خۇدا بۇيرۇسا، ئوقۇشلۇق تۈگىتىپ كەلدىم، — دېدى زۆھرە ئاسىيەنىڭ سوئالىغا قىزغىن جاۋاب بېرىپ.

— زۆھرە ئاچا، سەن قاچان توي قىلىسەن؟ — دىلشات يېنىدا ئولتۇرغان زۆھرەدىن تۇيۇقسىز سوراپ قالدى.

— مەن توي قىلمايمەن! — دېدى زۆھرە دىلشاتنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ.

— ئۇنداق قىلما جۇمۇ، ھېلىمۇ قېرى قىزغا ئايلىنىپ قالدىڭ، ئەمدى يەنە توي قىلمىساڭ موماي بولۇپ كېتىسەن!

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئۆگسۈلى ئۆچكەن گۈليار ئوغلىغا ۋارقىرىدى:

— تولا كاپشىما! مۇشتۇمدەك تۇرۇپ ئويۇننى ئوينىماي، نېمە چوڭلارنىڭ گېپىگە قوشۇق سېلىپ يۈرىدىغاندۇ ماۋۇ بالا!

— بۇ گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆزۈڭلەر دېگەنغۇ ؟! — دىلشات ئاتىسى بىلەن ئاپىسىنى كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا يەنە بىر قېتىم ئوسال قىلدى. باياتىن بېرى جىم ئولتۇرغان سۇلايمان پولاتقا ئىتتىك قارىدى:

— قانداق؟! نېرى-بېرى گەپنىڭ ھەممىسىنى بالىنىڭ ئالدىدا دەۋەرمەڭلار، دەپ كۆرمىسەڭ قېتىم ئېيتقانغۇ مەن

سىلەرگە؟

ــ قارىغانىدا، بۇ تازمۇ ئىش ئۇقۇپ قاپتۇ، ــ دېدى يۈزلىرى شەلپەردەك قىزارغان پولات گەپنى چاقچاققا يۆلەپ.

ئاڭغىچە گۈلىيار ھەممەيلەننى ئاشخانىغا چاقىردى. كۆپچىلىك ئاشخانىغا كىرىپ شىرەنى چۆرىدەپ غىزاغا ئولتۇردى. ئۇلار غىزا ئارىلىقىدا گۇڭگۇر-مۇڭگۇر مۇڭدىشاتتى، چاقچاقلارنى قىلىشاتتى، بۇنىڭ بىلەن ھېلىدىن-ھېلىغا پاراققىدە كۈلكە كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. سۇلايماننىڭ كۆڭلىدىكى بەختلىك ئائىلە دەل مۇشۇنداق بولاتتى. شۇڭا ئۇ بۈگۈن بۆلەكچىلا ئېچىلىپ كەتتى.

دۇرۇس، ئاتا-ئانا ئۈچۈن ئېيتقاندا، بالىلىرى بىلەن جەم بولۇشتىنمۇ ئارتۇق بەختىيار دەقىقىلەر بولسۇنمۇ؟!

## 18

ئاپىسىنىڭ قايتا ياتلىق بولۇشى مۇنەۋۋەرنىڭ يۈرىكىنى لەختە قىلىۋەتتى. چۈنكى، ئۇ ئاپىسىنى سۇلايمان نىكاھىغا ئالغان كۈندىن تارتىپ خۇددى ئاپىسىدىن ئايرىلغان باچكىدەك يالغۇز قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ساۋاقداشلىرى بىلەن دوستلىرىنىڭ ئۇنىڭغا مەسخىرىلىك تىكىلىشلىرى ئۇنىڭ جېنىغا تېگەتتى. ئادەتتە ئەرلەر ياشانغان چاغدا قايتا نىكاھلىق بولسا بۇنىڭ كارى چاغلىق. بۇنىڭغا «ئايال كىشى بولمىغاچقا ئۆي ئىشلىرىدا قىينىلىپ كېتىپتۇ، ئاخشىمى-ئەتىسى ئىسسىقسىز قاپتۇ» دېگەندەك نۇرغۇن-نۇرغۇن باھانىلەرنى تاپقىلى بولىدۇ. لېكىن، ئوتتۇرا ياشتىن ھالقىغان تۇل ئاياللار قايتا نىكاھلىق بولسىچۇ؟ ئۇنىڭ قىلغىنى ھەرقانچە ئورۇنلۇق بولسىمۇ، كەينىدىن گەپ تاپىدىغانلار چىقماي قالمايدۇ: «چاچلىرى ئاقىرىپ نەۋرە كۆرگەندە يەنە

نېمىدەپ توي قىلىدىغاندۇ؟ قېرىپ بىر يەرگە بېرىپ قالغان خوتۇن كىشىگە ئەرنىڭ نېمە كېرىكى؟...»

ئادەتتە بۇنداق نارازىلىقلار ھەممىدىن بۇرۇن قايتا نىكاھلىق بولغان ئاشۇ كىشىلەرنىڭ بالىلىرىدىن چىقىدۇ. بولۇپمۇ، ئاپىسى قايتا نىكاھلىق بولغان بالىلار خەقنىڭ ئىچىدە ئۆزلىرىچە نومۇستىن باش كۆتۈرەلمەي قالىدۇ، ئۇلار باشقىلارنىڭ ئۆزلىرىنى «ئاپىسى بالىلىرىنى باقالماي، قېرىغاندا يەنە ئەرگە تېگىپتۇ» دەپ مازاق قىلىشىدىن بەكمۇ قورقىدۇ.

ئاسىيە سۇلايمانغا ياتلىق بولۇپ بۇ ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن، ئاسىيەنىڭ يېزىدا تۇل ئولتۇرغىنىغا ئۇزۇن يىللار بولغان نەۋرە سىڭلىسى سائادەت كېلىپ، مۇنەۋۋەرگە ھەمراھ بولدى. سائادەت ھەم ئىشچان، ھەم ئاش-تاماققا ئۇستا مەزلۇم بولغاچقا، مۇنەۋۋەر ئۇ ئەتكەن تاماقلارغا تېزلا كۆنۈپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاسىيە ئۆيگە خۇدانىڭ قۇتلۇق كۈنى تېلېفون قىلىپ قىزى مۇنەۋۋەرنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ تۇراتتى. ھەر جۈمە كۈنى قايتىپ كېلىپ ئۆيدە بىر كۈن قونۇپ، قىزى بىلەن نەۋرە سىڭلىسىغا ئۆز قولى بىلەن تاماق ئېتىپ بېرەتتى.

ئىشقىلىپ، ۋاقىت ھەممىنى ئۇگىلايدىكەن. ئاسىيەنىڭ سۇلايمانغا ياتلىق بولغىنىغا بىرنەچچە ئاي بولدى. ۋاقىتنىڭ ئۆزىرىشىگە ئەگىشىپ مۇنەۋۋەرمۇ ئاپىسىغا بۇرۇنقىدەك ئۇنچىۋالا ئۆچلۈك قىلماي، ئاپىسى ئۆيگە كەلگەن چاغلاردا ئۇنىڭغا قاپىقىنى ئاچىدىغان بولدى.

بىراق، جاھاننىڭ ئىشلىرىغا ئالدىراپ بىرنەرسە دېگىلىمۇ بولمايدىكەن. كۈتۈلمىگەندە يۈز بەرگەن بىر ئىش ھەممىنى ئۆگتەي-تۇگتەي قىلىۋەتتى. مۇنەۋۋەرنىڭ ئەمدىلەتىن سۆزۈلۈشكە باشلىغان كۆڭۈل ئاسمىنىنى يەنە قارا بۇلۇتلار

قاپلىدى، ساقىياي دەپ قالغان دىل يارىسىدىن يەنە قان كەتتى. قايسىبىر شەنبە كۈنى مۇنەۋۋەرنىڭ بىر ساۋاقدىشى رېستوراندا تۇغۇلغان كۈنىگە ئاتاپ زىياپەت بەرمەكچى بولدى. مۇنەۋۋەر ئاپىسى بەرگەن بەش يۈز يۈەن پۇلنى خەجلەپ ئۆزىگە بىر يۈرۈش كىيىم ئالدى، ئاندىن ئېسىل ساتىراشخانىغا كىرىپ چېچىنى راۋۇرۇس ياساتتى. ئۇ رېستورانغا شۇنداقلا كىرىپ بېرىشىدى، دوستلىرى مۇنەۋۋەرنىڭ پەرىلەردەك تۇرقىدىن ھەيران قېلىشتى. مۇنەۋۋەرنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرغان بىر دوستى ئۇنىڭغا بەكمۇ قاراپ كېتىۋاتاتتى. سورۇندىكىلەر خۇشال-خۇرام كۈلۈشۈپ، چاقچاقلىشىپ ئولتۇراتتى. مۇنەۋۋەرنىڭ ئۈستۈپشىغا بەكمۇ قاراپ كەتكەن ھېلىقى قىز تۇيۇقسىزلا قولىغا بىر ئىستاكان مېۋە شەربىتىنى ئالدى-دە، ئورنىدىن دەس تۇردى.

— ھەي، قىزلار، ھەي! — دېدى ئۇ گېلىنى قىرىپ قويۇپ، — سورۇنىمىز سەت قىزىۋاتىدۇ جۇمۇ... گۈلى، تۇغۇلغان كۈنۈڭگە مۇبارەك بولسۇن، ئاداش! — ئۇ قىز مۇنەۋۋەرنىڭ كۆزىگە مەنىلىك قارىدى، — مۇنەۋۋەر سۇلايمان شاشقۇ بوگۇن؟ كۆڭلۈمدىكى گەپنى دېسەم، تېزرەك بىرەر خىزمەت تېپىۋېلىشىڭغا تەشنامەن جۇمۇ...!

بۇ گەپنى ئاڭلىغان مۇنەۋۋەرنىڭ يۈزى تاكى قۇلاقلىرىغىچە شەلپەردەك قىزىرىپ كەتتى. ئۇ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي ھېلىقى قىزغا ئالىيىپ قاراپ قويۇپ گەپ قىلماي ئولتۇردى.

— نېمە دېدىڭ؟ — سورۇندىكىلەردىن بىرەيلەن ھەيران بولۇپ سورىدى، — مۇنەۋۋەرنىڭ ئاتىسىنىڭ ئىسمى مۆمىن تۇرسا، قانداقلارچە «مۇنەۋۋەر سۇلايمان» بولۇپ قالىدۇ؟ فامىلىسىنى ئۆزگەرتتىمۇ-يە؟

— ھەي، يەر شارىدا بارمۇسەن؟ — دېدى مۇنەۋۋەرنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرغان ھېلىقى قىز سوئال سورىغان يەنە

بــــرەيلەنگە جـــاۋابەن، ـــ شـــۇنداق مـــۇھىم خەۋەرنىمـــۇ ئۇقمىــدىڭمۇ؟ ئــاڭلاپ قــال، مــۇنەۋۋەر يېڭــى ئاتىــدىن بىرنــى تېپىۋالدى! ئۇ ھازىر ئىلگىرىكى «مۆمىن ئاشپەز»نىـڭ قىـزى ئەمەس، پېشقەدەم باشلىقنىڭ قىزى دەڭلا! قاراپلا بىلمىدىڭمۇ؟ مۇنەۋۋەرنىڭ ئۈستۈبېشى دېگەن پېچەت ھازىر! ـــ ئۇ مــۇنەۋۋەر بىــلەن رومكــا سوقۇشــتۇرماقچى بولــدى. لــېكىن، مــۇنەۋۋەر بېشىنى يەردىــن كۆتــۈرمەي جىــم ئولتــۇراتتى. ئــۇ تۇيۇقســىزلار ئورنىدىن دەس تۇرۇپ «ھۆ» تارتىپ يىغلىغىنىچە تالاغا قاراپ ئۆزىنى ئاتتى.

ـــ ۋــيەي، نــېمە قىلغىنىــڭ ئەمــدى ئــۇ؟ ھەممەيلەننىــڭ كۆڭلىنى غەش قىلىپ، ـــ دېدى ساھىبخانا قىـز مۇنەۋۋەرنىـڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرغان ھېلىقى قىزغا تۇمشۇقلىرىنى ئۈچلاپ.

ـــ شۇ ئەمەسمۇ، ئەجەب ئوساللىق قىلـدى بـۇ! مـۇنەۋۋەر خۇددى ئۇمىچىنى ئۆرۈۋەتكەندەك!

ـــ ھەي، كــۆز يامــان، كــۆز! مۇنەۋۋەرنىــڭ ئۈستۈبېشــىنى كۆرۈپلا بەزىلەرنىڭ ئىچىدىن قان كەتتى ـ دە!... ...

سورۇندا ئولتۇرغان قىزلار ھېلىقى قىزنــى تەرەپ ـ تەرەپتىن گەپتە سوققىلى تۇردى.

## 19

مـۇنەۋۋەر ئــۆيگە كېلىــپلا ئۈچىســىدىكى بــايىقى سورۇنغا كىيىپ بارغان كىيىملىرىنى سېلىپ يەرگە ئــاتتى، ئانــدىن ئــۇ كىيىملەرنــى غەزەپ بىــلەن دەسســىگىلى تــۇردى. مــۇنەۋۋەر ئاچچىقىدا بەك قــاتتىق دەسسۈەتكەچكە، پۇتىنىــڭ ئۆكچىســى پىچاق تىققاندەك ئاغرىپ كەتتى. ئۇ يەردە تۇرغان كىيىملەرنــى ئۆينىڭ بۇلۇڭىغا قارىتىپ جېنىنىڭ بارىچە تېپىۋىدى، ئۇچــۇپ بارغــان كــۆڭلەك بۇلۇڭــدىكى تىكلىــمە چىراغنــى يىقىتىــۋەتتى،

بۇنىڭ بىلەن چىراغنىڭ ئەينەك گىرېلكىسى سۇنۇپ چۇل-چۇل بولۇپ كەتتى. ئاڭغىچە سائادەت چىقىپ ئۆي ئىچىدىكى بۇ پاراكەندىچىلىكنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتتى. مۇنەۋۋەر بولغان ئىشنى سائادەتكە دەسلەپتە دېگىلى ئۇنىمىدى. سائادەت نۇرغۇن گەپلەر بىلەن كۆڭلىنى ياسىدى. بىرھازادىن كېيىن مۇنەۋۋەر ھۆكرەپ يىغلىغىنىچە سائادەتنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئاتتى ۋە بولغان ئىشنى يىپىدىن-يىڭنىسىغىچە سۆزلەپ بەردى.

— ھەي، بىچارە بالام! — دېدى سائادەت مۇنەۋۋەرنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان مۇنەۋۋەر بېشىنى دەرھال سائادەتنىڭ قۇچىقىدىن كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ قوللىرىنى ئىتتەردى:

— مەن بىچارە ئەمەس، «بىچارە» دېگەن سۆزگە بەك ئۆچ!

سائادەت ئۈن-تىنسىز ئولتۇرۇپ كەتتى.

— سائادەت ئاچا، بىر ئىشنى دەي، كۆڭلىڭىزگە ئالماڭ-ھە، — دېدى مۇنەۋۋەر سائادەتنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ.

— نېمە گەپ؟

— مەن ئاپامغا بەك ئۆچ بولۇپ كەتتىم!

— نېمىشقا ئۇنداق دەيسىز؟

— ئۇ دېگەن ھەم ئىقتىدارسىز، ھەم مەسئۇلىيەتسىز بىر خوتۇن تۇرسا!

— ئۇنداق دېسىڭىز خۇدامۇ راۋا كۆرمەيدۇ، قىزىم! ئاپىڭىز مۇبادا ئىقتىدارسىز خوتۇنلاردىن بولسا بىرنەچچە يۈز كويلۇق پېنسىيە پۇلى بىلەن سىلەرنى باقالامتى؟ سىزنى ئوقۇتالامتى؟... ئاپىڭىزنى «مەسئۇلىيەتسىز خوتۇن» دېگىنىڭىز نېمىسى؟ بۇ گېپىڭىزنى چۈشەنمىدىم!

مۇنەۋۋەر سائادەتكە يەنە چۈشەندۈرۈپ يۈرۈشنى

خالمىدى. چۈنكى، سائادەت ئۈنىڭ نەزىرىدە باشلانغۇچ مەكتەپنىمۇ تۈگىتىپ ئوقۇيالمىغان سەھرالىق خوتۇن بولغاچقا، بەزى گەپلەرنى چۈشەندۈرسىمۇ چۈشەنمەيتتى. مۇنەۋۋەر خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ كەتتى. نېمىلا دېگەنبىلەن ئۇ سائادەتنىڭ گېپىدە تۇرىدىغان ئىشەنچلىك مەزلۇم ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. شۇڭا سائادەتنى يېلىنىپ تۇرۇپ سورىدى:

— سائادەت ئاچا، ئەمدى مۇشۇ ئۆيدە تۇرۇۋېرىڭە، بولامدۇ؟ باشقا بارار يېرىڭىزمۇ بولمىغاندىكىن... قانداق دېدىم...؟

سائادەت بىرنېمە دېمەكچى بولۇپ ئېغىزىنى ئۆمەللىدىيۇ، گەپ قىلمىدى. ئەمما، مۇنەۋۋەر ئۇنىڭ بۇ تەكلىپنى قوبۇل كۆرمەيدىغانلىقىنى سېزىپ بولدى.

— ھە، بۇ ئۆيدە تۇرغىڭىز يوقكەن-دە؟... ئۇنداق بولسا قانداق قىلماقچىسىز؟ دەپ بېرىڭە؟ — دېدى مۇنەۋۋەر سائادەتكە بۇيرۇق قىلغاندەك.

سائادەت گەپ قىلىشقا تەمشىلىپ بېقىپ يەنە ئېغىز ئاچالمىدى. ئەمما، ئۇ مۇنەۋۋەرنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ ئىختىيارسىز پىچىرلىدى:

— ھەي، بىچارە بالام!

— نېمە؟ يەنە بىچارە دەۋاتىسىزغۇ؟ — مۇنەۋۋەر سائادەتنىڭ قوللىرىنى ئىتتىرىۋېتىپ ئورنىدىن دەس تۇردى-دە، ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى.

ئەتىسى ناشتىدىن كېيىن سائادەت بازارغا چىقىپ كەتتى. دەل شۇ چاغدا ئاسىيە تېلېفون قىلىپ قالدى. ئۇ گەپ ئارىلىقىدا مۇنەۋۋەرگە سائادەتنىڭ يات ئارىدا توي قىلىپ بىر يەرگە كېتىدىغانلىقىنى دەپ بەردى. بۇ گەپنى ئاڭلىغان مۇنەۋۋەر ھەيرانلىق ئىچىدە سورىدى:

— بىرنەچچە ئايىنىڭياقى ئۆيدىن چىقماي ئولتۇرغان تۇرسا، نەلەردە يۈرۈپ تونۇشۇپ قالغاندۇ؟
— بۇنىڭغا تونۇشۇپ يۈرۈش كېتەمدۇ! سائادەت ئۇ ياقنىڭ ئۆزىگە لايىق كېلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپلا بوپتۇ، — دېدى ئاسىيە.
— ۋىيەي، نېمە قىلغىنى ئۇ؟ ئەرسىرەپ كەتكەن ئادەمدەك! — دېدى مۇنەۋۋەر.
— تولا گەپ قىلما، بالام، كۆڭلىنىڭ قاتتىقلىقى بولمامدۇ؟! سەن دېگەن ماينىڭ ئىچىدىكى بۆرەك-دە. شۇڭا چۈشەنمەيسەن! ھەي... ئىشقىلىپ، خۇدايىم بەختىڭنى بەرسۇن، قىزىم!
مۇنەۋۋەرنى تۇرۇپلا ۋەھىمە باسقىلى تۇردى.
— سائادەت ھەدەم كېتىپ قالسا بۇ ئۆيدە تىكەندەك يالغۇز قېلىپ قانداقمۇ قىلارمەن ئەمدى! — دەپ سورىدى ئۇ ئاپىسىدىن.
— مەنمۇ شۇ گەپنى قىلاي دەپ تېلېفون قىلغان، مېنىڭچە، مۇشۇ ئۆيگە كۆچۈپ كەلسەڭ بولارمىكىن، بالام؟!
— نېمە؟ ئاتام كۆرمىگەن-ئاپام كۆرمىگەن بىرنېمىلەر بىلەن بىر ئۆيدە تۇرغۇچە ئۆلگىنىم ياخشى ئەمەسمۇ؟
— ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن سائادەت كېتىپ قالسا ئۆيدە تىكەندەك يالغۇز قانداقمۇ قىلارسەن، جېنىم بالام؟
— ھېلىقى قېرىغا تېگىدىغان چاغدا مۇشۇنداق يالغۇز قالىدىغانلىقىمنى خىيالىڭغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغانتىڭ، ئىشقىلىپ، كاللامنى چېپىۋەتسەڭمۇ ئۇ ئۆيگە بارمايمەن! — مۇنەۋۋەر دەيدىغاننى دەپ بولۇپ، ئاسىيەنىڭ گەپلىرىگە قۇلاقمۇ سالماي تېلېفوننى قويدى.
مۇنەۋۋەرنىڭ ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ يەنە ئاتىسىنىڭ تامغا ئېسىقلىق تۇرغان سۈرىتىنىڭ ئالدىغا كېلىپ

تىترەپ تۇرغان بارماقلىرى بىلەن سۈرەتنى ئاستا سىلىدى.

— ئاتا... مېنى ئەجەب مۇشۇ تۇمدەك چېغىمدىلا يېتىم قويدۇڭغۇ، جېنىم ئاتا! مۇشۇ كۈنلەرگە قالارمنى ئويلاپمۇ قويماي ئۆزۈڭ خاتىرجەم بېرىپ يېتىۋالدىڭغۇ، جېنىم ئاتا! كۆرۈۋاتامسەن، مەن ھازىر ئاپامدىنمۇ ئايرىلىپ قالدىم، ئۇ ئۆزىنىڭ ھالاۋىتىنى دەپ مېنى تاشلىۋېتىپ نەدىكى بىر قېرىنىڭ مالايلىقىنى قىلغىلى كەتتى! مەن ئەمدى قانداق قىلارمەن، ئاتا؟ يا مېنىمۇ يېتىمچىلىكتە يۈرىكى ئېزىلىپ ئۆلسۇن دەۋاتامسەن، ئاتا!

مۇنەۋۋەر ئۆزىنىڭ دېگەن گەپلىرىگە كۆڭلى بۇزۇلۇپ ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى.

سائادەت كۈن قايرىلغاندا ساڭگىل-سۇڭگۇل بوغچىملارنى كۆتۈرۈپ بازاردىن كىرىپ كەلدى. ئۇ ناھايىتى خۇشال كۆرۈنەتتى. مۇنەۋۋەر سائادەتنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن نېمە سودىلىقلارنى قىلغانلىقىنى مۇنداقلا سوراپ قويدى. ئەمما، مۇنەۋۋەرنىڭ چىرايىدىكى سولغۇنلۇقنى دىققەت قىلمىغان سائادەت ئالغان نەرسىلىرىنى بىر-بىرلەپ چىقىرىپ مۇنەۋۋەرگە كۆرسەتكىلى تۇردى. مۇنەۋۋەر سەنشەنباگىزا بازىرىدا پاخالنىڭ ئورنىدا دۆۋىلەپ قويۇپ ساتىدىغان بۇ ئەرزان نەرسىلەرنى كۆرۈپ قاپاقلىرىنى تۈردى، ئەمما سائادەتنىڭ كۆڭلىنى دەپ، ئۇ نەرسىلەرنى ئاغزىنىڭ ئۇچىدا ئانچە-مۇنچە ماختاپ قويدى.

— سىز توي قىلىدىغان ئادەم زادى قانداقراق؟ — مۇنەۋۋەر گىلەمنىڭ ئۈستىدە تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرغان سائادەتتىن تۇيۇقسىزلا سوراپ قالدى.

سائادەت قولىدىكى بازارلىقلىرىنى قويۇپ مۇنەۋۋەرگە قارىدى:

— ئۇنى نەدىن ئۇقتىڭىز؟

— بابا ئاپامدىن تېلېفون كەپتىكەن، شۇ دەپ بەردى.
— ئۇ ناھىيىدە كادىركەندۇق، پېنسىيىگە چىقىپتۇ، — دېدى سائادەت بازارلىقلىرىنى رەتلىگەچ، — بەش بالىسى باركەن، خوتۇنى بۇلتۇر تۇگەپ كېتىپتۇ.
— نېمە؟ بەش بالىسى باركەن؟... — بۇ گەپكە ھاڭ - تاڭ قالغان مۇنەۋۋەرنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى، — ھازىرغىچە بالا يۈزى كۆرۈپ باقماي تۇيۇقسىزلا بەش بالىغا ئۆگەي ئاپا بولۇپ قالسىڭىز قانداق بولار ئەمدى؟
— بالىلىرىنىڭ ئەڭ كىچىكىمۇ مەندىن ئىككى ياش چوڭكەن تېخى، — دېدى سائادەت تەمكىنلىك بىلەن.
— ۋاي، خۇدايىمەي! ئۇنداقتا ئۇ ئادەم قانچە ياشلاردىكەن؟ — مۇنەۋۋەر يەنە سورىدى.
— يەتمىش بەش ياشقا كىرىپتۇ! — سائادەتنىڭ ئاۋازى يەنىلا بايىقىدەك ناھايىتى ۋەزمىن چىقاتتى.
— ۋايەي! يەتمىش بەش ياشقەن دەڭ، ئۇنداق بولسا سىزدىن تۇپتوغرا قىرىق ياش چوڭكەندە، ۋۇي، ئاتىڭىز دېمەتلىك ئادەمكەنغۇ ئۇ؟ بۇ... سىز... — مۇنەۋۋەر گېپىنىڭ ئايىغىنى داۋاملاشتۇرالماي قالدى.
— بالىلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولۇپ چىقىپ كېتىپتۇ، ھازىر ئۆزى ئۆيدە يالغۇزكەن، ئېيىغا بىرمىڭ ئىككى يۈز يۈەن مائاش ئالىدىكەن!
— قارىغاندا، ئۇ بوۋاينىڭ پۇلىغا كۆزىڭىز چۈشۈپتۇ - دە! تۆت كۈنلۈكى قالغان قېرى بىلەن قانچىلىكمۇ ئۆي تۇتارسىز دەيمىنا! چىراي - تۇرقى قانداقراقكەن؟ بەك كېلىشكەن ئادەممىكەن - يا؟
— مەن كۆرۈپ باقمىدىم! — دېدى سائادەت بېشىنىمۇ كۆتۈرمەي تۇرۇپ، ئاندىن بازاردىن كۆتۈرۈپ ئەكىرگەن سومكىسىنىڭ سىيرىتمىسىنى ئېتىپ ئۇنى ئىشكاپقا سېلىپ

قويدى.

— كۆرۈپ باقمىغان ئادەمگە تەگمەكچىمۇسىز؟ — دېدى مۇنەۋۋەر تېرىككەندەك قىلىپ. ئۇ جىيەكلىرى قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىنى سائادەتكە تىكتى. لېكىن، سائادەت ئۇنىڭ بۇ سوئالىغا جاۋاب بېرىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ھەتتا مۇنەۋۋەرگە بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپمۇ قويمىدى. ئۇ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشكاپتىن جاينامازنى ئېلىپ گىلەمنىڭ ئۈستىگە سالدى، ئاندىن يوغان رومىلىنى تۈزەشتۈرۈپ چىگىپ جاينامازنىڭ ئالدىغا كېلىپ قىبلىگە يۈزلەندى.

— نامىزىمنى ئوقۇۋالاي، — دېدى ئۇ مۇنەۋۋەرگە قايرىلىپ قاراپ.

سائادەت گىلەمنىڭ ئۈستىدىكى جاينامازنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئىككى قولىنى كۆكرىكىگە جۈپلەپ تۇرۇپ نامىزىنى باشلىدى:

— ئاللاھۇئەكبەر، ئاللاھۇئەكبەر...!

مۇنەۋۋەر خۇدانىڭ بۇ مۆمىن بەندىسىگە گويا تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك سىنچىلاپ قاراپ كەتتى. سائادەتنىڭ ناماز ئوقۇۋاتقان سىياقى ئۇنىڭغا ناھايىتى تەمكىن ۋە بىمالال كۆرۈندى.

## 20

سائادەت كەتتى. مۇنەۋۋەر ئىككى كۈننى ئۆيدە ئۆزى يالغۇز ئۆتكۈزدى. ئۈچىنچى كۈنى سۇلايمان بىلەن ئاسىيە كېلىپ ئۇنى ئەكەتمەكچى بولدى. ئىلاجىسىز قالغان مۇنەۋۋەر ئۆگەي ئاتىسى بىلەن ئاپىسىنىڭ كەينىدىن بويىنىنى باغلىغاندەك ماڭدى.

مۇنەۋۋەر ئىلگىرى بوسۇغىسىدىن ئاتلاپ باقمىغان بۇ يات ئۆيدە دەسلەپتە راستىنلا بويىنىنى قىسىپ قالدى. لېكىن، ئاز

كۈن ئۆتمەيلا سۇلايماننىڭ ناھايىتى مۇلايىم ھەم خۇشخۇي ئادەم ئىكەنلىكىنى بايقىدى. ئۇ ئاسىيەنى سوغۇق سۇدا قاچا-قۇچا يۇيۇپ قىينىلىپ قالمىسۇن، دەپ ئاشخانىغا توكلۇق سۇ ئىسسىتقۇچ بېكىتىپ بەردى. سۇلايمان بالىلىرى يوق چاغدا مۇنەۋۋەرگە: «ھۇجرىڭىزنى تۈزەشتۈرۈپ دېرىزە پەردىسى بىلەن كارىۋات كىرلىكىنى يېڭىلىۋېلىڭ!» دەپ بەش يۈز يۈەن بەردى. سۇلايمان ئاتمىش ياشتىن ئاشقىنى بىلەن تېنى ساغلام، ئۆزى تىمەن ئادەم ئىدى. ئۇ ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى ئالدى بىلەن بازارغا چىقىپ سۈت، كۆكتات ئەكىرەتتى، ئاندىن ئۆز قولى بىلەن ناشتىلىق تەييارلايتتى. ئۆيدە يەنە مۇنەۋۋەرنىڭ ئۆگەي ھەدىسى زۆھرە بولغىنى بىلەن، ئۇنىڭ ئىدارىسى يىراق بولغاچقا، ئۇ باشقىلار ئورنىدىن تۇرۇپ بولغۇچە ئىدارىنىڭ ماشىنىسى بىلەن ئىشقا كېتەتتى، كەچتە بولسا ئۆيدە قالغان ئۇچەيلەن كەچلىك غىزاسىنى يەپ بولغاندا ئاندىن كېلەتتى. زۆھرە ناھايىتى كەم سۆز ئىدى، ھەر كۈنى كەچتە ئىشتىن كېلىپلا ئۆيدىكىلەر بىلەن بىر كۆرۈشۈۋەتكەندىن كېيىن ئۇدۇل ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ كېتەتتى. قىسقىسى، مۇنەۋۋەرنىڭ كۈنلىرى ئاپىسى ۋە دادىسى دېمەتلىك ئۆگەي ئاتىسى بىلەن ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئۆتەتتى. شۇنداق قىلىپ مۇنەۋۋەر بارا-بارا بۇ ئۆيگە ئىچىكىپ قالدى، گاھىدا ھەتتا ئۆزىنىڭ ئەسلىي سالاھىيىتىنى ئۇنتۇپ ئۆزىنى مۇشۇ ئائىلىدە ئۆسۈپ چوڭ بولغان دېگۈسىمۇ كېلەتتى.

بىر كۈنى شەرىپە ئوغلى مەردانىنى ئەگەشتۈرۈپ چوڭ ئۆيگە كەلدى. غىزا ۋاقتىدا مەردان مانتىدىن ئىككىنى يەپلا «تويدۇم» دەپ چوكىسىنى داستىخانغا قويدى.

— ۋۇي، يېمىدىڭىزغۇ؟ — دېدى مۇنەۋۋەر مەردانىنىڭ پىيالىسىگە چاي قۇيغاچ، — قېنى يەنە بىرنى ئېلىڭە، تارتىنماڭ!

مۇنەۋۋەرنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلىغان شەرىپە شۇ ھامان ئۆگۈپ مۇنەۋۋەرگە «لاپپىدە» قارىدى.

— ۋۇي، قاچاندىن بېرى بۇ ئۆيگە مېھمان بولۇپ قالدىڭ سەن؟ — دېدى شەرىپە ئوغلىغا دارىتمىلاپ تۇرۇپ، — بىر ەر تال مانتىنىمۇ نەدىكى بىر ياتۋاشلار «يېگىن» دېمىگۈچە ئالالمايدىغان... بىلىپ قوي، بۇ ئۆينىڭ ئىگىسى سېنىڭ بىلەن مەن!

مۇنەۋۋەر ئۆزىنىڭ بايىقى گەپنى جايلاپ دېيەلمىگىنىنى دەرھال سەزدىيۇ، لېكىن شەرىپەنىڭ گېپى ئۇنىڭ جېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ قولىدىكى چەينەكنى ئالدىرىماي قويۇپ، شەرىپەگە مەسخىرىلىك كۆزلىرىنى تىكتى:

— نەدىمۇ ھەپتە-ئون كۈندە بىر قېتىم كېلىپ يەپ، قاچا بىكارلاپلا كېتىپ قالىدىغان خوجايىن باركەن؟ ھەر كۈنى بۇ ئۆينىڭ ئاش-تامىقىنى ئېتىپ، كىر-قاتلىرىنى يۇيۇپ، يۇندىپۇرۇشلۇقىنى كىم قىلىۋاتىدۇ؟ بۇنى دېمىسەممۇ ئوبدان بىلىسىز!

شەرىپە ئەمدىلا يىگىرمە نەچچە ياشقا كىرگەن مۇشتۇمدەك بىر قىزنىڭ ئۆزىگە مۇنچىۋالا دەككە بېرىپ كېتەرىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى. ئۇ بۇنداق ھاقارەتكە قانداقمۇ چىدىسۇن؟ شەرىپە قولىدىكى چوكىنى شىرەگە قارىتىپ ئاتتى، چوكا شىرەدىن قاڭقىپ بېرىپ يەرگە چۈشتى.

— مۇشۇ ئۆيگە كىرىپ كۈنىنىڭ سېرىقىنى كۆرۈۋاتقان ئانا-بالا ئىككىڭىنىڭ قاسماقلىرىنى ئىككىڭ يۇيماي بىز كېلىپ يۇيساق بولامتى ئەمىسە؟ ۋاي، قوۋۇرغىمەي، «ئاش-تاماق ئېتىپ» دەپ كېتىشلىرى تېخى... ۋۇي... ئەتكەن تاماقنى ئانا-بالا ئىككىڭنىڭ بۇرنۇڭنىڭ ئۇستىگە ئېلىپ قويۇۋاتمايدىغانسەن؟ يۈز-خاتىر قىلغاننى ئۇقمايدىغان نەرسىكەنسەن!

مۇنەۋۋەرنىڭ دىمى ئىچىگە چۈشۈپلا كەتتى. ئۇ باشقىلارنىڭ سايىسىدا كۆن ئېلىشنىڭ نەقەدەر ئېغىر ئىكەنلىكىنى ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم چۈشىنىپ يەتتى. سۇلايمان يەردىكى چوكىنى ئالدىرىماي ئېلىپ شىرەگە قويدى.

— ھەي بالا... ھەي بالا... قاچانمۇ چوڭ بولارسەن! — دېدى چىرايى قارىداپ كەتكەن سۇلايمان شەرىپەگە تىكىلگىنىچە بىرھازا ئولتۇرغاندىن كېيىن، — ۋۇي، سەن قانچە ياش، مۇنەۋۋەر قانچە ياش؟ نېمىشقا مۇشتۇمدەك بىر بالىنىڭ كۆزىگە كىرىشىۋالىسەن؟

شەرىپە يەرگە قارىغىنىچە لام-جىم دېمەي ئولتۇردى. باياتىن بېرى گەپكە ئارىلاشماي جىم ئولتۇرغان ئاسىيە نېمە قىلارىنى بىلەلمەي پۇچىلىنىپ كېتىۋاتاتتى.

— باللار بىر-بىرىدىن ياتسىراۋاتىدۇ، — دېدى ئۇ سۇلايمانغا قاراپ، — بارا-بارا چىقىشىپ كېتىدۇ، — ئۇ قايرىلىپ مۇنەۋۋەرگە قارىدى، — مۇنەۋۋەر، بولە، شەرىپە قىزغا «خاپا بولماڭ، ئايلا!» دېگىن!

— كىم ئۇنىڭ ئايلىسىكەن؟ — دېدى شەرىپە غۇدۇراپ تۇرۇپ.

شەرىپەنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلىغان سۇلايمان قولىدىكى پىيالىنى ئۇنىڭغا قارىتىپ ئاتتى، شەرىپە «شارتتىدە» ئۆزىنى چەتكە ئېلىۋىدى، پىيالە ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنگۈچىگە تېگىپ يەرگە چۈشتى. ئاڭغىچە شەرىپە دەس ئورنىدىن تۇرۇپ تالاغا قاراپ ئۆزىنى ئاتتى، مەردان ئۇنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى.

سۇلايماننىڭ يۈرىكى پىچاق تىققاندەك ئاغرىپ كېتىۋاتاتتى، ئۇ قوشۇمىلىرىنى تۈرگىنىچە ئۇڭ قولىدا كۆكرىكىنى ئۇۋۇلىدى.

— خاپا بولمىسلا، — دېدى ئاسىيە سۇلايماننىڭ كۆڭلىنى

ياساپ، — شەرىپە قىزنىڭ ئاپىسىدىن ئايرىلىپ قالغىنىغا ئەمدىلا بىر يىلدىن ئاشقان تۇرسا، شۇڭا كۆڭلىنىڭ ئارامى يوق... بارا-بارا تۈزىلىپ كېتىدۇ.

— ئاشۇما؟ ئۇچۇ، مۇشتۇمدەك ۋاقتىدىن تارتىپلا مۇشۇنداق ساراڭتى... ھەي... مېنى ئاخىر كېسەلدۈرۈپ ئۆلتۈرىدۇغۇ بۇ! — دېدى سۇلايمان ھەسرەتلىك ئۇھ تارتىپ.

ئاسىيە سۇلايماننىڭ كۆزلىرىگە ئېچىنىش بىلەن تىكىلدى، ئۇنىڭ كۆزىدىن سىرغىپ چىققان ئىككى تامچە ياش مەڭزىدە تۇرۇپ قالدى. سۇلايمان ئاسىيەنىڭ مەڭزىدىكى ئاشۇ ئىككى تامچە ياشنى كۆردى. ئۇ ئاشۇ سۈزۈك ياشلارنىڭ ئاسىيەنىڭ يۈرىكىدىن بالقىۋاتقان كۆيۈم ۋە مېھرىبانلىقنىڭ شاھىتى ئىكەنلىكىگە شەكسىز ئىشىنەتتى. سۇلايمان بېگىز بارمىقى بىلەن ئاسىيەنىڭ مەڭزىدىكى ياشلارنى سۈرتتى، ئاندىن ئەر-خوتۇن ئىككىسى بىر-بىرىنى يۆلىگىنىچە ئاستا مېڭىپ ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى. ئاسىيە سۇلايمان كارىۋاتقا چىقىپ يېتىپ بولغاندىن كېيىن ئىشىك تەرەپكە قاراپ ۋارقىرىدى:

— مۇنەۋۋەر، بىر پىيالە قايناق سۇ ئەكەلگىن، بالام، ئاتاڭ دورا ئىچىدۇ!

مۇنەۋۋەر ھايال ئۆتمەي بىر پىيالە قايناق سۇنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى. سۇلايمان مۇنەۋۋەرنىڭ قولىدىن پىيالىنى ئېلىۋېتىپ ئۇنىڭ قاپاقلىرىنىڭ ئىششىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ بايىقى ئىشتىن كۆڭلى ئازار يەپ يىغلىغانلىقىنى سەزدى. قاتتىق خىجىللىق ئىچىدە نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالغان سۇلايمان باشقا گەپ قىلماي بېشىنى چايقىدى.

— ماڭ، بالام، چىقىپ قاچا-قۇچىلارنى يۇيۇۋەت، — دېدى ئاسىيە مۇنەۋۋەرگە، — ئاندىن ئاتاڭنىڭ ھېلىقى ئاق كۆڭلەكنى يۇيۇپ قوي، ئەتە كىيىدۇ.

— ماقۇل!

مۇنەۋۋەر بۇرۇلۇپ ئىشىك تەرەپكە ماڭدى.

— شەرىپە بىلەن زۆھرەنىڭ خىزمىتى ئالدىراش، ئۇنىڭ ئۈستىگە شەرىپەنىڭ ئۆيى يىراق، بۇنىڭدىن كېيىن ئۆي تازىلايدىغان، كىر-قات يۇيىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى مۇنەۋۋەر ئۆزى قىلسۇن، ئۇ دېگەن ياش، ھېچنېمە بولمايدۇ!

ئاسىيە سەمىمىيەت نۇرلىرى چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىنى سۇلايمانغا تىكتى. ئەمما، سۇلايمان كۆزلىرىنى ئۇنىڭدىن ئەپقاچتى. چۈنكى، ئاجايىپ بىر خىل ئۆكۈنۈش سۇلايماننىڭ يۈرىكىنى مۇجۇماقتا ئىدى. ئۇ ئېغىر ئۇھ تارتتى...

## 21

شەرىپە چوڭ ئۆيدىن چىقىپ تا ئۆيىگە بارغۇچە يىغلىدى. شەرىپەنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈپ چىققان مەردان يولدا بارغۇچە ئاپىسىغا نۇرغۇن نەسىھەت قىلىپ باقتى. لېكىن، ئۇنىڭ گەپلىرى شەرىپەنىڭ قۇلىقىغا كىرىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. شەرىپە ئۆيىگە بېرىپمۇ خېلىغىچە ئىچى ئاداپ ئولتۇرالماي قالدى.

— ئەجەب چىشىمغا تەگدا بېشىنى يەيدىغان ئالۋاستى، — دەيتتى مۇنەۋۋەرنىڭ بايىقى چىرايىنى ھېچبىر كۆز ئالدىدىن يوقىتالمايۋاتقان شەرىپە ئۇنى غايىبانىسىگە تىللاپ، — ئاپىسى ئاتامغا تېگىدىغان چاغدا يېمەي-ئىچمەي يېتىۋېلىپ، ئۆلۈكىنى ساتقىلى قىل قالغان بىر نېمىنىڭ ئەمدىلىكتە ئاتام تېپىپ بەرگەننى يەپ، چىقىرىۋاتقان خۇيىنى قارىمامدىغان... ۋۇي، داپشاق!

غەزەپتىن تىترەپ ئولتۇرالماي كېتىۋاتقان شەرىپە ئۆيىنىڭ ئىچىدە ئۇياقتىن-بۇياققا ماڭاتتى.

—ئۇ قىز بىلەن تولا ئېيتىشمىسىنا، ئاپا، —دېدى مەردان شەرىپەگە، —ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزۈڭ زىيان تارتىپ قالىسەن!

—نېمە؟ قىلغۇلۇقنى ئۇ قىلغان تۇرسا، زىيان تارتىدىغىنى يەنە مەنما؟

—مۇشۇنداق ئاچچىق يۇتۇپ ئاغرىپ قالساڭ ئۆزۈڭگە زىيان بولار؟

شەرىپەنىڭ گەپ قىلماي تۇرۇپ قالغانلىقىنى كۆرگەن مەردان گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

—قارىغىنا، ھېلىقى گەپنى قىلىۋىدىڭ دادام سەت تېرىكىپ كەتتى، دادام شۇ ئاچچىقىدا ئاغرىپ يېتىپ قالسا، «ۋاپاسىزلىق قىلىپ ئاتىسىنى كاردىن چىقىرىپتۇ» دېگەن بەتنامغا قالىسەن ئۇقتۇڭمۇ؟!

—مەن ئۇ گەپلەرنى ھېلىقى ئالۋاستىغا دېگەن تۇرسام ئاتامغا نېمە دەز كەتكۈدەك؟ ئاتامنىڭ ئۇنچىۋالا ئۆزگىرىپ كەتكىنىگە پەقەتلا ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ، ئاپام رەھمەتلىك قازا قىلغاندا ئۇنىڭ بوزلاپ كەتكىنىنى كۆرۈپ، «ئەمدى بويتاق ئۆتۈپ كېتىدۇ» دەپ ئويلىغانىدىم؛ نەدىكىنى، ئاپامنىڭ يىلىنى بېرىۋېتىپلا ئۆيلىنىۋالدى. ئادەمنىڭ ئىچىنى ئادىتىپ ھېلىقى ئالۋاستىغا بولۇشۇپ كېتىشلىرىچۇ تېخى! —شەرىپەنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ كېتىۋاتاتتى. ئەمما، ئوغلىنىڭ ئالدىدا يەنە ياش تۆكۈشنى بىئەپ كۆرگەچكە، ئىتتىك ھۇجرىسىغا كىرىپ ئىشكنى ياپتى. شەرىپە كارىۋاتتا بىردەم ئۈن-تىنسىز يېتىپ باقتى، ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشكاپتىن ئالبومنى ئېلىپ ۋاراقلىغىلى تۇردى. ئالبومنىڭ بىرىنچى بېتىدىكى سۈرەت شەرىپەنىڭ خىياللىرىنى ئۇنىڭ ئۈچۈن كەلمەسكە كەتكەن ئاشۇ بەختلىك مىنۇتلارغا ئېلىپ كەتتى.

ئۇ —سۇلايمان ئائىلىسىنىڭ ئوپچە چۈشكەن سۈرىتى

بولۇپ، سۇلايمان بىلەن ھەكىمە ئالدىنقى رەتتە ئولتۇراتتى، شەرىپە ئاكىسى ۋە ئاچىسى بىلەن ئارقىدا ئۆرە تۇراتتى. ئۇلار بۇ سۈرەتكە سۇلايماننىڭ ئاتمىش ياشقا تولغانلىقىنى ئائىلە بويىچە رېستوراندا قۇتلۇقلىغان كۈنى چۈشكەنىدى.

ئۇ چاغلاردا شەرىپەنىڭ ئاپىسى ھەكىمە ئەللىكلەردىن ھالقىغان بولسىمۇ، لېكىن يولدىشى سۇلايمانغا بولغان مېھىر-تۇيغۇلىرىنى يوشۇرماي دەۋىرەتتى. ھەكىمەنىڭ باشقا ئاياللارغا ئوخشىمايدىغان يېرىمۇ دەل شۇ ئىدى. شۇ كۈنى شەرىپە بىلەن زۆھرە سۈرەتخانىدا ئاتىسىنىڭ چېچىنى تاراپ قويۇۋاتاتتى. ئاڭغىچە ھەكىمە قىزلىرىنىڭ قولىدىكى تارغاقنى ئېلىۋالدى.

— ئاتاڭلارنىڭ چېچىنى ئۆز قولۇم بىلەن تاراپ قوياي، — دېگەنىدى ھاياجاندىن كۆزلىرى چاقناپ كەتكەن ھەكىمە، — بۈگۈنچۇ، ئاتاڭلارنىڭ چېچىنى ئاتمىش قېتىم تارايمەن، ئاللا ئىگەم مېنى ئاتاڭلارنىڭ چېچىنى يەتمىش-سەكسەن قېتىم تاراپ قويغىلى نېسىپ قىلار...!

بىراق، باللارنىڭ ئالدىدا خوتۇنىغا چاچ تارىتىپ ئولتۇرۇشنى بىئەپ كۆرگەن سۇلايمان چېچىنى ئۆزى تارىماقچى بولۇپ ھەكىمەنىڭ قولىدىكى تارغاقنى ئېلىۋالدى. ئاڭغىچە ھەكىمە تارغاقنى يەنە ئالماقچى بولۇپ كېلىۋىدى، سۇلايمان ئورنىدىن تۇرۇپ قاچتى، ھەكىمە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىغىلى تۇردى. ئەر-خوتۇن ئىككىسى «ھى-ھى»، «ھا-ھا» قىلىشىپ بىردەم كۆلۈشكەندىن كېيىن، سۇلايمان ھەكىمەگە قاراپ قاپاقلىرىنى تۈردى ۋە:

— ھەي، چوڭ بولمايدىغان خوتۇندە سەن! باللارنىڭ ئالدىدا سەت ئەمەسمۇ؟! — دېگىنىچە چېچىنى ئۆزى تارىدى. ھەكىمە ئادىتى بويىچە ئېرىنىڭ بۇرنىنى چىمدىپ قويدى. شۇنداق قىلىپ، ئەر-خوتۇن ئىككىسىنىڭ باللىرى ئالدىدىكى

ئويۇنى ئاخىرلاشقان بولدى. شۇ چاغدا باللار ئاتىسى بىلەن ئاپىسىنىڭ بۇ قىلىقلىرىدىن ئەجەبلەنمىگەن، ئەكسىچە، بەختلىك ئۆتۈۋاتقان ئاتا-ئانىسىنىڭ ئېجىللىقىنى كۆرۈپ تەنلىرى يايراپ كەتكەنىدى.

ئاشۇ ئىشلارغا ھەش-پەش دېگۈچە بەش يىل بولدى. ئېرىگە قانات، باللىرىغا روھىي مەدەت بولۇپ كېلىۋاتقان ئاپىسى ئۇلارنى تاشلاپ كەلمەسكە كەتتى.

—ئاپا، سەن كەتكىلى بىر يىلدىن ئاشتى، شۇنىڭدىن بېرى كۆرمىگىڭ قېتىملاپ «ئاپا» دەپ زارلىدىم، —دېدى شەرىپە ھېلىقى سۈرەتنى ئالبومدىن ئاۋايلاپ ئاجرىتىپ ئېلىپ، —ئاشۇ زارلاشلىرىمنى يەرلىكىڭدە يېتىپ ئاڭلىغانسەن، جېنىم ئاپا؟ بۇگۈن كۆڭلۈم بۇزۇلۇپ، يۈرىكىم قان يىغلاپ كەتتى، لېكىن بۇ دەردلىرىمنى سەندىن باشقا كىمگىمۇ دېيەلەيمەن! —شەرىپە سۈرەتنى تىترەپ تۇرغان لەۋلىرىگە ياقتى ۋە ئۇنى باغرىغا چىڭ باسقىنىچە ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ يىغلايتتى. شەرىپە شۇ يىغلىغىنىچە بىر چاغلاردا ئۇخلاپ قالدى. يېرىم كېچىلەر بىلەن زۆھرەدىن تۇيۇقسىز تېلېفون كېلىپ قالدى. مەردان ئاپىسىنى ئويغاتقىلى كىرىپ قارىسا، ئۇ ھېلىقى سۈرەتنى باغرىغا چىڭ باسقىنىچە گىلەمدە تۈگۈلۈپ يېتىپ قاپتۇ.

ئەسلىدە زۆھرە بىر دوستىنىڭكىگە چايغا كەتكەچكە، شەرىپە بىلەن مۇنەۋۋەر قىزىرىشىپ قالغاندا ئۇ ئۆيدە يوق ئىدى. ئۇ قايتىپ كېلىپ، ئاتىسىنىڭ ئاغزىدىن ئۇ ئىشنىڭ ئۇجۇر-بۇجۇرىنى ئۇققاندىن كېيىن دەرھال شەرىپەگە تېلېفون قىلغانىدى.

—مەن سىڭىلىڭ ئاچاڭ، —دېدى زۆھرە تەمكىنلىك بىلەن، —شۇڭا ئىككى ئېغىز نەسىھەت قىلىپ قوياي دەپ تېلېفون قىلىشىم، ئەپۇ سورا، ئەمدى ئۇنداق قىلماسلىقا ۋەدە

بەر بولامدۇ؟
— ئاچا، مېنى تولا قىينىما بولامدۇ؟ خاتالىق مەندىن ئۆتمىگەن تۇرسا نېمىشقا ئەپۇ سورۇغۇدەكمەن؟
— مۇنەۋۋەر بىلەن جاڭجاللىشىپ ئاتامنى خاپا قىپسەن، بۇنىڭ ئۆزى خاتالىق بولماي نېمە؟
— نېمە؟ مۇنەۋۋەر دېگەن قانچىلىك نېمىدى ئۇ؟ مەندىن تازا ئەدىپىنى يەپ قالمىغىنىغا خۇش بولسا بولىدۇ تېخى، ياخشىلىقنى ئۇقمايدىغان داپشاق!
— ئۇنداق دېمە، ئۇ تېخى كىچىك تۇرسا، ئۇنى سىڭلىمىز قاتارىدا كۆرمىسەك بولمايدۇ، ئۇقتۇڭمۇ؟
— نېمە؟ سىڭلىمىز دېدىڭما...؟ ئېلىشىپ قالمىغانسەن، ئاچا؟ قارىغاندا ئەتە-ئۆگۈن ئۇ ئانا-بالا ئىككىسى ئۇلۇغ يۈزلۈكگە بىر كاچات سالسا مۆرىمەكتە يوق سول يۈزلۈكنى تۇتۇپ بېرىدىغان ئوخشىمامسەن؟
— شەرىپە، هە دېسىلا ئىشنى يامان تەرىپىگىلا ئويلايدىكەنسەن، مېنىڭچە، ئۇلار هېچقانداق يامانلىقى يوق مۆمىنلەركەنغۇ!
زۆهرەنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلىغان شەرىپە ئاچچىقتىن يېرىلىپ كېتەيلا دەپ قالدى. ئۇ ئاچىسى بىلەن يەنە زاكونلىشۇەرگۇسى كەلمىدى-دە، زۆهرەنىڭ گېپى تۈگىمەستىنلا تېلېفوننى «تاققىدە» قويۇۋەتتى.
شەرىپە زۆهرەنىڭ بايىقىنى گېپىگە تازا ئاچچىقى كەلدىيۇ، لېكىن يەنە تۇرۇپ ئويلىنىپ قالدى. چۈنكى، شەرىپە ئاچچىقى كېلىپ قالغاندا ئالدى-ئارقىسىنى ئويلىمايلا باشقىلارنى غاژ-غۇژ تالىۋەتكىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە ئۇنچىۋالا تاش يۈرەكلەردىنمۇ ئەمەس ئىدى. ئۇ زۆهرەنىڭ تېلېفوندا قىلغان گەپلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئاتىسىنى خاپا قىلىپ قويغىنىغا راستتىنلا پۇشايمان قىلىپ قالدى. ئاغزىدىن

چىقارمىغىنى بىلەن ئۆزىنىڭ كەتكۈزۈپ قويغانلىقىنى ئىچىدە بىلىۋاتاتتى: «ھە... ي...! — دەيتتى ئۇ ئۆز-ئۆزىگە، — ھېلىقى ئالۋاستى ھەرقانچە جېنىمغا تەگسىمۇ لېۋىمنى چىشلىسەمچۇ، ئىست! بۇنىڭدىن كېيىن ھەرقانداق ئىشتا ئاتامنى دەپ بولسىمۇ ئالدى-كەينىنى ئويلاپراق گەپ قىلمىسام بولمىغۇدەك.»

## 22

سۇلايمان بۇرۇنىدىنلا سەھەر تۇراتتى. ئاسىيە ناماز ئوقۇيدىغان بولغاچقا ئۇنىڭدىنمۇ بۇرۇن تۇراتتى. شۇڭا، ئاسىيە ئادەتتە سۇلايمان ئورنىدىن تۇرغۇچە بامداتنى ئوقۇپ ئەتىگەنلىك چاينى تەخ قىلىپ بولاتتى.

بۈگۈن سۇلايمان ئادەتتىكىدىن بۇرۇنراق تۇردى. ئۇ چاغدا ئاسىيە بامداتنى ئوقۇپ بولۇپ دۇئا قىلىۋاتاتتى. ئاسىيە جاينامازنى يىغىۋېتىپ ئورنىدىن تۇردى ۋە بېشىدىكى يەر سۈپۈرۈپ تۇرغان رومالنى ئالدى.

— ئاپىسى، — دېدى سۇلايمان ئۇنىڭغا، — بىر ئىشتىن سەل ئەنسىرەپ قېلىۋاتىمەن جۇمۇ!

— نېمىدىن ئەنسىرەيلا؟ — دەپ سورىدى ئاسىيە سۇلايماننىڭ گېپىگە قىزىقسىنىپ.

— قىيامەت كۈنى ئايرىلىپ كېتەرمىزمىكىن، دەپ بولمامدۇ؟

— ۋۇي، بۇ نېمىدېگەنلىرى ئەمدى... — دېدى سۇلايماننى مۇنداقلا چاقچاق قىلىپ قويىۋاتىدۇ، دەپ ئويلىغان ئاسىيە ئاشخانا تەرەپكە ماڭغاچ. لېكىن، سۇلايمان ئۇنىڭ بىلىكىدىن تۇتتى:

— ئويلاپ باقمامسەن، سەن ھەر كۈنى ناماز ئوقۇپ خۇدادىن قىلغان گۇناھلىرىڭغا مەغپىرەت تىلەيسەن،

قارىغاندا، خۇدا سېنى چوقۇم جەننەتكە يولغا سالغۇدەك... ئەمما، مەنچۇ؟ مۇشۇ ياشقا كىرگۈچە بىرەر ۋاخ ناماز ئوقۇپ باقمىدىم، شۇڭا قىلغانلىرىمنى خۇدانىڭ كەچۈرۈشى ناتايىن جۇمۇ؟ ناۋادا مەن دوزاخقا كىرىپ كەتسەم جەننەتتە تۇرۇپ ماڭا كۆز قىرىڭنى سېلىپ قويارسەنمۇ؟

ئاسىيە ئادەتتە سۇلايماننىڭ چاقچاقلىرىغا ئامراق ئىدى، لېكىن ئۇ ئېرىنىڭ بۈگۈنكى چاقچىقىغا سەل تېرىكىپ قالدى.

— قاق سەھەردە نەدىكى بىر گەپلەرنى قىلىدىكەنلا، — دېدى ئاسىيە بىلىكىنى سۇلايماننىڭ قولىدىن ئاستاغىنا بوشىتىپ، — كىمنىڭ جەننەتكە، كىمنىڭ دوزاخقا كىرىدىغانلىقىنى بەندە ئەمەس، خۇدانىڭ ئۆزى بىلىدۇ!

سۇلايمان ئاسىيەنىڭ نارازىلىقىغا ئانچە پىسەنت قىلىپ كەتمىدى:

— دېمەك، زادى قايسىمىزنىڭ جەننەتكە كىرىدىغانلىقىغا ھازىرچە بىرنېمە دېگىلى بولمايدۇ، شۇنداقمۇ؟

سۇلايماننىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلىغان ئاسىيە لەۋلىرىنى چىڭ چىشلىدى:

— ۋىيەي، مۇسۇلمان تۇرۇپ ئۆزلەنىڭ نېمە دېگەنلىرى بۇ زادى؟ ئەسلىدە... — ئاسىيە گېپىنىڭ ئايىغىنى يۇتۇۋەتتى. سۇلايمان بۇنىڭغا سەل تېرىككەندەك قىلدى:

— «ئەسلىدە» دەپ توختاپ قالدىڭغۇ، گېپىڭنىڭ ئايىغىنى دېمەمسەن؟

ئاسىيە سەل-پەل دېلىغۇل بولۇپ تۇرۇپ قالدى. بۇنى كۆرگەن سۇلايمان تېخىمۇ تىتىلدىغىلى تۇردى:

— ۋۇي، سېنىڭ مۇشۇ تىلىڭنى چاينايدىغىنىڭزە، ئادەمنى تىتىلداتماي دېمەمسەن گېپىڭنىڭ ئايىغىنى!

ئاسىيە سۇلايماننىڭ كۆزلىرىگە باقتى. ئۇ سۇلايماننىڭ ۋارقىرىغىنى بىلەن چىرايىنىڭ بىر يەرلىرىدىن تەبەسسۇم

يېغىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆزىنىڭ ئۇزۇنىدىن بۇيان دېيەلمەي كېلىۋاتقان يۇرەك سۆزىنى ئېيتتى:

— شەرىئەتنىڭ مىڭ بىر پۇتىقىنى مەندىن ئوبدان بىلىلا، شۇڭا ئەسلىدە ناماز ئوقۇسىلىرى بولاتتى!

سۇلايمان ئاسىيەنىڭ گېپىگە يارىشا باشقا گەپ قىلمىدى. چۈنكى، ئاسىيەنىڭ توغرا ئېيتىۋاتقانلىقى ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئايان ئىدى. ئېرىنىڭ بايىقى گەپكە خاپا بولۇپ كەتمىگەنلىكىنى كۆرگەن ئاسىيە سۆزىنى داۋاملاشتۇرماقچى بولدى:

— ھازىرچۇ بەزى كىشىلەرنىڭ ئىمانى سۇسلاپ كەتكەچكە ئاللا تائالا نۇرغۇن ئىشلارنى كۆزىمىزگە كۆرسىتىۋاتىدۇ...

سۇلايمان ئاسىيەنىڭ گېپىنى بۆلدى.

— نېمە دېمەكچى بولغىنىڭنى بىلدىم، — دېدى ئۇ ئاسىيەنىڭ مۇرىسىگە قېقىپ تۇرۇپ، — «ھەممە ئادەم خۇداغا تەقۋادار بولسا، جەمئىيەتتىكى نېرى-بېرى قىلىقلارنىڭ ھەممىسى تۈزىلەتتى» دېمەكچىغۇ سەن! بىراق ساڭا دېسەم، جاھاننىڭ ئىشلىرى سەن ئويلىغاندەك ئۇنچىۋالا ئاددىي ئەمەس، ماڭ، چېيىڭنى ئەت! مەن دىككىدە بازارغا چىقىپ كىرەي!

ئاسىيە سۇلايماننىڭ بۇ گەپلىرىدىن ئۇنىڭ بايىقى مەسىلىەتنى قوبۇل كۆرگەن ياكى قوبۇل كۆرمىگەنلىكىنى ئاڭقىرالمىدى. ئەمما، ئارتۇق گەپ قىلىپ ئېرىنىڭ ئېغىزىنى غېرىچلىماي ئۇدۇل ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى.

— مەن بازارغا چىقىپ كىرەي-ھە! — دېدى سۇلايمان بوسۇغىدا تۇرۇپ ۋە ئاسىيەنىڭ «ماقۇل، پاتراق كىرەلا!» دېگەن سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئىشىكتىن چىقتى.

ئەتىگەنلىك بازار بىلەن سۇلايمانلار تۇرىدىغان قورۇنىڭ ئارىلىقى يۈز مېتىرمۇ كەلمەيتتى. كەڭلىكى يەتتە مېتىردىن

ئاشىدىغان يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى ئەتىگەنلىك بازار سائەت ئالتە بولار-بولمايلا قىزىپ كەتكەنىدى. بازارنىڭ كىرگەنلا يېرىدىكى يىگىرمە مېتىرچە كېلىدىغان يايمىدا كۆكتات، ئۇنىڭ نېرىسىدىكى يايمىلاردا مېۋە-چېۋە، ئىچكىرىسىدە گۆش بار ئىدى. ئەتىگەنلىك بازارنىڭ ئەڭ قىزىيدىغان يېرى ناشتىلىق سېتىلىدىغان يايمىلار ئىدى. سۇلايمانمۇ خۇدانىڭ قۇتلۇق كۈنى ناشتىلىق ساتىدىغان ئاشۇ يايمىلارنىڭ ئالدىغا بىر قېتىم كېلەتتى. بېشىغا ئاق خەسە بۆكنى چۆكۈرۈپ كىيىۋالغان تۇڭگان خوتۇنلارنىڭ ھورى ئۆرلەپ تۇرغان ئاپئاق ھورنانلىرى، ھېسىپتەك تىترەپ تۇرغان مانتىلار، مەززىلىك پۇراپ تۇرغان ساپسېرىق پىلتە قۇيماقلار... ئىشقىلىپ، بۇ يايمىدىكى ھەممىلا نەرسە ئادەمنىڭ ئىشتىھاسىنى غىدىقلايتتى. ئىككى كىلوگرام پەمىدۇر بىلەن ئۈچ باغلام كەرەپشىنى پلاستىر خالتىغا ئەمدىلا قاچىلاپ بولغان سۇلايماننىڭ كۆزى ئوخشىغان يېڭى پېدىگەنلەرگە چۈشتى. ئۇ پېدىگەندىن ئازراق ئالماقچى بولۇپ يايمىچىدىن ئۇنىڭ باھاسىنى سوراپ بېقىۋىدى، يايمىچى «كىلوسى تۆت يۈەن» دېگەننى قىلىپ تۆت بارمىقىنى كۆرسەتتى.

— ۋاي، كاساپەت! — دېدى سۇلايمان ئىچىدە، — بىر كىلو پېدىگەننىڭ پۇلىغا ئىككى كىلو پەمىدۇر كېلىدىكەن ئەمەسمۇ! — سۇلايمان پېدىگەنلەرگە يەنە بىر قېتىم قاراپ قويدى-دە، ئۇنى ئېلىشتىن يالتىيىپ ئارقىسىغا بۇرۇلدى. ئۇ ناشتىلىق ساتىدىغان يايمىنىڭ ئالدىغا كېلىپ مانتىدىن تۆتنى، پىلتە قۇيماقتىن ئىككىنى ئالدى. ئۇ ئادەتتە پىلتە قۇيماق يېمەيتتى. بۇ ئىككى تال پىلتە قۇيماقنى ئاسىيەگە ئالغانىدى. شۇنداق قىلىپ، ئەتىگەنلىك بازاردا قىلىدىغان سودىلىقىنى تۈگىتىپ بولغان سۇلايمان يانماقچى بولۇپ ئارقىسىغا بۇرۇلدى. ئۇ مېۋە-چېۋە يايمىسىنىڭ ئالدىغا

كەلگەندە يايمىنىڭ ئالدىدا مېۋە ئېلىۋاتقان بىر ئايال كىشىگە قاراپ ئىختىيارسىز تۇرۇپلا قالدى. ياندىن قارىغاندا ئۇ ئايالنىڭ بوي ـ بەستى، چاچ پاسونى، يۈزىنىڭ كۆپتى، ھەتتا تېرىسىنىڭ رەڭگىمۇ شەرىپەگە قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايتتى. ئاشۇ بىرنەچچە سېكۇنت ئىچىدە سۇلايماننىڭ كۆڭلىگە ئاجايىپ بىر خىياللار كەچكىلى تۇردى: «ۋۇي، شەرىپەغۇ بۇ! بىچارە قىزىم ئىشقا ماڭغىچە مېنى يوقلاپ ئۆتەي، دەپ بۇ يەرگە ئاتايىن مېۋە ئالغىلى كەپتۇ ـ دە!... ھەي، مەن نېمىلەرنى ئويلاپ كەتتىم؟ بۇ مۇمكىنمۇ؟ مۇمكىن ئەمەس! ھازىرقى باللارنىڭ قايسىبىرى قاق سەھەردە تاتلىق ئۇيقۇسىدىن كېچىپ ئاتا ـ ئانىسىغا سالام بېرىپ ئۆتۈشنى خىيالىغا كەلتۈرسۇن؟! ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن شەرىپەنى ئۆيدىن ھەيدەپ چىقارغان تۇرسام!»

شەرىپە تۇيۇقسىز يادىغا كېلىپ قالغان سۇلايماننىڭ يۈرەكلىرى جىغىلدىغىلى تۇردى. شۇنداق قىلىپ ئۇ يولدا كېتىۋاتقاچ ئوتتۇز يىل بۇرۇن بولۇپ ئۆتكەن مۇنداق بىر ئىشنى ئەسلەپ قالدى:

ئۇ دەل «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرى بولۇپ، ئاشلىق، گۆش ـ ماي دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى بېلەتلىك ئىدى. كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئىدارىدىن سۇلايماننى بىر ئايلىق كۇرسقا ئەۋەتتى. بۇنداق كۇرسقا قاتناشقانلارغا ئىككى كىلودىن گۆش بېلىتى قوشۇپ بېرىلەتتى. سۇلايمان ئاشۇ ئىككى كىلو گۆش بېلىتىنى ئاشۇرۇۋېلىپ بالىلىرىغا ئالغاچ كېتىش ئۈچۈن ئاشپەزلەرنىڭ باشلىقىغا: «ئاشقازىنىم دېگەندەك ياخشى ئەمەس، گۆش يېسەم سىڭمەيدۇ» دەپ قويدى. ئۇنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ قالغان ئاشپەزلەرمۇ سۇلايمانغا بىر ئايغىچە گۆشسىز تاماق ئۇسۇپ بېرىپ، ئۇنىڭ گۆش بېلىتىنى يىغمىدى. سۇلايمان

شۇنداق قىلىپ بىر ئايغىچە ياكيۇ شورپىسى ئىچىپ، گۆشسىز تاماقلارنى يېدى. سوقا ـ سەندەلدەك بىر ئەر كىشىنىڭ بىر ئايغىچە گۆش ـ مايسىز قالسا قانداق بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى كىچىك باللارمۇ بىلىدۇ. بىر كۈنى كۇرستىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئاشخانىدا تاماق يەۋاتاتتى. سۇلايماننىڭ يېنىدا ئولتۇرغان بىرەيلەن: «ئاشقازىنىم چىڭقىلىپ كەتتى!» دەپ ئامۇتتەك بىر پارچە گۆشنى قاچىسىنىڭ تېگىدە ئاشۇرۇپ قويۇپ، سىرتقا چىقىپ كەتتى. قالغانلارمۇ بىر ـ بىرلەپ تارقىلىشتى. سۇلايماننىڭ كۆزى ھېلىقى بىر پارچە گۆشتە ئىدى. ئۇ ئەتراپقا بىرقۇر قاراپ قويۇپ، ھېلىقى كىشىنىڭ قاچىسىدىكى ئېشىپ قالغان گۆشنى «كاپپىدە» ئېلىپ ئۆزىنىڭ قاچىسىغا سېلىۋالدى ۋە ئاشخانىنىڭ بۇلۇڭىغا بېرىپ ئولتۇرۇپ گۆشنى پاك ـ پاكىز يەپ، سۆڭىكىنى غاجاپ، خۇددى پىچاقتا ئاقلىغاندەك قىلىۋەتتى. بۇ ئاشۇ زامانلاردا چوپچوڭلا بىر ئادەم ئۈچۈن ئېيتقاندا باشقىلار بىلىپ قالسا يۈز تۆكۈلىدىغان ئېچىنىشلىق تراگېدىيە ئىدى. لېكىن، سۇلايمان باللىرى ئۈچۈن ئاشۇنداق قىلدى. ئۇ كۇرسنى تۈگىتىپ، ھېلىقى بېلەتكە ئالغان ئىككى كىلو گۆشنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە كىرگەندە باللىرى خۇشلۇقىدىن سەكرىشىپ كەتكەنىدى. شۇ كۈنى ھەكىمە ئاشۇ گۆشنى بېسىپ پولۇ ئەتتى. ئۇزۇندىن بېرى ئۆيدىكىلەر سېغىنىپ كۆزگە سۈرتكۈدەك بولۇپ كەتكەن پولۇ شەرىپەنىڭ ئەڭ ئامراق تامىقى ئىدى. تاۋاقتىكى تىنترەپ تۇرغان پولۇنى كۆرۈپ ئاغزى قۇلىقىغا يەتكەن شەرىپە سۇلايمانغا قاراپ:

— ئاتام بەك ياخشىكەن، بىزگە جىق گۆش ئەكەپتۇ! — دەپ كەتكەنىدى. شۇ چاغدا سۇلايمان مۇشتۇمدەك قىزىنىڭ قاچىدىكى پولۇغا قاراپ خۇشاللىقتا قىن ـ قىنىغا پاتماي قېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ دىماغلىرى ئېچىشقانىدى.

سۇلايمان ئاشۇ ئىشنى شۇنچە يىللاردىن بۇيان ئىنس-جىنغا تىنمىغان، ھەتتا ئۆزىمۇ ئۇنتۇپ كەتكەنىدى. بۈگۈن نىمىشقىدۇر ئاشۇ ئىشنى يادىغا ئېلىپ قالغانلىقىغا ئۆزىمۇ ھەيران قالدى.

دۇرۇس، سۇلايمان شەرىپەنى سېغىندى. ئۇنىڭ قىزىغا شۇنداق دېگۈسى بار ئىدى: «جېنىم بالام، سىلەر ئۈچۈن ھەرنېمىدىن كېچىشكە رازى ئىدىمغۇ، ئەمما سەن جۇدۇنۇم ئۆرلەپ ۋارقىراپ قويغىنىمغا مېنى نەچچە ئايدىن بېرى تاشلاپلىۋەتتىڭ، ئەمدى سەندىن راستتىنلا رەنجىۋاتىمەن، لېكىن تۇرۇپلا سېنى ناھايىتى سېغىنىۋاتىمەن، چۈنكى سەن مېنىڭ يۈرەك پارەم ئەمەسمۇ، جېنىم قىزىم...!»

## 23

ھەش-پەش دېگۈچە كۈز كېتىپ، قىش كىردى. سۇلايمانمۇ ھەر كۈنى تاڭ سەھەردە تۇرۇۋېلىپ سەگىدىگەچ ئەتىگەنلىك بازارغا چىقىپ سۈت، كۆكتات، ئىسسىق نان ئەكىرىشتىن قالدى.

بۇ شەھەر ئىككى تاغنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولغاچقا سانجاق-سانجاق ئېگىز تۇرخۇنلاردىن پۇرقىراپ چىقىدىغان قاپقارا ئىسلار دەرھال تارقاپ كېتەلمەي، شەھەر ئاسمىنىنى ئەتىگەندىن كەچكىچە قاپلاپ تۇراتتى، شۇڭا ئاسماندىن بىمالال ئۇچۇپ چۈشۈۋاتقان ماملۇقتەك ئاپئاق قارلار ھايال ئۆتمەي ئۆز رەڭگىنى يوقىتىپ كۈل رەڭگە ئايلىناتتى. يامان يېرى، شەھەر ھاۋاسىدىكى بۇلغانمىلار تىرىكچىلىك ئۈچۈن بۇرنىدا يەر تىرەۋاتقان سانسىزلىغان كىشىلەرنىڭ ئۆپكە، كانايلىرىنى تۈيدۇرماستىن كاردىن چىقىراتتى. شۇڭا، جاننى دەرھال ئالمايدىغان، ئەمما ئادەمنى بىر ئۆمۈر قىينايدىغان

سوزۇلما كانايچە ياللۇغى — بۇ شەھەردە ھەممىدىن كۆپ كۆرۈلىدىغان كېسەللىكلەردىن بىرى ئىدى. سۇلايماننىڭمۇ ئاشۇ كېسەل يادنامە بولۇپ قالدى. شۇڭا ئۇ قىش كۈنلىرى تالا ـ تۈزگە كۆپ چىقمايتتى.

بۈگۈنمۇ ئاسىيە تاڭ سەھەر تۇرۇپ چاي قايناتتى. سۇلايمان ناشتا قىلىپ بولغاندىن كېيىن كاردىوردىكى پەلەمپەيدىن چىقىپ ـ چۈشۈپ ئانچە ـ مۇنچە ھەرىكەت قىلدى. ئۇ سەل ھاسىرىغاندەك قىلىۋىدى، ئاستا كىرىپ تاماق شىرەسىنىڭ ئالدىدىكى ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇرۇپ ئاسىيەنىڭ چىرايىغا سەپسالدى:

— ۋۇي، چىرايىڭ ئۆمسە تۇرىدۇ، مىجەزىڭ يوقمۇ نېمە؟ چاينى مۇنەۋۋەر قايناتسا بولمامدۇ ئەمسە؟ — دېدى سۇلايمان ئاسىيەگە ئىچى ئاغرىپ.

— ئۇ تېخى ئويغانمىدى.

— نېمە؟ قىز بالىمۇ ھازىرغىچە ئۇخلىغان بارمۇ؟ ماڭ! كىرىپ ئويغىتىپ چىق! — دېدى سۇلايمان سەل ئاچچىقلىغاندەك قىلىپ.

ئاسىيە سەل جىددىيلەشكەن بولدى. چۈنكى، مۇنەۋۋەرنىڭ بەزىبىر ئىللەتلىرى سۇلايماننىڭ ئالدىدا ئاشكارىلىنىپ قالسا بولمايتتى. ئاسىيەمۇ قىزىنى بۇ ئائىلە كىشىلىرىنىڭ ئارىسىدا ھەر ۋاقىت قانات ئاستىدا ساقلىشى كېرەك ئىدى.

— ئۆزلە بىلىلا، ئۇ ئۇنچىۋالا ھورۇن بالىمۇ ئەمەس، بېشى ئاغرىپ يېتىپ قاپتۇ شۇ! تۈنۈمۇ تېگىپ قالغان ئوخشايدۇ، — دېدى ئاسىيە سۇلايمانغا يالغان سۆزلەپ. لېكىن، ئالدىدا ئولتۇرغان بۇ ئاق كۆڭۈل بوۋاينى ئالداۋاتقانلىقىدىن كۆڭلى چىۋىن يەۋالغاندەكلا بولۇپ قالدى. ئەمما، بۇ ئاق كۆڭۈل بوۋاي ئاسىيەنىڭ سۆزلىرىگە ئىشەنگەنىدى.

— ئۇنداق بولسا يەنە نېمىگە قاراپ تۇرىسەن؟ ماڭ! ھېلىقى چىلاپ ئىچىدىغان دورىدىن بىر قاپنى چىلاپ ئىچۈرۈپ قويغىن! ئۇ تۇمۇغا ئوبدان مەنپەئەت قىلىدىكەن، — دېدى سۇلايمان ئاسىيەنى ئالدىرىتىپ.

— ۋۇي، توختا! — دېدى ئۇ ئاسىيەگە قاراپ، — ماڭ! كىرىپ ئۇنى ئويغىتىپ چىققىن! ئالدى بىلەن ناشتا قىلسۇن! قورساقنى راۋۇرۇس تاقىغاندىن كېيىن دورىدىن بىر قاپ ئىچىپ قانغۇچە ئۇخلىۋالسا ئوڭلىنىپ قالىدۇ.

مۇنەۋۋەرنى ئەمدى ئويغىتىپ چىقمىسا بولمايدىغانلىقىنى بىلگەن ئاسىيە ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ مۇنەۋۋەرنىڭ ھۇجرىسى تەرەپكە ماڭدى. مۇنەۋۋەرنىڭ ئاغرىپ قالغىنى يالغان ئىدى. ئۇ ئەسلىدە ئاپىسىغا قېيداپ يېتىۋالغانىدى.

مۇنەۋۋەر ئوقۇش پۈتتۈرگىلى ئىككى يىل بولدى. لېكىن، ئۇنىڭدەك ئاتا-ئانىسىنىڭ يا پۇلى، يا جەمئىيەتتە ئورنى يوق باللارنىڭ ئالىي تېخنىكومنى پۈتتۈرۈپلا ئوقۇغان كەسپىگە ماس كەلگۈدەك بىرەر خىزمەتكە ئورۇنلىشالىشى تەس ئىدى. ئاسىيە سۇلايمانغا ياتلىق بولىدىغان چاغدا مەريەم ئۇنىڭغا: «سۇلايمان دېگەن ئۇ ئادەمنىڭ جەمئىيەتتە ئورنى بار، سىزنىڭ كېيىن خىزمەتكە ئورۇنلىشىشىڭىزغا يۆلەك بولالايدۇ» دېگەن گەپنى قىلغانىدى. ئاسىيەنىڭ سۇلايمانغا ياتلىق بولۇپ كىرگىنىگە يېرىم يىل بولدى، مۇنەۋۋەرنىڭ بۇ ئۆيگە كۆچۈپ كىرىپ تۇرۇۋاتقىنىغىمۇ ئىككى ئايدىن ئېشىپ قالدى. ئىككى ئاي جەريانىدا بۇ ئۆيدىكىلەر مۇنەۋۋەرنى ئەتىگەندىن كەچكىچە ئۆي ئىشىغا سالدىيۇ، لېكىن ئۇنىڭغا خىزمەت تاپىدىغان ئىش ھېچكىمنىڭ خىيالىغا كەلمىدى. لېكىن، مۇنەۋۋەر بىرەرى ئېغىز ئېچىپ قالارمىكىن، دېگەن ئۈمىدتە چىشىنى چىشلەپ تۇرۇپ كۈتۈپ باقتى. ئەمما، شەرىپە بىلەن قىزىرىشىپ قالغان ھېلىقى كۈنىدىن باشلاپ ئۇ: «ئەمدى يەنە

سوٛكۇت قىلىشقا مەجبۇر بولماقتا» دېگەن نىيەتكە كەلدى. ئۇنىڭچە بولغاندا، ئاپىسى ئۆزىنىڭ ئاتىسى دېمەتلىك قېرىغا تېگىپ ئىككى قىزىنىڭ يۈزىنى تۆكتى. شۇڭا سۇلايماننىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بۇ ئاتىسىز يېتىم قىزلارنىڭ تۆلىگەن بەدىلى ئۈچۈن ئۇلارغا ئاز-تولا ئادەمگەرچىلىك قىلىشى، ئەڭ بولمىغاندا مۇنەۋۋەرنىڭ خىزمىتىگە ئانچە-مۇنچە «ھە-ھۇ» دېيىشىپ بېرىشى كېرەك ئىدى. شۇڭا مۇنەۋۋەر ئالدىنقى كۈنى كەچتە ئاپىسىنى ئاستا ھۇجرىسىغا چاقىرىپ ئۇنىڭغا:

— ئاۋۇ ئادەمگە دېگىن! خىزمىتىمگە ئانچە-مۇنچە باش قاتۇرۇپ قويسۇن، بولمىسا، بۇ ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ ئۆز كۈنۈمنى ئۆزۈم ئالىمەن، — دېدى. بۇ مۇنەۋۋەرنىڭ ئاپىسىغا قورققاق سېلىپ قويۇۋاتقىنى ئەمەس ئىدى. قىزىنىڭ كۆڭلىدىكىنى ئوبدان چۈشەنگەن ئاسىيە قىزىنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولدى. لېكىن، مۇنەۋۋەر ئاپىسىنىڭ غىدىك-پىدىك دېمەيلا «ماقۇل» دېگىنىنى كۆرۈپ تېخىمۇ يوغان يەردىن چۈشكىلى تۇردى:

— ئەتىگەنلىكتە چاي ئىچكەچ ئولتۇرۇپ دېگىن! بولمىسا، ئاغرىپ يېتىۋالىمەن... ئۆينىڭ كىر-قېتى، يۇندىپۇرۇشلۇقىنى كىم قىلسا قىلسۇن! مەن بولمىسام بۇ ئۆينىڭ قانداق بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى ئاۋۇ ئادەم بىر كۆرۈپ باقسۇن!

ئاسىيە كىرىپ ئويغىتىپ بولغۇچە رەتلىك كىيىنگەن مۇنەۋۋەر ھۇجرىسىدىن ئۆزى چىقىپ كەلدى. ئۇ ھۇجرىسىدا تۇرۇپ بايا سۇلايمان بىلەن ئاسىيەنىڭ قىلىشقان گەپلىرىنى ئاڭلىغانىدى. ئۇ يالغاندىن تۇگۇلگەندەك قىلىپ سۇلايمانغا پەس ئاۋازدا سالام قىلدى ۋە ئۇدۇل ھاجەتخانىغا كىرىپ كەتتى.

ئاسىيە سۇلايمانغا مۇنەۋۋەرنىڭ خىزمەت ئىشىنى دەپ باقماقچى بولۇپ شىرەنىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇققا كەلدى، ئەمما

نىمە دەپ ئېغىز ئېچىشنى بىلەلمەي ئۇزۇندىن-ئۇزۇن ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇ ئۆزىگە بىر چىنە چاي قۇيۇپ ئۇنىڭغا ناندىن بىر بۇردا سالدى، ئەمما چىنىدىكى چايدىن بىر يۇتۇممۇ ئوتلىماي، لەيلەپ تۇرغان بىر بۇردا ناننى قوشۇقتا ئۇياقتىن-بۇياققا ئىتتىرىپ قويۇۋاتاتتى.

سۇلايماننىڭ ئىشتىھاسى ناھايىتى ياخشى ئىدى. ئۇ ئەتكەنچايدىن بىر ئاپقۇرنى ناننى چىلاپ تۇرۇپ ئىچىۋالغاندىن كېيىن ئاناردىن بىرنى ئوتتۇرىدىن كېسىپ ئالدىرىماي يېگىلى تۇردى. ئۇ تۇيۇقسىزلا «كارت» قىلىپ بىرنى كېكەردى. بۇنىڭ بىلەن خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغان ئاسىيە سۇلايمانغا «لاپپىدە» قارىدى.

— ئاپلا! — دېدى سۇلايمان ئاغزىغا ئالىقىنى بىلەن بوشقىنا بىرنى ئۇرۇپ قويۇپ، — خاپا بولما-ھە! ئەجەب سەت كېكىرىپ كەتتىم.

— ۋىيەي، «خاپا بولما» دەپ كەتكەنلىرىنى، — دېدى ئاسىيە يەردىن بېشىنى كۆتۈرمەي تۇرۇپ، — كېكەرگەنگە نىمە بولاتتى؟!

— ھە، سەن خاپا بولمايدىكەنسەن-دە، — دېدى سۇلايمان ئاسىيەگە قاراپ، — ھەكىمە رەھمەتلىك ناھايىتى زىل مەزلۇم بولغاچقىمۇ كېكەرگەن ئادەمگە يامان ئۆچ ئىدى.

سۇلايمان ئاسىيەنىڭ ئالدىدا ئويلاشمايلا يەنە ھەكىمەنىڭ ئىسمىنى چىقىرىپ قويغانلىقىغا نومۇس قىلىپ قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى. دېمىسىمۇ، سۇلايماننىڭ ئۇنداق گەپلەرنى ئاغزىدىن چىقىرىشى ئاسىيەنىڭ ئېچىشقان يېرىگە تۇز سەپكەندەك ئىش ئىدى. ئەمما، ئاسىيە ئۆزىنى ئېرىنىڭ ئىلگىرى خوتۇنىغا كۆنداشلىق قىلىشقىمۇ سالاھىيىتى توشمايدىغان غېرىب مەزلۇم دەپ قارايدىغان بولغاچقا، بۇنداق چاغلاردا كۆز ياشلىرىنى ئىچىگە يۇتۇپ، ئاڭلىمىغان-بىلمىگەن

كىشى بولۇپ ئولتۇرۇۋالاتتى.

— شۇنداقمۇ؟ — دېدى ئاسىيە سۇلايمانغا ئىللىق كۈلۈمسىرەپ، — ھەكىمە ئايلام چوقۇم تۇتسا سېپى، قىچقارسا ئېتى بار ئوبدان ئائىلىنىڭ قىزى بولسا كېرەك. ئۇنداق ئائىلىدە چوڭ بولغان قىزلار زىل كېلىدۇ. مەن دېگەن مۇشتۇمدەك چېغىمدىن باشلاپلا جەبىر-جاپاغا پىشىپ كەتكەن دېسىلە، شۇڭا ئۇنداق ئۇششاق-چۈششەك ئىشلارغا ئانچە زىغىرلاپ كەتمەيمەن. سىلىمچۇ، ئەمدى ئۇنداق ئىشلاردىن تارتىنىپ يۈرمىسىلە، — ئاسىيە قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن ئاغزىنى توسقىنىچە پىخىلداپ كۈلۈپ كەتتى.

سۇلايمان ئاسىيەگە باشقا گەپ قىلمىدى. ئۇ ئانارنى ئۈۋىتىپ ئېلىپ ئاغزىغا سالدى، لېكىن كۆڭلىدە ئۆزىگە سۆزلەۋاتاتتى: «يەنە بىخەستەلىك قىلىپ ئۇنىڭ ئالدىدا ھەكىمەنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىپ قالدىم. لېكىن ئۇچۇ؟ بۇنى ئازراقمۇ كۆڭلىگە ئالمىدى. نېمىدېگەن كۆكسى-قارنى كەڭرى خوتۇن-ھە! قارىغاندا ئاسىيەنى ئېلىپ خاتا قىلماپتىمەن.»

سۇلايمان تۇيۇقسىزلا ئاسىيەگە بىرەر ئىش قىلىپ بېرىشنى ئويلاپ قالدى. ئۇنىڭسىزمۇ سۇلايمان ئاغزىدا دېمىگىنى بىلەن ئولتۇرسا-قوپسا خىيالى مۇنەۋۋەرنىڭ خىزمىتىدە ئىدى. مانا ئەمدى مۇنەۋۋەرنىڭ خىزمىتى توغرۇلۇق بىر ئىشنى ئاسىيەگە دېگۈسى كېلىپ قالدى.

— مۇنەۋۋەر تەرجىمانلىق كەسپىدە ئوقۇپتىكەنغۇ، — دېدى سۇلايمان شىرەدىن بېشىنى كۆتۈرمەي تۇرۇپ، — ئالدىنقى كۈنى «تۇرمۇش» ژۇرنىلىغا خەنزۇچە ئاساسى ياخشى تەرجىماندىن بىرنى ئالىدىكەن، دېگەن گەپنى ئاڭلاپ ئاشۇ ژۇرنالنىڭ باش مۇھەررىرىگە تېلېفون قىلدىم، ئۇ ئادەم مېنىڭ يېقىنىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئاداشنىڭ بالىسىنى مەن خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان دېگىنە، مۇنەۋۋەرنىڭ ئەھۋالىنى

ئۇنىڭغا دېۋىدىم، ئۇ شۇنداق خۇش بولۇپ كەتتى. ئۇلار يۈزتۇرانە ئىمتىھان ئالىدىكەن، ئېھتىمال، بىر-ئىككى كۈنگىچە تېلېفون قىلىپ قېلىشى مۇمكىن، شۇڭا مۇنەۋۋەرگە ئېيت، ئوبدان تەييارلىق قىلسۇن!

ئاسىيە ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمەيلا قالدى. ئۆزى نەچچە كۈنلەردىن بۇيان ئېغىز ئاچالماي يۈرگەن ئىشقا بۇ بوۋاي خېلى بۇرۇنلا كاللا قاتۇرۇپ يۈرۈپتىكەن ئەمەسمۇ! ئاسىيە مىننەتدارلىق ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىنى سۇلايمانغا تىكتى. ئاسىيە كۆڭلىدىكى تىل بىلەن ئىپادىلەپ بەرگۈسىز تەشەككۇرلىرىنى سۇلايمانغا يۈزتۇرانە تۆككۈسى كېلىۋاتاتتى. ئەمما ئۇ تۇيغۇلىرىنى ئاشكارا بىلدۈرۈشكە ئادەتلەنمىگەن مەزلۇم ئىدى. شۇڭا ئۇ يۈرىكىدىكى ئالەمچە شادلىقىنى چىرايىدىكى ئادەتتە كەمدىن-كەم كۆرۈنىدىغان جىلۋىلىك تەبەسسۇمى بىلەن ئىپادىلىدى.

—رەھمەت سىلىگە، رەھمەت، —دېدى ئۇ شادلىق ياشلىرى لىغىرلاپ تۇرغان كۆزلىرىنى سۇلايمانغا تىكىپ، —خېلىدىن بېرى بۇ ئىشنى سىلىگە دەپ باقايمىكىن دېگەن، لېكىن يۈزلۈم چىدىمىدى.

سۇلايمان ھېلىقى ئانارنى پاك-پاكىز يەپ بولۇپ ئادىتى بويىچە گېزىت ئوقۇماقچى بولۇپ كۆزەينىكىنى تاقىدى. ئاسىيە ئاستا مۇنەۋۋەرنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ سۇلايماننىڭ بايىقى گەپلىرىنى مۇنەۋۋەرگە دەپ بەردى. خۇشاللىقتىن سەكرىۋېتىشكە تاس قالغان مۇنەۋۋەر ئاپىسىنىڭ بويىنىغا چىڭ ئېسىلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭ مەڭزىگە «چوككىدە» بىرنى سۆيۈپ قويدى.

—رەھمەت ساڭا، ئاپا!

مۇنەۋۋەر شۇ خۇشاللىقىدا سۇلايمان بىلەن ئاسىيەنىڭ تېخى يېقىندىلا يۈيغان كارىۋات كىرلىكى بىلەن يوتقان

كىرلىكىنى يەنە يۇيۇپ دەزماللاپ چىقتى.

«تۇمۇ تېگىپ» يېتىپ قالغان مۇنەۋۋەرنىڭ ئۆينىڭ شۇنچىۋالا ئىشلىرىنى غىڭ قىلماي قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ناھايىتى تەسىرلەنگەن سۇلايمان ئىچىدە ئۆز-ئۆزىگە سۆزلەپ كەتتى: «كىچىك چېغىدىن باشلاپلا جاپاغا پىشقان بالا دېگەن بۆلەكچە بولىدىكەن ئەمەسمۇ! مېنىڭ بالىلىرىمنىڭ قايسىبىرى ساقىسىز بولۇپ يېتىپ قالغان چاغلىرىدا ئۆي ئىشلىرىنى قىلىپ باققان؟!»

## 24

سۇلايمان دۈشەنبە كۈنى ئەتىگەندىلا «تۇرمۇش» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى ياسىنغا تېلېفون قىلىۋىدى، ياسىن:

— مۇنەۋۋەر سائەت توققۇزدا تەھرىر بۆلۈمىگە كەلسۇن، بۇ قېتىمقى ئىمتىھانغا قاتنىشىدىغانلاردىن مۇنەۋۋەردىن باشقا يەنە ئىككىيلەن بار، — دېدى.

— ھە، مۇنداق دېگىن، ئۈچ ئادەمنىڭ ئىچىدىن بىرى تاللىنىدۇ، دېگەن گەپ، — دېدى سۇلايمان، — ئۇنداقتا قالغان ئىككىسى قانداقراقكەن؟

— بۇنى ھازىرچە سورىماي تۇرغىن، ئاداش، — دېدى ياسىن، — ئالدى بىلەن قىزىڭنى ئەكەلمەمسەن! — ئۇ شۇنداق دېدى-دە، تېلېفوننى قويىۋەتتى. سۇلايمان تېلېفوندىن كېلىۋاتقان ۋاراڭ-چۇرۇڭدىن ياسىننىڭ ئىشخانىسىدا نۇرغۇن ئادەم بارلىقىنى، ياسىننىڭ ئاشۇلار بىلەن ناھايىتى ئالدىراش ئىكەنلىكىنى سەزدى.

سۇلايمان بىلەن ئاسىيە ئىككىسى سائەت سەككىزگە قالماي ئۇمىد يولىدىكى «تۇرمۇش» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىگە يېتىپ

كەلدى. بىنادا لىفت بولمىغاچقا بەشىنچى قەۋەتكە چىقىپ بولغۇچە سۇلايماننىڭ ھاسىراپ ھېچ ھالى قالمىدى. لېكىن، ئۇ ياش خوتۇننىڭ ئالدىدا چاندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن بىناغا مەزمۇت قەدەملەر بىلەن ئاسىيەدىن بۇرۇن چىقىپ بولدى.

ئۇلار كارىدورغا كىرىپ كەلگەندە تام تۈۋىدىكى ئورۇندۇقتا يەنە ئىككى ئادەم ئولتۇراتتى. قارىغاندا، مۇنەۋۋەرنىڭ رىقابەتچىلىرى شۇلار ئوخشايدۇ. كارىدورنىڭ ئىچى غۇۋا، ئۇنىڭ ئۈستىگە بەشىنچى قەۋەتكە چىقىپ بولغۇچە سۇلايمان ھېرىپ كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ كەتكەچكە ئولتۇرغان بۇ ئىككىيلەندىن بىرىنىڭ ئورۇققىنا كەلگەن ئايال كىشى ئىكەنلىكىنىلا ئىلغا قىلالىدى. سۇلايمان ئولتۇرغان ئۇ ئىككىسىگە دىققەت قىلماي، ئۇدۇل «باش مۇھەررىر ئىشخانىسى» دېگەن ۋىۋىسكا ئېسىلغان ئىشىكنىڭ ئالدىغا بېرىپ توختىدى. ئىشىك قىيا ئوچۇق ئىدى، ئىشخانا ئىچىدە بىرەيلەن ئۈنلۈك سۆزلەۋاتاتتى. ئۇ دەل ياسىننىڭ ئاۋازى ئىدى. قارىغاندا، ياسىن بىرى بىلەن تېلېفوندا سۆزلىشىۋاتقاندەك قىلاتتى.

سۇلايمان ئاسىيە بىلەن مۇنەۋۋەرنى ئەگەشتۈرۈپ تام تۈۋىدىكى ھېلىقى ئۈزۈن ئورۇندۇقنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئاسىيە تۇيۇقسىزلا سۇلايماننىڭ پېشىنى بوشقىنا تارتىپ قويدى. سۇلايمان «نېمە بولدى؟» دېگەننى قىلىپ ئاسىيەگە قارىۋىدى، ئاسىيە ئۇنىڭغا ئورۇندۇقنى ئىشارەت قىلدى. سۇلايمان ئورۇندۇققا قاراپ كۆزلىرىگە ئىشەنمەيلا قالدى. ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان ھېلىقى ئورۇق ئايال دەل ئۇنىڭ چوڭ قىزى زۆھرە ئىدى. زۆھرە ئۇلارنى كۆرۈپلا تەبەسسۇم بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇلار بىلەن سالاملاشتى.

— سەن... سەن بۇ يەردە نېمە قىلىۋاتىسەن؟ — سۇلايمان

دۇدۇقلاپ تۇرۇپ سورىدى.
— بۇلار تەرجىمە تەھرىرى ئالماقچى ئىكەندۇق، شۇڭا ئىمتىھان بېرىپ باقايمىكىن، دەپ كەلگەن...
زۆھرە ئاتىسى بىلەن ئاسىيەنىڭ مۇنەۋۋەرنىمۇ دەل ئاشۇ ئىمتىھانغا ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ھەرگىز ئۇقمايتتى.
— بىر ئوبدان ئىدارەڭ تۇرسا قانداقلارچە بۇ يەرگە كەلمەكچى بولۇپ قالدىڭ؟ — دەپ سورىدى سۇلايمان زۆھرەنى ئەيىبلىگەندەك تەلەپپۇزدا. شۇ تاپتا سۇلايماننىڭ كاللىسى ئېلىشىپلا كېتىۋاتاتتى. دېمىسىمۇ، ئۇ بۇ پۇرسەتنى مۇنەۋۋەرگە مىڭ تەسلىكتە تېپىپ بەرگەنىدى. ئەمما، ئۇنىڭ ئۆگەي قىزى مۇنەۋۋەرنىڭ قولىغا كېلەيلا دەپ قالغان نېسىۋىنى ئۆز قىزى زۆھرە تارتىۋېلىش ئالدىدا تۇراتتى. ئۇ سۇلايماننى ئېغىر تەڭقىسلىقتا قويىدىغان ئىش ئىدى، ئەلۋەتتە. زۆھرە ئاتىسىنىڭ گېپىگە جاۋاب بەرمىدى. ئەمما مۇنەۋۋەرگە قاراپ كۆڭلى تۇيغاندەك قىلدى-دە، ئاتىسىدىن سورىدى:
— سىلەر نېمىگە كەلدىڭلار؟
سۇلايمان ئاسىيەگە بىر قاراپ قويۇپ گېلىنى قىردى ۋە:
— مۇنەۋۋەرنىڭ ئوقۇغىنى تەرجىمانلىق ئەمەسمۇ، شۇڭا ئۇنىمۇ ئىمتىھانغا ئېلىپ كەلگەن، — دېدى. ئۇ يەنە ئۇلاپلا سورىدى، — مۇشۇنداق چوڭ ئىشنىمۇ ماڭا مەسلىھەت سالماپسەنا، قىزىم؟
زۆھرە باشقا گەپ قىلماي، ئاتىسى بىلەن ئاسىيەنى ئورۇندۇققا تەكلىپ قىلىپ ئۆزى مۇنەۋۋەرنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۆرە تۇردى.
گويا قايناۋاتقان قازانغا سوغۇق سۇ قۇيغاندەك ھەممەيلەن جىمىپلا كەتتى، ھەممەيلەن چوڭقۇر خىيالغا پاتقانىدى. مىسكىنلىك ئىچىدە ھەممىدىن كۆڭلى يېرىم بولۇۋاتقىنى

مۇنەۋۋەر ئىدى. چۈنكى، ئۇ ئىمتىھانىنىڭ سۈرىدە جىددىيلىشىپ تۇرغانىنىڭ ئۈستىگە، ئويلىمىغان يەردىن ئۆگەي ئاچىسى زۆھرە بىلەن تاۋاق تالىشىپ قالدى. بۇنى ئويلىغانسېرى مۇنەۋۋەرنىڭ كۆڭلى يېرىم بولۇپ ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۆگەي ئاچىسى زۆھرە مۇلايىم، كۆڭلى-كۆكسى دەريادەك كەڭرى، تەربىيە كۆرگەن قىز ئىدى، ئاسىيە بىلەن مۇنەۋۋەر ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كىرگەندىن بۇيان بۇ ئاپا-بالا ئىككىسىنى بەكمۇ ھۆرمەت قىلدى، ئۇلارنىڭ بىرەر قېتىممۇ كۆڭلىنى ئاغرىتىپ باقمىدى. زۆھرە ئاسىيە بىلەن مۇنەۋۋەرنى ئۆز قېرىندىشىدەك كۆرگەچكە، بۇ ئانا-بالا ئىككىيلەن سۇلايماننىڭ ئۆيىدە خۇددى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئۆيىدىكىدەك ئۆزى بەگ-ئۆزى خان يۈرۈۋاتاتتى. قوينىڭ قوزىسىدەك ياۋاش، مۇلايىم بۇ قىز گەرچە كىشىلەرنى دەماللىققا ھەيران قالدۇرۇپ باشقىلارنىڭ دىققىتىنى تارتالمىسىمۇ، لېكىن مۇنداقلا قارىماققا ئۇنىڭ دۇرۇس، ئاق كۆڭۈل قىز ئىكەنلىكى چىقىپلا تۇراتتى. دېمەك، بۇنداق ئادەملەر باشقىلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئاسان ئېرىشەلەيدۇ دېگەن گەپ. شۇڭلاشقىمۇ مۇنەۋۋەر ئۆزىگە پۈتلىكاشاڭ بولۇۋاتقان بۇ ئۆگەي ئاچىسىغا شۇ تاپتا ئۆچلۈكى كېلىۋاتاتتى. ئۇ زۆھرەگە «لاپپىدە» بىر قاراپ قويۇپ قاپاقلىرىنى سۈزدى. لېكىن، مۇنەۋۋەرنىڭ چىرايىدىكى بۇ ئىپادىنى ھېچكىم سەزمىدى.

دەل شۇ چاغدا باش مۇھەررىر ئىشخانىسىدىن چىرايلىق بىر قىز چىقىپ ئورۇندۇقتا ئولتۇرغانلارغا قاراپ:

—مۇنەۋۋەر مۆمىن ئىسىملىك قىز كەلدىمۇ؟ —دەپ توۋلىدى. ئۇنىڭ بۇ قىياپىتى بەئەينى دوختۇرخانىدىكى بىمارلارنى نۆۋەت بويىچە چاقىرىدىغان سېستراغا ئوخشاپ كەتتى.

— كەلدىم، مۇنەۋۋەر مۆمىن مەن بولىمەن، — دېدى مۇنەۋۋەر ھاياجان بىلەن ۋە نېمىشقىدۇر ياندا تۇرغان زۆھرەگە ئىختىيارسىز «لاپپىدە» قارىدى، ئاندىن سۇلايمان بىلەن ئاسىيەگە قاراپ كۈلۈپ قويۇپ چاقىرغان ئىشخانىغا كىرىپ كەتتى.

ئالاھازەل يېرىم سائەتلەردىن كېيىن مۇنەۋۋەر ھېلىقى ئىشخانىدىن يېنىپ چىقتى، ئۇ ھەم تەمكىن، ھەم مەغرۇر كۆرۈنەتتى.

— قانداقراق؟ سورىغان سوئاللىرى تەسمىكەن؟ جاۋاب بېرەلىدىڭمۇ؟ — ئاسىيە ئالدىراپ سورىدى.

— ئانچە تەس ئەمەسكەن، سوئال سورىغاندىن باشقا، بىر پارچە قىسقا ماقالىنى ئۇيغۇرچىدىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلدۇرغانىدى، ئۇن مىنۇتقا قالمايلا تەرجىمە قىلىۋەتتىم، — دېدى مۇنەۋۋەر كۈلۈپ تۇرۇپ.

— شۇنداقمۇ، بەك ياخشى بوپتۇ، قىزىم، — خۇشلۇقىدىن ئېغىزلىرى يۇمۇلماي قالغان ئاسىيە قىزىنىڭ قوللىرىنى ئالقىنىغا ئېلىپ سىلاپ كەتتى. سۇلايمان بۇ ئانا-بالا ئىككىسىگە قاراپ مىيىقىدا كۈلۈپلا قويدى. ياندا زۆھرە قاراپ تۇرغاچقا، ئۇ مۇنەۋۋەرگە بەك يېقىنچىلىق قىلىپ كەتسىمۇ بولمايتتى.

— ئەلى!... ئەلى دېگەن كىم؟ — ھېلىقى قىز چىقىپ يەنە توۋلىدى. ئاڭغىچە تام تۈۋىدىكى ئورۇندۇقتا زۇۋان سۈرمەي جىم ئولتۇرغان بىر يىگىت ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، باش مۇھەررىر ئىشخانىسىغا كىرىپ كەتتى.

— ئاتا، سىلەر قايتىۋېرىڭلار، — دېدى زۆھرە ئەدەپ بىلەن ئاتىسىغا قاراپ، — ماڭا نۆۋەت كېلىدىغانغا يەنە يېرىم سائەتتىن ئوشۇق ۋاقىت بار.

— ئەمىسە مەيلى، — دېدى سۇلايمان، — بىز قايتايلى،

ئىشلىك تۈگىگەندىن كېيىن ئۆيگە بارامسەن ياكى ئىدارەڭگە قايتامسەن؟

— ئىدارىگە قايتىمەن، بارغاندىن كېيىن سىلەرگە تېلېفون قىلاي.

ئۈچەيلەن قايتىپ ماڭدى، زۆھرە ئۇلارنى پەلەمپەيگىچە ئۇزىتىپ باردى. پەلەمپەيدىن چۈشىدىغان چاغدا مۇنەۋۋەر سۇلايماننى قولتۇقلىۋالدى، ئاسىيە مۇنەۋۋەرنىڭ سومكىسىنى كۆتۈرۈپ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئاستا چۈشۈپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئۈچىنى كۆرگەن ھەرقانداق ئادەم «ناھايىتى بەختلىك بىر ئائىلە كىشىلىرى ئىكەن» دەپ قالاتتى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ تۇرغان زۆھرە ئاتىسىنىڭ ئۆز قىزىغا ئۇقتۇرماي، مۇنەۋۋەرنىڭ خىزمىتىگە يول ماڭغانلىقىنى يادىغا ئېلىپ بۇ ئاتا ـ بالا ئىككىسىگە تۇنجى قېتىم ئىچى تارلىقى كەلدى. زۆھرە ھەسەت دېگەن نەرسىنىڭ نەقەدەر ئاچچىق ۋە چىدىغۇسىز بولىدىغانلىقىنى تۇنجى قېتىم ھېس قىلىپ يەتتى.

زۆھرە بۇنىڭدىن ئون ئالتە يىل بۇرۇن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرۈپ ھازىر ئىشلەۋاتقان ئىدارىسىگە تەقسىم قىلىنغانىدى. ئۇ چاغلاردا ئىدارىلەرنىڭ ھەممىسىدە تەرجىمانلار ئەتىۋارلىق بولغاچقا تەرجىمانلىققا كىشىلەر ھەۋەس قىلاتتى. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مىللىي كادىرلارنىڭ خەنزۇچە سەۋىيىسى ئۆسۈپ، خەنزۇچە ھۆججەت ـ ماتېرىياللارنى بىۋاسىتە كۆرەلەيدىغان بولۇۋىدى، تەرجىمانلارغا كىشىلەرنىڭ بۇرۇنقىدەك ھاجىتى چۈشمەيدىغان بولۇپ قالدى. بۇنىڭ بىلەن ئىدارىلەردىكى تەرجىمانلارنىڭ قىلىدىغان ئىشى ئازىيىپ كەتتى. قېرىشقاندەك، نۇرغۇن ئىدارىلەر «ئىسلاھ قىلدۇق» دەپ كادىرلارنىڭ مۇكاپاتىنى قىلغان ئىشىنىڭ مىقدارىغا قاراپ بېكىتىدىغان ئىشنى چىقاردى. شۇنداق قىلىپ، كۈندە

قىلىدىغان خىزمىتى بار بىلەن يوقنىڭ ئارىسىدىكى زۆھرە بارا ـ بارا مۇكاپات ئېلىش، ئىلغار باھالىنىش دېگەنلەردىن ئېغىز ئاچالماسلا بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە زۆھرەنىڭ ئىدارىسى ئۆيگە بەك يىراق ئىدى، ھەر كۈنى ئىشقا بېرىپ ـ كېلىش ئۈچۈن ئۈچ سائەت كوچا ئاپتوبۇسىدا ئولتۇرۇشقا توغرا كېلەتتى. شۇڭا، زۆھرە خېلىدىن بېرى ئۆزىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرالايدىغان، ئۆيگە يېقىنراق بىرەر ئىدارىگە يۆتكىلىۋېلىشنى ئارزۇ قىلىپ يۈرەتتى. كېيىن تۇيۇقسىزلا «تۇرمۇش» ژۇرنىلىغا تەرجىمانلىققا پىشقان مۇھەررىر ئالغۇدەك دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ، دەرھال تەھرىر بۆلۈمى بىلەن ئالاقىلىشىپ باقتى. ئۇلارنىڭ ئالىدىغىنى ئۇيغۇرچە ئەسەرلەرنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلالايدىغان تەرجىمان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە زۆھرەنىڭ خەنزۇچە ئاساسى پۇختا بولغاچقا، ئۇيغۇرچە ئەسەرلەرنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىش ئۇنىڭ ئۈچۈن ئويۇننىڭ ئورنىدىكى ئىش ئىدى. شۇڭا ئۇ تەھرىر بۆلۈمىگە دەرھال كېلىپ تىزىمغا ئالدۇردى. ئەسلىدە ئاتىسىغا بۇ ئىشنى يۈزتۇرانە ئىمتىھان تۈگىگەندىن كېيىن ئېيتماقچى بولغانىدى. بۇنداق بولارنى كىم ئويلىغان دەيسىز؟!

زۆھرە ئۇلارنى ئۆزىتىپ قويۇپ كارىدوردىكى ئورۇندۇقتا نېمە قىلارنى ئۇقالماي خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ كەتتى. ئاخىر نۆۋەت ئۇنىڭغىمۇ كەلدى. زۆھرە ئۆزىنىڭ ئىمتىھاننى ناھايىتى ياخشى بەرگەنلىكىنى تەھرىر بۆلۈمىدىكىلەرنىڭ چىرايىدىكى رازىمەنلىك چىقىپ تۇرغان تەبەسسۇملەردىن بىلدى.

«ئەمدى ئاتامغا كېلەي، — دەيتتى زۆھرە ئىچىدە، — ئۇ زادى كىم تەرەپتە تۇرار؟ ئۆز قىزىنىڭ تارتقۇلۇقلىرىنى ئويلاپ قويارمۇ ياكى بۇرۇنقى مۇناسىۋىتىدىن پايدىلىنىپ مۇنەۋۋەرنى تەھرىر بۆلۈمىگە تىقارمۇ؟ ھەي... ۋاقتى كەلگەندە بىر گەپ بولار...!»

# 25

سۇلايمان ئاسىيە ئانا ـ بالا ئىككىسىنى ئەگەشتۈرۈپ ئۆيگە خۇشال قايتتى. ئەمما يول بويى ئۇلار بىر ـ بىرىگە كۈلۈپ تۇرۇپ گەپ قىلىشقىنى بىلەن، ھەممىسىنىڭ قورسىقىدا ئويلاۋاتقىنى بار ئىدى. بولۇپمۇ سۇلايمان تەڭقىسلىق ئىچىدە قانداق قىلارىنى بىلەلمەي قىينىلىپ كېتىۋاتاتتى. يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان، زۆھرەنىڭ خىزمىتى ئوڭۇشلۇق بولمايلا كەلدى. شۇڭا زۆھرە ئىدارىسىدە پات ئارىدا ئىسلاھات بولىدىغانلىقىنى، ناۋادا ئادەم تەڭشەشكە توغرا كەلسە، ئۇنداق شامال ئالدى بىلەن تەرجىمانلارغا تېگىدىغانلىقىنى سۇلايمانغا نەچچە قېتىم دېگەنىدى. زۆھرەنىڭ «باشقا بىرەر ئىدارىگە يۆتكىلىۋالسام بولاتتى!» دەپ يۈرگەنلىكىدىنمۇ سۇلايماننىڭ خەۋىرى بار ئىدى. زۆھرە ئىمتىھان بەرگەن بۇ ژۇرنال تەھرىر بۆلۈمى ھۆكۈمەت باقىدىغان، تەھرىرلىرى مەمۇرىي شتاتقا كىرىدىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە سۇلايمانلارنىڭ ئۆيىگە يېقىن ئىدارە ئىدى. زۆھرە ئۈچۈنمۇ بۇ تەھرىر بۆلۈمى ئويلىغىنىدىنمۇ ياخشى ئورۇن ئىدى. يۈرىكىدىكى گەپنى قىلسا، سۇلايماننىڭ زۆھرەگە ياردەم قىلغۇسى بار ئىدى. لېكىن، مۇنەۋۋەر ئاسىيەنىڭ يۈرەك پارىسى، مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا سۇلايماننىڭمۇ قىزى. شۇڭا سۇلايماننىڭ ئۇنىڭ خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلۈپ قويۇش مەجبۇرىيىتىمۇ بار. «ھەي... ئۇ قولنى چىشلىسىمۇ ئاغرىيتۇ، بۇ قولنى چىشلىسىمۇ ئاغرىيتۇ، دېگەن شۇ ـ دە!»

قانداق قىلىش كېرەك؟ سۇلايمان دەماللىققا بىر قارارغا كېلەلمىدى. شۇ تاپتا ئاسىيەنىڭ نەقەدەر دەككە ـ دۈككىگە چۈشۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى دېمەيلا قويايلى. ئاسىيەنىڭ ئويلىغىنىمۇ توغرا. چۈنكى، زۆھرە سۇلايماننىڭ ئۆز قىزى

تۇرسا، ئۇنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ ئۆگەي قىزى مۇنەۋۋەر ئۈچۈن گەپ قىلارمۇ؟ بۇ مۇمكىن ئەمەس. ئەمما، بۇ مۇنەۋۋەر ئۈچۈن تېپىلغۇسىز ياخشى پۇرسەت تۇرسا، ئۇنى قولدىن بېرىپ قويسا قانداق بولىدۇ؟ ئاسىيە ئىسسىق-سوغۇقنى جىق كۆرگەن مەزلۇم بولغاچقىمۇ بىر-ەر قىيىنچىلىققا يولۇققاندا ئۇنىڭ ئامالىنى ھەرنېمە قىلىپ بولسىمۇ تاپماي قويمايتتى. ئاسىيە بىلەن مۇنەۋۋەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، ھەممىدىن مۇھىمى سۇلايمان ئىدى، ناۋادا ئاسىيە سۇلايماننىڭ مەيلىنى قولغا ئېلىۋالالىسىلا ئۇنىڭ باللىرى ھەرقانچە چىچاڭشىسىمۇ بەرىبىر. بۇلارنى خىيالىدىن بىرقۇر ئۆتكۈزگەن ئاسىيە قىزىنىڭ ئىستىقبالى ئۈچۈن جېنى چىقىپ كەتسىمۇ بۇ پۇرسەتنى قولدىن چىقىرىپ قويماسلىق نىيىتىگە كەلدى.

يېرىم يولغا كەلگەندە، مۇنەۋۋەر: «بىر ساۋاقدىشىم بىلەن كۆرۈشىمەن!» دەپ شۇ جايدا قالدى. سۇلايمان بىلەن ئاسىيە ئۆيگە يېتىپ كەلگەندە چۈشلۈك تاماق ۋاقتى بولغانىدى. سۇلايمان «سەل ھاردۇق ئېلىۋالاي!» دەپ كارىۋاتقا چىقىپ ياتتى. ئاسىيەنىڭ ھېرىپ ھېچ ھالى قالمىغانىدى، لېكىن ئۇ سۇلايماندەك كارىۋاتقا چىقىپ يېتىۋالسا بولمايتتى. ئۇ كىيىملىرىنى يەڭگۈشلەپ سوغۇق سۇدا يۈزىنى يۇيۇۋېدى، سەل-پەل سەگىدەپ قالدى.

ئاسىيە سۇلايماننىڭ يېنىغا كىرىپ ئۇنىڭدىن: «نېمە تاماق يېگۈلىرى بار؟» دەپ سورىۋىدى، كارىۋاتتا كېرىلىپ كۆرۈپ ياتقان سۇلايمان:

— نېمە ئەتسەڭ مەيلى، — دېدى گېزىتتىن كۆزىنى ئۈزمەي تۇرۇپ.

ئاسىيە بولسا سۇلايماننىڭ كاۋا مانتىسىغا ئامراق ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. شۇڭا دەرھال كاۋا قىرىپ، پىياز چاناپ، گۆش توغراپ دېگەندەك بىردەمدىلا قيما

تەييارلىدى، ئاندىن توڭلاتقۇدىكى تەييار خېمىرنى ئېلىپ، ئۇنى زوۋۇللاپ قەغەزدەك ئاچتى.

— كاۋا مانتىسى ئېتىۋاتقان ئوخشىمامسەن؟ — دېدى سۇلايمان ئاسىيەنىڭ ئارقىسىغا ئاستا كېلىپ.

قولى خېمىردا بولغىنى بىلەن ئەس-يادى مۇنەۋۋەرنىڭ ئىشىدا قالغان ئاسىيە تۇيۇقسىز چىققان بۇ ئاۋازدىن چۆچۈپ كەتتى.

— ۋاي، خۇدايىمەي! ئەجەب قورقۇتۇۋەتتىلىغۇ ئادەمنى! — دېدى ئاسىيە پىخىلداپ كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ۋۇي، يېنىڭغا كېلىش ئۈچۈنمۇ ئالدى بىلەن سۇرەن سېلىپ قويۇشۇم كېرەكمۇ ئەمدى؟ — دېدى سۇلايمان ئاسىيەگە چاقچاق قىلىپ.

مۇنەۋۋەر يېرىم يولدا ئايرىلىپ قالغىنىچە كەچلىك تاماق ۋاقتىغىچىمۇ قايتىپ كەلمىدى. ئاسىيە كەچلىك تاماقنىڭ قاچا-قۇچىلىرىنى يىغىشتۇرۇپ يۇيدى. سۇلايمان مېھمانخانىدىكى ساپادا تىزگىنەكنى تۇتۇپ ئولتۇرۇپ، تېلېۋىزور قانالىرىنى ھېلى ئۇنىڭغا-ھېلى بۇنىڭغا ئالماشتۇرۇۋاتاتتى. قاچا-قۇچىلارنى بېسىقتۇرۇپ بولغان ئاسىيە ھايال ئۆتمەي پەرتۇقىنى ئېلىۋېتىپ چىقىپ سۇلايماننىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى. تېلېۋىزوردا ياشانغاندا قايتا نىكاھلىق بولغان بىر جۈپ ئەر-ئايالنىڭ تۇرمۇشى ھېكايە قىلىنىدىغان كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرى بېرىلىۋاتاتتى. تېلېۋىزىيە تىياتىرىنىڭ ھېكايىسى ناھايىتى قىزىق بولۇپ، ئەر باش قەھرىماننىڭ باللىرى ئىنتايىن زومىگەر ئىدى: ئۇلار ئاتىسى ئۆيدە يوق چاغلاردا ھە دېسىلا يوقىلاڭ ئىشلارنى باھانە قىلىپ ئۆگەي ئاپىسىنى بوزەك قىلىۋالاتتى. ئېكراندا تۇيۇقسىزلا ئاشۇ ئۆيدىكى كەنجى قىزنىڭ قولىدىكى چىنىنى ئۆگەي ئاپىسىغا قارىتىپ ئاتقان كۆرۈنۈش

چىقىۋىدى، سۇلايمان دەرھال باشقا قانالغا يۆتكىۋەتتى. ئۇ ئەسلىدە: «ئاسىيە بۇ كۆرۈنۈشنى كۆرۈپ كۆڭلى يېرىم بولۇپ قالمىسۇن» دەپ ئويلىغانىدى. سۇلايمان ئاسىيەگە كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ باقتى. ئەمما، ئاسىيە تېلېۋىزور كۆرۈۋاتقاندەك ئولتۇرغىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ كۆزى تالادا ئىدى. دۇرۇس، ئاسىيەنىڭ كۆڭلى بۇ يەردە ئەمەس ئىدى. قارىغاندا، تېلېۋىزىيە تىياتىرىدىكى ھېلىقى باللار ئۆگەي ئاپىسىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتسىمۇ ئاسىيە مىت قىلماي قويماي ئولتۇرىۋېرىدىغان ئوخشايدۇ.

شۇنداق، بۇنداق چاغدا ئاسىيەنىڭ تېلېۋىزىيە كۆرۈشكە قانداقمۇ رايى بارسۇن؟!

ئۇلار تەھرىر بۆلۈمىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن سۇلايمان مۇنەۋۋەرنىڭ خىزمىتى توغرۇلۇق بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى. ئاسىيەمۇ سۇلايمانغا بۇ ھەقتە ئېغىز ئېچىشقا پېتىنالمىدى، لېكىن ئۇ سۇلايماننىڭ قورسىقىدىكى راست گېپىنى ئاڭلاشقا تەقەززا ئىدى، ھەتتا سۇلايمان «يەنىلا زۆھرەنىڭ خىزمىتىگە ياردەم قىلغۇم بار» دېگەندەك گەپنى قىلسىمۇ مەيلى ئىدى. ئاسىيە سۇلايماننىڭ غېمىدە يوق تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇرغانلىقىغا قاراپ كۆڭلى بۇزۇلغىلى تۇردى.

«ناۋادا مۇنەۋۋەر ئۆز پۇشتۇڭ بولغان بولسا مۇشۇنداق بىغەم ئولتۇرارمىدىڭ؟» دەيتتى ئاسىيە كۆڭلىدە. ئىچى تىتىلداپ كېتىۋاتقان ئاسىيەنىڭ كىملەرگىدۇر ئاچچىقلاپ ۋارقىرىغۇسى كېلەتتى. لېكىن ئۇ «سەۋر قىلساڭ غورىدىن ھالۋا پۈتەر» دېگەن قائىدىنى ئوبدان چۈشىنىدىغان ئەقىللىق مەزلۇم ئىدى. سۇلايمان تېلېۋىزورنى ھېلى ئۇنىڭغا، ھېلى بۇنىڭغا يۆتكەپ كۆرۈپ باققاندىن كېيىن ئىچى پۇشۇپ ئۆچۈرۈۋەتتى.

ئېغىز ئېچىش پۇرسىتىنىڭ ئەمدى كەلگەنلىكىنى بايقىغان ئاسىيە ئاستا سۇلايمانغا قارىدى-دە، بارماقلىرى بىلەن سۇلايماننىڭ ساڭگىلاپ كەتكەن ئېڭىكىنى سىلاپ قويۇپ پىخىلداپ كۈلۈپ كەتتى.

— تۇرۇپلا ئۆزۈمگە كۈلگۈم كېلىدۇ، قارىسىلا، — دېدى ئاسىيە قىزىرىپ كەتكەن يۈزلىرىنى يەردىن كۆتۈرمەي تۇرۇپ، — ئەللىك ياشقا كىرىپ قالغىنىمغا باقماي، سىلىنى كۆرسەملا خۇددى يېڭى توي قىلغان ياش جۇۋانلاردەك ئەركىلىگۈم كېلىپ كېتىدۇ، دېسىلە...

— ۋۇي، بۇنىڭ نەرى يامان؟ ئادەم دېگەن سەكسەن ياشقا كىرىپ كەتسىمۇ ئۇنىڭ يۈرىكى تۇغۇلغان چاغدىكىدەك دۈپۈلدەپ سوقۇپ تۇرىدۇ ئەمەسمۇ! سېنىڭ ئەركىلىگۈڭ كېلىپ ئېڭىكىمنى سىلاپ قويۇشلىرىڭ نېمىدى ئۇ؟ ھەكىمە ئايلاڭچۇ... — ئىختىيارسىز يەنە ھەكىمەنىڭ ئىسمىنى چىقىرىپ قالغانلىقىدىن ئوڭايسىزلانغان سۇلايمان گېپىنىڭ ئايىغىنى يۇتۇۋەتتى.

— نېمە؟ توختاپ قالدىڭىزغۇ؟ سىلىمۇ قىزىقكەنلا، — دېدى ئاسىيە سۇلايماننىڭ قولىقىنى چىمدىپ تۇرۇپ، ئاندىن بېشىنى سۇلايماننىڭ مەيدىسىگە ئاستا قويدى.

— قارىغاندا، سىلى مېنىڭ كۆڭلۈمنى دېگەندەك چۈشەنمەيدىكەنلا، — دەپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى ئاسىيە، — ھەكىمە ئايلامنى كۆرۈپ باقمىغان بولسامۇ، لېكىن ئۇنىڭ قالتىس ئۆتكەن ئايال ئىكەنلىكىگە كۆزۈم يېتىدۇ. سىلى ھەكىمە ئايلام بىلەن قىرىق يىل ئۆي تۇتتىلا، ئىككىلىرىنىڭ مېھرى چوڭقۇر. ئىشقىلىپ، سىلى ھەكىمە ئايلامنىڭ ئىشلىرىنى جىقراق دەپ بەرسىلە، مەن ئۇنىڭدىن ئۆگىنىپ، سىلىگە كۆڭۈللىرى سۇ ئىچكۈدەك ھەمراھ بولالىسام بولاتتى، مېنىڭ ئويلايدىغىنىم شۇ، ئاتىسى!

كۆكسى ـ قارنى دەريادەك كەڭرى ئاسيەنىڭ بۇ سەمىمىي نىيىتى سۇلايماننى قاتتىق تەسىرلەندۈردى. ئۆزىمۇ چۈشىنىپ بولمايدىغان ئاجايىپ مۇرەككەپ بىر تۇيغۇنىڭ كارامىتىدىن كۆز جىيەكلىرى قىزارغان سۇلايمان لام ـ جىم دېمەي ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇ تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن ئاسيەنىڭ چاچلىرىنى سىلىدى. سۇلايمان شۇ دەقىقىدە ئۆزىنى ياش ۋاقىتلىرىغا قايتىپ قالغاندەك، ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز بەخت بۆشۈكىدە باغاشلىنىپ ياتقاندەك سەزدى. شۇنداق، ئۇ ئەمدى غېرىب ئەمەس، چۈنكى ئۇنىڭغا تاكى مەھشەرگە كىرىپ كەتكۈچە ھەمراھ بولىدىغان سىردىشى يېنىدا ئولتۇرۇپتۇ.

ــ مۇنداق قىلساق بولارمۇ؟ ــ دېدى ئاسيە پەس ئاۋازدا.

سۇلايمان ئۇنىڭ چاچلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ سورىدى:

ــ نېمىنى؟

ــ ھېلىقى ياسىناخۇن دېگەن باشلىققا دەپ باقسىلا، ــ دېدى ئاسيە سۇلايماننىڭ كۆكرىكىدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ جىددىي تەرزدە، ــ ھېلىقى ئورۇنغا ئامال قىلىپ زۆھرەنى ئالسۇن بولامدۇ؟

سۇلايمان قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەيلا قالدى. ئاسيە راست دەۋاتامدۇ ياكى بۇ گەپنى باشقىچە نىيەت بىلەن ئېيتتىمۇ؟ بۇ تەرىپى سۇلايمانغا قاراڭغۇ ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئاسيەدىن ناھايىتى تەسىرلىنىپ كېتىۋاتاتتى.

ــ ئىمتىھان ئەمدىلا تۈگىگەن تۇرسا، كىمنىڭ قانچىلىك نەتىجىگە ئېرىشكەنلىكىنى ئۇقمايمىز ـ دە!

ــ ۋىيەي، ھازىرقى جاھاننىڭ ئىشلىرىنى كىم ئۇقمايدۇ؟ ۋاقتى كەلگەندە نەتىجە ـ پەتىجە دېگەنلىرى بىر چەتتە قالىدۇ، ئۆتىدىغىنى يەنىلا مۇناسىۋەت. ياسىناخۇن بىلەن يېقىن ئۆتىدىكەنلا، شۇڭا سىلى «ھايىت» دەپ قويسىلا، مېنىڭچە، ئۇلار سىلىنىڭ گەپلىرىنى يىرمايدۇ.

— ئۇغۇ شۇ، بىراق تەھرىر بۆلۈمى دېگەن كەلسە-كەلمەس ئادەمنى ئالسا بولىۋېرىدىغان ئورۇن ئەمەس. ياسىن ھەرقانچە «يۈزۈمنى قىلدى» دېگەن تەقدىردىمۇ يەنىلا ئالدى بىلەن باللارنىڭ ئىمتىھان نەتىجىسىگە قارايدۇ. شۇڭا يەنە بىر ئاز ساقلاپ باقايلى!

— ۋىيەي، بۇنداق ئىشنىمۇ ساقلاپ ئولتۇرامدىغان؟ — دېدى ئاسىيە تىت-تىتلىق بىلەن، — ئۇنداق قىلماي ياسىناخۇنغا ھازىرلا تېلېفون قىلىپ باقسىلا، ئۇ نېمە دەيدىكىن؟

سۇلايمان ئاسىيەنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولدى، ئەمما ئۇنىڭ ياسىنغا تېلېفون قىلىپ سۆيلىگۈسى كەلمىدى. چۈنكى، سۇلايماننىڭ كۆڭلىگە ئايان ئىدى: بىرەر ئورۇنغا بىرەر ئادەمنى ئېلىش دېمەككە ئاسان بولغىنى بىلەن ئۇ ساماندەك رەسمىيەتلىرى بار تەس ئىش. شۇڭا ئۇ ياقتىن ئىمتىھاننى بېرىپ بولۇپلا، بۇ ياقتىن سۆيلىگىلى تۇرسا، خەقنىڭ راينى قاچۇرۇپ قويىدىغان گەپ. سۇلايمان ياسىنغا تېلېفون قىلمىدى، ئاسىيەمۇ ئۇ ئىشنى ئىككىنچى سورىمىدى.

زۆھرە كەم سۆز بولغىنى بىلەن ئۆز ئىشىغا پۇختا ئىدى. شۇڭا ئۇ ئىمتىھان بېرىپ بولۇپ ھايال ئۆتمەيلا تونۇشلىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىمتىھان بەرگەن ئۈچەيلەن ئىچىدە ئەڭ ياخشى باھاغا ئېرىشكەنلىكىنى ئۇقۇپ بولدى. دېمەك، ئۇنىڭ تەھرىر بۆلۈمىگە قوبۇل قىلىنىشىدا گەپ يوق ئىدى. «پاھ، نېمدېگەن خۇشاللىنارلىق ئىش-ھە!» زۆھرە تەھرىر بۆلۈمىگە كىرەلىسە ئۆزى ئەڭ ياخشى كۆرگەن ئىش بىلەن مەشغۇل بولالايدۇ، دېگەن گەپ. ئۇنىڭ ئۈستىگە تەھرىر بۆلۈمى بىلەن سۇلايمانلارنىڭ ئۆيىنىڭ ئارىلىقى جىق بولسا ئون بەش مىنۇتلۇقلا يول. دېمەك، زۆھرە ئەمدى ھەر كۈنى كوچا ئاپتوبۇسىغا يامىشىپ ھەرەج تارتمايدۇ، «ئىدارىنى ئىسلاھ قىلدۇق، دەپ ئادەم قىسقارتىدىغان ئىش تەرجىمانلارغا كېلىپ

قالارمۇ؟» دېگەن غەمدىن بىراقلا قۇتۇلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە زۆھرە ئەدەبىي ئىجادىيەتكە بەك قىزىقاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ بىرى رومان يېزىش نىيىتىدە نۇرغۇن دېتاللارنى يىغىپ، ئىنچىكە تېزىسلارنى تۈزۈپ باققان بولسىمۇ، لېكىن قىلىپىلىشىپ قالغان، مەززىسىز يوغان گەپلەر بىلەن توشۇپ كېتىدىغان ھۆججەت دۆۋىسىدىن قۇتۇلالماي، يېزىۋاتقان رومانىنىڭ ھېچبىر ئايىغىنى چىقىرىپ بولالمىدى. شۇڭا ئۇ يېقىندا ئاشۇ رومانىنى مەخسۇس ئولتۇرۇپ پۈتتۈرۈۋېتىش نىيىتىدە ئىدارىسىدىن ئىككى ھەپتىلىك دەم ئېلىش ئالغانىدى. ئىشقىلىپ، زۆھرە ئۆزىنىڭ تەھرىر بۆلۈمىگە كىرەلەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ بولدى. شۇڭا ئۇنىڭ كەيپى ناھايىتى چاغ ئىدى. ئەمما، ئاسىيە بىلەن مۇنەۋۋەر زۆھرەدىكى بۇ ئۆزگىرىشنى كۆرۈپ، ئولتۇرالمايلا قالدى. ئۇلار: «زۆھرەگە تەھرىر بۆلۈمى تەرەپتىن بىرەر ئۇچۇر بار ئوخشايدۇ» دەپ پەرەز قىلىشتى. بۈگۈن ناشتىدىن كېيىن زۆھرە ئالدىراپ دۇئا قىلىپلا ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى. ھايال ئۆتمەي سۇلايمانمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كىرىپ كەتتى. «بۇ ئاتا-بالا ئىككىسى زادى نېمە دېيىشىۋاتىدىغاندۇ؟» ئاسىيە بۇنى بىلىشكە تەقەززا بولۇپ كېتىۋاتاتتى. ئەمما، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئۇسۇپ كىرىشنىڭ ئورنى يوق ئىدى. ئاسىيە مۇنەۋۋەرنى قاچا-قۇچىلار يۇيۇۋېتىشكە بۇيرۇپ قويۇپ، ئۆزى پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ زۆھرەنىڭ ھۇجرىسى ئالدىغا كەلدى. ئۆيدىن سۇلايماننىڭ ئاۋازى ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى:

— ئەگەر شۇنداق بولسىغۇ كاتتا ئىش بولاركەندۇق، ئىشقا بېرىپ كەلمىكىڭمۇ ئاسان بولاتتى-دە.

ئاسىيە ھەممىنى چۈشەندى. دېمەك، ئاتا-بالا ئىككىسى تەھرىر بۆلۈمىدىكى ئاشۇ خىزمەت توغرۇلۇق سۆزلىشىۋاتاتتى، سۇلايماننىڭ گەپلىرىدىن قارىغاندا تەھرىر بۆلۈمىدىكى ئاشۇ

ئورۇننى زۆھرە تارتىۋالىدىغاندەك قىلاتتى، بۇنىڭ ئۈچۈن سۇلايمانمۇ خۇش ئىدى. ئاسىيە كۈننى بەكمۇ تەستە كەچ قىلدى. سۇلايماننىڭ يېنىدا يىلاندەك تولغىنىپ ياتالمايۋاتقان ئاسىيەنىڭ كۆزلىرىگە ئۇيقۇ كېلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

— نېمە بولدۇڭ؟ — دەپ سورىدى سۇلايمان، — بىر يېرىڭ ئاغرىۋاتامدۇ قانداق؟

— ياقەي، — دېدى ئاسىيە پەس ئاۋازدا.

ئاخىرى سۇلايمان سىلاشتۇرۇپ يۈرۈپ تومپۇچكىنىڭ ئۈستىدىكى چىراغنى ياقتى.

— مېنى ئالدايمەن دېمە! يېرىم كېچىدىن ئېشىپ كەتتى، ئۇيىقتىن - بۇياققا ئۆرۈلۈپ ھېچبىر ئۇخلىيالمايۋاتىسەن. قارىغاندا، بىر ئىشقا ئىچىڭ تىتىلداۋاتىدۇ، ئېيتقىنا زادى نېمە ئىش بولدى؟

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان ئاسىيەنىڭ دەسلەپتە كۆز جىيەكلىرى قىزاردى، ئاندىن ئاشۇ بىر جۈپ كۆزدىن ئۇرغۇپ چىققان ياشلار ئۇنىڭ مەڭزىنى بويلاپ تۆۋەنگە سىرغىشقا باشلىدى. دانىشمەنلەر: «خوتۇن كىشىنىڭ ئەڭ كۈچلۈك قورالى كۆز يېشىدۇر» دەپ توغرا ئېيتىپتىكەن. ئاسىيەنىڭ يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرگەن سۇلايماننىڭمۇ دىماغلىرى ئېچىشقىلى تۇردى. ئۇ ئاسىيەنىڭ ياشلىرىنى سۈرتكەچ سورىدى:

— مۇنەۋۋەرنىڭ خىزمەت ئىشىنى ئويلاپ قالدىڭمۇ نېمە؟

— ياق، — ئاسىيەنىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقاتتى، — بىراق، ئۇنىڭ ھەرقانداق ئىشى يەنە بېرىپ خىزمىتىگە تاقىشىدىكەن شۇ...

ئاسىيەنىڭ بۇ گەپلىرىدىن يەنە بىر مالاللىقنىڭ ھىدىنى سەزگەن سۇلايمان گەپ قىلماي جىم ئولتۇراتتى.

— ئۆزلە بىلىلا، مۇنەۋۋەر يىل ئۆرۈلسە يىگىرمە بەشكە كىرىدۇ. بىرەر خىزمەتنىڭ پېشىنى تۇتالمىغاچقا تۇرمۇش ئىشى

ھازىرغىچە شۇ پېتى تۇرۇۋاتىدۇ. ئالدىنقى كۈنى مەريەمنىڭ دەپ بېرىشىچە، مەريەمنىڭ يولدىشى بىلەن بىر ئىدارىدە ئىشلەيدىغان بىر يىگىتنىڭ بىزنىڭ مۇنەۋۋەرگە كۆزى چۈشۈپ قاپتۇدەك!

— نېمە ئىش قىلىدىغان بالىكەن ئۇ؟

— ئىدارىنىڭ ساقچىسىكەن، بۇ يىل يىگىرمە سەككىز ياشقا كىرىپتۇ. ئاتا-ئانىسى پېنسىيىگە چىققان كادىرلاركەن، ئائىلە شارائىتى بەك ياخشى دېيىشىۋاتىدۇ.

— بولىدىكەنغۇ، يەنە نېمىگە يىغلايتتىڭ ئەمىسە؟!

— ھەي، مەن يىغلىماي كىم يىغلىسۇن، ئاتىسى، — دېدى ئاسىيە ياغلىقىنىڭ ئۇچىدا كۆزلىرىنى سۈرتكەچ، — مەريەم ئۇ بالىغا: «مۇنەۋۋەر تەھرىر بۆلۈمىگە خىزمەتكە كىرىدىغان بولدى» دەپتىكەن، ئۇ بالا خېلىلا قىزىغان ئوخشايدۇ، ئەمما مۇنەۋۋەر ئاشۇ خىزمەتكە كىرەلەمدۇ، يوق؟ بۇ ناتايىن. قارىغاندا، مۇنەۋۋەر بۇ دورەم خىزمەتكە كىرەلمىسە ئۇ بالا يېنىۋالغۇدەك، ئاتا-ئانىسمۇ قوشۇلمىغۇدەك... ھازىر خىزمىتى يوق قىزلارغا ھېچكىم كۆز قىرىنى سېلىپ قويمايدىكەن! — ئاسىيە سۇلايمانغا يەر تېگىدىن قاراپ قويۇپ گېپىنى داۋاملاش-تۇردى، — ئىشقىلىپ، ئىككى كۈندىن بېرى زادى قانچىلىك يىغلىغانلىقىمنى ئۆزۈم بىلمەيمەن، يا سىلىگە ئېچىپ دېيەلمەي... شۇ...

سۇلايماننىڭ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ راستتىنلا بېشى قاتقىلى تۇردى. ئىلگىرىكى چاغلار بولسىدى، ھېچقانداق ئىشتىن ھازىرقىدەك غەم قىلمىغان بولاتتى. سۇلايمان ئەتىگەن زۆھرەدىن ئۇنىڭ ئىمتىھاندا يۇقىرى نەتىجە ئالغانلىقىنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇش بولغانىدى. مانا ئەمدى مۇنەۋۋەر ئۈچۈنمۇ كاللا قاتۇرۇپ قويۇش مەجبۇرىيىتىنىڭ بارلىقىنى ئويلاپ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىۋاتاتتى. شۇنداق ئەمەسمۇ؟

مۇنەۋۋەر ئاران ئالىي تېخنىكوم ئوقۇغان تۇرسا بۇنداق ياخشى پۇرسەت ئۇنىڭغا ئىككىنچى كەلمەيدۇ. سۇلايمان پېنسىيىگە چىقىۋىدى، ئۇنىڭ ئىلگىرىكى شۇنچە نۇرغۇن يار-بۇرادەرلىرى ئۇنىڭدىن بىر-بىرلەپ تەزگىلى تۇردى. شۇنداق تۇرسا، ھازىر ياسىندىن باشقا كىممۇ ئۇنىڭ گېپىنى ئىلىك ئالسۇن؟ ھەي، بۇ قىسمەتنى قارىمامدىغان! زۆھرە بىلەن مۇنەۋۋەر سۇغا چۈشۈپ كېتىپ جان تالىشىۋاتقان ئىككى سەيياھقا ئوخشايدۇ، دەريانىڭ قىنىدا پەقەت بىر تۇپلا كۆچەت تۇرۇپتۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ كۆچەت پەقەت بىرلا ئادەمنىڭ ئېسىلىشىغا بەرداشلىق بېرەلەيدۇ. شۇڭا بۇ ئىككى سەيياھتىن بىرى چوقۇم ھېلىقى كۆچەتكە ئېسىلىشتىن ۋاز كېچىشى كېرەك.

—مانا ئەمدى بىر ئورۇننى ئاچا-سىڭىل ئىككىسى تالىشىپ قالدى، —دېدى سۇلايمان ئاسىيەنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ تۇرۇپ، —مەن ئەسلىدە مۇنەۋۋەر زۆھرەگە يول قويۇشى كېرەك، دەپ ئويلىغانىدىم، بىراق گەپنىڭ راستىنى دېگەندە، زۆھرەنىڭ قانداقلا بولمىسۇن خىزمىتى بار، تەھرىر بۆلۈمىگە يۆتكەلمىسىمۇ بىر كىشىلىك خىزمىتى بىلەن جېنىنى بېقىپ كېتەلەيدۇ، لېكىن مۇنەۋۋەر ئۇنداق ئەمەس-دە! يىگىرمە بەش ياشقا كىرىپ قالغان قىز ھازىرغىچە خىزمىتى يوق، چوڭلارنىڭ قولىغا قاراپ كۈن ئېلىۋاتىدۇ، تۇرمۇش ئىشىمۇ شۇ سەۋەبتىن بىر ياقلىق بولماي كېلىۋاتىدۇ، لېكىن-زە... —سۇلايمان سەل-پەل تۇرۇۋالغاندىن كېيىن گېپىنى يەنە داۋام قىلدى، —خىزمەتنىڭ خاراكتېرىدىن ئالغاندا تەھرىر بۆلۈمىگە لازىملىقى دەل زۆھرە، چۈنكى ئۇنىڭ خەنزۇچە ئاساسى ياخشى، ئۇزۇن يىل تەرجىمانلىق قىلىپ ئۇيغۇر تىلىغىمۇ تازا پىشتى!

سۇلايمان يۈرىكىدىكى گېپىنى ئاخىرى دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ئاسىيە ئەلەملىك ئۇھ تارتتى، ئەمما «ئۆلمىگەن

جانىدا ئۈمىد بار» دېگەنىدەك ئاخىرقى قېتىم تىركىشىپ باقماقچى بولدى.

— ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ — دەپ سورىدى ئاسىيە مىشىلداپ يىغلاپ تۇرۇپ، — مۇنەۋۋەر شۇ ئولتۇرغىنىچە ئولتۇرۇپلا قالامدۇ؟

— مېنى ھازىرلا ئېغىز ئېچىشقا زورلىما، خوتۇن، مەن ئوبدانراق ئويلىنىۋالاي، — دېدى سۇلايمان ۋە چىراغنى دەرھال ئۆچۈردى.

## 26

بىر كېچە ئوبدان ئويلىنىپ چىققان سۇلايمان ئالدى بىلەن ياسىنىنىڭ يېنىغا بېرىپ ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن شۇنىڭغا قاراپ بىرنېمە دېيىش نىيىتىگە كەلدى.

سۇلايمان ناشتىدىن كېيىن بۇ نىيىتىنى ئاسىيەگە ئېيتتى. ئاسىيە ئانا ـ بالا ئىككىسى ئۈچۈن بۇ ئەڭ ئاخىرقى پۇرسەت ئىدى. شۇڭا، ئاسىيە ئىلگىرىكىدەك تۆزۈت قىلىپ ئولتۇرماي گەپنى ئۇدۇللا دېدى:

— ئىشقىلىپ، نېمىلا بولمىسۇن، مۇنەۋۋەرگە ياردەم قىلىپ قويسىلا، سىلىدىن ئۆتۈنەي، ئاتىسى! ئۇمۇ سىلىنىڭ قىزلىرىغۇ؟!

سۇلايمان ئاسىيەگە سوغۇققىنە بىر قاراپ قويۇپ پەلتوسىنى ئاسقۇدىن ئېلىپ ئالدىرىماي كىيىشكە باشلىدى. ئاڭغىچە ئاسىيە يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇنىڭ سومكىسىنى ئەكېلىپ بەردى. شۇ ئارىلىقتا تېلېفون جىرىڭلاپ كەتتى. تېلېفوننى ئاسىيە ئالدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، تەنلىرى تازىمۇ؟

ئاسىيە ئەھۋال سوراپ بولۇپلا، تېلېفوننى دەرھال

سۇلايمانغا ئۇزاتتى. ئەسلىدە ئۇ ياسىندىن كەلگەن تېلېفون ئىدى. سۇلايمان تېلېفوننى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇچىسىدىكى پەلتوسىنى سېلىۋېتىپ ساپانا بېرىپ ئولتۇردى ۋە چاي شىرەسىدىكى گېزىتلەرنىڭ ئاردىسىدىن بىرنېمىنى ئىزدەشتۈرگىلى تۇردى. بىر چەتتە قاراپ تۇرغان ئاسىيە ئۇنىڭدىن ھەيرانلىق ئىچىدە سورىدى:

— نېمىنى ئىزدەۋاتىلا؟

— تىزگىنەكنى.

ئاسىيە دېرىزە تەكچىسىدە تۇرغان تىزگىنەكنى ئەكېلىپ سۇلايمانغا ئۇزاتقاچ سورىدى:

— ياسىناخۇن نېمە دەيدۇ؟

— تازا بىر ئىش بېجىرىشنى ئۇقمايدىغان بىر نېمىلەركەندە بۇ؟ مېنى خەۋەرلەندۈرۈپمۇ قويماي... — دەپ غودۇڭشىغىلى تۇردى سۇلايمان ئاسىيەنىڭ گېپىگە ئۇدۇل جاۋاب بەرمەي.

— نېمە بوپتۇ؟ — دەپ سورىدى ئاسىيە ئەندىكىپ تۇرۇپ.

— ئەسلىدە زۆھرەنىڭ نەتىجىسى ھەممىسىدىن ياخشى چىقىپتىكەندۇق، بىراق... مەن ياسىنغا: «مۇنەۋۋەرنى ئوبدانراق ئويلىشىپ قويارسەن» دەپ قويغاچقا، مۇزاكىرىدە نۇرغۇن باھانە-سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ مۇنەۋۋەرنى قوبۇل قىلىشنى كۆپرەك تەكىتلىگەن ئوخشايدۇ، قانداقلا بولمىسۇن، ئۇ دېگەن باش مۇھەررىر-دە، شۇڭا ئاخىر مۇنەۋۋەرنى قوبۇل قىلىدىغان بوپتۇ، — دېدى سۇلايمان سەل-پەل ئۇمىدسىزلەنگەندەك قىلىپ.

— ۋيەي، راستما؟ خۇدايىم بۇيرۇسا، قىزىمنىڭ پېشانىسى ئوڭكەن، رەھمەت سىلىگە، — دېدى خۇشاللىقتا قىن-قىنىغا سىغماي قالغان ئاسىيە كۈلۈپ تۇرۇپ. لېكىن، سۇلايماننىڭ بۇ ئىشقا ئانچە خۇشال ئەمەسلىكىنى كۆرۈپ دەرھال ئۆزىنى بېسىۋالدى.

— ۋىيەي، راست! بۇنداق قىلسا زۆھرەگە ئۇۋال بولۇپ كەتكۈدەك-دە! — دېدى ئاسىيە دەرھاللا، — زۆھرە قىز ئېغىر ئېلىپ كېتەرمۇ ئەمدى... ھەي... ئۇنىڭغا ئوبدانراق گەپ قىلىپ قويايلى، ئاتىسى.

ئۆز قىزىنىڭ قوبۇل قىلىنماي قالغانلىقىنى ئاڭلىغان سۇلايمان راستتىنلا ئازابلىنىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ كۆڭلىدىكى ھەقىقىي تۇيغۇلىرىنى ئاسىيەدىن يوشۇرۇپمۇ ئولتۇرمىدى. ساپادا تىزگىنەكنى تۇتۇپ تېلېۋىزورغا قاراپ ئولتۇرغان سۇلايمان خېلىغىچە تېلېۋىزورنى ھېلى ئۇ قانالغا، ھېلى بۇ قانالغا يۆتكەپ باقتى، لېكىن ئۇنىڭ كۆزى تېلېۋىزوردا بولغىنى بىلەن كۆڭلى بۇ يەردە ئەمەس ئىدى. ئاسىيە ئېرىنىڭ كۆڭلىدىكىنى تۇيۇپ تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى ئەيىبلىگۈسى كەلمىدى. چۈنكى، سۇلايمان ئاتا ئەمەسمۇ! قايسىبىر ئاتا ئالدى بىلەن ئۆز پۇشتىنى ئويلىمايدۇ، دەيسىز؟!

سۇلايمان بۇ ئىشنى كەچلىك غىزانىڭ داستىخىنىدا ئولتۇرۇپ ئۆيدىكىلەرگە ئېيتتى. لېكىن، مۇنەۋۋەر بۇ خۇش خەۋەرنى ئاپىسىدىن ئاللىقاچان ئۇقۇپ بولغاچقا ھېچ ئىش بولمىغاندەك ناھايىتى تەمكىن ئولتۇراتتى. ئەمما، ئاتىسىنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ گويا بېشىدىن بىر چېلەك سوغۇق سۇنى قۇيۇۋەتكەندەك ئەندىكىپ كەتكەن زۆھرە دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ گەپ قىلماي ئولتۇرۇپ تامىقىنى يەۋەردى. ئۇ تامىقىنى يەپ بولۇپ چىنىسىنى ئاستا قويدى-دە، ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى.

زوھرە ھۇجرىسىغا كىرىپلا كارىۋاتقا ئۆزىنى ئېتىپ بۇقۇلداپ يىغلىغىلى تۇردى. ئاڭغىچە سۇلايمان بىلەن ئاسىيە كىرىپ كەلدى.

— قىزىم، كۆڭلۈڭنىڭ يېرىم بولۇۋاتقانلىقىنى

بىلىمەن، ــ دېدى كۆزلىرىنىڭ جىيەكلىرى قىزىرىشقا باشلىغان سۇلايمان، ــ لېكىن، بولار ئىش بولدى، قانداق قىلاتتۇق ئەمدى... بولدى قىل، بالام، يىغلىما...

ــ كېلىشمەسلىكنىڭ ھەممىسى مېنىڭ بېشىمغىلا كېلەمدۇ؟ ــ دېدى زۆھرە ياستۇقتىن بېشىنى كۆتۈرمەي تۇرۇپ ئېسەدىگىنىچە، ــ ئېيتقىنا، ئاتا، زادى نېمىشقا شۇنداق بولىدۇ؟ مېنىڭ نەتىجەم ھەممىسىنىڭكىدىن يۇقىرى تۇرسا؟ ئۇلار زادى نېمىشقا مېنى قالدۇرۇپ قويىدۇ؟ ياكى سەن: «زۆھرەنى قالدۇرۇپ قويۇپ، مۇنەۋۋەرنى قوبۇل قىلىڭلار» دېگەنمىدىڭ، ئاتا؟

سۇلايمان باشقا گەپ قىلمىدى.

ــ مەنمۇ سېنىڭ ياسىنكام بىلەن ئاغىنە ئىكەنلىكىڭنى، سەن ئۇنىڭغا ئىككى ئېغىز دەپ قويساڭلا سېنىڭ گېپىڭنى يەرمايدىغانلىقىنى كېيىن ئۇقتۇم، ــ دېدى زۆھرە ياستۇقتىن تەستە بېشىنى كۆتۈرۈپ، تاراملاپ ياش قۇيۇلۇۋاتقان كۆزلىرىنى سۇلايمانغا تىكىپ تۇرۇپ.

ــ مەن... مەن... ياسىنغا ئىمتىھان باشلىنىشتىن بۇرۇنلا مۇنەۋۋەرنىڭ گېپىنى چىقارغان، ــ دېدى سۇلايمان دۇدۇقلاپ تۇرۇپ، ــ سېنىڭمۇ ئىمتىھانغا قاتنىشىدىغانلىقىڭنى ھېلىقى كۈنى ئاشۇ يەردە ئۇقتۇم... مەن... مەن بالدۇر ئۇقماپتىمەن، بالام؟!

ــ نېمىلا بولسا ئىمتىھان كۈنى ئۇقتۇڭمۇ؟! ــ دەپ ۋارقىرىۋەتتى زۆھرە. بۇ ئۇنىڭ ئاتىسىغا ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم قاتتىق گەپ قىلىشى ئىدى. سۇلايمان نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك بولۇپ كېتىۋاتاتتى.

ئاڭغىچە ئاسىيە ئېغىز ئاچتى:

ــ زۆھرەگۈل، سىز ئاق-قارىنى پەرق ئېتەلەيدىغان، باشقىلارنىڭ ھالىغا يېتىشنى بىلىدىغان قىزغۇ بالام، مەن... بۇ

ئۆيگە كىرىپلا سىزدەك بىر قىزىمنىڭ بارلىقىنى بىلىپ بەكمۇ خۇش بولغانىدىم... گېپىمگە قۇلاق سېلىپ بېقىڭە، بولامدۇ؟ سىز...

— ئايلا، مېنىڭ ئىشىم بىلەن سىزنىڭ كارىڭىز بولمىسۇن!

ئاسىيە ئۆز كۆڭلىدە كەيپىياتنى گەپ بىلەن ئوڭلىماقچى بولغانىدى، لېكىن زۆھرە ئۇنىڭ گېپىنىڭ بېلىگە تېپىۋەتتى. شۇنداق قىلىپ، ئاسىيە ئېغىز ئاچماي بىر چەتتە جىمجىت ئولتۇردى. ئۈچەيلەن بىرھازاغىچە شۇ تەرىقىدە گەپ-سۆز قىلماي ئولتۇرۇپ كەتتى. زۆھرەگە گەپ يېگۈزۈشكە ئىلاجسىز قالغان سۇلايمان بىلەن ئاسىيە ئاخىر زۆھرەنىڭ ھۇجرىسىدىن ئاستا يېنىپ چىقتى.

خۇشلۇقىدا كېچىچە كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمىگەن مۇنەۋۋەر ئەتىسى كۈندىكىدىن بۇرۇن تۇردى-دە، چىرايلىق كىيىنىپ، ناشتىغىمۇ قارىماي ئىشقا ماڭدى. سۇلايمان بىلەن ئاسىيە ئاشخانىغا كىرىپ ناشتىغا ئەمدى ئولتۇرۇشىغا كېچىچە يىغلاپ چىققاچقىمۇ قاپاقلىرى ئىششىپ، چاچلىرى سالۋاراپ كەتكەن زۆھرە ھۇجرىسىدىن ئاستا چىقىپ ھاجەتخانىغا كىرىپ كەتتى. زۆھرە ھايال ئۆتمەي يۈز-كۆزىنى يۇيۇپ چىقىپ داستىخانغا كەلدى. سۇلايمان ئۇنىڭ چىرايىدىن ئاخشامقى غەمكىنلىكىنىڭ يىتكەنلىكىنى كۆرۈپ سەل ھەيران قالدى. ئۇ يەنە داستىخاندا ئولتۇرۇپ، خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئاتىسى بىلەن بىرنەچچە ئېغىز مۇڭداشتى.

«ئالتۇنغا بەرگۈسىز بالىدە بۇ!» دەپ ئويلىدى سۇلايمان ۋە ئاخشامقى كۆڭۈلسىزلىكنىڭ ھەرنېمە بولسا تۈگىگەنلىكىنى كۆرۈپ، كۆكسىنى تولدۇرۇپ چوڭقۇر نەپەس ئالدى.

لېكىن، سۇلايمان خاتا ئويلىغانىدى، چۈنكى زۆھرە ئاتىسىنى ئاياپ كۆڭلىدىكىنى چاندۇرمىغىنى بىلەن بۇ ئىش ئۇنىڭ يۈرىكىگە ئۇنتۇلماس ئازابنىڭ ئۇرۇقىنى سېلىپ قويىدى.

## 27

رامزان ئېيىمۇ يېتىپ كەلدى. بۇ يەردىكىلەر ئاساسەن دېگۈدەك ئوتتۇز كۈن رامزان چىقىپ كەتكۈچە روزىنى قازا قىلمايدۇ، نەغمە-ناۋا قىلىدىغان سورۇنلارنى تۈزمەيدۇ، ئۆلۈم-يېتىم بولۇپ قالسا ئۇنىڭ نەزىر-چىرىغىنى ئىپتار ۋاقتىدا ئۆتكۈزىدۇ.

ئادەتتە خىزمەت ۋە تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدىن باشقا يەنە بارمىسا بولمايدىغان توي-تۆكۈن، چاي، ئولتۇرۇش دېگەنلەرنىڭ تولىلىقىدىن چارچاپ جۇلۇقى چىقىپ كېتىۋاتقان كىشىلەر بىر ئاي رامزان مەزگىلىدە ھەپتە ئاخىرىدىكى دەم ئېلىش كۈنلىرىنى بالىۋاقىسى بىلەن «ئۇھ» دەپ خاتىرجەم ئۆتكۈزىدۇ. شۇڭا ھەتتا روزا تۇتمايدىغانلارمۇ گاھىدا: «رامزان ۋاقتى بىر ئاي بولماي ئىككى-ئۈچ ئاي بولسىمۇ بوپتىكەن، شۇنداق بولسا توي-تۆكۈننىڭ ھەشەم-دەرەملىرىدىن خېلىلا قۇتۇلۇپ قالاركەنمىز» دېيىشىپ كېتىدۇ.

قىسقىسى، رامزان مەزگىلىدە كىشىلەر كۈنلىرىنى خاتىرجەم، ئارامخۇدا ئۆتكۈزىدۇ. ئەمما، بۇ يىل رامزان كىرىشى بىلەن سۇلايماننىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئادەتتىكىدىنمۇ بەكرەك ئالدىراش بولۇپ كەتتى. چۈنكى، ھەكىمەنىڭ سەھرادىكى چوڭ ئاكىسى: «رامزان كىرىشى بىلەن نەۋرەمنى ئېلىپ ئۈرۈمچىگە كېسەل كۆرسەتكىلى بارىمەن!» دەپ گەپ ئېيتىپ بەردى. ئادەتتە سۇلايماننىڭ تۇغقانلىرى ئۈرۈمچىگە نېمە ئىش بىلەن كەلمىسۇن، مېھمانخانىغا چۈشمەي ئۇدۇل سۇلايماننىڭ ئۆيىگە كېلىپ تۇراتتى.

كەلمەكچى بولغان ئۇ كىشى ئاسىيە سۇلايمانغا ياتلىق بولغاندىن بۇيان بۇ ئۆيگە تۇنجى قېتىم ئاياغ باسىدىغان سەھرالىق مېھمان ئىدى. ئاسىيە تۇرۇپلا تەشۋىشلىنىپ

قىلىۋاتاتتى.

«ئۇ كىشى سۇلايمانئاخۇننىڭ بۇرۇنقى ئايالىنىڭ ئاكىسى ئىكەن، ــ دەپ ئويلايتتى ئاسىيە دىلىغۇللۇق ئىچىدە، ــ مېنى نېمدەپ قالار؟ كۆزىگە سەت كۆرۈنۈپ قالارمەنمۇ...؟»

شۇنداق قىلىپ، سۇلايمان بىلەن ئاسىيە ئىككىسى ئۇ كىشىنىڭ كېلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ مېھماننى ئوبدان كۈتۈۋېلىشنىڭ تەييارلىقىنى كۆرۈشتى. ئۇلار ئالدى بىلەن سەھرادىن كېلىدىغان ئۇ مېھمانغا بىر ئېغىز ئۆينى بىكارلاپ جابدۇپ قويماقچى بولۇشتى، لېكىن سۇلايماننىڭ ئائىلىسىدە بىكار ئۆي يوق ئىدى. ئاخىر سۇلايمان ئەر-خوتۇن ئىككىسى زۆھرە بىلەن مۇنەۋۋەرنى زۆھرەنىڭ ھۇجرىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، مۇنەۋۋەرنىڭ ھۇجرىسىنى ھېلىقى مېھمانغا بىكارلاپ بېرىشنى مەسلىھەتلەشتى. ئەسلىدە سۇلايمان: «زۆھرە بىلەن مۇنەۋۋەر ئاچا-سىڭىل بولغاندىكىن بىر ئېغىز ھۇجرىدا ۋاقتىنچە تۇرۇپ تۇرسا ھېچنېمە بولماس» دەپ ئويلىغانىدى، لېكىن ئويلىمىغان يەردىن زۆھرە مۇنەۋۋەر بىلەن بىر ھۇجرىدا تۇرىدىغانلىقىنى ئاڭلاپلا ئۆكۈپ كەتتى. گەپنىڭ راستىنى دېگەندە، سۇلايمان بىلەن ئاسىيەنىڭ نەزىرىدىكى نېمە دېسە «ھە» دەيدىغان قىزىدەك رايىش زۆھرە ئۇچۇن ئېيتقاندا مۇنەۋۋەرگە ئۆزىنى بىر كۆرسىتىپ قويىدىغان پۇرسەت كەلگەنىدى.

سۇلايمان بىلەن ئاسىيە بازارغا چىقىپ كەتكەن پەيتتە، زۆھرە ئاتىسى بىلەن ئۆگەي ئاپىسى ئۇنىڭ ھۇجرىسىغا ئەكىرىپ قويغان مۇنەۋۋەرنىڭ ئورۇن-كۆرپىسىنى مېھمانخانىغا ئاچىقىپ تاشلاپ قويدى.

ــ ۋۇي، بۇ نېمە قىلغىنىڭ ئەمدى؟ ــ دېدى بازاردىن قايتىپ كىرگەن سۇلايمان مۇنەۋۋەرنىڭ مېھمانخانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تاشلاقلىق تۇرغان ئورۇن-كۆرپىسىنى كۆرۈپ

تەئەددى بىلەن.

— ھېچنېمە قىلغىنىم ئەمەس، — دېدى زۆھرە ئاتىسىغا سوغۇق تىكىلىپ تۇرۇپ، — ماڭا تەئەللۇق بولمىغان نەرسىلەرنى ئاچقىپ تاشلىۋەتسەم بولمامدىكەن؟

زۆھرەنىڭ گەپلىرىدىن جۇدۇنى ئۆرلىگەن سۇلايمان ئۆزىنى تەستە بېسىۋالدى:

— زۆھرە، ئادەتتە خېلى غەرەز ئۇقىدىغان بالا ئىدىڭ... بۇ... بۇگۇن زادى نېمە بولدۇڭ، قىزىم؟

ئارىدىكى سوغۇقچىلىقنى كۆرگەن ئاسىيە نېمە قىلارىنى بىلەلمەي تىتىلداپ كېتىۋاتاتتى. ئاسىيە — سۇلايماننىڭ خوتۇنى بولغىنى بىلەن ئالدىدا تۇرغان بۇ قىزنىڭ ئۆز ئاپىسى ئەمەس. شۇڭا ئۇ ئادەتتە سۇلايماننىڭ بالىلىرى بار چاغلاردا بەكمۇ قورۇنۇپ قالىدىغانلىقى ئۈچۈن ھەرقانداق ئىش، ھەربىر ئېغىز سۆزنى ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن قىلاتتى، پەقەت سۇلايماننىڭ بالىلىرى چىقىپ كېتىپ، بوۋاي بىلەن موماي ئىككىسى يالغۇز قالغان چاغلاردىلا گويا يەلكىسىدىكى ئېغىر يۈكنى ئېلىپ تاشلىۋەتكەندەك يېنىكلەپ قالاتتى. ئۇ تۈيۈقسىزلا ئويلاپ قالدى: «ھەي، ئېسىت، سۇلايمانئاخۇننىڭ بالىلىرى بولمىغان بولسىچۇ!» ئاسىيە چاقماق تېزلىكىدە كاللىسىغا كەچكەن بۇ بولمىغۇر ئويىي ئۈچۈن شۇ ھامانلا خىيالىدا ئۆزىنىڭ ئېغىزىغا نەچچە كاچات سالدى.

ئاتا ـ بالا ئىككىسىگە باشقا گەپ قىلىشىنىڭ بىئەپ ئىكەنلىكىگە كۆزى يەتكەن ئاسىيە ئاستا بۇرۇلۇپ ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى ۋە بايا بازاردىن ئەكەلگەن كۆكتاتلارنى ئېلىپ ئادالاشقا باشلىدى.

نېملا دېگەنبىلەن زۆھرە ناھايىتى رايىش قىز ئىدى. شۇڭا ئۇ ئائىلىسىدىكى نۇرغۇن ئىشلارغا كۆڭلىدە نارازى بولۇۋاتاتتىيۇ، ئەمما يەنە ئاتىسىنىڭ دىلىنى ئاغرىتقۇسى

كەلمىدى. چۈنكى، زۆھرە ئاتىسى ئۇنىڭغا گەپنى ناھايىتى سىلىق قىلغىنى بىلەن، شۇ چاغدا چىرايىنىڭ تامدەك تاتىرىپ كەتكەنلىكىنى سەزگەنىدى.

«يەتمىش ياشقا كىرىپ قالغان ئاتامنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتىپ قويدۇمدە، ئىست! — دەپ ئويلىدى زۆھرە، — ئەجەب يېنىكلىك قىپتىمەن...!

لېكىن، «ئاتقان ئوقنى قايتۇرۇپ بولماس» دېگەن گەپ بار ـ دە! زۆھرە مۇنەۋۋەرنىڭ ئورۇن ـ كۆرپىسىنى ئاچىقىپ تاشلىۋەتكەنىكەن، قىلغان ئىشىغا مىڭ پۇشايمان قىلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەردە تۇرغان ئورۇن ـ كۆرپىلەرنى يەردىن ئېلىپ ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىغا ئەكىرىپ كېتىشى ئاسان ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئۇ يەردىن بېشىنى كۆتۈرمەي بىرھازا تۇرغاندىن كېيىن ئارقىسىغا بۇرۇلۇپلا ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى.

بىردەمدىن كېيىن زۆھرەنىڭ ھۇجرىسىنىڭ ئىشىكىنى بىرى تۇيۇقسىزلا ئاچتى. ئاڭغىچە سۇلايمان ئىتتىك كىرىپ ئۇستەلنىڭ ئالدىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇردى. ئۇنىڭ چىرايى ئۆڭۈپ قارىداپ كەتكەنىدى.

— ئاتا، مەن خاتا قىپتىمەن، — دېدى زۆھرە ئاتىسىنىڭ يېنىغا ئاستا بېرىپ، — كۆڭلۈڭگە ئالمىغىن، بولامدۇ؟!

لېكىن، زۆھرەنىڭ ئىككى ئېغىز ئۆزرىسىگە سۇلايماننىڭ ئاچچىقى ياندىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇ چەكسىز نارازىلىق يېغىپ تۇرغان كۆزلىرىنى زۆھرەگە تىكتى ۋە زەردە بىلەن دېدى:

— سىلەر زادى قانداق بالىلار ـ ھە؟ ئاۋۇ كۈنى شەرىپە مۇنەۋۋەرگە ماي تارتىپ قاپتۇ، ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ قويغىنىمغا ماڭا ئاچچىق قىلىپ شۇ چىقىپ كەتكىنىچە ئۆيگە ئىككىنچى دەسسىمىدى. ئەمدىلىكتە سەن قوپتۇڭ، ئېيتقىنا، مۇنەۋۋەر ھەرقايسىڭنىڭ ئۇمىچىنى ئۆرۈۋەتتىما؟

زۆھرە خاتالىقنى بويىنغا ئېلىپ ئاتىسىدىن كەچۈرۈم سورىسىمۇ، لېكىن ئۇ ئاتىسىنىڭ ئۆزىگە مۇنداق قاتتىق تېگىپ كېتىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى. دۇرۇس، بالىلار بىلەن ئۆگەي ئاپا ۋە ئەرنىڭ بالىلىرى بىلەن ئۆگەي ئاپا ئەگەشتۈرۈپ كەلگەن بالىلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ناھايىتىمۇ نازۇك بولىدۇ. ئۇلار ئوتتۇرىسىدا بولغان ئىشلارغا «سېنىڭ توغرا، ئۇنىڭ خاتا» دەپ باھا بېرىشمۇ بەسى مۇشكۈل. شۇڭا زۆھرەنىڭ ئۈيىچە بولغاندا، ئۇ مۇنەۋۋەرنىڭ ئورۇن-كۆرپىسىنى ئاچچىقىپ تاشلىۋېتىپ توغرا قىلغانىدى. چۈنكى، مۇنەۋۋەر بۇ ئائىلىنىڭ ئەزاسى ئەمەس، شۇڭا ئۇنىڭ بۇ ئۆيدە تۇرۇش ھوقۇقىمۇ يوق. ئاپىسى قازا قىلىپ كېتىپ كۆڭلى يېرىم بولۇپ تۇرغان بالىلار ئارىدىن بىرەر يىل ئۆتە-ئۆتمەيلا ئۆمرىدە كۆرۈپ باقمىغان يات بىر خوتۇن قىزىنى ئەگەشتۈرۈپ كىرىپ ئاپىسىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىۋالسا بۇنىڭغا خاپا بولماي خۇشال بولامتى ئەمىسە؟! توغرا، بۇ ئۆينىڭ توققۇزى تەل، لېكىن بالىلار گېلىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاننى سۈغۇرۇۋېلىپ باشقىلارغا بېرىشكە، ئۆز ئۆيىنى دوستلىرىغا ئۆتۈنۈپ بېرىپ ئۆزى تالادا يېتىشقا رازىكى، ئۆگەي ئاپىسى بىلەن ئۆگەي سىڭلىسىنىڭ بۇ ئۆيدە يەپ-ئىچىپ، يېتىپ-قوپۇشىغا كۆڭلى ئۇنىمايتتى. شۇنداق، ئاتىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇ يات خوتۇن ئاتىنىڭ ھالال جۈپتى؛ ئۇ بۇ ھەمراھىغا كۆڭلىنى بەرگەنىكەن، ئەلۋەتتە ئۇ ئەگەشتۈرۈپ كەلگەن قىزنىمۇ ئۆز بالىلىرىدەك پاناھىغا ئېلىشى كېرەك. ئەمما، ئۇ ھەممىلا ئادەمنى ئۆزىدەك ئويلاپ، بالىلىرىدىن ئۆگەي ئاپىسى بىلەن ئۆگەي سىڭلىسىغا ئىللىق قۇچاق ئېچىشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. كىشىلىك دۇنياسىدىكى ھەرقانداق زىددىيەت ئادەملەرنىڭ كۆزقارىشى ۋە قوغلىشىدىغان مەنپەئەتىنىڭ ئوخشاشمايدىغانلىقىدىن كېلىپ

چىقسا كېرەك. بۇنداق زىددىيەتنى ئەبەدىي ھەل قىلغىلى بولمايدۇ. شۇڭا بۇنىڭ بىردىنبىر چارىسى چىشىنى چىشلەپ تۇرۇپ يول قويۇش، خالاس. شۇ ۋەجىدىن ئاتىنىڭ كۆڭلى رەنجىپ قالغۇدەك بولسا باللار ئاتىسىغا چوقۇم «سىنىڭ راست» دېيىشى كېرەك. بۇ خىل چارە گەرچە باللارنىڭ كۆڭلىنى ئازابتىن لەختە-لەختە قان قىلىۋەتسىمۇ، شۇنداق قىلماي بولمايدۇ.

زۆھرە ئاتىسىنىڭ گەپلىرىگە لايىق ئېغىز ئېچىشقا تەمشىلىپ باقتىيۇ، لېكىن نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى.

— سەن دېگەن شەرىپەنىڭ ئايلىسى، بىلسەڭ، — دېدى سۇلايمان زۆھرەگە قاراپ، — ئۇنى باشلىماقتا يوق، باتناپ ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ ھازىرغىچە قارىسىنى كۆرسەتمىسىمۇ، بۇنىڭغا پەرۋايىڭ پەلەك يۈرۈۋاتىسەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۈگۈنكى ئىشىڭ مېنى بەكمۇ ئۈمىدسىزلەندۈردى، قىزىم!

— ماقۇل، ئاتا، ھازىرلا ئۇنىڭغا تېلېفون قىلاي، كەلسۇن!

سۇلايمان:

— بولدى، قىلما! كەلگىسى بولمىسا نەگە بارسا بارسۇن! — دېدى-دە، ئىتتىك چىقىپ كەتتى.

زۆھرە ئاتىسىغا دۈمبىسى تەرىپىدىن سەپسېلىپ كۆزلىرىگە ئىشەنمەيلا قالدى. چۈنكى، سۇلايمان زۆھرەنىڭ ئىلگىرىكى كۆيۈمچان، خۇش چاقچاق، رەھىمدىل ئاتىسىغا پەقەتلا ئوخشىمايۋاتاتتى. دىماغلىرى ئېچىشىشقا باشلىغان زۆھرە ئۆز كۆڭلىدە مەرھۇم ئاپىسى بىلەن مۇڭداشقۇسى كېلىپ قالدى: «ئاتام بىلەن قىرىق نەچچە يىل ئۆي تۇتۇپسىلەر، سەن ھايات چاغىدا ئىككىڭلارنىڭ بىر-بىرىڭلارغا شۇنداق ئىچىكىدىغانلىقىڭلارنى كۆرۈپ تەنلىرىمىز يايراپ كېتەتتى، بىراق ئاپام رەھمەتلىك كۆز يۇمۇپ بىر يىلدىن كېيىنلا ئاتام

ئۇنى پاك-پاكىز ئۇنتۇپ كەتتى. مانا ھازىر ئۆمرىمىزدە كۆرۈپ باقمىغان نەدىكى بىر يات خوتۇننى دەپ، بىزگە قاپاق ئاچماس بولۇپ قالدى، بارغانسېرى كۆزىمىزگە يوچۇن كۆرۈنىدىغان بولۇپ كەتتى. دۇنيادىكى ئەرلەرنىڭ ھەممىسى شۇنداق بولسا كېرەك! ئاپا، سەن مۇشۇ ئائىلىنى دەپ، بىزنى دەپ، ئاتامنىڭ خىزمىتىنى دەپ، ئۆزۈڭ ياخشى كۆرىدىغان ئەدەبىي تەھرىرلىكنى تاشلاپ، ئۆمۈر بويى پوچتىكەش بولۇپ ئىشلىدىڭ؛ ئاتامنىڭ جەمئىيەتتە يۈز تېپىشى، بىزنىڭ ساق-سالامەت چوڭ بولۇپ، ئوقۇشلۇق قاتارغا قوشۇلۇشىمىز ئۈچۈن بارلىق يۈرەك قېنىڭنى سەرپ قىلىپ، راھەت كۆرىدىغان چاغدا بىزنى تاشلاپ كېتىپ قالدىڭ! لېكىن، ئاتامچۇ؟ سەن جېنىڭدىنمۇ ئەزىز كۆرىدىغان ھەمراھىڭچۇ؟ ئۇ ھازىر سېنى تامامەن ئۇنتۇپ، باشقا بىر خوتۇن بىلەن ئاشۇ خوتۇننىڭ قىزىغا يۈرىكىنى سۇغۇرۇپ بەرگىلىۋاتىدۇ، ئۇ سېنىڭدىن ئايرىلىپ قالغان بولسىمۇ، يەنىلا بەختنىڭ پەيزىنى سۈرۈۋاتىدۇ. نېمىدېگەن رەھىمسىز دۇنيا بۇ، جېنىم ئاپا!»

زۆھرەنىڭ كۆز ياشلىرى مارجاندەك تۆكۈلگىلى تۇردى. دەل شۇ چاغدا ئاسىيەنىڭ ئۈنى ئاڭلاندى:

— زۆھرەگۈل، مەيەگە چىقىڭە، قىزىم!

زۆھرە يۈز-كۆزىدىكى ياشلىرىنى دەرھال سۈرتۈۋېتىپ ھۇجرىسىدىن چىقتى.

سۇلايمان مېھمانخانىدىكى ساپادا تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇراتتى، ئاسىيە چاي شىرەسىنىڭ ئۈستىگە قويۇلغان جاۋۇردىكى كەرەپشىنى ئادالاۋاتاتتى.

— زۆھرەگۈل، — دېدى ئاسىيە ئۇنىڭغا كۈلۈپ تۇرۇپ، — سىز كەرەپشىدە قىيما قىلغان بەنشىرىگە بەك ئامراققۇ؟ خېمىرنى يۇغۇرۇپ تەخ قىلىپ قويدۇم، جىلتا ئېچىشقا سىز مەندىن ئۇستىكەنسىز، شۇڭا سىز جىلتا ئېچىڭ، مەن قىيما قىلاي

ئاندىن قول- قولچە تۇگەيلى، بولامدۇ؟

زۆھرە ئۆزىگە خۇش چىراي گەپ قىلىۋاتقان ئاسىيەگە قاراپ دەسلەپتە نېمىشقىدۇر نومۇس قىلغاندەك دېلىغۇل بولۇپ تۇرۇپ قالدى. شۇنداق ئەمەسمۇ؟ زۆھرە ئاچچىقىغا پايلىماي، مۇنەۋۋەرنىڭ ئورۇن- كۆرپىسىنى ئاچىقىپ تاشلىۋەتكەنىدى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئاسىيە زۆھرەگە قاپاق تۈرۈشى كېرەك ئىدى. ئەمما، ئۇ قاپاق تۈرۈش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، زۆھرەنى ئۆز كۆرگەچكە ھېچ ئىش بولمىغاندەك كۈلۈپ گەپ قىلىۋاتىدۇ. ئاق- قارىنى پەرق ئېتەلەيدىغان ھەرقانداق ئادەم بۇنداق چاغدا ئۆتكۈزگەن سەۋەنلىكى ئۈچۈن ئۆزىنى مىڭ بىر ئەيىبلىمەي قالمايدۇ.

— ماقۇل، قولۇمنى يۇيۇپ چىقاي، — دېدى زۆھرە ۋە ئىتتىك ھاجەتخانىغا كىرىپ كەتتى.

زۆھرە قولىنى يۇيۇپ چىققاندا سۇلايمان كۆرۈنمەيتتى. زۆھرە ئاشخانىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا بېرىپ قاراپ باقتى. سۇلايمان ئاشخانىدىكى جومەكنىڭ ئالدىدا ئۆرە تۇرۇپ كۆكتات يۇيۇۋاتاتتى.

— ۋاي، ئانىمەي، ئۇنداق قىلماي چىقىپ تېلېۋىزورلىرنى كۆرسىلە، ئۆزۈم يۇيىمەن، — دەيتتى ئاسىيە سۇلايماننى قولىدىن تارتىپ تۇرۇپ.

سۇلايمان بولسا ئۇنىڭ قولىنى ئىتتىرەتتى:

— سەن نېرى تۇرغىن، سۇ بەك سوغۇقكەن، «ئۆزۈم يۇيىمەن» دېگىنىڭ بىلەن كېچىچە يەنە «ۋاي قولۇم!» دەپ چىقىسەن بىكار!

سۇلايمان ئاسىيەنى سىرتقا ئىتتىرگەچ ئۇنىڭ بېلىنى چىمدىپ قويدى. بۇنىڭ بىلەن ئاسىيە ۋىلىقلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئاشخانىنىڭ ئاستىدىكى گىلەم قېلىن بولغاچقا، سۇلايمان بىلەن ئاسىيە زۆھرەنىڭ كىرگەنلىكىنى

تۇيمىغانىدى. ئاتىسى بىلەن ئاسىيەنىڭ بۇ تۇرقىنى كۆرگەن زۆھرە ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ چىقىپ كەتمەكچى بولدىيۇ، لېكىن ئۆلگۈرەلمەي قالدى. شۇڭا ئۇ گېلىنى قىرىپ قويۇپ سورىدى:

— ئاشخانىدا ئىسسىق سۇ يوقمۇ؟ ئەكەل، ئاتا، مەن يۇياي، — زۆھرە يەڭلىرىنى تۈرۈپ جۈمەكنىڭ ئالدىغا كەلدى.

سۇلايمان بىلەن ئاسىيە بايىقى قىلىقلىرىنى زۆھرەنى كۆرمىدى، دەپ ئويلىدىمۇ ياكى باشقا سەۋەب بارمۇ، ئىشقىلىپ، زۆھرەنىڭ تۇيۇقسىز كىرىپ كەلگەنلىكىدىن ئانچە ھودۇقۇپمۇ كەتمىدى.

— بولدى، بالام، يۇيۇپ بولدۇم، — دېدى سۇلايمان جاۋۇردىكى كۆكتاتنى ئاسىيەگە سۇنۇپ ۋە ئاشخانىدىن ئىتتىك چىقىپ كەتتى.

ئاڭغىچە ئاسىيە ئېغىز ئاچتى:

— سۇ ئىسسىتىدىغان ئاۋۇ نەرسە بۇزۇلۇپ قاپتىكەن، سۇ ئىسسىتقىلى بولمايۋاتىدۇ.

چۈشلۈك غىزا ۋاقتىدا ئىشتىن چۈشۈپ قايتىپ كەلگەن مۇنەۋۋەر ئاپىسىنىڭ كەرەپشە قىيمىلىق بەنشىرە ئەتكەنلىكىنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدا قىن-قىنىغا پاتمايلا قالدى:

— ۋاھ... ۋاھ! ئەجەب ياخشى قىپسەن، ئاپا! ئاخىر مېنى دەپ كەرەپشە قىيمىلىق بەنشىرە ئېتىپسەن-دە!

— ۋۇي، سىزمۇ بۇنداق بەنشىرىگە ئامراقمۇ، قىزىم؟ — سۇلايمان مۇنەۋۋەردىن كۈلۈپ تۇرۇپ سورىدى.

— ھە، مەن نېكەم ئاپامغا «كەرەپشىدە بەنشىر ئېتىپ بەرگىن!» دەۋاتقىلى، بىراق ئۇ: «ئاتاڭنىڭ ئاشقازىنى كۆتۈرەلمەيدىكەن» دەپ زادى ئېتىپ بەرگىلى ئۇنىمىغان. تۈنۈگۈن مەن يېڭى كەرەپشىدىن ئەكېلىپ ئاپامغا: «بەنشىرە ئېتىپ بەرگىن!» دەپ يالۋۇرغانىدىم، بۈگۈن راستىنلا ئېتىپ قويۇپتۇ، رەھمەت جۇمۇ، ئاپا! — مۇنەۋۋەر بېرىپ ئاسىيەنىڭ

پېشانىسىگە بىرنى سۆيۈپ قويغانىدىن كېيىن قاچىسىدىكى بەنشىرنى ئىشتىها بىلەن يېگىلى تۇردى.

مۇنەۋۋەرنىڭ بايىقى گەپلىرىدىن كۆڭلى بىرقىسمىلا بولۇپ قالغان زۆھرەنىڭ خىياللىرى يەنە قانات قاقىلى تۇردى: «كۆردۈڭمۇ ماۋۇ خوتۇننىڭ قۇۋلۇقىنى، گېپىنىڭ چىرايلىقلىقىنى! مەن تېخى ماڭسا ئاتاپ ئەتتى، دەپ كېتىپتىمەن، ئەسلىدە ئۆزىنىڭ قىزىنى دەپ ئېتىپتىكەن ئەمەسمۇ!» زۆھرە سۇلايمانغا مەنىلىك قارىدى. لېكىن، سۇلايمان بۇ ئىشلار خىيالىغا كىرىپ چىقمىغانىدەك، بىخۇدلۇق تامىقىنى يەپ ئولتۇراتتى.

— ۋىيەي، ئېسىم قۇرۇسۇن! — دېدى ئاسىيە سۇلايماننىڭ قاچىسىغا تاماق جىقلاۋېتىپ، — ئۇنتۇپ قالغىلى تاس قاپتىمەن، ئەتىگەن پولات تېلېفون قىپتىكەن، ئۇ: «بۈگۈن كەچتە ئىشلەيمەن، شۇڭا ئاتامنى يوقلاپ بارالمايدىغان بولدۇم، گۈليار دىلشاتنى ئېلىپ بارىدۇ» دەيدۇ.

— ۋۇي، دىلشاتمۇ بۇنداق بەنشىرگە ئامراق ئىدى، — دېدى سۇلايمان دەرھاللا، — تاماق ئۈستىگە كەلگەن بولسا خۇش بولۇپ كېتەتتى-دە...

ئۇ ئاسىيەدىن سورىدى:

— تۈگكەن بەنشىرىدىن بارمۇ يەنە؟

— بار، خېلى جىق تۈگكەن!

ئۇلار داستىخاننى يىغماي خېلىغىچە ئولتۇرۇپ باقتى، لېكىن گۈليار بىلەن دىلشات كەلمىدى. ئاخىر زۆھرە بىلەن مۇنەۋۋەر قاچا-قۇچىلار يىغىشتۇرۇشقا باشلىدى.

— زۆھرە ئاچا، سىز كىرىپ ئارام ئېلىڭ، — دېدى مۇنەۋۋەر زۆھرەنىڭ قولىدىن قاچا-قۇچا سېلىنغان پەتنۇسنى ئېلىپ، — قاچىلارنى مەن يۇيۇۋېتەي!

— مەيلى ئەمىسە، — دېدى زۆھرە ئانچە تارتىنىپ

ئولتۇرماي ۋە ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى. بىردەمدىن كېيىن ئاسىيەمۇ ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى. سۇلايمان چىشىنى بىرھازا كولىغاندىن كېيىن تاماكىدىن بىرنى تۇتاشتۇرۇپ ساپادا ئولتۇرۇپ ئالدىرىماي چەككىلى تۇردى. دەل شۇ چاغدا بىرى كېلىپ ئىشىكنى دوگۇلدىتىپ ئۇردى. سۇلايمان ئۆز-ئۆزىگە مىيىقىدا كۈلۈپ تۇرۇپ سۆزلەپ كەتتى:

—ھەي، دىلشات دېگەن قۇلاق كەستى، ئىشىكنىڭ قوڭغۇرىقىنى باسماي نېمىشقا مۇشتلاپ يۈرىدىغانسەن!

سۇلايمان ئىشىكنى ئېچىپ داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. ئىشىكنى ئۇرغىنى دىلشات ئەمەس، ھەكىمەنىڭ ئاكىسى ئەسئەد بىلەن ئۇنىڭ نەۋرىسى ئىدى.

—ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!

سۇلايماننىڭ قولىدا تاماكا بولغاچقا دەماللىققا ھودۇقۇپلا كەتتى ۋە تېزدىن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ ئەسئەد بىلەن كۆرۈشمەكچى بولۇپ ئۇنىڭغا دەرھال قولىنى ئۇزاتتى. ئىشىك ئالدىدا تۇرغان بۇ بوۋاي سۇلايماندىن ئون نەچچە ياش چوڭ ئىدى. نەچچە ئون يىلدىن بېرى ئۇلار خۇددى ئاغا-ئىنىدەك بىر-بىرىنى ھۆرمەتلەپ، پەردىشەپ بىلەن ئۆتۈشكەنىدى. شۇڭا سۇلايمان ئەسئەد بوۋاينىڭ ئالدىدا ھەرگىز تاماكا چەكمەيتتى. سۇلايمان تاماكا بار قولىنى دەرھال كەينىگە قىلىپ تۇرۇپ، تاماكىنى يىراققا قارىتىپ ئاتتى، تاماكا مېھماننىڭ ئۇنىنى ئاڭلاپ چىققان ئاسىيەنىڭ پۇتىغا چۈشتى. ئاسىيە پۇتىنىڭ ئۇستىدە تۇرغان تاماكىنى ئالمان-تالمان ئالدى-دە، ئۇنى ياندا تۇرغان گۈل تەشتىكىگە نىقتاپ ئۆچۈرۈۋەتتى.

سۇلايمان ئەسئەد بوۋاي بىلەن ئۇنىڭ نەۋرىسىنى ساپاغا باشلىدى. ئەسئەد بوۋاي ساپاغا كېلىپ ئولتۇردى ۋە شۇ ھامان ئورنىدىن تۇردى ۋە قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرۇپ سۇلايمان بىلەن

ئاسىيەدىن ئىنچلىق سورىدى. ئۇ ساپاغا قايتىدىن كېلىپ ئولتۇرۇپ، گېلىنى قىرىپ قويۇپ قىرائەتنى باشلىدى. سۇلايمان بىلەن ئاسىيە قوللىرىنى قوۋۇشتۇرغىنىچە بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئۆرە تۇراتتى. ئەسئەد بوۋاي ئالاھازەل يىگىرمە مىنۇتچە قىرائەت قىلغاندىن كېيىن دۇئاغا قول كۆتۈردى.

— ...كەتكەنلەرگە ئىمان بىلەن بېھىش، تىرىكلەرگە ئىنسان-تەۋپىق ۋە دىيانەت ئاتا قىلغايسەن، ئامىن ئاللاھۇئەكبەر!

ھەممەيلەن ئەسئەد بوۋاي بىلەن تەڭ دۇئا قىلدى. ئەسئەد بوۋاي دۇئادىن كېيىن يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ سۇلايمان بىلەن ئاسىيەدىن يېڭىۋاشتىن ئىنچلىق سورىدى:

— تەنلىرى تازا، ئوبدان تۇردىلىمۇ؟...

...

— خۇدا بۇيرۇسا، ئوبدان كېتىۋاتىمىز، — دېدى سۇلايمان ئۇنىڭغا جاۋابەن، — قېنى ئولتۇرسىلا!

ئەسئەد بوۋاي سۇلايمان بىلەن پاراڭلاشقاچ ئاسىيەگە بېشىدىن-ئايىغىچە سەپسېلىپ قاراپ كەتتى. راست گەپنى قىلغاندا، ئۇ سۇلايمانغا تېگىپ مەرھۇمە سىڭلىسىنىڭ ئورنىنى باسقان بۇ مەزلۇمغا باشقىچە قاراشتىمۇ بولمىدى، لېكىن ئۇنى بەك ياقتۇرۇپمۇ كەتمىدى. چۈنكى، نېمىلا دېگەنبىلەن بۇ يات خوتۇن ئۇنىڭ سىڭلىسىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىۋالدى ئەمەسمۇ؟!

سۇلايمان بىلەن ئەسئەد بوۋاينىڭ مۇناسىۋىتىنى ئاسىيە ئوبدان بىلەتتى. بۇ سەھرالىق بوۋاينىڭ سۇلايماننىڭ نەزىرىدىكى يۇكسەك ئورنىنىمۇ ناھايىتى ياخشى چۈشىنەتتى. شۇڭا ئۇ بۇ بوۋايغا قانداق مۇئامىلە قىلسا جايىدا بولىدىغانلىقىنىمۇ كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغانىدى. قىسقىسى، ئەسئەد بوۋاينى خۇش قىلىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ئۇنى خاپا قىلىپ قويمىسىلا شۇنىڭ ئۆزى ئاسىيە ئۈچۈن تاغدەك

غەنىيمەت ئىدى.

ئاسىيە ئىتتىك كىرىپ مۇنەۋۋەرنى چاقىرىپ چىقتى. مۇنەۋۋەر ئەسئەد بوۋاينىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنىڭغا ئەدەپ بىلەن سالام قىلغاندىن كېيىن ئاستا كىرىپ كەتتى.

ئاگىنچە زۆھرە ھۇجرىسىدىن ئىتتىك چىقىپ كەلدى. ئۇ ئەسئەد بوۋاينى كۆرۈپ: «چوڭ ئاتا!» دەپلا ھۆكىرەپ يىغلاپ كەتتى. شۇنداق، بۇ سەھرالىق بوۋاي زۆھرەنىڭ ئاپىسى بىلەن بىر قورساقتا ياتقان ئەمەسمۇ؟! ئۇنىڭ جىسمىدا زۆھرەنىڭ ئاپىسىنىڭ ھىدى بار ئەمەسمۇ؟! شۇڭا زۆھرە چوڭ ئاتىسىنى كۆرۈپلا مەرھۇمە ئاپىسىنى قايتا كۆرگەندەك ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي تۆكۈلۈپلا كەتتى. ئۇ چوڭ ئاتىسىدىن ئۇبدان ئەھۋال سورىماقچى ئىدى، لېكىن نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي ئۆزىنى ئۇنىڭ قۇچىقىغا ئېتىپ ئۇن سېلىپ يىغلىۋەتتى. ئەسئەد بوۋايمۇ ئىختىيارسىز ھېق تارتىپ يىغلىغىلى تۇردى.

بۇنى كۆرۈپ سەل-پەل ئوڭايسىزلانغان ئاسىيە سۇلايمانغا: —مەن چاي دەملەپ كىرەي، — دەپ قويۇپ ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى.

ئاسىيە بىر چۆگۈن سۇ قاينىتىپ، مەخسۇس مېھمانلارغا ئاتاپ ئېلىپ قويغان ئەتىرگۈل چېيىنى ئېلىپ دەملىمەكچى بولدى. ئاگىنچە زۆھرەمۇ ئاشخانىغا كىرىپ كەلدى ۋە:

—ئاسىيە ئايلا، چوڭ ئاتام قارىچايدىن باشقىسىنى ئىچمەيدۇ، —دېدى.

—ئېسىمگە سېلىپ ياخشى قىلدىڭىز، زۆھرەگۈل، ھازىرمىغۇ نۇرغۇن كىشىلەر «يەنىلا شۇ قارىچاي ياخشىكەن» دەپ شۇنى ئىچىدۇ. ئەمما قارىچاي باشقا چايلاردەك چىرايلىق ئىشلەنمىگەچكىمۇ، نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنى مېھماننىڭ داستىخىنىغا ئاچىقىشتىن نومۇس قىلىدىكەن، —ئاسىيە قولىدىكى ئەتىرگۈل چېيىنى ئىشكاپقا سېلىۋېتىپ، ئىشكاپتىن

يېرىم تاختا قارىچاينى ئالدى-دە، ئۇنىڭدىن بىر پارچىنى سۇندۇرۇپ ئېلىپ ئۇششاق ئۇۋۇلاپ چەينەككە سالدى، ئاندىن چۆگۈندە پۇرۇقلاپ قايناۋاتقان سۇنى ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇيدى.

ئاسىيە دەملىگەن چېينى كۆتۈرۈپ چىققاندا زۆھرە نان-توقاچ، تاتلىق-تۈرۈم، قاق-گۇلە دېگەندەك نەرسىلەر بىلەن داستىخان راسلاۋاتاتتى. ئاسىيە شىرەگە داستىخان سېلىنمىغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپ قالدى.

— زۆھرەگۈل، ئالدى بىلەن داستىخاننى...

— ۋاي، خۇدايىمەي، — دېدى زۆھرە پېشانىسىگە بىرنى شاپىلاقلاپ، — ئېسىمگە سالمىسىڭىز ئۇنتۇپلا كېتەركەنمەن!

— مەن كىرىپ ئاچىقاي، — دېدى ئاسىيە دەرھال ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ.

بۇنى كۆرگەن ئەسئەد بوۋاي:

— ۋۇي، بولدى، ئاۋارە بولمىسىڭىزا، ھەممىمىز ئۆزگە، داستىخان سالمىسا نېمە بولاتتى، — دېدى تەكەللۇپ بىلەن.

بوۋاينىڭ گېپى تۈگىگىچە ئاسىيە يۈگۈرۈپ كىرىپ داستىخاننى ئاچىقتى، ئاڭغىچە زۆھرەمۇ شىرەنىڭ ئۈستىدىكى بايا تىزغان قەنت-گېزەكلەرنى پەتنۇسقا ئېلىپ بولغانىدى. ئاسىيە داستىخاننى شىرەنىڭ ئۈستىگە ئەدەپ بىلەن سالدى، زۆھرە پەتنۇستىكى نەرسىلەرنى قايتىدىن داستىخانغا تىزغاچ:

— ئۆزلە يېقىن يەردىن كەلمىدىلە، چوڭ ئاتا، شىرەگە داستىخان سالمايلا چاي قويساق سەت تۇرمامدۇ؟!

ئاسىيە چاينى قۇيماقچى بولۇپ چەينەكنى قولىغا ئېلىۋىدى، زۆھرە ئۇنىڭغا قول ئۇزاتتى:

— ئايلا، چاينى مەن قۇياي، سىزمۇ ئولتۇرۇڭ!

ئاسىيە ئاق كۆڭۈل ئاياللاردىن بولغاچقىمۇ، زۆھرەنىڭ بۇ پەۋقۇلئاددە مېھماننىڭ ئالدىدا ئۆزىگە مۇنچىۋالا تۈزۈت قىلغانلىقىنى كۆرۈپ يۈرەكلىرى «شۇررىدە» ئېرىپ

كەتكەنىدەك بولۇپ قالىدى. ئۇ سۇلايماننىڭ يېنىغا كېلىپ قورۇنۇپقىنە ئولتۇردى.

— قېنى، زۆھرەگۈل، سىزمۇ كېلىپ چاي ئىچىڭە، — دېدى ئۇ ھەممەيلەننىڭ پىيالىسىگە چاي قۇيۇۋاتقان زۆھرەگە قاراپ.

— بولىدى، سىلەر ئولتۇرۇڭلار، چوڭ ئاتامنىڭ نېمە يېگۈسى باركىن؟ مەن كىرىپ تاماققا تۇتۇش قىلاي، — زۆھرە ئالدى بىلەن ئاسىيەگە، ئاندىن ئەسئەد بوۋايغا قارىدى.

— بولدى قىلسىنا، بالام، مانا داستىخاندا ھەممە نەرسە تۇرامدۇ، يەنە تاماق قىلىمەن، دەپ ئاۋارە بولماڭلار، — دېدى ئەسئەد بوۋاي پىيالىدىكى چايدىن بىر يۇتۇم ئوتلاپ، — بىز تۈنۈگۈن يولغا چىققان دېسەڭلارا، يول ئازابىمۇ، ئىشقىلىپ، مىجەزىمنىڭ تايىنى يوق، ئىككى كۈن بولدى روزا تۇتالمىدىم، خۇدا بۇيرۇسا ئەتىدىن باشلاپ روزا تۇتىمەن.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان سۇلايمان بىلەن ئاسىيە بىر-بىرىگە «لاپپىدە» قاراشتى. چۈنكى، رامىزان ئېيىنىڭ كىرىپ بولغانلىقى تېخى ئۇلارنىڭ يادىدا يوق ئىدى.

— خۇدا بۇيرۇسا، — دېدى سۇلايمان ئەسئەد بوۋايغا قاراپ، — ئاسىيە بىلەن زۆھرە ئەتىگەن تۇرۇپ زوغا ئوبدان تاماق ئەتسۇن!

— ۋۇي، يەنە شۇ تاماقنىڭ گېپىنى قىلىلاغۇ، ماڭا بىر تەخسە قورۇما بىلەن ئازراق نان بولسىلا بولدى، باللار ئاۋارە بولمىسۇن!

سۇلايمان ئاسىيەدىن تۇيۇقسىز سورىدى:

— مۇنەۋۋەر كۆرۈنمەيدىغۇ؟

— ئىشقا كەتتى، — دېدى ئاسىيە ۋە ئىختىيارسىزلا ئەسئەد بوۋايغا قارىدى.

— مۇنىداق بولسۇن، — دېدى سۇلايمان ئاسىيەگە قاراپ، — سەن چىقىپ گۆش سال، ئۇنىڭ شورپىسىدا

ئوخشىتىپ ئۈگرە ئېتىڭلار، ئەسئەد ئاكام بىر چاغلاردا ئۈگرىگە يامان ئامراق بولىدىغان.

— ماقۇل، ھازىرلا تۇتۇش قىلاي، — ئاسىيە دەس ئورنىدىن تۇرغاچ ئەسئەد بوۋايغا ئىختىيارسىزلا يەنە بىر قېتىم «لاپپىدە» قارىدى.

— مەيلى ئەمىسە، ھەي... بۇ سىڭلىمنى ئاۋارە قىلارمەنمۇ، دەيمىنا، — دېدى ئەسئەد بوۋاي تەكەللۇپ بىلەن.

— ۋىيەي، ئاۋارە قىلدىم دېگەنلىرى نېمىسى ئەمدى، سىلى دېگەن مېھمان، — ئاسىيە ئەسئەد بوۋايغا ئۆزرە ئېيتىپ قويۇپ، ئىتتىك ئاشخانىغا چىقىپ كەتتى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن زۆھرەمۇ كىردى.

كەچلىك غىزا ۋاقتىمۇ بولدى. كەچلىك غىزانىڭ داستىخىنى ئاشخانىدىكى تاماق شىرەسىگە سېلىنغانىدى. مېھمانلار كىرىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن ئاسىيە يوغان بىر تاۋاق گۆشنى ئەكېلىپ داستىخانغا قويدى. ئاسىيە ھەرقانداق ئىشنى تۈجۈپىلەپ قىلىدىغان چېۋەر مەزلۇم ئىدى. ئادەتتىكى ئاياللارنىڭ كۆپىنچىسى گۆش سالسا، ئالدى بىلەن گۆشنى داغ سۇدا پىشۇرۇۋالاتتى، ئاندىن ئۇنىڭ ئۈستىگە ياگيۇ، سەۋزە دېگەندەك كۆكتاتلارنى سېلىپ، يەنە بىرئاز قايناتقاندىن كېيىن تاۋاققا ئېلىپ، ئۈستىگە ئازراق تۇز سېپىپلا ئاچىقىدۇ. لېكىن، ئاسىيە گۆش سالسا ھەمىشە ئالدى بىلەن پىيازنى قەغەزدەك توغرىۋالغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋاراقلاپ قايناۋاتقان شورپىدىن قويۇپ بىردەم تۇرغۇزاتتى، ئاندىن ئۇنى سۈزۈپ ئېلىپ تاۋاقتىكى گۆشنىڭ ئۈستىگە چاچاتتى، پالەكنىمۇ قايناق شورپىدىن ئۆتكۈزۈۋالغاندىن كېيىن گۆشنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ ئۇنىڭغا ئازراق تۇز سېپەتتى. شۇڭا ئۇ پىشۇرۇپ تاۋاققا ئاچىققان گۆشنىڭ ئۈستىدىكى ئاپئاق ياگيۇ بىلەن پىياز، ساپسېرىق سەۋزە ۋە ياپيېشىل پالەكنى كۆرگەن

هەرقانداق ئادەمنىڭ ئىشتىھاسى ئېچىلىپ كېتەتتى.

ئەسئەد بوۋاي تاۋاقتىكى گۆشنى ئىشتىھا بىلەن يېگەچ ئولتۇرۇپ ئېچىدە: «سۇلايماناخۇن ئالغان بۇ ئايال خېلى ئوبدان مەزلۇم ئىكەن» دەپ ئويلىدى.

تاماق يېرىملاشقاندا گۈلياردىن «ئۆيگە تويۇقسىز مېھمان كېلىپ قالدى، شۇڭا بۈگۈن بارالمايدىغان ئوخشايمەن» دەپ تېلېفون كەلدى. سۇلايمان تېلېفوننى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن داستىخانغا كېلىپ ئولتۇرۇپ ئۆزىچىلا ئۇھ تارتتى:

— ھەي، بۇ باللارنىڭ بىرىدىن بىرى ئالدىراش بولۇپ كەتتى دېسە مۇشۇ كۈندە!

— ۋۇي، شەرىپە كۆرۈنمەيدىغۇ، نەگە كەتتى ئۇ؟ — دەپ سوراپ قالدى ئەسئەد بوۋاي تويۇقسىزلا.

— ئۆزلىرىنىڭ كەلگەنلىكىنى ئۇقمىدى-دە. ئۇققان بولسا ئاللىقاچان كېلىپ بولاتتى، — دېدى زۆھرە.

زۆھرە ئىتتىك سۇلايمانغا قارىدى:

— تېلېفون قىلامدۇ-يا؟

— شۇنداق قىلسىنا، بالام، — دېدى ئەسئەد بوۋاي زۆھرەگە، — مەنمۇ ئۇزۇن زامانلار بولۇپ كەتتى، كۆرمىگىلى.

زۆھرە ئىتتىك قوپۇپ تېلېفون تەرەپكە مېڭىۋىدى، سۇلايمان ئۇنى توستى:

— بولدىلا، كەچ بولۇپ كەتتى، ئەتە تېلېفون قىلساقمۇ بولىدۇغۇ!

ئاتىسىنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلىغان زۆھرە قايتىپ كېلىپ ئولتۇردى. ئەسئەد بوۋايمۇ باشقا گەپ قىلمىدى.

ئاسىيە ئەسئەد بوۋاينىڭ ناھايىتى رايىش ئىكەنلىكى، بولۇپمۇ ئۆزىنىڭ بۇ ئائىلىدىكى پەۋقۇلئاددە سالاھىيىتىنى پەش قىلىپ، ئۇنىڭغا سوغۇق قارىمىغانلىقىدىن بەكمۇ خۇش بولۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەسئەد بوۋاي ئاسىيە ئەتكەن

تاماقنى ناھايىتى مەززە قىلىپ يېدى. شۇڭا «ئېگىلگەنگە ئېگىلگىن، بېشىڭ يەرگە تەگكۈچە» دېگەن تەمسىلنى ئوبدان بىلىدىغان ئاسىيە بۇ پەۋقۇلئاددە مېھماننى جېنى چىقىپ كەتسىمۇ رازى بولغۇدەك كۈتۈش نىيىتىگە كەلدى.

سۈلايماننىڭ گېپى بىلەن ئاسىيە ئەمدى ئۈگرىگە تۇتۇش قىلدى. ئاسىيە ئۈگرىنىڭ خېمىرىنى گۆشنى قازانغا سېلىشتىنلا يۇغۇرۇپ قويغانىدى. خېمىر بەك ئۆزلۈك يۇغۇرۇلغاچقا، ئاسىيە ئۇنى ناھايىتى تەستە يايدى. ئۇ خېمىرنى يېيىپ بولۇپ قەغەزدەك نېپىز ھەم تەكشى يېيىلغان خېمىرنىڭ ئۈستىگە ئازراق قۇرۇق ئۇن سېپىپ قويغاندىن كېيىن ئۈگرىنىڭ سۈيىنى تەييارلاشقا تۇتۇش قىلدى. ئاسىيە قوش مۇشتۇمدەك بىر پارچە گۆشنى قوناقتەك توغرىدى، ئاندىن يەنە بىر باش پىياز، ئىككى تال پەمىدۇرنى توغرىۋالغاندىن كېيىن ئۇنى توغرالغان گۆشكە قوشۇپ قىيما قىلىپ قاچىغا ئالدى. ئاخىرىدا ئالمىدەك بىر تال چامغۇر ۋە ئازراق كەرەپشىنى ئۇششاق توغراپ، بايىقى قىيمىغا قوشۇپ، ئۈستىگە ئازراق تۇز، قارىمۇچ ۋە زىرە سېپىپ تازا ئارىلاشتۇردى. قازاندىكى شورپا يەنە بىرئاز ۋاراقلاپ قايناغاندىن كېيىن قاچىدىكى قىيمىنى قازانغا تۆكتى.

ئاسىيە يېيىلغان خېمىرنى نوغۇچقا يۆگەپ، تۆت ئىلىك كەڭلىكتە گارمونچە قاتلىغاندىن كېيىن ئۇنى چاچتەك قىلىپ كەستى، ئاندىن كېسىلگەن چۆپنى قازانغا سېلىپ ئىككى ئۆرلىگەندىن كېيىن قازانغا يەنە بۇغدايدەك توغرالغان كۆك مۇچ ۋە ئۇششاق چانالغان سامساقنى سالدى. شۇنداق قىلىپ بىر قازان ئۈگرە تەييار بولدى.

ئاسىيە قازاندىكى ئۈگرىنى ئارا چىنىلەرگە ئۇسۇپ، ئۈستىگە ئازراقتىن يۇمغاقسۈتنى سالدى ۋە چىنىلەرنى پەتنۇسقا سېلىپ بىر-بىرلەپ داستىخانغا ئەكەلدى.

يۇمغاقسۇت سېلىنغان ئۇگرىنىڭ مەززىلىك ھىدى ھەش-پەش دېگۇچە ئۆي ئىچىنى بىر ئالدى.

ئەسئەد بوۋاي ئۇگرىنى ناھايىتى ئىشتىھا بىلەن ئىچتى. مەززىلىك ئۇگرىنىڭ لەززىتى ئۇگە-ئۇگىلىرىگە بارغان ئەسئەد بوۋاي «پۇررىدە» تەرلىدى.

— پاھ، ئۇزۇن زامانلار بويىچە بۇنداق مەززىلىك ئۇگرىنى ئىچىپ باقمىغىلى، — دېدى ئەسئەد بوۋاي يۈزىدىكى تەرلىرىنى قولياغلىقىدا سۈرتكەچ رازىمەنلىك بىلەن.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان سۇلايماننىڭ خۇشلۇقتىن تەنلىرى يايراپ كەتتى. ئاخشىمى ئەسئەد بوۋاي بىلەن ئۇنىڭ نەۋرىسى مۇنەۋۋەرنىڭ ھۇجرىسىدا ياتتى. ئاسىيە مېھمانلارنىڭ ئورۇن-كۆرپىسىنى سېلىپ بولغاندىن كېيىن، سۇلايمان ئىككىسى بوۋاي بىلەن خوشلىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى.

ئەمما، سۇلايمان ئورۇنغا كىرىپ بىردەم ياتقاندىن كېيىن تۇيۇقسىزلا ئويلىنىپ قالدى: «ۋۇي، ھەكىمە رەھمەتلىك ھايات چاغلاردا ‹مېھمان بار ئۆيدە ئەر-خوتۇن بىر ھۇجرىغا كىرىپ ياتسا سەت بولىدۇ› دەپ، مەن ئەر مېھمانلار بىلەن، ھەكىمە ئايال مېھمانلار بىلەن ياتىدىغان؛ راست، خوتۇن بىلەن ئىككىمىزنىڭ بىر تۆشەككە كىرىپ يېتىۋالغىنىمىز نېمىسى، سەتلىشىپ؟!»

ئۇ ئاستا كارىۋاتتىن چۈشتى ۋە ئاسىيەنىڭ ئۇيقۇسىنى بۇزۇپ قويماي دەپ، يوتىنىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ بېرىپ ئىشكاپتىن يوتقاندىن بىرنى ئالدى، ئاندىن يوتقاننى قولتۇقلىغىنىچە مېھمانلار ياتقان ئۆيگە كىرىپ ئەسئەد بوۋاي بىلەن خېلىغىچە مۇڭدىشىپ يېتىپ قالدى.

ئاسىيە كېچە سائەت ئۈچ بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ يۈز-كۆزىنى يۇيغاندىن كېيىن تۇۋش چىقارماي ئاشخانىغا كىردى

ۋە ئاخشام پولۇ ئېتىشكە تۇغراپ تەييارلاپ قويغان پىياز، گۆش ۋە سەۋزىنى پىششىق قورۇۋالغاندىن كېيىن ئۈستىگە ئۈچ ئاپقۇر سۇ قۇيۇپ، قازاننىڭ تۈۋىقىنى يېپىپ قويىدى، ئاندىن خالتىدىكى ئېسىل گۈرۈچتىن بىر ئاپقۇر ئېلىپ، ئۇنى سۈيى تاكى سۈپسۈزۈك سۈزۈلگىچە تۆت-بەش قېتىم پاكىز يۇيىدى. ئاڭغىچە پولۇنىڭ قورۇمىسىمۇ پىشىپ قالغانىدى. ئۇ قازاندىكى قورۇمىنىڭ تۇز تەمىنى تېتىغاندىن كېيىن يۇيۇلغان گۈرۈچنى قورۇمىنىڭ ئۈستىگە تەكشى سېلىپ، پولۇنى دۈملەپ قويۇپ سائەتكە قارىدى. سائەت ئۈچتىن قىرىق مىنۇت ئۆتكەنىدى. دېمەك، روزا تۇتىدىغان ئادەم زولۇقنى چوقۇم سائەت بەشتىن بۇرۇن يەپ نىيەت قىلىپ بولۇشى كېرەك. ئۇ سۇلايماننى ئويغاتماقچى بولۇپ ئەمدىلا ئاشخانىدىن چىقىشىغا ئالدىراپ ئويغىنىپ بولغان ئەسئەد بوۋاي چىقىپ كەلدى.

— ئەسسالام، قانداقراق ئۇخلاپلا؟ — ئاسىيە ئەسئەد بوۋايدىن تەزىم بىلەن ئەھۋال سورىدى.

— خۇدا بۇيرۇسا، ئوبدان ئۇخلاپتىمەن، سىڭلىم، — دېدى ئەسئەد بوۋاي ئاسىيەنىڭ سالىمىنى ئەدەپ بىلەن ئىلىك ئېلىپ.

تۇغرا، ئەسئەد بوۋاي زولۇقتىن كېيىن بامدات نامىزى ئوقۇيدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ تاھارەت ئېلىشى ئۈچۈن ئىسسىق سۇ تەخلەش كېرەك. ئاسىيە ھاجەتخانىغا ئىتتىك كىرىپ ئۆرىقىنى ئاچقىتى ۋە تاھارەتكە سۇ تەگشىدى ۋە ھاجەتخانىدىكى يۈز يۇيىدىغان جومەكنىڭ يېنىغا قويۇپ قويىدى.

ئەسئەد بوۋاي ھاجەتخانىغا كىرىپ تاھارەت ئېلىپ چىقتى. ئاڭغىچە ئاسىيە داستىخاننى راسلاپ تاماقنى ئاچىقتى. ئەسئەد بوۋاي زولۇقنى يەپ نىيەت قىلغاندىن كېيىن بامدات نامىزىنى ئوقۇدى. ئەمما، تاڭ تېخى يورۇمىغان بولغاچقا ئالەم-جاھان تىمتاس ئىدى.

— بىردەم ئۇخلىۋالسىلا، — دېدى ئاسىيە قاچا-قۇچىلارنى يۇيغاچ ئەسئەد بوۋايغا.

بۇنىڭ بىلەن ئەسئەد بوۋاي نەۋرىسىنىڭ يېنىغا كىرىپ ياتتى. ئاڭغىچە زۆھرە كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ چىقىپ كەلدى. زولۇق ئېتىدىغان چاغقا ئۈلگۈرۈپ تۇرالمىغىنىغا سەل نومۇس قىلىپ قالغان زۆھرە:

— ۋېيەي، بەكلا قاتتىق ئۇخلاپ كېتىپتىمەن، — دېدى ئاسىيەنىڭ يېنىغا كېلىپ، — ئەكېلىڭ، قاچىلارنى مەن يۇياي، — ئۇ ئاسىيەنىڭ قولىدىكى دەسمالنى تالىشىپ دېگۈدەك ئېلىۋالدى.

مۇنەۋۋەر ئورنىدىن تۇرۇپ چىققاندا سائەت ئالتە يېرىم بولغان، ھەممەيلەن ئورنىدىن تۇرۇپ يۈز-كۆزىنى يۇيۇپ بولۇشقانىدى. ئۇ يۈزىنى ئالمان-تالمان يۇيدى-دە، كارىدوردىكى پەلەمپەينى سۈپۈرۈش ئۈچۈن سۈپۈرگىنى ئېلىپ تالاغا ماڭدى.

ئەمما، ئاسىيە ئۇنىڭ قولىدىكى سۈپۈرگىنى دەرھال ئېلىۋالدى:

— ماڭ، سەن كىرىپ مېھمانلارنىڭ ئورۇن-كۆرپىسىنى يىغىۋەت! پەلەمپەينى ئۆزۈم سۈپۈرەي!

مۇنەۋۋەر مېھمانلار ياتقان ئۆيگە شۇنداقلا كىرىۋىدى، بەتبۇي بىر پۇراق ئۇنىڭ دىمىغىغا كېلىپ ئۇرۇلدى. مۇنەۋۋەر بۇرنىنى تۇتقىنىچە ئارقىسىغا ئىككى قەدەم داجىدىيۇ، دەرھاللا بۇرنىنى قويۇۋېتىپ كېلىپ ئورۇن-كۆرپىلەرنى يىغىشتۇردى.

دەل شۇ چاغدا ئاسىيە كىرىپ كەلدى. ئۇمۇ ئىشىكتىن كىرىپلا ھېلىقى پۇراقنى سەزدى، ئەمما مۇنەۋۋەردەك بەكمۇ سەسكىنىپ كەتمىدى.

— سەن نېمىشقا كىردىڭ؟ — دېدى مۇنەۋۋەر ئاپىسىغا ئاچچىقلاپ، — قارىغىنا، ئۆينىڭ سېسىپ كەتكىنىگە!

— نېمانچە قىلىپ كېتىسەن، — دېدى ئاسىيە قىزنىغا ئالىيىپ تۇرۇپ، — پۇتنىڭ پۇرىقى شۇ. ئاخشام بوۋاينىڭ نەۋرىسى ئۆيگە كىرىپ ئايىغىنى سالغاندىلا پۇرىغان.

مۇنەۋۋەر «باشقىلار ئاڭلاپ قالارمۇ؟» دېگەننى خىيالىغا كەلتۈرمەستىن بولۇشىغا سۆزلىگىلى تۇردى:

— ۋىيەي، مۇشۇ سەھرالىقلارنىزە، پۇتىنى يۇيۇشقا نېمانچە قىرىقتۇ؟...

— ھەي... ئۇنىڭنى ئۆچۈر! — دېدى ئاسىيە مۇنەۋۋەرنىڭ بېقىنىغا نوقۇپ، — خەق ئاڭلاپ قالسا سەت ئەمەسمۇ؟ — ئۇ ئىتتىك بېرىپ دېرىزىنىڭ بىر قانىتىنى ئاچتى. ساپ، ئەمما ناھايىتى سوغۇق شامال ئۆيگە «گۇپپىدە» ئۇرۇلدى.

— ۋىيەي، بەك سوغۇقكەن، يېپىۋەتكىنە، — دېدى مۇنەۋۋەر تولگۇلۇپ تۇرۇپ.

— بىردەم ئۇچۇق تۇرسۇن، ھاۋا ئالمىشىپ بولغاندىن كېيىن يېپىۋېتىمەن، ماڭ، سەن چاپسان چىقىپ يۈزۈڭنى يۇيۇپ، چېيىڭنى ئىچكىن، بولمىسا ئىشقا كېچىكىسەن!

مۇنەۋۋەر مېھمانخانىغا چىقتى ۋە ساپادا تەسۋى سىيرىپ ئولتۇرغان ئەسئەد بوۋاي بىلەن ئۇنىڭ نەۋرىسىگە مۇنداقلا سالام قىلىپ قويۇپ ھاجەتخانىغا كىرىپ كەتتى.

## 28

سۇلايماننىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن ئەسئەد بوۋاينىڭ نەۋرىسى ئاشخانىدىكى تاماق شىرەسىنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ ناشتا قىلدى.

ناشتىدىن كېيىن سۇلايمان ئەسئەد بوۋاينى دوختۇرخانىغا ئاپاردى. ئەسئەد بوۋاي يولدا ماڭغاچ خۇددى كۆڭلىدە بىر گەپ باردەك بىرنەچچە قېتىم تەمشىلىپ باقتىيۇ، لېكىن ئېغىز

ئاچمىدى. ئۇلار ھەكىمە قازا قىلىپ كەتكەن ھېلىقى دوختۇرخانىنىڭ ئالدىغا بارغاندا ئەسئەد بوۋاينىڭ يۈرىكى «قارت!» قىلىپ قالدى. چۈنكى، ئۇ سىڭلىسىنىڭ مۇشۇ دوختۇرخانىدا قازا قىلغانلىقىنى ئاڭلىغانىدى.

— ئۆزلىرىدىن سورايدىغان بىر ئىش بار ئىدى، — دېدى ئەسئەد بوۋاي سەل دېلىغۇللۇق ئىچىدە، — ئۇزۇن زامانلار بولۇپ كەتتى، پەقەتلا ئۇقتاسى كەلمىدى...

— نېمە ئىشتى؟ — سۇلايمان ئىتتىك سورىدى.

— ھەكىمە رەھمەتلىك ئەجەب تۇيۇقسىزلا كېتىپ قالدى-ھە!... ئۇنىڭ راستىنىلا يۈرەك كېسىلى بارمىدى؟

بۇ گەپنى ئاڭلىغان سۇلايماننىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ سېلىپ كەتتى.

— نەدىمۇ يۈرەك كېسىلى بولسۇن، دەيلا، — دېدى ئۇ بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، — لېكىن، شۇ چاغدا قاندىقى قانداق بولۇپ كەتتى، بىزمۇ ئۇقالمىدۇق شۇڭا ھازىرغىچە دوختۇرخانا بىلەن دەتالاشتا دېمەملا...

— ئۇ رەھمەتلىك يەرلىكىدە ياتقىلىمۇ ئىككى يىل بولاي دېدى، تېخىچە بىرنېمە دېمەپتۇ-دە؟

سۇلايماننىڭ ئەسئەد بوۋايغا دەماللىققا بۇ ھەقتە نۇرغۇن گەپلەرنى دەپ بەرگۈسى كەلدىيۇ، لېكىن ئاخىرىدا پەقەت «ھە» دەپ بىرلا ئېغىز جاۋاب بەردى. بىردەملىك جىمجىتلىقتىن كېيىن ئەسئەد بوۋاي يەنە ئېغىز ئاچتى:

— ھەي... مېنىڭچە، ئەمدى بولدى قىلسىلا، بىز مۇسۇلمانلار ئۈچۈن تۇغۇلماق ھەق، ئۆلمەك بەرھەق، بەندىنىڭ جېنى خۇدا بەرگەن ئامانەت، ئاللا ئىگەم ئۇنى قاچان، قانداق ئالغۇسى كەلسە ئېلىۋېرىدۇ... ھەكىمە رەھمەتلىكنىڭ يەيدىغان رىزقى شۇنچىلىك ئوخشايدۇ... «زادى نېمە ئۈچۈن ئۆلۈپ كەتتى؟» دەپ سوراۋەرسەكمۇ يامان

بولىدۇ....

سۇلايمان ھازىرغىچە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ «ھەكىمەنىڭ يەيدىغان رىزقى شۇنچىلىك ئوخشايدۇ، ئەلھۆكمىلىللا، دېسىلە» دېگەن گەپلىرىگە «ھە» دەپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن كۆڭلىدە «ھەكىمە چوقۇم دوختۇرلارنىڭ ئوپېراتسىيە ئۈستىدىكى سەۋەنلىكى ۋەجىدىن كېتىپ قالدى» دەپ ئويلايتتى. ئۇنىڭچە بولغاندا، ئۆزىنىڭ بېشىغا كەلگەن ھەرقانداق بەختسىزلىكنى تەقدىرگە ئارتىپلا «ئەلھۆكمىلىللا» دەپ ئولتۇرۇش، ھايات ھېكمەتلىرىنى رېئاللىقتىن ئىزدەپ بېقىشنى بىلمەيدىغانلارنىڭ ئىشى ئىدى.

— تولا ئويلاپ كەتمىسىلە، ئۆزلەمۇ ساقسىز بولۇپ كېتىپلا، — دېدى سۇلايمان بوۋايغا سەۋرچانلىق بىلەن، — بۇ ئىشنى ئۆزۈم بىر تەرەپ قىلالايمەن.

سۇلايماننىڭ تۇيۇقسىزلا چىشلىرى غۇچۇرلاپ كەتتى: «خەپ، ھېلىقى مەسئۇلىيەتسىز دوختۇر بۇنىڭ ئۆچۈن چوقۇم بەدەل تۆلەيدۇ!»

...

پولات بىلەن گۈليار چوڭ ئاتىسىنىڭ سەھرادىن كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ ئۇنى يوقلاپ كەلدى. زۆھرە ئاكىسى بىلەن يەڭگىسى كېلىشتىن بۇرۇنلا شەرىپەگە تېلېفون قىلىپ: «چوڭ ئاتام كەلدى، سېنى بەك سېغىنىپ كېتىپتۇ، قانداقلا بولمىسۇن، ئۆيگە بىر كەلگىن!» دېگەنىدى.

شەرىپەمۇ ئاتىسىنى بەكلا كۆرگۈسى كەلگەچكە، بىرنەچچە قېتىم «ئۆيگە باراي» دەپ تەمشىلىپ باقتى. ئەمما، يەنە تۇرۇپلا: «ئاتام مېنى تازا بىر خۇيىنىڭ تۇتامى يوقكەن دەپ قالارمۇ؟» دەپمۇ ئويلىدى. ئۇ بىرنەچچە نۆۋەت ئۆيگە تېلېفون قىلماقچى بولدى، ئەمما نېمىشقىدۇر تۇرۇپكىنى قولىغا ئېلىپ بولۇپ يەنە قويۇپ قويدى. ئۇ سۇلايماننى نۇرغۇن قېتىم

چۈشىدە كۆردى، نەچچە كېچىنى ئۇنىسىز يىغلاپ ئۆتكۈزدى. شۇڭا، شەرىپە بۇ قېتىم چوڭ ئاتىسىنى كۆرۈشنى باھانە قىلىپ، ئاكىسى بىلەن يەڭگىسىگە ئەگىشىپ چوڭ ئۆيگە كەلدى.

سۇلايمان ئۆيدە مېھمان بولغاچقا نېرى-بېرى گەپ قىلىشنى بىئەپ كۆردىمۇ، ئىشقىلىپ، شەرىپەنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئېلىپ ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن كۆرۈشتى. ئەمما ئۇ ئاتىسى بىلەن سالاملىشىۋاتقان چاغدا ئاسىيە ئانا-بالا ئىككىسىنىڭ بىر-بىرىگە مەنىلىك قاراشقانلىقىنى كۆرۈپ كۆڭلى بىرقىسما بولۇپ قالدى. دېمەك، بۇ ئانا-بالا ئۆتكەنكى ئىشنى تېخى ئۇنتۇمىغانىدى. شەرىپە چوڭ ئاتىسىغا ئۆزىنى ئېتىپ يىغلاپ كەتتى:

— ئۆزلە كەلگىلى شۇنچە كۈنلەر بوپتۇ، بىرەرى ماڭا خەۋەر قىلىپمۇ قويمىدى، رەھمەتلىك ئاپام بولغان بولسا، ئۆزلەنى مېنىڭ ئۆيۈمگە باشلاپ بارار ئىدى...

شەرىپەنىڭ يەنە تىكىنى بار گەپ قىلىۋاتقانلىقىنى سەزگەن پولات ئۇلتۇرالماي قالدى:

— بۇ ئىشنىمۇ يەنە ساڭا مەخسۇس بىرى خەۋەر قىلىش كېرەكما؟ ئۆيگە ئانچە-مۇنچە كېلىپ تۇرغان بولساڭ، ئەگەر بولمىغاندا، تېلېفون قىلىپ تۇرغان بولساڭمۇ ئۆزۈڭ ئۇقاتتىڭ ئەمەسمۇ؟! شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى قارىسىنى كۆرسەتمەكتە يوق، ئىشىكتىن كىرە-كىرمەيلا دەۋاتقان گېپىنى تېخى...

شۇ گەپلەر بولۇۋاتقاندا ئاسىيە ئانا-بالا ئىككىسى مېھمانخانىدا يوق ئىدى.

— مۇشۇ گېپىڭ بىلەن كىمنى خۇش قىلاي دەۋاتىسەن، ئاكا؟ بۇ ئۆيگە نېمىشقا كەلگۈم كەلمەيدىغانلىقىنى ئاللىقاچان بىلىپ بولدۇڭغۇ دەيمەن؟ — دېدى شەرىپە گۇليارغا «لاپپىدە» قاراپ.

— ۋۇي، شەرىپە، سىپسىق گەپ قىلمىساڭ كۆڭلۈڭ ئۇنىمامدۇ سىنىڭ؟ مېھمانىنىڭ ئالدىدىلا دەۋاتقان گېپىنى قارىمامدىغان ئەقىلسىزنىڭ... — شەرىپەنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ يەنە جۇدۇنى ئۆرلىگەن سۇلايمان ئۆزىنى تۇتالماي قالدى.

شەرىپە باشقا گەپ قىلماي بېشىنى تۆۋەن سالدى. ئاتا-بالا ئوتتۇرىسىدىكى بۇ يىرىكچىلىكنى كۆرگەن ئەسئەد بوۋاي سەل-پەل ئوڭايسىزلاندى.

— «يولۋاسنى يەڭگەن باتۇر ئەمەس، ئاچچىقنى يەڭگەن باتۇر» دەيدىغان گەپ بار، بالام، — دېدى ئۇ قۇرۇق يۆتەلدىن كېيىن ساقىلىنى سىيپاپ تۇرۇپ، — سەۋر-تاقەتنى، شۈكۈر-قانائەتنى بىلگەن ئادەم ھەرقانداق كىشىنىڭ كۆزىگە ئىسسىق كۆرۈنىدۇ ئەمەسمۇ، قىزىم!

مۇنەۋۋەر ئۆتكەنكى كۆڭۈلسىزلىكتىن كېيىن شەرىپەنى كۆرۈپ باقمىغانىدى. راستىنى دېگەندە، ئۇ شەرىپەگە ھەم ئۆچ ئىدى، ھەم ئۇنىڭدىن قورقاتتى. شۇڭا بايا شەرىپەنىڭ كىرىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپلا تېنى جۇغۇلدىغان مۇنەۋۋەر: «بۇ ئوتقۇيرۇق يەنە نېمىگە كەلگەندۇ؟» دەپ ئويلىدى. ئۇ شەرىپەنىڭ ئاسىيە بىلەن ئىنچلىق سورىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ نېمىشقىدۇر ئاپىسىنىڭ پېشىنى تارتىپ قويدى. شەرىپە ئۆيدىكىلەر بىلەن ئىنچلىق سورىشىپ بولغۇچە مۇنەۋۋەر «غىپپىدە» ئاشخانىغا كىرىۋالدى. ئاڭغىچە ئاسىيەمۇ كىرىپ چاي تەييارلاش بىلەن بولۇپ كەتتى. مۇنەۋۋەر كۆكتات ئادالىماقچى بولدى. ئاپىسىنىڭ ئۆيدىكى ئۇلۇغ-ئۇششاقنى كۈتۈش بىلەن پايپېتەك بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن مۇنەۋۋەرنىڭ يۈرەكلىرى ئېچىشقىلى تۇردى.

— قارىغىنە، ئاپا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى غېمىدە يوق ھىجىيىشىپ ئولتۇرىدۇ، ئىككىمىز ئۇ خەقنىڭ قورسىقىغا

ئىشلەۋاتىمىز، بىز يا ئۇلارنىڭ مالىيى بولمساق...
— تولا بىلجىرلىما، — دېدى ئاسىيە قىزىغا ئالىيىپ تۇرۇپ، — ئىشىڭنى قىل!
— ھىم!!!... شەرىپە دېگەن بۇ بىرنېمىنى كۆرسەملا ئوغام قايىنايدۇ، خىلىدىن بېرى ئۇ يوق، ئۆي ئىچى خېلىلا جىمىپ قېلىۋىدى، يەنە نەدىن پەيدا بولدى بۇ؟ شۇ چىقىپ كەتكىنىچە يوقىغان بولسىچۇ! — مۇنەۋۋەر غۇدۇرىغىنىچە كەرەپشىنىڭ يوپۇرماقلىرىنى زەردە بىلەن يۇلۇشقا باشلىدى.
— ۋۇي، ئالجىغان!... ئۇنىڭنى ئۈچۈر دەيمەن! — ئاسىيە قولىدىكى چەينەكنى قويۇپ مۇنەۋۋەرگە يەنە ئالايدى. مۇنەۋۋەر قولىدىكى ئادالاۋاتقان كەرەپشىنى تاشلاپ قويۇپلا چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ ئىتتىك ئورنىدىن تۇردى ۋە ئىشىك تۈۋىگە بېرىپ بولغاندىن كېيىن ئاپىسىغا:
— سەن ئۇلارنىڭ مالايلىقىنى قىلىۋەرگىن، مەن بىر ساۋاقدىشىمنىڭ ئۆيىگە بارىمەن، كەچتە شۇ يەردە قونۇپ قالىمەن، — دېدى.
ئاسىيە ئۇنىڭ يېڭىدىن تارتتى:
— نېمە؟ مېنىمۇ ئويلاپ قويساڭ بولمامدۇ؟ مېنى زادى نېمە بولسۇن دەيسەن، ھە؟
— سېنى بىرنېمە بولسۇن دېگىنىم يوق، ئىشقىلىپ، بۈگۈن قايتىپ كەلمەيمەن!
— قىز بالىنىڭ سىرتتا قونۇپ قالغىنى نېمىسى؟ بولمايدۇ!
— مەن باشقا يەرگە ئەمەس، ساۋاقدىشىمنىڭ ئۆيىگە بارىمەن! — مۇنەۋۋەر شۇنداق دېدى-دە، ئاشخانىدىن چىقىپ ئۆدۇل ھۇجرىسىغا كىرىپ پەلتوسىنى ئالدى، ئاندىن مېھمانخانىدىكىلەرنىڭ كەينىدىن ئۆتۈپ ئىشىك تۈۋىدىكى ئۆتۈكنى كىيدى. سۇلايمان ئىشىككە دۈمبىسىنى قىلىپ ئولتۇرغان بولغاچقا مۇنەۋۋەرنى كۆرمىدى، ئەمما باشقىلار

مۇنەۋۋەرنىڭ ئىشىك تۈۋىدە ئۆتىۈك كىيىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن بولسىمۇ، ئۆز گېپى بىلەن بولۇپ ئانچە ئېرەنشىپ كەتمىدى. قىزنىڭ قىلغىنىغا كۆڭلى يېرىم بولغان ئاسىيە ئاشخانىنىڭ ئىشىكىنى يېپىۋەتتى. ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالماي ئاخىر يىغلاپ كەتتى. ئاڭغىچە زۆھرە ئاشخانىغا كىرىپ كەلدى ۋە ئاسىيەنىڭ يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئالدىراپ سورىدى:

— ۋۇي، نېمە بولدىڭىز؟

— ھېچنېمە، — دېدى ئاسىيە ياشلىرىنى سۈرتكەچ.

زۆھرە يەنە كوچىلاپ سورىدى:

— ئۇنىداق دېمەڭ، بىرەر ئىش بولمىسا نېمىشقا يىغلىدىڭىز؟ ماڭا دەپ بېرىڭە؟

— ياقەي، ھېچنېمە بولغىنى يوق، نېمىشقىدۇر ھەر يىلى رامزان ئېيى كەلسىلا مېنى يىغا تۇتۇپ قالىدۇغۇتاڭ!

ئاسىيەنىڭ كۆڭلىدىكى گەپنى دېمىگەنلىكى زۆھرەگە ئايان ئىدى. شۇنداق ئەمەسمۇ؟ نېمىلا دېگەنبىلەن ئۆگەي ئانىدە! باللار بىلەن ئۆگەي ئانا دېگەن بىر-بىرىگە سىڭمەيدىغان سۇ بىلەن مايغا ئوخشايدۇ!

— ئاسىيە ئايلا، سىز مېھمانخانىغا چىقىپ بىردەم ئولتۇرۇڭ، چاينى مەن قۇياي، — دېدى زۆھرە ئاسىيەنىڭ قولىدىكى چەينەكنى تەكەللۇپ بىلەن ئېلىپ.

— ئەتىرگۈل چېيىدىن دەملەپتىكەنمەن، چوڭ ئاتىڭىزنىڭ ئاغزىغا تېتارمۇ؟

— ۋيەي، بۇنداق مەززىلىك چاينى كىم ئىچمەيدۇ؟ چوڭ ئاتام نېمىشقا بىزنىڭ ئۆيگە كەلسە «قارىچاي ئىچىمەن» دەپ تۇرۇۋالىدۇ بىلەمسىز؟ ئۇچۇ، بىزنى «ماڭا قىممەت چاي دەملەپ بېرىمەن دەپ چىقىمدار بولۇپ قالمىسۇن» دەپ شۇنداق دەيدۇ!

زۆھرە ئاغزىدىن چىقىۋاتقان بۇ گەپلەرنىڭ توغرا ياكى خاتا

ئىكەنلىكىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى، لېكىن بۇ گەپلەر راستتىنلا كارغا كەلدى.

ــ ئۇنداق بولسىغۇ مەيلى، ــ دېدى ئاسىيە «پىسىگىدە» كۈلۈپ، ــ مەن تېخى چاينى دەملەپ بولۇپ ئاتىڭىزنى خاپا بولۇپ قالارمىكىن، دەپ تۇرغانىدىم.

شەرىپە بىلەن پولات ئەر-خوتۇن ئىككىسى چايدىن كېيىن قايتماقچى بولدى. مېڭىش ئالدىدا ئۇلار بوۋاينى ئۆيىگە تەكلىپ قىلدى. لېكىن ئەسئەد بوۋاي ئۇلارنى چىرايلىق رەت قىلدى.

ــ رەھمەت، مەنمۇ ئەتە قايتىمەن، كۆرۈشكىنىمىز مۇشۇ بولۇپ قالسۇن، ئامان بۇلۇڭلار، بالىلىرىم!

پولات بىلەن شەرىپە ئەتىسى ئىشقا بارىدىغان بولغاچقا بوۋاينى ئۇزىتىپ كېلەلمەيتتى. شۇڭا ئۇ ئىككىسى چوڭ ئاتىسىغا يۈز يۈەندىن پۇل يوللۇق تۇتتى. يىل بويى ئېتىزدا ئىشلەپ، قولى تۈزۈك پۇل كۆرمەيدىغان دېھقان ئۈچۈن ئېيتقاندا ئىككى يۈز يۈەن ئاز پۇل ئەمەس ئىدى. شۇڭا سىڭلىسىنىڭ بۇ ئىككى بالىسىدىن قاتتىق تەسىرلەنگەن ئەسئەد بوۋاي ئۇلارنىڭ بەختىگە ئاتاپ ئۇزۇندىن-ئۇزۇنغا دۇئا قىلدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە سۇلايمان ئەسئەد بوۋاينى ئۇزىتىپ چىقتى. ئەسئەد بوۋاي ماشىنىغا چىقىپ بولۇپ، سۇلايمان بىلەن خوشلىشىدىغان چاغدا:

ــ سۇلايمان، ئاسىيە ناھايىتى ياخشى مەزلۇم ئىكەن، ــ دېدى سۇلايماننىڭ كۆزلىرىگە مەنىلىك تىكىلىپ، ــ ئۇنى ئوبدان ئاسرىسلا!

ئەسئەد بوۋاينىڭ بۇ گەپلىرىدىن سۇلايمان ناھايىتى خۇشال بولدى. ئەمما، ئۇنىڭ ئالدىدا ئاسىيەنى بەك ماختاپ كەتكۈسى كەلمىدى. چۈنكى، نېمىلا دېگەنبىلەن ئەسئەد

بوۋاي سۇلايماننىڭ بۇرۇنقى ئايالىنىڭ ئاكىسى-دە!
سۇلايمان ئەسئەد بوۋاينىڭ نۇرسىز، ئەمما سەمىمىي كۆزلىرىگە باقتى:
— خۇدا بۇيرۇسا، سىلى خاتىرجەم بولسىلا، ئاكا!

## 29

ئاچچىقىدا ئۆيدىن ئالدى-ئارقىسىغا قارىماي يېنىپ چىققان مۇنەۋۋەر چوڭ كوچىدا مەقسەتسىزلا بىر ياققا قاراپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ «بىر ساۋاقدىشىمنىڭ ئۆيىگە بارىمەن» دېگىنى ئاچچىقىدا ئاسىيەگە مۇنداقلا دەپ قويغان گېپى ئىدى. ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ بىرەر دوستىنىڭ ئۆيىگە بېرىش نىيىتى بولمىغاچقا، مانا ئەمدى نەگە بېرىشىنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ قېلىۋاتاتتى.
تۇيۇقسىز ئۇرۇلغان سوغۇق شامالدىن مۇنەۋۋەرنىڭ ۋۇجۇدى قورۇلغاندەك بولدى. ئۇ ئۆيگە قايتىپ كەتمەكچى بولۇپ ئارقىغا بۇرۇلدى، ئەمما يەنە تورۇپلا ئۇ نىيىتىدىن ياندى. ئاڭغىچە كوچا ئاپتوبۇسىدىن بىرى كەلدى. مۇنەۋۋەر ماشىنىغا چىقىپ، ماشىنىنىڭ پارىدا بىردەم ئىسسىنىۋالماقچى بولدى. ئۇ كوچا ئاپتوبۇسىغا چىقتى، لېكىن ئاپتوبۇستا ئولتۇرغۇدەك ئورۇنمۇ يوق ئىدى. ماشىنا ئىككى-ئۈچ بېكەت ماڭغاندىن كېيىن مۇنەۋۋەرنىڭ ئارقىسىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان بىرەيلەن چۈشۈشكە تەمشەلدى. ھەم مۇزلاپ، ھەم ھېرىپ ھېچ ھالى قالمىغان مۇنەۋۋەر ھېلىقى كىشى ئورنىدىن قوپۇشىغىلا باشقىلارنى ئىتتىرىۋېتىپ بېرىپ شۇ ئورۇنغا «غاچچىدە» ئولتۇرۇۋالدى.
ئادەم بىلەن لىق تولغان ئاپتوبۇس مۇنەۋۋەرگە ناھايىتى سوغۇق بىلىنىۋاتاتتى، ئۇ نېمىشقىدۇر تۇيۇقسىزلا غېرىبسىنىپ

كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭچە بولغاندا، ناۋادا ئاپىسى قايتا ياتلىق بولمىغان بولسا، ئۇنىڭ كۆڭلى بۇنچىۋالا پاراكەندىچىلىككە قالمىغان بولار ئىدى، ئاتىسى بۇرۇن قازا قىلىپ كەتمىگەن بولسا، ئاپىسىمۇ بالىلىرىنى زار-زار قاقشىتىپ تۇرۇپ قايتا ياتلىق بولماس ئىدى. لېكىن، ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن خوتۇنلار ئارىسىدا ئۆزىنىڭ ئىللىق ئائىلىسى، بالىلىرىنىڭ كۆڭلىنى دەپ، قالغان ئۆمرىنى تۇل ئۆتكۈزىدىغانلار جىققۇ! ئىشقىلىپ، تۇل قالغان خوتۇنلار ئىچىدە مۇنەۋۋەرنىڭ ئاپىسىدەك قايتا ياتلىق بولىدىغانلار بەكمۇ ئاز. دۇرۇس، ئاسىيە قايتا نىكاھلىق بولغاندىن كېيىن ئانا-بالا ئىككىسى سۇلايماننىڭ پايدىسىنى كۆردى. قىسقىسى، ئاسىيە بۇرۇنقىدەك يالغۇز ئۆيدە غېرىبسىنىپ ئولتۇرماي، خەقنىڭ خوتۇنلىرىدەك چىرايلىق ياسىنىپ، ئەل-جامائەتكە ئارىلىشىدىغان بولدى. مۇھىمى، مۇنەۋۋەر خىزمەتلىك بولۇپ قالدى. ئۇ ھەر ئايدا تاپقان ئىش ھەققىنى خالىغانچە خەجلەيدۇ. ناۋادا بۇرۇنقى ئۆيدە بولغان بولسا، ئۇ تاپقان پۇلىنىڭ بىر قىسمىنى ئاپىسىغا بەرمىسە بولمايتتى. شۇنداق-دە! ئاسىيەنىڭ تۆت تەڭگە پېنسىيە پۇلى نېمىگە يېتىدۇ؟! ھەي... ھايات دېگەن ئاشۇنداق رەھىمسىز بولىدىغان ئوخشايدۇ. «ئوتى بار يەرنىڭ سۈيى يوق، سۈيى بار يەرنىڭ ئوتى يوق» دېگىنىمۇ دەل شۇ ئوخشايدۇ! مۇنەۋۋەر ئانا-بالا ئىككىسى تۇرمۇشتا ئاز-تولا دولىسى ئاپتاپ كۆرگەندەك قىلغىنى بىلەن، ئۆزلىرىگە تەئەللۇق ماكانىدىن ئايرىلىپ قالدى. نۇرغۇن كىشىلەر ئۇلارنىڭ كەينىدىن سۆز-چۆچەك قىلىشتى، مۇنەۋۋەرنىڭ بەزى دوستلىرى ئۇنىڭغا قاراپ مەسخىرە بىلەن دىمىغىنى قاقىدىغان بولۇپ كەتتى. ئۇ ئۆيدىكى ئىككى قىزنىڭ ئۇنى ئوچۇقتىن-ئوچۇق پەس كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئالدىدا غادىيىپ كېتىشلىرىچۇ تېخى! مۇنەۋۋەر دەل شۇنىڭ ئۈچۈن چىدىغۇسىز ئازابلىناتتى، چەكسىز

غېرىبسىناتتى. شۇنداق، ئۇ ئەمدى كىچىك ئەمەس، شۇڭا تۇرمۇش قۇرۇپ، ئۆز ئالدىغا ئۆي تۇتۇشى كېرەك. لېكىن، كۆڭۈلدىكىدەك لايىق تېپىش ئۇنچىۋالا ئاسان ئەمەس-تە!

هازىر نۇرغۇن كىشىلەر: «ھەقىقىي ئەركەكتەك يىگىتلەرنى تاپماق تەسلىشىپ كەتتى» دەپ قاقشىشىدۇ. دېمىسىمۇ، ئائىلە شارائىتى ياخشى، چىراي-رۇخسارى جانان چىنىدەك قىزلار ساماندەك بولغىنى بىلەن، ئۇلار ھەر جەھەتتىن ئۆزىگە لايىق كەلگۈدەك يىگىت تاپالماي ئاۋارە. ئۆتكەندە مۇنەۋۋەر ئامىنە تونۇشتۇرغان بىر يىگىت بىلەن كۆرۈشۈپ باقتى. ئۇ يىگىتنىڭ تەقى-تۇرقى كېلىشكەن، ئائىلە ئەھۋالى ياخشى بولغىنى بىلەن قىز بالىدەك مىجەزى مۇنەۋۋەرگە ياقمىدى. شۇڭا ئىككى قېتىم كۆرۈشۈپ بېقىپلا بولدى قىلدى. بۇ زاماننىڭ ئەركەكلىرىگە زادى نېمە بولغاندۇ؟ ئاشۇ ئويلار بىلەن ئىچى پۇشۇپ، كۆڭلى يېرىم بولغان مۇنەۋۋەر ھەمىيىنىنى ئاقتۇردى. ھەمياندىكى سېغىزدىن بىر تال قالغانىدى. ئۇ سېغىزنى ئېلىپ ئاغزىغا سالدى. مۇنەۋۋەر ئاپتوبۇسنىڭ دېرىزىسىدىن تالاغا قارىغاچ ئولتۇرۇپ سېغىزنى چايناپ ئۇنى «پاق-پاق» قىلىپ ئىتتىلدرۇغىلى تۇردى. بۇ ئاۋازنى ئاڭلىغان يولۇچىلاردىن بىرنەچچىسى ئۇنىڭغا قاراپ قويۇپ نارازى بولغاندەك قىلىپ باشلىرىنى تولغاشتى. دۇرۇس، كوچا ئاپتوبۇسىدا ئېغىزىدىكى سېغىزنى پاقىلدىتىپ ئېتىلدۇرۇش، چىنىدەك پاكىز كىنوخانىلاردا شىمىشكا چېقىپ ئۇنىڭ شۆپۈكىنى ئۇدۇللۇق يەرگە تاشلاش ئوخشاشلا ئەخلاقسىزلىق، ئەلۋەتتە. بۇنداق قىزلار ھەتتا پەرىلەردەك چىرايلىق بولسىمۇ، كىشىلەر ئۇنىڭدىن يىرگىنىدۇ. ھايھات! ئۇنداق قىزلار ئاشۇ دەقىقىلەردە كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا زادى قانداق نەزەر بىلەن تىكىلگەنلىكىگە سەپسېلىپ باقسىچۇ ئىسىت!

مۇنەۋۋەر شۇ چاغدا يېقىملىق بىر جۈپ كۆزنىڭ ئۇنىڭغا

تىكىلىۋاتقانلىقىنى سەزمىدى. ئوتتۇز ئالتە ياشقا كىرگەن بۇ قاڭشارلىق كىشىنىڭ ئىسمى ئامان بولۇپ، بويى ئېگىز، ئۆزى كېلىشكەن، ئىنچىكە رامكىلىق كۆزەينىكى ئۇنىڭغا ئاجايىپ ياراشقانىدى.

ئامان بىرنەچچە يىل ئىلگىرى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرۈپ كۆڭۈلدىكىدەك خىزمەت تاپالمىغاچقا، ئاكىسىدىن ئازراق پۇل قەرز ئېلىپ ئالدى بىلەن موسكۋاغا چىققىنى، كېيىن ئامېرىكىغا باردى. ئۇ ئامېرىكىدا رېستورانلاردا قاچا-قۇچا يۇيدى، تاڭجاڭلىق قىلدى، يۈگۈر-يېتىم ئىشلىرىنى قىلىپ باقتى. ئىشقىلىپ، چامى يەتكەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك قىلىپ ئاز-تولا پۇل تاپقاندىن كېيىن قايتىپ كەلدى. ئۇ چەت ئەلدە ئوقۇپ دىپلوم ئالمىغىنى بىلەن، پۇل تاپتى، ئىنگلىز تىلىنى راۋۇرۇس ئۆگىنىۋالدى. شۇنداق قىلىپ، ئامان قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۆز ئالدىغا ئىنگلىز تىلى مەكتىپى ئاچتى. ئۇنىڭ ئىشلىرى ئوڭغا تارتىپ، مەكتىپىگە كېلىپ ئوقۇيدىغانلار كۈندىن-كۈنگە كۆپەيدى. بۇنىڭ بىلەن ئامانىنىڭ كىرىمىمۇ بارا-بارا كۆپەيگىلى تۇردى. ئەمما ئۇ باشقىلار: «چەت ئەلدە ئايلىنىپ يۈرۈپ ئېرىشكىنىڭ زادى نېمە؟» دەپ سورىسا، ھەرگىزمۇ پۇل بىلەن ئىنگلىزچىنى تىلغا ئالمايدۇ. چۈنكى، ئۇ چەت ئەللەردە شۇنچە يىل ئايلىنىپ يۈرۈپ، ئاخىر ئۆز ۋەتىنى بىلەن چەت ئەللەرنىڭ، ئۇيغۇرلار بىلەن چەت ئەللىكلەرنىڭ نېگىزلىك پەرقىنى كۆردى. بۇ — ئامان ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك ھاسىلات ئىدى. گەپنىڭ راستىنى ئېيتقاندا، بۇ پەرق قانداقتۇر تۇرمۇش سەۋىيىسى ۋە ياشاش مۇھىتىدىكى پەرق ئەمەس، مۇھىمى كىشىلەرنىڭ روھىي ئالىمى ۋە پسىخىك ھالىتىدىكى پەرقلەر ئىدى.

ئامان مۇنەۋۋەرگە يەنە قارىدى. بۇ قىزنىڭ چىراي-تۇرقى

سەترەك بولغىنىغا باقماي، لېۋىدە بىر تال مېگى بار ئىدى. دۇرۇس، مۇنەۋۋەرنىڭ سىغىزنى ھەدەپ پاقىلدىتىپ چايناۋاتقان قىياپىتى ئامانغا تېخىمۇ ياقمىدى. شۇنداق قىلىپ ئامان بېشىنى چايقىغىنىچە باشقا ياققا قارىدى.

— تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى بېكىتىگە كەلدۇق، يولۇچىلار ئارقا ئىشىكتىن چۈشۈڭلار!

ئاپتوبۇسنىڭ زۇۋۇكىدىن تۇيۇقسىز ئاڭلانغان بۇ ئاۋاز ئاماننىڭ خىياللىرىنى ئۈزدى. ئۇ ئىختىيارسىز يەنە مۇنەۋۋەرگە قارىدى. باياتىن بېرى سىغىز چاينىغاچ ھەممىدىن بىخەۋەر تالاغا قاراپ ئولتۇرغان مۇنەۋۋەرمۇ ئاپتوبۇستىن چۈشۈشكە تەمشەلدى.

مۇنەۋۋەر ئېغىزىدىكى سىغىزنى يەرگە تۈكۈردى-دە، ئورنىدىن دەس تۇردى. ئۇ دەل شۇ چاغدىلا كېلىشكەن بىر ئەر كىشىنىڭ ئۇنىڭغا سۆزسىز تىكىلىپ تۇرغانلىقىنى سەزدى. مۇنەۋۋەر بىلەن ئاماننىڭ كۆزلىرى تۇيۇقسىز ئۇچراشتى. ئاماننىڭ كۆزىدىكى بىلىنەر-بىلىنمەس ئىللىق نۇرنى كۆرۈپ يۈرىكى تۇيۇقسىز ئاغقان مۇنەۋۋەر بۇ ئەر كىشىنىڭ ۋۇجۇدىدىن باشقا ئەر كىشىلەردە ئاز ئۇچرايدىغان بىر خىل جەلپكار سالاپەتنى كۆرگەندەك بولدى. ئەمما، ئۇ تۇرۇپلا يەنە ئۈمىدسىزلەندى. شۇنداق ئەمەسمۇ؟ قارىماققا ئۇ كىشى ئوتتۇرا ياشلارغا بېرىپ قالغاندەك تۇرسا ئۇنىڭ ئەلۋەتتە ئائىلىسى، خوتۇن-بالىلىرى بار-دە! شۇلارنى چاقماق تېزلىكىدە خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ ئۈلگۈرگەن مۇنەۋۋەر ئاپتوبۇسنىڭ ئىشىكى تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇ ئەمدىلا ئىشىك ئالدىغا بېرىۋىدى، ئارقا تەرەپتىن تۇيۇقسىزلا «گۈپ» قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى. مۇنەۋۋەر ئىتتىك ئارقىغا قارىدى. ئەسلىدە ئامان بىر نەرسىگە پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشكەنىدى، قول سومكىسىنىڭ سىيرىتمىسىنى چىڭ ئەتمىگەچكە ئىچىدىكى

نەرسىلەر يەردە چېچىلىپ ياتاتتى. ئامان زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ چېچىلىپ كەتكەن نەرسىلىرىنى يىغىشتۇرغىلى تۇردى. بۇنى كۆرگەن مۇنەۋۋەر سەل-پەل دېلىغۇل بولۇپ تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن ئۇنىڭ نەرسە-كېرەكلىرىنى ئېلىپ بەرمەكچى بولۇپ يەرگە ئېڭىشتى.

— بولدى، رەھمەت، — دېدى ئامان يەردىن قېپى بىلەن ئىسىم كارتوچكىسىنى ئېلىپ سومكىسىغا سالغاچ. مۇنەۋۋەر باشقا گەپ قىلماي، ئۇنىڭغا قارىغىنىچە تۇرۇپ قالدى.

— يوغانلا ئەر كىشى تۇرۇقلۇق، يىقىلىپ چۈشكىنىمنى قارىمامدىغان، سەتلىشىپ، — دېدى ئامان سومكىسىنىڭ سىيرىتمىسىنى ئېتىپ بولغاندىن كېيىن كۆزەينىكىنى ئوڭلىغاچ كۈلۈپ تۇرۇپ. ئۇنىڭ كۈلگەن چىرايى مۇنەۋۋەرگە بەكلا يېقىملىق تۇيۇلۇپ كەتتى. مۇنەۋۋەر ئۇنىڭ ئىسمىنى سورىۋالماقچى بولۇپ ئېغىزىنى ئۆمەللەپ تۇرۇپ قالدى. شۇنداق، يولدا ئۇچرىشىپ قالغان ياتۋاش بىر ئەر كىشىنىڭ ئىسمىنى سوراپ يۈرسە قىز بالىغا سەت ئەمەسمۇ؟!

— خوش! — ئامان سومكىسىنى قولتۇققا قىستى-دە، ماشىنىدىن ئىتتىك چۈشۈپ كەتتى.

— ھوي، سىز چۈشمەمسىز؟ — دەپ ۋارقىرىدى شوپۇر. بۇنىڭ بىلەن مۇنەۋۋەرمۇ ئىتتىك ماشىنىدىن چۈشتى. مۇنەۋۋەرنىڭ كۆزى تۇيۇقسىزلا يەردە تۇرغان ئاپئاق بىر نەرسىگە چۈشۈپ قالدى. ئۇ ھېلىقى نەرسىنى ئېلىپ قارىۋىدى، ئۇ ئىسىم كارتوچكىسى بولۇپ ئۇنىڭغا «ئامان ئەلى، ‹دانا› ئىنگلىز تىلى مەكتىپىنىڭ مۇدىرى» دېگەن خەتلەر تۇراتتى؛ كارتوچكىنىڭ ئاستى تەرىپىگە ئادرېسى ۋە تېلېفون نومۇرىمۇ ناھايىتى ئېنىق يېزىلغانىدى. بۇنى كۆرگەن مۇنەۋۋەر نېمىشقىدۇر ئۆزىچىلا ھاياجاندىن تىترەپ كەتتى. ئاماننىڭ كۈلگەن چاغدىكى يېقىملىق چىرايى مۇنەۋۋەرنىڭ كۆز

ئالدىدىلا تۇراتتى.

— ئاھ، خۇدايىم، ئۇ كىشى خوتۇن-بالىلىرى بار ئادەم بولۇپ قالمىغىيتتى، — دەيتتى ئۇ ئىچىدە. مۇنەۋۋەر قارشى يۆنىلىشكە ماڭىدىغان ئاپتوبۇسقا چىقتى. ئۇ ئۆيىگە تېزرەك قايتىشقا ئالدىراپ كېتىۋاتاتتى. چۈنكى، ئۇ تېزرەك ئۆيىگە بېرىپ، ئامان ئەلى بىلەن زادى قانداق ئالاقىلەشسە مۇۋاپىق بولىدىغانلىقى ئۈستىدە ئوبدانراق ئويلىنىشى كېرەك. مۇنەۋۋەر ئاپتوبۇسنىڭ ئەينىكىدىن سىرتقا قارىدى. ئۇنىڭ بايىقى كۆڭۈل غەشلىكلىرىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى.

## 30

بۈگۈن كېچە مۇنەۋۋەر ناھايىتى ئۇزۇنغىچە ئۇياقتىن-بۇياققا ئۆرۈلۈپ زادىلا ئۇخلىيالمىدى. قىزىق ئىش، ئىلگىرى مۇنەۋۋەرگە نۇرغۇن يىگىتلەر ئىش-پەش تارتىپ باققان، مۇنەۋۋەر ئۆزىمۇ ئۇلاردىن بەزىلىرىگە خېلىلا قىزىققانىدى. ئەمما ھېچقاچان بۈگۈنكىدەك ئاجايىپ تاتلىق سېزىمنىڭ غىدىقلىشىدىن ئۇيقۇسى قېچىپ باقمىغانىدى. مۇنەۋۋەر كۆزىنى شۇنداقلا يۇمسا ئاماننىڭ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان چىرايى ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كېلىۋالاتتى. ئۇنىڭ تۇيۇقسىزلا كۆڭلىدىكى بۇ تۇيغۇلىرىنى بىرەرىگە دەپ بەرگۈسى كېلىپ قالدى. ئەسئەد بوۋاي ماڭغاندىن كېيىن مۇنەۋۋەر ئورۇن-كۆرپىسىنى زۆھرەنىڭ ھۇجرىسىدىن تېخى ئاچىقىپ كەتمىگەچكە، يەنە زۆھرەنىڭ ھۇجرىسىدا ياتقانىدى. مۇنەۋۋەر دېرىزىدىن چۈشۈپ تۇرغان ئاينىڭ يورۇقىدا زۆھرەگە ئاستا قاراپ باقتى. زۆھرە يېنىك پۇشۇلداپ ئۇخلاۋاتاتتى. «ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشسە ئاستىدا مانتا يەيدىغان قېرى قىزدە بۇ، — دەپ ئويلىدى مۇنەۋۋەر قاپاقلىرىنى سۈزۈپ تۇرۇپ، — قورسىقى

تويسا ئۇخلىغان، ئۇخلاپ قوپۇپلا يېگەن؛ ئېزىپ-تېزىپ بىرەرى بىلەن مۇڭداشمايدۇ، قورسىقىدا نېمە ئويلايدىكىنتاڭ؟ گېپىنىڭ سېسىقلىقىنى ھېساباقا ئالمىغاندا شەرىپەنىڭغۇ بۇنىڭدىن ئۆلۈكى ئارتۇق، ھەي...! شەرىپەدىكى گەپدانلىقنىڭ ئوندىن بىرىنى بۇ قېرى قىزغا بەرگەن بولسىچۇ كاشكى!» مۇنەۋۋەر شۇلارنى ئويلاپ يېتىپ بىر چاغلاردا ئۇخلاپ قالدى.

زۆھرە ئەتىسى سائەت بەشلەر بىلەن ئورنىدىن تۇردى. بىرەر ئېغىز گەپكىمۇ قېرىقلىق قىلىدىغان زۆھرە ئەتىگەنلىكى ھەتتا ئۆيدىكىلەرگە سالامىمۇ قىلمايتتى. ئۇ كارىۋىتىدىن ئاستا چۈشۈپ ئورۇن-كۆرپىسىنى پەم بىلەن يىغىۋەتكەندىن كېيىن يۈزىنى يۇيۇپ چىقىپ، كىتاب ئىشكاپىنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئۈستەلنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۈستەل چىرىغىنى ياقتى.

زۆھرە باشقىلار بىلەن كارى بولمىغىنى بىلەن، كۆڭۈل ئاياىدىغان قىز ئىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرغاندىن كېيىن مۇنەۋۋەرنى ئويغىنىپ كەتمىسۇن دەپ، ئۆينىڭ چىرىغىنىمۇ ياقمىغانىدى. ئۇ ئۈستەل چىرىغىنى ياققاندىن كېيىن چىراغنىڭ بىر تەرىپىنى قەغەزدە توسۇپ قويۇپ بىر پارچە كىتابنى قولىغا ئالدى. زۆھرە ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى يېرىم سائەت ئىنگلىز تىلى ئۆگىنەتتى.

زۆھرە كەم سۆز، جىمغۇر بولغىنى بىلەن مۇنەۋۋەرنىڭ نەزىرىدە بۇ ئۆگەي ئاچىسى مەيلى چىراي-تۇرقتا بولسۇن، مەيلى پەزىلەتتە بولسۇن، «مەنمەن» دەپ يۈرگەن قىزلاردىن قېلىشمايتتى. لېكىن، ئۇ زۆھرەنىڭ قىرىق ياشقا بېرىپ قالغان تۇرۇقلۇقمۇ توي قىلىشنى خىيالىغا ئېلىپ قويماي يۈرۈۋاتقانلىقىغا ھەيران ئىدى. مۇنەۋۋەر بۇ ئىشنى ئاپىسىدىن ئاستا سوراپ باقتى. ئەمما، بۇ چىرايلىق قىزنىڭ زادى نېمىشقا توي قىلمايۋاتقانلىقىنى ئاسىيە تۇگۇل ھەتتا ئۇنىڭ ئاتىسىمۇ

ئۇقمايدىكەن.

مۇنەۋۋەر ئىچىدە گەپ ياتمايدىغان قىز ئىدى. شۇڭا ئۇ بىر ئەر كىشىگە كۆزى چۈشۈپ قالغانلىقىنى بۇ ئۆگەي ئاچىسىغا دەپ بەرگۈسى كەلدى. بۇ قىرى قىز گەپ ئاڭلىغىدا زادى نېمە ئۈچۈن توي قىلماي يۈرگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى دەپ سالسىمۇ ئەجەب ئەمەس.

— زۆھرە ئاچا، سىز نېمىشقا توي قىلمايسىز؟ — دەپ سورىدى مۇنەۋۋەر تۈلۈمدىن توقماق چىققاندەكلا. ئەمما ئۇ بۇ گەپنى قانداق بىر كۈچنىڭ تۈرتكىسىدە تۇيۇقسىز سوراپ قالغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. مۇنەۋۋەر بۇ گەپنى سوراپ قالغىنىغا دەرھال پۇشايمانمۇ قىلدى، لېكىن ئېغىزدىن چىققان گەپ ئاتقان ئوق-دە! مۇنەۋۋەر زۆھرەنىڭ كۆزلىرىگە قارىدى.

— توي قىلىپ نېمە كەپتۇ؟ — دېدى زۆھرە بىرھازا جىمجىت تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن بېشىنىمۇ كۆتۈرمەي.

— توي قىلسا ئەلۋەتتە ياخشى-دە، — دېدى مۇنەۋۋەر دەرھاللا، — ئۆزىنىڭ ئۆيى بولىدۇ، ئۆزى بەگ-ئۆزى خان ئۆتىدۇ... — ئۇ بىردەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — ئاخشىمى-ئەتىسى قېيناتا-قېينانا، يولدىشى بىلەن گۈڭگۈر-مۇڭگۇر مۇڭدىشىپ ئۆتسە نېمىدېگەن ياخشى!

زۆھرە دەرھال مۇنەۋۋەرگە قارىدى، لېكىن ئۇنىڭ چىرايى ئىپادىسىز ئىدى.

— سىز تېخى توي قىلمىغان تۇرۇپ بۇ ئىشلارنى نەدىن بىلىسىز؟

زۆھرەنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلىغان مۇنەۋۋەر زوق بىلەن سۆزلەپ كەتتى:

— زۆھرە ئاچا، سىز بىلىسىزغۇ! مەن بۇ يىل يىگىرمە بەش ياشقا كىردىم، دوستلىرىمنىڭ ئىچىدە توي قىلمىغاندىن مەنلا

قالدىم دەگا، توي قىلغان دوستلىرىمنىڭ ھەممىسى شۇنداق دېيىشۋاتىدۇ!

لېكىن، بۇ گەپلەر زۆھرەگە قىلچە تەسىر قىلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇ مۇنەۋۋەرگە گەپمۇ قىلماي ئارقىسىغا بۇرۇلدى-دە، كىتابىنى يەنە قولىغا ئالدى. بۇنى كۆرگەن مۇنەۋۋەر سەل ئوڭايسىزلاندى، ئەمما ئۇنىڭ گەپنى ئۈزۈپ قويغۇسى كەلمىدى. شۇڭا ئۇ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ زۆھرەگە يېقىنراق كېلىپ ئولتۇردى:

— زۆھرە ئاچا، سىز بەك چىرايلىق جۇمۇڭ! سىزگە ئىش-پەش تارتقان يىگىتلەرمۇ چىقتۇ-ھە؟

مۇنەۋۋەرنىڭ بۇ سوئالى يەنە جاۋابسىز قالدى.

— سىز ئۆگىنىشكە بەك قىزىقىدىكەنسىز، — دېدى مۇنەۋۋەر زۆھرەگە زورلاپ گەپ قىلىپ، — قارىغاندا، سىزمۇ ئۆزىڭىزگە ئوخشاش، بىلىملىك يىگىتلەرنى ياقتۇرىدىغان ئوخشايسىز، شۇنداقمۇ؟ بىراق ھازىرچۇ، يىگىتلەرنىڭ كۆپىنچىسى ھاراق بىلەن ئويۇن-تاماشىدىن باشقىنى ئۇقمايدۇ، بىر خەنزۇ دوستۇمنىڭ دەپ بېرىشىچە، ئۇلار بىلىمى يوق يىگىتلەرنى «سۇپساقلار» دېيىشىدىكەن!

بىراق، زۆھرەدىن يەنە سادا چىقىدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

— مەنمۇ ئۆزۈمنىڭ ئاشۇنداق «سۇپساقلار»دىن بولۇپ قېلىشىمنى خالىمايمەن، ھەدە، — دېدى مۇنەۋۋەر گېپىنى داۋام قىلىپ، — مېنىڭمۇ ئىنگلىز تىلى ئۆگەنگۈم بار ئىدى، سىز ياردەم قىلالارسىزمۇ؟

مۇنەۋۋەرنىڭ بۇ گەپلىرى زۆھرەگە تەسىر قىلدى بولغاي، ئۇ دەرھاللا مۇنەۋۋەرگە قارىدى:

— شۇنداق قىلمىسىڭىز بولمايدۇ، ئۇكام، سىز تېخى كىچىك، ھازىردىن باشلاپ ئۆگەنمىسىڭىز كېيىن پۇشايمان قىلىپ قالىسىز، بىراق تىل ئۆگىنىشتە ئالدى بىلەن كۇرسقا

قاتناشمىسىڭىز بولمايدۇ، كۇرستا ئۆگەنسىڭىز ئۆزىڭىزگە بىسىم قىلىپ تېز ئىلگىرىلىيەلەيسىز. مەنمۇ كۇرسقا قاتنىشايمىكىن، دەۋاتىمەن.

زۆھرەنىڭ بۇ گەپلىرى مۇنەۋۋەرگە ياغدەك ياقتى. چۈنكى، ئۇ زۆھرە بىلەن بىللە ئىنگلىز تىلى كۇرسىغا بارسا، شۇ باھانىدە ئامان بىلەن يۈز كۆرۈشەلەيدۇ، ئەمەسمۇ؟!

ــ مەنمۇ شۇنى ئويلاپ يۈرەتتىم دەڭا، «دانا» دەيدىغان بىر ئىنگلىز تىلى مەكتىپى بارمىش، ئۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى دەرسنى بەك ياخشى ئۆتەرمىش، ئىككىمىز بىللە بېرىپ ئۆگىنەيلى بولامدۇ؟

ــ مەنمۇ ئاڭلىغان، ــ دېدى مۇنەۋۋەرنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ چىرايىغا دەرھال كۈلكە يۈگۈرگەن زۆھرە قولىدىكى كىتابنى قويۇپ، ــ قاچان ۋاقتىڭىز بار؟ بىللە بېرىپ تىزىملىتايلى، ئۇنداق يەردە بىر ـ بىرىمىزگە ھەمراھ بولۇپ ئۆگەنسەك تېخىمۇ ياخشى بولاتتى.

ــ بەك ياخشى بولىدى، ھەدە. ئەتىلا بېرىپ تىزىملىتايلى، ــ دېدى خۇشلۇقىدىن قىن ـ قىنىغا سىغماي قالغان مۇنەۋۋەر كۈلۈپ تۇرۇپ.

ــ بولىدۇ، خۇدا بۇيرۇسا، گېپىمىز گەپ ـ ھە! ــ زۆھرە ئۆگەي سىڭلىسىغا قاراپ «پىسسىڭىدە» كۈلدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە مۇنەۋۋەر بىلەن زۆھرە ھېلىقى ئىنگلىز تىلى مەكتىپىگە تىزىملاتقىلى باردى. مۇئەللىملەر ئۇ ئىككىسىنىڭ ئىنگلىز تىلى ئاساسىنى بىرقۇر سىناپ كۆرگەندىن كېيىن، زۆھرەنى A سىنىپقا، مۇنەۋۋەرنى D سىنىپقا تەقسىملىدى. چۈنكى، مۇنەۋۋەرنىڭ ئىنگلىزچە ئاساسى يوق دېيەرلىك ئىدى، ئەمما مۇنەۋۋەر تىزىملىتىش ۋاقتىدا ئامان مۇئەللىمنىڭ پەقەت A سىنىپقىلا دەرسكە كىرىدىغانلىقىنى ئۇقتى. بۇنداق بولغاندا، ئامان بىلەن يۈز

كۆرۈشۈپ تۇرۇش پۇرسىتىنىڭ ئانچە كۆپ بولمايدىغانلىقىنى سەزگەن مۇنەۋۋەر سەل-پەل ئۈمىدسىزلىنىپمۇ قالدى.

كىتابنى قولىغا ئالسىلا بېشى ئاغرىيدىغان مۇنەۋۋەرگە ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىدا كېلىپ ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىش راستتىنلا تەس كەلدى. ئەمما، زۆھرە ئۇنىڭ ئەكسىچە ئىدى. زۆھرە ھەر كۈنى ئىشتىن چۈشۈپلا مۇنەۋۋەرگە تېلېفون قىلاتتى، ئاندىن مەكتەپنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا ئۇچرىشىپ كارىدورغا بىللە كىرەتتى. ئەمما، مۇنەۋۋەر بىر ھەپتىگىچىمۇ ئامانىنىڭ قارىسىنى كۆرەلمىدى.

بىر كۈنى ئۇ مۇئەللىمدىن سوراپ سىنىپتىن چىقتى-دە، ئامان دەرس ئۆتۈۋاتقان A سىنىپنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن سىنىپقا قاراپ باقتى. دېمەكچى، مۇنەۋۋەرنىڭ خىيالىغا كىرىۋېلىپ، ئۇنى سىرلىق خىياللارغا غەرق قىلىۋېتىپ بارغان ئامان ئەلى ئاشۇ سىنىپتا دەرس سۆزلەۋاتاتتى. ئۇ ئىنگلىزچە بىرنېمىلەرنى سورىسا، ئولتۇرغان كۇرسانتلارمۇ ئۇنىڭغا ئىنگلىزچە جاۋاب بېرەتتى. گاھىدا تۆۋەندە ئولتۇرغان بىرەرى سوئالغا ئىنگلىز تىلىدا جاۋاب بەرسە باشقىلار پاراققىدە كۈلۈشەتتى. ئادەتتە كەمدىن-كەم كۈلىدىغان زۆھرەمۇ ئۇلارغا قوشۇلۇپ پىخىلداپ كۈلۈپ كېتەتتى. بۇنى كۆرۈپ زۆھرەگە ھەۋىسى كەلگەن مۇنەۋۋەر تۇرۇپلا يەنە ئۆزىنىڭ ئىنگلىز تىلىنى بالدۇرراق تۇتمىغانلىقىغا پۇشايمان قىلدى.

مۇنەۋۋەر ئىشىك سىرتىدا ئالاھازەل يىگىرمە مىنۇت تۇرغاندىن كېيىن دەرستىن چۈشۈش ۋاقتى توشتى. كۇرسانتلار سىنىپتىن بىر-بىرلەپ چىقىشىپ كېلىشتى. زۆھرە ئىشىك تۈۋىدە قورسىقىنى تۇتۇپ شۈمشىيىپ تۇرغان مۇنەۋۋەرنى كۆرۈپ دەرھال سورىدى:

— ۋۇي، نېمە بولدىڭىز؟

— بىلمىدىم، تۇيۇقسىزلا قورسىقىم ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ، — دېدى بىر كۆزىنى سىنىپتىن ئۈزمەيۋاتقان مۇئەللىم.

ئاگەنچە ئامانمۇ ھېلىقى قول سومكىسىنى كۆتۈرگىنىچە سىنىپتىن چىقىپ كەلدى.

— ۋۇي، نېمە بولدىڭىز؟ — دەپ سورىدى ئۇ مۇئەللىمدىن.

مۇئەللىم ئاماننىڭ كۆزلىرىگە قارىدى، ئەمما ئامان بۇ تونۇش چىراي قىزنى زادى نەدە كۆرگەنلىكىنى دەماللىققا يادىغا ئالالمىدى.

— بۇ قىز مېنىڭ سىڭلىم بولىدۇ، — دېدى زۆھرە ئامانغا، — ئۇ ئاغرىپ قاپتۇ، مەن ئۇنى دەرھال دوختۇرخانىغا ئاپىراي، سىز مېنىڭ ئورنۇمغا، مۇئەللىم!

ئاماننىڭ دەرھاللا كېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەن مۇئەللىم بولسا ئامان ئېغىز ئېچىپ بولغۇچە، قورسىقىنى ئىككى قوللاپ چىڭ تۇتقىنىچە ئىككى پۈكلىنىپ مىشىلداپ يىغلىغىلى تۇردى.

— ۋۇي، قارىغاندا خېلى قاتتىق ئاغرىۋاتقان ئوخشايدۇ، — دېدى ئامان سەل جىددىيلىشىپ، — دەرھال دوختۇرخانىغا ئاپىرايلى، سىز يالغۇز كېلىپ قالسىڭىز مەنمۇ بىللە باراي! — ئامان سىنىپنىڭ ئىشىكىنى قۇلۇپلىۋېتىپ كېلىپ مۇئەللىمنىڭ قولىنى تۇتتى ۋە، — بىر دەم چىداڭ، ئۇكام، مەن ماشىنىنى ئەكېلەي، سىلەر ئىشىك ئالدىدا ساقلاپ تۇرۇڭلار، — دېدى-دە، پەلەمپەي تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

— ۋىيەي، سىزنى ئاۋارە قىلمايلى بولدى، — دېدى زۆھرە ئاماننىڭ ئارقىسىدىن توۋلاپ، — ئۆزىمىز بېرىپ تەكشۈرتۈپ باقساقلا بولىدۇ.

لېكىن، ئامان ئارقىسىغا قاراپمۇ قويماي ئىتتىك چۈشۈپ كەتتى. مۇئەللىم بىلەن زۆھرە ئىككىسى ئاماننىڭ ماشىنىسى بىلەن دوختۇرخانىغا باردى. لېكىن دوختۇرلار: «بۇ قىزدا

ھېچقانداق كېسەل يوقكەن، گاھىدا پسىخىكىلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىنمۇ قورساق ئاغرىپ كېتىدىغان ئىش بار» دەپ دىئاگنوز قويۇپ، ئۇنىڭغا ئاغرىق پەسەيتىش ئوكۇلى ئۇرغاندىن كېيىن ئازراق دورا بەردى. ئۇلار دوختۇرخانىدىن چىققاندىن كېيىن ئامان ئۇلارنى تاماققا تەكلىپ قىلدى. ئادەتتە ئېزىپ-تېزىپ سىرتتىكى ئاشخانىلارغا كىرمەيدىغان زۆھرەنىڭ قايتىپ كەتكۈسى بار ئىدى، ئەمما مۇنەۋۋەرنىڭ بولسا ئاران كەلگەن بۇ پۇرسەتتە ئاماننى مېھمان قىلغۇسى كېلىۋاتاتتى. شۇڭا زۆھرە باشقا گەپ قىلمىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۈچەيلەن «داۋانچىڭ» ئاشخانىسىغا كىردى.

— ئاجىزلارغا ھۆرمەت دەپتىكەن، — دېدى ئامان كۈلۈپ تۇرۇپ، — قېنى، نېمە يېگۈڭلار باركىن؟

— لەڭمەن يەمدۇق-يا؟ ئاچام لەڭمەنگە ئامراق، — دېدى مۇنەۋۋەر زۆھرەگە قاراپ.

— لەڭمەن يېمەيلىلا، — دېدى زۆھرە دەرھاللا، — كەچتە لەڭمەن يېسە ئادەم سەمرىپ كېتىدۇ.

— ۋۇي، شۇنچە ئورۇق تۇرۇپ يەنە سەمرىپ كېتىشتىن قورقۇۋاتامسىز، — دېدى ئامان كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئادەم دېگەن تىرىكلىكىدە ئۆزى خالىغان ئىشنى قىلالىسا ئاندىن ھاياتنىڭ لەززىتى بولىدۇ-دە، تاماق يېيىشتىمۇ شۇ!

— ئامان ئاكا! — دېدى مۇنەۋۋەر ئامانغا تىكىلىپ تۇرۇپ نېمىشقىدۇر تۇيۇقسىزلا «ۋىللىدە» قىزىرىپ كەتتى، — سىزنى «شياۋجاڭ» دېمەي «ئامان ئاكا» دېسەم خاپا بولمايدىغانسىز-ھە؟

— نېمە دەپ ئاتىغىڭىز كەلسە شۇنداق ئاتاۋېرىڭ، — دېدى ئامان دەرھاللا، — «ئامان ئاكا» دەپ چاقىرسىڭىز يېقىملىق تۇرىدىكەن جۇمۇڭ!

— ئۇنداق بولسا ئامان ئاكا دەپ چاقىراي-ھە، — دېدى

مۇنەۋۋەر «پىسىگگىدە» كۈلۈپ، ــ ئەمىسە لەگمەن يەيلى.

ــ مەيلى لەگمەن يېسەك، يەيلى.

تاماق ئارىلىقىدا ئۇلار نۇرغۇن مۇگداشتى.

ئامان تاماق يېگەچ ئولتۇرۇپ مۇنەۋۋەرگە ئاستىرتتىن سەپسېلىپ، ئۆزىچە ئۇنىڭغا باھا بېرىپ باقتى: بۇ قىز شوخ ھەم ئوماق بولغىنى بىلەن، مىجەزى سەل يەڭگىلدەك قىلىدۇ، ئېھتىمال ئۇنىڭ كاللىسىدا يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك ۋە ئويۇن ـ تاماشىدىن ئۆزگە ھېچنېمە بولمىسا كېرەك!

مۇنەۋۋەر ئۆزىنىڭ «تۇرمۇش» ژۇرنىلىدا تەھرىرلىك قىلىدىغانلىقىنى دەپ بەرگەندە ئامان قۇلىقىغا ئىشەنمەيلا قالدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئارىدىكى گەپكە ئارىلاشماي، ئېغىر ـ بېسىق ئولتۇرغان زۆھرەگە دىققەت قىلىپ قېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئامان زۆھرەنىڭ تاسادىپىي قىلغان بىرنەچچە ئېغىز گېپىدىن ئۇنىڭ ئاق ـ قارىنى بىلىدىغان قىزلاردىن ئىكەنلىكىنى سەزدى.

ــ ئاڭلىسام، بۇ رېستوراندىكى مۇلازىملارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئىكەن، ــ دېدى ئامان ئالدىدىكى چايدىن بىر يۇتۇم ئوتلاپ، ــ بەزىلىرى ئوقۇۋاتقان باللار ئىكەن، ھەتتا ئاسپىرانتلىقنى پۈتتۈرگەن باللارمۇ بارمىش.

ــ ۋىيەي، راستمۇ؟ ــ دېدى ئاماننىڭ گەپلىرىگە ھەيران قالغان مۇنەۋۋەر كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، ــ ئالىي مەكتەپ باللىرى كېلىپ تاگجاگلىق قىلغىلى تۇرسا نېمە جاھان بولۇپ كەتتى بۇ؟ ھۆكۈمەتمۇ قىزىقكەن، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرالمىغاندىكىن ئۇنچىۋالا بالىنى ئوقۇتۇپ نېمە قىلىدۇ؟ مەن بولسام ھەرگىز بۇنداق يەرگە كېلىپ ئىشلىمەيتتىم.

ــ بۇنىڭ نەرى يامان؟ ــ دېدى ئامان مۇنەۋۋەرگە

سوئاللىق قاراپ، ـــ چەت ئەللەردە، بولۇپمۇ تەرەققىي تاپقان ئەللەردە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى خىزمەتكە تەقسىم قىلىدىغان ئىش يوق، شۇڭا ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن خىزمەت تاپالمىسىڭىز، ھەتتا دوكتورلۇقنى پۈتتۈرگەن بولسىڭىزمۇ جان بېقىش ئۈچۈن ئاشخانىلاردا قاچا ـ قۇچا يۇيۇش بولامدۇ، تاڭجاڭلىق بولامدۇ، ھامماللىق بولامدۇ، ئىشقىلىپ، ئالدىڭىزغا ئۇچرىغانلا ئىشنى قىلىپ پۇل تاپمىسىڭىز بولمايدۇ.

ئامانىنىڭ گېپى تۈگىشىگىلا زۆھرە ئىغىز ئاچتى:

ـــ ھازىرقى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بەكمۇ تەكەببۇر. مەكتەپلەردىكى مۇئەللىملەرنىڭ دەرس ئۆتۈش ئۇسۇلىنى ئىلىپ ئېيتساق، ئۇلار ھازىرغىچە ھېسسىي قويغاندەك دەرس ئۆتۈش ئۇسۇلىدىن قۇتۇلغىنى يوق، باللار ئۆتۈلگەن دەرسنى ئاڭلامدۇ ـ ئاڭلىمامدۇ، پەرۋايى پەلەك؛ شۇڭا باللارمۇ ئاتمىش نومۇر ئۈچۈنلا ئوقۇيدۇ، ئىشقىلىپ، مەكتەپ ئىنتىزامىنى بۇزىدىغان ئىشنى قىلمىسىلا تۆت ـ بەش يىلنى بىر ئامال بىلەن توشقۇزۇپ دىپلومنى ئېلىۋېرىدۇ. تۆت ـ بەش يىل ئوقۇش جەريانىدا باللار، ئاتا ـ ئانىسى بۇرنىدا يەر تىرەپ تاپقان نەچچە تۈمەن يۈەن پۇلنى خەجلىۋەتكەندىن ئەستە قالغۇدەك ھېچقانداق ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمايدۇ، نۇرغۇن باللار ھەتتا ئوقۇش پۈتتۈرۈش دىسسېرتاتسىيىسىنىمۇ خەقكە يازدۇرارمىش... مەن بىرنەچچە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بىلەن ئەسرالىشىپ باقتىم، قارىسىڭىز تىزىملىكتىكى نەتىجىسى بىرىدىن بىرى يۇقىرى، ئەمما...

ـــ ۋيەي، زۆھرە ئاچا، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ھەممىسىنىلا بىر پۇڭغا ئەرزىمەس قىلىۋەتمەڭ، ـــ دېدى مۇنەۋۋەر زۆھرەنىڭ گېپىنى ئۈزۈپ، ـــ بىر دوستۇمنىڭ دەپ بېرىشىچە، ئۇلارنىڭ سىنىپىدىكى باللار شۇنداق ياخشى

ئوقۇپتۇ دەگـا، مەكتەپ پۈتتۈرىدىغان چاغدا ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىچە نەتىجىسى سەكسەن بەش نومۇردىن ئېشىپ كېتىپتۇ، مۇنداق بالىلارمۇ بار...

— دېمەكچى بولغىنىممۇ دەل مۇشۇ ئىش، — دېدى سەل-پەل ھاياجانلىنىپ قالغان زۆھرە دەرھاللا، — ناۋادا ئالىي مەكتەپ پۈتتۈرگەنلەرنىڭ قورسىقىدىكى ھەقىقىي ئۆمچىنى ئىمتىھاندا ئالغان نومۇرى بىلەن ئۆلچىگىلى بولسا، مىللىتىمىز ئارىسىدىن ھازىرغىچە نۇرغۇنلىغان ئالىم، داڭلىق ئەدىبلەر چىقسا بولاتتى؛ ئەمما ئەمەلىيەت ئۇنداق ئەمەس، ئادەمنى ئېچىندۇرىدىغان يېرى، بىز خەقتىن ھە دېسىلا داڭلىق سەنئەتچى چىقىدۇيۇ، لېكىن نەتىجە ياراتقان ئالىملار، بولۇپمۇ تەبىئىي پەن ئالىملىرى يوقنىڭ ئورنىدا!

— خۇداغا شۈكۈر، — دېدى ئامان تۇيۇقسىزلا، — ماڭا ئوخشاش ئويلايدىغان قىزلارنىڭمۇ بار ئىكەنلىكىنى ئويلىماپتىكەنمەن، — ئۇ زۆھرەگە قارىغان چاغدىكى كۆزلىرى چاقناپ كەتتى.

بۇ گەپلەردىن سەل ئوڭايسىزلىنىپ قالغان مۇنەۋۋەر ھېلى ئامانغا، ھېلى زۆھرەگە قارايتتى. ئۇ تۇيۇقسىزلا ئىچىدە ئۆزىنى ئەيىبلىگىلى تۇردى: «ھەي، ماۋۇ كالۋالىقىمنى قارىمامدىغان، قارىغاندا بۇ ئادەمنىڭ نەزىرىگە ئىلىنالمىغۇدەكمەن-دە، ئىسىت!»

تاماقتىن كېيىن ئامان ئۇلارنى ماشىنىسى بىلەن ئۆيىگە ئاپىرىپ قويدى. خوشلىشىپ ماڭىدىغان چاغدا ئامان زۆھرەنىڭ تېلېفون نومۇرىنى سورىدى، ئەمما مۇنەۋۋەرگە قاراپ كۈلۈپلا قويدى. بۇنىڭدىن سەل جىددىيلەشكەن مۇنەۋۋەر دەرھاللا ئېغىز ئاچتى:

— ۋىيەي، ئامان ئاكا! مېنىڭمۇ تېلېفونۇم بار جۇمۇ!

— ۋۇي، راست، ماۋۇ سىڭىلچاقنى ئۇنتۇپ قاپتى- مەنغۇ، — دېدى ئامان كۈلۈپ تۇرۇپ، — كەچۈرۈڭ، سىڭلىم، يانفونىڭىزنىڭ نومۇرىنى يېزىۋالاي ئەمسە!

— ئۇنداق ئاسان ئىش يوق، — دېدى مۇنەۋۋەرمۇ بوش كەلمەي، — دەپ بەرمەيمەن!

— مەيلى ئەمسە، كېيىن زۆھرە قىزدىن سوراپ ئۇقۇۋالاي.

قارىغاندا، ئامان مۇنەۋۋەرنىڭ ئۆزىگە قاراپ نۇر چاقناپ كېتىۋاتقان كۆزلىرىگە ئانچە ئېرەنشىپ كەتمىگەندەك قىلاتتى. ئامان تۇيۇقسىزلا بىر ئىش يادىغا كەلگەندەك مۇنەۋۋەرنىڭ لېۋىدىكى مەڭگە قارىدى. «دۇرۇس، بۇ ھېلىقى كۈنى ئاپتوبۇستا كۆرگەن ھېلىقى قىز شۇ!» دەپ ئويلىدى ئامان. ئەمما، ئۇ ھەقتە باشقا گەپ قىلمىدى. مۇنەۋۋەر زۆھرەنىڭ يېنىدىن تۇيۇقسىز تارتتى:

— زۆھرە ئاچا، بىز ئەمدى كىرىپ كېتەيلى، ھېلىمۇ ئامان ئاكامنى يەتكۈچە ئاۋارە قىلدۇق، بەك كېچىكتۈرۈپ قويساق يەڭگىمىز خاپا بولۇپ كەتمىسۇن يەنە!

— ياقەي، كېرەك يوق! — دېدى ئامان دەرھاللا، — سىلەر- دەك چىرايلىق قىزلارنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇپ كەلدىم، دېسەم خاپا بولماقتا يوق، ئەكسىچە خۇش بولىدۇ، دەڭا!

مۇنەۋۋەر ئاماننىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن تۇيۇقسىز ئويلىنىپ قالدى: «بۇ ئادەمنىڭ راستتىنلا خوتۇن- بالىلىرى بار ئوخشايدۇ- دە!» ئەمما ئۇ ئامانغا قاراپ «ۋىلىققىدە» كۈلۈپ قويۇپ زۆھرەنى قولىدىن تارتتى.

زۆھرە بىلەن مۇنەۋۋەرنىڭ خۇددى بىر قورساقتىن چىققان ئاچا- سىڭىلدەك قول تۇتۇشۇپ كىرىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئامان ناھايىتى خۇشال بولۇپ كەتتى.

## 31

مۇنەۋۋەر شۇ قېتىمقى تاماقتىن كېيىن ئاماننى ئىسىدىن چىقىرىۋەتتى. چۈنكى، بىر جەھەتتىن، ئۇ ئاماننى خوتۇنى بار ئادەمكەن، دەپ ئويلاپ قالدى، يەنە بىر جەھەتتىن، ئامان بىلەن يېقىن ئارىلىشىپ قالغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ بىلەن گېپىنىڭ بىر يەردىن چىقمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى. ئادەم بىرەر ئىشنى قىلغاندا ئۇنىڭغا چىن ئىخلاسىنى بەرمىسە تۈت كۈن ئۆتە-ئۆتمەيلا ئۇنىڭدىن زېرىكىدۇ. شۇ قېتىمقى تاماقتىن كېيىن مۇنەۋۋەر ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىشكە بۇرۇنقىدەك قىزىقمايدىغان بولۇپ قالدى. ئەمما، ئەينى چاغدا مۇنەۋۋەرنىڭ دەۋتى بىلەن كۇرسقا بارغان زۆھرە بولسا ئىنگلىز تىلىغا بېشىچىلاپ كىرىپلا كېتىۋاتاتتى. شۇڭا مۇنەۋۋەر ئۇ كۇرسقا قايتا بارماسلىق ئۈچۈن زۆھرەگە بىرەر سەۋەب كۆرسىتىشى كېرەك-دە! مۇنەۋۋەرنىڭ بۇنىڭمۇ ئامالىنى تاپتى.

— باش مۇھەررىر ماڭا بىر پوۋېستنى تەرجىمە قىلىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇپ قالدى، — دېدى ئۇ زۆھرەگە يالغان ئېيتىپ، — ۋاقتى بەك قىسكەن، كېچىلىرىمۇ تەرجىمە قىلمىسام ۋاقتىدا چىقىرالمىغۇدەكمەن، شۇڭا كۇرسقا ھازىرچە بارماي تۇرايمىكىن.

زۆھرە باشقا گەپ قىلماي كۇرسقا ئۆزى يالغۇز بېرىۋەردى. ئۇ ئادەتتە ئادەمگە ئانچە ئارىلاشمايدىغان بولغاچقا، بىر ئايدىن ئارتۇق بىر سىنىپتا ئىنگلىز تىلى ئوقۇۋاتقان ساۋاقداشلىرى بىلەنمۇ ئاساسەن دېگۈدەك تونۇشمايتتى. تەنەپپۇس ۋاقتىدا باشقا كۇرسانتلار تۆتتىن، بەشتىن بىر يەرگە كېلىۋېلىپ مۇڭدىشاتتى. ئەمما، زۆھرە ئۆزى يالغۇز كىتاب ئوقۇيتتى، چاقچاقلىشىپ كۈلۈشۈۋاتقان ساۋاقداشلىرىغا قاراپ پارتىسىدا مىدىرلىماي ئولتۇراتتى. گاھىدا ئۇلارنىڭ

كۆلكىسىگە جور بولۇپ ئۆزىچە كۆلۈپ قوياتتى. ئۇ ئىختىيارسىز كۆلگەن چاغلىرىدىلا ئۆزىنىڭ ئاشۇ كۇرسانتلار توپىنىڭ بىر ئەزاسى ئىكەنلىكى ئېسىگە كېلەتتى. ئامان زۆھرەنىڭ بۇ مىجەزىگە دىققەت قىلىپ قالدى. «زۆھرەنى باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان پەۋقۇلئاددە قىزكەن» دەپ ئويلىغان ئامان ئۇنى ئىچكىرىلەپ چۈشىنىپ بېقىش نىيىتىگە كەلدى.

بىر كۈنى ئامان زۆھرەگە تېلېفون قىلىپ ئۇنى تاماققا تەكلىپ قىلدى. ئەمما، زۆھرە بۇ گەپنى ئاڭلاپ سەل ئىككىلىنىپ قالدى. چۈنكى، ئۇ: «خوتۇن-باللىرى بار بىر ئەر كىشى بىلەن ئولتۇرۇپ تاماق يېسەم باشقىلار نېمە دەپ قالىدۇ؟» دەپ ئويلىغانىدى. شۇڭا ئۇ ئاماننىڭ تەكلىپىنى چىرايلىق رەت قىلدى. ئويلىمىغان يەردىن، ئامان ئۇنىڭغا ئەتىسى يەنە تېلېفون قىلىپ قالدى.

— ئامان مۇئەللىم، — دېدى ئۇ تېلېفوندا تەمكىنلىك بىلەن، — گېپىڭىز بولسا تېلېفوندا دېسىڭىز بولماسمۇ؟

— زۆھرە قىز، ئەھۋالىڭىزنى بىلىمەن، — دېدى ئامان سىپايىلىك بىلەن، — سىز بىرىپ قىلمىسىڭىز بولمايدىغان ئۆي ئىشلىرىڭىزمۇ يوقكەن، خىزمىتىڭىزمۇ ئانچە ئالدىراش ئەمەسكەن، شۇڭا بىرگە تاماق يېسەك ئانچە دەخلىسى بولماس دەيمىنا!

— ئائىلە ئەھۋالىمنى قانداق بىلدىڭىز؟ — دەپ سورىدى زۆھرە ھەيرانلىق بىلەن.

— مەن بەك دۆت ئادەممۇ ئەمەس، ھېلىقى كۈنى مۇنەۋۋەر ئىككىڭلارنىڭ قىلىشقان گېپىدىن ئاساسەن چۈشىنىپ بولدۇم.

زۆھرە گەپ قىلماي جىم تۇرۇپ قالدى.

— تېز جاۋاب بېرىڭە، تاماقنى نەدە يېيىشنى خالايسىز؟ ھازىر سىزگە يانفوندا تېلېفون قىلىۋاتىمەن جۇمۇ، ھېلىلا تېلېفون كارتىسىدىكى پۇل تۈگەپ كېتىدۇ، — دېدى ئامان

چاقچاق ئارىلاش كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ئامان مۇئەللىم، ئىككىمىز بىرگە ئولتۇرۇپ تاماق يېسەك قاملاشماسمىكىن؟

— نېمىشقا؟

— سىز ئائىلىسى بار ئادەم تۇرسىڭىز، شۇڭا...

— مېنى ئائىلىسى بار ئادەمكەن، دەپ كىمدىن ئاڭلىدىڭىز؟ — ئامان زۆھرەنىڭ گېپىنى ئۈزۈۋەتتى.

— ھېلىقى كۈنى مۇنەۋۋەر ئىككىمىزنى ئاپىرىپ قويغان چاغدا ئۆزىڭىز دېدىڭىزغۇ؟

— ھە، مۇنداق دەڭ! ئائىلىسى بار ئادەم بىلەن بىرگە تاماق يېسىڭىز بولمامدىكەن؟ — ئامان يەنە چاقچاق قىلدى.

ئامانمۇ شۇ تاپتا ئۆزىگە ھەيران قېلىۋاتاتتى، چۈنكى ئۇ تونۇشقىلى ئۇزۇن بولمىغان بۇ قىزنى نېمىشقىدۇر كۆرگۈسى كېلىپلا تۇراتتى. ئادەتتە ئانچە كۈلمەيدىغان بۇ قېرى يىگىت زۆھرەنى ئۇچراتقان ھامان ئۆزىچىلا خۇشخۇيلىشىپ كېتىۋاتاتتى.

زۆھرە يەنە جىمىپ كەتتى.

— سىزگە دېسەم، ئۇ كۈنى مەن سىلەرگە چاقچاق قىلىپ قويغان، — دېدى ئامان ناھايىتى ئەستايىدىللىق بىلەن، — مەن ئوتتۇز ئالتە ياشقا كىرىپ قالغان قېرى يىگىت بولغىنىم بىلەن ھازىرغىچە ماڭا بىرەر قىزنىڭ كۆزى چۈشۈپ باقمىغان.

شۇنداق قىلىپ، زۆھرە ئاماننىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلدى.

شۇ كۈنى ئۇلار ھەم ياسىداق، ھەم ئازادە بىر رېستوراندا تاماق يېگەچ ئىككى سائەتتىن ئارتۇق مۇڭداشتى. ئۇلارنىڭ ھەرقانداق گېپى بىر يەردىن چىقاتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ئارىلاپ-ئارىلاپ كۆرۈشۈپ مۇڭدىشىدىغان بولۇپ قالدى. گەپنىڭ ئوچۇقىنى دېگەندە، ئامان بىلەن زۆھرە شۇ كۈندىن باشلاپ يۈرۈپ قالدى.

# 32

پولات يېقىندىن بۇيان بەكلا ئالدىراش بولۇپ كەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىرنەچچە قېتىم كاماندىروپكىغا چىقتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يىل ئاخىرى بولغاچقىمۇ خۇلاسە، يىللىق باھالاش دېگەنلەر بىلەن بولۇپ كېتىپ، باش قاشلاشقىمۇ چولىسى تەگمەي قېلىۋاتاتتى.

لېكىن، قانداقلا بولمىسۇن، ئۆيدىكى ئۇلۇغ-ئۇششاقنىڭ ھەممىسى تەقەززا بولۇۋاتقان ھېلىقى ئىش ھەر مىنۇت ئۇنىڭ يادىدا ئىدى. «قولۇمدىكى ئالدىراش ئىشلار تۈگىگەن ھامان، ئۇ ئىشنى خۇدا بۇيرۇسا بىر ياقلىق قىلىمەن» دەپ ئويلايتتى ئۇ.

بۈگۈن پولات ئىشخانىسىغا كىرىپ ئالدىراش يېزىۋاتقان بۆلۈمنىڭ خۇلاسىسىنى ئەمدىلا قولىغا ئېلىپ تۇرۇشىغا تۇيۇقسىز تېلېفون كېلىپ قالدى. تېلېفون قىلغان ئۇ ئايال ئىسىم-شەرىپىسىنى ئېيتىپ بېرىشكە زادىلا ئۇنىمىدى.

ئۇنىڭ دەپ بېرىشىچە، پولاتنىڭ ئاپىسىنىڭ ئەسلىدە يۈرەك كېسىلى يوق ئىكەن، ئوپېراتسىيە كۈنى ناركولوگ (ناركوزچى دوختۇر) ئوپېراتسىيىگە كىرىشتىن بۇرۇن ھاراق ئىچىپ سەل قىزىپ قالغان بولغاچقا، ناركوزنى جىق ئۇرۇۋېتىپ ئاخىر بىمارنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىگە سەۋەب بولغانمىش. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ كىشى دوختۇرخانا باشلىقىنىڭ قېينىنىسى ئىكەن، شۇڭا بىمار قازا قىلغاندىن كېيىن دوختۇرخانا رەھبەرلىرى «بىمارنىڭ يۈرەك كېسىلى تۇيۇقسىز قوزغىلىپ قېلىپ ئۆلۈپ كەتتى» دەپلا ئىشنى تۈگەتمەكچى بوپتۇ، ئۇ ناركوزچىنى بولسا بېيجىڭغا بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتىۋېتىپتۇ، شۇ چاغدا نەق مەيداندا ھەممە ئىشنى ئېنىق كۆرۈپ تۇرغان بىر سېستىرا بۇ ناھەقچىلىككە چىدىماي ئۇنى

باشقا خىزمەتداشلىرىغا دەپ ساپتۇ، بۇنىڭ بىلەن دوختۇرخانا باشلىقلىرى ئۇنى داۋالاش ئەترىتىگە قوشۇپ جەنۇبىي شىنجاڭغا ئەۋەتىۋېتىپتۇ...

پولات بۇ گەپلەرگە بەك ھەيرانمۇ قالمىدى، چۈنكى ئۇلار شۇ چاغدا بۇنى پەرەز قىلىشقانىدى. ئەمما ئۇلار ھازىرغىچە بىرەر پاكىتقا ئېرىشەلمىدى. مانا ھازىر ئۇلارنىڭ شۇ چاغدىكى پەرىزىنى بۇ ناتونۇش ئايال ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. پولات بىر يىل بۇرۇن ئىككى سېسترانىڭ دوختۇرخانا بىناسىدىن چىقىۋېتىپ دېيىشكەن گەپلىرىنى يادىغا ئالدى.

ــ ئۇنداقتا، ھېلىقى ناركولوگ (ناركوزچى دوختۇر) ھازىر نەدە؟ ــ دەپ سورىدى پولات قارشى تەرەپتىن دەرھاللا.

ــ ئۇ بېيجىڭدىكى ئوقۇشىنى تاماملاپ يېنىپ كەلگىلى ئىككى ئايدىن ئاشتى، ھازىر ئېھتىمال ئىشقىمۇ چۈشۈپ بولغاندۇ...

ــ ئۇتىڭ ئۆيىنىڭ نەدىلىكىنى دەپ بېرەلەمسىز؟

ــ ھە... بۇ... سەل تۇرۇپ تۇرۇڭە، سەل تۇرۇپ تېلېفون قىلاي... ــ دېدى ھېلىقى ئايال. ئاڭغىچە تېلېفوندىن ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ ئاڭلانغىلى تۇردى. دەل شۇ چاغدا تېلېفون ئۈزۈلۈپ قالدى. تىتىلداپ كېتىۋاتقان پولات يەنە تېلېفون كىلىپ قالارمىكىن، دەپ خېلى ساقلاپ باقتى، لېكىن تېلېفون كەلمىدى.

«تېلېفون بەرگەن ئۇ ئايال زادى كىمدۇ؟ ئۇنىڭ دېگەنلىرى راستمىدۇ؟ ئۇ زادى نېمە ئۈچۈن ماڭا ئالاھىدە تېلېفون قىلىپ بۇ ئىشنى دەيدۇ؟ قارىغاندا، ئالدى بىلەن تېلېفون قىلغان ئاشۇ ئايالنى تېپىپ، پاراڭلىشىپ باقمىسام بولمايدىغان ئوخشايدۇ. بىراق ئۇنى قانداق تاپقۇلۇق؟ توغرا، تېلېفون نومۇرىغا قارىساملا تېلېفوننى نەدىن ئۇرغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ». پولات تېلېفون كۆزنىكىدىن ھېلى

كەلگەن تېلېفون نومۇرىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. تېلېفون قەشقەردىن كەلگەنىدى. «ۋۇي، تېلېفون قىلغان ئۇ ئايال جەنۇبىي شىنجاڭغا ئەۋەتىۋېتىلگەن ھېلىقى سېسترامۇ قانداق؟ توغرا، تېلېفون قىلغان ئۇ ئايالنى چوقۇم تېپىشىم كېرەك!» پولات بۇ ئىشنى سۇلايمانغا دېۋىدى، ئۇ پولاتنى قەشقەرگە بېرىپ بېقىشقا دەۋەت قىلدى.

پولات ئەتىسىلا قەشقەرگە يېتىپ باردى ۋە تېلېگراف ئىدارىسىدىن ھېلىقى تېلېفوننىڭ مەلۇم بىر دوختۇرخانىدىكى تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمىنىڭ تېلېفونى ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقتى. شۇنداق قىلىپ، پولات دوختۇرخانىغا دەرھال يېتىپ باردى. ئۇ تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمىگە كىرىپ كەلگەندە بىر سېسترا قىز چىقىپ كېلىۋاتاتتى.

— سىڭلىم، بۇ بۆلۈمدە ئۈرۈمچى «شىپا» دوختۇرخانىسىدىن كەلگەن سېسترا بارمۇ؟ — دەپ سورىدى پولات سالام-سەھەتتىن كېيىن دەرھاللا.

— سىز...؟ — ھېلىقى سېسترا قىز پولاتقا سوئاللىق تىكىلدى-دە، گويا كۆڭلىگە بىر ئىش كەلگەندەك ئالمان-تالمان تالاغا قاراپ ماڭدى. پولات ئۇنىڭ بىلىكىدىن «كاپپىدە» تۇتۇۋالدى.

— سىڭلىم، ماڭا تېلېفون قىلغان قىز سىزمۇ؟ — دەپ سورىدى پولات جىددىي تەرزدە. چىقىپ كېتىشكە ئامالسىز قالغان بۇ سېسترا بېشىنى لىڭشىتتى.

پاتىمە ئىسىملىك بۇ قىز ھەكىمە ئوپېراتسىيە قىلىنغان كۈنى ھەممە ئىشنى ئېنىق كۆرۈپ تۇرغان ھېلىقى سېسترا بولۇپ، بۇ يىل يىگىرمە ئىككى ياشتا ئىدى. شۇنداق قىلىپ، پاتىمە ھەكىمە ئوپېراتسىيە قىلىنغان كۈنى بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى پولاتقا يىپىدىن-يىڭنىسىغىچە دەپ بەردى ۋە ھېلىقى دوختۇرنىڭ ئۆيىنىڭ نەدىلىكىنىمۇ ئېيتىپ بەردى.

پولات ياندىغان چاغدا يانچۇقىدىن ئىككى مىڭ يۈەننى چىقىرىپ ئۇ قىزغا تەڭلىدى، ئەمما ئۇ قىز قەتئىي ئالغىلى ئۇنىمىدى.

— ئاكا، بۇ ئىشنى مېنىڭ ئېيتىپ قويغانلىقىمنى ھېچكىم ئۇقمىسۇن، — دېدى ئۇ يىغلامسىراپ تۇرۇپ، — باشقىلار بىلىپ قالسا مەن تۈگىشىمەن.

پولات ئەتىسى ئۇرۇمچىگە ئايروپىلان بىلەن قايتىپ كەلدى. ئۇ شۇ كۈنىلا شەرىپەنى ئەگەشتۈرۈپ ماھۇت ئىسىملىك ھېلىقى ناركوزچى دوختۇرنىڭ ئۆيىگە كەلدى. پولات ئىشىك قوڭغۇرىقىنى بېسىۋىدى، ئاۋازى چىقمىدى.

— ئىشىك قوڭغۇرىقىمۇ بۇزۇقكەن، قانداق ئۆي بۇ؟ — دېدى شەرىپە ئۇنلۇك قىلىپ. پولات شۇ ھامان ئۇنىڭغا قاراپ قاپىقىنى تۈردى.

ھېلىقى سېستىرانىڭ دەپ بېرىشىچە، ماھۇت دوختۇر ھاراققا ئامراق بولغاچقا، ھە دېسىلا مەست بولۇپ كىرىپ ئايالىنى ئۇرىدىكەن، بۇنىڭغا زادىلا چىدىيالمىغان ئايالى خېلى بۇرۇنلا ئۇنىڭدىن ئاجرىشىپ تۆت ياشلىق ئوغلىنىمۇ ئەكېتىپتۇ. شەرىپە ئىشىك قوڭغۇرىقىغا قاراپلا بۇ ئۆينىڭ زادى قانداق ئائىلە ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىپ بولغانىدى. پولات تۇيۇقسىزلا بىرنېمىدىن ئەنسىرىگەندەك قىلىپ شەرىپەگە ئىتتىك قارىدى:

— شەرىپە، بۇنداق قىلىشىمىز قانۇنسىزلىق بولۇپ قالارمىكىن، دەپ قورقۇپ قېلىۋاتىمەن!

— ئوھۇش، — دېدى شەرىپە تۇمشۇقلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ، — تازا بىر توخۇ يۈرەك زىيالىيدە سەن، بولدى قىلە، بۇ خەق بىزنى ئاشۇنداق ئاجىز كۆرۈپ بوزەك قىلىۋاتىدۇ.

پولات باشقا گەپ قىلمىدى.

— ئاكا، رەھمەتلىك ئاپام ئۆچۈن بوگۇن بىر باتۇرلۇق

قىپباقە، بولامدۇ؟! ــ دېدى شەرىپە.

پولات ئىشىكنى قاتتىق چەكتى. بىرھازادىن كېيىن ئىشىك ئېچىلىپ چوققىسىنىڭ چېچى چۇشۇپ كەتكەن، سېمىزرەك بىرەيلەن چىقىپ كەلدى. ئۇ پولات بىلەن شەرىپەگە قاراپ دېلىغۇللۇق ئىچىدە سورىدى:

ــ سىلەر... سىلەر كىمنى ئىزدەيسىلەر؟

ــ سىز ماھۇت دوختۇر بولامسىز؟ ــ دەپ سورىدى پولات.

ــ شۇنداق! سىلەر كىم بولىسىلەر؟ بىرەر ئىشىڭلار بارمىدى؟ ــ دەپ سورىدى ماھۇت تەمكىنلىك بىلەن. شۇ تاپتا ئۇ بوسۇغىدا تۇرغان بۇ ئىككىيلەننىڭ بىر يىل بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن بىمارنىڭ بالىلىرى ئىكەنلىكىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى.

ــ ئىشىمىز بولمىسا سىزنى ئىزدەپ كېلىدىغانغا ساراڭ ئەمەس بىز؟ ــ دېدى شەرىپە ماھۇتنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ تۇرۇپ.

ــ ۋۇي، تولا گەپ قىل، نېمە دېگىنىڭ بۇ؟ ــ دېدى پولات دەرھاللا شەرىپە بىلەن ماھۇتقا قاراپ كۈلۈمسىرىدى، ــ بىز دوختۇرخانىڭلاردا داۋالانغان بىر بىمارنىڭ بالىلىرى، سىزنى ناركولوگكەن دەپ ئاڭلاپ، بەزى ئەھۋاللارنى ئىگىلەپ باققىلى كەلگەن...

ــ قېنى، ئۆيگە كىرىڭلار، ــ دېدى ماھۇت. «پولات بىلەن شەرىپەنى يېقىندا ئوپېراتسىيە قىلىنغان بىرەر بىمارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن بولسا كېرەك» دەپ ئويلىدى.

پولات بىلەن شەرىپە ساپاغا كېلىپ ئولتۇردى، ئاڭغىچە ماھۇت چاي دەملەپ چىقىش ئۈچۈن ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى.

ــ سەنچۇ، بىز پاراڭلىشىۋاتقان چاغدا گەپكە قوشۇق سالماي بولۇنغان گەپلەرنى لېنتىغا ئالغىن، ئۇقتۇڭمۇ؟ ــ دېدى پولات شەرىپەگە پەس ئاۋازدا.

شەرىپە ئۆي ئىچىگە سەپسالدى. ماﯞتىنىڭ مېھمانخانىسى ناھايىتى كەڭرى ئىدى، قارىماققا ئوتتۇز كۋادرات مېتىردىن ئاشاتتى، ئەمما پولدىكى خوتەن گىلىمى مەينەتچىلىكنىڭ دەستىدىن ئەسلى رەڭگى ئۆچۈپ كېتەيلا دەپ قالغانىدى. شەرىپە دېرىزىگە تارتىپ قويۇلغان تۈركىيە پەردىسىگە قارىدى. ئاپئاق پەردە ئۈزۈندىن بېرى سۇ كۆرمىگەچكە، كۈل رەڭگە ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى.

— ئىسىت، گىلەم! ئىسىت، پەردە! — دېدى شەرىپە بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ. ئۇ ساپانىڭ يۆلەنچۈكىگە سەپسالدى. ئۇ يەرنىمۇ توپا بېسىپ كەتكەنىدى. شەرىپە قاپاقلىرىنى سۈزدى:

— ئايال كىشى يوق ئۆي ئۆي بولامدۇ؟!

— كارىڭ نېمە؟ — دېدى پولات شەرىپىگە تېرىكىپ، — بۇ يەرگە نېمىشقا كەلگەنلىكىمىزنى ئۇنتۇپ قالما! يەنە دەپ قوياي ساڭا، تولا گەپ قىلماي جىم ئولتۇر، بولمىسا ئىشنى بۇزىسەن!

شەرىپە ساپاغا يۆلىنىپ جىم ئولتۇردى. ئاڭغىچە ماﯞت پەتنۇستا چاي ئاچىقتى. بۇنى كۆرگەن پولات شەرىپەنى نوقۇپ قويدى، شەرىپە سومكىسىدىكى ئۇنئالغۇنىڭ كونۇپكىسىنى باستى. پولات سومكىسىدىن ئويۇنچۇق تاپانچىنى «شارتتىدە» چىقىرىپ ئورنىدىن دەس تۇردى. بۇنى كۆرگەن ماﯞتىنىڭ پەتنۇس تۇتقان قوللىرى تىترىگىلى تۇردى:

— بۇ... بۇ... نېمە ئىش ئەمدى؟ سىز نېمە قىلماقچى؟

— قورقماڭ، جېنىم ئامان قالسۇن دېسىڭىز راست گەپ قىلىڭ. ناۋادا غىدىڭ-پىدىڭ قىلسىڭىز، بۇ تاپانچام ئادەم تونۇمايدۇ، بىلىپ قويۇڭ!

پولات شەرىپە بىلەن مەسلىھەتلىشىۋالغىنى بويىچە ماﯞتتىن بىر-بىرلەپ سورىغىلى تۇردى. ئەمما، ئۇ بۇنداق ئىشنى

تۇنجى قېتىم قىلىۋاتقاچقىمۇ ئاۋازى تىترەپ چىقاتتى، تاپانچا تۇتقان قولى ماۇتىنىڭ قوللىرىدىنمۇ بەكرەك تىترەپ كېتىۋاتاتتى، ئەمما ماۋت بۇنى سەزمىدى. ئۇنىڭ چانىقىدىن چاچراپ چىقىپ كېتەيلا دەپ قالغان كۆزلىرى پولاتنىڭ قولىدىكى تاپانچىدا ئىدى.

— سىلەر زادى كىم؟

— بىلىپ قېلىڭ، بىز بىر يىل بۇرۇن دوختۇرخانىڭلاردا ئۆت ئوپېراتسىيىسى قىلىنغان بىر ئايالنىڭ باللىرى، — دېدى يۈرىكى سەل-پەل ئورنىغا چۈشۈپ، قوللىرى تىترەشتىن توختىغان پولات ئۈنلۈك قىلىپ.

— قايسى ئايالنىڭ؟ بۇ يەردە بىر يىلغىچە كۈرمىڭ ئادەم داۋالىنىدىغان تۇرسا ئادەمنىڭ ئېسىدە قالامدۇ؟ — دېدى ئىشنىڭ تېگى-تەكتىگە يېتىپ بولغان ماۋت بىلمەسكە سېلىپ.

— تولا خۇپسەنلىك قىلماڭ، بىز ھەممىنى ئېنىقلاپ بولدۇق، ئاپام يۈرەك كېسەللى بىلەن ئەمەس، سىزنىڭ سەۋەنلىكىڭىزدىن ئۆلۈپ كېتىپتۇ. بۈگۈن مەن جاننى ئالىقانغا ئېلىپ قويۇپ كىردىم، ناۋادا بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسۇن دېسىڭىز گەپنىڭ راستىنى ئېيتىڭ، بولمىسا ئۆيىڭىزنى قانغا بويايمەن، — شۇ گەپلەرنى دەۋاتقان پولات ئۆزىدە ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغان بۇنداق شىجائەتنىڭ زادى نەدىن كەلگەنلىكىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى.

ماۇتنى تەر باسقىلى تۇردى. ئۇ پېشانىسىدىكى تەرلىرىنى ئالىقىنى بىلەن سۈرتكەچ ياندىكى ئورۇندۇقنى تارتىپ ئولتۇردى.

— مەن... مەن... جىق گەپ قىلماي، — دېدى ئۇ دۇدۇقلاپ تۇرۇپ، — تېبابەتتىكى كەسپىي گەپلەرنى دېسەممۇ سىلەر چۈشەنمەيسىلەر... قىلغىنىمغا ئىقرارمەن... شۇ چاغدا

مەن ھاراق ئىچىپ سەل كەيىپ بوپقالغاچقا ناركوزنى جىق تەگشىۋېتىپتىمەن... نەتىجىدە بىمار شۇ ھوشسىزلانغىنىچە ئىككىنچى كۆزىنى ئاچالمىدى... پۇشايماندا ئۆز گۆشۈمنى ئۆزۈم يېگۈدەك بولۇپ كەتتىم... بىراق ئورنىغا كەلمەيدىكەن... ھەممىسى شۇ ھاراقنىڭ كاساپىتىدىن بولغاندىكىن دەپ، شۇنىڭدىن كېيىن ھاراقنى تاشلىدىم... مەن... مەن... تىۋۋا قىلدىم...

— شۇنچىلىكلىما؟ — دېدى پولات ھېلىقى «تاپانچا»سىنى يانچۇقىغا سالغاچ.

— ھە... مەنمۇ بۇ بىر يىلنى قاتتىق پۇشايماندا ئۆتكۈزدۈم... بەختەستەلىك قىلىپ بىر جاننىڭ بېشىغا چىققىنىمدىن بەكمۇ ئازابلىنىمەن... مەن... مەن... ئالدىڭىزدا گۇناھكارمەن... مامۇت ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ بېشىنى تۆۋەن سالدى.

پولات ئەتىسى ئەتىگەندە دوختۇرخانىدىكىلەر ئىشقا چىقىشتىن بۇرۇن سائەت بۇرۇن كېلىپ دوختۇرخانا باشلىقىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا ساقلاپ تۇردى. پۈزۈر كىيىنگەن دوختۇرخانا باشلىقى سائەت سەككىزدىن بەش مىنۇت ئۆتكەندە كارىدورغا كىرىپ كەلدى. ئۇ پولاتنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا سۇسلا تەبەسسۇم قىلىپ قويۇپ ئىشخانىسىنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى.

پولات گەپمۇ قىلماي ئۇنىڭغا سوگدىشىپ ئىشخانىغا كىردى. دوختۇرخانا باشلىقى خۇرۇم پەلتوسىنى سېلىۋېتىپ، بېشىدىكى نوركا تۇمىقىنى ئېلىپ كىيىم ئاسقۇچقا ئىلدى، ئاندىن ئالدىرىماي بېرىپ ئورۇندۇققا ئولتۇردى. ئۇ ئىشخانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆرە تۇرغان پولاتقا قاپاقلىرىنى تۈرۈپ قارىدى، ئەمما ئۇنىڭغا لام دەپ ئېغىز ئاچمىدى. ئۇ ئالدىدا تۇرغان بۇ توخۇ يۈرەك زىيالىينى يەنە شۇ گەپنى ئەزۋەيلىگىلى كەلدى، دەپ ئويلاۋاتاتتى. دوختۇرخانا باشلىقى

تارتمىسىدىن بىر پارچە ھۆججەتنى چىقىرىپ ئەمدىلا ئالدىغا قويۇشىغا پولات يانچۇقىدىن بىر دانە كونۋېرتنى چىقىرىپ دوختۇرخانا باشلىقىنىڭ ئالدىدا تۇرغان ھېلىقى ھۆججەتنىڭ ئۈستىگە قويدى-دە، دوختۇرخانا باشلىقىغا مەنىلىك قارىدى.

— بۇ... بۇ نېمە؟ — دوختۇرخانا باشلىقى ئەندىكىپ تۇرۇپ سورىدى.

— مامۇتنىڭ ئىقرارى!

دوختۇرخانا باشلىقى كونۋېرتقا دەرھال سەپسېلىپ كونۋېرتنىڭ سىرتىدىكى «ناركولوگ مامۇتنىڭ ئىقرارى ئېلىنغان ئۈن لېنتىسى» دېگەن خەتلەرنى كۆردى...

ھەممىنى چۈشەنگەن دوختۇرخانا باشلىقى داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى.

## 33

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن دوختۇرخانا باشلىقلىرى سۇلايمان بىلەن پولاتنى چاقىرتتى. ئۇلار سۇلايمان بىلەن پولاتتىن ئۇزۇندىن-ئۇزۇنغا ئەپۇ سورىغاندىن كېيىن، ئۇلار ئۇچرىغان روھىي زەربە ئۈچۈن يۈز مىڭ يۈەن تۆلەم بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇنچىلىك پۇل سۇلايماننىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئۇچرىغان روھىي زەربىنىڭ ئالدىدا ھېچنېمە ئەمەس ئىدى. بىراق، تاغدەك پۇلنى دۈۋىلەپ بەرگىنى بىلەنمۇ ئۆلگەن ئادەمنى تىرىلدۈرۈپ كەلگىلى بولامتى؟! دوختۇرخانا باشلىقلىرىنىڭ راستتىنلا ئەپۇ سورىغانلىقىنى كۆرگەن سۇلايمان ئۇلارنىڭ شەرتىگە ماقۇل بولدى.

سۇلايمان پۇلنى ئالغاندىن كېيىن بالىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ھەكىمەنىڭ قەبرىسىگە كەلدى. ئۇ يانچۇقىدىن دوختۇرخانىنىڭ بۇ داۋالاش ھادىسىسىنى بىر تەرەپ قىلىش

ھەققىدىكى قارارنامىسىنى ئېلىپ يەرگە قويغاندىن كېيىن قەبرە ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇردى. سۇلايماننىڭ بالىلىرىمۇ يۈكۈندى. سۇلايمان ئالدى بىلەن قىرائەت قىلدى، ئاندىن ھېلىقى قارارنامىنى قولىغا ئېلىپ ئۈنلۈك، ئەمما ئاستا ئوقۇدى. ئۇ قارارنامىنى ئوقۇپ ئاخىرىسىغا كەلگەندە ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى.

ئۇلار يانماقچى بولۇپ ئورنىدىن تۇردى. قەبرىدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمايۋاتقان سۇلايمان ئۆپچۆرىسىگە شۇۋاق ئۆسۈپ كەتكەن قەبرىگە ئۇزۇن-ئۇزۇن تىكىلىپ قاراپ تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن، قەبرىنىڭ قىبلە تەرىپىگە تۇرغۇزۇلغان تاش پۈتۈكنى ئالقانلىرى بىلەن سىلىدى:

— ئاپىسى، سەن كۆز يۇمىدىغان چاغدا بېشىڭدا تۇرۇپ، سەندىن بىرەر ئېغىز بولسىمۇ رازىلىق ئالالمىغانلىقىمدىن بەكمۇ ئۆكۈنىمەن. سەن بىر چاغلاردا «ئىككىمىز دېگەن دۇنيادىكى ئەڭ قەدىناس، مەڭگۈ ئايرىلماس دوستلاردىن» دەپ كېتەتتىڭ، بىراق سەن دوستلۇققا يارىمىدىڭ، ھەكىمە، مېنى تاشلاپ قويۇپ ئۆزۈڭ كېتىۋالدىڭ. بۈگۈن بىز بېشىڭغا كەلگەن كېلىشمەسلىكنىڭ سەۋەبىنى ئېنىق ئۇقتۇق، ئىككىمىزنى ئايرىۋەتكەن گۇيتوزىلار تېگىشلىك جاجىسىنى يېدى. ماڭا ئىشەنگىن، ھەكىمە! بۇنىڭدىن كېيىن تۇرمۇشۇمدا قانداق ئۆزگىرىش بولسۇن-بولمىسۇن، كۆڭلۈمدىكى ئورنۇڭنى ھېچكىم باسالمايدۇ، مەن سېنى ھەرگىز ئۇنتۇيالمايمەن، ھەرگىز...

سۇلايماننىڭ لەۋلىرى تىترەپ ئاغزى گەپكە كەلمەي قېلىۋاتاتتى:

— سېنى نىكاھىمغا ئالغان چاغدا سەن ئەمدىلا ئون ئالتە ياشقا كىرگەن مۇشتۇمدەك سېكىلەك ئىدىڭ، سەندەك چىرايلىق ھەمراھقا ئېرىشكەنلىكىمدىن بېشىم كۆككە

يەتكەنىدى... ئىككىمىز بىر ـ بىرىمىزگە يۆلەنچۈك بولۇپ تالاي ـ تالاي ئىسسىق ـ سوغۇقلارنى بېشىمىزدىن ئۆتكۈزدۇق، ئاخىرى ئاشۇ ياشلىقىمىز كەلمەسكە كەتتى، بىز قېرىدۇق، لېكىن سەن بەكمۇ چىرايلىق قېرىغانىدىڭ، ھېكىمە... ــ سۇلايمان گېپىنىڭ ئايىغىنى داۋاملاشتۇرالماي بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى.

ياشلىرى مۆلدۈرلەپ تۆكۈلۈۋاتقان باللار ئاتىسىغا تەلمۈرۈپ قاراشتى. ئاگغىچە شەرىپە ئىتتىك كېلىپ ئاتىسىنى قولتۇقىدىن يۆلىدى:

ــ كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلمىغىنا، ئاتا... بىر يىلدىن بۇيان تەقەززا بولۇپ كەلگەن ئىشتا بىز ئاخىرى يەڭدۇق، بۇ بىز بىر ئائىلە كىشىلىرى ئۈچۈن خۇشاللىق، بىز يىغلىمايلى... خۇشال بولايلى...

سۇلايمان قەبرە پۈتۈكىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرغان قوللىرىنى ئاستا بوشاتتى. ئاگغىچە پولات ئىتتىك كېلىپ ئاتىسىنى بىلىكىدىن تۇتتى:

ــ ئاتا، ھاۋا بەك سوۋۇپ كەتتى، ساڭا سوغۇق تېگىپ قالمىسۇن، بىز قايتايلى...

ئۇلار ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە، ئاسىيە تاماقنى تەخ قىلىپ تۇرغانىدى. ئۇ داستىخانغا مەززىلىك پولۇ بىلەن تۇجۇپىلەپ تەييارلانغان سالات كەلتۈردى. بىر ئائىلە كىشىلىرى پولۇنى ئىشتىھا بىلەن يەۋاتقاندا سۇلايمان گېلىنى قىرىپ قويۇپ گەپ باشلىدى:

ــ سىلەرگە دەيدىغان بىر ئىش بار ئىدى، ھەممىڭلارنى قوشۇلىدۇ، دەپ ئويلايمەن.

ــ نېمە ئىشتى، ئاتا؟ ــ دەپ سورىدى زۆھرە.

ــ ھە... بۇ... ئالدى بىلەن دەپ قوياي: بۇ سىلەرگە سالغان مەسلىھەتىم ئەمەس، ئۆزۈم قارار قىلغان ئىش، سىلەرنى ئاگلاپ قالسۇن دەۋاتىمەن؛ مەيلى قوشۇلۇڭلار ـ

قوشۇلماڭلار، بەربىر دېگىنىمدەك بولىدۇ.
— ۋيەي، ئاتا، ئادەمنى تىتىلداتماي دېسىنا! خوتۇندىن يەنە بىرنى ئالمايدىغانسەن؟! — دېدى شەرىپە چاقچاق قىلىپ. لېكىن، ئۇنىڭ بۇ چاقچىقى ھېچكىمنى كۈلدۈرمەكتە يوق، ئەكسىچە ئاسىيەنى بەكمۇ ئوڭايسىزلاندۇرۇپ قويدى.
— ۋيەي، «ئاغزىمغا كەلدى» دەپ دەۋېرىدىكەن-سەن، — دېدى زۆھرە شەرىپەگە قاراپ قاپاقلىرىنى تۈرۈپ.
لېكىن، زۆھرەنىڭ گېپىنى ئىلىك ئالمىغان شەرىپە ئۆزىچە كۈلدى:
— چاقچاق قىلىپ قويدۇم شۇ...
سۇلايمان قولىدىكى قوشۇقنى ئاستا قويۇپ، قولياغلىق بىلەن ئېغىزلىرىنى سۈرتتى.
— بۇ باشقا گەپمۇ ئەمەس، ھېلىقى يۈز مىڭ يۈەن تۆلەم پۇلىنىڭ گېپى، — دېدى سۇلايمان.
بۇ گەپنى ئاڭلىغان باللار تاماقتىن توختاپ ئاتىسىغا تەقەززالىق بىلەن قاراشتى.
— بىزگە يۈز مىڭ يۈەن تۆلەم پۇلىنىڭ تەگكەنلىكى ھەممىڭلارغا مەلۇم، ئۇ پۇل گەرچە ھەممىمىزگە تەئەللۇق بولسىمۇ، لېكىن رەھمەتلىك ئاپاڭلارنىڭ ئىسسىق جېنى بەدىلىگە كەلگەن تۆلەم؛ مەن ئۇيان ئويلىنىپ-بۇيان ئويلىنىپ ئاخىر ئۇنىڭ يېرىمىنى ئەسئەد چوڭ ئاتاڭلارغا بېرىش نىيىتىگە كەلدىم. چۈنكى، ئەسئەد چوڭ ئاتاڭلار رەھمەتلىك ئاپاڭلارنىڭ بۇ دۇنيالىقتىكى بىردىنبىر قېرىندىشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزى ياشىنىپ قالدى، باللىرىنىڭ ھەممىسى دېھقان. ئۇ بايقۇش تۆت كۆن بولسىمۇ جاھاننىڭ خۇۋلۇقىنى كۆرسە رەھمەتلىكنىڭ روھى خۇش بولىدۇ، — سۇلايمان ئولتۇرغانلارغا تەكشى قاراپ قويۇپ گېپىنى

داۋام قىلدى، — پۇلنىڭ قالغىنىنى دارىلئېتامغا بېرىمەن...
ئاپاڭلار سەدىقە، ساخاۋەت دېسە جېنى يايراپ كېتىدىغان
مەزلۇم ئىدى، رەھمەتلىك... يېتىملار كۈلسە ئۇ رەھمەتلىكنىڭ
روھىمۇ كۈلىدۇ...

— ئاتا، توغرا ئويلاپسەن، — دېدى پولات بىردەملىك جىمجىتلىقتىن كېيىن، — بۇ پۇلنى چوقۇم مۇشۇنداق يەرگە ئىشلەتسەك بولىدۇ، مېنىڭ باشقا پىكرىم يوق.

— مەن بايا دېدىمغۇ، بالام، — دەپ كۈلدى سۇلايمان، — بۇ مېنىڭ سىلەرگە مەسلىھەت سېلىۋاتقىنىم ئەمەس جۇمۇ!

— ئۆزلىرى قارار قىلىپ بولغان بولسىلىرىمۇ، بىز ئۆزىمىزنىڭ پىكرىنى دەپ باقساق بولۇرمۇ، ئاتا؟ — دەپ سورىدى گۈليار تۇيۇقسىزلا.

— ھە، بولىدۇ!

— ئاپام رەھمەتلىك ناھايىتى تەقۋادار مۇسۇلمان ئىدى، پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىن بەش ۋاخ ناماز بىلەن روزىنى بىرەر قېتىممۇ قازا قىلىپ باقمىغان. شۇڭا قالغان پۇلنىڭ كۆپرەكىنى مەسچىتكە بەرسەك ئاپام رەھمەتلىكنىڭ روھى ساۋاب تاپاتتى...

— نېمىلا دېگەنبىلەن ھاجىمنىڭ قىزىدە سەن-ھە! «توخۇ داڭگال چۇشەپتۇ، ئۆچكە جاڭگال» دېگەندەك... بىراق ئاتام بېكىتىپ بولغان ئىشقا باشقىمىز ئارىلاشمايلى — پولات خوتۇنىنىڭ گېپىنى چىرايلىقچە رەت قىلدى.

— گۈليارنىڭ گېپىمۇ ئورۇنلۇقتەك قىلىدۇ، بىراق مەسچىتكە بېرىدىغىنىمىز لايىقىدا بولسىلا بولىدۇ، مېنىڭچە، مەسچىتكە ئوبدان گىلەمدىن بىر پارچە ئېلىپ بېرەيلى، — دېدى سۇلايمان ۋە دەرھال ئاسىيەگە قارىدى.

بۇنىڭ بىلەن باياتىن بېرى ئېغىز ئاچماي جىمجىت ئولتۇرغان ئاسىيە گەپ قىستۇردى:

— توغرا ئويلاپلا، ئاتىسى! سەدىقە دېگەنىنگمۇ ئىلگىرى-كېيىنى بولارمىش. ئالدى بىلەن ئۇرۇق-تۇغقانلار ئارىسىدىكى ئاجىز-ئورۇقلارغا بەرگۈلۈككەن، ئۇرۇق-تۇغقانلار ئارىسىدا ئۇنداقلار بولمىسا، ئاندىن ياتلارغا بەرسە بولىدىكەن. پۇلنىڭ يېرىمىنى باللارنىڭ چوڭ ئاتىسىغا بەرمەكچى بولغانلىرى بەك جايىدا ئىش بوپتۇ.

سۇلايماننىڭ بالىلىرى ئۆگەي ئاپىسىنىڭ تۇيۇقسىزلا بۇنچىۋالا جىق گەپ قىستۇرۇپ كەتكەنلىكىگە ھەيران قېلىشتى.

— ئاتا، مېنىڭ باشقىچە پىكرىم بار، — دېدى شەرىپە ئاتىسىغا دوق قىلغاندەك.

— بولدى، بايا دېدىمغۇ، قانداق قىلسا مۇۋاپىق بولىدىغانلىقىنى ئۆزۈم بىلىمەن، سىلەر نېرى-بېرى گەپ قىلماڭلار!

— مېنىڭچە، بۇ يۈز مىڭ يۈەننى قانداق بىر تەرەپ قىلىش ئۆزىمىزنىڭ ئىشى، شۇنداققۇ؟ — شەرىپە سۇلايمانغا سوئاللىق قارىدى.

سۇلايمان شەرىپەنىڭ نېمە دېمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى دەرھال چۈشەندى. ئۇ شەرىپەنىڭ گېپىنى ئۈزمەكچى بولدىيۇ، لېكىن گەپنى قانداق قىلسا جايىدا بولىدىغانلىقىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ تەلىيىگە، شەرىپە يەنە ئېغىز ئېچىپ بولغۇچە گۈليار گەپنى تارتىۋالدى:

— شەرىپە، مەندەك بىر يات كېلىننى قېرىنداشلارنىڭ مەسلىھەتىگە يېقىن يولىمىسۇن دەۋاتامسىز قانداق؟ بىراق، خاتىرجەم بولۇڭ، مەن ئاتامنىڭ پىكرىگە يۈزدە يۈز قوشۇلىمەن، تولا ئەنسىرەپ كەتمەڭ، ئۆيدە بولۇنغان بۇ گەپلەرنى ھېچكىمگە تىنمايمەن، ئەمدىغۇ يۈرىكىڭىز جايىغا چۈشكەندۇ؟

— ۋييەي، نېمىلەرنى ئويلاپ كەتتىڭىز... بۇ... يا سىز يات ئادەم بولمىسىڭىز، ئاپام رەھمەتلىك ھايات ۋاقتىدا سىزنى ھەدەم ئىككىمىزدىن ئەتىۋار كۆرەتتىغۇ، سىز ئاللىقاچان ئۆز بولۇپ كەتكەن تۇرسىڭىز...

ئاسىيە ھەم چىچەن، ھەم سەزگۈر مەزلۇم ئىدى. ئۇ شەرىپەنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى چۈشەندى. ئۆزىنىڭ بۇ يەردە سۇلايماننىڭ بالىلىرى بىلەن بىرگە ئولتۇرغانىنى ئاز دەپ، يەنە نەدىكى بىر گەپلەرنى قىلىپ يۈرگەنلىكىگە مىڭ بىر پۇشايمان قىلغان ئاسىيە كۆزلىرىدىكى لىغىرلاپ تۇرغان ياشلىرىنى باللارغا چاندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن شىرەدىكى چەينەكنى ئالدى-دە، دەس ئورنىدىن تۇردى.

— نەگە بارىسەن؟ گەپ تېخى تۈگىمىگەن تۇرسا... — دەپ تۈۋلىدى سۇلايمان.

— مەن... مەن... چاي سوۋۇپ قاپتۇ، باشقىدىن دەملەپ كىرەي...

سۇلايمان شەرىپەگە ئالايدى، ئۇ شەرىپەگە گەپ قىلماقچى بولۇپ ئېغىزىنى ئۆمەللەپ تۇرۇپ قالدى.

— بۈرۈنقى زاماندا سەكسەن نەچچە ياشلىق بىر بوۋاي ئۆتكەنىكەن، — دەپ گېپىنى باشلىدى سۇلايمان بىرھازا جىمجىتلىقتىن كېيىن، — ئۇنىڭ بەش بالىسى زادىلا پېتىشمايدىكەن، ھە دېسىلا گەپ تەرگىشىدىكەن، بىر-بىرىدىن يامانلىشىدىكەن، باللارنىڭ ھەممىسى ئاتىسىغا بەكمۇ ۋاپادار بولغاچقا بوۋاينى تالىشىپ تۇرۇپ باقىدىكەن، لېكىن باللار ھەرقانچە قىلىپمۇ ئاتىسىنى رازى قىلالماپتۇ، بۇنىڭدىن ھەيران قېلىشقان باللار ئاتىسىدىن سوراپتۇ: «ھەي ئاتا! سېنىڭ توققۇزىڭنى تەل قىلىپ بېرىۋاتىمىز، ھېچنېمىدىن خىجالىتىڭ يوق، شۇنداق تۇرۇقلۇق يەنە نېمىشقا بىزگە چىرايىڭنى ئاچمايسەن؟ ئەمدى بىز ساڭا زادى

نېمە قىلىپ بەرسەك بولار؟» ھېلىقى بوۋاي باللىرىغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىپتۇ دېمەمسىلەر، بوۋاي شۇنداق دەپتۇ: «ئاتا ـ ئانا بولغۇچىلار باللىرىنىڭ ھە دېسىلا ئاتا ـ ئانىسى ئۈچۈن پۇل خەجلىشىنى ياقتۇرمايدۇ، ئۇلارنىڭ ئۈمىد قىلىدىغىنى پەقەتلا ئارامخۇدالىق» . لېكىن، بوۋاينىڭ باللىرى ئاتىسىنىڭ مۇددىئاسىنى يەنە چۈشەنمەپتۇ، بۇنىڭ بىلەن بوۋاي باللىرىغا قاراپ شۇنداق دەپ ۋارقىراپتۇ: «كۆڭگە بىر ۋاخ غىزا يېسەممۇ بەش قېرىنداش ئۆم ـ ئىناق ئۆتۈپ مېنى ئارامخۇدا ياشىغىلى قويساڭلارلا، كۆڭلۈم تاغدەك ئۆسكەن بولار ئىدى، باللىرىم!» .

ـــ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىڭنى بىلدىم، ئاتا، ـــ دېدى پولات.

ئۆزىنىڭ قىلغانلىرىدىن كۆڭلى يېرىم بولغان شەرىپە ئاتىسىغا مەيۇسانە تىكىلدى:

ـــ «ساڭا ياخشى قارىسام، مېنى باققان ئەجرىڭنى قايتۇرسام» دەپلا ئويلايمەنۇ، بىراق نېمىشقىكىن ھە دېسىلا سېنى رەنجىتىپ قويۇۋاتىمەن، ئاتا، مېنى كەچۈرگىن...

ـــ سېنى ھېچكىم «ئاتا ـ ئانىسىغا كۆيۈمى يوق» دېمىدىغۇ، شەرىپە، ـــ دېدى زۆھرە شەرىپەنىڭ مۈرىسىگە قېقىپ تۇرۇپ، ـــ ئۆزۈڭنى ئەيىبلەۋەرمە، ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە ئۆتە زىغىرلاپ كەتسە باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىپ قويىدىغان گەپ، ئۇنداق ئادەمنىڭ ئۆزىمۇ خاپىلىقتىن قۇتۇلالمايدۇ... كۆكسى ـ قارنىڭنى كەڭرى تۇت بولامدۇ؟

شەرىپە بېشىنى تۆۋەن سالغىنىچە مىشىلداپ يىغلىغىلى تۇردى.

ـــ ئۇنداق قىلما، قىزىم، ـــ دېدى سۇلايمان شەرىپەگە قاراپ، ـــ سەن يا كىچىك بالا بولمىساڭ!

سۇلايمان پولاتقا قارىدى:

— سەن ئەتىلا بىر پارچە خەت يېزىپ ئەسئەد چوڭ ئاتاڭغا ھېلىقى پۇل بىلەن بىللە سېلىۋەت! خەتتە گەپنى ئۇچۇق دېگىن، ماقۇلمۇ؟

پولات ئاتىسىغا قاراپ بېشىنى لىڭشىتتى. بالىلار قايتماقچى بولۇپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇۋىدى، سۇلايمان بالىلىرىغا بىر ئىشنى دېمەكچى بولۇپ ئۇلارغا قارىدى:

— بىر ئىش بار ئىدى، بۇنىغۇ دېمەي دېگەنىدىم، قارىغاندا دەپ قويغىنىم ياخشىدەكمۇ قىلىدۇ، — ئۇ ئاشخانا تەرەپكە قاراپ قويۇپ پەس ئاۋازدا گېپىنى داۋام قىلدى، — بۇ يۈز مىڭ يۈەن تۆلەم پۇلىنى ئۇنداق بىر تەرەپ قىلىش دەسلەپتە مېنىڭ خىيالىمغىمۇ كەلمىگەنىدى، ئۇ ئەقىلنى ماڭا ئاسىيە كۆرسەتكەن بىلەمسىلەر...؟ ئاسىيە...، — سۇلايمان شەرىپەگە مەنىلىك تىكىلدى، — ھە دېسىلا ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىپ قويۇۋاتىمىز، ئويلاپ باقماسىلەر، راستتىنلا يامان نىيىتى بولسا، بىزگە ئاشۇنداق ئەقىلنى كۆرسەتتەمتى...؟!

— ۋىيەي، ئاسىيە ئايالىمنىڭ بۇ ئەقلىنى زادىلا ئويلاپ باقماپتىكەنمەن، — دېدى زۆھرە گەپنى ئۇدۇللا قىلىپ.

— ھىم، خۇشامەتچىلىكنى تېخى بۇنىڭ، — دېدى شەرىپە پىچىرلاپ تۇرۇپ.

— ۋۇي، يەنە نېمە دېگىنىڭ بۇ؟ نىمانداق غەرەز ئۇقمايدىغانسەن؟ — سۇلايماننىڭ بۇ گەپلىرى بايىقىدىن ئۈنلۈكرەك چىقىپ كەتتى.

— مەن... مەن... ھېچنېمە دېمىدىم، — دېدى شەرىپە دۇدۇقلاپ تۇرۇپ، — بەك تەسىرلىنىپ كېتىۋاتىمەن شۇ، خاپا بولما، ئاتا، ھە!

بۇ گەپنى ئاڭلىغان كۆپچىلىك پاراققىدە كۈلۈشتى، سۇلايمانمۇ كۈلۈپ كەتتى. سۇلايمان ئورنىدىن تۇرۇپ قاتتىق

بىر كېرىلىۋەتكەندىن كېيىن باللىرىغا قارىدى:
— ھە... بۇ ئىشنىمۇ كۆڭۈلدىكىدەك تۈگەتتۇق، بولدى... باللىرىم كەچ بولۇپ كەتتى، سىلەرمۇ قايتىڭلار!

باللىرىنىڭ مىدىرلىماي تۇرۇشقانلىقىنى كۆرگەن سۇلايمان گېپىنى داۋام قىلدى:

— ۋۇي، ماڭماي يەنە نېمىگە قاراپ تۇرىسىلەر، ئۇخلايمەن ئەمدى، بايىقى ھېكايىنى ئۇنتۇپ قالدىڭلارما؟

— ۋىيەي، تۇرۇۋاپسىلەرغۇ؟ — دېدى ئاشخانىدىن تۇيۇقسىز چىقىپ كەلگەن ئاسىيە كۈلۈپ تۇرۇپ، — بىردەم ئولتۇرۇپ تۇرۇڭلار، بىر چىنىدىن سۇيۇقئاش قىلاي.

ئاڭغىچە ئىشىك تۈۋىگە بېرىپ بولۇشقان باللار تەڭلا ئارقىسىغا قارىدى.

— بولدى، رەھمەت، سىزمۇ ھاردىڭىز، ئارام ئېلىڭ، — دېدى گۈليار تەكەللۇپ بىلەن.

ئاسىيە شەرىپەنىڭ كۆزلىرىگە تەلمۈرگەندەك قارىدى:

— شەرىپە، يوقاپ كەتمەي پات-پات كېلىپ تۇرۇڭ، قىزىم، ئاتىڭىز بەك سېغىنىپ كېتىدىكەن!

— كەلمەمدىغان، كېلىمەن! ئاتام ئۆزۈمنىڭ تۇرسا نېمىشقا كەلمىگۈدەكمەن؟ — شەرىپەنىڭ قاڭسىق گەپلىرى يەنە باشلانغىلى تۇردى.

— بولدى، بولدى، مېڭىشمامسەن ئەمدى، سىلەرنى ئۇزاتماقمۇ شۇنداق تەسكەنغۇ؟! نەۋاخ مەن ئۆرە تۇرغىلى، پۇتلىرىم تېلىپ كەتتى، — سۇلايمان باللىرىغا چاقچاق قىلىپ كۈلدى.

— «سىلەر» دېدىڭما، ئاتا؟ — دېدى شەرىپە سۇلايمانغا تىكىلىپ تۇرۇپ، — خۇددى ئىككى قاشقا ئايرىلىپ كەتكەندەك «مەن»، «سىلەر» دەپ سۆزلەپ كەتتىڭغۇ ئەمدى؟!

سۇلايمان شەرىپەنىڭ ئاشۇنچىلىك گەپتىنمۇ قوسۇر تاپىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقمىغانىدى. ئۇنىڭ چىرايى دەرھاللا ئۆزگەردى، ئەمما قايتا گەپ قىلمىدى.
— بۇ ئىككىسىنىڭ مىجەزىمۇ، بىر قېلىپنىڭ كېسەكلىرىدەكلا ئىكەنغۇ، — دېدى پولات شەرىپەنىڭ دولىسىدىن ئىتتىرىپ تۇرۇپ، — ماڭ، ماڭ... قايتىمىز ئەمدى!
شەرىپە تالاغا چىققاندىن كېيىن گۈليارنىڭ ئۇچىسىدىكى نوركا پەلتونى كۆرۈپ ھەيران قالدى:
— ۋىيەي، يەڭگە، بۇ نوركا پەلتونى قاچان ئالدىڭىز؟ قانچە پۇلكەن؟ بەك قىممەتتۇ ـ ھە؟
— ئەمدى كۆرۈۋاتامسىز؟ — شەرىپەنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلىغان گۈليارنىڭ كۆزلىرى چاقناپ كەتتى، بىراق باشقا گەپ قىلماي قەستەن جىم تۇرۇۋالدى.
— شەرىپە ئەتىگەندىن ـ كەچكىچە ئاتامنىڭ ئاغزىنى غېرىچلاچقىلا يارالغان تۇرسا، ئۇنداق نەرسىلەرگە سەپسېلىشقا چولىسى تېگەمتى؟ — دېدى پولات گەپ قىستۇرۇپ.
— ئوھۇش، ئاياللارنىڭ ئىشى بىلەن نېمە كارىڭ سېنىڭ؟ — شەرىپە ئاكىسىغا ئالايدى ۋە گۈليارنىڭ پەلتوسىنى ئالىقانلىرى بىلەن سىلاپ تۇرۇپ، — جىڭ مالكەن، بىرەر تۈمەنگە ئالغانسىز ـ ھە؟
— نەدىكىنى؟ بىرەر تۈمەنلىك نوركا پەلتونى كوچىغا كىيىپ چىققىلى بولامتى؟ بۇلتۇر چاغاندىن كېيىن تۇيۇقسىزلا ماللارنىڭ باھاسىنى چۈشۈردى دەڭا، ئەسلىي باھاسى ئىككى تۈمەن كوي ئىكەندۇق، ئون ئىككى مىڭغا چۈشۈرۈپتۇ، ئاكىڭىز ئېپبېرىمەن، دەپ تۇرۇۋالدى، شۇڭا كۆزنى يۇمۇپلا ئېلىۋەتتۇق.
— ئۇنداقتا، بىر يىلدىن بۇيان كوچا ئاپتوبۇسىغا چىقىپ باقماپسىز ـ دە؟ — شەرىپە يەنە سورىدى.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟
— شۇنىمۇ چۈشەنمىدىڭىزمۇ؟ ئۈچىسىغا ئون ئىككى مىڭ كويلۇق نوركا پەلتو كىيىۋالغان ئادەم بىر كويلۇق ئاپتوبۇستا قىستىلىپ يۈرسە سەت تۇرار؟!
— ئۇغۇ شۇ... راست دەيسىز، — شەرىپەنىڭ بۇ گەپلىرىدىن سەل ئوڭايسىزلىنىپ قالغان گۈليار زورىغا كۈلۈمسىرىدى، لېكىن ئۇ تۇرۇپلا ئويلىنىپ قالدى: «هازىر ھەممىلا ئادەم كۈنىنى ئاران ئېلىۋاتقان تۇرسا، بىر كويلۇق ئاپتوبۇسقا چىقماي، پىكاپتا ئولتۇرامدىكىن؟!»
— بىر قېتىم ئىشقا ماڭغانىدىم، — دەپ يەنە گەپ باشلىدى شەرىپە، — بېكەتتە ئادەمنىڭ قىستا - قىستاڭلىقىدىن تۇرغىلى بولمايتتى، ئاڭغىچە بىر ئاپتوبۇس كەلدى، ھەممەيلەن ئالدىغا قاراپ قىستاشتۇق، ئالدىمدا تۇرغان سېمىز بىر ئايالمۇ مىڭ تەسلىكتە قىستىلىپ يۈرۈپ ئاپتوبۇسقا چىقتى، قارىسام ئۈچىسىغا ناھايىتى قىممەت نوركا پەلتو كىيىۋاپتۇ، ئىچىمدە: «ۋۇي، ھالىنى ئات تارتالمايدىغان پورۋاش، دۈمبەڭگە قىممەت نوركا پەلتو كىيىۋالغان ئادەم بىز بىلەن قىستىشىپ يۈرگىچە تاكسىغا چىقساڭ بولمامدۇ؟ كىم بىلىدۇ، ئۇچاڭدىكىسى ئوغرىلىغان پەلتومۇ تېخى؟!» دەپ كەتتىم.
بۇ گەپنى ئاڭلىغان گۈليار قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى:
— شەرىپە ھېلىمۇ سەمرىيدىكەنسىز - ھە؟ كۆرۈنگەنلا ئىشقا سەپسېلىپ چېچىلغىلى تۇرسىڭىز چارچىمامسىز؟
— شۇ ئەمدى، — دېدى شەرىپە گۈليارنىڭ بۇ گەپلىرىنى قاپتىلىغا ئالماي كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ تۇرۇپ.
ئاڭغىچە ئۇلار ئاپتوبۇس بېكىتىگىمۇ يېتىپ كەلدى.
— پولات، مەن بېكەتتىن نېرىراق تۇراي جۇمۇ، — گۈليار ئېرىغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى.

— نېمىشقا؟
— ئۇچامدا نوركا پەلتو تۇرسا!
ئۇچەيلەن تەڭلا كۈلۈشتى. شۇ ئارىلىقتا بىر تاكسى كېلىپ ئۇلارنىڭ يېنىدا توختىدى. ئۇچەيلەن خېلى يەرگە بارغۇچە گەپ قىلىشمىدى.
— جىمىپلا كەتتىڭلارغۇ؟ نېمە ئويلاۋاتىسىلەر؟ — ئىچى پۇشقان شەرىپە تاقەتسىزلىك بىلەن سورىدى.
— بايىقى گېپىڭىزنى، — دېدى گۈليار.
— قايسى گەپنى؟
— نوركا پەلتو بىلەن كوچا ئايلىنىپ يۈرۈشنىڭ گېپىنى بولمامدۇ، — گۈليار بىردەم جىم ئولتۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن گېپىنى يەنە داۋام قىلدى، — راست دەيسىز، شەرىپە، ھالىمىز بۇ تۇرۇپ، ئۇچىمىزغا قىممەت نوركا پەلتو كىيىۋالساق راستتىنلا ياراشمايدىكەن، سىزگە كۆڭلۈمدىكى گەپنى دېسەم، ئۇچامغا نوركا پەلتو كىيىۋالغىنىم بىلەن پايپىقىم ئۆتمىتۆشۈك بولۇپ كېتىپتۇ...
— «ئىسلاھ قىلدۇق، باي بولدۇق» دېگىنىمىز بىلەن، ئەمەلىيەتتە «ئىككى نان تاپسا بىرنى داپ چاپتۇ» دېگەندەك ئىشنى قىلىۋاتىمىز، گۈليارغا ئوخشاش ئۇچىسىغا نوركا پەلتو، ئىچىگە تۆشۈك پايپاق كىيىپ يۈرگەن خوتۇنلار سامان- دەك، — دېدى باياتىن گەپ قىلماي ئولتۇرغان پولات «ئۇھ» تارتىپ.
— ۋيەي، مۇشۇ ئەرخەق دېگەننىڭغۇ ھېلى قىلغان گېپى ھېلى يوق، — گۈليار پولاتقا قاراپ ۋىلىققىدە كۈلدى.
— بۇ نېمە گەپ ئەمدى؟ — دېدى پولات دەرھاللا.
— شۇ چاغدا مەن ئالمايلى دېسەم ئۆزىڭىز ئۇنىماي تۇرۇۋېلىپ، مانا ئەمدى دەۋاتقان گېپىڭىزنى، — گۈليار پولاتنى بوشقىنە نوقۇپ قويدى.

— يىرتىق پايپاق كىيىۋاتقانلىقىڭنى ئۆزۈڭ دېدىڭغۇ!
— بولدى قىلىڭلار، مېنىڭ ئالدىمدا ياپتا گەپ بىلەن بىر-بىرىڭلارغا ئەركىلەشتىن نومۇس قىلمامسىلەر؟ — دېدى شەرىپە پولات بىلەن گۈليارغا كۆزلىرىنى ئالايتىپ، — ئاكا، راست گەپنى قىلسام، ئاتامنىڭ بىر-بىرىگە زىت گەپ قىلىدىغانلىقىغا ھەيرانمەن.
— ۋۇي، يەنە شۇ گەپمۇ؟ ئۆزۈڭنى بىلگىنە، ئاتامنىڭ ئىشىغا ئارىلاشماي...
— ئالدى بىلەن گېپىمنى ئاڭلاپ باقمامسەن! قارىمامسەن، ئاتام بۈگۈن ئاپامنىڭ قەبرىسى ئالدىدا بۇقۇلداپ يىغلاپ ھەممىمىزنىڭ يۈرىكىنى ئېزىۋەتتى، ئۆيگە كىرىپلا يەنە ھېلىقى خوتۇنغا كۈچۈكلىنىپ يۈرىدۇ، نېمە ئويلايدىكىنتاڭ؟!
— ساڭا دەپ قوياي، شەرىپە! بۇنىڭدىن كېيىن ئاتامنىڭ ئىشىغا ئازراق ئارىلاشقىن، ئاسىيە ئايلامغىمۇ تولا كۆزۈڭنى پاختىسىنى چىقىرىپ يۈرمە بولامدۇ؟ ئاتامنىڭ يېشى بىر يەرگە بېرىپ قالدى، ئارتۇق كۆڭۈل ئاغرىقىنى كۆتۈرەلمەيدۇ!
— قەستەن ئاتامنىڭ زىتىغا تېگەي، دېگىنىم يوق، ئاتامنىڭ ئاپامنى بىراقلا ئۇنتۇپ كېتىشىدىن بەكلا ئەنسىرەيمەن شۇ! رەھمەتلىك ئاپام ئاتامنى شۇنداق ياخشى كۆرىدىغان تۇرسا، ناۋادا ئاتام ئۇنى ئۇنتۇپ كەتسە، ئاپامنىڭ روھى قورۇنۇپ قالىدۇ، — شەرىپە مەيۈس كۆزلىرىنى ماشىنىنىڭ ئەينىكىدىن سىرتقا تىكتى.
— ھەممە ئادەمنى ئۆزۈڭگە ئوخشاش كۆڭلىگە بىرەر ئىش كېلە-كەلمەيلا ئۆپكىدەك قىزىرىپ قوپىدۇ، دەپ ئويلىما! كالىلاڭ بولغانىدىكىن ئويلاپ باقمامسەن، ئاتام زادى نېمىشقا قايتا نىكاھلىق بولغانىدىن كېيىن ئۆيدىكى ھېچقانداق نەرسىنى ئالماشتۇرمىدى بىلەمسەن؟ ئۆتكەندە ئاتام ھېلىقى كۆزەينىكىنىڭ بىر قونىدىقى سۇنۇپ كېتىپتىكەن، شۇنى

پلاستىردا چاپلاپ ئولتۇرىدۇ، كىيىن ئۇنىڭغا يىڭى كۆزەينەكتىن بىرنى ئەكىلىپ بەردىم، ئاتام «رەھمەت!» دەپ ئالدى، لىكىن كىيىن قارىسام يەنە ھىلىقى سۇنۇق كۆزەينەكنى تاقىۋاپتۇ، ئاتامدىن: «نىمىشقا يەنە سۇنۇق كۆزەينەكنى تاقىۋالدىڭ؟» دەپ سورىسام، ئۇ نىمە دىدى دىمەمسەن؟! «بۇ دىگەن ئاپاڭ رەھمەتلىك ئىلىپ بەرگەن كۆزەينەك ئىدى» دەيدۇ، — پولاتنىڭ كۆز جىيەكلىرى دەرھال قىزاردى.

— ۋىيەي، راستمۇ؟ — دىدى سەل ئوڭايسىزلىنىپ قالغان شەرىپە.

شەرىپە بىردەم گەپ قىلماي جىم ئولتۇرۇپ كەتكەندىن كىيىن قوشۇپ قويدى:

— بىراق، قانداقلا قىلسام ھىلىقى خوتۇننى كۆزۈمگە سىغدۇرالمايمەنغۇتاڭ!

— نىمىشقا ئەمدى؟

— «ئاتام ئاپامنى ئۇنتۇپ قالماپتۇ» دەۋاتىسەن، بىراق ئۇ يەنە ھىلىقى خوتۇن بىلەن ئاپاق-چاپاق بولۇپ ئۆتۈۋاتىدۇ، ئويلاپ باقمامسەن، بىر ئادەم يۈرىكىگە قانداقلارچە بىرلا ۋاقىتتا ئىككى مەزلۇمنى سىغدۇرالايدۇ؟ يا ئەر خەقلەر شۇنداق كىلەمدۇ؟

— نىمە؟ سەن... ھەي...! ساڭىمۇ گەپ ئىشلىمەي-دىكەن، — پولات ئاچچىقىدا شەرىپەگە تەتۈر قاراپ ئولتۇردى.

— ئاكىڭىز راست دەيدۇ، شەرىپە، — دىدى گۈليار سەۋرچانلىق بىلەن، — مىنىڭچە، بىز ھازىر ئاتامنىڭ ئاسىيە ئايلام بىلەن قانداق ئۆتۈۋاتقانلىقىنى تولا زىغىرلاپ كەتمەيلى، ئاتام ئارامخۇدا ئۆتسىلا شۇنىڭ ئۆزى غەنىيمەت، ئاپىمىز كەتتى، ئەمدى يەنە ئاتىمىزدىن ئايرىلىپ قالساق بولمايدۇ، ئاتامنىڭ سالامەتلىكى، خۇشلۇقى ئۈچۈن دۇئا قىلايلى، قانداق دىدىم؟

## 34

بەرىكەتسىز كۈنلەر سۈدەك ئۆتمەكتە ئىدى. ھەش-پەش دېگۈچە يەنە قۇربان ھېيتمۇ كېلىپ قالدى. شۇنداق، ھېيتقا بىر ئاي قالغاندىن باشلاپ ئاياللار ئۆي تازىلاش بىلەن بەكمۇ ئالدىراش بولۇپ كېتىدۇ. مۇنەۋۋەر ئاسىيەنىڭ گېپى بىلەن نەق ئىككى كۈن ۋاقىت چىقىرىپ ئۆينىڭ بارلىق دېرىزە پەردىلىرىنى ئېلىپ يۇيۇپ، دېرىزە ئەينەكلىرىنى بىر-بىرلەپ سۈرتۈپ چىقتى.

مۇنەۋۋەر ئۇ ئىشلارنى ئەمدىلا تۈگىتىپ «ئۇھ» دەپ تۇرۇشىغا ئاسىيە ئۇنى يەنە ئىشىك، كىتاب ئىشكاپى ۋە كىيىم ئىشكاپلىرىنى پاك-پاكىز سۈرتۈپ چىقىشقا بۇيرىدى. بۇنىڭغا سەل قورسىقى كۆپكەن مۇنەۋۋەر قولىدىكى دەسمالنى پىرقىرىتىپ يەرگە ئاتتى:

ــ مەنىلا قىلامدىمەن بۇ ئۆينىڭ يۇندىپۇرۇشلۇقىنى؟ ھېلىقى ئىككىسى قىلىمامدىكەن؟ ھېيت كېلىۋاتقان تۇرسىمۇ، «ئىش بارمۇ؟ قارىشىپ بېرەيلى» دەپ قويۇشمىدى، بىز يا ئاتام سېتىۋالغان قۇل بولمىساق!

مۇنەۋۋەر چېچىلىپ سۆزلەپ كەتتى. دەل شۇ چاغدا تۇيۇقسىز كېلىپ قالغان شەرىپە بوسۇغىنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ بۇ گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاڭلىدى. شۇ تاپتا شەرىپە ئاچچىقلىنىشنى ئۇنتۇپ قېلىپ ھەيران قېلىۋاتاتتى. ئۇ ئادەتتە مۇنەۋۋەرنى كۆزىگە سىغدۇرالماي كېلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن بايىقىدەك گەپلەرنى قىلار دەپ ھەرگىز ئويلىمىغان ئىدى. ئۇ دەرھال ئىشىك قوڭغۇرىقىنى باستى.

ئىشىك قوڭغۇرىقىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان ئاسىيە قورقۇپ تىترەپ كەتتى. ئۇ بايا كۆكتات ئەكىرىشكە چىقىپ كەتكەن سۇلايماننى قايتىپ كەلگەن بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ

قالغانىدى. يۈزلىرى قـۇلاقلىرىغىچە قىزىرىـپ كەتـكەن ئاسـىيە مۇنەۋۋەرگە غەزەپ بىلەن ئالايدى:

— ئۇنـىڭنى ئۆچـۈر دېگەنـىڭىزنى قايتـا ئـېيتىـڭ، تـاس قالدىڭ تالاغا چىقىپ ۋارقىرىغىلى، مانا ئەمدى خوپ بولدىمۇ، سـاراڭ. ئاتـاڭ قايتىـپ كەلـدى، بـايىقى گەپلىرىڭنـى ئـاڭلاپ قالغان بولسا، ھىم، كۆتۈڭگە تەپمىگىنىنى كۆرەي!

ئەمەلىيەتـتە مۇنەۋۋەرمـۇ قورقـۇپ كېتىۋاتـاتتى. قانــداقلا بولمىسۇن، بۇ ئانا ـ بالا ئىككىسىنىڭ تەقدىرى ئاشۇ بوۋاينىـڭ قولىـدا ئەمەسـمۇ! ئـۇ ئىتتىـك ھۇجرىسـىغا كىرىـپ ئىشـىكنى يېپىۋالــدى. بىرىــپ ئىشــىكنى ئاچقــان ئاســـيە بوســۇغىدا شـەرىپەنىڭ قاپـاقلىرىنى تـۈرۈپ تۇرغـانلىقىنى كـۆرۈپ پـۇت ـ قولىدا جان قالمىدى.

— ۋۇي، شـەرىپە قىـز كەپتىكەنغـۇ، قېنـى ئـۆيگە كـى ـ رىڭ، — ئاسىيە ئالاقزادىلىكىنى چاندۇرماسقا تىرىشاتتى.

— ئاتام ئۆيدە يوق، شـۇنداقمۇ؟ — دەپ ئـۇدۇللا سـورىدى شەرىپە ئاسىيەگە قاراپمۇ قويماي.

— ھە، سىرتقا چىقىپ كەتكەنىدى، سىز قانداق بىلدىڭىز؟

— ھىم، ئاتام ئۆيدە بولسا مۇنەۋۋەر بىزنىڭ ئۆيـدىكىلەرنى بايىقىدەك تىللىيالامتى؟

قارىغاندا، شەرىپە بۆرە تېرىسىنى كىيىدىغانـدەك قىلاتتـى. ئاسـيەنىڭ دېمـى ئىچىـگە چۈشـۈپلا كەتتـى. لـېكىن بۇنـداق چاغدا ئارتۇق گەپ قىلغان ئادەمنى پالاكەت باسماي قالمايتتى.

— مـۇنەۋۋەرنى تـولا قانـات ئاسـتىڭىزغا ئالمـاڭ، — دېـدى شــەرىپە زەردە بىـلەن، — ئۇنىــڭ قالتىسـلىقىنى ئۆتكەنــدىلا بىلىپ بولغانمەن، ئاشپەزنىڭ پۇشتىدىن تامغان بىرنېمىنىـڭ دەۋاتقـان گېپىنـى؟ ۋۇي، ئـۇ بىزنـىڭ ئـۆيگە خېـنىم بولـۇپ ئولتۇرغىلى كەپتۇما؟

تامـدىكى سائەتكە قـاراپ سـۇلايماننىڭ كېلىـدىغان ۋاقتـى

بولۇپ قالغانلىقىنى پەملىگەن ئاسىيە تېخىمۇ ئوڭايسىزلىنىپ كېتىۋاتاتتى.

ئاسىيە بېرىپ شەرىپەنىڭ قوللىرىغا ئېسىلدى:

— سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، شەرىپە، بۇ گەپنى كېيىن دېيىشەيلى بولامدۇ؟ ئاتىڭىزنىڭ كېلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى، ئۇ ئاڭلاپ قالمىسۇن، بىلىسىزغۇ، ئاتىڭىزنىڭ يۈرىكى ئاجىزلاپ كەتتى، خاپىلىقنى كۆتۈرەلمەيدۇ.

شەرىپە ئاسىيەگە باشقا گەپ قىلماي قاتتىق بىرنى ئالايدى-دە، بېرىپ ساپاغا ئولتۇردى ۋە قولىدىكى بىر يەشىك سۈتنى شىرەنىڭ يېنىغا قويۇپ قويدى.

— ئاتام نەگە كەتتى؟

— ئۇ... ئۇ كۆكتات ئالغىلى چىقىپ كەتكەن، — ئاسىيە ئورۇندۇقتىن بىرنى شەرىپەنىڭ ئۇدۇلىغا تارتىپ ئەكېلىپ ئولتۇردى.

— نېمە؟ يەتمىش ياشلىق بوۋاينى مۇشۇ سوغۇقتا كۆكتاتقا چىقارتتىڭلارما؟ ئانا-بالا ئىككىڭلار نېمە ئىش قىلىسىلەر كۆكتات ئەكىرمەي؟ — شەرىپە دەس ئورنىدىن تۇرۇپ ئىككى قولىنى بېقىنىغا تىرىدى.

— نېمىگە ۋارقىرايتتىڭىز؟ — دېدى ئاللىقاچان ھۇجرىسىدىن چىقىپ شەرىپەنىڭ ئارقىسىغا كېلىپ بولغان مۇنەۋۋەر تېخىمۇ ئۈنلۈك قىلىپ، — تازا بىر ياماندىن قورقۇپ ياۋاشنى بوزەك قىلىدىغان نېمىكەنسىز، ئاپام ئىززىتىڭىزنى قىلىپ يول قويۇپ بەرسە ھەددىڭىزدىن ئاشقىلى تۇردىڭىز، قېنى، گېپىڭىز بولسا ماڭا دەڭ!

— ۋۇي، سەن تاز دېگۈچە مەن تاز دەۋالاي دېمەكچىمۇ تېخى! دەپ قوياي، بايىقى گەپلىرىڭىزگە ئىگە بولىسىز، مۇشۇ ئۆيىنىڭكىنى يەپ، مۇشۇ ئۆيدە تۇرۇۋاتىسىز، ئازراق ئۆي ئىشىنى قىلىپ قويغانغا ئۆلەمتىڭىز؟ ئاتام شۇنچە ياشىنىپ

قالغان تۇرۇقلۇق كۆكتاتقا چىقىپتۇ، سىز چىقسىڭىز بولمامدۇ؟
— كۆكتات ئەكىرگەنگە نېمە بولاتتى، ئۆزى خالاپ ئەكىرىمەن، دەپ تۇرۇۋالغان تۇرسا...!
— توغرا دەيسىز، ئاتام ئۆزى خالاپ شۇنداق قىلىۋاتىدۇ، ئۇ بىچارە ئاپىڭىزنى ئالمىغان بولسا سىزدەك بىر ئۆگەي قىزى كۆپەيمىگەن بولاتتى، ئۆيدە ياستۇقنى قىرلاپ يېتىپ ئارام ئالىدىغان چاغدا مانا ئەمدى باشقىلارغا ساماندەك سارغىيىپ ئۆگەي قىزى ئۈچۈن خىزمەت ئىزدىدى، يەنە تېخى كۆكتاتقا چىقىپ كېتىپتۇ، قارىغاندا، ئەتە - ئۆگۈن قورسىقىڭلارغا تاماقمۇ ئېتىپ بېرىدىغان ئوخشايدۇ، دۇرۇس، ئاتام شۇنداق قىلىشنى خالايدۇ...
دەل شۇ چاغدا ئىشىك قوڭغۇرىقى جىرىڭلىدى.
— ۋاي، خۇدايىمەي! ئەمدى قانداق قىلارمەن، ۋۇي، بولدى قىلىڭلار دەۋاتىمەن! — نېمە قىلارىنى بىلەلمەي باشلىرىنى چاڭگاللىغان ئاسىيە يىغلىۋېتەيلا دەپ قالدى. ئىشىك قوڭغۇرىقى يەنە جىرىڭلىدى.
ئاسىيە تەۋەككۇل دەپلا ئىشىكنى ئاچتى. سۇلايمان بازاردىن ئالغان كۆكتاتلىرىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى. ئاسىيە ئۇنىڭ قولىدىكى كۆكتاتلارنى ئېلىپ ئاشخانا تەرەپكە ماڭدى. مۇنەۋۋەر گەپ قىلماي ئارقىغا بۇرۇلۇپلا ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى. غەزەپتىن تىترەپ كېتىۋاتقان شەرىپە سۇلايماننى كۆرۈپ سەل - پەل بېسىقىغا چۈشتى.
— ئولتۇر، بالام، — دېدى سۇلايمان شەرىپەگە قاراپ.
شەرىپە ساپاغا كېلىپ ئولتۇردى. سۇلايمان شەرىپەنىڭ بىر - نەچچە كۈندىن بېرى كۆرۈشمىگەن ئاتىسىغا سالاممۇ قىلماي چىرايىدىن قار - مۇز ياغدۇرۇپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆيدە بىر ئەر كۆڭۈلسىزلىك بولغانلىقىنى سەزدى. ئۇ شەرىپەنىڭ بىرنېمىگە قايناپ سۆزلەۋاتقانلىقىنى ئىشىك تۈۋىگە

كېلىپلا ئاڭلىغانىدى.

— ھەم، نېمە بولدى، قىزىم؟ يەنە نېمىگە تېرىكىپ قالدىڭ؟

— ھېچنېمە بولمىدى، — دېدى شەرىپە ئاتىسىغا قاراپمۇ قويماي.

ئاڭغىچە ئاسىيە پەتنۇستا ئىككى پىيالە چاي ئاچىقتى. ئۇ سۇلايمان بىلەن شەرىپە پىيالىنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن پەتنۇسنى شىرەگە قويۇپ بايىقى ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى. ئاسىيەنىڭ سۇلايمان بىلەن شەرىپە ئايرىم مۇڭداشسا بايىقى گەپلەرنىڭ ئاشكارىلىنىپ قالىدىغانلىقىدىن ئەنسىرەپ ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرغانلىقى شەرىپەگە ئايان ئىدى. شەرىپەمۇ سۇلايماننى ئاياپ ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتتى. ئۇ چايدىن بىر پىيالە ئوتلىغاندىن كېيىن:

— ئاتا، ھېيتمۇ كېلىپ قالدى، شۇڭا بۇگۈن ئۆي يىغىشتۇرۇشۇپ بېرەيمىكىن، دەپ كېلىشىم، يۇيىدىغان كىر-قات بارمۇ؟ — دېدى سۇلايمانغا قاراپ.

— بۇنى ئاسىيە ئايلاڭدىن سوراپ باق، مۇنەۋۋەرمۇ نەچچە كۈندىن بېرى يىغىشتۇرغان، تۈگىتەلىدىمۇ-تۈگىتەلمىدىمۇ، ئۇقمىدىم! — سۇلايمان گېپىنى تۈگىتىپ سوئال نەزىرىدە ئاسىيەگە قارىدى. شەرىپە بۇنداق ئىشلارنى ئەسلىدە بۇ ئۆينىڭ ھازىرقى ئىگىسى ئاسىيەدىن سوراش كېرەكلىكىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئاچچىقىدا قەستەن سۇلايماندىن سورىغانىدى. سۇلايمان راستىنلا ئاق كۆڭۈل ئادەم ئىدى. بۇ ئىشنى ئاسىيەدىن سورىسا شەرىپەنىڭ بايىقى ھەيۋىسى تۈكۈلىدىغانلىقىنى ئۇ ھەرگىز بىلمەيتتى.

— ئاساسەن تۈگەپمۇ قالدى، — دېدى ئاسىيە شەرىپەگە، — قالغان-قاتقان ئىشلارغا مۇنەۋۋەر ئۆزى يېتىشىدۇ، — ئۇ شەرىپەگە قاراپ كۈلۈمسىرىدى، — سىزمۇ

ھېيت ئۆتكۈزىدىغان تۇرسىڭىز ئالدى بىلەن ئۆزىڭىزنىڭ ئۆي ئىشلىرىنى تۈگىتىۋېلىڭ، بۇ يەرنىڭ ئىشىغا سىزنى ئاۋارە قىلمايلى.

شەرىپە سۇلايمانغا «لاپپىدە» قارىدى، لېكىن سۇلايمان ئويلىمىغان يەردىن:

— شۇنداق قىل، بالام، بېرىپ ئۆز ئۆيۈڭنى يىغىشتۇرۇپ ھېيتقا تەييارلىق قىلغۇال!

شۇ تاپتا شەرىپە ئۆزىنىڭ بارا-بارا ئۆيىنىڭ ئۆز بالىسىغا ئەمەس، بەلكى مېھمىنىغا ئوخشاپ قېلىۋاتقانلىقىنى سەزدى. دۇرۇس، ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، ئۇنتۇلغۇسىز خۇشاللىقلارنى بەرگەن بۇ ئائىلە مانا ئەمدى تۇيۇقسىزلا ياتلىشىپ كېتىۋاتاتتى. ھەكىمە ھايات چاغلاردا ئۇ ئىشىكتىن كىرىپلا ئاپىسىدىن سوراپ يۈرمەي قىلىدىغان ئىشنى ئۆزى تېپىپ قىلىۋېرەتتى. ئۇ ئالدى بىلەن ئاشخانىغا كىرىپ تاماق ئېتىۋەتكەندىن كېيىن قاچا-قۇچىلارنى يىغىشتۇرۇپ بولۇپ، كىرئالغۇدا يىغىلىپ قالغان كىرلارنى يۇياتتى. قىسقىسى، ئۇ ئادەمگەرچىلىكنى بىلەتتى، ئۆي ئىشىغا چېۋەر، تاماققا ئۇستا ئىدى. شۇڭا ئۆيگە مېھمان-يوچۇن كېلىپ قالغۇدەك بولسىلا، ھەكىمە دەرھال ئۇنىڭغا خەۋەر قىلاتتى، ئۇمۇ ئاپىسىنىڭ چاقىرتقانلىقىنى ئاڭلاپ بولغۇچە ئۆيگە ئۇنۇپ بولاتتى. ئىشقىلىپ، شەرىپەنىڭ ياتلىق بولۇپ ئايرىم ئۆي تۇتۇۋاتقىنىغا شۇنچە يىللار بولغان بولسىمۇ، ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆيىنى «ئەبەدىي ئۆز ئۆيۈم» دەپ بىلەتتى. خۇشال بولغان چاغلىرىدا خۇشلۇقلىرىنى ئاپىسىغا دەپ بېرىپ ئاپىسى بىلەن تەڭ كۈلەتتى؛ خاپا بولۇپ قالغان چاغلىرىدا ئاپىسىنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئېتىپ يۇخادىن چىققۇچە يىغلىۋالاتتى. چۈنكى، ئاپىسى ئۇنىڭ ئۇچۇن دۇنيادىكى ئەڭ قەدىناس دوست ئىدى.

ئەمما ھالا بۈگۈنگە كەلگەندە شەرىپە بۇ ئۆيگە ئاياغ بېسىشتىن گەرچە ئاز-تولا ئەيمىنىدىغان بولۇپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن رەھمەتلىك ئاپىسىنىڭ ھىدى بار بۇ ئۆينىڭ ئىش-كۈشلىرىنى بۇرۇنقىدەك ئانچە-مۇنچە قىلىشىپ بېرەي دېسە ئاسىيە ھەمىشە رەت قىلىدۇ. ئاسىيە راستىنلا شەرىپەنى ئاياپ، پۈتكۈل ئىغىرچىلىقنى ئۆزى كۆتۈرۈشكە رازى بولۇۋاتامدىغاندۇ؟

«نىياتىن، —دەپ ئويلايتتى شەرىپە، —ئۇ خوتۇن مۇنۇ قىزىنى ئاتامغا ياخشى كۆرسىتىش ئۈچۈن قەستەن شۇنداق قىلىۋاتىدۇ؛ ھىم... ھىيلىگەر خوتۇن...!»

—بۇ ئۆيدە يەنە زۆھرە ئاچامۇ بارغۇ؟ ئۇمۇ مۇشۇ ئۆينىڭ ئىشىنى دەپ پۇچۇلىنىپ كېتىۋاتىدۇ، —دېدى شەرىپە بىر ھازادىن كېيىن ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇپ. ئۇ غەزىپى تۇتقان چاغلاردا ئاسىيەنى دوراپ، كۈلۈمسىرەشكە تىرىشىپ باققان بولسىمۇ، لېكىن، «قان بىلەن كىرگەن خۇي جان بىلەن چىقار» دېگەندەك كۆزلىرىدىكى نەپرەت ئۇچقۇنلىرىنى ھېچبىر يىتتۈرەلمەي ئاۋارە ئىدى. شۇنداق، دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، چاقماق تېزلىكىدە تەبەسسۇم قىلىش ئۇنىڭ قولىدىن كەلمەيتتى. ئەمەلىيەتتە، ئۇ ئۆزىمۇ ئۇنداق ياسالمىلىقىقا ئۆچ ئىدى. لېكىن، بۈگۈنكى كۈندە «سۇنىڭ ئىقىشىغا باق، تۈكنىڭ يېتىشىغا» دېگەن كەلىمىنى ھايات پەلسەپىسى قىلىدىغان كىشىلەر ساماندەك. چۈنكى، «تۈزلۈك قىلدىم» دەپ قورسىقىدىكىنى ھاپىلا-شاپىلا ئاشكارىلاپ قويغان ئادەم زىيان تارتىدىغان تۇرسا!

—زۆھرەگۈلمۇ بەك ئالدىراش، —دېدى ئاسىيە ئىچكۆيەر ئانىلاردەك تەبەسسۇم بىلەن، —كۈندۈزى ئىشقا بارىدۇ، ئىشتىن چۈشۈپلا تاماقمۇ يېمەي ئۇدۇل كۇرسقا كېتىدۇ، باش قاشلىغۇدەكمۇ ۋاقتى يوق بىچارىنىڭ!

ئىچى پۇشقان شەرىپە دەرھال قايتماقچى بولدى. شۇنداق قىلمىسا پارتلاپ كېتىدىغاندەكمۇ قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شەرىپە سۇلايماننى يەنە خاپا قىلىپ قويۇشتىن ئەنسىرەيتتى. ئۇ دەس ئورنىدىن تۇرۇپ سۇلايمانغا قارىدى:

— باشقا ئىش بولمىغاندىكىن مەن قايتاي!

— ۋىيەي، نېمىگە ئالدىرايسىز، تاماق يەپ مېڭىڭ، — دېدى ئاسىيە گەرچە ئۇنىڭ ئورنىدىن تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئىچىدە خۇش بولۇپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ. ئۇ ئىتتىك بېرىپ شەرىپەگە ئىشىكنى ئېچىپ بەردى.

«ھىم، قۇۋ خوتۇننىڭ مېنى قوغلىغاندەك ئىشىكنى ئېچىپ تۇرغىنىنى تېخى!» دەپ ئويلىدى شەرىپە.

شەرىپە ئىشىكتىن چىقىپ پەلەمپەيدىن ئارقىسىغا قاراپمۇ قويماي چۈشۈپ كەتتى. تالاغا چىقىپلا ئۇنىڭ يۈرەكلىرى ئېچىشقىلى تۇردى. چۈنكى ئۇ: «ئاسىيە دېگەن بۇ قۇۋ خوتۇن مېنى ئۆيدىن چىرايلىقچە قوغلاپ چىقاردى» دەپ ئويلاۋاتاتتى. ئۇ ئىچىدە رەھمەتلىك ئاپىسىغا يەنە دەرد تۆككىلى تۇردى: «جېنىم ئاپا، كۆردۈڭمۇ بۇنى؟ سەن ھايات بولغان بولساڭ مۇشۇ كۈنگە قالار ئىدىممۇ؟...» ئۇنىڭ توختاۋسىز ئېقىۋاتقان ياشلىرى ئىككى مەڭزىنى بويلاپ سىرغىماقتا ئىدى.

## 35

شەرىپە كەتكەندىن كېيىن سۇلايمان ئاسىيەنى ھۇجرىغا چاقىرىپ نېمە ئىش بولغانلىقىنى سورىدى. ئاسىيە دەسلەپتە خېلىغىچە گەپ-سۆز قىلماي جىم ئولتۇردى.

— مەن مۇنەۋۋەرنى ئىشلەك، ئىشكاپلارنى سۈرتۈۋەتكىن دېگەنىدىم، — دېدى ئۇ سۇلايمان قايتا-قايتا سوراپ

تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ــ بىر ئىشقا ئىچى پۇشۇپ قالدىمۇ، «تالاغا چىقاتتىم» دەپ تۇرۇۋالدى، مەن ئۇنىڭغا: «ئىشنى تۈگىتىپ ئاندىن چىققىن!» دەپ ئۇنىمىدىم، شۇنداق قىلىپ ئىككىمىز گەپ تەرگىشىپ قالدۇق، دەل شۇ چاغدا شەرىپە كېلىپ قالدى، مۇنەۋۋەر ماڭا ئاچچىقىدا شەرىپەگە ئانچە چىراي ئاچمىدى، شەرىپە تېرىكىپ قالدى...

ئاسىيە مۇشۇنداق دېسەم «مۇنەۋۋەرگىمۇ، شەرىپەگىمۇ ياخشى بولىدۇ» دەپ ئويلىغانىدى. دېمىسىمۇ، بايا بولۇنغان گەپلەرنى دەپ سالسا سۇلايماننىڭ خاپا بولۇپ قالىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. يەنە كېلىپ، ئاسىيەمۇ بەزىدە «ئاق كۆڭۈللۈك قىلدىم!» دەپ راست گەپنى دەپ ئولتۇرغاندىن كۆرە، ئانچە-مۇنچە گەپ ياساپ قويغاننىڭمۇ زىيىنى يوق ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى.

سۇلايمان ئەر كىشى بولغاچقا، بۇنداق گەپلەرنىڭ راست-يالغىنىنى زىغىرلاپ يۈرمەيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سۇلايمان ئاسىيەگە يۈزدەيۈز ئىشىنەتتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە ئاسىيە پەزىلەتلىك، ئاق كۆڭۈل ئايال بولغاچقا، ئۇنىڭ ئېرىنىڭ ئالدىدا گەپ ياسىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

شۇڭا ئۇ ئاسىيەنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن شەرىپەدىن ئاغرىنىپ قالدى: «ئادەمنىڭ مىجەزى دېگەن بىر خىل تۇرامتى؟ نېرى-بېرىسىنى ئۇقماي تۇرۇپلا ‹ماڭا نېمىشقا قاپىقىڭنى ئاچمايسەن› دەپ ئاچچىقلىغان بارمۇ؟!» سۇلايمان ئېغىر ئۇھ تارتىپ قويۇپ ئاسىيەنىڭ قوللىرىنى تۇتتى، ئۇنىڭ ئاسىيەگە تىكىلگەن كۆزلىرىدىن بىر خىل ئوڭايسىزلىنىش ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى:

ــ باياتىن نېمىشقا دۇدۇقلاپ تىلىنى چاينايدىكىن دېسەم ئەسلىدە شەرىپەنى ئاياپتىكەنسەن-دە، ھەي... بۇ شەرىپە يەنە خاتا قىپتۇ، ئۇ دېگەن مۇنەۋۋەرنىڭ ئايلىسىدە،

مۇنەۋۋەرنىڭ كۆڭلى جايىدا بولمىغاندىكىن ئۇنچىۋالا زىغىرلاپ كەتمىگەن بولسىمۇ بۇنداق كۆڭۈلسىزلىك چىقماسكەندۇق...

ئاسىيە شەرىپە بىلەن مۇنەۋۋەرنى ئاياپ بايىقى يالغان گەپنى توقۇغانىدى. ئەمما پۈتۈن توقىلەنەتنىڭ ئاخىرى بېرىپ شەرىپەگە ئارتىلىپ قالىدىغانلىقىنى ئۇ نەدىن بىلسۇن؟!

ئاسىيە تۇيۇقسىزلا چىۋىن يەۋالغاندەك بولۇپ قالدى. ئۇ قولىنى سۇلايماننىڭ ئالىقىنىدىن ئاجرىتىپ سۇلايماننىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى ئۇ چاپىنىنىڭ پېشىنى توختىماي مۇجۇيتتى:

— شەرىپەدىن ئاغرىنمىسىلا، مۇنەۋۋەرمۇ ئاشۇرۇۋەتتى، دېمىسىمۇ ئۇ ئادەتتە شەرىپەگە تۈزۈكرەك چىراي ئاچمايدۇ، بولدى قىلسىلا، ئاتىسى، بۈدورەم شەرىپە كەلگەندە بۇ ئىشنى يۈزىگە سېلىپ يۈرمىسىلە، مەن مۇنەۋۋەرگە گەپ قىلاي، ئەمدى ئۇنداق قىلمىسۇن!

نېمىشقىدۇر سۇلايماننىڭ ئىچى توشۇپ كېتىۋاتاتتى.

— ئىشنىڭ بۇنداق بولۇپ كېتەرىنى ئويلىماپتىكەن-مەن، — دېدى ئۇ ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ.

— ئىككىمىزنىڭ نىكاھ ئىشىنى دەۋاتامىلا؟ — ئاسىيە ھەسرەت بىلەن سورىدى.

ئاسىيە بۇ ئۆيگە كىرگەندىن بۇيان بۇ ئاق كۆڭۈل بوۋايغا مېھرى چۈشۈپ قالغانىدى. شۇڭا ئۇ بوۋىينىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن ھېچقانداق ئىشتىن باش تارتمىدى. ئۇ سۇلايماننىڭ ھەرقانداق تۇغقىنى، ھەرقانداق مېھمىنىنى ئۆز قېرىنداشلىرىدىنمۇ ئوبدان كۈتتى، ئۆگەي بالىلىرىغا يۈرىكىنى يېرىپ بەرمىدى، ئۇنىڭ بېرىسىنى قىلدى. سۇلايماننىڭ كۆڭلىنى دەپ ئۆگەي بالىلىرى كەلسە ئاش-تامىقىنى ئېتىپ پايپېتەك بولدى... ئەمما، سۇلايماننىڭ ھازىرقى گەپ-سۆزىدىن قارىغاندا، ئۇ قايتا نىكاھلانغاندىن كېيىنكى تۇرمۇشىدىن رازى ئەمەستەك قىلاتتى. سۇلايمان ئاسىيەنىڭ

بايىقى سوئالىغا جاۋاب بەرمىدى، گەپ كوچىلاپمۇ ئولتۇرمىدى. ئەر-خوتۇن ئىككىسى خېلىغىچە يەرگە قارىغىنىچە جىمجىت ئولتۇرۇپ كەتتى. سەل چارچاپ، پۇتلىرى سىرقىراۋاتقان سۇلايمان ئاستا كارىۋاتقا چىقىپ ياتتى. كارىۋاتتىكى پەي ياستۇق ناھايىتى بوش بولغاچقا، سۇلايمان شۇنداقلا يېتىشىغا ئۇنىڭ بېشى ياستۇققا «موسسىدە» چۆكۈپ كەتتى. يەنە كېلىپ، سۇلايمان پەي ياستۇققا ئۆچ ئىدى. شۇڭا ئۇ خۇددى ئۆچىنى ياستۇقتىن چىقارماقچى بولغاندەك، بېشىنىڭ ئاستىدىكى ياستۇقنى سۇغۇرۇپ ئالدى-دە، يەرگە قارىتىپ ئاتتى. ئاسىيە يەردىكى پەي ياستۇقنى يۆگۈرۈپ بېرىپ ئالدى-دە، ئۇنى ئىشكاپقا سېلىۋېتىپ، يۇملاق قاتتىق ياستۇقتىن بىرنى ئېلىپ سۇلايماننىڭ بېشىغا قويۇپ بەردى. قېلىنلىقى ئوتتۇز سانتىمېتىرچە كېلىدىغان بۇنداق يۇملاق ياستۇقنىڭ ئىچىگە ئادەتتە پاختا ياكى سامان تىقىلاتتى، ئۆزى كۆرۈمسىز بولغىنى بىلەن باشقا قويۇپ ياتسا راھەت ئىدى. ھازىر ھەممىلا ئادەم چەت ئەللىكلەرنى دوراپ بېشىغا پەي ياستۇق قويۇپ ياتقىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە سۇلايمان ئەنئەنىۋى يۇملاق ياستۇنى ياخشى كۆرەتتى. قاتتىق ياستۇق بېشىغا خۇشياققان سۇلايمان ئاسىيەگە دۈمبىسىنى قىلىپ يېنىچە ياتتى:

—ئۇچامنى بىر تۇتۇپ قويغىنا، ئۇرۇپ چېقىۋەتكەندەك ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ...

ئاسىيە سۇلايماننىڭ ئۇچىسىنى پۇتىنىڭ ئۇچىدىن تارتىپ تاكى گەجگىسىگىچە ئېرىنمەي تۇتۇپ چىقتى. ئارىدىن ئون مىنۇتچە ۋاقىت ئۆتتى، ئاسىيەنىڭ قوللىرى تېلىپ ئاغرىغىلى تۇردى. دەل شۇ چاغدا يېنىك خورەك ئاۋازى ئاڭلاندى. ئاسىيەنىڭ قوللىرىدىن تېنى راھەتلىنىپ قالغان سۇلايمان ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. ئاسىيە تومپۇچكىنىڭ ئۈستىدىكى

سائەتكە قارىدى، سائەت ئون ئىككىدىن ئېشىپ كەتكەنىدى. ئاسىيە كارىۋاتتىن چۈشۈپ ئەمدىلا ماڭاي دەپ تۇرۇشىغا سۇلايمان ئويغاندى.

— ۋۇي، بىردەمدىلا ئۇخلاپ قالغىنىمنى قارىمامدى-غان؟ — دېدى سۇلايمان كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ تۇرۇپ.

— ئۇچىلىرىنى تۇتۇپ قويغان قوللىرىمنىڭ كارامىتى دېسىلە، — دېدى ئاسىيە چاقچاق قىلىپ. ئاسىيە شۇ گەپنى دېگەچ سىرتقا قاراپ مېڭىۋىدى، سۇلايمان ئۇنى چاقىردى:

— نەگە بارىسەن؟ كەل، يېنىمدا ئولتۇرغىنە، ساڭا دەيدىغان گېپىم بار!

ئاسىيە كېلىپ كارىۋاتنىڭ لېۋىگە ئولتۇردى. سۇلايمان ئۇنىڭ قوللىرىنى ئالقىنىغا ئالدى:

— سەندىن بىر ئىشنى ئۆتۈنەي...

— نېمە ئىشنى؟

— ئىككىمىزنىڭ بۇنداق ئۆتمىكى ئاسانغا چۈشمىدى، قارىغاندا بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ شۇنداق بولىدىغان ئوخشايدۇ. سەنمۇ كۆرۈپ تۇرۇپسەن، جەمئىيەتتە قايتا نىكاھلانغانلاردىن پۈرچىقى پىشماي، يەنە ئاجرىشىپ، يەنە توي قىلىپ يۈرگەنلەر ئاز ئەمەس، لېكىن مەن ئۇنداق مۇشەققەتنى كۆتۈرەلمەيمەن جۇمۇ! — سۇلايمان ئاسىيەنىڭ قوللىرىنى ئالقىنىدىن بوشىتىپ ئولتۇردى ۋە تومپۇچكىنىڭ تارتمىسىدىن بىر تال تاماكىنى ئېلىپ تۇتاشتۇردى، ئۇنىڭ ئېغىزى ۋە بۇرنىدىن پۈرقىراپ چىققان ئىس تولغانغىنىچە يۇقىرىغا ئېرىنچەكلىك بىلەن ئۆرلىمەكتە ئىدى. سۇلايمان گېپىنى داۋام قىلدى:

— ئېسىڭدە بولسۇن، ئۆيىمىزدە ئۆگەي بالا يوق، بىلدىڭمۇ؟ سېنىڭ بالاڭ مېنىڭ، مېنىڭ بالام سېنىڭ... شۇڭا كىمدىن سەۋەنلىك ئۆتسە ئايىماي گەپ قىلساق بولىۋېرىدۇ،

ئالدىڭدا دەپ قوياي، بالىلىرىمدىن قايسىبىرى زىتىڭغا تېگىپ قويسا مەندىن يوشۇرما، ئىشنىڭ يولى شۇ، دەردنى ئىچىڭگە يۇتۇپ يۈرۈۋەرمە، بولمىسا، كېسەل بولۇپ كېتىسەن...

ــ ماقۇل، ــ دېدى ئاسىيە بېشىنى يەردىن ئالماي تۇرۇپ، لېكىن باشقا گەپ قىلمىدى. ئاسىيەنىڭ قورسىقىدىكى گەپنى دېگەندە، ئۇ سۇلايماننىڭ بايىقى گەپلىرىگە ۋەدە بېرىشكە راستتىنلا ئامالسىز ئىدى. چۈنكى، سۇلايمان ئورگاندا ئۇزۇن يىل ئىشلەپ، باشلىق بولۇپ خىلمۇخىل ئادەملەرنى كۆرۈپ باققاچقا، كىشىلىك مۇناسىۋەتنى بىر تەرەپ قىلىشقا ئۇستا ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۆزى تۈز، ساددا ئادەم ئىدى. شۇڭا ئائىلىۋى مۇناسىۋەتنى بىر تەرەپ قىلىشنىمۇ ھەمىشە مۇشۇنداق ئىدارىدە ئادەم باشقۇرغان چاغدىكى ئادىتى بويىچە ئىش قىلاتتى، لېكىن ئائىلە دېگەن ئىدارىگە ئوخشامتى؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە قايتا نىكاھدىن كېيىن قۇرۇلغان ئائىلىدىكى كىشىلىك مۇناسىۋەت تېخىمۇ نازۇك تۇرسا! شۇڭا ئۇنى بىر-ئىككى ئېغىز تەربىيە بىلەن ھەل قىلىپ كەتكىلى بولمايدۇ-دە! شۇڭا ئۇ ئاسىيەگە گەپنىڭ راستتىنى دەپ ئارىنى ئوچۇق قىلىۋەتكىن، دەۋاتىدۇ. بۇ ئاسانمۇ؟! «ئاھ... نېمىدېگەن ئاق كۆڭۈل ئادەم-ھە!» ئاسىيە سۇلايماننىڭ كۆزلىرىگە تىكىلگىنىچە چوڭقۇر خىيالغا پاتتى. دەل شۇ چاغدا مۇنەۋۋەر ئىشىكنى چېكىپ «تاماق تەييار بولدى!» دەپ توۋلىدى.

مۇنەۋۋەر لەگمەن قىلغانىدى، قورۇمىنىمۇ كۆك مۇچ، پەمىدۇر ۋە كەرەپشە بىلەن ناھايىتى ئوخشىتىپ قورۇغانىدى. لېكىن، خېمىرنىڭ تۇزى دېگەندەك تەڭشەلمىدىمۇ، چۆپ تەكشى چىقمىغانىدى. ئاشتىن ئىككى چوكا ئالە-ئالمايلا ئاشقازىنى سەل بىئارام بولۇشقا باشلىغان سۇلايمان چوكىنى قويۇپ تەخسىنى نېرىغا ئىتتەردى. دۇرۇس، بۇ تاماق نەدىمۇ

ھەكىمەنىڭ ئەتكىنىگە ئوخشىسۇن؟ ئاسىيەمۇ تاماقنى ئوخشىتىپ ئېتەتتى، ئەمما مۇنەۋۋەرنىڭ ئەتكەن تامىقى سۇلايمانغا ئانچە تېتىمايتتى. سۇلايماننىڭ تاماقنى يېمىگەنلىكىنى كۆرگەن مۇنەۋۋەر نومۇستىن بېشىنى سالدى:

— ئاتا، كەچۈرسىلە، تامىقىم ئېغىزلىرىغا تېتىماي قالدى.

— ئۇنداق ئەمەس، قىزىم، ئۇنداق ئەمەس... ئادەم قېرىغاندا شۇنداق بولۇپ قالىدىغان ئوخشايدۇ، ئاشقازىنىم سەل بىئارام بولۇۋاتىدۇ، مەن دورا ئىچەي... — سۇلايمان دۇئادىن كېيىن ئورنىدىن دەرھال تۇرۇپ يەنە ھۇجرىغا كىرىپ ياتتى. ئاسىيە دەرھال ئاشخانىغا كىرىپ ھەش-پەش دېگۈچە مۇشتۇمدەك خېمىر يۇغۇرۇپ ئىنچىكە پىلتە قىلدى، ئۇنى بەش مىنۇتچە تىندۇرغاندىن كېيىن، قەغەزدەك يېيىپ سېلىپ ئۇزاق پىشۇردى. قورۇما تەييار بولغاچقا، ئاسىيەنىڭ سۇلايمانغا ئەتكەن لەڭمىنى يېرىم سائەتكە قالماي تەييار بولدى. ئاسىيە سۇلايماننى چاقىرىپ چىقتى. سۇلايمان تەخسىدە تۇرغان چاچتەك لەڭمەننى كۆرۈپ ھەيران قالدى.

— ۋۇي، سېرىكچىمۇسەن؟ بىردەمدىلا باشقىچىلا تاماق ئېتىپ بوپسەنغۇ؟

— ئالىسلا، ئاتىسى، سىڭىشلىك تاماق...

سۇلايمان ئاسىيەگە ھاياجان بىلەن بىرھازا قاراپ تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن ئاشنى ئىشتىھا بىلەن يېدى.

— تاماق بەك ئوخشاپتۇ، — دېدى سۇلايمان تەخسىدىكى تاماقنى پاك-پاكىز يەۋەتكەندىن كېيىن ئېغىزىنى سۈرتكەچ، — بىراق قورۇما سەل مايلىق بولۇپ قاپتۇ، بۇنىڭدىن كېيىن مايسىزراق قىلىڭلا، بولمىسا ئادەمنىڭ كۆڭلىگە تېگىدىكەن...

ھېيتقا ئاز قالغانسېرى زۆھرە تېخىمۇ ئالدىراش بولۇپ كەتتى. ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى ئىدارىنىڭ ماشىنىسىغا ئۈلگۈرۈش ئۈچۈن سائەت يەتتە بولمايلا ئۆيىدىن چىقاتتى، كەچتە ئىشتىن چۈشۈپلا ئۇدۇل كۇرسقا باراتتى، كۇرس تۈگىگەندىن كېيىن ئامان بىلەن ئانچە-مۇنچە كۆرۈشەتتى. شۇڭا ھەر كۈنى دېگۈدەك يېرىم كېچە بىلەن ئۆيگە كېلىدىغان بولغاچقا ئۆينىڭ ئىشىغا پەقەتلا ئېتىبار بېرەلمايۋاتاتتى. دېمەك، مۇنەۋۋەرنىڭ ئاغرىنىشلىرىمۇ ئورۇنلۇق ئىدى. دۇرۇس، مۇنەۋۋەر ھازىرغىچە ئامانىنى خوتۇن-بالىلىرى بار ئادەم دەپ بىلەتتى. شۇڭا، زۆھرەنىڭ بىرەيلەن بىلەن مۇھەببەتلىشىۋاتقانلىقىنى سەزگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ كىشىنىڭ دەل ئامان ئىكەنلىكى ئۇنىڭ خىيالىغا كىرىپ چىقمىغانىدى. بۈگۈنكى كەچلىك غىزادىمۇ كۈندىكىدەك سۇلايمان، ئاسىيە ۋە مۇنەۋۋەر ئۈچى ھەمداستىخان بولدى.

— ھېيتقا بىر ھەپتىنىڭ ئىشى قاپتۇ، — دېدى ئاسىيە مۇنەۋۋەرگە، — ئۆيىنىمۇ تازىلاپ بولدۇق، بىراق ساڭزا سالىدىغان، تاتلىق-تۈرۈم پىشۇرىدىغان ئىش شۇ پېتى تۇرىدۇ، شۇڭا سەن ئەتە ئىشتىن بالدۇرراق كەلگىن، ساڭزا سالىمىز.

— ۋىيەي، ھازىر كىم ئۆيىدە ساڭزا سالىدۇ؟ بازاردىن ئالايلىلا، قىرىق، ئەللىك كويىكەنغۇ شۇ...

— نېمە؟ قىرىق، ئەللىك كوي پۇل ئەمەسمۇ؟ ھازىرقى ياشلارزە بەكمۇ ھەشەمخور بولۇپ كېتىۋاتىدۇ، — دېدى ئاسىيە مۇنەۋۋەردىن نارازى بولۇپ. ئاڭغىچە سۇلايمان گەپ قىستۇردى:

— ساڭزىنى بازاردىن ئېلىڭلار، ئۇ نەرسىنى پىشۇرۇشمۇ

ئـاۋارىچىلىكى جـىـق ئىشـكەن... تـاتلىق-تـۇرۇمنى ئۆيـدە پىشۇرساڭلارمۇ بـولار... — سۇلايمان ئاسىيەگە قارىدى، — بىـراق، قىـزىم، ئاپىڭىزنىـڭ تـاتلىق-تـۇرۇم پىشۇرۇشـتىكى هـۈنىرى قانداقراقكىنتاڭ؟ — دېدى سۇلايمان مۇنەۋۋەرگە قاراپ كۈلـۈپ تۇرۇپ.

— لاپ گەپ ئەمەس، مەن پىشـۇرغان باقـالى بىـلەن تـۇچ ئارماننىڭكىدىن تەملىك چۇمۇسلا، — ئاسىيە ئـالقىنى بىـلەن ئېغىزىنى توسقىنىچە پىخىلداپ كۈلۈپ كەتتى.

— كىچىـك چـاغلىرىمىزدا قەنـت-گېزەكنـى بـازاردىن ئالغانـدىن باشـقا، قالغـان ھەمـمە ھېيتلىقنـى ئۆيـدە پىشـۇراتتۇق، — دېـدى ئاسـىيە، — ئـۇ چـاغلار ھازىرقىـدەك ھەپتىدە ئىككى كۈن دەم ئالىدىغان ئىش يوق، قاتناشـمۇ بەك قىس ئىدى... ئىشقىلىپ، ھەر ھېيتتا ھېيتنىڭ تەييارلىقلىرىنى دەپ پـۈتى كـۆيگەن توخـۇدەك بولـۇپ كېتەتتـۇق... كۈنـدۈزى ئىشـلەپ، يېـرىم كـېچە بىـلەن ئـۆيگە كېلەتتـۇق، كىـر-قـات يۇيىدىغان، ئۆي تازىلايدىغان ئىشلارنى كېچىسى قىلاتتۇق...

— بولدى قىلە، ئاپا، ئۇنـداق گەپلىرىڭنـى كۈرمىـڭ قېـتىم ئـاڭلاپ كەتـتىم، — دېـدى مـۇنەۋۋەر كۈلـۈپ تـۇرۇپ، ئەممـا تاقەتسىزلىك بىلەن، — ئـۇ چـاغلاردا جاپـالىق ئۆتكەنلىكىڭلار راست، لېكىن ئۇ قايسى زامان؟ ھازىر قايسى زامان...؟

— شۇنداق، سىلەر دېـگەن مايىنىـڭ ئىچىـدىكى بـۆ ىك-دە، — ئاسىيە قىزىغا مەنىلىك قارىدى.

— ۋاي، قۇلاق تىنچ، بازاردىن تەييارنى ئېلىڭلارا، — دېـدى سۇلايمان، — جاجىسى بىر نەچچە يۈز كويكەنغۇ ش...

— ھەببەللـى، يەنـىلا ئاتـام تـوغرا ئويلايـدىكەن جۇمـۇ، ئاپا، — مۇنەۋۋەر خۇشاللىقتا چوڭقۇر نەپەس ئالدى. غىزادىن كېـيىن مـۇنەۋۋەر ئاپىسـىنىڭ دېگىنـى بـويىچە زۆھرەنىـڭ ھۇجرىسىدىن باشقا ئۆيلەردىكى گىلەملەرنىڭ ھەممىسىنى چاڭ

سۇمۇرگۇچتە تازىلاپ چىقتى.

— زۆھرە ئاچاڭنىڭ ئۆيىچۇ، تازىلىدىڭمۇ؟ — ئاسىيە تۇيۇقسىز سوراپ قالدى.

— ياق!

— نېمىشقا تازىلىمىدىڭ؟

— ئۆزى تازىلىسۇن!

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ ھەممە ئۆينى تازىلاپ زۆھرەنىڭ ئۆينى ئايرىپ قويغىنىڭ نېمىسى؟ سەت ئەمەسمۇ؟ — دېدى بۇ گەپلەرنى سۇلايماننىڭ ئاڭلاپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەن ئاسىيە پەس ئاۋازدا، ئەمما زەردە بىلەن.

— نېمىگە سەت بولاتتى؟ مەنمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاشلا خىزمىتىم بار ئادەم تۇرۇقلۇق، ئاتايىن ۋاقىت چىقىرىپ ئۆينىڭ شۇنچە ئىشلىرىنى تۈگەتتىم، ئۇنىڭ ھۇجرىسىنىڭ دېرىزە پەردىلىرىنى يۇيۇپ بەرسەم بىر ئېغىز رەھمىتىمۇ يوق، خۇددى ئاپا-بالا ئىككىمىز ھەممىسىنىڭ مالىيىدەك! — مۇنەۋۋەرنىڭ يەنە جۇدۇنى ئۆرلىگىلى تۇردى. «ئۇنىڭ ئاۋازىنى سۇلايمان ئاڭلاپ قالمىغىيتتى؟» دەپ ئەنسىرىگەن ئاسىيە ئۇنى ھاجەتخانىغا ئىتتىرىپ كىرگۈزۈپلا ئىشىكنى «گۈپپىدە» يېپىۋەتتى. سائەت ئون يېرىم بولغان چاغ ئىدى. مۇنەۋۋەر ئەمدىلا كارىۋىتىغا چىقىپ تۇرۇشىغا تۇيۇقسىز تېلېفون كېلىپ قالدى.

— كىمدۇ بۇ، ئادەمنى ئاۋارە قىلىپ يېرىم كېچىدە تېلېفون قىلغان؟ — مۇنەۋۋەر غۇدۇرىغىنىچە بېرىپ تېلېفوننى ئالدى.

— ۋەي، ئەسسالامۇئەلەيكۇم، زۆھرە ئۆيگە يېتىپ باردىمۇ؟ — دەپ سورىدى بىر ئەر كىشى. مۇنەۋۋەر بۇنى ئاڭلاپ تەمتىرەپلا كەتتى.

— سىز كىم بولىسىز؟ — مۇنەۋۋەر ئېرەنسىزلىك بىلەن

سورىدى.

— مەن ئامان، زۆھرەنىڭ يانفونىغا تېلېفون قىلسام ئاچماپتۇ، شۇڭا ئۆيگە يېتىپ باردىمۇ ئۇقاي، دەپ تېلېفون قىلىشىم، ئادەم سەل ئەنسىرەپ قالىدىكەن...

— ئامان؟ قايسى ئامان؟ — مۇنەۋۋەر ئەندىكىپ تۇرۇپ سورىدى.

— ھە، سىز مۇنەۋۋەرغۇ دەيمەن؟ ئاۋازىڭىزدىن بىلىۋالدىم.

مۇنەۋۋەر تېلېفون قىلغان بۇ كىشىنىڭ ئىنگلىز تىلى مەكتىپى ئاچقان ھېلىقى ئامان مۇدىر ئىكەنلىكىنى بىلدى: «زۆھرە دېگەن بۇ دۆت، كالۋا نېمىشقا خوتۇن-بالىلىرى بار ئادەم بىلەن ئارىلىشىۋاتقاندۇ؟ ھەي، بۇ قىزنىڭ بىر ۋىنتىسى كەممۇ قانداق؟»

ھايال ئۆتمەي زۆھرە قايتىپ كەلدى. ئاشخانىدىن چىقىپ كەلگەن مۇنەۋۋەر ئۇنىڭ بىلەن ئىلگىرىكىدەك قىزغىن ئامانلاشماي، ئۇنىڭغا بېشىنى مۇنداقلا لىڭشىتىپ قويۇپ ئۇدۇل ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى.

زۆھرە مۇنەۋۋەرنىڭ ئانچە چىراي ئاچمىغىنىنى كۆرۈپ بىرقىسىملا بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە زۆھرە تۈز بولغاچقىمۇ، خەقنىڭ چىرايىغا قاراپ ئىچىدە نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى ئانچە پەرەز قىلىپ كېتەلمەيتتى. دۇرۇس، يېقىندىن بۇيان ئۇ ئۆز ھەلەكچىلىكى بىلەن بولۇپ كېتىپ ئۆي بىلەن ئانچە كارى بولمىدى، لېكىن ئۇ بۇنى «ھەيران قالغۇدەك ئىش ئەمەس» دەپ قارايتتى. چۈنكى، ئۇنىڭچە بولغاندا، ئاسىيەنىڭ يېشى بەك چوڭ ئەمەس، شۇڭا ئۆي ئىشلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن تامامەن چىقالايتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇنەۋۋەرنىڭ خىزمەت ئورنى يېقىن، ئىشقا بېرىش-كېلىشتە ئۆزىدەك ئاۋارىچىلىك تارتمايدۇ، شۇڭا ئاپىسىنىڭ ئۆي ئىشلىرىغا قارىشىپ بېرىشى ئەلۋەتتە ھەقلىق. لېكىن،

زۆھرەچۇ؟ ئىدارىسى يىراق بولغانلىقى ئۈستىگە كەچتە ئىشتىن چۈشۈپلا كۇرسقا بارىدۇ، ئۆيدىكىلەر بۇنى ئەلۋەتتە چۈشىنىشى كېرەك. زۆھرە ئاپىسى ھايات چاغلاردا ھېيت تەييارلىقى دېگەنلەرگە ئۆزىنىڭ بىرەر قېتىم بولسىمۇ كاللا قاتۇرۇپ باققانلىقىنى بىلمەيدۇ، چۈنكى ئۇنداق ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى شەرىپە قىلاتتى. زۆھرە بولسا ئانچە-مۇنچە «ھە-ھۇ» دېيىشىپ قويۇپلا كىتابنى ئوقۇپ ئولتۇراتتى. قىسقىسى، ئۇ كىچىك چاغلىرىدىن تارتىپلا ئۆي ئىشىغا كاللا قاتۇرۇشقا ئادەتلەنمىگەن. ئۇ ئۆيىنىڭ شۇنچىۋالا نۇرغۇن ئىشلىرىنى تۈگەتكەن مۇنەۋۋەرنىڭ ئالدىدا سەل-پەل ئۇيىلىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن مۇنەۋۋەرنىڭ زادى نېمىگە تۇتۇلۇپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ئۆزىدىن ئىزدەپ باققۇسى كەلمىدى. زۆھرە قاتتىق بىرنى ئەسنەپ قويۇپ، ئۆتۈككى ۋە پەلتوسىنى سېلىۋېتىپ يۈز-كۆزىنى يۇيماقچى بولدى.

«زىتىغا تەگسەم ئۆزى ئېغىز ئاچىدۇ» دەپ ئويلىغان مۇنەۋۋەر زۆھرەگە قاش-قاپاقلىرىنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلغىلى تۇردى. بىراق، زۆھرە ھېچ ئىش بولمىغاندەك ھاجەتخانىغا يۈز يۇيماقچى بولۇپ كىرىپ كەتتى. «تازا كالا مىجەز بىرنېمىدە بۇ!» دېدى مۇنەۋۋەر ئىچى تىتىلداپ. بىراق، بىر ئامال قىلىپ دەردىنى چىقىرىۋېلىشقا ئالدىراپ كېتىۋاتقان مۇنەۋۋەر ھۇجرىسىدىن چىقتى-دە، قەستەن ھاجەتخانىغا كىرمەكچى بولدى. يۈز-كۆزىنى يۇيۇپ بولغان زۆھرە چېچىنى ئېگىز تۈرۈپ قويۇپ يۈزىگە ماي سۈرۈۋاتاتتى. مۇنەۋۋەر بوسۇغىدا خېلىغىچە تۇردى، لېكىن زۆھرە ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويمىدى.

— زۆھرە ئاچا، ھەر كۈنى بەك كەچ كېلىۋاتىسىز، قارىغاندا ناھايىتى ئالدىراش ئوخشىمامسىز؟

— ھە، ئالدىڭلاردا خىجىلمەن!

— بابا ئامان دېگەن بىر ئەر كىشى سىزنى ئىزدەپ تېلېفون

قىپتۇ.

مۇنەۋۋەر زۆھرەدىن «چىرايىدا قانداق ئۆزگىرىش بولاركىن؟» دەپ سەپسىلىپ باقتى، ئەمما زۆھرە مىت قىلىپ قويىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ھەتتا بۇ تۇغرۇلۇق ئېغىزمۇ ئاچمىدى. ئۇ يۈزىگە مېيىنى چېپىپ، بارماقلىرى بىلەن تەكشى سىڭدۈرگەندىن كېيىن ئەينەككە قارىدى.

— سىز ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ باقتىڭىزمۇ؟ — مۇنەۋۋەر يەنە سورىدى. زۆھرەگە مۇنەۋۋەرنىڭ مۇشۇ گېپى تەسىر قىلغان بولسا كېرەك، ئۇ بۇرۇلۇپ مۇنەۋۋەرگە قارىدىيۇ، لېكىن يەنە ئېغىز ئاچمىدى.

— ئۇ ئادەم سىزنى ئۆيگە يېتىپ باردىمۇ يوق، دەپ ئەنسىرەپ تېلېفون قىپتۇ، سىزگە بەك كۆڭۈل بۆلىدىغاندەك قىلىدۇ، قارىغاندا خېلى ئوبدانلا ئۆتۈشۈۋاتقان ئوخشايسىلەر-ھە؟ — دېدى مۇنەۋۋەر. مۇنەۋۋەر گەرچە ئامان بىلەن ئارىلىشىش نىيىتىدىن يانغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزى ياخشى كۆرۈپ قالغان بۇ ئەر كىشى باشقا بىرى بىلەن ئارىلاشسا ئەلۋەتتە بۇنىڭغا ھەسەت قىلماي قالمايدۇ-دە!

زۆھرە مۇنەۋۋەرگە قاراپ «پىسسىڭىدە» بىرنى كۈلۈپ قويدى-دە، ھاجەتخانىدىن چىقىپ ئۇدۇل ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى. زۆھرەنىڭ بايىقى گەپلەرگە ئانچە پىسەنت قىلىپ كەتمىگەنلىكىنى كۆرگەن مۇنەۋۋەرنىڭ ناھايىتى ئاچچىقى كەلدى. ئۇ ئىتتىك بېرىپ زۆھرەنىڭ ئىشىكىنى چەكتى-دە، ئىشىكنى «غاچچىدە» ئېچىپلا كىردى.

— زۆھرە ئاچا، بىلەمسىز؟ ھېيتقا بىر ھەپتىلا قاپتۇ.

— بىلىمەن، — دېدى زۆھرە پوپايكا ۋە يۇڭ تامبىلنى سالغاچ. زۆھرەنىڭ ئىچىگە كىيىۋالغان ھال رەڭلىك مايكىسى بىلەن يىپ تامبىلى ناھايىتى چىرايلىق بولۇپ، ئۇنى تېخىمۇ سۆلەتلىك كۆرسىتىپ تۇراتتى.

— نەچچە كۈندىن بېرى سىز بەكمۇ ئالدىراش بولۇپ كەتتىڭىز، ئاپام ئىككىمىز ئۆيلەرنى تازىلاپ، پەردىلەرنىمۇ يۇيۇپ بولدۇق.

— ۋييەي بۇ... سىلەرگە جاپا سېلىپ قويدۇم-ھە؟ بەكمۇ نومۇس قىلىۋاتىمەن... ماڭا ئازراق ئىش ئېلىپ قويمىدىڭلارمۇ...؟

لېكىن مۇنەۋۋەر: «ئاغزىنىڭ ئۇچىدىلا نومۇس قىلىۋاتىمەن، دەپ قويغىنى بىلەن ئىچىدە خۇش بولۇۋاتقاندۇ تايىنلىق!» دەپ ئويلىدى.

— ئاخشام ئۆيدىكى گىلەملەرنىڭ ھەممىسىنى تازىلاپ چىقتىم، بىراق ھۇجرىڭىزدىكى گىلەمنى تازىلاشقا ئېشىنالمىدىم جۇمۇ! — دېدى مۇنەۋۋەر دۇق قىلغاندەك. ئەمما، زۆھرە مۇنەۋۋەرنىڭ ئاشۇ گەپلەرنى قىلغان چاغدىكى چىرايىنى كۆرمەي قالدى.

— ھە... بۇ... چاڭ سۈمۈرگۈچتە سۈمۈرتىدىغان ئىش بولغاندىكىن تازىلىۋەتسىڭىز بوپتىكەن... ھەممە ئۆينى تازىلاپ مېنىڭ ھۇجرامنى ئايرىپ قويغىنىڭىز نېمىسى ئەمدى؟ — زۆھرە مۇنەۋۋەرنىڭ كۆزلىرىگە قارىدى. ئۇ راستتىنلا مۇنەۋۋەردىن رەنجىگەندەك تۇراتتى. مۇنەۋۋەرنىڭ ئويىمۇ دەل زۆھرەنىڭ زەردىسىنى ئۆرلىتىش ئىدى.

— سىزگە دېسەم، زۆھرە ئاچا، سىز بۇ ئۆيىنىڭ خېنىمى ئەمەس، ئاپام ئىككىمىزمۇ مالاي ئەمەس! — ئۇزۇندىن بېرى قورسىقىغا پۈكۈپ يۈرگەن گەپلىرىنى ئاخىرى دەۋالغان مۇنەۋۋەر ئارقىسىغا بۇرۇلۇپلا چىقىپ كەتتى.

زۆھرە دىتىغا ياقمىغان بىرەر گەپنى ئاڭلىغان ھامان سەكرەپ چىچاڭشىپ كېتىدىغان قىزلاردىن بولمىغاچقا، ھەرقانداق ئىشتا ناھايىتى ئېغىر-بېسىق ئىدى. گاھىدا بەزىلەر ئۇنىڭغا زەھەردەك گەپلەرنى قىلىۋەتسىمۇ ئۇ كۈلۈپ

قويۇپلا ئۆتكۈزۈۋېتەتتى. ئۇنىڭ ھەمىشە بىغەم، خاتىرجەم يۈرۈشىمۇ دەل شۇنىڭدىن ئىدى.

ئەمما، مۇنەۋۋەرنىڭ بايىقى گەپلىرى ئۇنىڭ جېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى. شۇڭا ئۇ دوقۇسلاپ چىقىپ كېتىۋاتقان مۇنەۋۋەرنىڭ ئارقىسىدىن قارىغىنىچە داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. ئۇ بىردەمدىن كېيىن ھېلىلا قولىغا ئالغان كىتابنى پىرقىرىتىپ تاشلىدى-دە، يۈگۈرۈپ چىقىپ ھۇجرىسىغا كىرىپ كېتىۋاتقان مۇنەۋۋەرنىڭ ئالدىنى توستى.

— نېمە دېگىنىڭىز بۇ؟ يېرىم كېچىدە جۆيلۈپ قېلىۋاتمايدىغانسىز؟

— يوقسۇ، جۆيلۈمىدىم، كالللام ناھايىتى جايىدا، — دېدى مۇنەۋۋەر زۆھرەگە بۇرۇلۇپ قاراپ.

— نەدىكى گەپلەرنى دەپ يۈرىسىز ئەمىسە، خېنىم، مالاي دېگەنلىرىڭىز نېمىسى؟ مۇشتۇمدەك تۇرۇپ ئەجەبمۇ زەھەردەك گەپ قىلىۋاتىسىز!

— زەھەردەك گەپ قىلىۋاتقان ئادەم مەنما؟ ئۆزىڭىزنىڭ قىلغانلىرىچۇ؟

— نېمە؟ مەن نېمە قېپتىمەن؟ — دەپ جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىرىدى زۆھرە.

بۇ ئۇنىڭ مۇنەۋۋەرنىڭ ئالدىدا تۇنجى قېتىم ۋارقىراپ گەپ قىلىشى ئىدى. مۇنەۋۋەر بۇنى كۆرۈپ سەل-پەل تەمتىرەپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن قورسىقىدىكىنىڭ ھەممىسىنى دەپ ئېچىنى بوشىتىۋالماقچى بولدى:

— مەن دەپ يۈرمىسەممۇ بولار، ئۆزىڭىز ئويلاپ بېقىڭ! — زۆھرەنىڭ يېغىرىغا تۇز سېپىپ سەكرىتىۋەتكەن مۇنەۋۋەر بولدى قىلماقچى بولۇپ ئىتتىك ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى. بىراق، ئېغىزدىن چىقىپ كەتكەن گەپنى قايتۇرۇۋالغىلى بولمايدۇ-دە. ئۇنىڭ ئۈستىگە سۇلايمان بىلەن

ئاسىيە زۆھرەنىڭ بايىقى ئۈننى ئاڭلاپ ئويغىنىپ كەتكەندى. چاپىنىنى يېپىنچاقلىۋالغان سۇلايمان ئاڭغىچە مۇنەۋۋەرنىڭ ھۇجرىسى ئالدىدا پەيدا بولدى. ياتقاندىن سۇغۇرۇلۇپلا چىققاچقا ئۇنىڭ ئۇچىدەك ئاقارغان چاچلىرى پاخپىيىپ كەتكەن، قاپاقلىرى ساڭگىلاپ ئۇچبۇرجەك بولۇپ قالغان كۆزلىرى غەزەپتىن جامدەك ئېچىلغانىدى. ئۇ زۆھرەگە قارىدى:

— زۆھرە، يېرىم كېچىدە نېمىگە ۋارقىراپ-جارقىراپ يۈرىسەن، ساراڭ بولدۇڭمۇ؟ — ئۇ گەپنى زۆھرەدىن باشلىدى.

— ھېچنېمە بولمىدى، ئاتا! سىلەر كىرىپ يېتىۋېرىڭلار! — دېدى زۆھرە ھېچ ئىش بولمىغاندەك.

— مۇنەۋۋەر، زۆھرە ئاچاڭنى سەن خاپا قىلىپ قويدۇڭمۇ نېمە؟ — باياتىن بېرى سۇلايماننىڭ ئارقىسىدا گەپ قىلماي تۇرغان ئاسىيە مۇنەۋۋەرگە غەزەپ بىلەن تىكىلدى، لېكىن مۇنەۋۋەر گەپ قىلماي تۇرۇۋالدى.

— نېمىشقا گەپ قىلمايسىز؟ دەڭا، زادى نېمە ئىش بولدى؟ — دېدى قاپاقلىرى تۈرۈلۈپ كەتكەن سۇلايمان مۇنەۋۋەرگە قاراپ ۋارقىراپ تۇرۇپ.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان مۇنەۋۋەر قورقۇپ تىترەپ كەتتى، كۆز ئالدىدىكى بۇ ئىشلارنىڭ ئوڭى ياكى چۈشى ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرالماي قېلىۋاتقان مۇنەۋۋەرنىڭ قۇلاقلىرى گويا توك سوقۇۋەتكەندەك غوڭۇلدايتتى. سۇلايمان ئۇنىڭ نەزىرىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر بوۋاي ئىدى. شۇڭا ئۇ سۇلايماننى ئۆزىگە مۇنداق قاتتىق تېگىپ كېتەر، دەپ ئويلىمىغانىدى. نېمە قىلارىنى ئۇقالماي قېلىۋاتقان مۇنەۋۋەر گويا مەدەت تىلىگەندەك ئاپىسىغا تەلمۈرۈپ قارىدى، ئەمما ئاسىيە مۇنەۋۋەرنىڭ كۆزلىرىگە «لاپپىدە» قاراپ قويۇپ سۇلايماننىڭ بىلىكىدىن تارتتى:

— خاپا بولمىسلا، ئاچا ـ سىڭىل ئىككىسى گەپ تەرگىشىپ قاپتۇ، ئۆزلىرى ئەپلىشىپ قالىدۇ، ماڭسىلا كىرىپ كېتەيلى!

ئەمما، سۇلايمان بولىدى قىلىدىغانىدەك ئەمەس ئىدى. ئۇ ئاسىيەنىڭ قولىنى سىلىكۋېتىپ زۆھرەگە قارىدى:

— قېنى دېگىنە، زادى نېمە ئىش بولدى؟

زۆھرە گەپ قىلماي بېشىنى تۆۋەن سالدى. مۇنەۋۋەر «غاچچىدە» ئارقىسىغا بۇرۇلدى ـ دە، ھۇجرىسىغا كىرىپ ئىشىكنى «گۈپپىدە» يېپىۋالدى. ئاڭغىچە ئۇنىڭ ھۆ تارتىپ يىغلىغان ئاۋازى كەلدى. زۆھرەمۇ ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتمەكچى بولۇپ ئارقىسىغا بۇرۇلدى، ئەمما سۇلايمان ئۇنىڭ بىلىكىدىن تۇتتى:

— نەگە بارىسەن؟

— كىرىپ ئۇخلايمەن!

— نېمە؟ بايا ۋارقىراپ ئالەمنى مالەم قىلىپ، ئادەمنى ئويغىتىۋەتكەن ئادەم ئەجەب ئۇخلايمەن دەيسەنا؟

زۆھرە بولغان ئىشنى ئاتىسىغا دېمەكچى بولىدىيۇ، ئەمما يەنە ئۇنىڭ ئىچىنى ئاچچىق قىلغۇسى كەلمىدى. بىراق، سۇلايمان بولىدى قىلىدىغانىدەك ئەمەس ئىدى. شۇڭا زۆھرە گەپنى دەرھال بۇرىدى:

— ئاتا، نېمە بولغانلىقىنى زادى ئۇقمىسام بولمايدۇ، دېسەڭ، ئەڭ ياخشىسى ئالدى بىلەن مۇنەۋۋەر قىزىڭدىن سوراپ باققىن! — زۆھرە ئاسىيەگە مەنىلىك قاراپ قويدى. ئاسىيە دەرھال مۇنەۋۋەرنىڭ ھۇجرىسىغا بېرىپ ئىشىكنى قاقتى. مۇنەۋۋەر شۇ ھامان چىقتى.

— گەپنى ئۇدۇللا دەي، — دېدى مۇنەۋۋەر زۆھرەگە قاراپ قويۇپ، ئاندىن سۇلايماننىڭ كۆزلىرىگە قارىدى، — ئاتا، ئۆزىڭىزمۇ كۆرۈپ تۇرۇپسىز، ئون نەچچە كۈندىن بېرى ئىشتىن چۈشۈپ كېلىپ، «ئاپامنىڭ ھېيت تەييارلىقىغا

ياردەملىشمەن» دەپ ھېچ ھالىم قالمىدى، ئەمما زۆھرە ئاچام قولىنى ئەگرى قىلماقتا يوق، «نېمە قىلىۋاتىسىلەر؟» دەپ سوراپمۇ قويمىدى. بىرنەچچە كۈندىن بېرى سائەت ئون بىر بولمىغۇچە ئۆيگە قايتمايدىغان بولدى، بۇنىڭغا ئاچچىقىم كېلىپ ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ قويسام سەكرەپ كېتىۋاتىدۇ.

مۇنەۋۋەرنىڭ گېپىگە قارىغاندا گۇناھنىڭ ھەممىسى زۆھرەدە ئىدى، ئەمما سۇلايمان زۆھرەنىڭ ھاپىلا-شاپىلا شالىنى چاچىدىغان ئۇنداق تەنتەك قىزلاردىن ئەمەس ئىكەنلىكىنى، ناۋادا مۇنەۋۋەرنىڭ گېپى ئۆتۈپ كەتمىگەن بولسا ئۇنىڭ بۇنچىۋالا چېچىلىپ كەتمەيدىغانلىقىنى بىلەتتى. بىراق، سۇلايمان گەپنى ئۇدۇل دېگۈسى كەلمىدى.

— زۆھرە قىزىم، — دېدى سۇلايمان بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، — بىرنەچچە كۈندىن بېرى قىلىۋاتقىنىڭ راستتىنلا قاملاشماي قالدى، ھېيت كېلىۋاتىدۇ، نەچچە كۈنلەردىن بۇيان مۇنەۋۋەر بىلەن ئاسىيە ئايلاڭ بىر قولىنى ئىككى قىلالماي قالدى، بىراق سېنىڭ سايەڭنىمۇ كۆرگىلى بولمىدى، مۇنەۋۋەر بۇ قىلغىنىڭغا ئاغرىنىپ ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ قويغانغا نېمە بولاتتى؟!

سۇلايمان بايىقى گەپلەرنى مۇنەۋۋەرگە قارىتىپ دېگەن بولسىمۇ، لېكىن زۆھرە بۇنىڭغا چىداپ تۇرالمىدى:

— مۇنەۋۋەر، ئەمدى چۈشەندىم. شەرىپەنىڭ نېمىشقا ئانا-بالا ئىككىڭ بىلەن «پۇرچىقى پىشمايدىكەن» دېسەم، ئىككىڭلار گەپ ياساشقا بەكمۇ ئۇستىكەنسىلەر ئەمەسمۇ؟! سىلەر قىلغۇلۇقنى ئۆزۈڭلار قىلىپ قويۇپ ئاتامنىڭ ئالدىدا گۇناھنى باشقىلارغا ئارتىدىكەنسىلەر.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان ئاسىيە ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي مىشىلداپ يىغلىغىلى تۇردى:

— ۋاي، خۇدايىمەي، زۆھرە قىز نېمە دېگىنىڭىز بۇ

ئەمدى؟ ئادەمگە تۆھمەت قىلماق...!

— تۆھمەت قىلىۋاتقىنىم يوق، ھەم ئەزەلدىن باشقىلارغا تۆھمەت قىلىپ باققان ئەمەسمەن! سىزگە دېسەم، بايا مۇنەۋۋەر ئاتامغا راست گەپ قىلمىدى، ئۇ بوگۈن زەھەردەك گەپلىرى بىلەن جېنىمدىن ئۆتكۈزۈۋەتتى بىلەمسىز؟! ئۇنىڭ نەزىرىدە مەن بۇ ئۆينىڭ خېنىمى، ئۇ مالىيى ئىمىش! ئويلاپ بېقىڭە، نىيىتى دۇرۇس بولسا گەپنى مۇشۇنداق قىلامدۇ؟

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۆزىنىڭ باشقىلارنىڭ قورسىقىدا زادى نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى زادى بىلمەيدىغان، كارغا كەلمەس گالۋاڭ ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەن سۇلايمان ساپاغا بېرىپ ئولتۇرۇپ تاماكىدىن بىرنى ئېلىپ تۇتاشتۇردى.

زۆھرەنىڭ گېپىدىن ئىشنىڭ چاتاق ئىكەنلىكىگە كۆزى يېتىپ قورقۇپ كەتكەن ئاسىيە ئۆزىچە ئىشنى ئەپلەشتۈرۈپ باقماقچى بولدى:

— خاپا بولماڭ، زۆھرە، مۇنەۋۋەر ئۇ گەپنى ئالدى-ئارقىسىنى ئويلىمايلا دەپتۇ. ماڭا ئىشىنىڭ، ئەمدى ئۇنداق ئىش ھەرگىز تەكرارلانمايدۇ، كىرىپ ئۇخلاڭ بولامدۇ، ئەتە يەنە ئىشقا بارىسىز...! — ئۇ زۆھرەنىڭ چاچلىرىنى مېھرى بىلەن سىلىدى.

زۆھرە ساپادا ئولتۇرغان ئاتىسىغا قاراپ قويۇپ ئاستا ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى. ئەمما ئۇ ئورۇن-كۆرپىسىنى سېلىپ ئەمدىلا ياتاي دەپ تۇرۇشىغا مۇنەۋۋەرنىڭ ئۈنىنى ئاڭلاپ قالدى:

— ۋۇي، بۇزۇق! يۈزىنى داپتەك قىلىپ خەقنىڭ ئۆيىنى بۇزماقچى بولۇپ تۇرۇقلۇق، ئۆردەككە سۇ يۇقمىغاندەك يۈرۈشلىرىنى تېخى!

زۆھرە كارىۋىتىدىن سەكرەپ چۈشتى-دە، مۇنەۋۋەرنىڭ ھۇجرىسىغا ئېتىلىپ كىرىپ ئۇنىڭ ياقىسىدىن ئالدى:

— كىمنى تىللاۋاتىسەن؟ — زۆھرە مۇنەۋۋەرنىڭ سول ياڭىقىغا بىر كاچات سالدى.

مۇنەۋۋەر بىر قولى بىلەن يۈزىنى تۇتقىنىچە يەنە بىر قولىدا زۆھرەنىڭ ياقىسىغا ئېسىلدى. ئاڭغىچە ئاسىيە يۈگۈرۈپ كېلىپ مۇنەۋۋەرنى تارتتى. سۇلايمانمۇ قولىدىكى تاماكىسىنى پىرقىرىتىپ تاشلىۋېتىپ ئۇچقاندەك ئېتىلىپ كىردى-دە، زۆھرەنى بىر كاچات سالدى.

— ۋۇي، ئادەم ئەمەس! — دېدى سۇلايمان چانىقىدىن چىقىپ كېتەيلا دەپ قالغان كۆزلىرىنى زۆھرەگە مىختەك تىكىپ تۇرۇپ.

زۆھرە شۇنچە ياشقا كىرگۈچە ئاتىسى ئۇنى تاك ئېتىپ چېكىپ باقمىغانىدى. بۇ ھەم زۆھرەنىڭ ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم باشقىلاردىن تاياق يېيىشى ئىدى. گويا چۈشىدىن چۆچۈپ ئويغانغاندەك ئەندىكىپ كەتكەن زۆھرە تەستەك تەگكەن يۈزىنى تۇتقىنىچە ئاتىسىغا داڭ قېتىپ قاراپ تۇرۇپلا قالدى.

سۇلايمانمۇ قوزىدەك ياۋاش بۇ قىزىغا قول تەگكۈزۈپ قويغانلىقىغا ئىچىدە پۇچۇلىنىپ كېتىۋاتاتتى. لېكىن، بولار ئىش بولدى، ئورنىغا كەلمەيدۇ-دە! سۇلايمان نېمە قىلارىنى بىلەلمەي تەمتىرەپ قالدى.

— ۋۇي، بۇ نېمە قىلغانلىرى؟ زۆھرەگە نېمشقا قول تەگكۈزىلا؟ — ئاسىيە سۇلايمانغا ئالىيىپ قويۇپ، زۆھرەنىڭ ئالدىغا ئىتتىك بېرىپ ئۇنىڭ يۈز-كۆزىنى سىلىدى، ئەمما زۆھرە ئاتىسىنىڭ قىلغىنىغا ئاغرىنمىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ قولىدىن ھەر بالا كېلىدىغان بۇ ئانا-بالا ئىككىسىنى چايناپ يۇرقۇۋەتكۈسى كېلىۋاتاتتى. شۇنداق ئەمەسمۇ! بۇ ئانا-بالا ئىككىسى گېپىنى بىر قىلىۋېلىپ بۇ ئاق كۆڭۈل بوۋاينىڭ بېشىنى ئايلاندۇرۇۋەتتى. زۆھرە ئاسىيەنى بىر چەتكە ئىتتىرىۋېتىپ ھۇجرىسىغا ئىتتىك كىرىپ پەلتوسىنى كىيدى-

ده، قول سومكىسىنى بىلىكىگە قىستۇرۇپ تالاغا قاراپ ماڭدى. بۇنى كۆرگەن ئاسىيە يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇۋالدى. لېكىن، زۆھرە ئاسىيەنى قاتتىق بىرنى ئىتتىرىۋىدى، ئاسىيە دەلدۈگۈنۈپ ئارقىسىغا ئۇچۇپ كەتكىلى تاس قالدى. زۆھرە ئىتتىك بېرىپ ئۆتۈكىنى كىيىپلا تالاغا قاراپ ئۆزىنى ئاتتى.

ئاسىيە ئۇنىڭ كەينىدىن قوغلاپ بىنادىن چۈشتى، لېكىن زۆھرەنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئۇچىسىدىكى يالاڭ كۆڭلەك بىلەنلا ساپما كەشنى سۆرەپ يۈگۈرۈپ چىققان ئاسىيە سوغۇقتىن لاغىلداپ تىترىگىلى تۇردى. ئۇ ھويلىنىڭ ئىچىنى بىر قۇر ئىزدەشتۈرگەندىن كېيىن يېنىپ كىردى. ئاسىيە سۇلايماننى يۆلەپ ئەكىرىپ كارىۋاتقا چىقاردى. يۈرىكىگە گويا نەشتەر سانجىلغاندەك ئازابلىنىپ كېتىۋاتقان سۇلايمان گەپ-سۆز قىلماي ياتاتتى.

## 37

زۆھرە ئىسسىق ئۆيدىن تويۇقسىز يۈگۈرۈپ چىققان بولغاچقا تالادىكى سوغۇققا چىدىيالماي تىترىگىلى تۇردى. ئۇ سومكىسىدىن يانفونىنى ئېلىپ شەرىپەنىڭ ئۆيىگە تېلېفون قىلدى.

— ۋەي، ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! — بۇ شەرىپەنىڭ ئاۋازى ئىدى.

— ھە، مەن، — دېدى زۆھرە.

سىڭلىسىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان زۆھرەنىڭ ياشلىرى تاراملاپ تۆكۈلگىلى تۇردى. ئۇ گويا گېلىغا بىرنەرسە تۇرۇپ قالغاندەك گەپ قىلالمايۋاتاتتى.

— ۋەي، ئاچا، سەنمۇ؟ نېمە بولدى؟ نېمىشقا گەپ

قىلمايسەن؟ — ئادەتتە قورت-قوڭغۇزغىمۇ ئازار بەرمەي ئېغىر-بېسىق ئۆتىدىغان زۆھرەنىڭ يېرىم كېچىدە تۇيۇقسىزلا يىغلاپ تېلېفون قىلغانلىقىدىن بەكمۇ ئەنسىرەپ كەتكەن شەرىپە ئۆيدە بىرەر ئىش چىققانلىقىنى سەزدى. «نېمە بولغاندۇ؟ ئاتام ئاغرىپ قالدىمۇ نېمە؟ ياكى...؟» شەرىپەنىڭ كۆڭلى يەتمىگەن يەرلەرگە يەتتى. ئۇ تېلېفوندا زۆھرەدىن ۋارقىراپ تۇرۇپ سورىدى.

سەل دېلىغۇل بولۇپ قالغان زۆھرە بولغان ئىشنى دەماللىققا شەرىپەگە دېمەي تۇرۇش نىيىتىگە كەلدى. چۈنكى، شەرىپە ئاسىيە بىلەن مۇنەۋۋەرنىڭ كاساپىتىدىن سۇلايماننى بىرنەچچە قېتىم خاپا قىلىپ قويدى. بۇ ئىشنى ئۇقۇپ قالسا يەنە چاتاق تېرىيدۇ، بۇنىڭ بىلەن سۇلايمان يەنە ئازار يەپ قالىدۇ. بۇلارنى ئويلىغان زۆھرە شەرىپەگە باشقا گەپ قىلماي تېلېفوننى بېسىپلا توكىنىمۇ ئۆچۈرۈۋەتتى.

شەرىپە زۆھرەگە تېلېفون قىلىپ باقتى، لېكىن تېلېفون ئۆچۈرۈۋېتىلگەنىدى. بۇنى كۆرگەن شەرىپە تېخىمۇ ئەنسىرىگىلى تۇردى. ئۇنىڭ تۇرۇپلا زۆھرەگە ئاچچىقى كەلدى: «نېمىشقا گەپ قىلمايلا تېلېفوننى ئۆچۈرۈۋېتىدۇ؟ زادى نېمە ئۈچۈن؟ دېگىلى بولمىغۇدەك نېمە ئىش يۈز بەرگەندۇ؟ ھەي، زۆھرە دېگەن مۆرىمەس كالا، مېنى تېرىكتۈرۈپ ئۆلتۈرەي دەمسەن؟!» كاللىسىغا تۇيۇقسىزلا بىر ئەقىل كەلگەن شەرىپە چوڭ ئۆيگە تېلېفون قىلىۋىدى، تېلېفوننى ئاسىيە ئالدى. شەرىپە ئاسىيە بىلەن تىنچلىقىمۇ سوراشماي سۆزلەپ كەتتى:

— ئاسىيە ئايلا، ئۆيدە نېمە ئىش بولدى؟ بايا زۆھرە يىغلاپ تېلېفون قىپتۇ، بىراق ھېچنېمە دېمەستىنلا تېلېفوننى بېسىۋەتتى، ياندۇرۇپ ئالسام تېلېفوننى تاقىۋاپتۇ، زادى نېمە ئىش بولدى؟

تېلېفوننىڭ ئاۋازىدىن ئويغىنىپ كەتكەن سۇلايماننىڭ قۇلىقى تېلېفون تەرەپتە ئىدى.

— ئەنسىرىمەڭ، ئەنسىرىگۇدەك ئىشمۇ يوق، سىز تېلېفوننى قويۇۋېتىڭ، مەن ئالاي، — دېدى سۇلايماننىڭ ئاگلاپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەن ئاسىيە پەس ئاۋازدا ۋە تېلېفوننى بېسىۋەتتى.

— شەرىپەمىكەن؟ زۆھرە بېرىپتۇمۇ؟ — سۇلايمان دەرھال سورىدى.

— ھە، زۆھرە شۇ يەردىكەن، سىلى خاتىرجەم يېتىۋەرسىلە، — ئاسىيە ئاستا كارىۋاتتىن چۈشۈپ مېھمانخانىغا چىقتى. ئۇ مېھمانخانىدىكى تېلېفوندىن شەرىپەگە تېلېفون قىلدى. شەرىپەمۇ تېلېفوننىڭ يېنىدا تىتىلداپ ساقلاۋاتاتتى.

— ۋەي، شەرىپە! مەن ھازىر مېھمانخانىدىن سىزگە تېلېفون قىلىۋاتىمەن، ئاتىڭىز ھېلىلا چىقىپ قالدۇ تايىنلىق، شۇڭا گەپنىڭ پوسكاللىسىنىلا دەي، مۇنەۋۋەر بىلەن زۆھرە ئىككىسى گەپ تەرگىشىپ قاپتىكەن، بۇنىڭ بىلەن ئاتىڭىز زۆھرەگە ۋارقىراپ قويىدى، شۇڭا زۆھرە چىقىپ كەتتى، كەينىدىن چىقىپ قارىسام ھېچيەردە يوق، سىزنىڭ يېنىڭىزغا كەتكەن ئوخشايدۇ، دەپ يېنىپ كىردىم.

ئاسىيەنىڭ بۇ سىلىق-سىپايە گەپلىرىدىن ئۇنى «زۆھرە كىچىككىنە ئىشنى يوغىنىتىۋەتتى» دەۋاتىدۇ دەپ چۈشەنگەن شەرىپە گەپنى ئۇدۇللا دېدى:

— ئاسىيە ئايلا، گەپ ياساشقا نېمانچە ئۇستا سىز-ھە، ھەرقانداق گەپنى سۇ كىرمىگۇدەك قىلىپ ياسىۋېتەلەيدىكەنسىز! — شەرىپە زۆھرەنىڭ ئاسىيە دەپ بەرگەن كىچىككىنە ئىش ئۈچۈن يامانلاپ چىقىپ كەتكىنىگە زادىلا ئىشەنمىدى. قايسى كۈنى شەرىپە مۇنەۋۋەر بىلەن قىزىرىشىپ قالغان چاغدىمۇ ئاسىيە دېگەن بۇ خوتۇن

سۇلايمانغا بىرمۇنچە ياغلىما گەپلەرنى قىلىۋىدى، توقىلەنەتنىڭ ھەممىسى شەرىپەگە ئارتىلىپ، مۇنەۋۋەر ئۆردەككە سۇ يۇقمىغاندەك قۇتۇلدى، — ئانا-بالا ئىككىڭلار تازا ئاشۇ زاكىسىدا قېرىغان قۇۋ تۈلكە ئىكەنسىلەر!

— ۋۇي، بۇ نېمە دېگىنىڭىز ئەمدى؟ — ئاسىيە شەرىپەنىڭ زادى نېمە دەۋاتقانلىقىنى راستتىنلا چۈشىنەلمەي قالدى.

— زۆھرە ئىككىمىز ئاچا-سىڭىل، ئۇنىڭ مىجەزى ماڭا بەش قولدەك ئايان، — دېدى شەرىپە زەردە بىلەن، — ئۇ سىز دېگەن ئۇنچىلىك ئىش ئۈچۈن يامانلاپ چىقىپ كېتىدىغان ئادەم ئەمەس، ئۆيدە سىزنىڭ قىزىڭىز ئۈچۈن گەپ قىلىپ ئۇنى قانات ئاستىغا ئالىدىغانلىقىڭىزنى چۈشىنىشكە بولىدۇ، بىراق چاۋاك دېگەنمۇ ئىككى قولدىن چىقىدۇ-دە. دېسەم-دېمىسەم، ئاتام سىزنىڭ گەپلىرىڭىزگە قاراپ ئەيىبنى زۆھرەدە قويۇپ ئۇنى تىللىغاندۇ تايىنلىق، شۇنداقمۇ؟

ئاسىيە ئېغىز ئاچمىدى، بۇنىڭ بىلەن شەرىپە ئۆز پەرىزىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىگە تېخىمۇ ئىشەندى.

— ئاسىيە ئايلا، سىزنىڭ ئاتامغا مېھرىڭىز چۈشۈپ قالدى. بۇنداق بولغانىكەن، ئۇنىڭ قىزلىرىنىمۇ ئۆز كۆرۈشىڭىز كېرەك-دە! ئاتام بىچارىمۇ مۇنەۋۋەرنى بىزدىن ئەتىۋار كۆرىدىغۇ! مۇنەۋۋەرنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن ئاتام كىشىلەرگە قانچىلىك سارغايدى بىلەمسىز؟ سىزچۇ؟ بىز ئۈچۈن ئاشۇنداق قىلالامسىز؟ بىزنىڭ باشقا تەلىپىمىز يوق، پەقەت بولغان ئىشنى ئاتامدىن يوشۇرمىسىڭىزلا بولىدۇ، بۇنىڭدىن كېيىن كىم نېمە دېدى، نېمىشكە شۇنداق دېدى، بۇنى ئاتامغا ئەينەن دەڭ! ئاتام خېلى كاللىسى بار ئادەم، ئۇ ئاق-قارىنى ئوبدان بىلىدۇ! — شەرىپە سۆزلىگەنسېرى ھاياجانلىنىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئاسىيەنىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا تېلېفوننى «پاققىدە» قويۇۋەتتى.

— ۋۇي، زىدى پەس خوتۇن، سىنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقارمىسام، خەپ! — دېدى شەرىپە ئىچىدە.

زۆھرە تېلېفوننى ئۈچۈرۈۋېتىپ تالادا خېلىغىچە ئۇياقتىن-بۇياققا مېڭىپ يۈردى. «نەگە بارسام بولار؟ بىرەر مېھمانخانىغا بېرىپ بىر كېچە تۈنىسەم بولارمۇ؟ ياق، مېھمانخانىلارنىڭ بىر كېچىلىكى يۈز يۈەندىن ئاشىدىغان تۇرسا...!» ئۇ ئاخىرى ئىشخانىسىدا بىر كېچە تۈنىمەكچى بولدى.

زۆھرە ئىدارىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ قارىسا دەرۋازا ھەم ئېتىلگەن، دىجورنىخانىمۇ قاپقاراڭغۇ ئىدى. ئۇ دەرۋازىنى خېلى قېقىپ باقتى. لېكىن، دىجورنە ئويغۇنىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. «ئەمدى قانداق قىلارمەن؟ قارىغاندا شەرىپەنىڭ ئۆيىگە بارمىسام بولمىغۇدەك-دە!»

زۆھرە شەرىپەنىڭ ئۆيىگە كەلدى. ئۇ شەرىپەگە بولغان ئىشنىڭ ھەممىسىنى يىپىدىن-يىڭنىسىغىچە دەپ بەردى.

— بىراق، مەن ئاتامدىن ئاغرىنمايمەن، — دېدى زۆھرە يىغلاپ تۇرۇپ، — ئۇ مېنى كۆڭلىدىن چىقىرىپ ئۇرمىدى، بىچارە ئاتامغىمۇ ئاسان ئەمەس.

— مېنىڭچىمۇ شۇنداق، ئەمما ئاتامنىڭ سېنى ھېلىقى ئىككى تۈلكىنىڭ ئالدىدىلا ئۇرغىنى قاملاشماپتۇ.

— ئەمدى قانداقمۇ قىلارمىز؟ — زۆھرە سىڭلىسىغا دەردىنى تۆكۈپ بېرىۋاتقاندەك ئەمەس، بەلكى ئاچچىدىن مەدەت تىلەۋاتقاندەك ئۇنىڭغا ئېسىلىپ يىغلاپ كەتتى.

— قانداق قىلاتتۇق، كاللا ئىشلىتەيلى! ئەمدىچۇ، قورسىقىمىزدىكى گەپنى دېيەلمەي دەردىمىزنى ئىچىمىزگە يۇتىدىغان، خەق بوزەك قىلسىمۇ ئارقىسىدىن تىللاپ قويۇپ، ئۆيگە بارغاندا يالغاندىن ھىجىيىدىغان ئىشنى قىلمايلى، قىسقىسى، ئەمدى ئەقىل بىلەن ئىش قىلمىساق بولماي-دۇ! — شەرىپە ئىشكاپتىن ئورۇن-كۆرپىلەرنى ئېلىپ

مېھمانخانىدىكى گىلەمگە ئىككى كىشلىك تۆشەك سالدى.

— بولىدىلا، ياتايلى! ھە، راست، يۈز-كۆزۈڭنى يۇيۇۋالامسەن؟

— ھە، — دېدى زۆھرە ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ ھاجەتخانىغا كىرىپ كەتتى.

شەرىپە ياتقاچ تام سائىتىگە قارىماقچى بولۇپ بېشىنى بۇرىۋىدى، ئۇنىڭ كۆزى كىتاب ئىشكاپىدىكى ئالبومغا چۈشۈپ قالدى. ئۇ ئالبومنى ئېلىپ يېنىچىلا يېتىپ ۋاراقلاشقا باشلىدى. بىردەمدىن كېيىن زۆھرە يۈز-كۆزىنى يۇيۇپ چىقتى. ئاچا-سىڭىل ئىككىسى ئالبومنى كۆرۈپ ئولتۇرۇپ ئىختىيارسىز يىغلاپ كېتىشتى.

ئالبومدا سۇلايماننىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بۇنىڭدىن يىگىرمە نەچچە يىل بۇرۇن ئولاش-چولاش چۈشكەن بىر پارچە سۈرەت بار ئىدى، ئۇ چاغدا بۇ ئاچا-سىڭىل ئىككىسى ئون نەچچە ياشلاردا ئىدى. ئۇ ھەم سۇلايمان بىلەن ھەكىمەنىڭ خېلى ياش ۋاقىتلىرى ئىدى.

— قارىغىنە، ئاپام ئۇ چاغلاردا بەكمۇ زىلۋا، كېلىشكەن ئايالكەندۇق، — دېدى شەرىپە زۆھرەگە ھېلىقى سۈرەتنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، — سەن خويمۇ ئاپامنى تارتىپتىكەن-سەن، — شەرىپە سۈرەتتىكى سۇلايماننى كۆرسەتتى، — بىراق، ئاتام ياش ۋاقىتلىرىدىمۇ دوغىلاق، پاكار، پۇتى قىسقا ئادەمكەندۇق، مەن ئاتامنى تارتىپتىكەنمەن، ھەي...! — شەرىپەنىڭ راستتىنلا قاپاقلىرى تۈرۈلۈپ كېتىۋاتاتتى.

— يوقىلاڭ گەپلەرنى قىلما، قارىغىنە ئۆزۈڭ گۆسمۇستەك سېمىز، ئىككى مەگزىڭدىن قان تېمىپ تۇرىدۇ، تەن ساغلام بولغانغا يېتەمدۇ، — زۆھرە شەرىپەگە قاراپ كۈلدى، ئۇنىڭ بايىقى كۆڭۈل غەشلىكلىرى ئانچە-مۇنچە چىقىپ قالغاندەك تۇراتتى.

— بىزدەك بودەك خوتۇنلارنىڭ كۆڭلىنى ياساش ئۈچۈن ھەممىسى «تەن ساغلام بولغانغا يېتەمدۇ» دەپ تەسەللى بېرىشىدۇ... ھەي...

— خۇداغا شۈكۈر دېگىنە، پەرى سۈپەت گۈزەللەردىن بولمىغىنىڭ بىلەن تېنىڭ ساق، خويمۇ ئوبدان ئېرىڭ، ئالتۇندەك ئىككى بالاڭ، ئىشىكتىن تېپىپ كىرىپ، تېپىپ چىقالايدىغان ئىللىق ئائىلەڭ بار، ئايال كىشىنىڭ ئۇنىڭدىن ئارتۇق يەنە نېمە ئىستەكلىرى بولسۇن؟ — زۆھرە شەرىپەنىڭ كۆزلىرىگە ھەۋەس بىلەن باقتى. لېكىن، شەرىپە ھەسرەتلىك خورسىندى:

— راست دەيسەن، شۈكۈر-قانائەت ناھايىتىمۇ قىممەتلىك بايلىق، قانائەتنى بىلىدىغان ئادەم تېرىق چاغلىق بىر نەرسىگە ئېرىشىسىمۇ، بېشى كۆككە يېتىپ، كۆڭلىنى خۇشال-خۇرام ئۆتكۈزەلەيدۇ، قانائەتنى بىلمەيدىغان ئادەمچۇ؟ ئالدىغا تاغدەك ئالتۇننى دۆۋىلەپ بەرسەڭمۇ يەنە كۆزى تويمايدۇ.

زۆھرە شەرىپەنىڭ گېپىنى تۇيۇقسىز بۆلدى:

— خاتالاشمىسام، بۇنى بىر زامانلاردا ئاپام رەھمەتلىك دەپ بەرگەنغۇ دەيمەن؟ — ئاپىسى دەرھال يادىغا يەتكەن زۆھرەنىڭ كۆزلىرىگە يەنە ياش كەلدى. بۇنى كۆرگەن شەرىپەمۇ مىشىلداپ يىغلاپ كەتتى.

— شۇنداق، ئۇ گەپنى ئاپام دەپ بەرگەن.

زۆھرە شەرىپەنىڭ كۆزلىرىگە مېھرى بىلەن بېقىپ تۇرۇپ گېپىنى داۋام ئەتتى:

— ئاتا-ئانىمىز خىزىر-پەرىشتىلەردەك كىشىلەر ئىكەندۇق! ئويلاپ باقسام، ئۇلارنى ئەسلەيدىغان يەرلىرىمىز بەكمۇ جىقكەن. ئېسىڭدىمۇ، شەرىپە، بىر قېتىم «باللار بايرىمى»دا ئاپام بازاردىن ساڭا بىر ئىشتان ئەكەپتۇ، سەن ئۇ چىرايلىق

ئىشتاننى كۆرۈپ ناھايىتى خۇشال بولۇپ كەتتىڭ، بىراق سىنىڭ ساغرىڭ يوغان بولغاچقا ئىشتان ساڭا پاتمىدى، بۇنىڭ بىلەن سەن ئاچچىقىڭدا ئىشتاننى سىلىپ تاشلىۋىتىپ يىغلاپ كەتتىڭ ۋە: «خەپ، بۇنىڭدىن كېيىن تاماق يېمەي ئورۇقلىمىسام» دەپ قەسەم قىلدىڭ، ئاپامنىڭ شۇ كۈنى كەچلىك غىزاغا ئەتكەن پولۇسى بەكمۇ ئوخشاپتىكەن، سەن پولۇدىن يوغان چىنىدە بىرنى يەۋەتتىڭ، يەپ بولۇپ يەنە: «مەن نېمىشقىمۇ گېلىمنى يىغالمايدىغاندىمەن» دەپ كەتتىڭ، — زۆھرە سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە ئۆزىنى تۇتالماي كۈلۈۋەتتى. بۇنى كۆرۈپ شەرىپەمۇ كۈلدى.

— شۇنداق، شۇ كۈنى ئاپام ئىككىمىزگە: «ئادەم دېگەنچۇ قانائەتنى بىلىشى كېرەك، ئۆزۈڭلارنى ئىككى كۆزى تۇغما كور، ئۆمرىدە يورۇق دۇنيانى كۆرۈپ باقمىغان باللارغا سېلىشتۇرۇپ بېقىڭلار، قىزلىرىم. خۇداغا مىڭ قەتلى شۈكۈر، ئۇلارغا قارىغاندا سىلەر ئاجايىپ بەختلىك؛ سىلەرچۇ، مەن ئۇچۇن دۇنيادا ھەممىدىن چىرايلىق باللار، بىلەمسىلەر؟» دەپ سۆزلەپ كەتكەنىدى، — شەرىپە ھاياجان ياشلىرىنى سۈرتتى. ئاڭغىچە زۆھرە گەپ قىستۇردى:

— ئاپام رەھمەتلىك راست دەپتىكەن، بىز ھەقىقەتەن بەختلىك باللاركەنمىز، ئاتا-ئانىمىزمۇ ناھايىتى ئېسىل ئادەملەر ئىكەندۇق. نۇرغۇن باللار مۇشتۇمدەك چاغلىرىدىن باشلاپلا جەبىر-جاپادا زار-زار قاقشاپ ئۆتىدۇ، لېكىن بىزچۇ؟ باللىق چاغلىرىمىز بەكمۇ كۆڭۈللۈك ئۆتۈپتىكەن، بۇ ئاتا-ئانىمىزنىڭ دۆلىتى بولماي نېمە؟ ئېسىڭدىمۇ، شەرىپە؟ بىر كۈنى ناشتىدا ئاتام بىرنېمىگە تېرىكىپ قېلىپ سېنى بىر شاپىلاق سالدى، سەن يىغلاپ ئالەمنى مالەم قىلىۋەتتىڭ، ئاتام بىلەن ئاپام سېنى شۇنچە بەزلىسىمۇ كار قىلمىدى، ئاتام كېچىكىپ قالىمەن، دەپ دەرھال ئىشقا ماڭدى، ئاپاممۇ ئىشقا

كەتتى. سەن بىردەمدىن كېيىن ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئېغىناپ يىغلاۋاتقان ئورنۇڭدىن تۇرۇپ مەن بىلەن ئوينىدىڭ، بىردەمدىن كېيىن ئاتام تۇيۇقسىز قايتىپ كەپتۇ، ئۇ قولياغلىقىقا چىگىلگەن كەمپۈتنى ساڭا بېرىپ پېشانەڭگە سۆيۈپ قويۇپ يەنە ئىشقا كەتتى.

خىيال دېڭىزىغا غەرق بولۇپ كېتىۋاتقان شەرىپە قولىدىكى ئالبومدىكى ئاتىسىنىڭ سۈرىتىگە سىنچىلاپ قاراپ كەتتى.

— شۇنداق، — دېدى ئۇ چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ تۇرۇپ، — ئۇ چاغدا نېرى-بېرىسىنى ئويلىمىغانىدىم، ئاتام ئەكېلىپ بەرگەن ھېلىقى كەمپۈت بەكمۇ تېتىپ كەتكەنىدى... چوڭ بولغاندىن كېيىن ئاندىن چۈشەندىم، ئەسلىدە ئاتام ئاچچىقىدا مېنى بىر شاپىلاق ئۇرۇپ قويغىنىغا ئىشخانىسىدىمۇ كۆڭلى يېرىم بولۇپ ئولتۇرالماي ماڭا ئاتايىن كەمپۈت ئەكەلگەنىكەن... ئاتامنىڭ كۆڭلى بەكمۇ ياخشى ئىكەندۇق... — شەرىپە يەنە مىشىلداپ يىغلاپ كەتتى، — ئاتامنىڭ شۇ چاغدا ئەكەلگىنى ھازىرقىدەك ئېسىل ئېرىس كەمپۈتلەردىن ئەمەس، ئەينەكتەك سۈزۈك مېۋە كەمپۈتىدىن ئىدى، لېكىن شۇ چاغدا ئۇ كەمپۈت ماڭا بەكمۇ تاتلىق تېتىپ كەتكەنىدى، راست گەپنى دېسەم، مەن ھازىرغىچە ئۇنداق تاتلىق كەمپۈتنى يەپ باقمىدىم جۇمۇ! — شەرىپە كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ، كۈلۈمسىرىدى.

— شەرىپە، ئۆيدىن يامانلاپ چىققىنىمغا راستتىنلا پۇشايمان قىلىپ قېلىۋاتىمەن، — دېدى زۆھرە تۇيۇقسىزلا.

— بولدى، ئەمدى پۇشايمان قىلغان بىلەن ئورنىغا كېلەمتى؟ — دېدى شەرىپە ئاچىسىغا تەسەللى بېرىپ، — «يامان ئىشنىڭمۇ ياخشى تەرىپى بولىدۇ» دېگەندەك سەن ئۆيدىن يامانلاپ چىقمىغان بولساڭ ھازىرقىدەك مۇڭدىشالايتتۇقمۇ؟

— ئۇغۇ راست، بىراق ئاتام بىچارىنى يەنە خاپا قىلىپ قويدۇم-دە، ئىسىت! يۈرىكىمدىكى گەپنى دېسەم، بالادەك

ئىش بولۇپ كەتسمۇ ئاتامنى خاپا قىلغۇم يوق ئىدى، ئاتام يەتمىش ياشقا كىرەي دەپ قالدى، باللىرىنىڭ دەردىنى تارتىش مەجبۇرىيىتىنى ئالىلىقاچان ئادا قىلىپ بولدى، شۇنداق تۇرۇقلۇق، يەنە ئۇنى خاپا قىلىپ كۆڭلىگە ئازار بەرسەك ياخشى بولمايتتى... ھەي...

زۆھرە كاللىسىغا تۇيۇقسىز بىر ئىش كەلگەندەك شەرىپەگە ئىتتىك قارىدى:

— ھەي، مۇنداق قىلايلى، ئەتە چۈشتىن بۇرۇن سەن ئىشقا بارمىغىن، مەنمۇ رۇخسەت سوراي، ئىككىمىز ئاتامنىڭ ئالدىغا بىللە كىرەيلى بولامدۇ؟ شۇنداق قىلساق ئاتام خۇش بولۇپ كېتەتتى...

— ماقۇل، شۇنداق قىلايلى!

ئاچا-سىڭىل ئىككىسى چىراغنى ئۆچۈرۈپ يوتقانغا كىردى.

## 38

سۇلايمان زۆھرەنى ئاچچىقىدا بىر كاچات سالغاندىن كېيىن باشقا گەپ قىلمىغىنى بىلەن كىچىچە كۆزىنى يۇمماي ئۆزىنى ئەيىبلەپ ئازابلىنىپ چىقتى. تاڭ بىلەن ئۇ ھاجەتخانىغا چىقماقچى بولۇپ چىراغنى ياقتى. ئاسىيە كارىۋاتتا يوق ئىدى. سۇلايمان ئاسىيەنىڭ ئورنىنى سىلاپ باقسا ئورۇن ئىسسىق تۇراتتى. دېمەك، ئاسىيە ھېلىلا چىقىپ كەتكەندەك قىلاتتى. سۇلايمان پوپايكىسىنى يېپىنچاقلاپ مېھمانخانىغا چىقتى. رەڭگىرويى تامدەك تاتىرىپ كەتكەن ئاسىيە ساپادا ياتاتتى، مۇنەۋۋەر ئۇنىڭغا دورا ئىچۈرۈۋاتاتتى. سۇلايمان كېلىپ ئۇنىڭ پېشانىسىنى تۇتتى، ئاسىيە ئوت-كاۋاپ بولۇپ كەتكەنىدى. سۇلايمان ئاسىيەنىڭ ئاخشام زۆھرەنىڭ ئارقىسىدىن قوغلايمەن، دەپ تالاغا يالاڭ چىقىپ كەتكەنلىكىنى تۇيۇقسىز

يادىغا ئالدى. دېمەك، ئاسىيەگە سوغۇق ئۆتۈپ كەتكەندى. بۇنى كۆرگەن سۇلايمان ناھايىتى ئوڭايسىزلىنىپ كەتتى. سۇلايمان يۈز-كۆزىنى ئاندا-مۇندا يۇيۇپلا ھۇجرىسىغا كىرىپ كىيىنىپ چىقتى ۋە ئاسىيەنى دوختۇرخانىغا ئاپارماقچى بولدى. لېكىن ئاسىيە: «ھېچقىسى يوق، ئاخشام ئوبدانراق ئارام ئالالمىغاچقا قىزىپ قالدىم تايىنلىق، مۇنەۋۋەر بىللە بارسىلا بولدى» دەپ زادىلا ئۇنىمىدى. شۇنداق قىلىپ، ئانا-بالا ئىككىسى دوختۇرخانىغا كەتتى، سۇلايمان ئۆيدە قالدى. ئۇ ئەتىگەنلىك چاينى قاينىتىپ داستىخانغا ئەكەلدى، لېكىن گېلىدىن چاي ئۆتىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇ خۇددى يۈرىكىنى قامالاپ مۇجۇغاندەك ئازابلىنىپ كېتىۋاتاتتى: «زۆھرە ناھايىتى رايىش بالا بولغاچقا، ئۇنى ھازىرغىچە تاك ئېتىپ چېكىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ئۇنىڭغا ھەتتا قاتتىقراق گەپ قىلىپمۇ باقمىغانىدىم، ئەمما ئاخشام ئاچچىقىمدا ئۇنى ئۇرۇپ سالدىم، ئۇ مېنى كەچۈرەرمۇ؟ شەرىپەغۇ قېنى قىزىق بالا، ئۇنچىلىك ئىشلارنى بەك ئېغىر ئېلىپمۇ كەتمەيدۇ، بىراق زۆھرە ئوخشىمايدۇ-دە! قىزىق ئىشتە بۇ! باللار كىچىك ۋاقتىدا ئاتا-ئانىسىدىن قورقىدىكەن، ئادەم قېرىغاندا بولسا، باللاردىن قورقىدىغان بولۇپ قالىدىكەن!»

ئۇ تۇيۇقسىزلا يەنە باشقىچە ئويلىدى: «بۇنى باللاردىن قورققانلىق دېيىشمۇ بولمايدۇ... ئادەم يەيدىغان رىزقىنىڭ ئاز قېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئاشۇ تۆت كۈنلۈكى قالغان ئۆمرىنى ئارامخۇدا ئۆتكۈزۈشنى خالايدىكەن، نېرى-بېرى ئىشلاردىن ئۆزىنى قاچۇرغۇسى كېلىدىكەن، ‹بىرەر كۆڭۈلسىزلىك چىقىپ قالمىغىيتتى؟› دەپ باللارنىڭ كۆزىگە قاراپلا ئۆتىدىغان گەپكەن، ھەي، بۇ ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا باللاردىن قورقۇپ دەككە-دۈككە ئىچىدە ئۆتكەنلىك-دە! بۇ جاھاندا ياشىماق نېمانچىۋالا تەستۇ، خۇدايىم!!»

ئىشىك قوڭغۇرىقى تۇيۇقسىز جىرىڭلىدى. «قاق سەھەردە كەلـگەن كىمـدۇ ئەمـدى؟» سـۇلايمان بوسـۇغىغا بېرىـپ مۆشـۈككۆزدىن تالاغا قاراپلا ھەيران قالـدى. ئىشـىك تۈۋىـدە زۆھـرە بىـلەن شـەرىپە تـۇراتتى. «ئـوھ، ئەمـدى نـېمە ئىشـلار بولـۇپ كېـتەر؟» دەپ ئويلىغـان سـۇلايمان ئالمـان-تالمـان ئىشـىكنى ئـاچتى. زۆھـرە بىـلەن شـەرىپە پلاسـتېر خالتىغـا سېلىنغان گۆش ۋە مېۋە-چېۋىلەرنى تۇتقىنىچە ئىشىك تۈۋىـدە قاراپ تۇراتتى. بۇنى كۆرگەن سۇلايمان دەسلەپتە ھـاڭ-تـاڭ قالـدى، كېـيىن دىمـاغلىرى ئېچىشـتى، ئـۇ لىغىـرلاپ تۇرغـان ياشلىرىنى ئېچىگە يۇتتى. ئەمما، ئۇنىڭ قىزلىرىغا ئىلتىجالىق تىكىلگەن كۆزلىرىنىڭ جىيەكلىرى قىزىرىپ بولغانىدى. زۆھـرە قولىدىكى پلاستېر خالتىنى شەرىپەگە بېرىپ سۇلايمانغا ئۆزىنى ئېتىـپ يىغـلاپ كەتتـى. شـەرىپە قولىـدىكى نەرسـىلەرنى ئاشخانىغا ئەكىرىۋېتىپ چىقتى.

— بولدى، يىغلىمىغىنە، ئاتامنى ئويلىمىساق بولمايدۇ.

زۆھـرە سـۇلايماننى قولىـدىن تارتىـپ ئەكىلىـپ سـاپاغا ئولتۇرغۇزدى، ئۆزى يانىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇردى.

— خاپا بولما، ئاتا... مېنى كەچۈرگىن...

سۇلايمان كۆزلىرىدىن سىرغىۋاتقان ياشلارنى بارمىقى بىلەن سۈرتتى:

— بـالام، كەچـۈرۈم سـورايدىغان ئـادەم مەن... ئاپـاڭ قـازا قىلغانـدىن كېـيىن ھەرقـانچە قىينالسـاممۇ سـىلەرنى بويـۇن قىسـتۇرۇپ قويماسـمەن، دەپ ئويلىغانـدىم، ئەممـا ئۇنـداق قىلالمىـدىم، ھەتتـا كۆڭلـۈڭگە ئـازار بېرىـپ قويـدۇم... مېنـى كەچۈرگىن... بالام! —ئۇنىڭ ئـۈنى تىتـرەپ چىقـاتتى. زۆھـرە بۇقۇلداپ يىغلاۋاتاتتى. شەرىپە بېرىپ سۇلايماننىڭ قـوللىرىنى تۇتتى:

— ئاتـا، ھەرگىـز ئۇنـداق دېـمە! ئۇنـداق دېسـەڭ ئـۆزۈمنى

قويدىغان يەر تاپالماي قالدىكەنمەن! ساڭىمۇ ئاسانمۇ؟ «ئۇ ياققا يىقىلسا ئۆكۈز ئۆلۈپتۇ، بۇ ياققا يىقىلسا ھارۋا سۇنۇپتۇ» دېگەندەك ئىككى ئارىلىقتا قىسىنچىلىق تارتىۋاتىسەن. نېمە بولمىسۇن، سەن دېگەن بىزنىڭ نەزىرىمىزدە دۇنيادىكى ئەڭ ئېسىل ئاتا، لېكىن بىزچۇ؟ چوپچوڭ بولۇپ قالغان تۇرۇقلۇقمۇ سېنى رەنجىتىپ دىلىڭغا ئازار بېرىۋاتىمىز، بىزنى كەچۈرگىن، ئاتا! ــ شەرىپە گېپىنى داۋاملاشتۇرالماي ئېسەدەپ يىغلاپ كەتتى. ئاڭغىچە زۆھرە كېلىپ سۇلايمان بىلەن شەرىپەنىڭ دولىسىدىن قۇچاقلاپ تۇتۇپ يىغلاپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ ئاتا ـ بالا ئۈچەيلەن بىرھازاغىچە «ھۆ» تارتىپ يىغلاپ كېتىشتى. ئۇلار يىغلاپ ئىچىنى بوشىتىۋالغاچقىمۇ خېلى يېنىكلەپ قالدى. شەرىپە سۇلايمان قاينىتىپ قويغان چاينى ئىسسىتىپ ئۇنىڭ ئۈستىگە چاي ۋە سۈتتىن يەنە ئازراق قۇيدى، توڭلاتقۇدىن ياڭاق مېغىزى، كىشمىش سېلىنغان پەتنۇسنى ئېلىپ داستىخانغا قويدى، ئاندىن يەنە بالكوندىكى ساندۇقتىن توغراقلىق ناننى ئاچىقتى ۋە سۇلايمان بىلەن زۆھرەنى داستىخانغا چاقىردى.

ــ زۆھرە، ھېلىقى كۈنى مەن ئەكەلگەن ھەسەل بىلەن سېرىقمايىنى ئاچىققىنە، شەرىپە ئامراق ئىدى، ــ دېدى سۇلايمان.

ــ ياق، ياق، ئاتا، سىلەر يېسەڭلار ئاچىقسۇن، ئىشقىلىپ، مەن يېمەي، قارىغىنە سەمرىپ تىقىلىپ كېتىۋاتىمەن، ــ شەرىپە ئۆزىنىڭ مەڭزىگە پاق ـ پاق قىلىپ ئۇرۇپ قويدى.

ــ سەمرىپ كەتسە نېمە بولاتتى، سېمىز ئادەم ساغلام كۆرۈنىدۇ، ــ دېدى سۇلايمان شەرىپەگە قاراپ. ئۇ شەرىپەنىڭ تاتلىق ـ تۈرۈمغا ئامراق ئىكەنلىكىنى بىلەتتى.

سۇلايماننىڭ «سېمىز ئادەم ساغلام كۆرۈنىدۇ» دېگەن

گېپىنى ئاڭلاپ ئاخشام قىلىشقان گەپلەر يادىغا يەتكەن شەرىپە زۆھرەگە قاراپ تىلىنى چىقىرىپ، كۆزىنى قىسىپ قويدى.

— ئاتا، ئاخشام زۆھرە ئىككىمىز بىر كېچە ئۇخلىماي مۇڭدىشىپ چىقتۇق، — دېدى شەرىپە سۇلايمانغا قاراپ كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئالبوم كۆرۈپ بۇرۇنقى ئىشلارنى ئەسلەشتۇق. يىگىرمە نەچچە يىل بۇرۇنقى رەسىمىڭگە قارىسام مېنىڭ ھازىرقى ھالىتىم سېنىڭ شۇ چاغدىكى تۇرقۇڭغا بەكمۇ ئوخشاپ كېتىدىكەن، كۆڭلۈم بەكمۇ يېرىم بولدى.

— نېمە؟ مەن خېلى قامەتلىك ئادەمغۇ؟ — دەپ سورىدى سۇلايمانمۇ كۈلۈپ تۇرۇپ.

— قامەتلىكمىش تېخى! ھەم دوغىلاق، ھەم سېمىزلىكىڭ ماڭا قاپتۇ ئەمدى نەس باسقاندەك...

— ھەي، سېنىڭزە دېمەيدىغان گېپىڭ يوق! ئادەمنى مۇشۇنداقمۇ چۈشۈرەمسەم؟ ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن، مەن ئۇ چاغلاردا ئۆزۈمگە بەك ئىشىنەتتىم جۇمۇ!

يۈزلىرى شەلپەردەك قىزىرىپ كەتكەن شەرىپە سۇلايمانغا قارىدى:

— شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق بولمايچۇ، ئاپاڭنىڭ نەزىرىدە مېنىڭ تەقى-تۇرقۇم، بوي-بەستىم ئەڭ ئۆلچەملىك ئىدى، بۇ دۇنيادا ئۇنىڭغا لايىق كېلىدىغان ئەر كىشى پەقەت مەنلا ئىدىم، — سۇلايمان ئورنىدىن تۇرۇپ مەيدىسىگە ئۇرۇپ قويدى. سۇلايماننىڭ بۇ چاقچىقىنى ئاڭلىغان ئىككى قىز قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى.

— شەرىپە، بىلەمسەن؟ ئىككىمىزنىڭ ئەڭ ئوخشىشىدىغان يېرى بوي-بەستىمىز ئەمەس، مىجەز-خۇلقىمىز! ياش ۋاقتىمدا مېنىڭمۇ ساڭا ئوخشاش ئىچىمدە گەپ ياتمايتتى، ئىچىم كۆچلۈك ئىدى.

— ئاتا، گەپ ئەگىتىپ مېنى تەنقىدلەۋاتامسەن قان-داق؟ — شەرىپە ئالدىراپ سورىدى. لېكىن، سۇلايمان ئۇنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرمەي گېپىنى داۋام قىلدى:

— بارا-بارا بۇنداق مىجەزدىكى ئادەمنىڭ زىيان تارتىپ قالىدىغانلىقىنى بىلدىم، سەنمۇ شۇنداق، بالام، ئاشۇ مىجەزىڭنى ئۆزگەرتمىسەڭ ئەتە-ئۆگۈن ئاستا-ئاستا دوستلىرىڭ ئازىيىپ كېتىدۇ، خىزمەتداشلىرىڭ بىلەن مۇناسىۋىتىڭ سۇسلىشىپ ئاخىرى خىزمەت نەتىجەڭگە تەسىر يېتىدۇ؛ مەن تىرىشىپ-تىرمىشىپ يۈرۈپ ئاشۇ مىجەزىمنى ئۆزگەرتىپ مەسىلىلەرگە سوغۇققانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان بولۇۋىدىم، ئۇزۇنغا بارماي ئىشلىرىم ئوڭغا تارتقىلى تۇردى، كېيىن ئاستا-ئاستا بۆلۈم باشلىقى بولدۇم، باشقارما باشلىقى بولدۇم...

— ھەي، مەن ئۆزگەرتەلمىگۈدەكمەن جۇمۇ، — دېدى شەرىپە ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ.

— بىراق، ئۆزگەرتمىسەڭ بولمايدۇ، ئادەمنىڭ مىجەز-خۇلقى سۈپەت-ساپاسىنىڭ بىر قىسمى، بالام، تېز كۆڭۈللۈك قىلدىم، دەپ ئاغزىڭغا كەلگەننى دەۋەرسەڭ ئاخىرى كىشىلەر سېنى ساپاسى تۆۋەنكەن، دەپ قالىدۇ.

ئاڭغىچە زۆھرە بىر پىيالە ھەسەل، ئىككى كېسىم سېرىقماي سىلىنغان تەخسىنى ئاچىقىپ شىرەگە قويدى.

— شەرىپە ئىككىمىز ئادەمنىڭ مىجەز-خۇلقى توغرىسىدا پاراڭلىشىۋاتىمىز، — دېدى سۇلايمان زۆھرەگە قاراپ، — سېنىڭ مىجەزىڭنىمۇ بەك ياخشى دەپ كەتكىلى بولمايدۇ، سەن ناھايىتىمۇ جىمغۇر، شۇڭا سېنىڭ زادى نېمە ئويلايدىغىنىڭنى ھەتتا مەنمۇ ئۇقمايمەن، ئادەم دېگەن زىيادە جىمغۇر بولۇپ كەتسىمۇ بولمايدۇ!

— بۇنىڭ ئۇچۇن ئۆزۈمنىڭمۇ كۆڭلى يېرىم، باشقىلارنىڭ

كۆلكە-چاقچاق بىلەن كۆڭۈللۈك ياشاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ مېنىڭمۇ ئاشۇلاردەك خۇشخۇي ئۆتكۈم كېلىدۇ، لېكىن ھەرقانچە قىلساممۇ قاملاشتۇرالمايدىكەنمەن، قارىغاندا مىجەزنى ئۆزگەرتمەك ئۇنداق ئاسان ئەمەس ئوخشايدۇ، —زۆھرە بايىقى ھەسەل بىلەن سېرىقمايىنى شىرەنىڭ ئوتتۇرىغىراق ئىتتىرىپ قويدى.

—ئاچا، مىجەزىڭ ئاشۇنداق بولغاچقا ھازىرغىچە توي قىلماي يۈرۈۋاتامسەن قانداق؟ —دېدى شەرىپە ئالدى-ئارقىسىنى ئويلاپ ئولتۇرمايلا.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان زۆھرەنىڭ يۈزلىرى قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى. ئۇ سۇلايمانغا يەر تېگىدىن قاراپ قويۇپ باشقا گەپ قىلمىدى.

—نېمىگە نومۇس قىلاتتىڭ، ئاتام يا يات ئادەم بولمىسا! —شەرىپە شۇ گەپلەرنى دېگەچ سۇلايمانغا قارىدى.

دېگەندەكلا، سۇلايماننىڭ چىرايىمۇ تۇيۇقسىزلا قارىداپ كېتىۋاتاتتى. گەپنى خاتا قىلىپ قويغانلىقىنى سەزگەن شەرىپە، «ئاپلا، مېنىڭ مۇشۇ ئېغىزىمزە!» دېگىنىچە ئۆزىنىڭ ئېغىزىغا شاپىلاقلاپ قويدى.

—ئاتا، نېمە بولدۇڭ؟ نېمىشقا گەپ قىلمايسەن؟

سۇلايمان شەرىپەنىڭ بۇ سوئالىغا دەرھال جاۋاب بەرمىدى. ئۇ ئاپقۇردىكى ئەتكەنچايدىن بىر يۇتۇم ئوتلاپ، ئېغىزىنى ئالىقىنى بىلەن سۈرتكەندىن كېيىن زۆھرەگە قاراپ ئالدىراپ گەپ باشلىدى:

—مېنىڭ ئولتۇرسام-قوپسام ئويلايدىغىنىممۇ مۇشۇ ئىش، زۆھرە قىزىم، قىزلار ئادەتتە بۇنداق گەپلەرنى ئاپىسىغا دەيدۇ، لېكىن سېنىڭ ئۇنداق گەپلەرنى دەيدىغان ئاپاڭ يوق، شۇڭا شەرىپەگە دېسەڭ بولىدۇ، ھەتتا ماڭا دېسەڭمۇ بولىدۇ، تارتىنما بالام، مەن ھازىر سېنىڭ ھەم ئاتاڭ، ھەم

ئاپاڭ، بىلدىڭمۇ؟ — سۇلايىمان يەرگە قاراپ بىردەم ئولتۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن گېپىنى يەنە داۋام قىلدى، — دۇنيادا نۇقسانسىز ئادەم بولمايدۇ، بۇنىڭدا بەك زىغىرلاپمۇ كەتمىگىن، مەنمۇ ئۆزە مېڭىپ يۈرگىنىم بىلەن ئىككى پۇتۇم گۆرگە ساڭگىلاپ بولغان ئادەممەن، سېنى چىرايلىق ئۇزىتىپ قويغان كۈننىڭ ئەتىسىلا ئۆلۈپ كەتسەممۇ رازى ئىدىم، بولمىسا، كۆزۈم ئوچۇق كېتىدۇ، جېنىم بالام!

## 39

ئاسىيە بىلەن مۇنەۋۋەر دوختۇرخانىغا دوختۇرلارنىڭ ئىشقا چىقىشىغا ئۈلگۈرۈپ يېتىپ باردى. ئاسىيەنىڭ كېسىلىنى بىر خەنزۇ دوختۇر كۆردى. ئۇ ئالدى بىلەن ئاسىيەنىڭ بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى، قان بېسىمىنى ئۆلچەپ، قان تەكشۈرتكۈزدى.

— ھېچقىسى يوق، — دېدى دوختۇر ئاسىيەگە، — سوغۇق ئۆتۈپ زۇكامداپ قاپسىز، ئازراق دورا يېزىپ بېرەي، شۇنى ئىچسىڭىز ساقىيىپ كېتىسىز.

ئاسىيەنىڭ ئەسلىدە ئاسما ئوكۇل سالدۇرۇش نىيىتى بار ئىدى.

— ياقەي، — دېدى دوختۇر كۈلۈپ تۇرۇپ، — ھە دېسىلا ئانتىبىئوتىك دورىلارنى ئىشلىتىۋەرسىمۇ پايدىسىدىن زىيىنى كۆپ. سىزگە دېسەم، سىلەر ئۇيغۇرلاردا زۇكامنىڭ ئاجايىپ شىپالىق دورىسى بار، سىلەر پاقلان شورپىسى ئىچىشكە ئامراققۇ! مەن يېزىپ بەرگەن دورىنى ئىچكەندىن كېيىن، ئىسسىق شورپىدىن ئىچىپ يېتىپ تەرلىنىڭ! زۇكام بەك پىششىپ كەتمەپتۇ، شۇڭا ئاسانلا ئوڭلىنىپ كېتىسىز.

ئاسىيە بىلەن مۇنەۋۋەر دوختۇرغا ھەشقاللا ئېيتىپ يېنىپ

چىقتى.

— ھازىرقى دوختۇرلارنىڭ كۆپىنچىسى ھە دېسىلا ئوكۇل-دورا يېزىپ، خەقنىڭ يانچۇقىنى قۇرۇقدىغىلى ئەپلەپلا تۇرىدۇ، چۈنكى دوختۇرلار ئوكۇل-دورىنى جىق يازسا ئالىدىغان مۇكاپاتىمۇ كۆپ بولارمىش، باشقا دوختۇر بولغان بولسا ئېھتىمال بۈگۈن بىزنى بىرنەچچە يۈز كويغا يىقىتار ئىدى، بايىقى دوختۇر بەك ياخشىكەن، سەن ئوكۇل سالدۇراي دېسەڭمۇ ئۇ تېخى ئۇنىماي «پاقلان شورپىسى ئىچسەڭ ئوڭلىنىپ كېتىسەن» دەۋاتىدۇ... بۇنداق دوختۇرلار بەك ئاز جۇمۇ...

— كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۇ دېگەن ئەللىك ياشلارغا بېرىپ قالغان پېشقەدەم دوختۇركەن، ئۇنداقلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك مۇنتىزىم تەربىيە كۆرگەن ئادەملەر، شۇڭا ئەخلاقلىق، ئاق كۆڭۈل! ئۇلار ھازىرقى ياشلاردەك ھە دېسىلا پۇلغا كۆز قىزارتمايدۇ، — ئاسىيە ھېلىقى خەنزۇ دوختۇرنى ماختاپ سۆزلەپ كەتتى. ئەمەلىيەتتە بۇ ئۇنىڭ ئۆزى قۇراملىقلارنى ماختىغىنى ئىدى.

— ۋاي-ۋۇي، ئاپا، يەنە سۆزلىگىلى تۇردۇڭغۇ! مۇمكىن بولسا سىلەر چوڭ بولغان ئاشۇ دەۋرنى بىر كۆرۈپ باققۇم بار جۇمۇ! ئەجەبمۇ مېھرىڭ بىلەن ماختاپ سۆزلەپ كېتىسەن!

— ماختىغۇچىلىكى بار-دە! ھازىرقىدەك ئاق نانچى، ياسانچۇق ياشلار شۇ چاغدا بولۇپ قالغان بولسا ھەممىسى كۆرەشكە تارتىلاتتى، بىلدىڭمۇ؟! — ئاسىيە مۇنەۋۋەرگە قاراپ كۈلدى. ئۆپكىسى پۈۋۈلەپ تۇرغان ئاسىيە «كۈلمەن» دەپ تۈيۇقسىزلا يۆتىلىپ كەتتى. مۇنەۋۋەر ئاپىسىنى كارىدوردىكى ئۇزۇن ئورۇندۇققا ئەكىلىپ ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ ئۆزى دورا ئالغىلى كەتتى.

— ۋاي، ئانىمەي! ئاسىيەغۇ بۇ؟ نېمە بولدۇڭ، بۇ يەردە

ئولتۇرۇۋپسەنغۇ؟ ــ ئاسىيە تونۇش ئاۋاز كېلىۋاتقان تەرەپكە ئىتتىك قارىدى. ئۇ مەريەم ئىدى.

ــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، تىنچلىق تۇردۇڭمۇ؟ ــ ئاسىيە دەس ئورنىدىن تۇرۇپ مەريەم بىلەن يۈز يېقىپ كۆرۈشتى.

ــ قارىغىنە تىترەۋاتقىنىڭنى، زۇكام تېگىپ قالغان ئوخشىمامدۇ؟ ــ مەريەم ئادەتتىمۇ ۋارقىراپ گەپ قىلاتتى. ئۇنىڭ ھەم ئۈنلۈك، ھەم ئەنسىز گەپلىرىنى ئاڭلاپ ھەيران قېلىشقان ئەتراپتىكىلەر ئاسىيە بىلەن مەريەم ئىككىسىگە سوئاللىق قاراشتى. ئاسىيەمۇ ئۇنىڭ «ئادەم بار-يوق» دېمەي، ھە دېسىلا جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىراپ گەپ قىلىدىغان بۇ قىلىقىغا ئۆچ ئىدى.

ــ ۋىيەي، ئاستىراق، ھەممىسى بىزگە قارىشىۋاتىدۇ، ــ دېدى ئاسىيە.

مەريەم تىلىنى چىقىرىپ قويۇپ پىخىلداپ كۈلۈپ كەتتى. ئاڭغىچە مۇنەۋۋەر دورىنى ئەكەلدى. ئۇنى كۆرگەن مەريەم يەنە ۋارقىراپ سۆزلىگىلى تۇردى:

ــ ۋىيەي، مۇنەۋۋەرغۇ بۇ! بىرنەچچە ئاي بولدى، سىزنى كۆرمىگىلى. تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كېتىپسىز جۇمۇ! بىراق، ئەمدى ئۆسمەڭ، قىز بالا قوناق شېخىدەك بەك ئېگىز بولۇپ كەتسىمۇ قاملاشمايدۇ!

ئاسىيە مەريەمنىڭ كانايدەك ئۈنىنى ئاڭلاپ «يەنە قارىشىۋاتامدىغاندۇ» دەپ دەرھال ئەتراپقا قارىدى. تەلىيىگە ئەتراپتا ئادەملەر بايىقىدەك جىق ئەمەس ئىدى. نېمىلا دېگەنبىلەن ھەممىسى كېسەل كۆرسەتكىلى كەلگەنلەر-دە، كىم بىلەن كىمنىڭ كارى.

مۇنەۋۋەر مەريەمگە ئەدەپ بىلەن سالام قىلغاندىن كېيىن ئاپىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى.

ــ سەن ئېزىپ-تېزىپ كېسەل بولۇپ باقمايدىغان ئادەم

قانداقلارچە دوختۇرخانىغا كېلىپ قالدىڭ؟ ــ دەپ سورىدى ئاسىيە يېنىدا ئولتۇرغان مەريەمدىن.

ــ ۋىيەي، ئاداش، ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟ سول پۇتۇم ئون نەچچە يىل بۇرۇن سۇنغان ئەمەسمۇ؟! ياشنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ مانا ئەمدى ئاغرىغىلى تۇردى، سول پۇتۇمنىڭ بوغۇملىرىمۇ ئۆزگىرىپ يوغىناپ كەتتى، ھۆررەكلىشىپ كەتكەن تىزلىرىمدىن نومۇس قىلىپ يازنىڭ يېزىدىمۇ ئىشتان كىيىپ يۈرىمەن، بىراق باللارنىڭ ئاتىسى بەكلا قارا قورساق. «يەنە ئاچماقلىشىپ ئىشتان كىيىۋالساڭ خېتىڭنى بېرىۋېتىمەن، دەپ ئۇرۇشىدۇ» مەريەمنىڭ ئۈنى يەنە جاڭجاللىشىۋاتقان ئادەمنىڭكىدەك ۋارقىراپ چىققىلى تۇردى. مۇنەۋۋەر مەريەمنىڭ گېپىگە يارىشا ئىككى ئېغىز گەپ قىلماقچى بولدىيۇ، لېكىن، «چوڭلارنىڭ ئاغزىنى غېرىچلىماي» دەپ گەپ قىلماي بىردەم ئولتۇرۇپ باقتى، ئەمما نېمىشقىدۇر ئۆزىنى باسالماي قالدى:

ــ ئىشتان كىيگەنگە نېمە بولاتتى؟ پالاقلىتىپ كۆڭلەك كىيىۋالغاندىن ئىشتان ياخشى ئەمەسمۇ؟ ھازىر دېگەن قايسى زامان؟ يەنە شۇنداق دەپ تۇرۇۋالسا ئۇرۇشۇپ ئەدىپىنى بېرىپ قويىسىڭىز بولغۇدەك!

ــ ئۇرۇشمىدى دەمسىز، تازا ئۇرۇشتۇم! ئۇ ئاشۇنداق دېگەنسېرى، ئىشتاننى قىرلاپ كىيىپ تازا چىشىغا تېگىۋاتىمەن... ھا... ھا...!

ــ شۇنداق، ئىلگىرىكى ئاياللارنىڭ ھەممىسى ئۇزۇن كۆڭلەك كىيىدىكەندۇق، بىراق ھازىر دەۋر ئوخشىمايدۇ ـ دە! ئاياللارنىڭمۇ ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرى كۆپەيدى، چاققان، ئەپلىك كىيىنىپ يۈرمىسە بولمايدۇ، ھازىر ئىشتان كىيىۋېلىشتىن مەقسەتمۇ شۇ ـ دە! ــ دېدى مۇنەۋۋەر تەمكىنلىك بىلەن. ئەمەلىيەتتە ئۇ بۇ گەپلەرنى تېخى ئاخشاملا بىر ژۇرنالدىن كۆرۈۋالغانىدى.

— ۋېيەي، مۇنەۋۋەر، سىز تېخىمۇ ئەقىللىق بولۇپ كېتىپسىز-ھە، قىزىم، — دەپ چاقچاق قىلدى مەريەم.
— ئەلۋەتتە، — دېدى مۇنەۋۋەرمۇ ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىپ.
لېكىن، ئاسىيە مەريەم بىلەن مۇنەۋۋەرنىڭ كۈلكە-چاقچىقىغا ئارىلاشماي سولغۇن ئولتۇراتتى. مەريەم بىلەن مۇنەۋۋەرنىڭ بايىقى چاقچاقلىرى تۈگەپ جىمىغاندىن كېيىن ئاسىيە خورسىنغان ھالدا ئېغىز ئاچتى:
— ھەي... مەريەم، باللىرىڭنىڭ ئاتىسى بىلەن ئۇرۇشساڭمۇ، ئۇ سېنى كۆڭلەك كىيمەي ئىشتان كىيىۋالدىڭ، دەپ تىللىسىمۇ، ئىشقىلىپ، قورسىقىڭدىكى گەپلەرنى ئىككىلەنمەي دېيەلەيسەن. كۈلگۈڭ كەلگەندە قاقاقلاپ كۈلەلەيسەن، يىغلىغۇڭ كەلگەندە تازا يىغلاپ ئىچىڭنى بوشىتىۋالالايسەن، چۈنكى ئۇ دېگەن سېنىڭ قىز تەگكەن ئېرىڭ!
مەريەم ئاسىيەنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى چۈشەندى بولغاي، بېشىنى مەنىلىك لىڭشىتتى.
— قارىغاندا، ئۇ ئۆيدە ئارامخۇدا ئۆتەلمەيۋاتقان ئوخشايسەن-دە، — دېدى مەريەم بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، — ئۇنىڭ باللىرى سېنى بوزەك قىلىۋاتامدۇ-يە؟ — مەريەم يەنە ئاۋازىنى بولۇشىغا قويۇپ بېرىپ سۆزلىگىلى تۇردى. مۇنەۋۋەر «ئاستىراق!» دېگەن مەنىدە ئوڭ قولىنىڭ بېگىز بارمىقىنى ئۇچلانغان لەۋلىرىگە تەگكۈزدى. لېكىن، مەريەم مۇنەۋۋەرنىڭ بۇ ئىشارىتىنى چۈشىنىشقا ئېلىپ قويماي جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىراپ سۆزلەۋەردى:
— مەنمۇ ئۇ ئادەمنىڭ كىچىك قىزىنى بەك ھازازۇلمىش، دەپ ئاڭلىغان. قارىغاندا، ئەمدى ساڭا كۈن بەرمەيۋېتىپتۇ-دە! ساڭا دېسەم ئاسىيە، ئۇنداق ئادەملەرچۇ داۋىخور كېلىدۇ،

يامانلىدىن قورقۇپ ياۋاشنى بوزەك قىلىدۇ، قورقما ئۇنىڭدىن! ئېرىڭنى ئوبدان كۆتۈپ رازىلىقىنى ئالالىساڭلا باللىرى نېمە قىلالايتتى؟! ـــ مەريەم قايناپ سۆزلەۋاتقان بولغاچقا ئاغزىدىن چىققان كۆپۈك ئاسىيەنىڭ كىيىمىگە چاچراپ چۈشتى. ئاسىيە ئاغزى ئىتتىك، ئىچىدە گەپ ياتمايدىغان بۇ دوستىغا ئارتۇقچە گەپ قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا ئۇ مەريەمنىڭ گەپلىرىگە يارىشا لام دەپ ئېغىز ئاچماي بېشىنى لىڭشىتقىنىچە جىم ئولتۇردى.

ـــ ئۇ ئادەمنىڭ يەنە بىر قىزى بارمىشقۇ؟ ئۇ قىزنىڭ مىجەزى شۇنداق ياخشى، بىراق ئولتۇرۇپ قالغان قېرى قىز دېيىشىدۇ، راستمۇ؟ ـــ مەريەم ئىتتىك مۇنەۋۋەرگە قارىدى، ـــ قىزىم، ئۇ ئاچىڭىز بىلەن ئەپ ئۆتۈۋاتقانسىز؟

مەريەمنىڭ بۇ سوئالى باياتىن بېرى جىم ئولتۇرغان مۇنەۋۋەرنىڭ ئاغزىغا گەپ سالدى.

ـــ ھىم... ئاخشام ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇپ قالدىم، ـــ دېدى ئاخشامقى كۆڭۈلسىزلىكنى يادىغا ئالغان مۇنەۋۋەر ھەسرەت بىلەن.

ـــ نېمە؟ ئۇرۇشۇپ قالدىم دېدىڭىزما؟ قايسىسى بىلەن؟ ـــ مەريەم چەكچەيگەن كۆزلىرىنى مۇنەۋۋەرگە تىكتى. بۇنى كۆرگەن ئاسىيە مۇنەۋۋەرنىڭ بىلىكىنى چىمدىپ قويدى، لېكىن مۇنەۋۋەر ئاپىسىنىڭ قولىنى سىلكىۋېتىپ مەريەمگە قارىدى:

ـــ قايسىسى بىلەن بولاتتى؟ ھازىر سىز گېپىنى قىلغان ھېلىقى قېرىسى بىلەن!

ـــ ۋاي ئانىمەي! ئۇنى بەك ئېغىر ـ بېسىقمىش دېيىشىۋاتاتتىغۇ؟ ئۇمۇ سىز بىلەن ئۇرۇشتىما؟ ھەي... ئۇ قىز ئەرگە تېگىپ چىقىپ كەتمىگۈچە ئانا ـ بالا ئىككىڭلارغا كۈن يوقكەن ـ دە!

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئاچچىقى كەلگەن ئاسىيە مۇنەۋۋەرگە

غەزەپ بىلەن ئالايدى:

— تولا بىلجىرلىما! خەق بىلەن ئۇرۇشۇپ قالغىنىڭنى كۆرۈنگەنلا يەردە چۆچەك قىلىپ سۆزلىگۈدەك ياخشى ئىشمىدى ئۇ!

— ۋىيەي، نېمە دېگىنىڭ، ئاداش! — دېدى مەريەم ئاسىيە قاراپ كۈلۈپ تۇرۇپ، — يا مەن يات ئادەم بولمىسام، ماڭا دەپ ئىچىنى بوشىتىۋالغانغا نېمە بولاتتى؟ — مەريەم مۇنەۋۋەرگە قاراپ گېپىنى داۋام قىلدى:

— ئۇ قىزنىڭ پوتۇشكەن لايىقى باردۇ؟

— ۋاي بولمامدىغان، بار! خوتۇن-بالىلىرى بار بىرى بىلەن ئاپاق-چاپاق بولۇپ يۈرىدىغۇ... ئاخىرى بېرىپ خەقنىڭ ئۆيىنى بۇزىدۇغۇ داپ يۈز!

— ۋاي، ئانىمەي! نېمە دەيدىغانسىز ئەمدى؟ — دېدى مەريەم پېشانىسىغا بىر شاپىلاق سېلىپ، — ئىشنىڭ چوڭى چىققۇدەك ئەمەسە! نىكاھ قانۇنىدا «خەقنىڭ ئۆيىنى بۇزغانلار جازالىنىدۇ» دېگەن گەپ بارمىشقۇ؟

— جازاغا تارتىلىشى ناتايىن، — دېدى مۇنەۋۋەر مەريەمنىڭ گېپىگە جاۋابەن، — ئۇنداق ئادەملەرنىڭ قارشى تەرەپكە روھىي زىيان تۆلەيدىغانلىقى ئېنىقكەن، بۇنى ماڭا زۆھرەنىڭ ئۆزى دەپ بەرگەن.

ئۇچەيلەن بىردەم مۇڭداشقاندىن كېيىن مەريەم ئورنىدىن تۇردى:

— پۇتۇمنى رەسمگە ئالماقچى ئىدى، ئۆچىرىتىممۇ كېلىپ قالدىغۇ، دەيمەن؟!

ئاسىيە بىلەن مۇنەۋۋەرمۇ قايتتى. ئۇلار دوختۇرخانىدىن چىققاندا كۈن چۈش بولۇپ قالاي دېگەنىدى. ئۇلار تاكسىدىن بىرنى توستى. ئاسىيە تاكسىغا چىقىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن مۇنەۋۋەرگە خاپا بولغىلى تۇردى:

— مۇنەۋۋەر، خەقنىڭ ئالدىدا ئاغزىڭغا كەلگەننى دەۋېرىدىكەنسەن، مەريەمنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلمەمسەن؟ ئۇنىڭچۇ، قۇلىقىغا كىرگەن بىر ئېغىز گەپ ئاغزىدىن مىڭ ئېغىز بولۇپ چىقىدۇ! ئاڭلىغىنىنىڭ ھەممىسىنى تالاغا چىقىپلا يايغىلى تۇرىدۇ؛ ھەي... زۆھرە بىلەن ئۇرۇشۇپ قالغىنىڭنى ئەتىلا ھەممە ئادەمنىڭ ئۇقۇپ كەتمىگىنىنى بىر كۆرەي...!

مۇنەۋۋەر بۇ گەپنى ئاڭلاپ سەل ئەنسىرەپ قالدى، ئەمما ئېغىزدىن چىقىپ بولغان گەپكە نېمە ئامال؟! مۇنەۋۋەر ئۆزىنى ئاقلىغىلى تۇردى:

— مەريەم ئاپاش سوراۋەرگەچكە ئاغزىمدىن چىقىپ كەتتى شۇ! يەنە كېلىپ ئۇ ئىشنى ئىككىمىز يوشۇرغان بىلەن زۆھرە باشقىلارغا دېمەسما؟ شەرىپە ئاڭلاپ قالسىغۇ بولدى، ھەممە ئادەمگە يايغىلى تۇرىدۇ!

ئاسىيە مۇنەۋۋەرگە قاراپ قاپاقلىرىنى تۈردى:

— زۆھرەنى خوتۇن- باللىرى بار ئادەمنى تېپىۋاپتۇ دېگىنىڭ نېمىسى ئەمدى؟ بۇ راستمۇ؟

— شۇنداقمىكىن، دەپ ئويلىغان. ئۇ ئادەمنىڭ راستتىنلا خوتۇن- باللىرى بارمۇ- يوقمۇ، ئۆزۈممۇ ئېنىق ئۇقمايمەن.

— زۆھرە دېمىگەنما؟

— ياق!

— ھەي، كاللىسى يوق دۆت! بۇ نېمە دېگىنىڭ ئەمدى؟ خەقنىڭ ئارقىسىدىن قارىسىغا گەپ تېپىپ! ئاخشام ئۇنىڭدىن يېگەن بىر كاچات ئازكەن ساڭا! — مۇنەۋۋەرنىڭ بۇ قىلغىنىدىن كۆڭلى قاتتىق رەنجىگەن ئاسىيە ئۇنىڭغا تەتۈر قاراپ ئولتۇرۇۋالدى.

— ئاپا، بۇ ئۆيدە پەقەتلا تۇرغۇچىلىكىم قالمىدى، چىقىپ

كېتەيمكىن دەيمەن! ــ دېدى مۇنەۋۋەر تۇيۇقسىزلا.
ــ ئوبدان گەپ، ئەجەب كۆڭلۈمدىكىنى تاپتىڭ، ــ دېدى ئاسىيە شۇ هامان، ــ لايىقتىن بىرنى تاپ، تويۇڭنى قىلىپلا چىقىرىۋېتەي!

**40**

ئامان زۆهرەنى يەنە تاماققا تەكلىپ قىلدى. ئىلگىرى كىيىم-كېچەككە ئانچە قىلىپ كەتمەيدىغان زۆهرە بولسا، ئامان بىلەن ئارىلاشقاندىن بۇيان ئانچە-مۇنچە ياسىنىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ بۈگۈن ئۇچىسىغا ئوتقاشتەك قىزىل ماھۇت چاپان كىيىپ، بويىنىغا قاردەك ئاق شارپا ئورىۋالغانىدى. ئۇنىڭغا ئۇچىسىدىكى تۇم قارا تىۋىت ئىشتان قوشۇلۇپ، زۆهرەنى ناهايىتى جەزبىدار قىلىۋەتكەنىدى. زۆهرەنىڭ بۇ تۇرقى ئامانغا بۆلەكچىلا ئىسسىق كۆرۈنۈپ كەتتى.
ــ ياھ، سىزمىدىڭىز؟ تونۇماي قاپتىمەن جۇمۇڭ! ــ دېدى ئامان زۆهرەگە چاقچاق قىلىپ. زۆهرە «پىسسىڭگىدە» كۈلۈپ قويۇپ، ئاماننىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ ئولتۇردى.
ــ هېلىقىنى ئالغاچ كەلدىڭىزمۇ؟ ــ ئامان دەرهال سورىدى.
ــ نېمىنى؟ ــ زۆهرە ئۆزىچە بىلمەسكە سېلىۋاتاتتى.
ــ سۈرىتىڭىزنىچۇ؟ سەت چۈشۈپ قالغان بولسىڭىز ئالمايمەن جۇمۇڭ!
زۆهرە سومكىسىدىن ئۆزىنىڭ پۈتۈن چۈشكەن سۈرىتىدىن بىرنى ئېلىپ ئامانغا بەردى. ئامان سۈرەتنى ئېلىپ سىنچىلاپ قاراپ كۈلۈپ كەتتى:
ــ بۇ سۈرەتتىكى زۆهرە بەكمۇ چىرايلىقكەن، ئاپامنىڭ ياقتۇرۇپ قېلىشىدا گەپ يوق، لېكىنزە، رەسمىي يۈز

كۆرۈشكەندىن كېيىن ئۈمىدسىزلىنىپ قالسا قانداق قىلارمەن؟
— مەن شۇنچىۋالا سەتمۇ؟
— سەت بولمايچۇ، ھەتتا ماڭمۇ دېگەندەك ياقمايۋاتقان تۇرسا... ھا... ھا...!
زۆھرەمۇ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ كۈلگەن چاغدىكى ئاۋازى جانان چىننىنىڭ ئۈنىدەك زىل ھەم يېقىملىق بولغاچقا، ئامان بۇنىڭغا ناھايىتى ئامراق ئىدى. ئامان زۆھرەنى بىرنەچچە ئېغىز ماختىماقچى بولدىيۇ، لېكىن ئاغزىنىڭ ئۇچىغا كېلىپ بولغان گەپلىرىنى يۇتۇۋېتىپ گەپنى باشقا ياققا بۇرىدى:
— مىجەزىڭىز ئاتىڭىزنى تارتقانمۇ، ئاپىڭىزنىمۇ؟
ئەمما، زۆھرە كۈلۈپ قويۇپ باشقا گەپ قىلمىدى. زۆھرەنىڭ زادى نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى ئانچە چۈشىنىپ بولالمىغان ئامان يەنە سورىدى:
— ئاپىڭىز ھەققىدە سۆزلەپ بېرەلەرسىزمۇ؟
بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئاپىسى تۇيۇقسىز يادىغا كېلىپ قالغان زۆھرەنىڭ كۆز جىيەكلىرى «ھۆپپىدە» قىزاردى.
— كەچۈرۈڭ، زۆھرە، — دېدى ئامان ئاپىسىنى تىلغا ئېلىپ زۆھرەنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلىپ قويغىنىغا ئوڭايسىزلىنىپ، — ئاپىڭىزنى تىلغا ئالمىسام بوپتىكەن... بايا كۈلگەنىدىڭىز بەكمۇ چىرايلىق بولۇپ كەتتىڭىز، شۇڭا... شۇڭا... ئويلىمايلا سوراپ قاپتىمەن...
— ھېچقىسى يوق، — دېدى زۆھرە مەيۈسلىنىپ تۇرۇپ، — باشقىلار تىلغا ئالسۇن-ئالمىسۇن، ئېشقىلىپ، ئاپام رەھمەتلىك ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈن كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ...
مانا ئەمدى زۆھرەنىڭ كۆز ياشلىرى مارجاندەك تۆكۈلۈپ، ئۇنى تىترەپ چىققىلى تۇردى:

— ئاپام رەھمەتلىك بەكلا تۇيۇقسىز كېتىپ قالدى، ئۇ كۆز يۇمغان چاغدا ھېچقايسىمىز يېنىدا بولالمىدۇق، رەھمەتلىكنىڭ كۆزى ئوچۇق كەتتى، ئاپام رەھمەتلىك سەكراتتا ياتقان چاغدا يېنىدا بولالمىغانلىقىمدىن بەكمۇ ئۆكۈنىمەن، رەھمەتلىكنىڭ شۇ چاغدا بىزنى كۆرگۈسى، بىزگە يۈرەك سۆزلىرىنى ئېيتىپ رازىلىق بەرگۈسى بولغىيتتى. ئارماندا كەتتى... شۇ چاغدا ئۇنىڭ بىرەر ئېغىز سۆزىنى بولسىمۇ ئاڭلىۋالغان بولسام ھازىرقىدەك دىل ئازابىغا قالماس ئىدىم... ئىسىت...!

زۆھرە مىشىلداپ يىغلىغىلى تۇردى. ئامان قولياغلىقنى ئۇنىڭغا سۇندى. زۆھرە قولياغلىقنى ئېلىپ كۆز ياشلىرىنى سۈرتتى، ئۇنىڭ چوكىدەك ئىنچىكە بارماقلىرى توختاۋسىز تىترەيتتى.

— سەۋر قىلىڭ، زۆھرە، يىغلاۋەرسىڭىز ئەرۋاھىنىڭ روھى قورۇنۇپ قالىدۇ، بالىلىرىنىڭ ياش تۆككەنلىكىنى كۆرگەن ھەرقانداق ئاتا-ئانىنىڭ يۈرىكى ئېچىشىدۇ، بالىلاردىنمۇ بەكرەك ئازابلىنىدۇ، سىزگە تاغدەك يۆلەنچۈك بولىدىغان ئاتىڭىز بار، بۇنداق ئازابلىنىۋەرسىڭىز ئاتىڭىزنىڭ كۆڭلى يېرىم بولىدۇ، — ئامان زۆھرەگە قەغەز قولياغلىقتىن يەنە بىرنى سۇندى.

— قېنى، ياشلىرىڭىزنى سۈرتۈڭ، يىغلىسىڭىز تېخىمۇ سەتلىشىپ كېتىدىكەنسىز، — دېدى ئامان زۆھرەنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن چاقچاق قىلىپ.

زۆھرە ئاماننىڭ قولىدىن قەغەز قولياغلىقنى ئالغاچ «پىسىڭگىدە» كۈلدى. زۆھرەنىڭ ئۈنچىدەك چىشلىرى بىلەن سۈزۈك ياشلاردا نەمدەلگەن قوي كۆزلىرى ئامانغا تولىمۇ چىرايلىق كۆرۈندى.

— ئۆگەي ئاپىڭىز قانداقراق؟ ئاتىڭىز بىلەن ئەپ ئۆتۈۋاتقاندۇ؟ — ئامان يەنە سورىدى.

— ئۇ خېلى بولىدىغان ئايالكەن، ئاتامغا ناھايىتى ئوبدان قاراۋاتىدۇ، لېكىن شۇ... — زۆھرە گېپىنىڭ ئايىغىنى يۇتۇۋەتتى.

— گېپىڭىزگە قارىغاندا، كۆڭلىڭىزگە ياقمايدىغان تەرەپلىرىمۇ بار ئوخشىمامدۇ؟

— ئىشقىلىپ، سىزگە دەپ بەرسەممۇ چۈشەنمەيسىز، بۇنداق ئىشنىچۇ، ئۆز بېشىغا كەلمىگەن ئادەم ھەرگىز بىلمەيدۇ، — زۆھرە ئاماننىڭ كۆزلىرىگە قارىدى. ئامان ئۇنىڭ گەپلىرىنى زەن سېلىپ ئاڭلاپ ئولتۇراتتى. زۆھرە ياشلىرىنى سۈرتكەن قەغەز قولياغلىقنى شىرەنىڭ يېنىدىكى سېۋەتكە تاشلىۋېتىپ گېپىنى داۋام قىلدى:

— ئاپامنىڭ يىلىدىن كېيىن ئاتام ئۆيلىنىش نىيىتىگە كەلدى، بىز ئۇنىڭ كۆڭلىنى دەپ ھېچنېمە دېمىگىنىمىز بىلەن خۇددى ئاپام ۋاپات بولغان چاغدىكىدەك ھازا ئېچىشىپ كەتتۇق، بۇنى ئاتام ھەرگىز ئۇقمايدۇ.

— نېمىلا دېگەنبىلەن ئاتىڭىزغا بىر ھەمراھ كېرەك-دە، يېنىدا ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان بىر ھەمراھ بولسا سىلەرمۇ خاتىرجەم بولىسىلەر ئەمەسمۇ؟ مېنىڭچە بۇ ياخشى ئىش-قۇ! — دېدى ئامان زۆھرەگە تەسەللىي بەرگەندەك قىلىپ.

— بايا مەن دېدىمغۇ؟ بېشىغا كەلمىگەن ئادەم ھەرگىز بىلمەيدۇ، شۇڭا ھەممىسىنىڭ دەيدىغان گېپى سىزنىڭكىگە ئوخشاش، ھەممىسى بىزنى ئەيىبلەيدۇ، ئېيتىڭا، بۇ بىزگە ئادالەتسىزلىك قىلغان بولماي نېمە؟ — زۆھرە ئامانغا سوئاللىق قاراپ قويۇپ، گېپىنى داۋام ئەتتى، — ئويلاپ باقامسىز، ئاپىمىزنىڭ ۋاپاتىغا تۆككەن ياشلىرىمىز تېخى قۇرۇماستىن تۇرۇپلا، ئاپىمىزنىڭ ئورنىغا ناتونۇش بىر ئايال پەيدا بولۇپ قالسا، ھەر كۈنى ھېرىپ-ئېچىپ ئۆيگە كىرگەن چاغلىرىمىزدا ئۆمرىمىزدە كۆرۈپ باقمىغان بىر ئايال ئاپىمىزنىڭ ئورنىدا

ئالدىمىزغا چىقسا بۇنىڭغا كۆڭلىمىز بۇزۇلماي قالامتى؟! كۆكسى-قارنى دەريادەك كەڭرى باللارمۇ بۇ رىئاللىقنى ئاسانلىقچە قوبۇل قىلالمايدۇ، شۇڭا ئىشنىڭ ئېپىنى بىلىدىغان باللار ئاتىسىنىڭ كۆڭلىنى دەپ، ئۆگەي ئاپىسىغا ئاغزىنىڭ ئۇچىدا كۈلۈپ يۈرگىنى بىلەن يۈرىكىدە يىغلايدۇ؛ ئەمما ئىشنى ئۇدۇل ئويلايدىغان باللارچۇ؟ ئۇلار نېمە ئويلىغان بولسا دەۋېرىدۇ، بولمىغاندا ھەتتا ئۆگەي ئاپىسىغا «سەن-پەن» دېيىشتىنمۇ يانمايدۇ، بۇنىڭ بىلەن «ئۆگەي ئاپىسىنى پاتۇرمىدى» دېگەن ئاھانەتكە قالىدۇ؛ ئادەملەرمۇ قىزىقكەن دېسە! ھە دېسىلا ھەمراھىدىن ئايرىلىپ قالغان چوڭلارنىلا ئويلايدىكەنۇ، مېھرىبان ئاپىسىدىن ئايرىلىپ يېتىم قالغان باللارنىڭ كۆڭلىنى خىيالىغا ئېلىپ قويمايدىكەن؛ ئاتا ئايالىدىن ئايرىلىپ قالغىنى بىلەن لايىقىدا خوتۇنىدىن بىرنى تېپىپ ھەمراھ قىلىۋالسا بولىدىكەن، ئەمما باللارچۇ؟ ئاپا دېگەن دۇنيادا پەقەت بىرلا تۇرسا...

— دېگەنلىرىڭىز توغرا، بۇنى چۈشىنىمەن، زۆھرە. ئاتىڭىزنىڭ كۆڭلىنى دەپ بولسىمۇ ئۇلارغا قاپاق تۈرمىگىنىڭلار توغرا بوپتۇ، چۈنكى ئاتىڭىزغىمۇ ئاسان ئەمەس-دە! ئادەم قېرىغاندا بەكلا غېرىبسىنىپ قالىدۇ، ئۇ «ئاپاڭلارنى ئۇنتۇمىدىم» دېگەن بولسا توغرا دەپتۇ، بۇنىڭغا ئىشىنىڭلار، زۆھرە! ئويلاپ باقمامسىز، ئاتا-ئانىلارنىڭ بىر ئۆمۈر تارتقان جاپاسى پەقەت باللىرى ئۈچۈنلا! باللار ئاتا-ئانىسىدىن ئاغرىنىپ ئازابلاندى، دېگەن تەقدىردىمۇ، ئۇ ئازابلار ئاتا-ئانىنىڭ باللىرى ئۈچۈن تۆككەن يۈرەك قېنىنىڭ ئالدىدا نېمە ئىدى؟! شۇڭا باللار كۆڭلىدىكى ئاشۇ ئازابلارغا چىشىنى چىشلەپ تۇرۇپ، چوڭلار بىلەن ئەپ ئۆتمىسە بولمايدۇ. بۇ ئىش خۇددى شەھەر رەستىلىرىدە ماشىنا ھەيدەپ ماڭغىنىمىزغا ئوخشايدۇ، ماشىنىنى ئۇچقاندەك ھەيدەپ كېتىۋاتقىنىمىزدا

قىزىل چىراغ يورۇپ قالسا ئىچىمىزدە تىتىلداپ كېتىۋاتقان بولساقمۇ توختىماي ئامالىمىز يوق-دە! بۇ دېگەن بىزنىڭ ئادا قىلمىساق بولمايدىغان بۇرچىمىز، مېنىڭچە... — ھاياجان بىلەن سۆزلەۋاتقان ئامان زۆھرەنىڭ ئۇنىڭغا ئېرەنسىزلىك بىلەن قاراپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ گېپىنى دەرھال توختاتتى، — مەن... مەن... ئەجەب كوتۇلداپلا كەتتىم-ھە! سىزنىڭ دەيدىغانلىرىڭىز بارمۇ؟ — زۆھرە ئېغىز ئېچىپ بولغۇچە مۇلازىم تاماق تىزىملىكىنى ئەكېلىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويدى.

— نېمە يېگۈڭىز باركىن؟

ئامان تىزىملىكنى ئېلىپ زۆھرەگە قارىدى، بۇنىڭ بىلەن ئىككىيلەن تەڭلا كۈلۈشۈپ كەتتى.

— قورسىقىم ئېچىپ كوركىرىغىلى تۇرغىلى نەۋاخ! — دېدى زۆھرە قاپاقلىرىنى قەستەن تۈرۈپ.

— كەچۈرۈڭ، گەپ بىلەن بولۇپ كېتىپ قورساقنى ئۇنتۇپ قالغىلى تاسلا قاپتىمەن، — ئامان تىزىملىككە بىرقۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن بېشىنى لىڭشىتقىنىچە ئۇنى مۇلازىمغا قايتۇرۇپ بەردى، — سىز دەڭە، زۆھرە، نېمە يەيسىز؟ سىز نېمە يېسىڭىز مەنمۇ شۇ!

زۆھرە تىزىملىكنى قولىغا ئېلىپ «پىسسڭىدە» كۈلدى:

— ماڭا بوي سۇنغىنىڭىزمۇ بۇ؟ ئايال زاتىنىڭ ئالدىدا ئوچۇقتىن-ئوچۇق رايىشلىق قىلغان ئەرلەر بەك قورقۇنچلۇق بولارمىش، چۈنكى ئۇنداق ئەرلەر ئاغزىدا «ۋاي» دەپ قويغىنى بىلەن ئادەتتە قولىدىن ھەر بالا كېلەرمىش!

— مەن سىزگە چىن كۆڭلۈمدىن رايىشلىق قىلىۋاتىمەن جۇمۇڭ! بۇنىڭدىن گۇمانلانسىڭىز ماڭا ئۇۋال قىلغان بولىسىز، — دېدى ئامان زۆھرەنى يەنە بىر كۈلدۈرۈۋېتىش نىيىتىدە. لېكىن، زۆھرە ئىككى قولى بىلەن بېشىنى تۇتقىنىچە

كۆزلىرىنى يۇمدى. ئۇ گويا ھېلىلا يىقىلىپ چۈشىدىغاندەك تىترەپ كېتىۋاتاتتى. ئامان ئىتتىك كېلىپ ئۇنى مۈرىسىدىن تۇتتى:

— ۋۇي، زۆھرە، نېمە بولدىڭىز؟ ئەجەب تىترەپ كېتىۋاتىسىزغۇ؟

زۆھرە بىرھازادىن كېيىن كۆزلىرىنى ئاچتى:

— نېمىشقىكىنتاڭ، گاھىدا تۇيۇقسىزلا بېشىم ئېغىرلىشىپ، كۆزۈم قاراڭغۇلىشىدۇ، خۇددى پىرقىرىتىپ تاشلىۋەتكەن ئادەمدەك يەر-جاھان چۆرگىلىگىلى تۇرىدۇ...

— بايىقى گەپلىرىم كۆڭلىڭىزگە كېلىپ قالدىمۇ-يە؟ — دەپ سورىدى ئوڭايسىزلىنىپ كېتىۋاتقان ئامان.

— ياقەي، — دېدى زۆھرە بېشىنى چايقاپ، — بولدى، ھېچقىسى يوق، ئولتۇرۇۋېرىڭ! — زۆھرە ئاماننىڭ قوللىرىنى ئاستا ئىتتەردى. ئامان بېرىپ ئۆز ئورنىدا ئولتۇردى. زۆھرە مۈرىسىگە چۈشۈپ تۇرغان چاچلىرىنى تۈزەشتۈردى، ئاندىن شىرەدىكى تاماق تىزىملىكىنى قولىغا ئېلىپ ئامانغا قارىدى:

— ئامان، بايىقى گەپلىرىڭىزگە قارىغاندا بېشىڭىزدىن جىق ئىسسىق-سوغۇق ئۆتۈپتىكەن-ھە! ئۆيىڭىزدە بايا مەن دەپ بەرگەندەك ئىشلارمۇ بولغانمۇ؟

— ياق، راست گەپنى دېسەم، بايا دېگەن گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى كىتابتىن ئۆگىنىۋالغانمەن.

زۆھرە ئۇنىڭ گەپلىرىگە ئېرەن قىلمىغاندەك قولىدىكى تاماق تىزىملىكىگە بىرھازا قاراپ كەتكەندىن كېيىن خۇددى تۇيۇقسىز ئەقىل تاپقان ئادەمدەك شىرەگە ئاستا بىرنى ئۇرۇپ قويدى:

— توخۇ قوردىقى يەيلى، بولامدۇ؟

ئامان ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ تۇرۇپ بېشىنى لىڭشىتتى.

# 41

ئاسىيە ھېلىقى خەنزۇ دوختۇرنىڭ دېگىنى بويىچە قىلىۋىدى، ئۈچ كۈنگە قالماي سەللىمازا ساقايدى. ئۈچىنچى كۈنى ئاخشىمى ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆي ئىشلىرىغا ئانچە-مۇنچە مىدىرلىماقچى بولدى، ئەمما سۇلايمان ئۇنىمىدى. بىرنەچچە كۈندىن بۇيان جىمىپلا كەتكەن ئاسىيە نۇرغۇن ئىشلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى: «قايتا نىكاھلىق بولۇپ خاتا قىلدىممۇ-يە؟ دۇرۇس، تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق-چۈچۈكىنى تولا كۆرگەن خوتۇنمەن، بۇ ئۆيگە كىرىشتىن ئىلگىرى خېلى ئەتراپلىق ئويلانغانىدىم، ھازىر قاراپ باقسام، ئۇ چاغدا ئىشنى بەكمۇ ئاددىي ئويلىغانىكەنمەن، سۇلايمان دېگەن بۇ ئادەمنىڭ كۆيۈمچان ھەم ئاق كۆڭۈل ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ بۇ نىكاھ ئىشىغا ماقۇل بولغانىدىم. شۇنداق، بۇ ئائىلىنىڭ توققۇزى تەل ئىكەنلىكىگە قىزىقىپ قالغانلىقىممۇ راست، ئەلۋەتتە! بۇ ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن دولام خېلىلا ئاپتاپ كۆرۈپ قالدى، ئۇ ھەر ئايدا ئالىدىغان ئىككى مىڭ يۈەن پېنسىيە پۇلىدىن مىڭ يۈەننى ماڭا ‹ئۆيگە ئىشلەت!› دەپ بېرىدۇ؛ ئادەتتە پۇلنى ئاياپ خەجلەيدىغانلىقىم ئۈچۈن ھەر ئايدا يەنە بىرنەچچە يۈز يۈەننى تېجەپ قېلىۋاتىمەن، بۇ ئۆيگە كىرگەندىن بۇيان ھەر ئايدا ئالىدىغان ئۈچ يۈز ئەللىك يۈەن پېنسىيە پۇلۇمدىن بىر پۇڭمۇ خەجلىمىدى، ئۇ ئادەم تېخى: ‹مېنىڭ پېنسىيە پۇلۇمنىڭ ھەممىسىنى بۇنىڭدىن كېيىن ئۆزۈڭ تۇتقىن، ئەڭ ياخشىسى تېجەپ ئىشلىتىپ، ئاشۇرۇپ قالغىنىڭنى ئۇدۇللۇق بانكىغا قويۇپ ئۆزۈڭنىڭ كېيىنلىكىگە ئىشلەتكىن!› دەپ كېتىۋاتىدۇ؛ ئۇ ئىشچان، تېجەشلىك ئىكەنلىكىمدىن بەكمۇ رازى، شۇڭا مېنى ئۆيدە ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي ماختىغاننى ئاز دەپ، تونۇش-بىلىشلىرىگىمۇ

ئاشۇنداق دەپ ماختاپ بېرىپتۇ؛ بەزى تونۇشلىرىنىڭ دېيىشىچە، بۇ ئادەمنىڭ بۇرۇنقى ئايالى چېچەن، ئىشچان بولغىنى بىلەن قولى بەكلا ئوچۇق بولغاچقا، ئەر-خوتۇن ئىككىسى مۇشۇ ئىش توغرۇلۇق پات-پاتلا گەپ تەگىشىپ قالىدىكەندۇق؛ بىر قېتىم ئۇ ئادەم بىر تونۇشىغا: «باللىرىنىڭ ئاپىسى تاغدەك ئالتۇننى دۆۋىلەپ بەرسىمۇ تۆت كۈندە تۈگىدى دەپ قاراپ ئولتۇرىدىغان خوتۇن-دە بۇ!» دەپ بېرىپتىكەندۇق. بىر قېتىم ئۇ ئادەمنىڭ بۇرۇنقى ئايالىنىڭ سۈرىتىنى تاسادىپىي كۆرۈپ قالدىم. قارىسام مەيلى چىراي-تۇرقتا بولسۇن، مەيلى سالاپەتتە بولسۇن، ئۇ رەھمەتلىكنىڭ قولىغا سۇمۇ قويۇپ بېرەلمىگۈدەكمەن، بۇ ئادەمنى ئۆي ئىشىغا پۇختا، روزغار باشقۇرۇشقا ئۇستا بولغانلىقىم ئۈچۈن بەكمۇ ئىززەتلەيدۇ. دېمىسىمۇ، مىڭ يۈەن بۇنچىۋالا چوڭ ئائىلىنىڭ ئايلىق خىراجىتىنى قامداپ، يەنە نەچچە يۈز يۈەننى تېجەپ قېلىش ئاسان ئىش ئەمەس، بۇنىڭ ئۈچۈن قولۇمنى كۆسەي، چېچىمنى سۈپۈرگە قىلدىم؛ قازان بېشىنىڭ دەسمىلىدىن تارتىپ مۇنچىنىڭ لۆڭگىلىرىگىچە ھەممىسى كونىراپ قارىغۇسىز بولۇپ كەتتى، لېكىن تۆت تەڭگىنى بولسىمۇ تېجەپ قالاي، دەپ يېڭىسىغا ئالماشتۇرۇشقا رايىم بارمايدۇ. ئادەتتە چاچ سوپۇنى، مۇنچا سوپۇنى دېگەنلەرنىڭمۇ ئەڭ ئەرزىنىنى ئالىمەن، يۈز-قولۇمنى دانىسى ئىككى كويلۇق ئەتىر سوپۇندا يۇيىمەن. مەندىن باشقا خوتۇنلارنىڭ ھەممىسى بىر قۇتىسى پالانى پۇللۇق «يۈز يۇيۇش سۇيۇقلۇقى»، «قول يۇيۇش سۇيۇقلۇقى» دېگەندەك قىممەت نەرسىلەرنى ئىشلىتىدۇ. ئۆينىڭ پەردە، كارىۋات ياپقۇچلىرىمۇ بۇ ئادەمنىڭ بۇرۇنقى ئايالى بار چاغدا ئالغان بولغاچقا بەكلا كونىراپ كېتىپتۇ، شۇڭا ئۇنى ئالماشتۇرۇۋېتەيلى، دېسەم ئۇ ئادەم ئۇنىمىدى، لېكىن ئۇ ئادەمنىڭ بۇ گېپىنى پەقەت كۆڭلۈمگە ئالمىدىم

بالىلارنىڭ ئاتىسى سەل قاتتىقراقلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ناھايىتى ئېسىل ئادەم ئىكەن، بولۇپمۇ كۆڭلى بەك ياخشى، مۇنەۋۋەرنىڭ خىزمەت ئىشىدا ياسىنئاخۇن دېگەن ئادەمگە كۈندە دېگۈدەك تېلېفون قىلىپ نۇرغۇن يالۋۇردى. ئۇ ئادەم چىن كۆڭلىدىن چىقىرىپ ئاشۇنداق قىلمىغان بولسا مەندەك تۇل خوتۇننىڭ قىزىغا نەدە تۇرۇپتۇ ئۇ خىزمەت؟! بۇلارنى ئويلىغىنىمدا، بۇ ئادەمگە ياتلىق بولۇپ خاتا قىلمىغانلىقىمنى بىلىمەن، بىراق ئۇ ئادەمنىڭ بالىلىرى مېنى پەقەتلا كۆزىگە سىغدۇرالمىغاچقا، ھازىرغىچە نۇرغۇن كۆڭۈلسىزلىكلەر بولدى، بۇ قېتىم گۇناھ مۇنەۋۋەردىن ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن زۆھرەنىڭ مۇنەۋۋەرگە دېگەن گەپلىرىدىن ئۇنىڭ ئانا-بالا ئىككىمىزگە خېلى قورساق كۆپۈكى بار ئىكەنلىكىنى بىلدىم. ئاتىسى ئارىغا چۈشۈپ چىڭ تۇرمىغان بولسا ئىش چوڭىيىپ خېلى يەرگە بارار ئىدى، ئەمما ئۇ ئادەم داۋاملىق ئارىغا كىرىۋېرەمدۇ؟» مۇشۇلارنى بىرقۇر خىيالىدىن ئۆتكۈزگەن ئاسىيە تۇيۇقسىزلا تۇل ئۆتكەن ئىلگىرىكى كۈنلىرىنى ئويلاپ قالدى. ئاسىيەنىڭ يۈرىكىدىكى گەپنى ئېيتقاندا، ئۇ سۇلايمانغا ياتلىق بولغاندىن كېيىنكى تۇرمۇشقا كۆنۈپ قالغانىدى، سۇلايمانغا چوڭقۇر مېھرى چۈشۈپ قالغان بولغاچقا ئۇنىڭدىن ئايرىلالمايتتى، ھەم ئۇنىڭغا موھتاج ئىدى. ئاسىيە شۇ خىياللار بىلەن تۈن نىسپىگىچە ئۇخلىيالمىدى.

سۇلايمانمۇ مېھمانخانىدا ئولتۇرۇپ خېلى ئۇزۇنغىچە تېلېۋىزور كۆردى بىر چاغلاردا «ياتاي» دەپ كىرىپ قارىسا ئاسىيە ئۇخلاپ بولغانىدى. ئۇ ئاستا كارىۋاتقا چىقىپ تىۋىش چىقارماي تۆشەككە كىردى. لېكىن، ھېلىقى كۈنى بولغان ئىش كاللىسىغا كىرىۋالغان سۇلايماننىڭ كۆزلىرىگە ئۇيقۇ كېلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇ ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم زۆھرەگە قول تەگكۈزدى. ئەمما، بۇنىڭدا زۆھرەلا ئەمەس،

ھەتتا ئاسماندا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان قۇشتىنمۇ يامانلايدىغان شور تۇمشۇق شەرىپەنىڭمۇ ئاتىسىدىن ئاغرىنمىغانلىقى سۇلايماننى بەكمۇ ھەيران قالدۇردى.

«ھەي... جېنىم بالىلىرىم، كۆيۈمچان قىزلىرىم... ــ دېدى ئۇ ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلاپ. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تۇيۇقسىز ئوقچۇغان ياشلار ئاستا سىرغىپ ياستۇققا چۈشتى، ــ رەھمەت، بالىلىرىم، رەھمەت! كۆڭلۈمنى ئايىغانلىقىڭلارغا مىڭ مەرتىۋە رەھمەت! بۇ دۇنيادا سىلەردىن باشقا مېنىڭ يەنە نېمەم بار؟»

ئىچىدە ئۆزى بىلەن ئۆزى مۇڭدىشىۋاتقان سۇلايمان ھېلىقى كۈنى مۇنەۋۋەر دېگەن گەپلەرنى تۇيۇقسىز يادىغا ئالدى: «مۇنەۋۋەر نېمىشقا زۆھرەنى 〈خەقنىڭ ئۆيىنى بۇزۇۋاتىدۇ〉 دەيدىغاندۇ؟ زۆھرە شۇنداقمۇ قىلارمۇ؟ ياق، مۇمكىن ئەمەس. زۆھرەنىڭ راستتىنلا ئاشۇنداق يېرى بولسا ئۇ كۈنى مۇنەۋۋەرنى بىر كاچات سالمىغان بولاتتى. مۇنەۋۋەر بىلەن زۆھرەنىڭ ئارىسىدا چوقۇم بىرەر ئوقۇشماسلىق بار!» سۇلايمان شۇ خىياللار بىلەن ئۇخلىيالماي ئۇياقتىن-بۇ ياققا ئۆرۈلەتتى. پۇشۇلداپ ئۇخلاۋاتقان ئاسىيە تۇيۇقسىزلا پىخىلداپ كۈلۈپ كەتتى، سۇلايمان سەل ئەنسىرەپ قالدى بولغاي، ئاسىيەنى دەرھال تۇرتۇپ ئويغاتتى. ئاسىيە كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىغىنىچە قوپۇپ ئولتۇردى.

ــ ۋىيەي، ئەمەسلا بىر چۈش كۆرۈپ قاپتىمەن، ــ دېدى ئاسىيە، ــ چوڭ قىزىم بىلەن ئىككى ياشلىق نەۋرەم يېنىمدا تۇرغۇدەك. نەۋرەمنىڭ قولىدا بىر دەزمال تۇرغىدەكمىش، ئۇ: «ئانا، قارىغىنا يۈزلىرىڭنى قورۇق بېسىپ كېتىپتۇ، مەن دەزمال سېلىپ قوياي!» دەۋاتقۇدەك، مەن ئالدىدا قېچىپتىمىشمەن؛ ئۇ ئارقامدىن يېتىشىپ كېلىپ دەزمالنى يۈزۈمگە يېقىپتۇدەك، لېكىن دەزمال مۇزدەك سوغۇق تۇرغۇدەك. مەن ئۇنىڭ قولىدىن دەزمالنى ئېلىۋېلىپ: «دەزمال دېگەنمۇ

مۇشۇنداق سوغۇق بولامدۇ؟» دەپ كۈلۈپ كېتىپتۇمىش ـ مەن... ــ ئاسىيە چۈشىنى ئۆرۈپ بولۇپ مەيۈسلىنىپ ئولتۇرۇپ كەتتى، ــ چۈشىدە كۆرگەن كىچىك بالا ئۇششاق سۆزنىڭ سۈرى دېيىشىدىكەن... كۆڭلۈم بىرقىسمىلا بولۇپ قالدى دېسە...

سۇلايمان ئۇنىڭ بىلىكىنى نوقۇدى:

ــ ھەي، شۇ گەپلەرگىمۇ ئىشىنەمسەم، ئەخمەق؟ مەن تېخى: «كىچىك بالا دېگەن ئاق قەغەزدەك پاك، شۇڭا چۈشىدە كۆرگەن كىچىك بالا ياخشىلىقتىن بېشارەتمىش» دەپ ئاڭلىغان...!

ــ ئىلاھىم دېگەنلىرىدەك بولار!

ــ نەۋرەڭنى سېغىنىپ قالغان گەپ، ــ دېدى سۇلايمان ئاسىيەنىڭ كۆڭلىنى ياساپ، ــ ياش بىر يەرگە بېرىپ قالغاندا، ئادەمنىڭ يىراقتىكى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى كۆرگۈسى كېلىپ قالىدۇ. مۇنداق قىلايلى، ئەتە سەن لەيلىگە تېلېفون قىلغىن، ھېيت باھانىسى بىلەن بالىنى ئەكەلسۇن! ئۇ نەۋرەڭنى ئۆتكەندە بىرلا قېتىم كۆرۈپ قالدىم، راست گەپنى قىلسام مېنىڭمۇ كۆرگۈم كەلدى جۇمۇ!

بۇ گەپلەرنى سۇلايمان مەيلى يۈرىكىدىن چىقىرىپ دېسۇن ـ دېمىسۇن، ئاسىيە ئېرىنىڭ بۇ گەپلىرىدىن بەكمۇ تەسىرلەندى.

## 42

ھېلىقى كۈنى زۆھرە بىلەن شەرىپە چوڭ ئۆيىدىن ئاسىيە دوختۇرخانىدىن قايتىپ كەلگۈچە يېنىپ چىقتى. ئۇلار ئاتىسىغا ھېيتلىق سوۋغات ئېلىش ئۈچۈن سودا سارىيىغا باردى. «نېمە ئالساق بولار؟» زۆھرە «ناۋبەيجىن» دېگەنگە

ئوخشاش قۇۋۋەت بويۇملىرىنى ئالماقچى بولدى، لېكىن شەرىپە ئۇنىمىدى:

— ئوھۇش، قويغىنە، ئاتام ئۇنداق نەرسىلەرگە ئىشەنمەيدىغان تۇرسا! ئۇنى خۇش قىلىمىز دەپ ئالغان نەرسىمىز ئاخىرى بىزنى تىل-ئاھانەتكە قويمىسۇن يەنە؟!

دېمىسىمۇ، شەرىپە توغرا ئېيتتى. چۈنكى، سۇلايمان ئۆمۈر بويى تېجەشلىك ئۆتكەن ئادەم بولغاچقا، كەلسە-كەلمەس پۇل خەجلەيدىغان ئادەمنى ناھايىتى ئۆچ كۆرەتتى. ئاچا-سىڭىل ئىككىسى مەسلىھەتلىشىپ يۈرۈپ ئاخىر ئاتىسىغا تېۋىت پوپايكىدىن بىرنى ئېلىپ بەرمەكچى بولدى. ماگىزىنلاردىكى تېۋىت پوپايكىلارنىڭ ئېسىلىمۇ، ناچىرىمۇ بار ئىدى، پۇلىمۇ شۇنىڭغا لايىق ئىدى. ئۇلار ئالتە يۈز ئەللىك يۈەنگە قىزغۇچ بىنەپشە رەڭلىك پوپايكىدىن بىرنى تاللىدى. پۇل تۆلەيدىغان چاغدا ئاچا-سىڭىل ئىككىسى تالىشىپ قالدى، چۈنكى شەرىپە «پوپايكىنىڭ پۇلىنى تەڭ چىقىرايلى!» دېۋىدى، زۆھرە ئۇنىمىدى:

— بولدى قىلە، ئەر-خوتۇن ئىككىلەڭلار تۆت تەڭگە مائاشقا قاراشلىق، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىككى بالىنى ئوقۇتۇۋاتىسىلەر؛ مەنچۇ؟ ساڭا ئوخشىمايمەن، «ئېشىكى يوق موللامنىڭ قۇلىقى تىنچ» دېگەندەك بالامۇ يوق، كالامۇ يوق؛ تاپقىنىم ئۆزۈمگە يېتىپ ئاشىدۇ؛ ماقۇل دېگىنە، مەن تۆلەي!

شەرىپەمۇ ئاخىرى ئاچىسىنىڭ گېپىنى يىرمىدى. زۆھرە كاسسىرغا پۇل كىرىدىت كارتىسىنى بېرىپ، ئۇنىڭ مەخپىي نومۇرىنى بېسىۋاتقاندا شەرىپە ئىختىيارسىز سومكىسىنى ئاقتۇرۇپ بېقىۋىدى، ئۇنىڭ قولىغا پۈرلىشىپ كەتكەن يۈز يۈەنلىك پۇلدىن ئۈچ-تۆت ۋاراق چىقتى. ئۇ تىلىنى چىقىرىپ قويدى. «بار-يوق پۇلۇڭ مۇشۇ تۇرۇپ يەنە مەردلىك قىلىمەن

دەيسىنا شەرىپە!» دەپ پىچىرلىدى ئۇ ئۆز-ئۆزىگە.
زۆھرە بىلەن شەرىپە پوپايىكىنى ئېلىپ قايتماقچى بولۇپ مېڭىشتى. ئۇلار ئىككىنچى قەۋەتكە چۈشكەندە زۆھرە پوكەيگە تىزىۋېتىلگەن رەڭگارەڭ گەزماللارنى كۆرۈپ كۆزىنى ئۈزەلمەيلا قالدى. ئۇ شەرىپەنى ئۇنىمىغىنىغا قويماي، سۆرەپ دېگۈدەك پوكەينىڭ ئالدىغا ئاپاردى. ئاچا-سىڭىل ئىككىسى ھازىرقى دۇكانىدارلارنىڭ چېۋەرلىكىگە ھەيران قېلىشتى. چۈنكى، ئىككىنچى ئاي كىرە-كىرمەيلا ماگىزىنغا يازلىق گەزماللار تىقىۋېتىلگەنىدى. ئۇلار ئارىسىدا قىممەت باھالىق ئېسىل رەختلەرمۇ، ئەرزان ئەمما كۆرۈملۈك رەختلەرمۇ، ياشلارغا لايىق ئوتقاشتەك شوخ رەختلەرمۇ بار ئىدى. ئىشقىلىپ، بۇ پوكەيدىن قانداق رەختنى ئالىمەن دېسە شۇ تېپىلاتتى. شەرىپەنىڭ كۆزى قىزغۇچ كەلگەن بىر خىل تىۋىت رەختكە چۈشۈپ قالدى. ئۇ ھەم يۇمشاق، ھەم كۆركەم ئېسىل مال ئىدى. شەرىپە رەختنى ئۇياق-بۇياققا ئۆرۈپ سىلاشتۇرۇپ كەتتى ۋە مال ساتقۇچىدىن ئۇنىڭ باھاسىنى سورىدى، ئەمما مال ساتقۇچى خۇشياقمىغاندەك قىلىپ:
— بۇنى زادى ئالامسىز، ئالمامسىز؟ — دەپ سوراپ قالدى. بۇنىڭغا «غۇژژىدە» ئاچچىقى كەلگەن شەرىپە ھېلىقى رەختنى مال ساتقۇچىقا قارىتىپ ئاتتى. مال ساتقۇچى شەرىپەنىڭ ئۇنداق قىلارىنى ئويلاپمۇ قويمىغاچقا، رەخت ئۇنىڭ كۆكرىكىگە تېگىپ بېرىپ يەرگە چۈشتى. ئاگغىچە ياشقا چوڭراق بىر مال ساتقۇچى كېلىپ رەختنى يەردىن ئېلىپ شەرىپەگە غەزەپ بىلەن بىرنى ئالايدى. لېكىن، ئالىيشقا كەلگەندە شەرىپەنىڭ كۆزلىرى خېلى-خېلى ئادەملەرنىڭ كۆزلىرىنى بېسىپ چۈشەتتى. ئۇنىڭ ئەسلىدىنلا يوغان كۆزلىرى ھېلىقى مال ساتقۇچىقا گويا چاچراپ چىقىپ كېتىدىغاندەك ئالايدى. زۆھرە شەرىپەنىڭ بۇ ئەلپازىدىن

«هېلىقى مال ساتقۇچى بىلەن ئۇرۇشۇپ قالارمۇ؟» دەپ قورقۇپ جان-ئىمانى چىقىپ كەتتى. گەپنىڭ راستىنى دېگەندە، ئۇ هېلىقى مال ساتقۇچىنىڭ ئالدىدا بەكلا ئوڭايسىزلىنىپ قالغانىدى. ئۇنىڭچە بولغاندا ئادەملەر كىشىلىك هاياتتا بىر-بىرىنى ئەپۇ قىلىپ، ئۆزئارا هۆرمەت-ئېھتىرامدا ئۆتۈشى كېرەك ئىدى، شۇنداق قىلغاندىلا پانىي دۇنيادا ئارامخۇدا ياشىغىلى بولاتتى؛ ئادەملەر «سەندىن مەن قالامدىم؟» دەپ باشقىلار بىلەن ئۇزەڭگە سوقۇشتۇرغىلى تۇرسا، ئىنساننىڭ هاياتى قۇلاق ئاغرىقىدىن قۇتۇلالمايتتى. ئۇ شەرىپەنى قولىدىن تارتىپ دېگۈدەك لىفتنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. ئاچچىقىنى باسالماي قېلىۋاتقان شەرىپە هېلىدىن-هېلىغا ئارقىسىغا قاراپ هېلىقى مال ساتقۇچىنى تىللايتتى:

— ۋۇي، بېشىڭنى يەيدىغان ماڭقا! «خېرىدارلار هەممىدىن ئەلا» دەپ يېزىپ قويۇشلىرى تېخى! كىمىڭنى كۆزگە ئىلمايتتىڭ؟ «زادى ئالامسەن-ئالامسەن» دەپ سوراپ كەتكىنىنى! ۋۇي، ئەبگار، مال دېگەننى كۆرۈپىرەك ئالامدۇ!

زۆهرە شەرىپەگە باشقا گەپ قىلمىدى، چۈنكى، ئۇ شەرىپەنىڭ يۇگۇرۇپ بېرىپ هېلىقى مال ساتقۇچىنىڭ ياقىسىدىن ئالمىغىنىغا خۇش ئىدى. لىفتنىڭ ئىشىكى ئېچىلغاندا، شەرىپە بىرىنچىلەرنى دەپ غۇدۇرىغاچ لىفتكە چىقماقچى بولۇپ مېڭىۋىدى، زۆهرە ئۇنى تارتتى:

— هە، دېسىلا «سەمرىپ كەتتىم» دەپ قاقشايدىكەنسەنۇ، لىفتكە چىققىلى ئەپلەپلا تۇرىدىكەنسەن، يۈرە، مېڭىپ چۈشەيلى!

شەرىپە زۆهرەگە قاراپ ئالايدى، لېكىن بايىقى ئاچچىقى يېنىپ قالغاندەك قىلاتتى. ئۇ پەلەمپەيدىن چۈشۈۋاتقاچ زۆهرەنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ قويدى:

— راست گەپنى دېسەم، سەن مېنى قۇتۇلدۇرۇۋالدىڭ جۇمۇ!
— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟
— ھېلىقى رەختنى ئېلىش نىيىتىمۇ يوقتى، كۆرۈپ باقاي دەپلا شۇنداق قىلغان. ئاۋۇ مال ساتقۇچى بۇنى بىلىپ قالدىمۇ، ئىشقىلىپ «بۇنى ئېلىشقا قۇربىڭ يېتەمتى؟» دېگەندەك «ئالامسەن-ئالمامسەن؟» دېگەندى، بەك ئاچچىقىم كەلدى. شۇ ئاچچىقىمدا «كىمنىڭ كۆزگە ئىلمايتتىڭ، پۇل دېگەن مانا؟» دەپلا بىر نەچچە مېتىر يىرتقۇزاي دەپ... ھەي...
— كۆزۈڭ چۈشكەن بولسا ئۇنداق ھاپىلا-شاپىلا چېچىلىپ يۈرمەي ئالساڭ بولمامدۇ ئەمىسە؟
— ۋىيەي، ئۇنىڭغا نەنىڭ پۇلى؟ مېترى بىر يۈز سەكسەن يۈەنكەن، مېنىڭ بۇ ئەپتىمگە ئاز دېگەندىمۇ ئىككى مېتىر ئالسام ئارام بىر كۆڭلەك چىقىدۇ، ئۈچ يۈز ئاتمىش يۈەنگە بىر كۆڭلەكنى ئېلىپ دۈمبەمگە ئارتىۋالسام ھېيتنى نېمە بىلەن ئۆتكۈزىمەن؟
— ھەببەللى، ئۇنداق ئادەم خەق بىلەن نېمىشقا ئۇرۇشاتتىڭ؟ — دېدى زۆھرە ۋە شەرىپەنىڭ قۇيغان ئۆپكىدەك مەڭزىنى چىمدىپ قويدى.
— ۋىيەي، ئاغرىتىۋەتتىڭ، بايىقى ماڭقىنىڭ ئۆچىنى ئېلىپ بېرەي دەۋاتامسەن؟ — شەرىپە ئاچىسىغا ئالىيىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ قولىنى ئىتتەردى.
ئۇلار سودا سارىيىدىن چىققاندا سائەت ئون ئىككى يېرىم بولغانىدى. چۈشتىن كېيىن ئىشقا چىقىشقا بىر سائەتلا قالغانلىقىنى كۆرگەن ئاچا-سىڭىل ئىككىسى ياندىكى ئاشپۇزۇلغا كىرىپ بىر قاچىدىن پولۇنى يەپلا ئىشقا مېڭىشتى.

زۆھــــرە ئىشخانىســــىدا ژۇرنـــــال كــــۆرۈپ ئولتــــۇراتتى. ئىستاكاندىكى قايناق سۇدىن تولغىنىپ چىقىۋاتقان ھور ئاستا يۇقىرىغــا ئــۆرلەيتتى. زۆھــرە قولــدىكى ژۇرنــالنى قويــۇپ ئىستاكاندىكى سۇدىن ئىچمەكچى بولـۇپ لىـۋىگە تەگكـۈزدى، ئەمما سۇ بەك قايناق بولغاچقا ئۇنىڭ لەۋلىرى كۆيـدى. زۆھـرە قوشۇمىلىرىنى تـۈرگىنىچە ئىسـتاكاننى ئۈسـتەلگە «تـوككـىدە» قويۇپ قويدى. بىـردەم ژۇرنـال كـۆرۈپ بېقىپ ئىچى پۇشـقان زۆھــرە سومكىســىدىكى يــانفوننى ئېلــىپ، ئۇنىــڭ ســائىتىگە قارىدى:

— سائەت ئاران ئىككى يېرىم بوپتۇغۇ! — دېـدى ۋاقىتنـى توشقۇزۇپ بولالماي ئىچى تىتىلداپ كېتىۋاتقـان زۆھـرە قـاتتىق بىرنى كېرىلىپ قويۇپ يەنە ئورنىغا كېلىپ ئولتۇردى.

شــۇ چاغــدا ئۇلارنىــڭ بۆلـۇم باشـلىقى كىرىــپ كەلــدى. زۆھرەلەرنىڭ بۆلۈم باشـلىقى ئـۆزى ۋىجىـك، كۆرۈمسىز ئـادەم بولغىنى بىلەن تەرجىمانلىقتا داڭقى بار مۇتەخەسسىس ئىدى. شــۇڭا بــۇ ئىدارىــدە ئۇنىــڭ تەرجىمىســىگە ھــۆرۈ-پــۆرۈ دېيەلەيـدىغانلار يـوق ئىـدى. خىزمەتتىكـى تىرىشـچانلىقىدىن شۇنداق قىلامدۇ، ياكى مىجەزى شۇنداقمۇ، ئىشقىلىپ، ئۇ ئـۈچ يـــۈز ئـــاتمىش كـــۈن چىرايىنـــى ئاچمـــايتتى، شـــۇڭا خىزمەتداشـلىرىدىن ئۇنىـڭ كۈلۈمسىرەپ باققـانلىقىنى كـۆرۈپ باققـانلار يـوق ئىـدى. بىـرنەچچە يىلـدىن بېـرى تەرجىمـانلار بۆلۈمى بـۇ ئىدارىـدىكى ئەڭ بىكـارچى ئـورۇن بولـۇپ قالـدى، لېكىن بۆلۈمدىكىلەرنىڭ تەرتىپ-ئىنتىزامى ئىدارە بـويىچە ئەڭ ياخشـى ئىــدى. بــۇ مــۇھىمى، ئاشــۇ بۆلــۈم باشــلىقىنىڭ ئەتىگەندىن كەچكىچە قار-مۇز يېغىـپ تۇرىـدىغان تەلەتىـدىن بولسا كېرەك. چـۈنكى، ئۇنىڭـدىن بۆلۈمـدىكى ھەممىسـى بەك

قورقاتتى، هه دېسلا بەگۋاشلىق قىلىدىغان ياشلارمۇ ئۇنىڭ ئالدىدا غىڭ قىلالمايتتى. بىر قېتىم ئۇنىۋېرسىتېتنى يېڭىلا پۈتتۈرۈپ كەلگەن بىر يىگىت ئۇنىڭ بۇ تەلەتىگە ئىچى پۇشۇپ چاقچاق قىلىپ قالدى:

ــ ئاكا، مايمۇننىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنچىۋالا ئۇماق ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟ مۇھىمى كىشىلەر مايمۇنغا ئامراقلىقى كېلىپ، ئۇنىڭغا ئانچە-مۇنچە بىرنەرسىلەرنى تاشلاپ بەرگەن چاغلاردا ئۇ بۇنىڭغا خۇشلۇقىدا ئەركىلەپ، ئويناپ-تاقلاپ كىشىلەرنى كۈلدۈرۈۋېتىدۇ، لېكىن سىزچۇ؟ ئالدىڭىزدا قۇلدەك ئىشلىسەكمۇ چىرايىڭىزدىن مۇز ياغقىنى ياغقان!

بۇ گەپكە قاتتىق ئاچچىقى كەلگەن بۆلۈم باشلىقى ئۇنىڭغا زەردە بىلەن دېدى:

ــ سەن مېنى مايمۇنغا ئوخشىتىۋاتامسەن؟ سېنىڭ ئۇنىۋېرسىتېتتا ئەدەبىيات ئۆگەنگىنىڭگە ۋاي! هەي، قاپاق باش، ئەدەبىياتتا ئاشۇنداقمۇ ئوخشىتىش بولامدۇ؟

شۇنىڭدىن كېيىن بۆلۈمنىڭ قار تازىلاش دەمدۇ، سىرتقا ئەمگەككە چىقىش دەمدۇ، ئىشقىلىپ ئېغىر ئىشلىرىنىڭ هەممىسى ئاشۇ يىگىتكە يۈكلىنىپلا قالدى. زۆھرە ئەزەلدىن باشقىلارنىڭ زىتىغا تېگىدىغان ئىشنى قىلمايتتى. بۇ ئۇنىڭ ئاق-قارىنى پەرق ئەتمەيدىغان مۆڭلۈكىدىن ئەمەس، بەلكى باشقىلارنىڭ ئىشلىرىغا ئارتۇقچە ئارىلىشىشنى خالىمايدىغان سىپايىلىكىدىن ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۆلۈم باشلىقىنىڭ كەسپىتىكى ئىقتىدارىغا قايىل بولغاچقا ئۇنى ناهايىتى هۆرمەتلەيتتى. شۇڭا، بۆلۈمدە ئۇنىڭ بىلەن ئەزەلدىن «سەن-پەن» دېيىشىپ باقمىغان ئادەممۇ دەل زۆھرە ئىدى. لېكىن، «سەن-پەن» دېيىشىپ باقمىغانلارنىڭ هەممىسىنىڭلا ئۆز ئارا ئەپ، ئىجىل ئۆتۈپ كېتىشىمۇ ناتايىن-دە! ئۇنىڭ ئۈستىگە زۆھرە بۇ بۆلۈمدىكى هەممەيلەننىڭ نەزىرىدە هېچكىم

بىلەن ئارىلاشمايدىغان، ھېچكىمگە سىر بەرمەيدىغان قىز ئىدى. يېقىندىن بۇيان بۇ ئىدارىنىڭ ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىدىغان ھۆججەتلىرى ئازىيىپ كەتكەچكە، بۆلۈم باشلىقى ئۇلارنىڭ ئىشخانىسىغا بىرنەچچە ئايدىن بېرى كىرىپ باقمىغانىدى. شۇڭا، زۆھرە بۈگۈن ئۇنىڭ تۇيۇقسىزلا كىرىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ سەل ئەجەبلىنىپ قالدى.

زۆھرە دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ بۆلۈم باشلىقىغا چاي دەملىدى. ئۇ زۆھرەدىن «سالامەتلىكىڭىز قانداقراق؟ ئاتىڭىز بىلەن ئۆگەي ئاپىڭىز ئوبدان ئۆتۈۋاتامدۇ...» دېگەندەك گەپلەرنى تاغدىن ـ باغدىن سورىغىلى تۇردى. زۆھرە ئۇنىڭ مۇھىم بىر ئىش بىلەن كىرىپ ئۇنى ئۆزىگە ئۇدۇل دېيەلمەيۋاتقانلىقىنى پەملىدى.

«خىزمەت تەڭشەيدىغان ئىش ئوخشايدۇدە قارىغاندا» دەپ ئويلىدى زۆھرە دەرھاللا. چۈنكى يىل بېشىدىلا «ئورگان ئىسلاھاتى بولارمىش، تەرجىمانلار بۆلۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇنى ئىشخانىغا قوشۇۋېتەرمىش، تەرجىمانلاردىن ئىككىنىلا ئېلىپ قېلىپ، قالغىنىنى ئالاھىدىلىكىگە قاراپ باشقا ئىشقا قويغۇدەك» دېگەن گەپلەر چىققانىدى. شۇڭا زۆھرەمۇ ئۆزىنىڭ تەرجىمانلىق كەسپىدىن ئايرىلىپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلىپ باشقا ئورۇنغا يۆتكىلىپ كېتىش نىيىتىگە كەلگەنىدى. لېكىن، تەھرىر بۆلۈمىدىن ئاران تاپقان ئورۇننى مۇنەۋۋەر ئىگىلىۋالدى. شۇنىڭدىن كېيىن زۆھرە ئىدارىدىكى ئۆزگىرىشلەرگە دىققەت قىلىپ يۈردى. ئۇ: «ناۋادا تەشكىلدىن مېنى تەرجىمانلىق كەسپىدىن ئايرىپ تايىنى يوق بىرەر يەرگە تىقىپ قويسا شۇ چاغدا باشقىچە يول تۇتارمەن» دېگەن ئويدا ئىدى. جىددىيلىشىپ كېتىۋاتقان زۆھرە بۆلۈم باشلىقىدىن سورىدى:

— بۇ قېتىمقى تەڭشەشتە مېنى يەنە تەرجىمانلىققا

قويارسلەرمۇ، ياكى...؟

— مەن دەل مۇشۇ ئىش توغرۇلۇق سۆزلىشەي، دەپ كىرىۋىدىم، قارىغاندا سىزنى باشقا ئورۇنغا تەكشەيدىغاندەك قىلىدۇ، شۇڭا ئىدىيىڭىزدە تەييارلىق بولسۇن!

زۆھرە بۇنداق بولارنى خېلى بۇرۇنلا سەزگەن بولسىمۇ، لېكىن بۆلۈم باشلىقىنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ خېلىلا جىددىيلىشىپ قالدى:

— مېنى قايسى بۆلۈمگە ئورۇنلاشتۇرار؟

— خەت-چەك بۆلۈمىدە ئىشلەيدىغاندەك قىلىسىز، — بۆلۈم باشلىقى بۇ گەپلەرنى دېگەندە نېمىشقىدۇر زۆھرەگە ئۇدۇل قارىيالمىدى. زۆھرە ئۆزىنىڭ تەرجىمانلار بۆلۈمىدىن چىقىرىۋېتىلىشىدە مۇشۇ بۆلۈم باشلىقىنىڭمۇ قولى بارلىقىنى دەرھال سەزدى. زۆھرە كۆكەرمە قىزلاردىن بولمىغىنى بىلەن، باشقىلارنىڭ قاش-قاپىقىغا قاراپ ياشاشنى ياقتۇرمايتتى. شۇڭا ئۇ تەشكىلنىڭ ئۇنى ئاخىرى بېرىپ خەت-چەكچى قىلىپ قويغىنىنى پەقەتلا كۆڭلىگە سىغدۇرالمىدى. ئۇ بۆلۈم باشلىقىغا قاراپمۇ قويماي ئورنىدىن دەس تۇردى-دە، سومكىسىنى ئېلىپلا ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى. كارىدورغا چىققاندا ئۇنى ئىچ-ئىچىدىن يىغا تۇتقىلى تۇردى. كۆز چاناقلىرىدىن پاتماي چىقىۋاتقان ياشلار مەڭزىنى بويلاپ تۆۋەنگە سىرغىيتتى. چۈنكى، ئۇ خەت-چەك بۆلۈمىدە قايناق سۇ ئىچىپ كۈن ئۆتكۈزۈشنى ھەرگىز خالىمايتتى.

**44**

كۆڭلى پاراكەندە بولۇپ كېتىۋاتقان زۆھرە چوڭ كوچىغا چىقتى. دەل شۇ چاغدا ئۇنىڭ يانفونى جىرىڭلاپ كەتتى. تېلېفون ئاماندىن كەلگەنىدى.

—ئاپام سۈرىتىڭىزنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇش بولدى، —دېدى ئامان كۈلۈپ تۇرۇپ، —ئۇنىڭ سىزنى يۈزتۇرانە كۆرگۈسى باركەن، شۇڭا سىزنى ئۆيگە باشلاپ باراي دېگەنىدىم...

بۇ گەپنى ئاڭلىغان زۆھرە سەل ئارىسالدى بولۇپ تۇرۇپ قالدى. چۈنكى، قائىدە بويىچە بولغاندا، قىز بالا ئىش پىشماي تۇرۇپ، بولۇپمۇ ئىككى تەرەپنىڭ ئاتا-ئانىسى ماقۇل بولماي تۇرۇپ، ئوغۇلنىڭ ئۆيىگە ئۇسۇپلا بارسا بولمايتتى. ئۇنداق يەڭگىلتەكلىك قىلغان قىز بالىنىڭ ئوغۇل تەرەپتە ئىناۋىتى بولمايتتى. دۇرۇس، زۆھرە ئۇنچىۋالا مۇتەئەسسىپ قىزلاردىنمۇ ئەمەس. شۇنداقتىمۇ زۆھرەنىڭ مىجەزى ئاماننىڭ بۇ تەكلىپىنى ئالدىراپ قوبۇل كۆرمەسلىككە ئۈندەپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە زۆھرە يۈزى تۆۋەن، ناتونۇش ئادەملەردىن بەكلا قورۇنىدىغان قىز ئىدى. شۇڭا تۇلۇمدىن توقماق چىققاندەكلا «ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا بولغۇسى قېيناناڭ بىلەن يۈز كۆرۈشكىن» دېسە، ئەلۋەتتە تەمتىرەپ قالىدۇ-دە! زۆھرەنىڭ ئويىچە بولغاندا، ئاماننىڭ ئاپىسى زۆھرەنىڭ سۈرىتىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ يەتتە ئەزايى ساق قىزلاردىن ئىكەنلىكىنى بىلدى، مىجەز-خۇلقىنىڭ قانداقلىقىنى ئوغلىدىن ئاڭلىۋالسا شۇنىڭ ئۆزى كۇپايە! شۇڭا ئۇ ئاماننىڭ تەلىپىنى رەت قىلدى، ئەمما ئامان: «ۋاقتىنى ئۆزىڭىز بېكىتىڭ، ئىشقىلىپ ئاپام بىلەن بىر كۆرۈشمىسىڭىز بولمايدۇ!» دەپ تۇرۇۋالدى. ئەمەلىيەتتە، زۆھرە ئاماننىڭ ئاپىسى سۈرەتنى كۆرگەندىن كېيىن بۇ ئىشقا قوشۇلمىغانلىقىنى نەدىن بىلسۇن؟! راستىنى ئېيتقاندا، ئاماننىڭ ئاپىسى ئوغلىغا ئۆزىدىن چوڭ قىزنى ئېلىپ بەرگۈسى يوق ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ مەزلۇم زۆھرەنىڭ سۈرىتىنىكى ۋىجىك قىياپىتىنى كۆرۈپ: «تازا بىر ئىنجىمارۇق قىز ئوخشايدۇ، ئۇنداق قىزلار ئىشقا چىدامسىز كېلىدۇ، ئەتە-ئۆگۈن ئاغرىپ-تارتىپ قالسا، ئۆزۈڭ جاپاغا قالىسەن» دەپ

تۇرۇۋالدى. ئامانىنىڭ ئاپىسى ئون ئالتە ياش ۋاقتىدا ئۆزىدىن نەق ئون ياش چوڭ بىر گىلەم سودىگىرىگە ياتلىق بولغانىدى. ئۇ ئائىلىنىڭ ھال-كۈنى ناھايىتى ياخشى بولغاچقا، ئۇ مەزلۇم ئۆي خېنىملىرىدەك پاراغەتتە ياشاپ كەلدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە ئۆلارنىڭ جەمەتى ئېسىلزادىلەردىن بولغاچقا، ئوغلىغىمۇ تىرناقتا توختىغۇدەك قىزلاردىن چېكىپ تۇرۇپ ئېلىپ بېرىشى كېرەك ئىدى. شۇڭا ھازىرغىچە ئوغلى تاپقان لايىقلار ئۇنىڭغا زادىلا يارىماي كېلىۋاتاتتى. شۇڭا ئامان زۆھرە بىلەن تونۇشۇشتىن ئىلگىرى ئاپىسى ئۇنىڭغا پۇلدار ئائىلىنىڭ قىزلىرىدىن ئىككىنى تونۇشتۇرۇپ باقتى. ئۇ مەزلۇم ئوغلىغا: «ناۋادا ئاشۇ قىزلاردىن بىرەرىنى ئالمىساڭ ئالدىڭدا ئۆلۈپ بېرىمەن» دەپ قاقشاپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئامان پەقەت ئۇنىمىدى. ئامانىنىڭ نەزىرىدە ئۇنداق قىزلار جەمئىيەتنىڭ چاكىنا خېنىملىرى ئىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن پىكىرداش، روھىي دۇنياسىنىڭ تىنىقلىقى بىلەن ئۇنىڭ يۈرەك تارىلىرىنى چېكەلەيدىغان قىزنى تېپىپ، شۇنىڭ بىلەن ئۆمۈرلۈك ئۆتكۈسى بار ئىدى. ئامان زۆھرە بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن ئۇنى «غايەمدىكى قىز ئىكەن» دەپ ئويلىدى، لېكىن ئاپىسىنىڭ تەتۈرلۈكى ئۇنى قىيناۋاتاتتى. ئۇ ئاپىسىغا جىق گەپلەرنى قىلدى، ئاپىسىنىڭ ئالدىدا زۆھرەنى كۆرمىسەڭ قېتىملاپ ماختىدى. ئوغلىغا باشقا گەپ تېپىپ بېرەلمىگەن بۇ مەزلۇم ئامانغا: «ھە، بوپتۇ، ئالدى بىلەن مەن شۇ قىزنى بىر كۆرۈپ باقاي» دېگەنىدى. لېكىن، بۇ گەپلەرنى زۆھرەگە دېگىلى بولاتتىمۇ؟ ئۇ پەقەت: «ئاپام، زۆھرەنىڭ مۆلايىم ھەم يۈزى تۆۋەن قىز ئىكەنلىكىنى كۆرسە ئېرىپ قالار» دەپ ئويلىغانىدى. شۇڭا ئۇ زۆھرەگە: «سىزنى ئۆيگە باشلاپ ئاپارمىسام زادى بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە چوڭلارنىڭ ئالدىدا سىز چوقۇم تېرىقچىلىك ئېۋەن تاپالمىغۇدەك دەرىجىدە

ياخشى تەسىر قالدۇرۇپتۇ» دەپ تۇرۇۋالدى.

## 45

ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈنى ياشلار چوڭلارنىڭ ئۆيىگە، بولۇپمۇ ئەڭ يېقىن كىشىلىرىنىڭكىگە ھېيت پەتىسى بىلەن سالامغا بارىدۇ. شۇڭا، زۆھرە ئاماننىڭ ئۆيىگە ھېيتنىڭ ئىككىنچى كۈنى باردى.

زۆھرە ئاماننىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگەندە ئامان ئىشىك ئالدىدا ساقلاپ تۇراتتى. زۆھرە ئامانلارنىڭ ئۆيىنىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلىشى بىلەن تەڭ، ئۇنىڭ يۈرەكلىرى سېلىپ پۇت-قولىغا تىترەك ئولاشقىلى تۇردى.

— تولا تەمترەپ كەتمەڭ، يېنىمىزدا مەن تۇرسام نېمىدىن قورقىسىز؟ — دېدى ئامان زۆھرەنىڭ شامالدا قايرىلىپ قالغان چاچلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ. ھارپا كۈنى شەرىپە چوڭ ئۆيىگە كېلىپ زۆھرە بىلەن ئۇزاققىچە مۇڭداشتى، ھەدىسىگە كۆرۈشۈشنىڭ قائىدىلىرى ۋە قارشى تەرەپنىڭ قاش-قاپىقىغا قاراپ ئىش تۇتۇشنىڭ ئامال-چارىلىرىنى خېلى سۆزلەپ بەردى.

— ئۇ ئۆيگە قۇرۇق قول بارىۋېرىسەن، — دېدى شەرىپە زۆھرەگە چۈشەندۈرۈپ، — قائىدە بويىچە ئۇ مەزلۇم ساڭا سۆيۈنچە بېرىدۇ، ناۋادا ئۇ يانىدىغان چاغدا ساڭا سۆيۈنچە بەرمىسە، «مېنى قوبۇل كۆرمەپتۇ» دەپ چۈشەنسەڭ بولىدۇ، راستتىنلا شۇنداق قىلىپ قالسا بېشىڭنى ئىچىڭگە تىقىپلا يېنىپ چىقماي، چىرايلىق گەپ بىلەن ئۆزۈڭنى بىر كۆرسىتىپ قويغىن، بولامدۇ؟!

زۆھرە شەرىپەنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كەتتى. چۈنكى ئۇ: «ئۇ مەزلۇمنىڭ مېنى قوبۇل كۆرمەسلىكى مۇمكىن

ئەمەس» دەپ ئويلاۋاتـاتتى. زۆھـرە شـەرىپەگە ئـۇ مەزلۇمنىـڭ زۆھرەنىـڭ سـۇرىتىنى كـۆرگەنلىكىنى، بـۇ قېتىم پەقەت يـۈز كۆرۈشـۈپ قويۇش ئۈچۈنلا بارىدىغانلىقىنى دەپ بەردى.

— ئىشقىلىپ، سەن بەكلا قورقۇنچاق جۇمۇ، — دېگەنىـدى شـەرىپە قاقـاقلاپ كۈلـۈپ، — تېرىقچىلىـك ئىشـىنمۇ ناھـايىتى چوڭقۇر ئويلاپ كېتىسەن!

ئامان ئىشىك قوڭغۇرىقىنى بېسىۋىدى، ئەللىـك ياشـلاردىن ھالقىغان بىر ئايال ئىشىكنى ئاچتى. بۇ ئائىلىگە كېلىن بولـۇپ كىرگەنـدىن تـارتىپلا پـاراغەت سـۈرۈپ ئـۆي خېنىمـى بولـۇپ ئۆتۈۋاتقـان ئامانىنىـڭ ئاپىسـى دەل شـۇ ئىـدى. ئـۇ سـەمرىپ تىقىلىپ كەتكەچكە قات ـ قات قورساقلىرى كۆكرىكىدىن ئېگىـز تۇراتتى. تۇلۇمدەك سېمىز مەڭزىدە قوناقچىلىك قارا مېڭـى بـار بۇ مەزلۇم زۆھرەگە قاراپ كۈلۈمسىرىۋىدى، ئېغىزىدىكى ئـالتۇن چىشـلىرى «ۋاللىــدە» چاقنـاپ كەتتـى. ئـۇ زۆھـرە بىـلەن سالاملاشقاچ ئۇنىڭغا چوققىسىدىن تارتىـپ پۇتىنىـڭ ئـۇچىغىچە سەپسېلىپ چىقتى. زۆھرە بۇ قوپال خوتۇننىڭ شـۇ تاپتـا نېمە ئويلاۋاتقانلىقىـدىن بىـخەۋەر ئىــدى. زۆھــرە دەســلەپتە: «ئامانىنىــڭ ئاپىســى بولغانــدىكىن ئوبــدان مەزلۇمــدۇ!» دەپ ئويلىغانىدى، لېكىن خاتا ئويلىغانلىقىنى ھەش ـ پەش دېگۈچە جەزم قىلىپ بولدى. ئامانىنىڭ ئاپىسـى زۆھرەنـى مېھمانخانىغا باشـلىدى. مېھمانخانـا ناھـايىتى كەڭـرى بولـۇپ قـاتمۇ ـ قـات سـېلىنىۋېتىلگەن ئېسـىل گىلەمـلەر بىـلەن نەپىـس ئىشـلەنگەن تـۈركىيە پەردىلـىرى ئـۆيگە بەكمـۇ ياراشـقانىدى. سـاپانىڭ ئالدىدىكى ئاق داستىخانلىق شىرەگە ھېيتلىق قەنت ـ گېزەكلەر شامدەك تىزىۋېتىلگەنىدى، ئېسـىل خرۇسـتال قـاچىلاردا ئۆيـدە قايناتقان مۇراببالار تۇراتتى. زۆھرە ئەمدىلا ئولتۇرۇشىغا ئامـان پەتنۇسـتا چـاي ئەكىـردى. زۆھــرە دەس ئورنىــدىن تــۇرۇپ پەتنۇسـتىكى پىيـالىنى قـوش قـوللاپ ئالـدى. شـۇ ئارىلىقتـا

زۆھرەگە چاقماق تېزلىكىدە سەپسېلىپ بولغان ئاماننىڭ ئاپىسى ئىچىدە: «ئۆزىغۇ سۈرەتتىكىدەكلا چىرايلىقكەن، لېكىن نېمانچە ۋىجىك» دەپ ئويلىدى.

ئۇ زۆھرەنىڭ چوكىدەك ئىنچىكە، ھەم نازۇك بارماقلىرىغا قاراپ رايى يانغىلى تۇردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە زۆھرە تىرناقلىرىغا كۈمۈش رەڭ لاك سۈرۈۋالغان بولغاچقا، پىيالىنى تۇتقاندا ئۇنىڭ تىرنىقى چىراغ نۇرىدا «ۋاللىدە» چاقناپ قالدى. بۇنى كۆرگەن سېمىز خېنىم يەنە ئويلىغىلى تۇردى: «تىرنىقىغا بىرنېمە سۈۋىۋالغان مەزلۇم ئاش-تاماق ئېتىپ، كىر-قات يۇيالامتى؟ ئاشۇ قولى بىلەن ئەتكەن تاماقنى كىم يەيدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە يېشى بەكلا چوڭكەن بۇنىڭ! بىرنى تۇغۇپلا بوشاپ كېتىدۇ!»

ئاڭغىچە ئامان كېلىپ زۆھرەنىڭ يېنىدا ئولتۇردى، ئاپىسى ئۇنىڭغا قاپىقىنى تۈرۈپ قويدى، ئاپىسىنىڭ ئويىنى چۈشەنمىگەن ئامان ئارىدىكى كەيپىياتنى كۆتۈرۈپ، ئاپىسىنىڭ قاپىقىنى ئېچىش نىيىتىدە بىرنەچچە ئېغىز چاقچاق قىلىپ كۈلدى. لېكىن، ئاماننىڭ ئاپىسى كۈلمەكتە يوق، ئەكسىچە تېخىمۇ تۈرۈلۈپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ زۆھرەنىڭ پىيالىسىگە چاي جىقلاپ قويماقچى بولۇپ چەينەكنى قولىغا ئالدى، ئەمما زۆھرەنىڭ پىيالىدىكى چايدىن بىر يۇتۇممۇ ئوتلىمىغانلىقىنى كۆرۈپ ئاچچىقىدا چەينەكنى شىرەگە قەستەن «دوققىدە» قويۇپ قويدى، بۇنىڭ بىلەن چەينەكنىڭ ئاغزى شىرەگە چۈشۈپ كېتىپ زۆھرەنىڭ ئالدىغا يۇمىلاپ كەلدى، چەينەكنىڭ جوغىسىدىن چىققان چاي داستىخاننى ھۆل قىلىۋەتتى. «ئاپىسىنى بۇنچىۋالا ئەدەپسىزلىك قىلىپ كېتەر» دەپ ئويلىمىغان ئامان گەپتىن توختاپ ئاپىسىغا غەزەپ بىلەن قارىدى. ئۇنىڭسىزمۇ قورۇنۇپ كېتىۋاتقان زۆھرە بۇ سېمىز خېنىمنىڭ قىلىقلىرىدىن گويا تىكەننىڭ ئۈستىدە

ئولتۇرۇۋاتقاندەك ئارامسىزلىنىشقا باشلىدى.

ئۆزىنى ئىسىلزادە خېنىملاردىن سانايدىغان بۇ خوتۇن ئويلىمىغان يەردىن تەربىيىسىز تومپايلىقىنى چاندۇرۇپ قويدى. لېكىن ئىش بۇ دەرىجىگە يەتكەنىكەن، ئۇنى بىر باشقا ئېلىپ چىقىش كېرەك-دە! ئۇ ئامان بىلەن زۆھرەگە كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويدى ۋە ئۆزىنى رۇسلىۋالغاندىن كېيىن گېپىنى قىلدى:

ــ ھىم...! ئامان، قائىدە ئۇقمايدىكەنسەن-ھە، بالام! زۆھرە قىز ئىككىيلەن پاراڭلىشىۋاتقان يەرگە كېلىپ ئولتۇرۇۋالساڭ قاملىشارمۇ؟ سېنى چىقىپ كەت،دەپ ئىشارەت قىلسام نەدىكى بىر تېتىماس گەپلەرنى قىلىپ غېمىڭدە يوق ئولتۇرىسەنغۇ ئادەمنىڭ جۇدۇنىنى ئۆرلىتىپ!

بۇ خېنىمنىڭ دارىتما گەپلىرىنى ئاڭلىغان زۆھرە چىۋىن يەۋالغاندەكلا بولۇپ قالدى. تۇيۇقسىز كەلگەن ئاجايىپ قورقۇنچلۇق بىر خىيالدىن ئۇنىڭ ۋۇجۇدى توك سوقۇۋەتكەندەك تىترەشكە باشلىدى: «بۇ خوتۇن مېنى ياراتمىغان ئوخشىمامدۇ؟» ئۇ ئېغىر خورلۇق ئىچىدە ئۆرتىنەتتى. خەقنىڭ گېپىگە يارىشا گەپ قايتۇرۇشنى ئۆگەنمىگەن زۆھرە شۇ تاپتا نېمە دېيىشنى، قانداق قىلارىنى ئۇقالماي ئېيتقۇسىز ئوڭايسىزلىق ئىچىدە قالدى. ئۇ ئاستا ئورنىدىن تۇردى:

ــ ئامان، مەن قايتاي!

ــ بۇ... سىز... نېمىشقا ئەمدى...؟ ــ خىجالەتچىلىكتە يەرگە كىرىپ كېتەيلا دەپ قالغان ئامانمۇ دۇدۇقلىنىغىچە ئورنىدىن تۇردى.

زۆھرە ئۇدۇل ئىشىك تۈۋىگە كېلىپ ئايىغىنى كىيمەكچى بولۇپ ئېگىشتى. ئاڭغىچە ئاماننىڭ ئاپىسىمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كەلدى ۋە:

— نېمىگە ئالدىرايسىز، زۆھرە قىز، ھېيتتا قۇربانلىقتا ئېغىز تەگمەي ماڭسا قانداق بولىدۇ؟ — دېدى زورىغا كۈلۈپ تۇرۇپ.

زۆھرە شەرىپەنىڭ گەپلىرىنى يادىغا ئالدى. ئۇ ئەسلىدە شەرىپەنىڭ ئاشۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ: «نەدىكى بىر خىياللارنىڭ قىلىپ يۈرىدىكەن» دەپ ئويلىغانىدى، لېكىن ئىشنىڭ ھەتتا شەرىپە پەرەز قىلغانىدىنمۇ بەتتەر بولۇپ كېتىشىنى ئۇ نەدىن بىلسۇن؟! زۆھرە ئېسىنى بىلگەنىدىن تارتىپلا ئاق كۆڭۈل كىشىلەر ئارىسىدا ياشاپ كەلدى. شۇنداق، ئۇنىڭ ئاتىسى ھەم ساددا، ھەم تۈز ئادەم ئىدى، ئاپىسى رەھمەتلىك ناھايىتى ئاق كۆڭۈل مەزلۇم ئىدى، سىڭلىسى شەرىپە گېپى جىق بولغىنى بىلەن كۆڭلىدە كىر ساقلىمايدىغان جىگەرلىك قىز ئىدى. زۆھرەنىڭ ئارىلىشىدىغان دوستلىرىمۇ ئۆزىگە ئوخشاش مۇلايىم، مۆمىنلەردىن ئىدى. ئىشقىلىپ، ئۇ ھازىرغىچە ھېچكىمدىن بۈگۈنكىدەك ئازار يەپ باقمىغانىدى. شۇڭلاشقىمۇ، بۇ سېمىز خېنىمنىڭ بايىقى گەپلىرى ئۇنىڭ جېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ ئامانىنىڭ ئاپىسىغا گەپ قىلىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ھەتتا ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويمىدى. ئۇ ئايىغىنى كىيىپ بولۇپ، ئىشىكنى «غاچچىدە» ئېچىپ چىقىپ كەتتى. ئۇ بىنادىن چۈشكەندە ئامان ئۇنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈپ چىقتى.

— ئامان، ئەمدى مېنى ئىزدىمەڭ، خەيرخوش! — دېدى زۆھرە ئامانغا ۋە ئۇنىڭ ئۆزىگە يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ يۈگۈرۈپ دېگۈدەك دەرۋازىدىن چىقتى. تەلىيىگە تۇيۇقسىز كېلىپ قالغان تاكسىنى دەرھال توستى-دە، ماشىنىغا چىقىپلا ئىشىكنى «گۈپپىدە» ياپتى. ئامان يېتىشىپ كەلگۈچە تاكسىمۇ دەرۋازىدىن خېلىلا ئۇزاپ كەتتى. كۆزى قاراڭغۇلىشىپ، يەر جاھان چۆرگىلەۋاتقاندەك بىلىنىپ

كېتىۋاتقان ئامان نېمە قىلارىنى بىلەلمەي ئورنىدا قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپلا قالدى.

## 46

زۆھرە ئۆيگە كىرىپ كەلگەندە سۇلايمان بىلەن ئاسىيە ھېيت پەتىچىلىرىنى ئۇزىتىپ قويۇپ ساپادا پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. سۇلايمان زۆھرەنى كۆرۈپلا ئۇنى يېنىغا چاقىردى. ئاسىيەمۇ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ كۈلۈمسىرىدى:

— ئازراق نەرسە يەمسىز؟

زۆھرە:

— ياق، ساۋاقداشلىرىمنىڭ ئۆيىدە تاماق يېگەن! — دېدى-دە، ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى. زۆھرەنىڭ چىرايىدىن بىرەر ئىش بولغانلىقىنى سەزگەن سۇلايمان دەرھال ئاسىيەگە قارىدى:

— چىرايى ئۆمسە تۇرىدۇ، مىجەزى يوقمۇ نېمە بۇ بالىنىڭ؟ كىرىپ سوراپ باقە!

سۇلايماننىڭ بالىلارنىڭ دىلى سۇنغان چاغلاردا چىرايلىق گەپلەرنى قىلىپ يۇرۇپ «ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئالسۇن» دېگەن نىيەتتە ئۆزىنى زۆھرەنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ بېقىشقا بۇيرۇۋاتقانلىقى ئاسىيەنىڭ كۆڭلىگە ئايان ئىدى. ئاسىيە زۆھرەنىڭ ھۇجرىسىغا ئاستا كىرىپ قارىسا زۆھرە كارىۋاتتا ياتاتتى. دېرىزە پەردىسى ھەم قېلىن، ھەم ھىم ئېتىلگەن بولغاچقا ئۆينىڭ ئىچى غۇۋا ئىدى. زۆھرە ئاسىيەنىڭ كىرگەنلىكىنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇردى.

— بولدى، قوپماڭ، يېتىۋېرىڭ، — دېدى ئاسىيە، — مىجەزىڭىز يوقمۇ نېمە؟

— ياقەي، چارچاپ قالغان ئوخشايمەن، — دېدى زۆھرە.

لېكىن، ئاسىيە زۆھرەنىڭ سولغۇن چىرايىدىن يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر يەرلىرىدىن ئېغىر ھەسرەت قايناۋاتقانلىقىنى سېزىپ بولدى. ئاسىيە ئىتتىك ئاشخانىغا كىرىپ مۇنەۋۋەرگە:

— قاچىلارنى مەن يۇيۇۋېتەي، سەن زۆھرە ئاچاڭغا شورپىدىن بىر چىنە ئەكىرىپ بەرگىن، — دېدى.

لېكىن، مۇنەۋۋەر ئاپىسىغا ئالايدى:

— ئاپا، قىزىقكەنسەنغۇ؟ قايسى كۈنى ئۇ مېنى ئۇرغان تۇرسا، مانا ئەمدى ئۇنىڭغا تاماق ئەكىرىپ بەرگىن دەۋاتىسەن، مەن ئۇنىڭ سېتىۋالغان قۇلىمىدىم؟ ئەكىرمەيمەن!

— بەكلا خاپا كۆرۈنىدۇ، ھازىرغىچە بىرنەرسە يېمىگەنىدەكمۇ قىلىدۇ، رەڭگىمۇ تامدەك تاتىرىپ كېتىپتۇ. ماڭە، بالام، ئۇنداق قىلماي ئەكىرىپ بەرگىن! — ئاسىيە مۇنەۋۋەرنىڭ يۈزلىرىنى سىلىدى.

— ياق دېدىممۇ، ياق! مېنىڭمۇ ئۆزۈمگە تۇشلۇق غۇرۇرۇم بار. ھېلىمۇ سېنىڭ زورىڭ بىلەن ئۇنىڭغا گەپ قىلدىم، شۇنچىلىك قۇربان بەرگىنىممۇ يېتەر! مانا ئەمدى ئۇنىڭ ئالدىغا تاماق ئەكىرىپ بەرگىن دەۋاتىسەن، ئۆزۈڭ كىر! مەن كىرمەيمەن! — مۇنەۋۋەر ئەيۋەشكە كېلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

— نېمە؟ غۇرۇر دېدىڭما؟ غۇرۇر دېگەنچۇ يۈرەكتە بولىدۇ، گېزى كەلگەندە خەقكە كۆرسىتىسەن، بولمىسا يۈرىكىڭنىڭ چوڭقۇر قېتىدا ساقلىنىدۇ، بىلەمسەن؟

— بىلمەيمەن!

ئاڭغىچە مۇنەۋۋەر قاچىلارنىمۇ يۇيۇپ بولدى، ئۇ پەرتۇقنى ئېلىۋېتىپ سىرتقا قاراپ مېڭىۋىدى، ئاسىيە ئۇنى توسۇۋالدى.

— سەن ھاياتنى ئاجايىپلا چۈشىنىدىكەنسەن، شۇڭا ھازىرغىچە كۆيۈپ كۈل بولمىدىڭيۇ، ئۇنىڭ بېرىسىنى قىلدىڭ، لېكىن بىرەر كۈننى بەختلىك ئۆتكۈزۈپ باقتىڭمۇ؟

ئۆتكەن كۈنلىرىڭگە بىر-بىرلەپ سەپسېلىپ باقە!
مۇنەۋۋەرنىڭ بۇ گەپلىرىدىن ئاسىيەنىڭ يۈرىكى گويا پىچاق ئۇرغاندەك ئېچىشقىلى تۇردى. قاققان قوزۇقتەك ھاڭۋېقىپ تۇرۇپلا قالغان ئاسىيەنىڭ كۆز ياشلىرى مەڭزىنى بويلاپ ئېقىپ يەرگە تامچىلىدى. ئېچىشقان يەرگە تۇز سەپكەندەك گەپ قىلىپ قويغانلىقىدىن پۇشايمان قىلغان مۇنەۋۋەرمۇ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى. ئۇ بىردەمدىن كېيىن بېرىپ ئاپىسىنى دولىسىدىن قۇچاقلىدى:
— بولىدۇ، ئاپا، مەن ئەكىرىپ بېرەي، سەن خۇشال بولىدىغانلا ئىش بولسا نېمە قىل دېسەڭ شۇنى قىلاي!
ئاسىيە ياشلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ ئاشخانىدىن چىقىپ كەتتى.
سۇلايمان مېھمانخانىدىكى ساپادا ئولتۇرغىنى بىلەن كۆڭلى زۆھرەدە ئىدى. ئاسىيە زۆھرەنىڭ يېنىغا كىرىپ كېتىپ چىقمىغانلىقىنى كۆرگەن سۇلايمان تېخىمۇ ئولتۇرالماي قالدى. ئۇ تېلېۋىزورنى ئېتىۋېتىپ بېرىپ زۆھرەنىڭ ئىشىكىنى بوشقىنە چەكتى، ئاندىن ئىشىكنى ئېچىپ كىردى.
— ئاسىيە ئايلاڭ قېنى؟ — دەپ سورىدى سۇلايمان قىزنىڭ كارىۋاتتا سۇنايلىنىپ ياتقانلىقىنى كۆرۈپ.
— چىقىپ كەتكەن، — دېدى زۆھرە ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ كارىۋاتنىڭ لېۋىگە كېلىپ ئولتۇردى.
ئۆينىڭ قاراڭغۇلۇقىدىن ئىچى پۇشقان سۇلايمان بېرىپ دېرىزە پەردىسىنى ئېچىۋىدى، ئۆي ئىچى «ۋاللىدە» يورۇدى. ئەمما، كۆڭلىنىڭ ئارامى يوق زۆھرە دېرىزىدىن ئۇدۇل كىرگەن كۈن نۇرىدىن ئۆزىنى قاچۇرغاندەك كۆزلىرىنى يۇۋۇلدى. سۇلايمان ئۇستەلنىڭ ئالدىدىكى ئورۇندۇقنى زۆھرەنىڭ ئۇدۇلىغا تارتىپ ئەكېلىپ ئولتۇرۇپ:
— قىزىم، بۈگۈن ساڭا بىر ئىش بولغاندەك قىلىدۇ، دېگىنە زادى نېمە ئىش بولدى؟ قولۇمدىن كېلىدىغانلا ئىش

بولسا ساڭا ياردەم قىلىمەن.

— ھېچنېمە بولمىدى!

— ھەي... سېنىڭ مۇشۇ ئىچىمىدىكىنى تاپ دەپلا ئولتۇرۇۋالىدىغان ئىشىڭزە... ئىچىڭدىكىنى ئوچۇق-يورۇق دەپ باقساڭ بولمامدۇ، دەيمىنا؟! ھېلىقى... ئىسمى نېمىدى...؟ شۇنىڭ بىلەن قىزىرىشىپ قالدىڭمۇ - يە؟

سۇلايمان راستتىنلا شۇنداق دەپ ئويلىغانىدى. زۆھرەنىڭ يىغلىۋېتەيلا دەپ قېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن سۇلايمان گېپىنى باشقىچە داۋاملاشتۇردى:

— قىزىم، ھالىڭغا يېتىدىغان ئاپاڭ يوق، ماڭا دېيىشكە بىئەپ كۆرگەن بەزى گەپلىرىڭنى ئاسىيە ئايلاڭغا دېگىن بولامدۇ؟ ئۇمۇ سىلەرگە قەۋەتلا ئامراق!

زۆھرە ئاتىسىنىڭ كۆزىگە قاراپ قويۇپ باشقا گەپ قىلمىدى.

— ئۇنىڭ ئاپاڭدەك ھالىڭلارغا يېتەلمەيدىغانلىقىنى بىلىمەن، — دېدى سۇلايمان زۆھرەنىڭ كۆزلىرىدىن ئۇنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى سەزگەندەك، — شۇنداقتىمۇ ئۇ... — سۇلايمان زۆھرەنىڭ تۇيۇقسىزلا ئېسەدەپ يىغلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپلا قالدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدى تىترەۋاتاتتى. سۇلايمان قىزىنىڭ قوللىرىنى ئالىقىنىغا ئالدى، زۆھرەنىڭ قوللىرى مۇزدەك سوغۇق ئىدى. قىزىنىڭ كۆڭلىنى ياساپ گەپ قىلىۋاتقان سۇلايمان زۆھرەنىڭ بۇرنىدىن تۇيۇقسىزلا قان كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى، ئەمما زۆھرە ئۇنى سەزمىگەنىدى.

— ۋۇي، بالام، بۇرنۇڭ قاناۋاتىدۇغۇ...؟ بوله، بول...! قولۇڭ بىلەن ئېتىۋال!

سۇلايمان ئاشخانىغا كىرىپ قەغەز قولياغلىق ئاچىقىش ئۈچۈن يۈگۈرۈۋىدى، مېھمانخانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇنىڭغا

قاراپ كېلىۋاتقان ئاسىيەگە سوقۇلۇپ كەتكىلى تاس قالدى. سۇلايماننىڭ ئۆگسۈلى ئۆچۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن ئاسىيە زۆھرەگە بىرەر ئىش بولغان ئوخشايدۇ، دەپ قورقۇپ كەتتى ۋە ئىتتىك زۆھرەنىڭ ھۇجرىسىغا كىردى. ئەمما، زۆھرە تازىلىق ئۆيىگە ئېغىز-بۇرنىنى يۇيۇۋېتىش ئۈچۈن ماڭغانىدى. ھودۇقۇپ كەتكەن ئاسىيە ئۇنىڭغىمۇ ئۇسۇپ سالغىلى تاس قالدى. ئاسىيە زۆھرەنىڭ ئېغىز-بۇرنىدىكى قىپقىزىل قاننى كۆرۈپ قورققىنىدىن پۇت-قولىدا جان قالمىدى. ئۇ ئىتتىك بېرىپ زۆھرەنىڭ قولتۇقىدىن يۆلىدى:

— ۋىيەي، نېمە بولغانسىز ئەمدى؟!

— ۋايتاڭ! مەنمۇ بىلمىدىم، تۇيۇقسىزلا قاناپ كېتىۋاتىدىغۇ!

ئاسىيە زۆھرەنى قولتۇقىدىن يۆلەپ تازىلىق ئۆيىگە ئەكىردى ۋە ئۇچۇمىغا سوغۇق سۇدىن ئېلىپ زۆھرەنىڭ پېشانىسىگە ياقتى. ئاڭغىچە سۇلايمانمۇ كىرىپ كەلدى. زۆھرەنىڭ بۇرنىدىكى قاننىڭ توختىماي ئېقىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن سۇلايمان ئۇنى ئۇنىمىغىنىغا قارىماي يېقىندىكى شىپاخانىغا ئاپىرىپ، شىپاخانىدىكى دوختۇرلار قاننى بىر ئامالىلارنى قىلىپ توختاتتى، ئەمما زۆھرەنىڭ چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتكەنىدى. سۇلايمان بىلەن ئاسىيە زۆھرەنى ئۆيىگە يۆلەپ ئەكىردى. ئۇلار شىپاخانىدىن چىقىدىغان چاغدا ياشقا چوڭراق بىر دوختۇر ئۇلارغا:

— ئىككى كۈن كۆزىتىپ بېقىڭلار، بۇرنىدىن يەنە قان كەلسە، مېنىڭچە چوڭراق دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ تەكشۈرتۈپ باقساڭلار بولغۇدەك، — دېدى.

خېلىلا ھالسىزلىنىپ كەتكەن زۆھرە ئۆيىگە كىرىپلا كارىۋاتتا سۇنايلىنىپ ياتتى. سۇلايمان زۆھرەنىڭ كارىۋىتىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ مۇزدەك قوللىرىنى توختىماي سىلايتتى.

ئۇنىڭ گەرچە دوختۇرلۇقتىن خەۋىرى بولمىسىمۇ، لېكىن دوختۇرنىڭ بايىقى گەپلىرىدىن زۆھرەنى بىرەر كېسەلگە مۇپتىلا بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ، دەپ پەرەز قىلدى. ئويلىغانسېرى گويا بىرەر بالا-قازانى تۇيغاندەك ئۇنى قورقۇنچ بېسىپ كېتىۋاتاتتى.

«ئاھ، خۇدا! ــ دەپ نالە قىلاتتى سۇلايمان ئىچىدە، ــ بىچارە قىزىمنى ساغلام، ئېسەن قىلغايسەن! كەرەملىك ئاللا، قىزىم ئالدىڭدا نىمە گۇناھ قىلغان بولسا ئۇنىڭغا كېلىدىغان جازانى ماڭا بەرگەيسەن! ئۇ تېخى ياش، كۆرىدىغان كۈنلىرى ئالدىدا...!» سۇلايمان بۇ ئىلتىجالىرىنى ئىچىدە نەچچە قېتىملاپ تەكرارلىدى. ئادەملەرمۇ قىزىقكەن! غەمسىز، خاتىرجەم چاغلىرىدا ياراتقۇچىنى يادىغا ئېلىپ قويمايدىكەن، بېشىغا كۈن چۈشۈپ ئارامخۇدا كۈنلىرى بۇزۇلغان ھامان ئۇنىڭغا يېلىنىپ ئۆزىگە ئەمىنلىك تىلەيدىكەن! دۇرۇس، بۇنىمۇ چۈشىنىشكە بولىدۇ. دۇنيادا كىممۇ سائادەت ئىچىدە خاتىرجەم ياشاشقا ئىنتىلمەيدۇ دەيسىز؟!

مۇنەۋۋەرنىڭ زۆھرەگە ئەتكەن شورپىسىمۇ تەييار بولدى. ئۇ شورپىنى ئەكىردى. زۆھرە قولىنى يۇياي دەپ ھاجەتخانىغا چىقماقچى بولۇۋىدى، مۇنەۋۋەر ئۇنىمىدى. ئۇ ئاپتۇۋا-چىلاپچىنى ئەكېلىپ زۆھرەنىڭ قولىغا سۇ بەرمەكچى بولدى. بۇنى سەل بىئەپ كۆرگەن زۆھرە قولىنى ئۆزى يۇيماقچى بولۇپ ئاپتۇۋاغا قول ئۇزىتىۋىدى، مۇنەۋۋەر ئۇنىڭغىمۇ ئۇنىمىدى. ئىلاجسىز قالغان زۆھرە قولىنى چىلاپچىغا تۇتۇپ تۇرۇپ مۇنەۋۋەرگە تەڭلىدى، مۇنەۋۋەر ئۇنىڭ قولىغا سۇ قويۇپ بەردى. زۆھرە مۇنەۋۋەر تەڭشەپ ئەكىرگەن ئىللىق سۇدا يۈز-قولىنى پاكىز يۇيدى، ئاندىن مۇنەۋۋەر ئۇنى كارىۋاتتىن يۆلەپ چۈشۈرۈپ ئۈستەلنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. زۆھرە ئاۋايلاپ ئولتۇرۇپ مۇنەۋۋەر ئەتكەن شورپىنى

ئالدىرىماي ئىچتى. ئۇ شورپىنى پاك-پاكىز ئىچىپ بولغاندىن كېيىن مۇنەۋۋەر ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ، يەنە كارىۋىتىغا چىقىرىپ قويدى. بۇنى باشتىن-ئاياغ كۆرۈپ تۇرغان سۇلايمان ئويلاپ قالدى: «ھەي، بۇلار مەڭگۈ مۇشۇنداق ئۆتكەن بولسا نېمىدېگەن ياخشى بولار ئىدى-ھە!»

مۇنەۋۋەر ئاشخانىغا چىقىپ قاچا-قۇچىلارنى يۇيۇۋەتمەكچى بولدى. شۇ ئارىدا ئاسىيە ئاشخانىغا كىرىپ قىزىنىڭ چاچلىرىنى سىلىدى:

—ھەببەللى، ئەمدى مېنىڭ قىزىمغا ئوخشىدىڭ، جېنىم بالام!

—زۆھرە ئاچام نېمە بوپتۇ؟ چىرايى بەكلا ئوسال تۇرىدۇ، مەن ئەنسىرەپ قېلىۋاتىمەن، ئاپا! —دېدى مۇنەۋۋەر ئېغىر خورسىنىپ تۇرۇپ.

—نېمە بولىدىكىنتاڭ، بايىقى دوختۇر چوڭراق دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ تەكشۈرتۈپ بېقىڭلار دېگەن گەپنى قىلىۋاتىدۇ، بىرەر كېسەل بولۇپ قالمىغاي، ئىلاھىم! زۆھرە قىز ئالىمادىن ئاغرىپ قالغۇدەك بولسا ئاتاڭغا ئېغىر كېلىدۇ، بالام!

—خۇدايىم ساقلىسۇن! —دېدى مۇنەۋۋەر ئاپىسىغا تەلمۈرۈپ تۇرۇپ. مۇنەۋۋەر ناھايىتى قەيسەر قىز ئىدى، ئۆزىنىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا، ۋىجدانلىق، غۇرۇرلۇق قىز ئىدى. لېكىن دەل مۇشۇنداق بالىلارنىڭ كۆيۈنچىسىنىڭ كۆڭلى يۇمشاق كېلىدۇ. شۇنداق ئەمەسمۇ؟ بىر سائەت ئىلگىرىلا ئۇ زۆھرەنىڭ قىلغىنىغا ئاچچىقلاپ ئاپىسىنىڭ گېپىگە ئۇنىمىغانىدى. مانا ئەمدى زۆھرەنىڭ ھالىنى كۆرۈپ خۇددى ئوتقا چۈشكەن قاردەك ئېرىپلا كەتتى. گەپنىڭ راستىنى ئېيتقاندا، شۇ تاپتا ئۇنىڭ زۆھرەگە بولغان ئۆچمەنلىكى ئاللىقاياقلارغا ئۇچقانىدى. شورپىنى ئىچكەندىن كېيىن سەل-

پەل تەرلىگەن زۆھرە ئاستا-ئاستا ئۇيقۇغا كەتتى. سۇلايمان ئۇنىڭ يوتقىنىنى تۈزەشتۈرۈپ يېپىپ قويغاندىن كېيىن پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ چىقىپ كەتتى. ئۇ مېھمانخانىغا ئەمدىلا چىقىپ تۇرۇشىغا تېلېفون جىرىڭلىدى. سۇلايمان ئىتتىك بېرىپ تېلېفوننى ئېلىۋىدى، قارشى تەرەپتىن ناتونۇش بىر ئەر كىشىنىڭ ئۈنى كەلدى:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئايەملىرىڭە مۇبارەك بولغاي! — سۇلايمانغا بۇ ئاۋاز سەل-پەل ئەندىكىپ چىقىۋاتقاندەك تۇيۇلدى.

بۇ كىشىنىڭ زادى كىملىكىنى كۆڭلى تۇيغان سۇلايمان تاقەتسىزلىك بىلەن سورىدى:

— ئۆزلە كىم بولىلا؟

— مەن... مەن... ئىسمىم ئامان، زۆھرەنىڭ ئوقۇتقۇچىسى...

— ئامان؟

سۇلايمان بۇ ئىسمنى زۆھرەدىن جىق ئاڭلىغانىدى، ھەم زۆھرەنىڭ ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ يۈرۈۋاتقانلىقىنىمۇ بىلەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۈگۈن زۆھرەنىڭ تالادىن سالپىيىپ كىرىپ، ئاخىرىدا ھازىرقىدەك ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنىمۇ دەل ئاماندىن كۆرۈۋاتاتتى. زۆھرەنىڭ تاپىنىغا تىكەن كىرىپ كەتسىمۇ يۈرەكلىرى سىرقىراپ كېتىدىغان سۇلايمان ئامانغا قوپاللا تەگدى:

— بىلدىم، ھە، نېمە ئىش؟

— زۆھرەگە ئېككى ئېغىز گېپىم بار ئىدى.

— ئۇ ئاغرىپ قالدى، مىدىرلىغۇدەك ھالى يوق ياتىدۇ، نېمە گېپىڭىز بولسا ماڭا دەڭ، مەن ئۇنىڭ ئاتىسى!

— ھە... بۇ... كەچۈرسىلە تاغا ئۇنىڭ ئۆزىگە دەيدىغان گەپ ئىدى... — دېدى ئامان بىردەم گەپ قىلماي جىمىپ كەتكەندىن كېيىن قارىغاندا، ئۇ بۇ گەپلەرنى ناھايىتى

تەسلىكتە دەۋاتقاندەكمۇ قىلاتتى.

— قانداق گەپ بۇ ئەمدى؟ ئاغرىپ قالدى، مىدىرلىغۇدەك ھالى يوق دېدىمغۇ، كېيىن سۆزلىشەيلى، — سۇلايمان تېلېفوننى زەردە بىلەن بېسىۋەتتى.

سۇلايمان بۇرۇلۇپ ئەمدى ماڭغاي دەپ تۇرۇشىغا تېلېفون يەنە جىرىڭلاپ كەتتى. ئۇ تېلېفوننى ئېلىۋىدى يەنە ئامانىنىڭ ئۈنى كەلدى. ئامانىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان سۇلايمانىنىڭ جۇدۇنى تۇتتى:

— ۋۇي، كېيىن سۆزلىشەيلى، دېدىمغۇ، يەنە نېمىگە ئادەمنى ئاۋارە قىلىسىز؟

دەل شۇ چاغدا ئاسىيە چىقىپ قالدى. ئۇ سۇلايمانىنىڭ تېلېفوندا بىرىگە دېگەن بايىقى گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئاچچىقىدا بىرەرى بىلەن تەرگىشىپ قالمىغىيتتى، دەپ چىققانىدى. ئۇ ھەم بەزىبىر نازۇك ئىشلارنى بىرتەرەپ قىلىشتا ئۆزىنىڭ سۇلايمانغا قارىغاندا ئېپى بار دەپ قارايتتى. ئاسىيە سۇلايمانىنىڭ بېقىنىدا تۇرۇپ تۇرۇپكىدىن كېلىۋاتقان ئاۋازنى ئاڭلىدى:

— تاغا، مەن سىلىنىڭ يېنىلىرىغا باراي دېگەن! بۇنداق قىلسا توغرا بولمايدىغانلىقىنى بىلىمەن، لېكىن زۆھرەنى ئاغرىپ قالدى دېۋىدىلە، بەكلا ئەنسىرەپ قالدىم، ئۆيلىرى نەدە؟

سۇلايمانىنىڭ بۇ گەپلەرگە قۇلاق سېلىشقا نەدىمۇ رايى بولسۇن؟ ئۇ تېلېفوننى قويۇۋەتمەكچى بولۇۋىدى، ئاسىيە تۇرۇپكىنى قولىغا ئېلىۋالدى:

— ۋەي، ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! سىلى ئامانمۇ؟ مەن زۆھرەنىڭ ئاپىسى بولىمەن، نېمە ئىشلىرى بولسا ماڭا دېسىلە!

سۇلايمان: «يوقىلاڭ ئىشلارغا ئارىلىشىدىغان خوتۇنكەن بۇ!» دېگىنىچە ئاچچىقلاپ بېرىپ ساپاغا كېلىپ ئولتۇردى.

دە، تېلېۋىزورنىڭ تىزگىنىكىنى قولىغا ئالدى.

ئاسىيە ئامان بىلەن خېلى ئۇزاققىچە پاراڭلىشىپ ئاخىرى ئۇنىڭغا ئۆينىڭ ئادرېسىنى دەپ بەردى. بۇنىڭغا سۇلايماننىڭ راستتىنلا ئاچچىقى كەلدى، لېكىن ئاسىيەنىڭمۇ ئويلىغىنى بار ئىدى. يېڭىدىن تونۇشۇپ ئارىلىشىۋاتقان ياشلارنىڭ ماي تارتىشىپ قېلىشى نورمال ئىش. ناۋادا ئامان كەلسە ئۇنىڭدىن بەزىبىر ئەھۋاللارنى ئىگىلىگەچ بولغۇسى كۈيئوغۇلنى كۆرۈپ، كۆڭلىدە سان تۇرغۇزغىلى بولىدۇ. بۇنىڭ نەرى يامان؟ لېكىن، سۇلايمان كۈيئوغۇل بولماقچى بولغان بىرەيلەننىڭ توي قىلىشتىن ئىلگىرى ئۆسۈپلا كىرىشىنى چوڭلارغا قىلغان ھۆرمەتسىزلىك دەپ قارايتتى. ئاسىيە ئۇنىڭغا كۈلۈپ تۇرۇپ چۈشەندۈرگىلى تۇردى:

— يوسۇن دېگەن يوسۇن! ناۋادا ئۇ بەزى ئىشلارغا توسقۇنلۇق قىلغۇدەك بولۇپ قالسا، ئۇنداق يوسۇننى ۋاقتىنچە بىر چەتكە قايرىپ قويسىمۇ بولىدۇ. ئادەم دېگەنچۇ، قارىسىلا، بۇ دۇنيادا يوسۇن ئۈچۈن ئەمەس، تېخىمۇ ياخشى ھايات كەچۈرۈش ئۈچۈن ياشايدۇ!

ئاسىيەنىڭ بۇ گەپلىرىدىن ھەيران قالغان سۇلايمان ئۇنىڭغا خۇددى ئەمدىلا كۆرۈۋاتقاندەك قاراپ كەتتى:

— پاھ، ھوي...! سېنى ئادەتتىكى بىر ئۆي خوتۇنى دېسەم، ئەسلىدە پەيلاسوپكەنسەنغۇ!

— نېمە ئۇ پەيلاسوپ دېگەن، — دېدى ئاسىيە ئەركىلىگەندەك سۇلايماننىڭ دولىسىغا نوقۇپ قويۇپ، — تېلېۋىزوردا جىق گېپىنى قىلىدىغان كىمۇ ھېلىقى... «زامان بىلەن تەڭ مېڭىڭلار» دېگەن ئادەم؟ دېڭ شياۋپىڭمۇ، پېڭ شياۋدېڭمۇ... ئىشقىلىپ، ئۇ كىشى بەكمۇ ئۇلۇغ ئادەمكەن... ئۇنىڭ دېگىنىمۇ «كونا يوسۇنلارغا بەك ئېسىلىۋالماڭلار، سۇنىڭ ئېقىشىغا قاراپ يېڭى ئىشلارنى قىلىڭلار» دېگەن گەپتۇ؟!

سۇلايمان ئاسىيەنىڭ گەپلىرىگە تېخىمۇ ھەيران قالدى:
— سېنى بوش چاغلاپتىكەنمەن جۇمۇ! ئويلاپ باقسام، نەچچە ئون يىل كادىر بولغىنىم بىلەن ئاخىرقى ھېسابتا ساڭا يېتەلمەپتىمەن. بۇنىڭدىن كېيىن مېنى ئانچە-مۇنچە ئوقۇتساڭ بولغىدەك-دە! لېكىن، دەپ قوياي، ھېلىقى گەپنى دېگەن ئادەم دېيىڭ شىياۋپىڭ ئەمەس جۇمۇ، ئانچە-مۇنچە گېزىت كۆرۈپ قوي!
سۇلايمان بۇ گەپلەرنى ئاسىيەنى ماختاپ دېدىمۇ ياكى مازاق قىلىپ دېدىمۇ، ئىشقىلىپ، ئۇنىڭ قايىل بولغانلىقى ئاسىيەگە ئايان ئىدى. ئۇ پىخىلداپ كۈلگىنىچە سۇلايماننىڭ بىلىكىگە قولىنى ئىلدى:
— سىلى ئولتۇرۇپ تېلېۋىزور كۆرگەچ تۇرسىلا، مەن كىرىپ تاماق قىلاي! مۇنەۋۋەر ساۋاقداشلىرىنىڭ چېيىغا بارارمىش! — ئاسىيە بىلىكىنى سۇلايماننىڭ بىلىكىدىن ئاجرىتىپ يەڭلىرىنى تۈردى-دە، ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى.
سۇلايمان ساپادا بىردەم ئولتۇرۇپ باقتى، لېكىن ئاماننىڭ سەل تۇرۇپ كېلىدىغانلىقىنى ئويلاپ ئىچى تىتىلدىغىلى تۇردى. چۈنكى، ئۇنىڭ ئامان بىلەن زادىلا كۆرۈشكۈسى يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئاچچىقى شۇ ھامان چىرايىغا چىقىپ كېتىدىغان ئادەم بولغاچقا، مېھماننى ئوڭايسىزلاندۇرۇپ قويۇپ ئاخىرقى ھېسابتا قىزىنى لەت قىلىپ قويۇشتىن ئەنسىرەۋاتاتتى. شۇڭا ئۇ ئامان كەلگۈچە ئۆزىنى دالدىغا ئالماقچى بولدى.
— مەن ھازىر بىر پېشقەدەم باشلىقىمىزنىڭ ئۆيىگە پەتىگە بارىمەن، كەچلىك غىزانىمۇ ماڭا قارىماي يەۋېرىڭلار، — دېدى ئۇ ئاشخانىغا كىرىپ ئاسىيەگە. ئاسىيەمۇ ئۇنىڭ «ئامانغا كۆرۈنمەي» دېگەن نىيەتتە شۇنداق قىلىۋاتقانلىقىنى بىلەتتى.
— ئۇنداق بولسا قېلىنراق كىيىنسىلە، — دېدى ئاسىيە، — تالا بەكلا سوغۇقتەك قىلىدۇ، بەك كەچمۇ قالمىسىلا!

— ۋاي بولدى، بولدى، ئۆگەتمىسەڭمۇ بىلىمەن، — ئۇ ئىتتىك ئارقىغا بۇرۇلۇپ مېڭىپ يەنە توختاپ قالدى، — كۆرۈپمۇ باقمىغان بىرىگە ھاپىلا - شاپىلا ئۆيىنىڭ ئادرېسىنى دەپ بەردىڭ... ھەي... ئۆزۈڭ تاپقان ئىشنى ئەمدى ئۆزۈڭ بىر تەرەپ قىل...!

ئاسىيەنىڭ نەزىرىدە سۇلايماننىڭ مىجەزى باللارغىلا ئوخشايتتى. ئۇ ئادىتى بويىچە قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن ئېغىزىنى توسۇپ تۇرۇپ يەنە ۋىلىقلاپ كۈلگىلى تۇردى.

— نېمىگە كۈلەتتىڭ؟ — سۇلايمان ئاسىيەگە ئالايدى.

— كەچكە تاماق قىلىسەن، شۇنداققۇ؟ — دەپ سورىدى سۇلايمان يەنە قاپىقىنى تۈرۈپ تۇرۇپ، — ماڭا تاماق ئېلىپ قويۇشنى ئۇنتۇپ قالما - ھە!

سۇلايمان چىقىپ كېتىپ ئون مىنۇت ئۆتە - ئۆتمەي ئامانمۇ كەلدى. ئامان ئاسىيەنى كۆرۈپلا ئۇنىڭ زۆھرەنىڭ ئۆگەي ئاپىسى ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئاسىيەنىڭ ھەم ئوچۇق، ھەم خۇش چىراي مەزلۇم ئىكەنلىكىگە ھەيران قالغان ئامان ئويلاپ قالدى: «زۆھرەنىڭ بۇ ئۆگەي ئاپىسى خېلى بولىدىغان ئايالدەك قىلىدۇيۇ، لېكىن زۆھرە ئۇنى بىرەر قېتىممۇ تىلغا ئېلىپ ماختاپ باقمىدى، ھەتتا ئۇنىڭ ئېتى چىقسىلا ئۇھ تارتىپ خورسىنىپ كېتىدۇ؛ بۇ ئايال مېنى كۆرۈپ قەستەن ئاشۇنداق ياخشىچاق بولۇۋاتامدۇ - يە؟» ئامان ئاسىيەنىڭ ھەربىر ئېغىز گېپىگە ئېچىلىپ - يېيىلىپ ئولتۇرۇپ جاۋاب بېرەتتى.

ئاسىيە ئاماننى زۆھرەنىڭ ھۇجرىسىغا باشلاپ ئەكىردى. ئۇ ئاماننىڭ كېلىدىغانلىقىدىن خەۋەرلەندۈرۈپ قويغان بولغاچقا، زۆھرەمۇ پاخپىيىپ كەتكەن چاچلىرىنى تاراپ، ئۆزىنى ئانچە - مۇنچە تۈزەشتۈرۈپ ئولتۇرغانىدى. زۆھرە ئاماننىڭ ئۈنىنى ئاڭلاپ مېھمانخانىغا چىقاي، دەپ تۇرۇشىغا ئامان ئۇنىڭ

ھۇجرىسىغا كىرىپ كەلدى. زۆھرە ئامانىنىڭ زورى بىلەن كارىۋاتنىڭ لېۋىدە مىدىرلىماي جىم ئولتۇرى. چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتكەن زۆھرە ناھايىتى مىسكىن كۆرۈنەتتى. ئامانىنىڭ كۆڭلىگە ئايان ئىدى. بۇ مۆمىن قىز ئامانىنىڭ ئايپىسىنىڭ تونۇگۇنكى قىلىقىدىن مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالدى. ئامان زۆھرەنىڭ بۇ ھالىنى كۆرۈپ ھەسرەتتىن ئۆزىنى قويغىلى يەر تاپالماي قېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ زۆھرەنى باغرىغا چىڭ بېسىپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا تەسەللى بەرگۈسى كېلەتتى. لېكىن، بۇ مۇمكىنمۇ؟ ئامان ئۆزىنى زورىغا بېسىپ تۇرۇپ زۆھرەنىڭ كۆزلىرىگە باقتى.

زۆھرەمۇ ئامانىنى كۆرۈپلا ئەلەم ئىچىدە ئۆرتىنىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ بىر جۈپ يوغان كۆزى ھەم تىرەن، ھەم سۈزۈك بۇلاققا ئوخشايتتى. ئەنە، ئاشۇ بۇلاقنىڭ تومۇرلىرىدىن ئوقچۇپ چىققان مارجان چەشمىلەر مۆلدۈرلەپ ئېتىلماقتا ئىدى...

— ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىڭ، زۆھرە، ھەرقانداق ئىشنىڭ ئامالىنى تاپقىلى بولىدۇ... — دېدى ئامان زۆھرەگە تەسەللى بېرىپ. ئۇنىڭ بۇ تەسەللىلىرىدىن نېمە دېمەكچى بولغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

زۆھرە مىشىلداپ يىغلاپ تۇرۇپ سورىدى:

— قايسى ئىشنى دېمەكچىسىز؟

— ئاپامنىڭ ئىشىنىچۇ، بۇ... — ئامان بۇ گەپنى ئويلىمايلا ئېغىزىدىن چىقىرىپ قويغانلىقىغا شۇ ھامان پۇشايمان قىلدى.

— گەپنىڭ راستىنى دەڭا، ئامان، ئاپىڭىز ئىككىمىزنىڭ ئىشىغا قوشۇلمايدىكەن، شۇنداقمۇ؟

— ياق، ئۇنداق ئەمەس! ئۇ كېلىن تاللاشتا بەكلا ئېھتىياتچانمۇ ئىشقىلىپ... سىزنى سىناپ باقاي دېگەن ئوخشايدۇ، — ئامان باشقا گەپ تاپالماي، بۇنداق چەك

باسمايدىغان گەپنى قىلىۋاتقانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلىپ تۇرۇۋاتاتتى. ھالقىلىق پەيتتە گەپنى قاملاشتۇرالمايۋاتقانلىقىغا ئاچچىقى كەلگەن ئامان ئۆزىنىڭ ئىغىزىغا نەچچە كاچات سالغۇسى كېلىپ كەتتى.

— ئامان، مەن ھەرقانچە ساددا بولساممۇ، ئوتتۇز نەچچە ياشقا كىرگەن ئادەممەن، ئاق-قارىنى بىلگۈچىلىكىم بار... ئاپىڭىزنىڭ كۆزلىرىدىن ئۇنىڭ مېنى ياقتۇرمىغانلىقىنى بىلىپ بولدۇم...

— ياقەي، ئۇ سىزنى بەك چىرايلىق قىزكەن دېدى... زۆھرە، مىجەزىڭىز يوق، پىغانىڭىز ئۆرلەپ تۇرغان چاغدا ئۇنداق كۆڭۈلسىز گەپلەرنى دېيىشمەيلى، بولامدۇ؟ —ئامان زۆھرەنىڭ پېشانىسىنى سىلاپ بېقىۋىدى، زۆھرە ئۇنىڭ قولىنى ئەدەپ بىلەن ئىتتەردى.

— مەن قىزىپ قالمىدىم، خېلى سەگەكمەن...

بۇنىڭ بىلەن ئامان زۆھرەگە قاراپ كۈلدى:

— سىزنىڭمۇ باشقىلارغا باتنايدىغانلىقىڭىزنى ئويلىماپتىكەنمەن، لېكىن شۇ... ئاچچىقلانسىڭىز بەكلا سەتلىشىپ كېتىدىكەنسىز... لېكىن يېنىمدا تۇرىدىغان مەزلۇمنىڭ خۇش كۈلكىدىن ئەبەدىي ئاغزى يۇمۇلمىسىكەن، دەپ ئويلايمەن، بىلەمسىز... ؟

لېكىن، زۆھرە ئاماننىڭ بۇ گەپلىرىگە كۈلمىدى، ھەتتا ئامانغا قاراپمۇ قويماي ياقىسىنىڭ ئۇچىنى چىمدىغىنىچە زۇۋان سۈرمەي ئولتۇردى. ئامان بىرھازا جىمىپ كەتكەندىن كېيىن تۇيۇقسىز ئىغىز ئاچتى:

— ئۆيىڭىزدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى قائىدە-يوسۇن بىلىدۇ، دەپ ئويلىغانىدىم، لېكىن مەن كىرىپ ئولتۇرغىلى نېكەم، بىر پىيالە چايمۇ قۇيمىدىڭلار-ھە؟ —بۇ ئاماننىڭ باياتىن بېرى جىق ئويلىنىپ ئاران تاپقان چاقچىقى ئىدى. ئامان بۇ گەپنى

گەرچە چاقچاق تەرىقىسىدە قىلغان بولسىمۇ، لېكىن زۆھرە بۇنىڭ ئۈچۈن بەكلا ئۈيىلىپ قالدى. ئۇ «چاي ئەكىرەي» دەپ كارىۋاتتىن چۈشمەكچى بولۇۋىدى، ئامان قەتئىي ئۇنىمىدى. دەل شۇ چاغدا سىرتتىن ئاسىيەنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ئامان، چىقىپ چاي ئىچسىلە!

ئامان زۆھرەگە قاراپ كۈلۈمسىرىدى:

— يەنىلا ئۆگەي ئاپىڭىز ئىش ئۇقىدىكەن جۇمۇ!

زۆھرە سۇس كۈلۈمسىرىگىنىچە بېشىنى لىڭشىتتى ۋە:

— ۋۇي، راست، بۇ ئۆيىنى قانداق تېپىپ كەلدىڭىز؟ — دەپ سورىدى بىر ئىش يادىغا يەتكەندەك.

— سىزنى نۇرغۇن قېتىم ئىشىكىڭىزگە ئەكېلىپ قويغانتىمغۇ؟ ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ؟

زۆھرە باشقا گەپ قىلمىدى. ئامان زۆھرەگە قاراپ سىرلىق كۈلۈمسىرىدى:

— بايا تېلېفوندا مېنى قائىدە-يوسۇن ئۇقمايدىغان بىر نېمىكەن دەپ قالمىسۇن دەپ ئاتىڭىزدىن ئۆيىنىڭ ئادرېسىنى قەستەن سورىدىم جۇمۇ! — ئامان زۆھرەگە قاراپ كۆزلىرىنى قىسىپ قويۇپ مېھمانخانىغا چىقىپ كەتتى. ئامان چىقىپ كېتىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئاسىيە كىرىپ كەلدى:

— سىزمۇ چىقىپ ئازراق چاي ئىچىڭە!

— بولدى، رەھمەت، ھېلىمۇ سىزنى جىق پاراكەندە قىلىۋەتتىم، — دېدى زۆھرە يەرگە قاراپ تۇرۇپ.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز ئەمدى؟ يات ئادەمدەك ئۇنداق دېسىڭىز كۆڭلۈم بىرقىسما بولۇپ قالىدىكەن، — دېدى ئاسىيە كۈلۈپ تۇرۇپ، — مەيلى ئەمىسە، يېتىپ ئارام ئېلىڭ!

ئامان چاي ئىچكەچ ئولتۇرۇپ تونۇغۇن ئۆيدە بولغان ئىشنى ئاسىيەگە يىپىدىن-يىڭنىسىغىچە دەپ بەردى. كەچتە

ئاسىيە بۇ گەپلەرنى سۇلايمانغا ئەينەن ئېيتتى.

«ئەدەپ ـ قائىدە دېگەننى ئۇقمايدىغان قانداق خوتۇن ئۇ؟ ــ دېدى سۇلايمان تېرىكىپ، ــ مېھماننىڭ كۆزىچىلا دوقاسلاتقىنى نېمىسى؟ بۇ قاراپ تۇرۇپلا زۆھرەنى پەس كۆرگەنلىكى ـ دە! ئۇ زۆھرەنىڭ يېشىنى چوڭ كۆرۈپ قالدىمۇ ـ يە؟ ھەي... ‹سەۋزىدىن خەۋەر يوق، گۇرۇچ دەم يەپتۇ› دېگەندەك، نېمە قىلغىنىڭنا ئۇ خوتۇننىڭ؟ مەنچۇ، ئۇنداق سودىگەرلەر بىلەن قۇدىلىشىش خىيالىمۇ يوق تېخى! سودىگەر خەقنىڭ كاللىسىدا پۇلدىن باشقا ھېچنېمە يوق!»

سۇلايمان بىر دەم جىمىپ كەتكەندىن كېيىن زۆھرەنى ئەيىبلىگىلى تۇردى:

ــ بالىمىزدىمۇ بار! نېمىگە ھاپىلا ـ شاپىلا ئۇ خەقنىڭ ئۆيىگە بېرىپ يۈرىدىغاندۇ؟ ئۇنداق قىلسا، كېيىن ئۇ خەقنىڭ ئالدىدا ئىناۋەتتى بولمايدىغانلىقىنى ئويلاپ باقمىغانمىدۇ؟ ھەي... خوپ بوپتۇ...!

سۇلايماننىڭ مىجەزى ئاسىيەگە بەش قولدەك ئايان ئىدى. ئۇ پىغانى ئۆرلىگەندە دەيدىغاننى دەپ ئىچىنى بوشىتىۋالمىسا كۆڭلى ئارام تاپمايتتى. شۇڭا ئۇ سۇلايماننىڭ گەپلىرىنى زەن قويۇپ ئاڭلىغاچ ئىچىدە ئويلاۋاتاتتى: «ئامانىنىڭ ئاپىسى بىلەن كۆرۈشۈپ باقمىسام بولمىغۇدەك؛ ئۇ كۆزى كور خوتۇنغا زۆھرەدەك ئېسىل قىزنى ئىزدەپمۇ تاپالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويمىسام، خەپ...!»

## 47

زۆھرە ئۆيدە بىرنەچچە كۈن دەم ئالغاندىن كېيىن رەڭگىرويى خېلىلا ئوڭشىلىپ قالدى، بۇنى كۆرگەن سۇلايماننىڭ پۇت ـ قولىغىمۇ جان كىردى. زۆھرە ئاسىيەنىڭ

ئىش-كۈشلىرىگە ياردەملىشەي دېۋىدى، سۇلايمان قويمىدى.

— ئېسىڭدە بولسۇن، خوتۇن، — دېدى سۇلايمان ئاسىيەگە گەپنى ئۇدۇللا قىلىپ، — بىرىنەچچە كۈنگىچە زۆھرەنىڭ ئۆي ئىشىنى قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالىدىغان بولسام، ھىم... ساڭا دەيدىغان گېپىم بار جۇمۇ...!

مۇنەۋۋەر سۇلايماننىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ، ئاتىنىڭ ئۆز پۇشتىغا نەقەدەر كۆيىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى ھەم مەرھۇم ئاتىسى يادىغا يېتىپ قېلىپ ئۆزىچىلا كۆز يېشى قىلىپ كەتتى.

زۆھرەنىڭ تۇيۇقسىزلا ئاغرىپ قالغانلىقىنى ئاڭلىغان شەرىپە ھەر كۈنى دېگۈدەك تېلېفون قىلىپ ئەھۋال سوراپ تۇردى، پولات بىلەن گۈليارمۇ ئىككى قېتىم كېلىپ يوقلىدى. سۇلايمان چۈشلۈك غىزاسىنى ئەمدىلا يەپ بولۇپ ئولتۇراتتى، ئىشىك قوڭغۇرىقى تۇيۇقسىز جىرىڭلاپ كەتتى. ئاسىيە بېرىپ ئىشىكنى ئېچىپ خۇشاللىقتىن ۋارقىرىۋەتتى:

— ۋىيەي، ماۋۇلارنى! ئاسماندىن چۈشكەندەكلا كىرىپ قېلىۋاتىدىغۇ؟ كەلدىڭلارمۇ، باللىرىم؟ — ئەسلىدە لەيلى ئوغلىنى ئەكەلگەنىدى.

ئادەتتە سۇلايمان ئۆيگە ئۆزىدىن كىچىكلەر كەلسە ئالدىغا چىقمايتتى، ھەتتا مېھمان ئىشىكتىن كىرىپ ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ سالام قىلمىغۇچە ساپادىن قوپمايتتى، لېكىن لەيلى ئوخشىمايتتى، چۈنكى سۇلايمان ئۇنىڭ بىلەن بىرلا قېتىم يۈز كۆرۈشكەن؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئانا-بالا ئىككىسى ناھايىتى يىراقتىن كېلەتتى. شۇڭا ئۇ لەيلىنىڭ كەلگەنلىكىنى ئۇقۇپ ئاستا ئورنىدىن تۇردى ۋە بوسۇغىنىڭ تۈۋىگە بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتى. گەپنىڭ راستىنى دېگەندە، بۇمۇ ئۇنىڭ ئاسىيەنىڭ يۈزىنى قىلغانلىقى ئىدى. سۇلايمان لەيلىنىڭ ئوغلىنى كۆرۈپلا ئاسىيەنىڭ قايسى كۈنى ئۆرۈپ بەرگەن چۈشىنى يادىغا ئالدى:

— ھە، بـﯩـالام، دەزمىلـىـڭ قېنـىـى؟ قارىغىنىـا ئاناڭنىـىڭ يۈزلىرىگە... بىر دەزماللىۋەتكىنە!

لەيلـى سـۇلايمانىنىڭ نـىـمە دەۋاتقـانلىقىنى چۈشـەنمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئاپىسىغا قاراپ كۈلۈپ كەتتى. ئاڭغىچە ئاسىيە سۇلايمانىنىڭ بۇ چاقچىقىنىڭ مەنىسىنى يېشىپ بەردى:

— ھېيتنىڭ ھارپىلىرى چۈشـۈمگە كىرىـپ قاپسىلەر، ئەلـى قولىـدا بىـر دەزمـالنى كۆتۈرۈۋاپتـۇ: «ئانـا، يـۈزۈڭنى قـورۇق بېسـىـپ كېتىپتـۇ، دەزمـاللىۋېتەي» دەپ مېنـىـى قـوغلاپ يۈرگۈدەك. ئاتىڭىز شۇنى دەۋاتىدۇ.

— دەزمالنى ياقشام، ئانامنىڭ يۈزى كۆيـۈپ كەتمەمدۇ؟ — دېـدى لەيلىنىڭ قۇچىقىدىكى ئىككى ياشـلىق ئەلـى چۈچۈك تىللـىرى بىلەن. بۇنى ئـاڭلاپ ھەممەيـلەن پاراققىـدە كۈلـۈپ كېتىشـتى. لەيلىمۇ قوشۇلۇپ كۈلدى، لېكىن ئاسـىيەنىڭ ئىككـى گەپىنـىڭ بىرىـدىلا سـۇلايمانىنى «ئاتـاڭ» دەپ ئاتاۋاتقـانلىقىنى ئـاڭلاپ كۆڭلى بىرقىسىملا بولۇپ قالـدى. چۈنكى ئۇ يەتـتە ـ سەككىز يىلدىن بېرى «ئاتا» دېگەن گەپنى ئاغزىغا ئېلىـپ باقمىغـان، ئۇنـىڭ ئۇسـتىگە ئاپىسـى قايتـا يـاتلىق بولغـان بـۇ ئـادەمنى ئىككىنچى قېتىم كۆرۈشى ئىدى. قارىغاندا، ئۇنىڭ سـۇلايماننى «ئاتا» دەپ ئـاتىمىقى تەسـتەك قىلاتتـى. ئەممـا، ئـۇ كىشـىنى بىرنېمە دەپ ئاتاش كېرەك ـ دە! لېكىن، لەيلى زادى نېمـدەپ ئاتىسا مۇۋاپىق بولىدىغانلىقىنى زادىلا بىلەلمىدى.

ئـاڭغىچە مېھمانخانىـدىكى ۋاراڭ ـ چـۇرۇڭنى ئاڭلىغـان مۇنەۋۋەر يۈگۈرۈپ چىقتى. ئۇ ئاچىسىنى كۆرۈپلا ئۆزىنى ئۇنىڭ قۇچىقىغـا ئـاتتى. ئاچـا ـ سـىڭىل ئىككىسـى ئـۇزۇنغىچە كۆرۈشمىگەچكىمۇ، ياكى باشـقا سـەۋەبى بـارمۇ، قۇچاقلىشـىپ يىغلىشـىپ كەتتـى، ئانـدىن ئـۇ ئىككىسى ئاپىسىنىڭ بوينىغا ئېسىلدى. بۇنـىڭ بىـلەن ئانا ـ بالا ئـۈچەيلەن تەڭـلا يىغلاپ كەتتـى. ئاپىسـىنىڭ يىغلاۋاتقـانلىقىنى كـۆرگەن ئەلـى ئـۇنى

نوقۇپ تۇرۇپ سورىدى:

— ئاپا، ئاپا! يىغلىما، نېمىگە يىغلايسەن؟! — ئۇ ئانىسى بىلەن مۇنەۋۋەرنىڭ ئاپىسىدىنمۇ بەكرەك يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ «ئاپامنى مۇشۇ ئىككىسى يىغلاتقان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىدى-دە، ئاسىيەنىڭ دۇمبىسىگە كۆچەپ ئۇرغىلى تۇردى:

— شەن ئەشكى، ئاپامنى يىغلاتتىڭ...! بىلەمسەن؟ دەنىشىدىچۇ ئاپاشلار جىق يىغلىشا شەتلىشىپ كېتىدۇ، دېگەن!

سۇلايمان ئانا-بالا ئۈچىنىڭ مۇڭلىنىپ يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ سەل ئوڭايسىزلاندى-دە، ئۆزىنى چەتكە ئالماقچى بولۇپ زۆھرەنىڭ ھۇجرىسىغا كىردى. زۆھرە كارىۋاتتا يېنىچە يېتىپ كىتاب كۆرۈۋاتاتتى. ئۇ زۆھرەنى لەيلى بىلەن كۆرۈشۈپ كىرىشكە دەۋەت قىلدى. قائىدە بويىچە بولغاندا، زۆھرە لەيلىدىن چوڭ بولغاندىكىن ئۇ زۆھرەنىڭ ئالدىغا كىرىپ سالام قىلىشى كېرەك ئىدى. لېكىن، زۆھرە ئۇنداق زىغىرلاپ كېتىدىغان قىزلاردىن ئەمەس، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئاتىسى چىقىپ كۆرۈشكىن، دەۋاتىدۇ؛ يەنە كېلىپ، لەيلى يېقىن يەردىن كېلىدىغان مېھمان بولمىسا؟! شۇڭا لەيلىنىڭ ئالدىغا چىقىپ كۆرۈشسە ھېچنېمە بولمايدۇ. زۆھرە ئاتىسىغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ بېشىنى لىڭشىتتى ۋە ياستۇقنىڭ ئاستىدىن ئەينەكنى ئېلىپ چاچلىرىنى تارىدى. ئۇ ئەينەكنى جايىغا قويۇپ ئەمدىلا كارىۋاتتىن چۈشەي دەپ تۇرۇشىغا لەيلى كىرىپ كەلدى. بۇمۇ ئاسىيەنىڭ ئەقلى ئىدى.

زۆھرە لەيلى بىلەن قىزغىن سالاملاشتى. لەيلى ئاپىسىدىن زۆھرەنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىنى ئاڭلىغانىدى. ئۇ زۆھرەدىن خۇددى كونا تونۇشلاردەك ئەھۋال سوراپ كەتتى:

— ئاپامدىن ئاڭلىسام ساقسىز بولۇپ قاپسىز، ھازىر قانداقراق تۇرۇۋاتىسىز؟ نەرىڭىز ئاغرىيدۇ؟ خىزمەتلىرىڭىز ياخشىدۇ؟...

سۇلايمان بىلەن ئاسىيە بۇ ئىككىسىنىڭ تۇنجى قېتىم كۆرۈشۈپلا بۇنداق سالاملىشىپ كېتىشۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئىچىدە بەكمۇ خۇشال بولۇۋاتاتتى. چۈنكى، ئاتا-ئانىسى قايتا نىكاھلانغان ئائىلىدىكى ئەڭ باش ئاغرىتىدىغان ئىشلارنىڭ دەل باللاردىن چىقىدىغانلىقىنى ئۇلار ناھايىتى ئوبدان بىلەتتى. بىردەمدىن كېيىن مۇنەۋۋەر «سىرتتا ئىشىم بار» دەپ چىقىپ كەتتى. ئاسىيە بىلەن لەيلى ئاشخانىدىكى تاماق شىرەسىدە ئولتۇرۇپ ئۆزلىرىنىڭ مۇڭىغا چۈشۈپ كەتتى. سۇلايمان تېلېۋىزور كۆرمەكچى بولۇپ ساپاغا چۆكتى. ھايال ئۆتمەي سۇلايماننىڭ ئاغىنىسى ھاشىمدىن: «غۇلجىدىن بىر ئاغىنەم كېلىپ قالدى، بولسا سەنمۇ كەلسەڭ، مۇڭدىشىمىز» دەپ تېلېفون كېلىپ قالدى. شۇنداق قىلىپ سۇلايمانمۇ ئاسىيەگە دەپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. زۆھرە بىردەم كىتاب كۆرۈپ يېتىپ بېقىۋىدى، بېشى قايغاندەك قىلدى. شۇڭا كىتابنى قويۇپ، كۆزلىرىنى يۇمغىنىچە خىيال سۈرۈپ ياتتى. زۆھرە تۇيۇقسىزلا ئاسىيەنىڭ گويا قىزلارنىڭكىدەك جاراڭلىق ۋە ساز كۈلكە ئاۋازىنى ئاڭلىدى. ئۇ مۇشۇ كەمگىچە بۇ ئۆگەي ئاپىسىنىڭ ئۇنداق ئېچىلىپ كۈلۈپ باققانلىقىنى ئاڭلىمىغانىدى. ئارىلاپ-ئارىلاپ لەيلىنىڭ ئاۋازىمۇ ئاڭلىنىپ تۇراتتى. زۆھرە: «لەيلى قىزىق گەپلەرنى قىلىپ ئاپىسىنى كۈلدۈرۈۋاتقان بولسا كېرەك» دەپ ئويلىدى. زۆھرە ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلىدى: «ھەي، ئاپا دېگەن قىز بالىنىڭ گۈلىستانى-دە!» ھەكىمە ھايات چاغلاردا زۆھرە بىلەن ئەنە ئاشۇنداق كۈنلەپ-كۈنلەپ مۇڭدىشاتتى، كۈلۈشەتتى. ھەكىمە كىتابخۇمار، جىق ئىشلارنى بىلىدىغان مەزلۇم بولغاچقا، زۆھرە بىلەن مۇڭدىشىپ قالغان چاغلاردا گېپى تۈگىمەيتتى. ئاھ خۇدا، ئاپىسى بولسا نېمىدېگەن ياخشى-ھە! ئەپسۇس، ئاپىسى ھايات باللار زۆھرەنىڭ ھازىرقى تۇيغۇلىرىنى مەڭگۈ

چۈشەنمەيدۇ؛ ئۇلار ئاتا-ئانا دېگەن ئەبەدىي يىقىلماس يۆلەك، دەپلا قارايدۇ. ئۇلار پەقەت ئاشۇ تاغدەك يۆلىكى تۇيۇقسىز غايىب بولغان چاغدىلا...

زۆھرەنىڭ دىماغلىرى ئېچىشىپ كۆزلىرىگە ياش كەلدى ۋە بۇرنى كۆۋۈجەپ ئىسسىق بىرنېمە تۆۋەنگە قاراپ سىرغىغاندەك قىلدى. ئۇ قولىدىكى ياغلىق بىلەن بۇرنىنى سۈرتۈۋىدى، ياغلىق قىپقىزىل قانغا بويالدى. زۆھرە قاننى توختاتماقچى بولۇپ قەغەز قولياغلىقنىڭ بۇرجىكىنى يىرتىۋېلىپ بۇرنىغا تىقىپ باقتى، لېكىن قەغەز پارچىسى ھايال ئۆتمەي چىلىق-چىلىق قانغا بويىلىپ كەتتى. بۇنىڭدىن سەل تەمتىرەپ قالغان زۆھرە ئىتتىك ھاجەتخانىغا كىرىپ ئېغىز-بۇرنىدىكى قانلارنى يۇيۇپ پېشانىسىگە سوغۇق سۇ سېپىپ باقتى، لېكىن كار قىلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. «ئاپلا، ئەمدى قانداق قىلارمەن؟» ئۇ بۇ ئىشنى ئاسىيەگە دەپ باقماقچى بولدى، لېكىن كۆرۈشمىگىلى ئۇزۇن زامانلار بولغان ئانا-بالىنىڭ قىزغىن مۇڭداشلىرىنى بۇزغۇسى كەلمىدى. سۇلايمان ئادەتتە يانفون تۇتمايدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ بىلەن ئالاقىلىشىشمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. زۆھرە ئالمان-تالمان كىيىنىپ ئۆزى يالغۇز دوختۇرخانىغا كەلدى. دوختۇرلار بىر ئاماللار بىلەن قاننى توختاتقاندىن كېيىن زۆھرەگە:

— دەرھال بالىنىستىنا يېتىڭ، تەكشۈرۈپ بىرنېمە دېمىسەك بولمايدۇ، — دېدى.

«ئاھ، خۇدا! ئەمدى قانداق قىلارمەن؟ كىمگىمۇ دەرمەن؟» بىرھازاغىچە دېلىغۇل بولۇپ تۇرۇپ قالغان زۆھرە ئاخىر ئامانغا تېلېفون قىلدى. بۇ چاغدا ئامان قىرىشقاندەك ئۆيدە ئاپىسىنىڭ يېنىدا ئىدى. ئامانىنىڭ ئاپىسىمۇ تېلېفوننىڭ زۆھرەدىن كەلگەنلىكىنى بايقاپ قالدى بولغاي، شۇ ھامان ئۆڭدى. ئامان تېلېفوننى ئېلىپلا تالاغا قاراپ يۈگۈردى.

ئامانىنىڭ ئاپىسى ئوغلىنى توسۇپ قالماقچى بولۇپ ئۇنىڭ پېشىغا ئېسىلىۋالدى، ئەمما ئامان بىر يۇلقۇنۇپلا ئىتتىك چىقىپ كەتتى. ئوغلىنىڭ بۇ قىلىقىغا غەزىپى ئۆرلىگەن ئاپا ئامانىنى قار-يامغۇر ياغدۇرۇپ تىللاپلا قالدى.

ئامان بىلەن زۆھرە ئىككىسى بالنىست رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىپ بولغۇچە خېلىلا قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتتى. زۆھرە ئىشنى تۈگىتىپ خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن ئۆيىگە تېلېفون قىلدى. ئاسىيە تېلېفوننى ئېلىپلا ۋارقىرىۋەتتى:

— ۋىيەي، زۆھرەمۇ سىز؟ ۋۇي، ياتاققا ئورۇنلىشىپ بولدىڭىزمۇ؟ سىزنى چۈشتىن كېيىن يېرىم كۈن ئىزدىدۇق... بەك ئەنسىرىتىۋەتتىڭىز...!

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان سۇلايمان يۈگۈرۈپ دېگۈدەك بېرىپ، ئاسىيەنىڭ قولىدىكى تېلېفوننى ئالدى:

— ۋۇي دەپ قويۇپ بارساڭ بولمامدۇ، بالام؟

— سەن ئۆيدە بولمىساڭ!

— مەن بولمىغىنىم بىلەن ئاسىيە ئاپاڭ بار ئەمەسمۇ...

— مەن... مەن... — زۆھرە دۇدۇقلاپ تۇرۇپ قالدى.

زۆھرەنىڭ بالنىستتا يېتىپ قالغىنىغا ئۈچ كۈن بولدى. سۇلايمان ھەر كۈنى ناشتىسىنى قىلىپلا دوختۇرخانىغا بېرىپ زۆھرەنىڭ بېشىدا كەچكىچە قاراپ ئولتۇراتتى: زۆھرە كۆزىنى ئاچسا ئۇنىڭ بىلەن گۇڭگۇر-مۇڭگۇر پاراڭلىشاتتى، قىزىق گەپلەرنى قىلىپ بېرىپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرەتتى، ئۇخلاپ قالسا ئولتۇرۇپ گېزىت كۆرەتتى ياكى كارىدورغا چىقىپ ئۇياقتىن-بۇياققا ماڭاتتى، چۈشلۈك غىزاسىنى زۆھرەنىڭ كارىۋىتىدا ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن بىللە يەيتتى... كەچلىك تاماقنىمۇ زۆھرە بىلەن بىللە يەپ، كۆز باغلىنىپ قاراڭغۇ چۈشكەندىن كېيىن ئاندىن ئۆيىگە قايتاتتى. زۆھرە ئاتىسىدىن بەكمۇ تەسىرلەندى. ئاتىسىنى مالال قىلىپ ھاردۇرۇپ

قويۇۋاتقانلىقىدىن خىجىل بولۇۋاتقان زۆھرە ئۇنى ئۆيگە بالدۇرراق قايتىپ كېتىشكە ئۈندەپ باقتى، لېكىن سۇلايمان زادىلا ئۇنىمىدى. ئۇنىڭ قىزنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىۋاتقانلىقى ئۈچۈن خۇشال ئىكەنلىكى زۆھرەگە مېھرى بىلەن تىكىلگەن كۆزلىرىدىن مەلۇم ئىدى.

سۇلايمان ئۆيگە قايتىپ كەتكەندىن كېيىن كارىۋاتنىڭ بېشىدا دەرھال ئامان پەيدا بولاتتى. بۇ دەل ئىشتىن چۈشكەن چاغ بولغاچقا شەربەت، پولات، گۈليارلار ئارقا ـ ئارقىدىن زۆھرەنى يوقلاپ كېلەتتى. زۆھرەنىڭ خىزمەتداشلىرى، ساۋاقداشلىرى ۋە دوستلىرىمۇ زۆھرەنىڭ كارىۋىتىنىڭ بېشىدا جەم بولۇشاتتى. شۇڭا، ھەر كۈنى كەچلىك تاماقتىن كېيىن زۆھرە ياتقان كېسەلخانا ئاجايىپ قىزىپ كېتەتتى. شۇنچىۋالا نۇرغۇن ئېچكۆيەرلەرنىڭ ئۆزىگە تەلمۈرۈپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەن زۆھرە ھاياجاندىن نەملەشكەن كۆزلىرىنى ئۇلاردىن قاچۇراتتى.

ئاسىيە، مۇنەۋۋەر ۋە لەيلى ئۈچەيلەنمۇ زۆھرەنى كۈندە دېگۈدەك يوقلاپ تۇردى، لېكىن ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى ئۆيدە ئۈچ ۋاخ تاماق ئېتىپ دوختۇرخانىغا توشۇش ئىدى. زۆھرە ئۆيدە بولمىغاچقا لەيلى ئاپىسىنىڭ يېنىدا بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ قالدى، بۇ بىرنەچچە كۈندىن بېرى ئانا ـ بالا ئىككىسى بىر ـ بىرىگە سايىدەك ئەگىشىپ يۈرۈپ مۇڭداشتى، سىرداشتى، كۈلۈشتى، يىغلاشتى، ئېشىقلىپ، ئۇلار بىر ـ بىرىگە ھەمراھ بولۇپ خۇشال ـ خۇرام ئۆتكەن بۇرۇنقى كۈنلىرىگە قايتقاندەك بولدى. بۈگۈن سۇلايمان ناشتا قىلىپ دوختۇرخانىغا مېڭىشتىن ئىلگىرى ئاسىيەگە:

— چۈشتە زۆھرەگە كەرەپشىدە بەنشىرە تۈگۈپ ئاپىرىڭلار، — دېدى.

سۇلايمان ماڭغاندىن كېيىن لەيلى يەڭلىرىنى تۈرۈپ قازان

بېشىغا ئۆتتى.

— ئاپا، مەن خېمىر يۇغۇراي، سەن قىيما ئەت! — دېدى لەيلى ئاسىيەگە.

— ماقۇل، بۇگۇن ھۈنىرىڭنى بىر كۆرۈپ باقاي!

ئاسىيە قىيمىنى تەييارلاپ بولۇپ ئەكېلىپ، لەيلى يۇغۇرغان خېمىرنى جىلتا قىلىپ ئاچماقچى بولدى، لېكىن خېمىر ناھايىتى بوش ئىدى. ئۇ خېمىردىن بۇغدايدەك ئۈزۈپ تىلىغا تەگكۈزۈپ بېقىپ لەيلىنىڭ خېمىرنى بەكمۇ تۇزسىز يۇغۇرۇپ قويغانلىقىنى بايقىدى. بۇنداق خېمىرنى جىلتا ئېچىپ تۈگمەك تەس ئىدى، تۈگكەن تەقدىردىمۇ قازانغا سېلىپ قايناتقان ھامان ئېزىلىپ كېتەتتى. سائەت ئون بىرگە تاقاپ قالغاچقا، قايتىدىن خېمىر يۇغۇرسا چۈشكە ئۈلگۈرمەيتتى. قانداق قىلىش كېرەك؟ ئاسىيە خېمىرنى سۇيۇقئاش قىلىۋەتمەكچى بولدى.

— بۇ خېمىرنى سۇيۇقئاش قىلساق بولارمۇ؟ — دەپ سورىدى لەيلى خىجىللىق بىلەن.

— ئۈزۈپ تاشلايمىز شۇ، — دېدى ئاسىيە ۋە خېمىرنى ئالدىراپ پىلتە قىلدى، ئاندىن بىر تال پەمىدۇرنى توغراپ تەييارلانغان قىيمىغا ئارىلاشتۇرۇپ قازانغا تاشلىدى. قازاندىكى ئاش سۈيى ئىككى قايناپ بولغاندىن كېيىن پىلتىنى نېپىز بېسىپ، ئۇنى تىرناقتەك ئۈزۈپ تاشلىدى. شۇنداق قىلىپ، يېرىم سائەتكە قالماي بىر قازان سۇيۇقئاش تەييار بولدى. ئاڭغىچە مۇنەۋۋەر قايتىپ كەلدى. ئاسىيە ئاشنى كورىغا ئۇستى، مۇنەۋۋەر ئۇنى ئېلىپ دوختۇرخانىغا ماڭدى. سۇلايمان بىلەن زۆھرەنىڭ چۈشلۈك غىزاسىغۇ تەييار بولدى. ئەمدى ئاسىيە بىلەن لەيلى قانداق قىلسا بولار؟ دەل شۇ چاغدا ئەلى ئاپىسىغا قارىدى:

— ئاپا، مەن گۆش يەيمەن، قازاندا قايناپ پىشقان گۆش!

— ھە، راست، توگلاتقۇدا ئازراق گۆش بار، شۇنى سالاي! چۆشتە گۆش يەيلى، ئازراق ئېلىپ قويۇپ زۆھرەنىڭ كەچلىك تامىقىغا شۇنى ئەۋەتىپ بېرەيلى!

— مۇنەۋۋەرچۇ؟ — دەرھال سورىدى لەيلى.

— سۇيۇقئاشنى جىق ئۇسۇپ بەردىم، شۇ يېتىدۇ، — ئاسىيە ئىتتىك چىقىپ توگلاتقۇدىكى گۆشتىن ئەكىرىپ قازانغا سالدى.

سائەت بىردىن ئاشقانلاردا گۆشمۇ پىشتى. ئاسىيە ئانا ـ بالا ئىككىسى ئەلى بىلەن بىرگە ئولتۇرۇپ گۆشتىن ئەمدىلا بىر چىشلەمدىن يەپ تۇرۇشىغا ئىشىك قوڭغۇرىقى بېسىلدى. ئەلى يۈگۈرۈپ بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى. ئەسلىدە شەرىپە كەلگەنىدى، لېكىن ئۇ ئەلىنى تونۇمايتتى. شەرىپە ئىككى ياشلاردىكى بىر ئوغۇل بالىنىڭ ئىشىك ئېچىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ تۇرۇپلا قالدى. شەرىپە ئېغىز ئېچىپ بولغۇچە ئەلى شەرىپەدىن سورىدى:

— شىژ... شىژ كىمۇ؟ نېمىدەپ كەلدىڭىز؟

شەرىپە شۇ چاغدىلا ئەلىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىپ بولدى ھەم ئۇنىڭ ئۆزىنى تونۇمايدىغانلىقىنىمۇ بىلەتتى. ئەمما ئەلىنىڭ بايىقى سوئالى ئۇنىڭ جۇدۇنىنى ئۆرلەتتى.

— ئاسىيە موماڭ بارمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ ئەلىگە كۆزلىرىنى مىختەك تىكىپ تۇرۇپ.

— ئانام با، ئاشخانىدا ئاپام ئىككىسى گۆش يەۋاتىدۇ، ساڭا يوق، تۈگىدى...

شەرىپە ئەلىگە قاراپمۇ قويماي ئۇدۇل زۆھرەنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى. ئۇ كىتاب ئىشكاپىدىن ئىككى پارچە كىتاب، كىيىم ئىشكاپىدىن بىر ـ ئىككى قۇر ئىچ كىيىمنى ئېلىپ قولىدىكى سومكىغا سالدى. ئۇ چىقاي دەپ تۇرۇشىغا ئاسىيە كىرىپ كەلدى. ئاسىيە بايا شەرىپەنىڭ ئۆزلىرىگە

قاراپمۇ قويماي ئۇدۇل كىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ سەل قورسىقى كۆپكەنىدى، لېكىن ئۇ شەرىپەنىڭ بۇ مىجەزىگە كۆنۈك بولغاچقا ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى:

— ۋىيەي، سىزكەنسىز-دە، ئىشىك قوڭغۇرىقى جىرىڭلاپ كەتتى، كېيىن ئەلى ئىشىكنى ئېچىپ بىرى بىلەن پاراڭلاشقاندەك قىلىۋىدى، كىمكىن دەپتىمەن تېخى! — ئۇ شەرىپەنىڭ قولىدىكى سومكىغا قاراپ قويدى، — زۆھرە قىزنىڭ ئىچ كىيىملىرىنى ئاپىرىپ بېرەي دەپسىز-دە!

شەرىپە زورىغا كۈلۈمسىرەپ قويۇپ باشقا گەپ قىلمىدى. ئاسىيە شەرىپەنىڭ زادى قانداق مىجەزلىك مەزلۇم ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە قورسىقىدا نېمە بولسا شۇنى ھاپىلا-شاپىلا دەۋېتىپ قاراپ ئولتۇرىدىغان بۇنداق ئادەمنىڭ چىرايى ئېچىلىپ قالامدۇ، تۇرۇلۇپ كېتەمدۇ، ئۇنىڭ گەپ قىلامدۇ، ئەتۇر گەپ قىلامدۇ، پەرۋا قىلماسلىق كېرەك. ناۋادا بەكرەك ئاشۇرۇۋەتكۈدەك بولسا بىر ئېغىز گېپىنىڭ ساپىقىدىن تۇتۇۋېلىپ ئەدىپىنى بېرىپ قويسا شۇ ھامان چالمىسى سۇغا چۈشىدۇ.

— ھازىرلا ماڭامسىز؟ زۆھرەگە سالام دەپ قويۇڭ! — دېدى ئاسىيە شەرىپەگە ۋە ئىتتىك بېرىپ ئۇنىڭغا ئىشىك ئېچىپ بەردى. شەرىپە ئىشىك تۈۋىگە بېرىپ بولۇپ ئىتتىك ئارقىغا بۇرۇلدى:

— ۋۇي، راست! زۆھرەنىڭ چاي قۇتىسىنى ئۇنتۇپ قالغىلى تاس قاپتىمەن، — ئۇ ئاشخانىغا يۈگۈرۈپ دېگۈدەك كىردى. لەيلى ئاشخانىدا سۆڭەك غاجىلاپ ئولتۇراتتى، شىرەنىڭ ئۈستىدە غاجاپ تاشلىۋەتكەن سۆڭەكلەر تۇراتتى، ئوتتۇرىدىكى تاۋاقتا يەنە بىر پارچە گۆش بار ئىدى.

شەرىپەنىڭ كۆڭلىگە شۇ ھامان شۇنداق خىياللار كەچتى: «نېمانچە كۆزى كىچىك خوتۇنلار بۇ؟ ئۆزلىرى بۇ يەردە گۆش

يەپ ئولتۇرۇپتۇ، زۆھرەگە ئېتىپ ئەۋەتكىنى بىر كورا سۇيۇقئاش... ۋۇي نومۇسسىزلار!» شەرىپەنىڭ چىرايى ھەش-پەش دېگۈچە ئۆزگىدى. ئۇ لەيلىگە ئالىيىپ قاراپ قويۇپ سالاممۇ قىلمىدى. لەيلى قولىدىكى سۆگەكنى قويۇپ ئۇنىڭ بىلەن ئېسەنلەشمەكچى بولۇپ دەرھال ئورنىدىن تۇرغانىدى، ئەمما شەرىپەنىڭ بۇ ئەلپازىنى كۆرۈپ ئاستا ئولتۇردى. ئۇ گويا تىكەننىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغاندەك قورۇنۇپ كېتىۋاتاتتى.

شەرىپە ئاشخانىدىن زۆھرەنىڭ چاي قۇتىسىنى ئېلىپ ھېلىقى سومكىغا سالدى ۋە ئارقىسىغا قاراپمۇ قويماي چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئاشخانىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا تۇرغان ئاسىيەگە قارار كۆزى يوق ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئاسىيە ئۇنىڭ بۇ قىلىقىنى ئېغىر ئالمىدى:

— توختاپ تۇرۇڭە، ئازراق گۆش ئېلىپ قويغان، زۆھرە قىزغا ئېلىۋېلىڭ!

— نېمە؟ سىلەر يەپ ئېشىپ قالغان گۆشنىمۇ؟ رەھمەت! زۆھرە تېخى ئۇ ھالغا چۈشۈپ قالغىنى يوق! — شەرىپە ئىشىكنى «جاڭگىدە» يېپىۋېتىپ چىقىپ كەتتى.

ئاسىيە ئۆزىنىڭ ياخشى كۆڭلىگە شەرىپەنىڭ بۇنداق جاۋاب قايتۇرىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى. تۇرۇپلا يەنە شەرىپەگە ئەدەپ يۈزىسىدىن يۇمشاقلىق قىلىپ قالغانلىقىغا پۇشايمان قىلدى. ئاڭغىچە ئاشخانىدىن چىقىپ كەلگەن لەيلى ئاپىسىنىڭ تامدەك تاتىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ گەپ قىلماي تۇرۇپ قالدى، ئۇنىڭ يۈرىكى پىچاق تىققاندەك ئېچىشماقتا ئىدى. ئۇ ئاپىسىنى قولتۇقلاپ ساپاغا ئېلىپ كەلدى:

— ئاپا، كۆڭلۈڭگە ئالمىغىنە، بولدى! پوققا چالما ئاتساڭ يۈزۈڭگە چاچرايدۇ! بۇنىڭدىن كېيىنچۇ ئۇنىڭغا پەرۋا قىلمىغىن! ھەددىدىن ئېشىپ كەتكۈدەك بولسا بوۋايغا دېسەڭ ئەدىپىنى بېرىپ قويىدۇ، ئىشقىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن تىركىشىپ

قالمىغىن!

ئاسىيە ساپادا ئۇزۇنغىچە گەپ قىلماي ئولتۇردى، لەيلى ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— ئاپا، سىېنى پات - پات يوقلاپ تۇرالمىغىنىمغا بەكمۇ پۇشايمان قىلىۋاتىمەن، بۇنداق ياشاۋاتقانلىقىڭنى ئويلاپمۇ باقماپتىكەنمەن!

ئاسىيە بېشىنى چايقىدى:

— ئۇنداق ئەمەس، بالام! باشقىچە ئويلاپ قالمىغىن، ئاۋۇ ئادەم ماڭا بەك ياخشى قارايدۇ، پەقەت مۇشۇ قىزى ھە دېسىلا تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرىدۇ!

لەيلى «بىرنېمە دەي» دەپ ئاغزىنى ئۆمەللەپ تۇرۇشىغا سۇلايمان دوختۇرخانىدىن يېنىپ كەلدى، ئۇ ھارغىن كۆرۈنەتتى. سۇلايمان لەيلىگە كۈلۈمسىرەپ قويغاندىن كېيىن ئاسىيەنى ھۇجرىغا چاقىردى:

— بايا شەرىپە ئۆيگە بىرنېمە ئالغىلى كەلگەندە بىرەر ئىش بولمىغاندۇ؟

— قانداق دەيلا؟

— ئۇ ئۆيگىسۇلى يوق قايتىپ بېرىپتۇ، «نېمە بولدى؟» دەپ سورىسام دېگىلى ئۇنىمىدى. ئۆيدە بىرەر غىژ - غىژ چىقىپ قالمىغىيدى، دەپ يۈرىكىم سۇ. ئۇنىڭسىزمۇ زۆھرەنىڭ كېسىلىگە تېخىچە ئېنىق بىرنېمە دېيەلمەيۋاتىدۇ. ئىشقىلىپ، كۆڭلۈمنىڭ ئارامى يوق، شۇڭا سەن دىققەت قىلغىن! باللاردىن ئۆتۈپ كەتسىمۇ چىشىڭنى چىشلە! ئۇقتۇڭمۇ؟

— ئۇقتۇم! — دېدى ئاسىيە دەرھاللا. ئەمما ئىچىدە ئازابلىنىپ كېتىۋاتاتتى. لەيلى مېھمانخانىدا قالغانىدى. بۇنداق چاغدا ئەر - خوتۇن ئىككىسى ئايرىم كىرىۋېلىپ ئۇزۇنغىچە

كۈسۈلدىشىپ كەتسە لەيلىنى باشقىچە چۈشىنىپ قالارمىكىن، دەپ ئويلىغان ئاسىيە چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ ئورنىدىن تۇردى. سۇلايمان ئۇنى بىلىكىدىن تۇتتى:

— بۈگۈن راستىنلا بىرەر ئىش بولمىدىما؟

— خاتىرجەم بولسىلا، ھېچ ئىش بولغىنى يوق! — ئاسىيە سۇلايماننىڭ كۆزلىرىگە كۈلۈمسىرەپ قارىدى.

**48**

ئەتىسى لەيلى قايتماقچى بولۇپ دوختۇرخانىغا زۆھرە بىلەن خوشلاشقىلى باردى. ئۇلار كېسەلخانىدا زۆھرە بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرسا شەرىپەنىڭ ئوغلى مەردان كىرىپ كەلدى. ئۇ زۆھرەگە چۈشتىن كېيىن قارامايغا پۇتبول مۇسابىقىسىگە قاتناشقىلى بارىدىغانلىقىنى، بۇ يەردە ئون مىنۇت ئولتۇرۇپلا مېڭىشىنىڭ تەييارلىقىنى قىلىدىغانلىقىنى دەپ بەردى. بۇنى ئاڭلىغان سۇلايمان ئاسىيەگە:

— خەقلەر ئەكەلگەن مېۋە-چېۋىلەردىن مەردانغا سېلىپ بەرگىن، دوستلىرى بىلەن يولدا بارغۇچە يېسۇن!

ئاسىيە كارىۋاتنىڭ بېشىدىكى تومپۇچكىنى ئېچىپ، ئىچىدىن بىر خالتا ئاپېلسىننى ئېلىپ مەردانغا بەردى، مەردان ئۇنى ئېلىپلا ئىتتىك چىقىپ كەتتى. لېكىن، بۇنى كۆرگەن زۆھرە ئىچىدە «ئاپلا!» دەپ قالدى. چۈنكى، زۆھرە ئىدارىسىدىكى بىرەيلەن ئەكەلگەن بۇ ئاپېلسىندىن بىر تالنى ئاقلاپ تېتىپ باققانىدى، ئەمما ئۇ ئەسلىدىلا ئۈششۈپ قالغان بولغاچقا قىرتاقلىقىدىن يېيەلمەي ئاچىقىپ تاشلىۋەتمەكچى بولۇپ قويۇپ قويغانىدى.

«ئاسىيە ئاچام بۇنى ئۇقمايلا مەردانغا كۆتۈرتۈپ قويدى-دە، ئىسىت، — دەپ ئويلىدى زۆھرە، — ھەي بولدىلا،

دېمەيلا قوياي!»

بىردەمــدىن كېــيىن لەيلىمــۇ ماڭمــاقچى بولــدى. ئــۇ دوختۇرخانىدىن ئۇدۇللا بىكەتكە چىقماقچى بولـدى. ئاسىيە يەنە ھېلىقى تومپۇچكىـدىن بىـرنەچچە خالتـا مېۋىنى ئېلىـپ: «ئەلـى يولـدا بـارغۇچە يېسـۇن!» دەپ لەيلىـگە تۇتقـۇزدى. زۆھـرە بۇنىـڭ بانـان، مانـدارىن، مايمۇنشـاپتۇل دېگەنـدەك ئېسىل مېۋىلەر ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. ئەلى خالتىدىكى بانـاننى كۆرۈپلا: «ئـاقلاپ بەرگىـن، يەيـمەن» دەپ قـولىنى ئـۇزاتتى. لەيلى ئۇنىڭ قولىغا ئۇرۇپ قويدى:

— ھاي، بولدى قىل، ئاپتوبۇسقا چىققاندا ئاقلاپ بېرەي-ھە!

ئاسـىيە لەيلىنــى ئۇزىتــىپ چىقىــپ كەتتــى، كېســەلخانىدا سـۇلايمان بىـلەن زۆھـرە ئىككىسـى قالـدى. زۆھـرە ياسـتۇققا يۆلەنگىنىچە ئۇزۇنغىچە خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ كەتتـى. بـۇنى كۆرگەن سۇلايمان تەئەججۈپ بىلەن سورىدى:

— بالام، شۇكلەپلا كەتتىڭ، نېمىنى ئويلاۋاتىسەن؟

— ئاتا، شەرىپەنى ئەمدى چۈشەنگەندەك قىلىۋاتىمەن!

— ئۆمسە گەپ قىلىسەنغۇ، نېمە دېگىنىڭ بۇ؟

— سىڭىڭدىن ئەنسىرەپ قېلىۋاتىمەن، ئاتا!

— ۋۇي، نـېمە گەپ بـۇ ئەمـدى؟ گېپىـڭ بولسـا ئەگىتىـپ ئولتۇرماي ئۇدۇللا دېگىنە، ئادەمنى تىتىلداتماي!

— ئاتا، سىنى خارلىنىپ خارلىققا قـالارمۇ، دەپ قـورقىمەن شۇ...

— نېمە؟ كىم خارلىغۇدەك؟ مېنى قېرىپ خەقكە بوسـۇنچۇق بولــۇپ قالــدۇ، دەپ ئويلاۋاتامســەن؟ مانــا ســەندەلدەك تۇرامەدىمەن! كىمكەن ئۇ مېنى بوزەك قىلىدىغان؟

— ئۇنــداق دېگىــنىم ئەمەس، ئاتــا! ســاڭا قانــداق چۈشەندۈرۈشنى بىلمەيۋاتىمەن، سەن ناھـايىتى ئـاق كۆڭـۈل،

ئۇنىڭ ئۇستىگە ئەر كىشى، نۇرغۇن ئىشلارغا ئانچە ئېرەن قىلىپ كەتمەيسەن، باشقىلار دەل مۇشۇ تەرىپىڭدىن پايدىلىنىپ كېتىدۇ، بىلەمسەن؟!

سۇلايمان زۆھرەنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى سەزگەندەك قىلدىيۇ، ئەمما ئۇنىڭ گەپنى يەنە ئەگىتىۋاتقانلىقىغا ئىچى پۇشتى:

— نېمە بولدى؟ شەرىپەنىڭ يەنە ئالا كۆچۈكلىرى كېلىپ قاپتىمۇ؟ ئۇ ساڭا بىرەر گەپ قىلغان ئوخشىمامدۇ؟

— ياقەي، سەن ھە دېسىلا شەرىپەنى ئەيىبلەۋەرمە... — گەپنى مۇشۇنچىلىك قىلىپ قويسىلا كۇپايە، دەپ ئويلىغان زۆھرە گېپىنىڭ ئايىغىنى يۇتۇۋېتىپ باشقا پاراڭغا چۈشتى.

ئاڭغىچە شەرىپە بىر قاچا كاۋا مانتىسىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى، زۆھرە دەرھال قاچىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ تاماقنى پۇراپ باقتى. بۇنى كۆرگەن شەرىپە ئاچىسىنى ئەيىبلىگىلى تۇردى:

— نېمە قىلغىنىڭ بۇ؟ قاچىدىكى تاماقنى پۇراپ يۇرسەنغۇ؟ يامان بولمامدۇ؟!

زۆھرە كۈلۈمسىرىگىنىچە قاچىنىڭ ئاغزىنى يېپىپ قويۇپ ئاتىسىغا قارىدى:

— ۋۇي، شەرىپە قائىدە-يوسۇننى خېلىلا ئۆگىنىپ قاپتۇ-ھە، قاچىدىكى تاماقنى پۇرىساڭ يامان بولىدۇ، دەپ كېتىشلىرىنى قانداق قىلاي...

شەرىپە تومپۇچكىدىن ئىككى تەخسە، ئىككى جۇپ چوكا ئالدى ۋە تاماق قاچىسىدىكى مانتىنى بىر-بىرلەپ ئېلىپ تەخسىلەرگە سالدى.

— ۋىيەي، قىلىۋاتقان ئىشىنى بۇنىڭ، — دېدى زۆھرە قەستەن شەرىپەنىڭ چىشىغا تەگمەكچى بولغاندەك، — مانتىنى نورمىلىق تاماق تارقاتقاندەك بۆلۈپ يۇرسەڭ سوۋۇپ

كەتمەمدۇ؟!

— ئوھۇش، بولدى قىلە! تەخسىگە ئېلىۋەتمىسە چاپلىشىپ كېتىدۇ، ئۇقتۇڭمۇ؟

— سېنىڭ ئويلىمايدىغان، چېچىلمايدىغان ئىشىڭ يوق، ھېلىمۇ سەمرىيدىكەنسەن... دېگىنە يەنە قانداق قائىدە-يوسۇنلىرىڭ بار، ماڭا ئۆگىتىپ قويغىن...! — دېدى زۆھرە شەرىپەگە چاقچاق قىلىپ.

— ۋاي، بولدى، پەندىيات! بۇنىڭدىن كېيىن ساڭا قائىدە-يوسۇندىن ئېغىز ئاچماي، بولدىمۇ؟! — شەرىپە زۆھرەگە قاراپ قاپاقلىرىنى سۈزدى.

شۇنداق قىلىپ ئاتا-بالا ئۈچەيلەن شەرىپە ئەكەلگەن مانتىنى گۇڭگۇر-مۇڭگۇر پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ ئىشتىھا بىلەن يېيىشكە باشلىدى. بىردەمدىن كېيىن شەرىپە سۇلايماننىڭ پىيالىدىكى چېيىنى يەڭگۈشلەپ بېرىش ئۈچۈن ئىشىك تۈۋىگە باردى ۋە زۆھرەنى «مەيەرگە چىققىنە!» دەپ ئىشارەت قىلدى.

— نېمە بولدى؟ مەن تېخى تامىقىمنى يەپ بولمىسام...! — دېدى زۆھرە شەرىپەگە ئېرەنچەكلىك بىلەن.

— مەيەرگە چىقە! دەيدىغان مۇھىم گەپ بار، بولە! بولمىسا ئىشقا كېچىكىپ قالىمەن!

زۆھرە چوكىسىنى قويۇپ شەرىپەنىڭ يېنىغا چىقتى. شەرىپە ئۇنىڭ قۇلىقىغا بىرنېمىلەرنى دېۋىدى، زۆھرە ئەندىكىپ كەتتى:

— نېمە؟ كىم دەپتۇ؟

— يەنە كىم بولاتتى؟ ھەممىنى بىلىپ بولدۇم، دەسلەپتە مۇنەۋۋەردىن چىققان گەپكەن بۇ! كېيىن ئېغىزدىن-ئېغىزغا كۆچۈپ ئاخىرى مېنىڭ قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى.

— ۋۇي، بۇ مۇنەۋۋەرنىڭ نېمە قىلغىنىدۇ ئەمدى؟ — زۆھرەنىڭ

چىرايى تاتىرىپ، لەۋلىرى كۆكەرگىلى تۇردى.
— ئۆزۈڭنى بىسمۇال! دېگىنە، راست شۇنداقمۇ؟
— ماڭىمۇ ئىشەنمەمسەن؟ ھە، مەن شۇنداق ئادەممۇ؟ — دېدى زۆھرە ئۆنلۈك قىلىپ. سۇلايمان ئىككى قىزنىڭ بىرنېمىلەرنى دەپ توۋلىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ئۇ ئىككىسىنى يېنىغا چاقىردى ۋە زۆھرەنىڭ چىرايىنىڭ ئۆڭۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ كۆڭلى بىر ئىشنى تۇيغاندەك بولدى:
— ئايلاڭ كېسەل تۇرسا، سىرتقا قىچقىرىپ ئاچىقىپ بىرنېمىلەرنى دەۋاتىسەن، سوغۇق تېگىپ قالامدۇ؟ — دېدى سۇلايمان شەرىپەدىن نارازى بولۇپ، — زادى كارىدورغا چىقىپ دېيىشمىسە بولمايدىغان قانداق ئىشتى ئۇ؟
زۆھرە كارىۋىتىدا گەپ-سۆز قىلماي ئولتۇرۇپ كەتتى ۋە بىردەمدىن كېيىن ئاستا يوتقانغا كىرىپ ياتتى. بۇنى كۆرگەن سۇلايمان شەرىپەنىڭ زۆھرەگە جېنىغا تەگكۇدەك بىرەر گەپ قىلغانلىقىنى بايقىدى.
— شەرىپە، دېگىنە، ئايلاڭغا نېمە دېگەنتىڭ؟ — دەپ سورىدى سۇلايمان قولىدىكى چوكىنى قويۇپ.
— ھېچنېمە!
— ھېچنېمە؟ بىرنېمە دېمىگەن بولساڭ تۇيۇقسىزلا دېمى ئىگە چۈشۈپ كېتەمتى؟
شەرىپە يەنە گەپ قىلمىدى. بۇنى كۆرگەن سۇلايمان ئاچچىقىدا ۋارقىرىدى:
— ھەي، سەن ھەممە ئىشتىن پۇتاق چىقىرىپ گەپ تېپىپ تۇرمىساڭ ئىچىڭ پۇشۇپ قالامدۇ؟ ماڭ، ئىشىڭغا بار!
ئوڭايسىزلىنىپ يىغلىۋېتەيلا دەپ قالغان شەرىپە ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ چىقىپ كەتتى. سۇلايمان گەپنى ھاپىلا-شاپىلا دەۋېتىپ ئاخىرىدا ئۆزىنى جىمىلەيدىغان ئادەم ئىدى. «ھەي، شالىمنى چاچماي ئاستا سوراپ باقسامچۇ!» دەيتتى

ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلاپ.

سۇلايمان كۆزلىرىنى يۇمغىنىچە ھەسرەت ئىچىدە ياتقان زۆھرەگە قارىدى:

— قىزىم، ئېيتقىنە! شەرىپە ساڭا نېمە دېدى؟ سەن توغرۇلۇق ئىشمىكەن؟

بۇ ئەلەمنى ئىچىگە سىغدۇرالمىغان زۆھرە ئاخىرى ئورنىدىن تۇرۇپ ئولتۇردى. زۆھرەنىڭ ياستۇقى ياشتىن ھۆل بولۇپ كەتكەنىدى.

— ئاتا، مۇنەۋۋەر ئانا-بالا ئىككىسى راستىنلا سەن ئۆيلىنىغاندەك ئاق كۆڭۈل كىشىلەرمىدۇ؟

— بۇ نېمە گەپ؟

— مۇنەۋۋەر ئارقامدىن: «زۆھرە خوتۇن-باللىرى بار بىرەيلەننى تېپىۋاپتۇ، خەقنىڭ ئۆيىنى بۇزماقچى... بۇزۇق» دېگەن گەپنى تارقىتىپ يۈرۈپتۇ. ئاسىيە ئايلاموۇ: «بۇ قېرى قىزنى بالدۇرراق ئەرگە بېرىۋەتكەن بولساق ئانا-بالا ئىككىمىزنىڭ قۇلىقى تىنچىپ قالاتتى» دېگەندەك گەپلەرنى قىلىپ يۈرگۈدەك.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ يۈرىكى پىچاق تىققاندەك ئاغرىپ كېتىۋاتقان سۇلايمان ئىختىيارسىز مەيدىسىنى تۇتتى.

— ھەي... بۇ ئۆيدە چىرايلىق ئۆتۈۋاتقانلىقىمىزغا چىدىماي قېلىۋاتقان قىزىل كۆزلەرنىڭ تاپقان گېپىمۇ، بىرنەرسە دېگىلى بولمايدۇ، بالام! ئۇنداق گەپلەرگە قۇلاق سالما، مېنىڭچە ئاسىيە بىلەن مۇنەۋۋەر ئۇنداق ئادەملەردىن ئەمەس!

زۆھرە باشقا گەپ قىلمىدى. ئەمما، سۇلايمان ئاغزىدا ئۇنداق دېگىنى بىلەن زۆھرەنىڭ گەپلىرىدىن بىرقىسملا بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە زۆھرە بىلەن مۇنەۋۋەر قىزىرىشىپ قالغان كۈنى مۇنەۋۋەرنىڭ زۆھرەگە ئاشۇنداق

دېگەنلىكىنى ئاڭلىغاندەكمۇ قىلغانىدى. شۇنداق، سۇلايمان بۇ گەپنى مۇنەۋۋەردىن ئېنىق سوراپ باقماقچى بولدى.

— بولدى، بالام، يېتىپ ئارام ئالغىن! قالايمىقان خىياللاردا بولما! مەن قايتاي، چۈشتە مۇنەۋۋەر تاماق ئەكېلىپ بەرسۇن...

— بولدى، ئاۋارە بولمىسۇن! ئەتىگەن يەڭگەم: «چۈشتە تاماق ئاپىرىمەن» دەپ تېلېفون قىپتۇ...

## 49

شەرىپە دوختۇرخانىدىن چىقىپ ئۇدۇل ئىدارىسى تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئاتىسىنىڭ بايىقى غەزەپلىك چىرايى شەرىپەنىڭ كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ ئۇنى تىنىمسىز ئازابلايتتى. شەرىپە ئاغرىپ ياتقان ئاچىسىنى ئايىمىغان بولسا ئاتىسىغا دەيدىغاننى دەپ ئاق-قارىنى ئايرىغان بولار ئىدى. شەرىپە ئىشخانىسىغا كىرگەنىدىن كېيىنمۇ خېلىغىچە قولى ئىشقا بارمىدى. ئاتىسىنىڭ تېخى ئۆيگە يېتىپ بارمىغانلىقىنى جەزم قىلغان شەرىپە چوڭ ئۆيگە تېلېفون قىلدى. تېلېفوننى دەل ئاسىيە ئالدى. ئاسىيە تېلېفوندىن شەرىپەنىڭ ئۈنىنى ئاڭلاپ تۇرۇپلا قالدى، چۈنكى ئالدىنقى كۈنى بولغان ئىش ئۇنىڭ يادىدا ئىدى.

— ئاتام كەلمىدىمۇ؟

— ياق، تېخى كەلمىدىغۇ!

— ئاسىيە ئاچا، سىز ئۆزىڭىزگە لىللا باھا بېرىپ بېقىڭە، — دېدى شەرىپە گەپنىڭ پوسكاللىسىنى قىلىپ، — سىز زادى قانداق خوتۇن؟

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟

— سىز يىلاندىنمۇ ئەقىللىق خوتۇنكەنسىز، نېمە دېمەكچى

بولغانلىقىم كۆڭلىڭىزگە ئايان! سىز ئاتامنىڭ ئالدىدا، خەقلەرنىڭ كۆزىچە قولىڭىزنى قوۋۇشتۇرۇپ ھىجايغىنىڭىز بىلەن ئىچىڭىزدە توڭگۇز قاترايدىغان زەھەرخەندە ئىكەنسىز...

— گېپىڭىز بولسا ئۇدۇل دەڭ، ئادەمگە ئاھانەت قىلماي!

— زۆھرە ئەر چىقماي ئولتۇرۇپ قالدىمۇ، قاچان ئەرگە تېگىدۇ، بۇنىڭ بىلەن سىزنىڭ كارىڭىز نېمە؟ نېمىشقا خەقلەرگە: «زۆھرە ئولتۇرۇپ قالدى، تېززەك ئەرگە بېرىۋەتسەك بولاتتى!» دېگەن گەپلەرنى قىلىپ يۈرىسىز؟

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ قورقۇپ كەتكەن ئاسىيەنى تىترەك باسقىلى تۇردى، لېكىن ئۆزىنىڭ بايىقىدەك گەپلەرنى قىلغانلىقى ئۇنىڭ يادىدا يوق ئىدى:

— ئۇنداق گەپلەرنى قىلغىنىم يوق، — دېدى ئاسىيە گەپنى كېسىپلا، — كىمدىن ئاڭلىدىڭىز؟

— قوشنام نىساخاندىن. ئۇ سىزنىڭ ھېلىقى مەريەم دېگەن دوستىڭىز بىلەن بىر زاۋۇتتا ئىشلەيدۇ. مەريەم يەنە خەقلەرگە: «زۆھرە خوتۇن-بالىلىرى بار بىرەيلەننى تېپىۋاپتۇدەك، ئەتە-ئۆگۈن ئۇ ئادەمنىڭ ئۆيىنى بۇزارمىش» دەپ يۈرگۈدەك. بۇ گەپلەرنىڭ نەدىن چىققانلىقىنى بىلەمسىز؟ دەل مۇنەۋۋەرنىڭ ئاغزىدىن چىققان گەپلەركەن!

ئاسىيە دەرھال ئېسىگە ئالدى. ھېلىقى كۈنى ئۇلار دوختۇرخانىدا مەريەم بىلەن مۇڭداشقاندا مۇنەۋۋەر راستتىنلا شۇنداق دېگەنىدى. ئەمما، ئۇ گەپلەرنىڭ ھەش-پەش دېگۈچە شەرىپەنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ قالارىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى. بىراق، ئۇ بۇ گەپلەرنى ھازىرچە تەن ئالسا بولمايتتى:

— سىزگە شۇنى دەپ قوياي، شەرىپە! زۆھرەنىڭ يامان گېپىنى قىلغىنىم يوق، مۇنەۋۋەر تېخىمۇ شۇنداق! مۇنەۋۋەر

ئۆتكەندە زۆھرە بىلەن گەپ تەرگىشىپ قالغىنى راست، لېكىن ئەپلىشىپ قالدى! مۇنەۋۋەرنى ئاستا-ئاستا چۈشىنىپ قالىسىز، ئۇ ئەس-ھوشى جايىدا قىز. ھەرگىزمۇ ئاچىسىنىڭ كەينىدىن ئۆسەك سۆز تارقاتمايدۇ!

شەرىپە نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى.

— سىلەر دېمىسەڭلا بۇ گەپلەر نەدىن چىقىدۇ ئەمىسە؟ — دەپ ۋارقىرىدى شەرىپە بىردەمدىن كېيىن، — ئۇنتۇپ قالماڭ، «ئاسىيە بىلەن مۇنەۋۋەر شۇنداق دېدى» دېگەن گەپلەر دەل سىزنىڭ ئەڭ يېقىن دوستىڭىز مەريەمنىڭ ئېغىزىدىن چىقىپتۇ!

— مەريەممۇ ئۇنداق ئۆسەك سۆزلەرنى تارقىتىپ يۈرىدىغان خوتۇن ئەمەس. ئائىلىمىزگە كۆز قىزارتىۋاتقان بىرەرسىنىڭ تاپقان يالغان-ياۋىداق گەپلىرىدۇ، تايىنلىق!

ئاسىيەنىڭ يەنىلا تەن ئالمايۋاتقانلىقىنى كۆرگەن شەرىپەنىڭ جان-ئىمانى چىقىپلا كەتتى:

— تېنىۋالماقچى شۇنداقمۇ؟ — دېدى شەرىپە تېلېفوندا جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىراپ تۇرۇپ، — بوپتۇ، ئەتىلا ھېلىقى دوستىڭىزنى باشلاپ ئەكېلىپ يۈزلەشتۈرىمەن!

— ئىختىيارىڭىز ! — دېدى ئاسىيە تەمكىنلىك بىلەن. ئاڭغىچە شەرىپەمۇ تېلېفوننى بېسىۋەتكەنىدى. شەرىپەنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئاسىيەنى تىترەك باسقىلى تۇردى. ئۇ ساپادا خېلى ئۇزۇنغىچە خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ كەتتى. ئاسىيە ئاخىرى مەريەمگە تېلېفون قىلىپ ئۇنىڭغا: «باشقىلار سوراپ قالسا ئاغزىڭنى چىڭ يۇم!» دەپ قويماقچىدى. باشقا ئامالنىڭ يوقلۇقىنى بىلدى.

مەريەمنىڭ يانفونى ئۇلاندى.

— ۋەي، سىز كىم؟ — مەريەم بىر ئىش قىلىۋاتقان بولسا كېرەك، تېلېفوندىن غەلىتە بىر شاۋقۇننىڭ ساداسى كېلىۋاتاتتى.

— ھە، مەن، نېمە ۋاراڭ - چۇرۇڭ ئۇ؟

— ۋىيەي، ئاسىيەمۇ؟ تىنچلىقمۇ؟ ئۇزاق بولدى كۆرۈشمىگىلى!

— ئوھۇش، بۇ گەپلىرىڭنى قويغىنە! مۇھىم بىر ئىش چىقىپ قالدى، ئەمدى ئۆزۈڭ ياردەم قىلمىساڭ بولمايدۇ!

— نېمە ئىش؟

— مۇنەۋۋەرنىڭ ساڭا زۆھرەنىڭ لايىقى توغرۇلۇق دەپ بەرگەن گېپى بولمامدۇ! شەرىپە بېرىپ سوراپ قالسا سەن: «ئىللا - بىللا مۇنەۋۋەر ئۇنداق گەپ قىلمىغان» دەپ تېنىۋالىساڭ، ماقۇلمۇ؟

— ۋىيەي، بىرەر ئىش چىقتىمۇ؟

— ئوھۇش، تولا ئەزمەڭنى ئەزمىگىنە؟ ئاۋۇ ئادەمنىڭ كېلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى!

ئاسىيە تېلېفوننى قويۇۋەتمەكچى بولۇۋىدى، مەريەم ئەزمىلىك قىلىپ گەپ سورىغىلى تۇردى:

— شەرىپە راستىنىلا كېلىپ قالسا نېمە دەرمەن؟ ئۇ قىزدىن راستىنىلا قورقۇۋاتىمەن جۇمۇ!

— دېدىمغۇ، تېخى چۈشەنمىدىڭما؟ ئاڭلاپ قالغان كىچىككىنە گەپنى ئۇچرىغانلا ئادەمگە يېيىپ مانا ئەمدى بالانىڭ چوڭىنى تېرىدىڭ! مانا ئەمدى ئۆزۈڭ تاپقان ئىشنى ئۆزۈڭ يىغىشتۇر!

ئاسىيە ئاشۇ گەپنى دەپ تۇرۇشىغا سۇلايمان كىرىپ كەلدى ۋە ئاسىيەنىڭ بىر كىمگە چېچىلىپ سۆزلەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ سورىدى:

— كىم ئۇ؟ نېمىنى «يىغىشتۇر!» دەپ كەتتىڭ؟

سۇلايماننى كۆرۈپلا پۇت - قولىدا جان قالمىغان ئاسىيە ئۆزىنى دەرھال بېسىۋالدى:

— ھە، باشقا گەپ ئەمەس، بىز خوتۇنلارنىڭ ئارىسىدىكى

ئىشلار شۇ!

چىرايى تاتىرىپ كەتكەن سۇلايمان ناھايىتى ھارغىن كۆرۈنەتتى. ئۇ ساپاغا كېلىپ ئولتۇرۇپ مەيدىسىنى ئۇۋۇلىغاچ سورىدى:

— شەرىپە تېلېفون قىلدىمۇ؟

ئاسىيە بۇ سوئالغا نېمە دەپ جاۋاب بەرسە بولىدىغانلىقىنى دەماللىققا بىلەلمەي دۇدۇقلاپ قالدى:

— ياق، ھە... راست، قىپتىكەن!

ئاسىيەنىڭ ئاغزىدىن بۇنداق گەپنىڭ چىقىشىنى كۈتمىگەن سۇلايمان:

«ھەي، بۇ بالىنىزە، ھاپىلا - شاپىلا تېلېفون قىلغىنىنى قارىمامدىغان» دەپ ئويلىدى ۋە تاقەتسىزلىك بىلەن سورىدى:

— ئۇ نېمە دەيدۇ؟

— ھېچ... ھېچنېمە دېمىدى.

— راست گەپ قىل! گەپنى ئوچۇق قىلىشايلى، يوشۇرمايلى دەپ قانچە قېتىم ئېيتتىم مەن ساڭا؟ كېسەلنى يوشۇرسا ئۆلۈم ئاشكارا، بىلەمسەن؟

ئاسىيە گەپ قىلماي تۇرۇۋالدى، سۇلايمان يەنە قايناپ سۆزلىگىلى تۇردى:

— شەرىپە: «مۇنەۋۋەر زۆھرەنىڭ ئارقىسىدىن گەپ تېپىپتۇ» دېگەن گەپلەرنى ئاڭلىغان ئوخشايدۇ، بۇ زادى نېمە ئىش؟

ئاسىيە گويا يۈرىكى سوقۇشتىن توختاپ قالغاندەك ئۇجۇقۇپلا كەتتى.

— شەرىپە قىز نېمىشقىمۇ ئۇنداق گەپلەرگە ئىشىنىپ يۈرىدىغاندۇ؟ — دېدى ئاسىيە بىردەمدىن كېيىن ئۆزىنى ئوڭلاپ، — بىزنىڭ بىر ئوبدان ئۆتتۈۋاتقانلىقىمىزنى كۆرۈپ

ئىچىدىن قان ئۆتۈۋاتقانلار ئازمۇ دېسلە؟ باللار ئۇنداقلارنىڭ دامىغا چۈشۈپ قالسا ئۆيىمىز تىنچىمايدۇ... ھەي...

ئاسىيەنىڭ گېپى ئورۇنلۇق ئىدى. بۇنىڭ بىلەن سۇلايماننىڭ يەنە شەرىپەگە ئاچچىقى كەلگىلى تۇردى. ئۇ بۇ ئاچچىقنى ئاسىيەگە ئېيتىپ ئىچىنى بوشاتماقچى بولدىيۇ، لېكىن يەنە ئۆزىگە ھاي بەردى. شۇنداق ئەمەسمۇ؟ شەرىپە سۇلايماننىڭ يۈرەك پارىسى تۇرسا، ئۆز بالىسىنى غايىبانىسىگە تىللاپ يۈرۈشكە كىمنىڭمۇ كۆڭلى ئۇنىسۇن؟! سۇلايماننىڭ گەپ قىلماي تۇرۇپ قالغانلىقىنى كۆرگەن ئاسىيە بايىقى گەپلىرىنىڭ جايىدا بولغانلىقىنى پەملىدى.

— خەق نېمە دېسە دېسۇن، — دېدى ئاسىيە سۇلايماننىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، — بىز ئىشەنمەيلى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنداقلارنىڭمۇ ئاغزى ئېتىلىدۇ. باللارغىمۇ دەيلى، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ئۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىغان ھامان ئۇدۇل كېلىپ ماڭا دېسۇن! سىلى ئاچچىق كۆتۈرەلمەيلا!

ئاسىيە سۇلايماننى يۆلەپ ھۇجرىسىغا ئەكىردى ۋە سۇلايمان كارىۋاتقا چىقىپ سۇنايلىنىپ ياتقاندىن كېيىن ئۇنىڭغا بىر ئىستاكان سۈت ئەكىرىپ بەردى. ئاسىيە: «تاماقنى تۇتۇش قىلاي!» دەپ ئاشخانىغا ئەمدى كىرىشىگە مۇنەۋۋەر ئىشتىن يېنىپ كەلدى. ئاسىيە سەۋزە قىرىۋاتقان پىچاقنى ئالمان - تالمان قويدى - دە، پەرتۇقنى ئېلىۋېتىشكىمۇ ئۈلگۈرمەي مۇنەۋۋەرنىڭ ھۇجرىسىغا يۈگۈرۈپ كىردى ۋە پەلتوسىنى سېلىپ ئىشكاپقا ئېسىۋاتقان مۇنەۋۋەرنى بۇلۇڭغا تارتتى:

— سەندىن سوراپ باقاي، مەرىيەمگە نېمە دېدىڭ؟

— نېمە دەپتىمەن؟ قاچان؟

— قاچانلىقىنى مەن نەدىن بىلەي؟ يېقىندىن بېرى ئۇنى كۆرگەنمىدىڭ؟

مۇنەۋۋەر بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى:
— ھە، راست، ئىككى ھەپتىنىڭ ئالدىدا ئۇنى ئۇچرىتىپ قېلىپ، ئىككىمىز بىردەم پاراڭلاشقانىدۇق، بۇنى ساڭا دەپ بەرگەنتىمغۇ؟!
— شۇ كۈنى ئۇنىڭغا نېمىلەرنى دېگەنتىڭ؟ زۆھرە توغرۇلۇق بىرنېمە دېگەنمىدىڭ؟
— ھېچنېمە دېمىگەن... شۇ... مەريەم ئاپاش: «ئۇ قىز بەكمۇ جىمغۇركەن» دېۋىدى، مەن تۇرۇپ: «پاتراق ياتلىق بولۇپ چىقىپ كەتسە مەنمۇ بۇ ئۆيدە ئازاد بولۇپ قالاتتىم» دەپ قويغانىدىم... باشقا گەپ قىلمىغان...
ئاسىيە مۇنەۋۋەرنى ئۇرماقچى بولۇپ قولىنى كۆتۈردىيۇ، ئەمما ئۇنىڭغا قول تەگكۈزۈشكە كۆڭلى ئۇنىمىدى:
— ئۇ گەپنى ماڭا سەن دەپ بەرگەن تۇرساڭ، — دېدى «ئاپىسىنى ئۇرۇپ كېتەرمىكىن» دەپ تولغۇلۇپ كەتكەن مۇنەۋۋەر.
ئاسىيە ئۆزىنىڭ بۇ گەپنى قىلغانلىقىنى بىلەتتى، لېكىن مۇنەۋۋەرنىڭ ئۇنداق ئۇششاق-چۈششەك گەپلەرنى مەريەمگە دەپ يەتكۈزگەنلىكىگە بەكمۇ ئاچچىقى كەلدى. ئۇ مۇنەۋۋەرنى ماڭسىدىن قامااللاپ تۇرۇپ ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلدى:
— ئېسىڭدە بولسۇن، سەن ئۇنداق گەپلەرنى قىلمىغان، مەريەم بىلەن كۆرۈشمىگەن، ئۇقتۇڭمۇ؟!
ئىشنىڭ باش-ئايىغىنى چۈشەنمىگەن مۇنەۋۋەر ئاپىسىدىن سورىدى:
— زادى نېمە بولدى، دەيمەن؟
— نېمە؟ چۈشەنمەيۋاتامسەن؟ شەرىپە بايا تېلېفون قىلىپ ئۇ گەپلەرنى مەندىن سورىدى، قارىغاندا، بۇ ساراڭ بولدى قىلمايدىغان ئوخشايدۇ. ئەمدىغۇ چۈشەنگەنسەن؟!
مۇنەۋۋەر بېشىنى لىڭشىتتى.

## 50

شەرىپە تېلېفوننى قويۇۋەتكەندىن كېيىنمۇ ئۇچى تىتىلداپ ئولتۇرالمايلا قالدى. ئۇنىڭ ئويلىغىنىمۇ توغرا ئىدى: زۆھرەدەك ھەم چىرايلىق، ھەم ئاق كۆڭۈل بىر قىزنىڭ شۇنچە يىللارغىچە لايىق چىقماي ئولتۇرۇپ قالغانلىقىنىڭ ئۆزىلا يېتىپ ئاشاتتى. مىڭ بالالىقتا بىر لايىق تېپىۋىدى، ئۇنىڭ ئابرۇيىنى تۆكىدىغان ئۆسەك سۆزلەر چىققىلى تۇردى. «خۇدانىڭ ئادىللىقى مۇشۇمۇ؟ خەقنىڭ ئارقىسىدىن قەستەن گەپ تاراتقان ئۇنداق ئوتقۇيرۇقلارنىڭ جاجىسىنى بەرمەي بولمايدۇ!» شەرىپە چوڭ ئۆيگە يەنە تېلېفون قىلىۋىدى، تېلېفوننى يەنە ئاسىيە ئالدى:

— ئاسىيە ئاچا، بۇ ئىش چىققانىكەن، ئۇنى ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىۋەتمىسەك بولمايدۇ. مەرىيەم بىلەن يۈزلىشىدىغان ئىشنى ئەتىگە سۆرەپ يۈرمەي بۈگۈنلا قىلايلى. مەن تاكسى بىلەن سىزنى ئالغىلى بارىمەن، ساقلاپ تۇرۇڭ!

— ئەجەب مۇشۇ ئىش بىلەنلا قالدىڭىزغۇ، شەرىپە! مەن سىزگە «ئۇنداق ئىش يوق، ئەمدى بولدى قىلايلى» دېسەم ئەمدى سىز قوپۇپ پۈتۈن ئالەمگە يايماقچىمۇ؟

— خەلقئالەمنىڭ بىلىپ كېتىشىدىن قورققان ئادەم ئۇنداق گەپنى باشتىلا دېمىسەڭلا بولاتتى، زادى بارامسىز-بارمامسىز؟ — شەرىپە ئۇنىڭدىن قىستاپ سورىدى.

— ئىشقىلىپ، مەن بارمايمەن، يامان بولسىڭىز مەرىيەمنى ئالدىمغا ئەكېلىڭ، شۇ چاغدا يۈزلىشىپ بېرەي! بۇ ئىشنى ئاتىڭىزغىمۇ دەپتىكەنسىز، زەردىگۆش بولۇپ ياتىدۇ!

— نېمە، ئاتام كەلدىمۇ؟ ئۇنى چاقىرىڭ، دەيدىغان گېپىم بار!

— بولمايدۇ، ئۇ ئەمدىلا ئۇخلىدى، گېپىڭىز بولسا ئەتە

قىلىڭ! — ئاسىيە تېلېفوننى بېسىۋەتتى.

— ۋۈي، قان چىقارماي جان ئالىدىغان جادۇگەر! — دەپ تىللىدى شەرىپە.

ئاسىيە تېلېفوننى قويۇۋېتىپ تاماق قىلىۋاتقان مۇنەۋۋەرگە ياردەملىشىش ئۈچۈن ئاشخانىغا كىردى. ھەش-پەش دېگۈچە تاماقمۇ پىشتى.

— بايا شەرىپەدىن تېلېفون كەپتىكەن، — دېدى ئاسىيە داستىخانغا تاماق يېگەچ ئولتۇرۇپ سۇلايمانغا، — سىلىنى سورىغانىدى، يەنە ھېلىقى گەپنى تىلغا ئالسا زەردىلىرى ئۆرلەپ قالمىسۇن، دەپ سىلىنى ئويغاتمىغان.

— توغرا قىپسەن، ئۆزۈم كارىۋاتتا ئارام ئېلىپ ياتقىنىم بىلەن يۈرىكىم ئاغرىپ ھېچبىر ئارام بەرمىدى. ھازىر كاللامغا بۇ ئىش ئەمەس، زۆھرەنىڭ كېسىلى كىرىۋالدى، بىلەمسەن؟! دوختۇرلارنىڭ ئىما-ئىشارىسىغا قارىغاندا زۆھرەنىڭ كېسىلى يېنىك ئەمەستەك قىلىدۇ، — سۇلايمان يەنە مەيدىسىنى تۇتتى.

ئەتىسى شەنبە بولدى، سۇلايمان بىلەن ئاسىيە ئىككىسى بىر تويغا باردى. ئۇ ئىككىسى توي بولۇۋاتقان رېستوراننىڭ بوسۇغىسىغا بارغاندا سۇلايماننىڭ تونۇش-بىلىشلىرى ئۇچراپ، گەپلىشىپ شۇ يەردە تۇرۇپ قالدى. مېھمان باشلايدىغانلار ئاسىيەنى بىر توپ تونۇمايدىغان خوتۇنلارنىڭ ئارىسىغا ئاپىرىپ ئولتۇرغۇزۇپ قويدى. خوتۇنلار ئىككى ئالەمنىڭ گېپىگە چۈشۈپ كېتىشكەنىدى. خوتۇنلاردىن بىرى تۇيۇقسىزلا ئىشىك تۈۋىدە تۇرغان سۇلايماننى كۆرسەتتى:

— ھىم، قاراڭلار! سۇلايمانغۇ ئاۋۇ!

تۇيۇقسىز ئېرىنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىغان ئاسىيە ئىختىيارسىز ئىشىك تۈۋىگە قارىدى، سۇلايمان يەنە ھېلىقى ئاغىنىلىرى بىلەن پاراڭلىشىپ تۇراتتى.

خوتۇنلارنىڭ گېپى مانا ئەمدى سۇلايمانغا كۆچتى:
— سۇلايمان قىرىق نەچچە ياشلاردىكى بىر خوتۇننى ئاپتۇدەك؛ ئۇ خوتۇننىڭ ئىككى بالىسى بارمىش، ئۆزى ھەم سېمىز، ھەم پاكىنەكمىش؛ ئۇ ھەكىمەنىڭ قولىغا سۇمۇ قۇيۇپ بېرەلمەيدىغان سەت خوتۇنمىش!
— ئۇ خوتۇن ھەكىمەنىڭ قولىغا سۇ قۇيۇپ بېرەلەمدۇ- بېرەلمەمدۇ، ئۇ ئۇزىنىڭ ئىشى. ئىشقىلىپ، ئەر خەق دېگەنچۇ، ئادەم ئەمەس نېمىلەر! خوتۇنى ئۆلۈپ كىرپىكىگە توپا قونار- قونمايلا خوتۇندىن يەنە بىرنى ئالدۇ؛ يېڭى خوتۇننىڭ تاتلىقلىقىدىن بىر ئۆمۈر ئوتىدا كۆيۈپ، سۆيىدە ئاققان بۇرۇنقى خوتۇننى ئۇنتۇيدۇ!
— ئۇ خوتۇن ئەسلىدە بىر ئاشپەزنىڭ خوتۇنىكەن، ھازىر ئېيىغا ئاران ئۈچ يۈز يۈەن پېنسىيە مائاشى ئالىدىكەن!
— ھە... شۇڭلاشقا يەتمىش ياشلىق قېرىنى ئىندەككە كەلتۈرۈپتىكەن- دە!
— ۋىيەي! دۇنيادا خوتۇن ئازمۇ سۇلايمانغا؟ ئاشپەزدىن ئاشقان بىرنېمىنى ئېلىپ يۈرمىسىمۇ؟!
خوتۇنلار ئاغزى- ئاغزىغا تەگمەي چىقىۋاتقان گەپلەرنىڭ قىزىقىدا ئاسىيەنىڭ شۇ چاغدىكى چىرايىغا دىققەت قىلمىدى. ئىچ- ئىچىدىن ئۆرتىنىپ كېتىۋاتقان ئاسىيەنىڭ ئۇ خوتۇنلارنىڭ ئارىسىدا ئولتۇرۇۋېرىشكە ھېچبىر تاقىتى قالمىدى. ئۇ دەس ئورنىدىن تۇرۇپلا چىقىپ كەتتى. ئاسىيە ئۆيىگە كېلىپ كارىۋاتقا ئۆزىنى ئېتىپلا «ھو» تارتىپ يىغلاپ كەتتى. ئاسىيەنىڭ ئۆزىدىن بۇرۇن قايتىپ كەتكەنلىكىنى سەزگەن سۇلايمان تېرىككىنىچە يېنىپ كەلدى. ئۇ ئۆيگە كىرگەندە ئاسىيە ھاجەتخانىدا يۈزىنى يۇيۇۋاتاتتى.
— نېمىشقا يالغۇز يېنىپ كەلدىڭ؟ بىرگە بارغاندىكىن بىرگە يېنىپ كەلمەمدۇق؟ مۇشۇنچىلىك ئىشنىمۇ

ئۇقماسەن؟ ــ سۇلايمان چىچىلىپ سۆزلەپ كەتتى. ئاسىيە باشقا گەپ قىلمىدى. ئۇ يۈزىنى لۆڭگىدە ئېرتىۋەتكەندىن كېيىن ھاجەتخانىدىن چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ ماڭدى.

ــ نەگە بارىسەن؟ ــ دېدى سۇلايمان ھاجەتخانىنىڭ ئىشىكىنى توسۇپ تۇرۇپ، ــ بايىقى گەپكە جاۋاب بەر!

ــ مىجەزىم يوق، چىقىپ بىردەم يېتىۋالاي!

ــ زادى نېمە ئىش بولدى؟ كۆزۈمگە قاراپ تۇرۇپ جاۋاب بەر! ــ سۇلايمان تېخىمۇ چىچىلغىلى تۇردى.

ئاسىيە سۇلايمانغا قارىدى. ئاسىيەنىڭ قاپاقلىرى ئىششىپ كەتكەنىدى. سۇلايمان ئۇنىڭ قاتتىق يىغلىغانلىقىنى بىلدى. بۇنى كۆرگەن سۇلايمان بايا ئاسىيەگە ئارتۇقچە چىچىلىپ قالغانلىقىغا پۇشايمان قىلدى. ئۇ ئاسىيەنىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلدى:

ــ يىغلاپ كۆزلىرىڭ ئىششىپ كېتىپتۇ، دېگىنە، زادى نېمە ئىش بولدى؟

سۇلايماننىڭ مېھرىبانلىق نۇرلىرى تۆكۈلۈپ تۇرغان كۆزلىرى ئاسىيەنىڭ ئۆپكىسىنى ئۆرۈيتتى، ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى تاراملاپ ئاقاتتى. ئۇ سۇلايمانغا بىرنېمە دېمەكچى بولۇپ ئېغىزىنى ئۆمەللىدى، لېكىن گەپ قىلالمىدى. ئۇ لەۋلىرىنى چىڭ چىشلىگىنىچە سۇلايماننى بىر ياققا ئىتتىرىۋېتىپ چىقىپ ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى. ئاسىيەنىڭ بۇ ئەپتىنى كۆرگەن سۇلايمان ئۇنى يەنە شەرىپە بىلەن قىزىرىشىپ قالغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدى. ئۇ ئورنىدا قاققان قوزۇقتەك بىرھازا تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن تاش ئېسىپ قويغاندەك ئېغىر پۇتلىرىنى تەستە يۆتكەپ ھۇجرىغا كىردى ۋە كارىۋاتنىڭ لېۋىگە كېلىپ ئولتۇرۇپ تام تەرەپكە قاراپ جىمجىت ياتقان ئاسىيەگە قارىدى. ئۆيىنىڭ ئىچى چىۋىن ئۇچسا بىلىنگۈدەك دەرىجىدە تىمتاس ئىدى. شۇ ئارىلىقتا ئاسىيە تۇيۇقسىز

ئورنىدىن تۇرۇپ ئولتۇردى ۋە سۇلايمانغا جىددىي تىكىلدى:
— بىز ئاجرىشىپ كېتەيلى! — ئاسىيەنىڭ گەپلىرى ناھايىتى كەسكىن ئىدى.
— نېمىشقا؟ — بۇ گەپنى ئاڭلىغان سۇلايماننىڭ يۈرىكى «قارت!» قىلىپ قالدى. ئۇ ئاسىيەنىڭ پېشانىسىنى سىلىۋىدى، ئاسىيە ئۇنىڭ قولىنى ئىتتىرىۋەتتى.
— كاللاڭ قىزىپ قېلىۋاتامدۇ قانداق؟ نېمە ئۇنداق يوقىلاڭ گەپلەرنى قىلىپ يۈرىسەن؟ سېنىڭ ھەممىلا يېرىڭ بولىدۇ، ئاپىسى! مۇشۇ «ئىچىمدىكىنى تاپ!» دەپلا باتناپ يىغىنىڭ بەك جېنىمغا تېگىدۇ دېگىنە، يەنە نېمە گەپ ئاڭلىدىڭ؟ زادى ئاجرىشىپ كەتمىسەك بولمىغۇدەك زادى قانداق ئىش ئۇ؟ — دېدى سۇلايمان زەردە بىلەن.
سۇلايماننىڭ كۆزلىرىگە تىكىلگەن ئاسىيە بۇ ئاق كۆڭۈل ئادەمنى يەنە بىتاقەت قىلغۇسى كەلمىدى. ئۇ تويدىكى خوتۇنلارنىڭ ئارىسىدا بولۇۋاتقان گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى سۇلايمانغا دەپ بەردى. ئۇ گېپىنى تۈگىتىپ سۇلايمانغا سوئاللىق تىكىلدى. سۇلايمان ئاسىيەنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ گويا يەلكىسىدىكى ئېغىر تاشنى سىلكىپ تاشلىۋەتكەندەك يېنىكلەپ قالدى ۋە كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ ئاسىيەنىڭ مەڭزىنى بوشقىنە چىمدىپ قويدى:
— نېمە ئىشكەن دەپتىمەن تېخى! شۇمىدى؟ ھەي، گالۋاڭ خوتۇن؟! «بىزنى كۆرەلمەيدىغانلار جىق» دېگەن گەپنى ئۆزۈڭمۇ قىلدىڭغۇ، ھەممىسى شۇنىڭدىن چىقىۋاتقان گەپلەر! ئۇقۇپ قوي، ماڭا تېگەلمەي ئارماندا يۈرۈۋاتقان خوتۇنلار جىق جۇمۇ!
— پونى زەي سالمايلا ئاتتىلىغۇ! — دەپ كۈلدى ئاسىيە. ئەمما ئۇنىڭ چېھرىدىكى تەبەسسۇم يەنە شۇ ھامان يىتتى.
— كۆڭلۈمدىكى گەپنى دېسەم، سىلى ئوبدان ئادەم، — دېدى

ئاسىيە ھەسرەت بىلەن، ــ لېكىن شۇ... ئاسىيە گېپىنىڭ ئايىغىنى يۇتۇۋەتتى.
ــ قېنى دېگىنە، لېكىن دېگىنىڭ نېمە؟
ــ لېكىن شۇ، سىلى بىلەن توي قىلغانلىقىمغا پۇشايمان قىلىپ قېلىۋاتىمەن.
ــ نېمە ئۈچۈن؟
ئاسىيە سۇلايمانغا مەنىلىك قارىدى، ئەمما ئېغىز ئاچمىدى. سۇلايمانمۇ گەپنى كوچىلاپ سوراۋەرمىدى.
ــ بولدى قىل ئەمدى! نېمە دەيدىغانلىقىڭنى بىلىمەن ھەم ئاڭلىغۇممۇ يوق، ــ دېدى سۇلايمان كۈلۈپ تۇرۇپ، ــ قۇرۇق گەپنى قويۇپ، ماڭا بىر چىنە سۈيۈقئاش ئېتىپ بەرگىن!
ــ تويدا غىزا يېمىدىلىمۇ؟
ــ ھەي، ئۇنداق يەرنىڭ تامىقىنى يېيىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ئۇنىڭغا قارىسامۇ ئاشقازىنىم ئېچىشىدۇ! بولە چاققان، قورساق كوركىراپ كەتتى!
ئاسىيە «دىككىدە» ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا ماڭغۇدى، سۇلايمان ئۇنى يەنە چاقىردى.
ــ يېنىمغا كەلگىنە! ــ دېدى سۇلايمان بوسۇغىدا دېلىغۇل بولۇپ تۇرۇپ قالغان ئاسىيەگە.
ــ نېمە گەپتى؟ دىسىلىچۇ! بولمىسا تاماق كەچكە قالىدۇ.
ــ مەن ساڭا بىر ھېكايە ئېيتىپ بېرەي، ــ دېدى سۇلايمان ئاسىيەگە ئالدىرىماي تۇرۇپ، ــ ئەلمىساقتىن تارتىپ ئەرلەرنىڭ خوتۇنىنى تالاق قىلىدىغانلىقى، ئەمما خوتۇنلارنىڭ ئېرىنى تالاق قىلالمايدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى بىلەمسەن؟
ــ ياق، بىراق... شۇ... ئەرلەرنىڭ يۈزى قېلىن بولغاچقا، ئاياللارنىڭ ئېرىنى تالاق قىلىپ ئۆيدىن چىقىرىۋېتەلىشى مۇمكىن ئەمەس ـ دە!
ــ ھەي، پورۋاش نېمىكەنسەن! ساڭا دەپ بەرسەمچۇ،

بۇرۇن ئاللا ئىگەم تالاق قىلىش ھوقۇقىنى ئاياللارغا بەرگەنىكەندۇق، ئەمما ئۇزۇنغا بارماي جاھاندىكى ئەرلەرنىڭ ھەممىسى بويتاق قاپتۇ. شۇڭا، تالاق قىلىش ھوقۇقىنى خوتۇنلارغا بەرسە بولمايدىغانلىقىنى سەزگەن ئىگىسى ئۇنى ئەرلەرگە بەرگەنىكەن، شۇنىڭدىن كېيىن ئىنسانلارنىڭ ئائىلە تۇرمۇشى پەسكويغا چۈشۈپ جاھان تىنچىغانىكەن. بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلەمسەن؟ چۈنكى سىلەر خوتۇنلار بەكمۇ ئالدىراقسان، كالتە پەم كېلىسىلەر، تېرىقتەك ئىش بولۇپ بولغۇچە: «ئاللا-كاللا، ئاجرىشىمەن!» دەپ تۇرۇۋالىسىلەر، شۇڭا ئەرلەرنىڭ بۇ مۇقەددەس ھوقۇقىنى ھەرگىزمۇ ئاياللارغا تارتقۇزۇپ قويۇشقا بولمايدۇ، بىلدىڭمۇ؟

— سىلىچە بولغاندا ئاجرىشىمەن، دېگەن گەپنى پەقەت سىلىلا دېيىشكە ھوقۇقلۇق، مەن دېسەم بولمايدۇ، شۇنداقمۇ؟

— دېمەكچى بولغىنىم: باشقىلار كۆڭلۈڭنى ئاغرىتىپ قويسا نېمىشقا ئۇپۇل-توپۇللا ماڭا «ئاجرىشىپ كېتەيلى» دېگەن گەپنى قىلىپ يۈرىسەن؟ بۇ ماڭا قىلغان ئادالەتسىزلىكنىڭ ئەمەسمۇ؟

ئاسىيە باشقا گەپ قىلماي، سۇلايماننىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ كەتتى:

— سىلىگە دېسەم، مەندە خېلى بۇرۇنلا شۇنداق ئوي بولغانىدى، بايا سىلى «خوتۇن خەق ئالدىراقسان كېلىدۇ» دېدىلە، توغرا بىز خوتۇنلار پىغانىمىز ئۆرلەپ قالغاندا ئىشنىڭ ئالدى-ئارقىسىنى ئويلىمايلا گەپ قىلغىلى تۇرىمىز، لېكىن بۇ ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن سىلى ماڭا ئەقىل بىلەن ئىش قىلىشنى ئۆگەتتىلە. سىلىگە ياتلىق بولغانلىقىم مېنىڭ بەختىم، لېكىن تۇرۇپلا، ئىككىمىزنىڭ نىكاھ ئىشى پەقەت ئىككىمىزنىلا خۇش قىپتۇ، ئەمما باللىرىمىز بۇنىڭدىن نارازى، ئۇلار بۇ نارازىلىقىنى كۆڭلىمىزنى ئاياپ ياكى نومۇس قىلىپ

دېيەلمەيۋاتىدۇ، سىلىنىڭ تونۇش-بىلىش، دوست-بۇرادەرلىرىمۇ سىلىنى: «قەدىناس ھەمراھىنى ئۇنتۇپ كەتتى» دەپ، ئىككىمىزنىڭ بۇ ئىشىنى كۆزگە سىغدۇرالمايۋاتىدۇ. توي دېگەن پۈتۈن ئائىلىنى خۇشال قىلىشى كېرەك ئىدى، لېكىن ئىككىمىزنىڭ بۇ نىكاھ ئىشىنى ھېچكىم ئائىلىنىڭ خۇشاللىقى دەپ قارىمىدى... ئېھتىمال، قايتا نىكاھلىق بولغانلارنىڭ بېشىنى ئوچاق ئېتىۋېتىدىغان تۈگىمەس جەڭگى-جېدەلمۇ مۇشۇ سەۋەبتىن چىقسا كېرەك... بىراق...

— شۇڭا، خېلى بۇرۇنلا ئاجرىشىپ كېتىش نىيىتىگە كەپتىكەنسەن-دە؟ — سۇلايمان ئاسىيەنىڭ گېپىنى بۆلدى. قارىغاندا ئۇ ئاسىيەنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ «لاسىدە» بولۇپ قالغاندەك قىلاتتى. سۇلايمان تاماكىدىن بىرنى ئېلىپ تۇتاشتۇرۇپ كۈچەپ شورىغىلى تۇردى:

— ئىككىمىزنىڭ نىكاھ ئىشى ئۆيىمىزدىكىلەرنى خۇش قىلالمىدى، دەپ كىم دەيدۇ؟ بالىلىرىمىزنىڭ ھەممىسى ئىككىمىزگە بەخت تىلەيدۇ، بۇنىڭغا ئىشەنچىم كامىل! ئۇلارنىڭ ئىككىمىزنىڭ ئارامخۇدا، بەختىيار ئۆتۈشىمىزنى، ساق-سالامەت ياشاپ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشىمىزنى ئارزۇ قىلىدۇ، شۇنداقتۇ؟! دۇنيادا ئاتا-ئانىسىنىڭ يىغلاپ قالغىنىنى كۆرۈشنى خالايدىغان بالا بولمىسا كېرەك! بالىلارنىڭ تۇرۇپ-تۇرۇپلا تۈرۈلۈپ قالىدىغانلىقىغا كەلسەك، مېنىڭچە بۇ ئۇلارنىڭ ۋاپاسىزلىقىدىن ئەمەس، بەلكى قورقۇۋاتقانلىقىدىن. ئۇچۇقراقىنى ئېيتقاندا، ئۇلار سەن بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، ئۆزلىرىنى ئۇنتۇپ قېلىشىمدىن قورقۇۋاتىدۇ... — سۇلايمان سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە خۇددى بىر نەرسە تۇرۇپ قالغاندەك دېمى ئىچىگە چۈشۈپلا كەتتى. ئۇنىڭ نەملىشىۋاتقان كۆزلىرىنى ئاسىيەگە كۆرسەتكۈسى يوق ئىدى. ئۇ باشقا بىر

ياقنا قاراپ تۇرۇپ دېدى:

ــ ماڭ، سۆيۈقىپشىڭنى ئەتكىن، قورسىقىم بەك ئېچىپ كەتتى!

سۇلايماننىڭ گېپىنىڭ تۇگىگەنلىكىنى بىلگەن ئاسىيە بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ ئاشخانىغا قاراپ ماڭدى. ئاسىيە چىقىپ تۇرۇشىغا زۆھرەدىن تېلېفون كېلىپ قالدى. زۆھرەنىڭ دېيىشىچە، ئۇ تەرجىمە ھەققىدە بىر پارچە ئىلمىي ماقالە يېزىپتىكەن، مەملىكەتلىك بىر ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۇنى تەكلىپ قىپتۇ. ئۇ دوختۇرلاردىن مەسلىھەت سوراپتىكەن، دوختۇرلار ئۇنىڭغا «يىغىنغا قاتنىشىپ كەلگەندىن كېيىن تەكشۈرتسىڭىزمۇ بولىدۇ!» دەپتۇ.

زۆھرەنىڭ سالامەتلىكىدىن سەل ئەنسىرەپ قالغان سۇلايمان ئۇنىڭغا دەسلەپتە قوشۇلمىدى، ئەمما زۆھرە چىڭ تۇرۇۋالدى ھەم دوختۇرخانىدىن چىقىش رەسمىيەتلىرىنىمۇ بېجىرىپ بولغانلىقىنى ئېيتتى. ئىلاجسىز قالغان سۇلايمان ئۇھ تارتىپ بېشىنى چايقىدى.

## 51

ئاسىيەنىڭ سۆيۈقىپشى بەكمۇ ئوخشىغان چېغى، سۇلايمان ئۇنى ئىچكەندىن كېيىن ناھايىتىمۇ ئىسسىق باستى. سۇلايمان دۇئادىن كېيىن تاماكىدىن بىر تالنى ئېلىپ لېۋىگە قىستۇردى. قاچا-قۇچىلارنى يىغىشتۇرۇۋاتقان ئاسىيە بۇنى كۆرۈپ قولىدىكى چوكىنى قويدى-دە، ئىتتىك كېلىپ سۇلايماننىڭ ئاغزىدىكى تاماكىنى ئېلىۋالدى.

ــ ۋۇي، نېمە بولدى؟ ــ سۇلايمان بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ سورىدى.

ــ ئۆزلىرى ماڭا: « ‹ئاجرىشىمەن› دېگەن گەپنى بۇنىڭدىن

كېيىن تىلغا ئالما!» دېدىلە، «سالامەت ياشاي» دېگەن نىيەتلىرى بولسا ئەمدى ماۋۇ نەرسىنى تاشلىسىلا!

سۇلايمان دەسلەپتە ئاسىيە چاقچاق قىلىۋاتقان ئوخشايدۇ، دەپ بۇنىڭغا ئانچە ئېرەن قىلمىدى. ئەمما ئاسىيە تاماكىنى ئېلىپ بۇرۇلۇپلا ماڭدى. سۇلايمان دەرھال ئۇنىڭ قولىغا ئېسىلدى:

— چاقچاق قىلما، ئەكەل تاماكامنى!

ئاسىيە گەپمۇ قىلماي تاماكىنى مىجىپ سۇندۇرۇپ ئەخلەت چېلەكىگە تاشلىۋەتتى. ئۇ شىرەدىكى قاچا ـ قۇچىلارنى ئالماقچى بولۇپ كېلىپ شۇنداق قارىسا سۇلايماننىڭ چىرايى قارىداپ قاپاقلىرى مۇشتۇمدەك تۈرۈلۈپ كەتكەنىدى. بۇ ئۇنىڭ قاتتىق غەزەپكە كەلگىنى ئىدى. ئاسىيە ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويۇپ شىرەدىكى چوكىغا قولىنى ئۇزاتتى.

— كىمنىڭ كۆزگە ئىلمايسەن؟ — سۇلايمان دەرغەزەپ بولۇپ ۋارقىرىدى. ئاسىيە ئېرىنىڭ بۇ ئەلپازىدىن راستىنلا قورقۇپ كەتتى. ئۇ گەرچە سۇلايماننىڭ نېمىگە ئاچچىقلىنىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ قەستەن سورىدى:

— نېمە بولدىلا؟ نېمىگە ۋارقىرايلا؟

— نېمىگە ۋارقىراۋاتقانلىقىمنى بىلمىدىڭما؟ بايا نېمە قىلدىڭ؟ دەپباقە!

ئاسىيە قولىدىكى چوكىنى شىرەگە قويۇپ قويدى ۋە سۇلايماننىڭ تۆش يانچۇقىدىكى تاماكىدىن بىر تالنى ئېلىپ ئۇنى سۇلايماننىڭ لېۋىگە قىستۇردى، ئاندىن چاقماقنى «تارسىدە» يېقىپ سۇلايمانغا تەڭلىدى. ئەمما، سۇلايمان ئاغزىدىكى تاماكىنى ئىچ ـ ئىچىدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان ھەسرەتلىك «ئۇھ» بىلەن قوشۇپ پۈۋلەپ چىقىرىۋەتتى. ئۇنىڭ ئاچچىقى ياندىغاندەك ئەمەس ئىدى.

— تاماكىلىرىنى ئېلىۋالسام خاپا بولدىلا، «ھە، بوپتۇ» دەپ

تۇتاشتۇرۇپ بېرەي دېسەم تاشلىۋېتىپ بارىدىلا! نېمە قىلغانلىرى بۇ؟ ــ ئاسىيە سۇلايماننىڭ مىجەزىنىڭ كىچىك بالىغا ئوخشايدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا بۇ گەپلەرنى ئۆزىچە ئاچچىقلىغان بولۇپ سورىدى.

ــ چەككۈم كەلگەندە تارتىۋېلىپ ئاپىرىپ تاشلىۋەتتىڭ، ئەمدى يەنە ئاغزىمغا تىقىپ قويۇۋاتىسەن، بۇ نېمە قىلغىنىڭ ئەمىسە؟

سۇلايمان شۇنداق دەپ غۇدۇرىغىنىچە خۇددى خۇيى تۇتۇپ قالغان بالىدەك ئاسىيەگە دۈمبىسىنى قىلىپ ئولتۇرۇۋالدى. ئاسىيە ئىچىدە كۈلگىنىچە قاچا-قۇچىلارنى كۆتۈرۈپ ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى. ئاسىيە قاچىلىرىنى يۇيۇپ بولۇپ چىققاندا سۇلايمان ساپادا ئولتۇرۇپ تېلېۋىزور كۆرۈۋاتاتتى، ئۇنىڭ قولىدىكى تاماكا يېرىملىشىپ بولغانىدى. ئاسىيە سۇلايماننىڭ يېنىغا بېرىپ جىمجىت ئولتۇردى ۋە ساپانىڭ يۆلەنچۈكىدە تۇرغان تىزگىنەكنى ئېلىپ تېلېۋىزورنى ئۆچۈرۈۋەتتى.

ــ خاپا بولمىسىلا، ــ دېدى ئاسىيە قاپاقلىرى تۈرۈلگەن سۇلايمانغا قاراپ، ــ سىلىگە دەيدىغان گېپىم بار.

ــ بۈگۈن نېمە بولدۇڭ؟ مەن بىلەن ئېتىشقىڭلا كېلىپ قاپتۇغۇ! ھە، گېپىڭ بولسا دېمەمسەن، تېلېۋىزورنى ئۆچۈرۈپ نېمە قىلاتتىڭ؟ ــ سۇلايمان تىزگىنەكنى ئالماقچى بولۇپ قولىنى ئۇزاتتى. ئەمما، ئاسىيە ئۇنى نېرىغىراق ئېلىۋېتىپ سۇلايماننىڭ يېنىغا سۈرۈلدى:

ــ مېنىڭچە، تاماكا چەكمىسىلە! ساق-سالامەت، ئوبدانىراق ياشاي دېسىلە تاماكىنى تاشلىسىلا، سىلىدىن ئۆتۈنۈپ قالاي!

سۇلايمان ئاسىيەنىڭ قولىدىكى تاماكىنى تارتىپ ئېلىۋېلىشىدىن قورققاندەك ئۇنى كۈچەپ شورىغىلى تۇردى.

ــ دەيدىغان گېپىڭ شۇمىدى؟ ــ دېدى سۇلايمان دۇدۇقلاپ تۇرۇپ.

— ھە!

— بۇ مۇمكىن ئەمەس! ماڭا ئاش بەرمىسەڭمۇ بەرمە، لېكىن تاماكا تاشلا دېسەڭ بۇ تەس...

— داۋلى سۆزلە دېسە ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىلا، شۇڭا مەنمۇ جىق گەپ قىلماي! مەن پەقەت سىلىنىڭ بىرنەچچە يىل ئارتۇق ئۆمۈر كۆرۈشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن شۇ!

سۇلايمان قولىدىكى تاماكا قالدۇقىنى كۈلدانغا تاشلىۋېتىپ ئاسىيەگە قارىدى:

— سەن مېنى قېرىپ كەتتى، تاماكا چەكسە ئۆلۈپ قالىدۇ دەۋاتامسەن؟

— ياقەي، نەدىكى گەپنى قىلىۋاتىدىلا؟! مەن شۇ...

— بىلىپ قوي، مەن تېخى يەتمىش ياشقا كىرمىدىم، مېنىڭ بىرنەچچە يىلدىن كېيىن ئۆلۈپ قالىدىغانلىقىمنى سەن نەدىن بىلىسەن؟ — دېدى سۇلايمان تەتۈرلۈك قىلىپ.

— بۇ نېمە دېگەنلىرى ئەمدى؟ مەن... شۇ... — ئاسىيە نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالدى. ئۇ ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى.

سۇلايمان ساپادا ئولتۇرۇپ مەغرۇرانە كۈلۈمسىرىدى. ئۇ تاماكىدىن يەنە بىرنى ئېلىپ تۇتاشتۇرۇپ قاتتىق بىر نەچچىنى شورىغاندىن كېيىن بىر ئىش يادىغا يەتكەندەك تۇيۇقسىزلا ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ ئۆزىچىلا بېشىنى لىڭشىتتى، ئاندىن قولىدىكى تاماكىنى ئالدىدىكى كۈلدانغا نىقتاپ ئۆچۈردى. «ھەي، دېمىسىمۇ تاماكىنى تاشلىشىم كېرەك ئىدى» دېدى سۇلايمان ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلاپ.

دەل شۇ چاغدا تۇيۇقسىز تېلېفون جىرىڭلاپ كەتتى. «تېلېفوننى ئاسىيە ئالىدۇ» دەپ ئويلىغان سۇلايمان قوپماي ئولتۇردى، ئەمما تېلېفون توختىماي جىرىڭلاۋەردى. سۇلايمان ئېرىنچەكلىك بىلەن بېرىپ تېلېفوننى ئېلىۋىدى، قارشى تەرەپ

سۇلايماننىڭ ئۇننى ئاڭلاپلا تېلېفوننى بېسىۋەتتى. سۇلايمان ئورنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ تېلېۋىزورنى ئەمدىلا ئېچىپ تۇرۇشىغا تېلېفون يەنە جىرىڭلىدى. تېلېفوننى ئاسىيە ھۇجرىدىن ئالغان بولسا كېرەك، ئىككى-ئۈچ قېتىم جىرىڭلاپ توختاپ قالدى. بىردەمدىن كېيىن ئاسىيە ھۇجرىدىن چىقتى. ئۇ ناھايىتى غەمكىن كۆرۈنەتتى.

— چىرايىڭ ئۆمسە كۆرۈنىدۇ، مىجەزىڭ يوقمۇ نىمە؟ — سۇلايمان دەرھال سورىدى.

— ياقەي، ھېچنىمە بولمىدىم، — دېدى ئاسىيە زورىغا كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ ۋە دەرھال ھاجەتخانىغا كىرىپ كەتتى. سۇلايمان قولىدىكى تىزگىنەكنى ساپاغا تاشلاپ قويۇپ ئاسىيەنىڭ ئارقىسىدىن كىردى. ئاسىيە يۈزىنى يۇيۇۋاتاتتى.

— مۇشۇ جىمغۇرلىقىڭ بەكمۇ جېنىمغا تەگدى جۇمۇ! — دېدى سۇلايمان زەردە بىلەن ئاسىيەگە ئالىيىپ تۇرۇپ، — ھەي، بىر ئۆينىڭ ئادەملىرىمۇ ئېچىمدىكىنى تاپ، دەپ ئۆتەمدۇ؟ بۇنداق قىلىۋەرسەڭ مەن راستتىنلا چىدىيالمىغۇدەكمەن... ھەي، خوتۇن كىشى دېگەن قورسىقىدا نىمە بولسا ئاشكارا دېيەلەيدىغان ئۇچۇق مىجەز بولسا ياخشى ئەمەسمۇ؟!

سۇلايماننىڭ بۇ گېپى ئاسىيەنىڭ يۈرىكىگە تەگكەندەك قىلاتتى.

— بۇرۇنقى ئايالىرى بىلەن ئاشۇنداق گەپ يوشۇرماي ئۆتكەنمىدىلە؟ — دەپ سورىدى ئاسىيە دەرھاللا. لېكىن ئۇ يىغىرىغا تەگسە ھاپىلا-شاپىلا سەكرەپ كېتىدىغان خوتۇنلاردىن ئەمەس ئىدى، گەپنى پەيتىگە، ئورنىغا قاراپ دېيىشنى بىلەتتى. شۇڭا ئۇ ئېغىر-بېسىقلىق بىلەن كۆكسىنى تولدۇرۇپ نەپەس ئالدى ۋە يۈزىنى سۈرتكەچ سۇلايمانغا قارىدى:

— سىلىنىڭ گەپنى ئۇدۇل قىلىدىغان مىجەزى ئوچۇق ئادەمنى ياخشى كۆرىدىغانلىقلىرىنى بىلىمەن، مەنمۇ بىر ئائىلە

كىشىلىرى ئويلىرىمىزنى بىر-بىرىمىزگە ئوچۇق دەپ، ئىچىل-ئىناق ئۆتسەككەن دېگەن ئۇمىدتە. لېكىن، سىلىدىن ئەيمەنگەچكىمۇ بەزىبىر گەپلەرنى ئالدىراپ ئېغىزىمىدىن چىقىرالمايدىكەنمەن...

— ساڭا «ھەرقانداق گەپ بولسا ئۇدۇل دەۋەرگىن» دەپ ئاغزىمنىڭ بىر قات تېرىسى چۈشۈپ كېتەي دېدى، ئەمما سەنچۇ؟ يەنىلا شۇ مىكى-مىكى گەپ قىلىسەن!

— ماڭسىلا، ئولتۇرۇپ پاراڭلىشايلى! — ئاسىيە چاچلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن سۇلايماننى ساپاغا ئولتۇرغۇزدى. ئۆزى ئاشخانىغا كىرىپ بىر چەينەك چاي دەملەپ چىقىپ ئۈنىڭدىن ئىككى پىيالە قۇيۇپ ساپانىڭ ئالدىدىكى چاي شىرەسىگە قويدى.

— سىلى نېمانداق تۇيغۇن ئادەم؟ بېشىمغا ئېغىر كۈن چۈشكەنلىكىنى بىر قاراپلا بىلىۋاپلا! — دېدى ئاسىيە سۇلايماننىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ.

— نېمە ئىش بولدى؟ ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشمىگەندۇ؟

— بايىقى تېلېفون لەيلىدىن كەپتۇ، ئۇ بىچارىلەر ھازىرغىچە خەقنىڭ ئۆيىنى ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرۇۋاتىتى، يېقىندا ئىدارىسىدىن ئۆي تەقسىملەپتۇ، خېلى بولىدىغان ئۆيمىش...

— چۈشەندىم، — دېدى سۇلايمان ئاسىيەنىڭ گېپىنى ئۈزۈپلا، — پۇلدىن قىسىلىپ قاپتۇ، شۇنداقمۇ؟

ئاسىيە سۇلايماننىڭ كۆزلىرىگە قاراپ بېشىنى لىڭشىتتى.

— قانچىلىك كەملەيدىكەن؟

— ھەممىسى يەتمىش مىڭ يۈەن بوپتىكەندۇق، قىرىق مىڭ يۈەن كەملەپ قاپتۇ، ئىدارىدىن: «پۇلنى ئۈچ كۈنگىچە تاپشۇرمىساڭلار پۇل تەڭلەپ تۇرغانلار جىق» دەپتۇدەك؛ لەيلىنىڭ يىغىسىنى ئاڭلاپ يۈرەكلىرىم پىچاق تىققاندەك ئېچىشىپ كەتتى. بىراق، مەن قانداق ياردەم قىلالايمەن،

دېسىلە!؟ «ئىچىڭگە سالساڭ دەرد بولىدۇ، خەقكە دېسەڭ گەپ بولىدۇ» دېگەندەك سىلىگە دېيىشكە يۈزۈم چىدىمىدى شۇ! — ئاسىيەنىڭ كۆزلىرىدىن توختاۋسىز قۇيۇلۇۋاتقان ياشلار مەڭزىنى بويلاپ تۆۋەنگە سىرغىيتتى. ئۇ ياشلىرىنى سۈرتكەچ يەرگە قاراپ ئولتۇردى.

— يۈزۈم چىدىمىدى دېگىنىڭ نېمىسى؟ — سۇلايمان شىرەدىكى قەغەز قولياغلىقنى ئېلىپ ئاسىيەگە سۇندى، — مەندە قىرىق مىڭ يۈەن نەق پۇل بار، شۇنى بېرىپ تۇرغىن! ھازىر خەقتىن ئاسانلىقچە پۇل چىقمايدۇ، ئۇلارغا بىز يادەم قىلمىساق كىمگە يالۋۇرىدۇ؟

ئاسىيە سۇلايماننىڭ بۇ ئىشقا بۇنچىۋالا ئاسان ماقۇل دەيدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى.

— بۇ... بۇ... سىلىگە كۆپ رەھمەت، ئاتىسى، — دېدى ئاسىيە ھەم ھەيرانلىق، ھەم خۇشاللىق بىلەن. ئاسىيەنىڭ شۇ تاپتا ئۆزىنى ئۇنىڭ قوينىغا ئېتىپ تۇرۇپ رەھمەت دېگۈسى كېلىپ كېتىۋاتاتتى، ئەمما ئۆزىنى بېسىۋالدى.

— رەھمەت دەپ يۈرۈشىڭنىڭ ھاجىتى يوق، ئەمما ئېسىڭدە بولسۇن، بۇ ئىشنى باشقىلارغا دەپ يۈرمە! — دېدى سۇلايمان پەس ئاۋازدا. ئاسىيە ئۇنىڭغا قاراپ بېشىنى لىڭشىتتى.

ئەتىسى كۈنگە شەنبە بولىدى. ئاسىيە ناشتىدىن كېيىن مەھەللىنىڭ يېنىدىكى سودا-سانائەت بانكىسىغا بېرىپ ھېلىقى قىرىق مىڭ يۈەن پۇلنى لەيلىنىڭ كارتىسىغا يوللىۋەتتى. ئۇ بانكىدىن چىققاندا گويا دولىسىدىكى ئېغىر يۈكتىن قۇتۇلغاندەك ناھايىتى يېنىكلەپ قالغانىدى. ئاسىيە ئۇدۇل سودا سارىيىغا كىرىپ بىردەم ئايلىنىپ سۇلايمانغا ئېسىل ئىچ كىيىمدىن بىرقۇر، ئىككى جۈپ پايپاق ئالدى. خۇشلۇقىدا ئاغزى قۇلىقىغا يەتكەن ئاسىيە ئۆيگە كىرگەندە غەزەپتىن چىرايلىرى كۆكىرىپ كەتكەن شەرىپە ساپادا ئۇنى ساقلاپ ئولتۇراتتى. ئاسىيە ئۇنىڭ

تۇنۇگۇنكى ئىش ئۇچۇن ئانا ـ بالا ئىككىسى بىلەن دېيىشكىلى كەلگەنلىكىنى بىلىپ بولدى. ئاڭغىچە، سۇلايمان ھۇجرىدىن چىقىپ كەلدى، ئۇنىڭ چىرايىمۇ ئوسال ئىدى. بۇنى كۆرۈپ يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقۇپ كېتىۋاتقان ئاسىيە ھېلى سۇلايمانغا، ھېلى شەرىپەگە قارايتتى، لېكىن ئاتا ـ بالا ئىككىسى ئاسىيەگە قاراپمۇ قويمىدى. ئاسىيە قولىدىكى نەرسىنى تام تۈۋىگە قويۇپ ئايىغىنى سالدى ۋە ئاياغ ئىشكاپىدىن قېلىن يۇڭ پايپاقنى ئېلىپ كىيدى. ئۇ ھەش ـ پەش دېگۈچە بۇ ئىشنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنىڭ ئامالىنى ئويلاپ بولدى.

— تىنچلىقمۇ، شەرىپە؟ — دەپ ئەھۋال سورىدى ئاسىيە كۈلۈپ تۇرۇپ، — چىرايىڭىز تاتىراڭغۇ كۆرۈنىدۇ، ساقسىز بولۇپ قالمىغانسىز؟

شەرىپە بېشىنى كۆتۈرۈپ ئاسىيەگە قارىدى، ئەمما ئۇ گەپمۇ قىلماي ئۇلتۇرۇپ تېلېۋىزورنى ئاچتى. سۇلايمان يەنە ھۇجرىغا كىرىپ كەتتى. ئاسىيە شەرىپەنىڭ بۇ قىلغىنىنى بەك كۆڭلىگە ئېلىپمۇ كەتمىدى. ئاسىيە ھۇجرىغا كىرىپ قارىسا سۇلايمان كارىۋاتتا خىيال سۈرۈپ ياتاتتى. ئاسىيە كارىۋاتنىڭ لېۋىدە ئولتۇرۇپ سورىدى:

— شەرىپەگە نېمە بوپتۇ؟ ئاچچىقلاپ قالغاندەك كۆرۈنىدىغۇ؟

سۇلايمان گەپ قىلمىدى، ئاسىيەمۇ كوچىلاپ سورىمىدى، چۈنكى ئۇ سۇلايماننىڭ مىجەزىنى بىلەتتى. بۇنداق چاغدا ئۇنىڭ كۆزىگە كىرىشىۋالماي ئۆز مەيلىگە قويۇپ بەرسە بىردەمدىن كېيىن ئۆزى ئېغىزلىناتتى. ئاسىيە چۈشلۈك تاماققا تۇتۇش قىلماقچى بولۇپ، ئالدى بىلەن ھاجەتخانىغا كىرىپ قولىنى يۇيدى. ئۇ ھاجەتخانىدىن ئەمدىلا چىقىپ تۇرۇشىغا سۇلايمانمۇ ھۇجرىسىدىن چىقىپ كەلدى.

— مەيەگە كەل! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ ئاسىيەنى. ئاسىيە سۇلايماننىڭ يېنىغا بېرىپ ئولتۇردى. لېكىن، شەرىپەنىڭ

ئۇنىڭغا قارار كۆزى يوق ئىدى.

— سەن ھازىر مەريەم دېگەن ھېلىقى دوستۇڭغا تېلېفون قىل! — دېدى سۇلايمان تۇيۇقسىزلا. ئاسىيە ھەممىنى چۈشەندى. ئۇ نەچچە كۈنلەردىن بېرى كېچە-كۈندۈز ئەنسىرەپ كېلىۋاتقان ئىش مانا ئەمدى يۈز بېرىدىغاندەك تۇراتتى. شەرىپە ھەممە گەپنى ئاتىسىغا دەپ بولغان ئوخشايدۇ، «ئەمدى قانداق قىلارمەن؟» ئاسىيە چاقماق تېزلىكىدە بىر قارارغا كەلدى، — دۇرۇس، مەريەمگە ھازىرلا تېلېفون قىلاي!

ئۇ ئاستا تېلېفوننى ئېلىپ مەريەمنىڭ نومۇرىنى باستى، تېلېفونمۇ ئۇلاندى. ئاسىيە سۇلايماندىن سورىدى:

— تېلېفون ئۇلاندى، ئۇنىڭغا دەيدىغان نېمە گەپلىرى بار ئىدى؟

سۇلايمان ئېغىز ئېچىپ بولغۇچە شەرىپە ئارىغا چۈشۈپ ۋارقىرىدى:

— ئاتامنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ تولا خۇپسەنلىك قىلماڭ! قېنى، دوستىڭىزدىن ھېلىقى ئىشنى سوراڭ، بولمىسا ئۆزۈم سورايمەن!

ئاڭغىچە تۇرۇپكىدىن مەريەمنىڭ ئۈنى كەلدى، ئاسىيە ئۇنىڭ بىلەن مۇنداقلا سالاملاشقاندىن كېيىن دەرھال سورىدى:

— مەريەم، مۇنەۋۋەر يېقىندا ساڭا بىرەر گەپ قىلغانمىدى؟

— نېمە گەپنى دەيسەن؟

— زۆھرە توغرۇلۇق، ئىشقىلىپ، ياخشى گەپ ئەمەس.

تۇرۇپكىدىن شۇ ھامان مەريەمنىڭ ئۈنى كەلدى:

— ۋىيەي، نېمە دەيدىغانسەن، ۋۇي، مەن مۇنەۋۋەرنى كۆرمىگىلى يېرىم يىل بولاي دېگەن تۇرسا، ئۇ نەلەردە يۈرۈپ ماڭا ئۇنداق گەپلەرنى قىلىدۇ؟ دېگىنە، كىمدىن ئاڭلىدىڭ؟

ئاسىيە باشقا گەپ قىلماي شەرىپەگە قايرىلىپ قارىدى. شەرىپە ئاسىيەنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشەندى. ئۇ دەس ئورنىدىن

تۇرۇپ بېرىپ تېلېفونى ئاسىيەنىڭ قولىدىن سىلكىپ ئالدى:

— مەريەم ھەدە، سىز راست گەپ قىلىڭ! «زۆھرە بىرى بىلەن ئارىلىشىۋېتىپتۇ» دېگەن گەپنى مۇنەۋۋەر دېمىسە باشقىلار نەدىن بىلىدۇ؟ سىزگە چوقۇم مۇنەۋۋەر دەپ بەرگەن گەپ. ئاندىن سىز ئۇنى ئالدى-ئارقىسىنى ئويلاپ ئولتۇرمايلا بىر خىزمەتدىشىڭىزغا دەپ سالىپسىز، ئۇ خىزمەتدىشىڭىز مېنىڭ قوشنام!

شەرىپە ھەرقانچە قايناپ سۆزلىسىمۇ، مەريەم ئۇنىڭ ھەربىر سوئالىغا ناھايىتى تەمكىنلىك بىلەن جاۋاب بېرەتتى. ئېنىقلىسا، ئۇ «مۇنەۋۋەرنى كۆرمىگىلى ئۇزۇن بولدى» دېگەن گېپىدە چىڭ تۇردى. ئۇنىڭسىزمۇ مەريەم ۋارقىراپ گەپ قىلىدىغان بولغاچقا، سۇلايمان تېلېفوندا بولۇۋاتقان گەپنىڭ ھەممىسىنى ئېنىق ئاڭلاپ تۇردى. شەرىپەنىڭ ئوڭايسىزلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرگەن سۇلايمان ئۆزىنى قويغىلى يەر تاپالماي قېلىۋاتاتتى. ئۇ شەرىپەنىڭ بۇ قىزىققانلىقىدىن يەنە رەنجىگىلى تۇردى. ئاچچىقىنى تەستە بېسىپ ئولتۇرغان سۇلايمان تېلېفوننى قويۇۋېتىپ ساپاغا ئولتۇرغان شەرىپەگە مەنىلىك قارىدى.

— ئاڭلىدىڭمۇ؟ — دېدى سۇلايمان پەس ئاۋازدا، «مۇنەۋۋەر دېمىگەندۇ» دېسەم ئىشەنمىگەنتىڭ، ئەنە مەريەممۇ مۇنەۋۋەرنى كۆرمىگىلى ئۇزۇن بولدى، دەۋاتىدۇ، ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزۈڭ ئوسال بولۇپ قالدىڭ، بالام! ھەي... قاچانمۇ چوڭ بولارسەن... قىزىم...؟

شەرىپە گەپ قىلماي يەرگە قاراپ ئولتۇراتتى. ئاڭغىچە ئاسىيە سۇلايماننىڭ يېنىغا كەلدى:

— بولدى، ئاتىسى، شەرىپەگە دوق قىلىۋەرمىسىلە، ئەمدى بۇ ئىشنى ھېچقايسىمىز تىلغا ئالمايلى!

كۆڭلى ئازار يېگەن شەرىپەنىڭ كۆزلىرىدىن ھەسرەتلىك ياشلار قويۇلغىلى تۇردى. ئۇ ئاسىيەنىڭ كۆزلىرىگە ئۇزۇندىن-

ئۈزۈنغا تىكىلىپ تۇرۇپ كەتتى:

— ئەمەلىيەتتە، كۆڭلىڭىزگە ھەممىسى ئايان! سىز قالتىس ئۇستا ئارتىسكەنسىز، بۇنداق ئېسىل ھۈنەرنى ئېھتىمال ئاپىڭىزنىڭ قورسىقىدىكى ۋاقتىڭىزدىن باشلاپلا ئۆگەنگەن ئوخشايسىز، سىز سۇلايمان ئائىلىسىدىكىلەرگە مەڭگۈ يەتكۈدەك دەرس بەردىڭىز، ئەمما بىز ئۆگىنەلمىدۇق!

— يوقال! — سۇلايمان شىرەدىكى كۈلدانىنى ئېلىپ شەرىپەگە قارىتىپ ئاتتى، ئەمما شەرىپە ئېلگىرىكىدەك قاچمىدى، ئەكسىچە مۆلدۈرلەپ ياش قۇيۇلۇۋاتقان ئەلەملىك كۆزلىرىنى سۇلايمانغا تىككىنىچە مىدىرلىماي ئولتۇرۇۋەردى.

شەرىپەنىڭ قىمىر قىلماي ئولتۇرغانلىقىنى كۆرگەن سۇلايمان ئۇنىڭ يەنە يوقىلاڭ يەردىن پۇتاق چىقىرىپ ئىش تېرىشىدىن ئەنسىرەۋاتاتتى:

— ئولتۇرىسەنغۇ؟ يەنە تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرۈپ مېنى زەردىگۈش قىلاي دەمسەن؟ يەتمىش ياشقا كىرىپ قالدىم، ئىككى پۇتى گۆرگە ساڭگىلىغان ئادەممەن. مېنى نېمىشقىمۇ بۇنچىۋالا خاپا قىلىدىغانسەن، جېنىم بالام!

لېكىن، شەرىپە گەپ قىلمىدى. دەل شۇ چاغدا ئاسىيە كېلىپ شەرىپەنى مۈرىسىدىن ئاستا تۇتتى:

— ئاتىڭىز توغرا دەيدۇ، سىز بېرىپ ئارام ئېلىڭ، بىرنەچچە كۈندىن بېرى زۇھرەگە قارايمەن، دەپ چارچاپ كەتتىڭىز!

شەرىپە ئاسىيەگە «لاپپىدە» قارىدى، ئەمما تىلىنىڭ ئۇچىغا كېلىپ بولغان گەپلىرىنى ئىچىگە يۇتتى.

— ئاسىيە ئاچا، مېنى نېمىشقا تىللىمايسىز؟ — دېدى شەرىپە بىرھازا جىمىپ كەتكەندىن كېيىن ئاسىيەنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ تۇرۇپ، — ئاتامنىڭ ئالدىدا بىزگە مېھرىبان ئانىلاردەك گەپلەرنى قىلىسىز، چىرايىڭىزدىن تەبەسسۇم كەتمەيدۇ، ئەمما ئىچىڭىزدىچۇ...؟

شەرىپەنىڭ يەنە بىرەر ئىش تېرىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەن سۇلايمان ئاستا كېلىپ ئۇنىڭ يېنىدىن تارتتى:

— ماڭ! ئۆيۈڭگە كەتكىن! پىغانىم ئۆرلەپ، باشلىرىم ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ، ئەمدى سەن بىلەن يەنە نېرى-بېرى دېيىشىپ ئولتۇرغۇم يوق!

شەرىپە ئاستا ئورنىدىن تۇردى ۋە ئىشىك تۈۋىگە بېرىپ پەلتوسى بىلەن ئايغىنى كىيدى، ئاندىن قايرىلىپ سۇلايمان بىلەن ئاسىيەگە تىكىلدى:

— بوپتۇ، كۆزۈڭلارغا سەت كۆرۈنۈپ قالغاندىكىن كېتەي، لېكىن بۇ ئىش بۇنىڭ بىلەنلا تۈگىمەيدۇ. مەن چوقۇم ئىشنىڭ ئاق-قارىسىنى ئېنىقلاپ چىقىمەن، بەزىلەر بىزنى مايمۇن ئويناتقاندەك ئەخمەق قىلىمەن، دەپ خام خىيال ئەيلىمىسۇن!

شەرىپەنىڭ بۇ گەپلىرىدىن سۇلايماننىڭ يەنە زەردىسى ئۆرلىدى:

— سەن...

ئاسىيە ئىتتىك بېرىپ سۇلايماننى قولتۇقىدىن يۆلىدى. شەرىپە ئىشىكنى «جاڭگىدە» يېپىۋېتىپ چىقىپ كەتتى.

## 52

شەرىپە ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ ساپادا ئۇزۇنغىچە هاڭۋېقىپ ئولتۇرۇپ كەتتى. بايا چوڭ ئۆيدە بولغان ئىشلار شەرىپەنىڭ كۆز ئالدىدىن بىر-بىرلەپ ئۆتمەكتە ئىدى. ئۇنىڭچە بولغاندا، سۇلايماننىڭ ئۇنىڭغا چېچىلىشىدىمۇ ئويلىغان يېرى بار ئىدى، چۈنكى ئۇ ئىشنى چىرايلىقچە بىسىپ ئۆز ۋاقتىدا تۈگىتىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئەمما، ئاسىيەنىڭ قىلىپ يۈرگەن قىلىقلىرى شەرىپەنىڭ جېنىغا تېگەتتى. هېلىقى گەپلەرنىڭ مۇنەۋۋەرنىڭ ئاغزىدىن چىققانلىقىغا شەرىپە يۈزدەيۈز ئىشىنىدۇ. شۇنداق

ئەمەسمۇ؟ ئۇ گەپلەرنى مۇنەۋۋەر دەپ يۈرمىسە باشقىلار نەدىن بىلەتتى؟! ئەمما ئاسىيە ئۇ گەپلەرنى تەن ئالمىغاننى ئاز دەپ، ئاخىرى شەرىپەنى ئاتىسىنىڭ ئالدىدا بەكمۇ ئوسال قىلدى. شۇنداق قىلىپ سۇلايمان ئۆزىنىڭ بۇ يۈرەك پارىسىنى ئىتىنىڭ ئورنىدا ئۆيدىن قوغلاپ چىقاردى. شەرىپە بۇنىڭغا قانداقمۇ چىدىسۇن دەيسىز؟! ئۇ ئاسىيە بىلەن دېيىشمەكچى بولۇپ تېلېفوننى بىرنەچچە قېتىم قولىغا ئېلىپ بېقىپ يەنە قويۇپ قويدى، چۈنكى ئاتىسىنىڭ بايىقى بىچارە ئەپتى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىلا تۇراتتى. سۇلايماننىڭ: «تەنتەك باللاردەك ئىش قىلمىساڭچۇ، بالام؟ كۆرۈنگەنلا ئىشتا ئاق-قارىنى ئايرىيمەن، دەپ زىغىرلىساڭ بۇنىڭغا جان توشامدۇ؟» دېگەن گەپلىرى ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدىن كەتمەيتتى.

تۇيۇقسىز ئىشىك قوڭغۇرىقى جىرىڭلىدى. قارامايغا توپ مۇسابىقىسىگە كەتكەن ئوغلىنى قايتىپ كەلگەن ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىغان شەرىپە ئىتتىك بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى ۋە داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. ئىشىك تۈۋىدە بايا شەرىپەنىڭ جېنىغا تېگىپ، ئۇنى تالاي ياش تۆككۈزگەن ئاسىيە قاراپ تۇراتتى. ئاسىيە نېمە قىلارىنى بىلەلمەي ھاڭ-تاڭ بولۇپ قالغان شەرىپەگە قاراپ قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن ئاغزىنى توسۇپ تۇرۇپ «پىسىڭگىدە» كۈلدى. بىراق، قولىنى دەرھال چۈشۈردى-دە، شەرىپەدىن جىددىي تەرزدە سورىدى:

— ئۆيىڭىزگە كىرسەم بولامدۇ؟

شەرىپە بېشىنى لىڭشىتتى. دېمىسىمۇ، شۇ تاپتا شەرىپەنىڭ شۇنداق قىلماقتىن باشقا ئامالى يوق ئىدى. شەرىپە ئاسىيەنى ساپاغا باشلاپ كەلدى ۋە ئاسىيە ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئاشخانىغا چاي تەييارلىغىلى كىرىپ كەتتى. بۇ ئاسىيەنىڭ بۇ ئۆيگە سۇلايمانغا ياتلىق بولۇپ كەلگەندىن بۇيان تۇنجى قېتىم ئاياغ بېسىشى ئىدى. شەرىپە ھەممە بىلىدىغان بۇ ئائىلىلىكلەر

قورۇسىدا ئولتۇرمىغان بولسا، ئاسىيە بۇ ئۆگەي قىزىنىڭ ئۆيىنىڭ زادى نەدىلىكىنى ئەبەدىي ئۇقمىغان بولار ئىدى. ئاسىيە شەرىپەنىڭ ئۆيىگە سەپسالدى: پولغا ناھايىتى ئەرزان سۇنئىي تاختاي ياتقۇزۇلغان بولۇپ، ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا نۇسخىسى بەكمۇ ئاددىي، ھەم قوپال توقۇلغان كىچىككىنە بىر پارچە گىلەم تۇراتتى. مۇنداق قارىغاندا بۇ گىلەممۇ بازاردىكى ئەڭ ئەرزان خوتەن گىلەملىرىدەك قىلاتتى. ئۆينىڭ تەئەللۇقاتلىرى ئاددىي بولغىنى بىلەن چىرايلىق سەرەمجانلاشتۇرۇلۇپ پاكىز تۇتۇلغاچقا قارىماققا بەكمۇ ئىللىق ۋە ئازادە كۆرۈنەتتى. «شەرىپە، ئۆي تۇتۇشقا ئۇستىكەن» دەپ ئويلىدى ئاسىيە ئۆزىچە.

شەرىپە دەملەپ ئاچىققان چايدىن بىر پىيالە قۇيۇپ ئاسىيەنىڭ ئالدىغا قويدى. ئۆزى بولسا ئاسىيەنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ گەپ قىلماي ئولتۇردى. ئۇ ئاسىيەنىڭ تۇيۇقسىز كىرىپ كەلگىنىگە ھەيران قېلىۋاتاتتى: «مۇشۇ قۇۋ خوتۇننىڭ كاساپىتىدىن بايىلا ئاتام بىلەن ئازارلىشىپ قالدىم. مانا ئەمدى شاپاشلاپ ئۆزى يېتىپ كەپتۇ. بۇنىڭ قەستى زادى نىمىدۇ؟ ھەي، بۇ تۈلكىگە قۇيرۇق تۇتقۇزۇپ قويسام ھەرگىز بولمايدۇ!»

ئاسىيە چايدىن ئوتلىماقچى بولۇپ پىيالىنى قولىغا ئالدىيۇ، ئەمما يەنە جايىغا قويۇپ قويدى ۋە گەپ قىلماي دومسىيىپ ئولتۇرغان شەرىپەگە قارىدى:

—مەن سىز بىلەن تازا بىر ئۇرۇشاي، دەپ كەلدىم، —دېدى ئاسىيە. ئۇنىڭسىزمۇ تېرىكىپ يۈرىكى قەپەسكە پاتماي قېلىۋاتقان شەرىپە بولسا ئاسىيەنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا جامدەك چەكچەيگەن كۆزلىرىنى مىختەك تىكتى:

—ياخشىغۇ، مەنمۇ يېنىڭىزغا باراي، دەپ تۇراتتىم. ئاڭغىچە ئۆز ئايىغىڭىز بىلەن كېلىپ قالدىڭىز، قېنى، بىر تۇتۇشۇپ باقايلى!

ئەمما، ئاسىيەنىڭ تۇرقى ھېچبىر ئۇرۇشىدىغان ئادەمدەك قىلمايتتى، ئەكسىچە ناھايىتى تەمكىن ۋە خاتىرجەم كۆرۈنەتتى. شۇڭا شەرىپەمۇ گېپىنىڭ ئايىغىغا قوشۇپ قويدى:

— بىراق، گەپنىڭ ئوچۇقىنى دېسەم، سىز بىلەن ئۇرۇشۇپ يۈرگۈم يوق!

— نېمىشقا؟ — دەپ سورىدى ئاسىيە ناھايىتى سىلىق تەلەپپۇزدا.

— مەن سىزنىڭ خىلىڭىز ئەمەس، سىز ئاشۇ ئەقلىڭىز بىلەن مەندەك كاللىسى ئاددىي ئەخمەقلەرنى دەريا بويىغا ئاپىرىپ سۇغارماي ياندۇرۇپ كېلىسىز! — شەرىپە سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە پۇت-قولى بىلىنەر-بىلىنمەس تىترىگەندەك بولدى. ئەمما، ئاسىيە بولسا يەنىلا ناھايىتى تەمكىن ئولتۇراتتى. ئۇ شەرىپەدىن تېرىكمەي، ئۆگمەي تۇرۇپ سورىدى:

— دېمەك، سىز كاللىسى ئاددىي ئەخمەقلەردىن ئىكەنلىكىڭىزگە ئىقرار، شۇنداقمۇ؟

شەرىپە ئاسىيەنىڭ بۇنداق سوراپ قېلىشىنى ئويلاپ باقمىغانىدى.

— مەن ئەخمەقمۇ، ساراڭمۇ، بۇ ئۆزۈمنىڭ ئىشى. سىزنىڭ نېمە كارىڭىز؟ — دېدى شەرىپە ئاسىيەنىڭ بايىقى گېپىنى ئاڭلاپ دېلىغۇللۇق ئىچىدە بىردەم تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن. شەرىپە قارىغاندا ئاسىيەنىڭ ئاغزىغا گەپ سېلىپ بەرگەندەك قىلاتتى.

— كارىم بار! نېمىشقا كارىم بولمىغۇدەك؟ چۈنكى كاللىڭىزنىڭ ئاشۇنداق ئاددىيلىقىدىن ئۆيىمىزدە جېدەل قۇرۇلمايۋاتىدۇ.

ئاسىيەنىڭ بۇ گەپلىرىدىن شەرىپەنىڭ قۇيقا چاچلىرى تىك تۇرۇپ كەتتى:

— ئۆيدىكى جېدەل-ماجىرانىڭ ھەممىسىگە مەن سەۋەبچىمۇ؟

سىزچۇ، مۇنەۋۋەرچۇ؟ ئىككىگلاردا ئازراقمۇ سەۋەنلىك يوقمۇ؟

ئاسىيە شەرىپەنىڭ مۇرىسىگە ئاستا قېقىپ قويدى:

— سىز سەكرىمەي تۇرمامسىز، مەن گېپىمنى دەۋالاي! سىز ئاشۇنداق ھەممە ئىشنى ئۇدۇللا ئويلايدىغان كاللىسى ئاددىي مەزلۇم بولغاچقىلا ئۆيىگىزگە بىمالال كىرىپ سىز بىلەن زاكونلىشىپ ئولتۇرۇپتىمەن؛ يۈرىكىمدىكى گەپنى دېسەم، سىزنىڭ بۇ مىجەزىڭىزنى ياقتۇرىمەن، ئارىمىزدىكى زىددىيەت مىجەزىمىزنىڭ ئوخشاشمىغانلىقىدىن ئەمەس، بىر-بىرىمىزنى دېگەندەك چۈشىنىپ كېتەلمىگەنلىكىمىزدىن كېلىپ چىقىۋاتىدۇ، بىلەمسىز؟ ئەمەلىيەتتە مەن سىز ئويلىغاندەك ئۇنچىۋالا قارا نىيەت ئادەم ئەمەس، ئەكسىچە ناھايىتى ئېسىل خوتۇن!

شەرىپە ئاسىيەنىڭ بىسمىللا دېمەستىنلا ئۆزىنى ماختاشقا چۈشكەنلىكىدىن ھەيران قالدى. لېكىن، ئاسىيە مەيلى چىن كۆڭلىدىن چىقىرىپ دېگەن بولسۇن ياكى شەرىپەنىڭ مايىللىقى ئۈچۈن دېگەن بولسۇن، ئىشقىلىپ، ئۇنىڭ «سىزنىڭ مىجەزىڭىزنى ياقتۇرىمەن» دېگەن گېپى شەرىپەگە خېلىلا ياقتى. ئاسىيەنىڭ بۇ گېپىدىن ئۇنىڭغا بولغان ئۆچمەنلىكى ئانچە-مۇنچە پەسكويغا چۈشكەن شەرىپە ئۇنىڭ گېپىنى جىم ئولتۇرۇپ ئاڭلىماقتا ئىدى. ئاسىيە تامدىكى سائەتكە قاراپ قويدى:

— مەن بۇ يەرگە ئاتىڭىزدىن ئوغرىلىقچە كەلدىم!

ئەمما، شەرىپە ئاسىيەنىڭ بۇ گېپىگە قۇلاق سالمىغاندەك قىلاتتى. ئاسىيە گېپىنى يەنە داۋام قىلدى:

— ئاتىڭىزنىڭ مىجەزى يوق، ئۇنىڭغا دورا ئىچۈرۈۋىدىم، ئىسسىق بېسىپ ئۇخلاپ قالدى، شۇڭا «غىپپىدە» چىقتىم.

شەرىپە ئاخىر ئېغىز ئاچتى:

— قارىغاندا ئالدىراۋاتقان ئوخشايسىز، ئۇنداق بولسا دەيدىغىنىڭىزنى تېزرەك دېمەمسىز؟

ئاسىيە ئەمدىلا ئېغىزىنى ئۆمەللەپ تۇرۇشىغا شەرىپە يەنە گەپنى تارتىۋالدى:
— بىراق، دېمەكچى بولغىنىڭىز «ئۇ گەپنى مۇنەۋۋەر دېمەپتىكەنەي، خاتا ئاڭلاپ قاپسىزەي» دېگەندەك گەپلەر بولسا، ئەڭ ياخشىسى ئاغزىڭىزنى ئۇپراتماڭ، ئاڭلىغۇم يوق!
— دېمەكچى بولغىنىم دەل مۇشۇ گەپ، — دېدى ئاسىيە ئېغىر-بېسىقلىق بىلەن، — سىزگە كۆڭلۈمدىكى گەپنى دېسەم، مۇنەۋۋەرنىڭ ئاشۇنداق گەپلەرنى قىلغانلىقى راست، سىزنىڭ ئاڭلىغانلىرىڭىز خاتا ئەمەس!
شەرىپە بۇ گەپنى ئاڭلاپ قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەيلا قالدى، غەزەپتىن ئاغزى گەپكە كەلمەي قالغان شەرىپە جامەدەك كۆزلىرىنى ئاسىيەگە تىكتى.
— بۇ... بۇ... نېمە دېگىنىڭىز؟ — دېدى شەرىپە بىرھازا دۇدۇقلاپ تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن. ئاسىيە ئالدىرىماي-تەمترىمەي تۇرۇپ ئېغىز ئاچتى:
— ئۆزىڭىزنى بېسىپ، گېپىمگە قۇلاق سېلىڭ!
تاقىتى تاق بولغان شەرىپە ئاسىيەنىڭ گېپىنى «چورتلا» بۆلدى:
— پاھ، بەكمۇ يامان خوتۇنكەنسىز! ئاتامنىڭ ئالدىدا بۇ گەپلەرنى كۆزىڭىزنىڭ سۆيدۈكىنى ئېقىتىپ رەت قىلىپ، مېنى ئاتامغا يامان قىلدىڭىز، مانا ئەمدى بۇ گەپنى قىلىۋاتىسىز! سىز بىزنى مايمۇن ئويناتماقچىمۇ؟
ئاسىيە شەرىپەگە قارىدى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئۇمىدسىزلىنىۋاتقانلىقى چىقىپلا تۇراتتى. شەرىپە يەنە چالۋاقاپ سۆزلىگىلى تۇردى:
— خوش، ئۇنداق بولسا مۇنەۋۋەر نېمە ئۈچۈن شۇ گەپنى قىپتۇ؟ ئېيىتىڭە، زادى نېمە ئۈچۈن؟ — ئاسىيەنىڭ جىم ئولتۇرۇپ قالغانلىقىنى كۆرگەن شەرىپە تېخىمۇ قاينىغلى

تۇردى، — ئەجەب تىلىڭىز تۇتۇلۇپ قالدىغۇ؟ گەپ قىلمامسىز؟

ئاسىيە شەرىپەگە «لاپپىدە» قاراپ قويۇپ:

— بۈگۈن مېنىڭ ئۇ ئىشتىن تېنىۋېلىشىممۇ دەل سىز ئۈچۈن، — دېدى بىر ھازا ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن. بۇ گەپنى ئاڭلىغان شەرىپەنىڭ كاللىسى تېخىمۇ گاڭگىرىغىلى تۇردى. ئۇ بىرنېمە دېيىشكە تەمشىلىۋىدى، ئاسىيە گېپىنىڭ داۋامىنى قىلدى:

— مەن ئاتىڭىزنىڭ ئەمرىگە ئۆتۈپ ئۆيۈڭلارغا كىرگەن كۈندىن باشلاپلا، سىز مېنى رەھمەتلىك ئاپىڭىزنىڭ ئورنىنى ئىگىلىۋالغان ئەشەددىي دۈشمەن قاتارىدا سانىدىڭىز، ھەرقانچە قىلىپمۇ سىزنى ئېرىتەلمىدىم!

گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە شەرىپە ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي گەپكە ئارىلاشتى:

— ئاشۇ قارا كۈنلەر بېشىغا كەلگەن ھەرقانداق ئادەم شۇنداق ئويلايدۇ!

ئاڭغىچە ئاسىيەمۇ ئۇنىڭ گېپىنى بۆلدى:

— سىز قوشۇق سالماي تۇرۇڭ، مەن گېپىمنى دەۋالاي، — ئۇ شەرىپەنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىدى، — دۇرۇس، رەھمەتلىك ئاپىڭىز قازا قىلغاندىن كېيىن ھەممىڭلار قايغۇ-ھەسرەتكە چۆكتۈڭلار، مەنمۇ مۇشتۇمدەك چېغىمدىلا ئاپام تۈگەپ كەتكەن، شۇڭا سىلەرنىڭ كۆڭلۈڭلارنى ناھايىتى ئوبدان چۈشىنىمەن! سىزگە شۇنى دەپ قوياي، شەرىپە، ئاتىڭىز مېنى ئەمرىگە ئالغاندىن كېيىن رەھمەتلىك ئاپىڭىزنى ئۇنتۇپ قالغىنى يوق، سىلەرگە كۆڭلىنىڭ قۇيرۇقىدا قارىغىنى يوق! ئولتۇرسا-قوپسا ئويلايدىغىنى سىلەر، شادلىقىمۇ سىلەر، قايغۇسىمۇ سىلەر! ئەمما سىزچۇ؟ ئىككى گەپنىڭ بىرى بولسىلا ئاتامغا كۆيۈنىمەن، دېگىنىڭىز بىلەن ئۆيدىكى ئىشلاردا ئاتىڭىزنى نەزەرگە ئېلىپ باقتىڭىزمۇ؟ ئويلاپ قويدىڭىزمۇ؟...

بۇلارنى ئاڭلاشقا تاقىتى قالمىغان شەرىپە يەنە گەپنىڭ بىلىگە تەپتى:

— مەن نەدە ئاتامغا كۆيۈنمەپتىمەن؟ پۈتۈن ئەس-يادىم ئاتامدا تۇردۇ، سىز بۇنى نەدىن بىلەتتىڭىز؟ تازىمۇ بىر...! — شەرىپە ئاسىيەگە ئالايدى.

— سىز گەپكە قوشۇق سالماي تۇرۇڭ بولامدۇ؟ — دېدى ئاسىيە سەۋرچانلىق بىلەن، — سىزگە دەۋاتقانلىرىم ئۇزاقتىن بېرى ئىچىمگە يىغىلىپ قالغان گەپلەر، بىلەمسىز؟ بۇنى دەۋالغىلى قويۇڭ، — ئاسىيە «ئۇھ» دەپ قويۇپ گېپىنى داۋام ئەتتى، — ئاتامغا كۆيۈنمەن دەۋاتىسىز، لېكىن دەپ بېقىڭا، مەن بىلەن گەپ تاكاللىشىدىغان ئىشنى بىرەر قېتىم بولسىمۇ ئاتىڭىزدىن خۇپىيانە تۇتۇپ باقتىڭىزمۇ؟ دۇرۇس، ماڭا قېيدايدىغانلىقىڭىزنى بىلىمەن ھەم بۇنى توغرا چۈشىنىمەن؛ گېپىڭىز بولسا، ھەر ھالدا مېنى بىر بۇلۇڭغا تارتىپ دېمەمسىز...؟ — ئۆزىنىڭ گەپلىرىدىن ھاياجانلىنىپ قالغان ئاسىيەنىڭ كۆزلىرىدىن ياش ئەگىگىلى تۇردى، — نومۇسنى قايرىپ قويۇپلا دەۋېرەي، شەرىپە. ئاتىڭىزغا راستىنلا مېھرىم بار؛ ئۇ دېگەن تېپىلغۇسىز ئادەم، بىلەمسىز؟! مېنى ئېھتىمال مەنپەئەتلىنىش ئۈچۈن ئاتامغا تەگدى، دەپ ئويلايدىغانسىز! دۇرۇس، ئاتىڭىزغا ياتلىق بولغاندىن كېيىن كۆڭلىرىم بۇرۇنقىدىن جىق ياخشى بولۇپ كەتتى، مەنپەئەتكىمۇ ئېرىشتىم! لېكىن شۇنى دەپ قوياي، تۇل ئولتۇرغان چاغلىرىمدىمۇ ئاچتىن ئۆلۈپ قالمىدىم، ئىككى بىلىكىمگە تايىنىپ بالىلىرىمنى چوڭ قىلدىم، ئوقۇتتۇم...!

شەرىپە ئاسىيەنىڭ گېپىنى يەنە بۆلدى:

— بولدى قىلىڭە، بۇنداق گەپلىرىڭىزنى ئاڭلىغۇم يوق! سىزدىن سوراپ باقاي، بۇ گەپلەرنى تەرگەپ نېمە قىلماقچىسىز؟ دۇرۇس، مېنىڭ سىزگە ئاچچىقىم بار، بۇنى يوشۇرمايمەن!

لېكىن، ئاتامغا ئاسىيە دېگەن بۇ خوتۇننى قويۇۋەتكىن دېمىگەندىمەن؟! ئانا-بالا ئىككىڭلار ئاتامنىڭ ئۆيىدە ئۆزۈڭلار بەگ، ئۆزۈڭلار خان ياشاۋاتىسىلەر، ئىشىڭلارنى تارتىۋالمىغاندىمەن؟

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان ئاسىيە كۆلۈمسىرەپ تۇرۇپ گېپىنى داۋام قىلدى:

— ئەجەب كۆڭلۈمدىكىنى تېپىپ دېدىڭىزا، سىزنىڭ باشتىن-ئاياغ ماڭا ئاچچىقىڭىز بولغاچقىلا ئۆيىمىزدىن جېدەل قۇرۇمايۋاتىدۇ، سىز ھەر كېلىپ غىژ-غىژنىڭ ئۇرۇقىنى تېرىپ قويۇپ كەتكەندىن كېيىن خېلى كۈنلەرگىچە ئاتىڭىز ھەسرەت بىلەن كېچە-كۈندۈز «ئۇھ» تارتىپ چىقىدۇ، — ئاسىيە شەرىپەگە قاراپ قاپاقلىرىنى تۈردى، — بۈگۈنكى ئىشنى ئالايلى، سىز ئاشۇ گەپلەرنى سورىغان چاغدا ناۋادا مەن ئاتىڭىزنىڭ ئالدىدا باشقا گەپ ياسىماي «ھە، شۇنداق!» دەپلا جاۋاب بەرگەن بولسام، سىز قانداق قىلاتتىڭىز؟ ئالەمنى مالەم قىلىپ ئۆينى بېشىڭىزغا كىيەتتىڭىز! مەن پىچاقنىڭ بىسىغا چىقىپ بولغان بۇ ئىشنى بېسىقىغا چۈشۈرۈپ ھەممەيلەننىڭ ئاچچىقى يانغاندا ئاندىن ئالدىرىماي ئولتۇرۇپ بىر تەرەپ قىلارمىز، دېگەن نىيەتتە ئاشۇنداق گەپ ياسىدىم. نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلدىم؟ بۇنى ناھايىتى ئوبدان چۈشىنىسىز! ئاتىڭىزنىڭ تەقەززالىقتا موھتاج بولۇۋاتقىنى زادى نېمە؟ ئۇنىڭغا تۆت تەڭگە پۇل بېرىپ قويسىڭىز، كىر-قېتىنى يۇيۇپ، ئاش-تامىقىنى ئېتىپ بەرسىڭىز ئۇنىڭ ئۇسسىغان يېرىگە بارامدۇ؟ ياق، ھەرگىز بارمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ موھتاج بولۇۋاتقىنى ئارامخۇدالىق، بىلدىڭىزمۇ، ئارامخۇدالىق؛ ئاتىڭىز يەتمىش ياشقا يېقىنلاشتى، ئۇنىڭ پانىي دۇنيادا يەيدىغان يەنە قانچىلىك رىزقى قالدى؟ بىز نېمىشقا بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقىرىپ ئاشۇ ئاق كۆڭۈل بوۋايغا تىنچ قۇلاق، ئارامخۇدا كۈن ئالىدىغان

ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرەلمەيمىز؟ بۇ تامامەن مۇمكىنغۇ!

ئاسىيەنىڭ بۇ گەپلىرى شەرىپەگە تەسىر قىلدى بولغاي، ئۇ بىرھازا جىمىپ كەتتى.

— ئۇنداق بولسا مۇنەۋۋەر زادى نېمىگە ئاساسلىنىپ ئاشۇنداق دەپتۇ؟ — دەپ سورىدى شەرىپە.

شەرىپەنىڭ پەسكويغا چۈشكەنلىكى ئاسىيەنى خېلىلا خۇشال قىلدى.

— ئەسلىدە ئۇ مۇنداق ئىشكەن، — دېدى ئاسىيە شەرىپەنىڭ سوئالىغا جاۋابەن، — بىر كۈنى ئامان زۆھرە بىلەن مۇنەۋۋەرنى ئۆيىگە ئەكېلىپ قويۇپتۇ، شۇ چاغدا مۇنەۋۋەر ئۇنىڭغا: «رەھمەت، ئامان مۇئەللىم، بىزنى ئەكېلىپ قويىمەن دەپ بەك كەچ قالدىڭىز، يەڭگىمىز خاپا بولۇپ كەتمىسۇن يەنە!» دەپتىكەن، ئامانمۇ چاقچاق قىلىپ: «ياقەي، ئۇ سىلەردەك چىرايلىق قىزلارنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويغانلىقىمدىن خۇش بولىدۇ» دەپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن مۇنەۋۋەر ئۇنى خوتۇن-باللىق ئادەمكەن دەپ قاپتۇ، كېيىن ئۇ زۆھرەنىڭ ئامان بىلەن چىقىشىپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ زۆھرەگە باشقىچە كۆزدە قارايدىغان بولۇپ قاپتۇ، ئۇ بۇ گەپنى مەريەم ئىككىمىز بار يەردە ئاغزىدىن چىقىرىپ سالدى، يولدا كېلىۋاتقاچ: «نېمە قىلغىنىڭ بۇ؟ مەريەمنىڭ ئالدىدا ئەجەب ئەقىلسىزلىك قىلدىڭ» دەپ ئۇنى جىق ئەيىبلىدىم. گەپنى يىغىپ كەلگەندە، مۇنەۋۋەر راستتىنلا خاتا قىلدى، بۇنىڭ ئۈچۈن سىزدىن ھەتتا ھەممىڭلاردىن ئەپۇ سورايمەن! — ئاسىيە ئورنىدىن دەس تۇرۇپ شەرىپەنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە ئۇنىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ، گەپلىرىنى ھاياجان بىلەن داۋام قىلدى، — توغرا، سىز ماڭا ئۆچ. ئەمما گەپنىڭ راستىنى دېسەم، سىزنىڭ مىجەزىڭىز ماڭا بەك يارايدۇ. ھەر قېتىم ئاپىڭىزنى ئەسلىگەن چاغدا تۆككەن

ھەسرەتلىك ياشلىرىڭىزدىن سىزنىڭ ساداقىتى چىن، نىيىتى دۇرۇس بالا ئىكەنلىكىڭىزنى بايقىدىم. دۇرۇس، ئۇقۇشماسلىق سەۋەبىدىن مەن بىلەن قىزىرىشىپ قېلىپ، ماڭىمۇ، ئاتىڭىزغىمۇ ئازار بەردىڭىز، لېكىن بۇنى قەستەن قىلمىدىڭىز. سىزنىڭ قەستەن ئاتىسىنىڭ چىشىغا تېگىپ، ئەلەم تارتقۇزىدىغان باللاردىن ئەمەس ئىكەنلىكىڭىزنى ئوبدان بىلىمەن، شەرىپە...! ــ شەرىپەنىڭ بۇ گەپلەرنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئاسىيە گېپىنى داۋام قىلدى، ــ سىزنىڭ قائىدە-يوسۇن بىلىدىغان، ئەدەپلىك بالا ئىكەنلىكىڭىزنى بىلدىم، مەن بايا ئىشىكىڭىزنىڭ قوڭغۇرىقىنى باسقان چاغدا ئېھتىمال مېنى كۆرۈپلا يۈزۈمگە تۈكۈرۈۋەتمىسىمۇ، ئىشىقلىپ، «ئۆيىگە كىرگۈزمەيدۇ» دەپ ئويلىغانىدىم، ئەمما سىز ئۇنداق قىلمىدىڭىز، ئەكسىچە ئۆيىڭىزگە باشلاپ ئەكىرىپ ئالدىمغا چاي قويدىڭىز. بۇنداق قىلىش ھەممىلا ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىۋەرمەيدۇ، بۇ سىزنىڭ ئۆيدە ئوبدان تەربىيە كۆرگەنلىكىڭىز...

چوڭقۇر خىيالغا پاتقان شەرىپە مىشىلداپ ئېقىپ كېتىۋاتاتتى. دەل شۇ چاغدا ئىشىك قوڭغۇرىقى جىرىڭلىدى. شەرىپە ئورنىدىن تۇرۇپ بولغۇچە ئاسىيە بېرىپ ئىشكنى ئاچتى. ئىشىك تۈۋىدە قاسىم قاراپ تۇراتتى. ئۇ ئاسىيەگە كۈلۈپ تۇرۇپ باش لىڭشىتتى. بۇ ئۇنىڭ سالام قىلغىنى ئىدى. ئاڭغىچە، شەرىپەمۇ ئىشىك تۈۋىگە كەلدى. ئۇنى كۆرگەن قاسىم بىرنېمىلەرنى دەپ ئىشارەت قىلدى. ئەمما، شەرىپە ئۇنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى چۈشەنمىدى. بۇنى كۆرگەن قاسىم ئالاقزادىلىك بىلەن يەنە بىرمۇنچە ئىشارەت قىلدى. شەرىپە بىر ئىشنى ئېسىگە ئالغاندەك ئۇنىڭغا قەغەز-قەلەم ئەكېلىپ بەردى. قاسىم ئۇنىڭغا تۆۋەندىكى گەپلەرنى ئالمان-تالمان يازدى:

«ئاتاڭ ئاغرىپ قاپتىكەن، دوختۇرخانىغا ئەكەتتى، بۇ يەردە كوتۇلداپ ئولتۇرامسەن!»

بۇنى كۆرۈپ پۇت-قولىدا جان قالمىغان ئاسىيە بىلەن شەرىپە كىيىملىرىنى ئالمان-تالمان كىيدى-دە، تالاغا قاراپ يۈگۈردى.

## 53

ئاسىيە بىلەن شەرىپە كېلىپ بولغۇچە، قوشنىلار سۇلايماننى دوختۇرخانىغا ئاپاردى. دوختۇرلار بىرقۇر تەكشۈرۈپ كۆرگەندىن كېيىن، «ئۆتتە تاش باركەن، ئوپېراتسىيە قىلمىساق بولمايدۇ» دېگەن دىئاگنوزنى قويدى ۋە دەرھال بالنىستقا ئېلىپ، ئۇنىڭغا ياللۇغ قايتۇرۇش ئوكۇلى سالدى. سۇلايمان كارىۋاتتا ياتقىنى بىلەن كۆزى ئىشىكتە ئىدى. ئۇ ئاسىيەنىڭ پاتراق يېتىپ كېلىشىگە تەقەززا بولۇۋاتاتتى.

ئەسلىدە بۈگۈن شەرىپە ئىشىكنى «جاڭگىدە» يېپىۋېتىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن سۇلايماننىڭ كۆڭلى بىرقىسىملا بولۇپ قالدى. ئىچ-ئىچىدىن بالقىپ چىقىۋاتقان پۇشايمان ئۇنىڭ يۈرەك-باغرىنى ئۆرتىمەكتە ئىدى. ئۇ سەل بىئارام بولۇپ كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلاپ ياتتى. ئاسىيە ئۇنىڭدىن: «ئۈستىلىرىگە يوتقان يېپىپ قويايمۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئۇ: «يوتقان ياپماي، پوپايكىدىن بىرەرنى ئېلىپ ئۈستۈمگە تاشلاپ قويغىنە!» دېدى. شۇنداق قىلىپ ئاسىيە ئىشكاپنى ئېچىپ قولىغا چىققان پوپايكىدىن بىرنى ئېلىپ ئۇنىڭ ئۈستىگە ياپتى. بۇ دەل ھەكىمە ئۆز قولىدا توقۇپ بەرگەن ھېلىقى قىزغۇچ پوپايكا ئىدى. سۇلايمان پوپايكىنى ئىختىيارسىز سىلىدى، ھەكىمەنىڭ ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈن تەبەسسۇم كەتمەيدىغان چېھرى تۇيۇقسىزلا ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا نامايان بولدى. سۇلايمان ئىختىيارسىز ئۆز-ئۆزىگە: «ھەي، ھەكىمە! ھايات بولغان

بولساڭمىغۇ مۇشۇ كۆڭۈل ئاغرىقلىرىغا قالماس ئىدىم!» دېدى.
دەل شۇ چاغدا ئاسىيە بىر پىيالە چاينى كۆتۈرۈپ كىرىپ قالدى. ئۇمۇ سۇلايماننىڭ بايا بىرنېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلىغاندەك قىلدى. «قىزىق ئىش، بۇ ئۆيدە باشقا بىرى بولمىسا بۇ ئادەم كىمگە گەپ قىلىۋاتقاندۇ؟ ھە، راست، بايا ئۇ شەرىپە بىلەن قىزىرىشىپ قالغان، شۇ ئىش يادىغا كېلىپ قالغان ئوخشايدۇ-دە!»
سۇلايماننىڭ يەنە پىغانىنى ئۆرلىتىپ قويۇشتىن ئەنسىرىگەن ئاسىيە چاينى تومپۇچكىنىڭ ئۇستىگە قويۇپ، ئۆزى سۇلايماننىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى ۋە ئۇنىڭ ئۇچىسىنى تۇتقاچ سورىدى:
— يەنە شەرىپەدىن ئاغرىنىۋاتامدىلا؟
ئاسىيەنىڭ ئۇۋۇلاشلىرىدىن جىسمى خېلىلا ئارام تېپىپ قالغان سۇلايمان دەرھال سورىدى:
— ياقەي، بۇ نېمە دېگىنىڭ؟
— يوشۇرمىسىلا، — دېدى ئاسىيە كۈلۈپ تۇرۇپ، — بايام بىرىدىن ئاغرىنىپ گەپ قىلدىلا، يەنە شۇ شەرىپەدىن ئاغرىنىۋاتىدىلا، شۇنداققۇ؟
سۇلايمان ئاسىيەنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى ئەمدى چۈشەندى بولغاي، ئۇنى تۇيۇقسىزلا كۈلكە قىستىدى. لېكىن، ئۇ خېلىغىچە گەپ قىلماي جىم ئولتۇرۇپ قالدى. ئاسىيە سۇلايماننىڭ ئۇچىسىنى تۇتۇشتىن توختاپ ئۇنى ئاستا ئىتتىرىپ قويدى:
— گەپ قىلسىلىچۇ؟ يەنە راستتىنلا شەرىپەگە ئاچچىقلىمىدىلىمۇ؟
سۇلايمان ئۇنىڭ گېپىگە جاۋاب بەرمەي دۇمبىسىنى كۆرسەتتى:
— ۋۇي، تولا ۋالاقلاۋەرمەي ئۇچامنى تۇتسىنا!
لېكىن، ئاسىيە ئورنىدىن دەس تۇردى:

— تۇتمايمەن...! ئاتىسى، ماڭا: «ئەمدى شەرىپەدىن ئاغرىنمايمەن» دەپ ۋەدە بەرسىلە ئاندىن تۇتۇپ قوياي!

كارىۋاتتا دۈم ياتقان سۇلايمان: «ئاسىيەنى بۇنداق گەپ قىلار» دەپ ئويلىمىغانىدى ھەم ئادەتتە گېپى ناھايىتى ئاز ئاسىيەنىڭ تۇيۇقسىزلا ئەركىلىگەندەك قىلىپ بۇنداق دەپ قالغانلىقىغا راستىنلا ھەيران قالدى.

— ھوي، قاچاندىن بېرى بۇنداق ۋىت-ۋىت بولۇپ قالدىڭ؟ نېمانچە گېپىڭ تۈگىمەيدۇ سېنىڭ؟ — دەپ سورىدى سۇلايمان ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ ئولتۇردى. ئاڭغىچە ئاسىيە ئۇنىڭغا بىر پىيالە چاي تۇتتى.

— نېمە دېسىلىرى مەيلى، مەن قوبۇل كۆرىمەن، — دېدى ئاسىيە سۇلايمانغا قاراپ، — سىلىدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، شەرىپەدىن ئاغرىنمىسىلا بولامدۇ؟

سۇلايمان ئاغزىغا ئاپىرىپ بولغان چاينى يەنە ئاسىيەگە تۇتقۇزۇپ قويدى:

— بۈگۈن نېمە بولدى ساڭا؟ شەرىپە ساڭا قىيداپ يۈرگەچكە ئاخىرى ئىككىڭلارنىڭ پۇرچىقى پىشماس بولۇپ قالدى، سېنى ئۇنىڭدىن ئازار يەپ قالمىسۇن، دەپ بۈگۈن ئۇنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقاردىم، بىراق سەن ئۇنىڭ ياقىسىنى يىرتىپ گەپ قىلىۋاتىسەنغۇ؟

ئاسىيە بىرنېمە دېمەكچى بولۇپ تەمشەلدىيۇ، ئەمما تىلىنىڭ ئۇچىغا كېلىپ بولغان گەپلەرنى يەنە يۇتۇۋەتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئايان ئىدى: ئاسىيە ئىشنىڭ چوڭىيىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ گەپ ياسىۋىدى، بۇنىڭ بىلەن بىگۇناھ شەرىپە قارا بولۇپ قالدى. شەرىپە يىغلاپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئاسىيە بەكمۇ ئازابلاندى. شۇڭا ئۇ سۇلايماننىڭ مۇشۇ ئىشنى دەپ شەرىپەگە يەنە ئازار بېرىپ قويۇشىدىن ئەنسىرىگەچكە بايىقى گەپلەرنى قىلغانىدى، لېكىن سۇلايمان

بۇنى نەدىن بىلسۇن؟ سۇلايماننىڭ نەزىرىدە شەرىپە ئىشنى بەكمۇ ئاددىي ئويلايدىغان بولغاچقا، ھە دېسىلا ئالدى-ئارقىسىغا قارىماي بولمىغۇر گەپلەرنى دەپ سېلىپ ئاسىيەنىڭ دىلىنى ئاغرىتىپ قويۇۋاتاتتى. شۇڭا ئۇ ھازىرنىڭ ئۆزىدىمۇ ئېغىزىدىن چىقارمىغىنى بىلەن ئاسىيەنى قىسىنچىلىقتا قويۇۋاتقانلىقىدىن ئەپسۇسلىنىۋاتاتتى. ئاسىيە ئېرىنىڭ يۈرىكىدىكىنى بىلىدىغان چېچەن ئاياللاردىن ئىدى. ئۇ چاينى يەنە سۇلايمانغا تەڭلىدى:

— پەملچاي دەملىگەن، ئەتىياز كۈنى پەملچاي ئىچىپ بەرسە ياخشىمىش، قېنى، ئالسىلا!

سۇلايمان پىيالىنى قولىغا ئېلىپ ئاسىيەنىڭ كۆزلىرىگە قارىدى. ئۇ ئاسىيەگە نېمە دېيىشنى بىلەلمەيۋاتاتتى. شۇنداق ئەمەسمۇ؟ بىر ياققا قارىسا خوتۇنى، بىر ياققا قارىسا قىزى...! ئىككىلىسىنىڭ كۆڭلىنى ئايىمىسا يەنە بولمىغان... لېكىن بۇنىڭ ئامالى بارمۇ؟ دۇرۇس، ئاسىيەنى ئاياپ، شەرىپەدىن ئاغرىنغىنى بىلەن، ئۇنى ئۆگەي ئاپىسىنىڭ ئالدىدا ھە دېسىلا بايىقىدەك سەتلەۋەرسىمۇ بولمايدۇ-دە! لەۋلىرى قۇرۇغان سۇلايمان پىيالىدىكى چاينى كۆتۈرۈپلا ئىچىۋەتتى.

— ھەببەللى، ئەمدى كۆڭۈللىرى ئارام تېپىپ قالدۇ!

— رەھمەت ساڭا! — دېدى سۇلايمان پىيالىنى ئاسىيەگە سۇنۇپ.

ئاسىيە كۈلۈمسىرىگىنىچە پىيالىنى ئالدى-دە، ئىتتىك چىقىپ كەتتى. ئاسىيە قايتىپ كىرگەندە رەڭگىرويى قارىداپ كەتكەن سۇلايمان ھۇجرىدا ئۇياقتىن-بۇياققا مېڭىپ يۈرەتتى.

— بايىقى چاينى ئىچىۋىدىم، ئىچ-قارنىم بىرقىسىملا بولۇپ كەتتى، — دېدى سۇلايمان، — غولۇم ئاغرىغاندەك قىلىۋاتىدۇ، چېيىڭغا زەھەر سېلىپ قويمىغانسەن-ھە! — سۇلايمان چاقچاق قىلىپ كۈلدى.

— تۇغرا دېدىلە، كوزىدا كومۇپ قويغان ئالتۇن-كۈمۈشلىرىنى كۆزلەپ سالسامۇ سالغاندىمەن...! — ئاسىيە سۇلايماننى يۆلەپ كارىۋاتقا چىقاردى، سۇلايمان ئۇنىڭ بېقىنىنى چىڭ بېسىپ ياتتى. ئاسىيە ئاشخانىغا چىقىپ هايال ئۆتمەيلا كىردى ۋە كارىۋاتنىڭ لېۋىگە كېلىپ ئولتۇردى:

— تۆتىنچى قەۋەتتىكى قوشنىلارنىڭ گۆشىنىنى بەك ئوخشاپتۇ، ئەمما ناھايىتى مايلىق بولۇپ كېتىپتۇ، دەپ تۇرسام ئۇنىماي سەل جىق يەۋالدىلا. مانا ئەمدى بىئارام بولۇپ ياتالمايۋاتىدىلا، — ئاسىيە بىر تابلېتكا دورىنى ئېلىپ سۇلايماننىڭ ئاغزىغا سېلىپ قويدى. هايال ئۆتمەي سۇلايماننىڭ قورسقى سەل-پەل ئارام تاپقاندەك بولدى. ئۇ ئاسىيە ئۇستىگە يېپىپ قويغان يوپايكىغا پۈركىنىپ ئۇيقۇغا كەتتى. تاتلىق ئۇخلاۋاتقان سۇلايمان ئىشىك قوڭغۇرىقىنىڭ ئاۋازىدىن ئويغىنىپ كەتتى. بېرىپ ئىشىكنى ئاچسا بوسۇغىدا قاسىم تۇراتتى. ئۇ قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن ئىلمەك بۇرنىنىڭ ئۇچىنى سۈرتكەچ سۇلايمانغا قاراپ هىجايدى.

— هە، يەنە شۇ يەيدىغان ياڭىقىڭ تۈگەپ قاپتۇ-هە! — دېدى سۇلايمان قاپاقلىرىنى تۈرۈپ تۇرۇپ. ئۇ قاسىمنى ئۆيگە باشلاپ كىردى ۋە ئاسىيەگە: «قاسىمغا ئازراق ياڭاق ئېلىپ بەرگىن» دېمەكچى بولۇپ ئۇنى بىر قېتىم چاقىردى، لېكىن سادا كەلمىدى. سۇلايمان ئاشخانىغا، بالىلارنىڭ هۇجرىسىغا كىرىپ باقتى، لېكىن ئاسىيەنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. «ۋۇي، بۇ نەگە كەتكەندۇ ئەمدى؟» ئۇنىڭ كۆڭلى يەتمىگەن يەرلەرگە يەتتى. «ئاپلا! — دەپ ئويلىدى سۇلايمان تۇيۇقسىزلا، — شەرىپە هېلىقى ئىشنى يۈزلەشتۈرمەن، دەپ ئاچىقىپ كەتكەن ئوخشىمامدۇ؟!» شۇ ئەسنادا سۇلايماننىڭ بېشى قېيىپ كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشقىلى تۇردى. ئۇ ئالمادىس يىقىلىپ چۈشۈشتىن ئەنسىرەپ ساپاغا ئاستا ئولتۇرۇۋالدى. ئۇنىڭ كۆڭلى

ئېلىشىپ ياندۇرغۇسى كېلەتتى، غولىنىڭ ئوتتۇرىسى كۆيۈپ ئاغرىپ كېتىۋاتاتتى. سۇلايمان ئالاقزادە بولۇپ كۆزلىرى چەكچىيىپ كېتىۋاتقان قاسىمغا قارىدى:

— ماڭ! تۆتىنچى قەۋەتكە چىقىپ باق! ئاسىيە شۇ يەردىمىكىن، ئۇ يەردە بولمىسا شەرىپەنىڭ ئۆيىگە بېرىپ باققىن!

قاسىم بېشىنى لىڭشىتتى ـ دە، ئۇچقاندەك چىقىپ كەتتى. سۇلايماننى قارا تەر باسقىلى تۇردى.

* * *

دوختۇرلار سۇلايماننى چاقلىق كارىۋاتقا ياتقۇزۇپ ئوپېراتسىيە بۆلۈمىگە ئەكىرىپ كەتتى. ئاسىيە بىلەن شەرىپە كارىدوردىكى ئۇزۇن ئورۇندۇقتا ئەندىشە ئىچىدە ئولتۇراتتى. توپتوغرا بىر يېرىم سائەتتىن كېيىن سېستىرالار سۇلايماننى ئوپېراتسىيە بۆلۈمىدىن چاقلىق كارىۋاتتا ئىتتىرىپ ئاچىقتى. ئۇ كارىۋاتتا ئويغاق ياتاتتى. ئەتىگەن ئۆزى ئۆيىدىن قوغلاپ چىقارغان قىزىنىڭ ئىشىك تۈۋىدە ئۇنى يىغلاپ تۇرۇپ كۈتۈۋالغانلىقىنى كۆرگەن سۇلايمان بولسا شەرىپەگە قاراپ ئىللىق كۈلۈمسىرىدى. ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايدىغان ئاجايىپ بىر خىل ھارارەت ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئىللىتقانىدى. بۇ دەل ئات ـ باللىق مېھرىدىن تارالغان تەگداشسىز تۇيغۇ بولسا كېرەك، ئەتىگەنكى كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئاللىقاچان ئۇنتۇغان شەرىپەمۇ كارىۋاتنىڭ گىرۋىكىگە ئېسىلغىنىچە ئېڭىشىپ تۇرۇپ سورىدى:

— ئاتا، قانداقراق تۇرۇۋاتىسەن؟ يارا ئېغىرى ئاغرىۋاتامدۇ؟

سۇلايمان بېشىنى بوشقىنا چايقىدى. ئاسىيە ناھايىتى چېچەن ئايال ئىدى. چۈنكى، ئۇ بۇنداق چاغدا سۇلايمانغا بەك يېقىنچىلىق قىلىپ كەتسە بولمايدىغانلىقىنى، ئېرىنىڭ كۆڭلىنى

ئاۋۇندۇرىغان گەپلەرنى باللار يوق يەردە دېيىش كېرەكلىكىنى ئوبدان بىلەتتى. شۇڭا ئۇ شەرىپەنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ سۇلايمانغا كۆلۈمسىرەپ قارىدى، سۇلايمانمۇ ئۇنىڭغا چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن گەپ قىلدى. ئوپېراتسىيىدىن چىققان سۇلايماننى كېسەلخانىغا ئەكىرىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغۇچە كەچ سائەت سەككىزدىن ئېشىپ كەتتى. دوختۇرلار ئۆيدىن كەلگەن بىرەرىنىڭ كېچىچە سۇلايماننىڭ يېنىدا تۇرۇپ قارىمىسا بولمايدىغانلىقىنى تاپىلىدى.

—سىز كېتىۋېرىڭ، مەن قاراي! —دېدى ئاسىيە شەرىپەگە.

لېكىن، شەرىپە كەتكىلى ئۇنىمىدى. چۈنكى ئۇ هەش-پەش دېگۈچە نۇرغۇن خىياللارنى قىلىپ ئۈلگۈرگەنىدى: «مەن دېگەن ئاتامنىڭ ئۆز قىزى، بۇنداق چاغدا كېسەلگە ئۆز باللىرى قارىغىنىغا يېتەمدۇ؟ ئاسىيە دېگەن كىمتى ئۇ؟ ئۆيىمىزگە تېخى تۈنۈگۈنلا كىرگەن، بىز بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوق يات خوتۇن. ئۆزۈم كېتىپ ئاسىيەنى قويۇپ قويسام، ئاتام بىلەن تېخىمۇ ئاپاق-چاپاق بولۇپ كېتىدۇ. يەنىلا شۇ يامان ئاتلىق بولغىنىم بولغان! ئۇنىڭ ئۈستىگە هازىرغىچە ئاتامنى كۆپ رەنجىتتىم... شۇڭا بۇ دېگەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئېلىۋالىدىغان ئوبدان پۇرسەت... يەنە كېلىپ ئاكام جەنۇبىي شىنجاڭدا، زۆهرە غۇلجىغا يىغىنغا كەتتى، ئاتامنىڭ يېنىدا باللاردىن پەقەت مەنلا قالدىم، شۇڭا ئەلۋەتتە كېچىچە ئاتامغا مەن قارىشىم كېرەك.»

شۇنداق قىلىپ، سۇلايماننىڭ يېنىدا شەرىپە قالماقچى بولدى. سۇلايمان هازىرچە تاماق يېيەلمەيدىغان بولغاچقا، شەرىپە قىلغۇدەك باشقا ئىشمۇ يوق ئىدى. شەرىپە بىلەن ئاسىيە سۇلايماننىڭ يېنىدا بىردەم پاراڭلىشىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن سۇلايمان ئۇلارنى سىرتقا چىقىپ تاماق يەپ كىرىشكە بۇيرۇدى. شەرىپەمۇ شۇ چاغدا قورسىقىنىڭ ئېچىپ كورۇكراپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزدى. شۇنداق قىلىپ شەرىپە يۈگۈرۈپ

دېگۈدەك چىقىپ دوختۇرخانىنىڭ ئۇدۇلىدىكى ناۋايخانىدىن ئازراق سامسا ئەكىردى. ئۇ سامسا سېلىنغان سۇلياۋ خالتىنى تومپۇچكىنىڭ ئۈستىگە قويۇپلا «ئاپلا!» دەپ قالدى. چۈنكى ئۇنى ئېلىپ يېگۈدەك قاچا ياكى چوكا يوق ئىدى.

— ھەي، بالام، بايا كەتكىن دېسە ئۇنىمايسەن، — دېدى سۇلايمان سەل ئاچچىقلىنغاندەك قىلىپ، — ئۆيگە كەتكەن بولساڭ ئەڭ بولمىغاندا قاچا-قۇچا ئەكېلەتتىڭ ئەمەسمۇ؟! — سۇلايمان ئەمدىلا ئوپېراتسىيىدىن چىققاچقىمۇ، ئۇنىڭ ئۇنى يەرنىڭ تېگىدىن چىققاندەك ناھايىتى بوش چىقاتتى. شەرىپە «ئاتام مېنىڭدىن رەنجىپ قالغاچقا شۇنداق دەۋاتىدۇ» دەپ ئويلىدى، بۇنىڭ بىلەن ۋۇجۇدىغا تۇيۇقسىز تارىغان سىرلىق سېزىم ئۇنى ئازابلاشقا باشلىدى. شەرىپەنىڭ خىياللىرى يەنە قاناتلانغىلى تۇردى: « ‹كېچىچە مەن قېلىپ قاراي› دېسەم ئاتام خاپا بولۇۋاتامدۇ قانداق؟ ياقەي، بۇ مۇمكىنمۇ؟ ئاسىيە كىم، مەن كىم؟ ئاتام ھەرقانچە بولسىمۇ بىز بىلەن بىر قازاندا قايناتسا قېنى قېتىلماس بۇ يات خوتۇننى بىزدىن ئۈستۈن كۆرمەس؟!... ۋيەي، نېمىلەرنى ئويلاپ كېتىۋاتىدىغاندىمەن، ئاتام ھەرگىز ئۇنداق ئادەم ئەمەس، بايا ئۇ مۇنداقلا دەپ قويدى!»

سۇلايمان بىلەن شەرىپەنىڭ قورسىقىدىكىنى سېزىپ بولغان ئاسىيە ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزدى:

— ۋۇي، چوكا بولمىسا نېمە بوپتۇ؟ قولىمىزدا تۇتۇپ يېسەكمۇ بولىدۇ ئەمەسمۇ؟! سىلىمۇ بەك زىغىرلاپ كەتمىسىلە، ئاتىسى؟ — دېدى ئاسىيە ۋە بېرىپ سۇلايماننىڭ ياستۇقىنى ئوڭلاپ قويدى. سۇلايمان باشقا گەپ قىلمىدى. شەرىپە سامسا سېلىنغان ھېلىقى خالتىنى تۇتقىنىچە كارىۋاتنىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇقتا نېمە قىلارىنى بىلەلمەي ئولتۇراتتى. ئاسىيە ئۇنىڭ قولىدىكى سامسا سېلىنغان خالتىنى ئېلىپ كارىۋاتنىڭ بېشىدىكى تومپۇچكىنىڭ ئۈستىگە قويدى:

— قېنى، شەرىپە، ئېلىڭە، بىللە يەيلى!
شەرىپەنىڭ ئاسىيەگە بولغان ئۆچمەنلىكى ئاسىيەنىڭ سەۋرچانلىقلىرى سەۋەبىدىن ئاز-تولا بېسىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ نېمىشقىدۇر، ئاسىيە بىلەن بىر يەرگە كەلسىلا خۇددى قوقاسقا دەسسىۋالغاندەك بىئارام بولاتتى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ ئاسىيەنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ سامسىدىن ئىككىنى يەپلا بولدى قىلدى، ئاندىن سېستىرالار ئىشخانىسىغا كىرىپ، قەغەز ئىستاكاندىن ئىككىنى ئاچىقتى. ئۇ قايناق سۇ قويۇلغان قەغەز ئىستاكاندىن بىرنى ئاسىيەنىڭ ئالدىغا، بىرنى ئۆزىنىڭ ئالدىغا قويدى. ئەمما ئۇسساپ تاماقلىرى قۇرۇپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ ئىستاكاندىكى سۇدىن ئىچكۈسى كەلمىدى. شەرىپەنىڭ سامسىنى يېمەي تۇرۇپ قالغانلىقىنى كۆرگەن ئاسىيەمۇ بولدى قىلدى.
— يەنە بىرەنى يەڭا، — دېدى شەرىپە ئاسىيەگە ۋە ئۇنىڭ ئىستاكىنىغا قايناق سۇ جىقلاپ بەرمەكچى بولۇپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇ «قارا!» دېگەندەكلا ئاتىسىغا قارىدى. ئۇنىڭ كۆزىگە سۇلايماننىڭ چاچلىرى ئۆسۈپ، يۈزلىرى مايلىشىپ كەتكەندەك كۆرۈندى.
— ئاتا، باش-كۆزۈڭنى يۇيۇپ قويايلىمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ سۇلايماندىن، — مەن بېرىپ كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئەكېلەي.
شەرىپە تۇيۇقسىز ئاسىيەگە قارىدى:
— سىز بېرىپ ئاتامنىڭ ئالماشتۇرىدىغان كىيىملىرىنى ئەكېلەمسىز؟
ئاسىيە ئېغىز ئېچىپ بولغۇچە سۇلايمان گەپ قاتتى:
— ئۇ نەرسىلەرنى ئەتە كەلگەندە ئالغاچ كەلگىن! بۈگۈن كەلمىسەڭمۇ بولىدۇ!
— نېمىشقا كەلمىگۈدەكمەن؟ — دېدى سۇلايماننىڭ بايىقى گېپىنى ئاڭلاپ تاقىتى تاق بولغان شەرىپە دەرھاللا، — ساڭا

ئۆزۈم قارايمەن، بايا دوختۇرلارمۇ دېدىغۇ؟ يېنىڭدا ئادەم قالمىسا بولمايدۇ.

سۇلايمانمۇ سەل تاقەتسىزلەندى:

— يېنىمدا ئاسىيە ئايلاڭ بارغۇ، سەن خاتىرجەم كېتىۋەرگىن!

«ئاتىسىنى ئۆزىدىن قەستەن يىراقلىشىۋاتىدۇ» دەپ ئويلاپ قېلىۋاتقان شەرىپەنىڭ كۆڭلى بىرقىسىملا بولۇپ قالدى. ئۇ ئاتىسىغا تەگكۈزۈپ ئىككى ئېغىز گەپ قىلىۋالماقچى بولدىيۇ، ئەمما ئاتىسىنىڭ كېسەل كارىۋىتىدا بىتاب ياتقىنىنى كۆرۈپ بولدى قىلدى. ئاسىيە شەرىپەنىڭ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي ئۆرە تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئورۇندۇقتىن بىرنى ئەكېلىپ بەردى:

— ئۆرە تۇرىۋەرسىڭىز پۇتلىرىڭىز تېلىپ كېتىدۇ، ئولتۇرۇڭە!

شەرىپە ئاسىيە ئەكېلىپ بەرگەن ئورۇندۇققا خالا-خالىمايلا ئولتۇردى. ئاسىيە يانچۇقىدىن بىر دانە قولياغلىقنى ئېلىپ ئۇنى كېسەلخانىنىڭ ھاجەتخانىسىغا ئەكىرىپ سوغۇق سۇدا نەمدەپ چىققاندىن كېيىن سۇلايماننىڭ يۈزىنى سۈرتتى. سۇلايمان خۇددى كىچىك بالىدەك رايىشلىق بىلەن جىم ياتاتتى. ئاسىيە قولىنى سۇلايماننىڭ بېشىنىڭ ئاستىغا تىقىپ ئۇنىڭ بېشىنى تاكى گەجگىلىرىگىچە سۈرتۈپ چىقتى.

— پاھ، ئەجەبمۇ خۇشياقتى، — دەپ قوياتتى سۇلايمان تۇرۇپ-تۇرۇپ.

— ئۆزلىرىنى بوش قويۇپ بەرسىلە، — دەيتتى ئاسىيە ئۇنىڭغا خۇددى كۆيۈمچان ئاپا بالىسىغا نەسىھەت قىلىۋاتقاندەك، — ئوپېراتسىيىگە چۈشكەن ئادەم ساقىيىپ بولغۇچە بېشىنى بەك جىق مىدىرلىتىپ كەتسە، كېيىن بېشى ئاغرىيدىغان بولۇپ قالارمىش!

شەرىپە كارىۋاتنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئورۇندۇقتا خۇددى روھى

چىقىپ كەتكەن ئادەمدەك ھاڭۋېقىپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئاتىسىغا ئۇزاقتىن-ئۇزاق تىكىلىپ قاراپ كەتتى. لېكىن، سۇلايمان كېسەلخانىدا شەرىپەنىڭمۇ بارلىقىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك، ئۇنىڭغا ھەتتا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدىمۇ قاراپ قويمىدى. ئۆزىنىڭ قىلمىشلىرىنىڭ توغرا ياكى خاتا ئىكەنلىكى ئۈستىدە ئويلىنىپ بېقىش نىيىتىگە كەلگەن شەرىپە ئاتىسىنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ يەنە زىددىيەتلىك خىياللار ئىچىگە غەرق بولۇپ كەتتى: «ئاتىنىڭ قەلبىدە بالا مۇھىممىدۇ، خوتۇن مۇھىممىدۇ؟ ھازىرغىچە ئاتىلار ئۈچۈن ئېيتقاندا ھەممىدىن مۇھىمى ئۆز پۇشتىدىن بولغان باللار خوتۇنى، بولۇپمۇ كېيىن ئالغان خوتۇنى ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ، دەپ ئويلاپتىكەنمەن. قارىغاندا، مەن بەكمۇ ساددا ۋە نادان بولسام كېرەك، ئاتا-بالىلىقنى دۇنيادىكى ھەرقانداق مۇناسىۋەتنى بېسىپ چۈشىدىغان مۇقەددەس رىشتە، دەپ بىلگەن بولسام كېرەك. ئەنە، ئاتامغا ھازىر ئاسىيەدىن باشقا ھېچنېمە لازىم ئەمەسكەن. ئۇ ئاسىيەنى كۆرگەن ھامان ئۆزى بىلەن نەچچە ئون يىل ئۆي تۇتقان، باللىرىنى تۇغۇپ مىڭ بىر جاپادا بېقىپ چوڭ قىلىپ بەرگەن رەھمەتلىك ئاپامنى بىراقلا ئۇنتۇيدىكەن ئەمەسمۇ؟! ھەي، ئەر خەق دېگەن بەكمۇ سىرلىق كېلىدىكەن! ئۇلارنى خوتۇنىغا مېھرىنى بېرىدۇ دەيدىكەنۇ، خوتۇنى ئۆلۈپ كەتسە خوتۇنىدىن يەنە بىرنى ئېلىپ ھېچنېمە بولمىغاندەك ئۆتۈۋېرىدىكەن. ئاتىلارنى باللىرىغا كۆيۈنىدۇ دېگىنى بىلەن، يېڭى خوتۇندىن بىرنى ئېلىپلا باللىرىنىمۇ ئۇنتۇيدىكەن!»

ئۆزىچە ھەممىنى چۈشەنگەن شەرىپە بۇ يەردە ئاتىسى بىلەن ئۆگەي ئاپىسىنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنۈپ ئولتۇرماي ئۆيىگە كېتىش نىيىتىگە كەلدى. دەل شۇ چاغدا سۇلايمان ئاسىيەنىڭ قۇلىقىغا بىرنېمە دەپ پىچىرلىدى. بۇنىڭ بىلەن ئاسىيە سۇلايماننىڭ بېشىنىڭ ئاستىدىكى ياستۇقتىن بىرنى ئېلىپ ئۇنى

ياندىكى بىكار كارىۋاتقا قويدى.

— شەرىپە، كارىۋاتقا چىقىپ پۇت-قولىڭىزنى سوزۇپ يېتىڭا! — دېدى ئاسىيە شەرىپەگە. لېكىن، شەرىپە «لىككىدە» ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىك تۈۋىگە باردى:

— مەن... مەن كېتىپ ئەتىگەنلىككە كېلەي! — دېدى ئۆزىنى گويا ھېچكىمنىڭ نەزىرى چۈشمەيدىغان قەدىرسىز ئادەملەردەك سەزگەن شەرىپە كۆڭلى يېرىم بولۇپ.

— ۋۇي، نېمىشقا تۇرۇپلا كېتىدىغان بولۇپ قالدىڭ؟ قىلىپ ماڭا قارىماقچى ئەمەسمىدىڭ؟

شەرىپە سۇلايمان بىلەن ئاسىيەگە قارىدى:

— ئاسىيە ئاچام يېتىشكۈدەك، مەن بۇ يەردە قاراپ ئولتۇرسامۇ باشقا ئىش بولمسا!

« «كېتىمەن» دېسەم ئاتام خۇش بولۇپ كېتىدۇ» دەپ ئويلىغان شەرىپە بولسا سۇلايماننىڭ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئاچچىقلايدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى:

— گېپىڭنىڭ ئوگى بىلەن تەتۈرىنى بىلگىلى بولمايدىغان بالا ئىكەنسەنغۇ-ھە! بايا «ئۆيگە كەتكىن» دېسەم ئۇنىمايسەن، مانا ئەمدى تەڭ كېچە بولغاندا «كېتىمەن» دەپ قوپتۇڭ، ھەي...! — سۇلايمان ئاچچىقىدا بېشىنى چايقىدى. ئاڭغىچە ئاسىيە يۈگۈرۈپ بېرىپ سۇلايماننىڭ بېشىنى تۇتتى:

— ئاتىسى، ئۇنداق قىلمىسىلا، باشلىرىنى چايقىمىسىلا!

شەرىپەنىڭ ئىشىكنى «غاچچىدە» ئېچىپلا چىقىپ كەتكۈسى بار ئىدى. لېكىن ئۇنداق قىلمىدى. چۈنكى ئۇ ھازىر ھە دېسىلا ئىگەر-توقۇمنى قارىنىغا ئالىدىغان بۇرۇنقى تەنتەك شەرىپە ئەمەس ئىدى. ئۇ ئاستا سۇلايماننىڭ يېنىغا باردى:

— قايتىپ بېرىپ يۈز يۆيىدىغان نەرسىلەرنى ئەكەلمىسەم بولماس دەيمەنا!

سۇلايمان شەرىپەنىڭ يېتىشتىن بۇرۇن يۇيۇنىدىغانلىقىنى

بىلەتتى. ئۇنىڭ شەرىپەگە: «كېسەلخانىنىڭ ھاجەتخانىسىغا كىرىپ يۇيۇنساڭ بولىدۇغۇ؟» دېگۈسى كەلدىيۇ، ئەمما ئائىلىۋى ئەدەپ-يوسۇن بويىچە بولغاندا ئاتا قىزىغا يۇيۇنۇش ھەققىدە گەپ قىلسا بولمايتتى. شۇڭا ئۇ:

— يۈزۈڭنى مۇشۇ يەردە يۇيۇپ تۇرساڭمۇ بولاتتىغۇ، — دېدى شەرىپەگە.

ئاڭغىچە ئاسىيەمۇ ھېلىقى بىكار كارىۋاتنى كۆرسەتتى:

— شۇنداق قىلىڭ، ئاتىڭىزمۇ سىزنىڭ ئىككى ياستۇق قويۇپ ياتىدىغانلىقىڭىزنى بىلىپ بېشىدىكى ياستۇقنى سىزگە ئېلىپ بەردى، مۇشۇ يەردە ئۇخلاپ قېلىڭ-ھە!

شەرىپە ئاتىسىنىڭ ھەتتا ئۆزىنىڭ ئۇخلاش ئادىتىنىمۇ ئەستىن چىقارمىغانلىقىنى ئاڭلاپ ۋۇجۇدىدا تۇيۇقسىز مەۋج ئۇرغان بىر خىل ئىللىق ئېقىمدىن دىماغلىرى ئېچىشقاندەك بولدى. ئۆزىنىڭ يەنىلا ئاتىسىنىڭ قەلبىدە بار ئىكەنلىكىنى سەزگەن شەرىپە تارتىنىپ ئولتۇرماي ئاستا ھېلىقى بىكار كارىۋاتنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە:

— مۇنداق قىلايلى، — دېدى ئاسىيەگە قاراپ، — مەن ئادەتتىمۇ بەك كەچ ئۇخلايمەن، شۇڭا سىز ئۇخلاۋېرىڭ، ئاتامغا مەن قاراپ تۇراي، مېنىڭ ئۇيقۇم كەلگەندە ئاندىن مەن ئۇخلاي، سىز قاراڭ!

ئاسىيە نېمىشقىدۇر شەرىپەنىڭ بۇ گېپىگە ئۇدۇل جاۋاب بەرمەي بۇرۇلۇپ سۇلايمانغا قارىدى، ئەمما ئاسىيەنىڭ بۇ قىلغىنى شەرىپەنىڭ يەنە زەردىسىنى ئۆرلەتتى.

— ۋۇي، ئاتامغا نېمىدەپ قارايسىز؟ بايىقى گېپىمگە ئاتامۇ ياق دېمەيدۇ!

ئەمما سۇلايماننىڭ گېپى ئۇنى ھەيران قالدۇردى:

— ئىككىڭلار يېتىپ ئۇخلاۋېرىڭلار، ھېچقايسىڭلار ماڭا قارايمەن دەپ ئولتۇرماڭلار!

— بۇ... بۇ... ئىككىلىمىز ئۇخلىساق سەن قانداق قىلىسەن؟ — دەپ سورىدى شەرىپە دەرھاللا.

— قانداق قىلاتتىم، ئۇيقۇمنى ئۇخلاۋېرىمەن! بىرەر ئىش بولسا چاقىرمامدىم، — سۇلايمان ئاسىيەگە قاراپ بۇيرۇق ئاھاڭىدا ئۈنلۈك قىلىپ دېدى، — قېنى، چىراغنى ئۆچۈرۈۋەت! كارىۋاتنىڭ بېشىدىكى چىراغ قالسىلا بولدى، سىلەرمۇ ئۇخلاڭلار!

ئاسىيە سۇلايماننىڭ تېرىكىپ قالغانلىقىنى بىلدى. ئۇ چىراغنى دەرھال ئۆچۈرۈۋېتىپ ھېلىقى بىكار كارىۋاتنىڭ يېنىغا كەلدى:

— ۋىيەي، شەرىپە، سىزنى قىستاپ قويىدىغان بولدۇم-دە!

بۇ گەپنى ئاڭلىغان شەرىپە ئاسىيەگە ئالىيىپ قويۇپ كۈلۈمسىرىدى:

— مەن شۇنچىۋالا سېمىزما؟ بۇ كارىۋاتمۇ ئانچە تار ئەمەسكەنغۇ!

بۇ گەپنى ئويلاشمايلا دەپ قويغانلىقىدىن تولىمۇ نومۇس قىلغان ئاسىيە شەرىپەگە چۈشەنچە بەرمەكچى بولۇپ ئۇنىڭغا قارىدى. لېكىن، ئۇ شەرىپەنىڭ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان كۆزلىرىدىن ئۇنىڭ ئانچە كۆڭلىگە ئېلىپ كەتمىگەنلىكىنى بايقاپ ئىچىدە «ئۇھ!» دېدى. ئاسىيە قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن ئېغىزىنى ئېتىپ تۇرۇپ پىخىلداپ كۈلۈپ كەتتى:

— باشقىچە ئويلاپ قالماڭ-ھە، شەرىپە، مەن مۇنداقلا دەپ قويغان.

شەرىپە بۇ ناتونۇش خوتۇن بىلەن، گەپنىڭ راستىنى ئېيتقاندا، بىر ئۆيدە بىر-بىرىگە يالغاندىن ھېجىيىپ يۈرىدىغان بۇ دۈشمىنى بىلەن بىر كارىۋاتتا ياتىدىغانلىقىنى ئويلىسىلا كۆڭلى غەش بولاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شەرىپە ئاسىيە بىلەن نۇرغۇن قېتىم قىزىرىشىپ قالغان تۇرسا ئۇنىڭمۇ ئەلۋەتتە شەرىپە بىلەن بىر كارىۋاتتا ياتقۇسى كەلمەيدۇ-دە! مۇشۇ خىياللارنى بىر

قۇر كاللىسىدىن ئۆتكۈزگەن شەرىپە ئاسىيەنىڭ گەپلىرىگە ئانچە ئېرەنشىپ كەتمەيلا كارىۋاتنىڭ لېۋىگە كېلىپ ئولتۇردى. ئەمما، ئاسىيەگە بولسا شەرىپە بىلەن بىر كارىۋاتتا يېتىش ھېچقانداق غەلىتە تۇيۇلمىدى. ئۇ كېسەلخانىنىڭ كىيىم ئىشكاپىدىن كىملەردۇر ئۇنتۇلۇپ قالغان بىر پارچە يىپ رەختنى ئېلىپ ئۇنى شەرىپەنىڭ ياستۇقىنىڭ ئۈستىگە ياپتى ۋە:

— سىز ئىچىدە يېتىڭ، مەن تېشىدا ياتاي، كېچىدە ئاتىڭىز چاقىرىپ قالسىمۇ يۈگۈرۈپ چۈشۈشكە قولايلىق، — دېدى شەرىپەگە قاراپ.

شەرىپە بەك چېچەن ئاياللاردىن بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ھەرقانداق نەرسىدىن قۇسۇر-ئېيۋەن ئىزدەيدىغانلىقى ھەممىگە ئايان ئىدى. شۇڭا ئۇ ئاسىيەنىڭ ياستۇققا رەخت يېپىپ بېرىشلىرىدىن تەسىرلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ «مەن تېشىدا ياتاي» دېگىنىنى «مېنى ئاتامغا يېقىن كەلتۈرمەسلىك ئۈچۈن ئاشۇنداق قىلىۋاتىدۇ» دەپ ئويلاپ يەنە ئۆزىچىلا تۈرۈلۈپ قالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ شۇ تاپتىكى ئاچچىقىنى يوشۇرۇشقا خېلى تىرىشىپ باقتىيۇ، لېكىن يەنە چاندۇرۇپ قويدى. ھەرقانچە قىلسىمۇ چىرايىدىكى تۈرۈلۈپ كېلىۋاتقان قارا بۇلۇتلارنى توسۇيالمايۋاتاتتى. شەرىپەنىڭ تۇيۇقسىزلا يەنە تۈرۈلۈپ ئولتۇرۇپ قالغانلىقىنى كۆرگەن ئاسىيە ئۇدۇللا سورىدى:

— سىز... ياتقۇڭىز يوقمۇ؟

— ياتقۇم يوق دېمىدىم، مەن تېشىدا ياتاي، كېچىدە ئاتام ئىڭراپ قالسا يۈگۈرۈپ قوپۇشۇمغىمۇ ئاسان بولىدۇ.

شەرىپەنىڭ بايا نېمىگە تۈتۈلۈپ قالغانلىقىنى دەرھال سەزگەن ئاسىيە ئۇنىڭغا قاراپ ئىللىق كۈلۈمسىرىدى:

— مەيلى، ئۇنداق بولسا مەن ئىچىدە ياتاي!

شەرىپە ئاسىيەنى بۇنىڭغا بۇنچىۋالا رايىشلىق بىلەن ماقۇل

دەيدۇ، دەپ ئويلىمىغانىدى. شۇڭلاشقىمۇ سەل-پەل ئوڭايسىزلىنىپ قالغان شەرىپە بۇلاقتەك بىر جۈپ كۆزىنى ئاسىيەگە تىكتى، ئۇنىڭ لەۋلىرى توختاۋسىز تىترەيتتى، چىھرىدە بولسا ئاسىيە ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان ئىللىق تەبەسسۇم جىلۋە قىلاتتى. شەرىپەنىڭ بۇ چىرايىنى كۆرگەن ئاسىيەمۇ يۈرىكىنىڭ ئاجايىپ ئىللىق بىر ھارارەتتىن تېپىچەكلەۋاتقانلىقىنى سەزدى، چۈنكى بۇ ئاسىيەنىڭ سۇلايمانغا ياتلىق بولۇپ كىرگەندىن بۇيان شەرىپەنىڭ ئۆزىگە تاتلىق كۈلۈمسىرىگىنىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈشى ئىدى. ئۇ شەرىپەگە قاراپ باشقا گەپ قىلماي بېشىنى لىڭشىتتى ۋە كارىۋاتقا چىقىپ ئىچى تەرەپتە تامغا قاراپ ياتتى. بۇمۇ ئۇنىڭ «شەرىپە ئازادىرەك ياتسۇن» دېگىنى ئىدى. لېكىن، شەرىپە ئۇنداق چۈشەنمىدى. ئاڭغىچە شەرىپەمۇ كارىۋاتقا ئاستا چىقىپ ئاسىيەگە دۈمبىسىنى قىلىپ يېنىچە ياتتى. ھەر كۈنى يېتىشتىن بۇرۇن يۇيۇنۇپ كۆنۈپ قالغان شەرىپە دەماللىققا ئۇخلىيالمىدى. ئەمما ئۇ ئىچىدە ساناق ساناپ يۈرۈپ بىر چاغلاردا تەستە ئۇخلاپ قالدى.

تۈن نىسپى بولغان چاغ ئىدى. شەرىپەنىڭ قۇلىقىغا سۇلايماننىڭ ئاۋازى ئاڭلىغاندەك بولدى:

— شەرىپە، ھەي شەرىپە!

شەرىپە كۆزىنى تەستە ئېچىپ باقتى، ئەمما ئۇيقۇلۇقتا ئېغىرلىشىپ كەتكەن بېشىنى كۆتۈرەلمەي يەنە ئۇخلاپ قالدى. بىر چاغلاردا ئۇنى قارا باسقىلى تۇردى: «سۇلايمان چوڭقۇر بىر قىيانىڭ لېۋىگە ئېسىلىپ قاپتۇدەك، ئۇ ھەدەپ: ‹ئادەم بارمۇ؟› دەپ ۋارقىراۋاتامىش... قىيانىڭ لېۋىدە قاراپ تۇرغان كىشىلەردىن بىرەرىمۇ ئۇنىڭغا قولىنى ئۇزاتمىغۇدەك. ئۇلارنىڭ ئىچىدە تۇرغان ئاسىيە ئىككى قولىنى بېلىگە تىرىگىنىچە قاقاقلاپ كۈلۈۋاتقۇدەكمىش. ئاڭغىچە شەرىپە ئاتىسىنى

قۇتقۇزماقچى بولۇپ قىيانىڭ لېۋىگە قاراپ يۈگۈرۈپتىمىش، ئەمما پۇتلىرى يەردىكى يۇمشاق قۇمغا پېتىپ كېتىپ بىر قەدەممۇ ماڭالمىغۇدەك... شۇنداق قىلىپ ئۇ جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىراپ يىغلاپ كېتىپتۇمىش... ئاڭغىچە ئۆزىمۇ چوڭقۇر بىر يەرگە گۈپپىدە چۈشۈپ كېتىپتۇدەك...»

شەرىپە تۇيۇقسىزلا چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. قارىسا كارىۋاتتا ئەمەس يەردە ياتاتتى. دېمەك، ئۇ كارىۋاتنىڭ تېشىدا ياتقان بولغاچقا ئۇيقۇلۇقتا كارىۋاتتىن چۈشۈپ كەتكەنىدى. كېسەلخانىنىڭ چىراغلىرى يېنىق تۇراتتى. ئاسىيە سۇلايماننىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ بىرنېمىلەرنى دەۋاتاتتى. بىر سېستىرا سۇلايماننىڭ ئايىغى تەرىپىدە بىرنېمىلەرنى قىلىۋاتاتتى. ئۇ دەس ئورنىدىن تۇرۇپ ئاتىسىنىڭ كارىۋىتى تەرەپكە قاراپ ماڭدى، لېكىن ھېلىقى سېستىرا ئۇنى «يېقىن كەلمەڭ» دېگەننى قىلىپ مەيدىسىدىن ئىتتەردى. چۈنكى، سۇلايماننىڭ ئۈستىدىكى يوتقاننىڭ يېرىمى ئوچۇق بولۇپ، ئۇنىڭ بەدىنىنىڭ تۆۋىنى يالىڭاچ ئىدى. ئاسىيە شەرىپەگە قاراپ كۈلۈمسىرىگىنىچە قاپاقلىرىنى تۈرۈپ قويدى. سەل-پەل دېلىغۇل بولۇپ قالغان شەرىپە ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ئاستا كارىدورغا چىقتى. ئۇ كارىدوردا ئۇياقتىن-بۇياققا ماڭغاچ نۇرغۇن ئىشلارنى كاللىسىدىن ئۆتكۈزدى: «ھەي، مەن گەرچە ئاتامنىڭ ئۆز قىزى بولساممۇ، لېكىن بۇنداق چاغدا ئۇنىڭ ھالىغا يېتەلىشىم مۇمكىن ئەمەسكەن-دە! ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاتام بەكمۇ نومۇسچان ئادەم، شۇڭا مەن تۈگۈل ھەتتا ئاكامنىمۇ قورۇنۇپ يېنىغا كەلتۈرمەيدۇ، قارىغاندا، پەقەت ئاسىيەلا ھەرقانداق ۋاقىتتا ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا لايىق ئىكەن...!»

شەرىپە كارىدوردا ئالاھازەل ئون قېتىمدەك ئۇياقتىن-بۇياققا ماڭدى، بىر چاغلاردا ھېلىقى سېستىرا ئەسۋاب سېلىنغان ئاق

پەتنۇسىنى كۆتۈرۈپ سۇلايماننىڭ ياتىقىدىن چىقىپ كەلدى. شەرىپە ئۇنىڭدىن ئەندىكىپ تۇرۇپ سورىدى:

— تۈگىدىمۇ؟

سىستىرا ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويۇپ بېشىنى لىڭشىتتى ۋە ئىشخانىسىغا كىرىپ كەتمەكچى بولۇپ ماڭدى. شەرىپە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بېرىپ سورىدى:

— ئاتامغا نېمە بولغاندۇ؟

سىستىرا تاقەتسىزلىك بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلدى، ئەمما شەرىپەنىڭ جىددىيلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ سوئالىغا تەبەسسۇم بىلەن جاۋاب بەردى:

— بايا سۈيدۈك نەيچىسى ئوبدان سېلىنمىغاچقا ئالدى پېشاب چىقىپ كېتەلمەي دوۋسۇننى چىڭقىلىۋېتىپتىكەن، ئوڭشاپ سېلىپ قويدۇم! — سىستىرا ئالدىراپ ماڭماقچى بولۇۋىدى، شەرىپە ئۇنىڭ بىلىكىگە ئېسىلدى:

— ئۇنداق بولسا، ئاتام نېمىشقا قىينىلىپ ئىڭراپ كېتىدۇ؟

شەرىپەنىڭ بۇ گەپلىرىگە سەۋر قىلغۇسى كەلمىگەن سىستىرا شەرىپەگە بېلىكىدىكى سائەتنى ئىشارەت قىلدى:

— بۇنى ئەتە دەپ بېرەي-ھە!

شەرىپەنىڭ سىستىرادىن يەنە بىرنېمىلەرنى سورىغۇسى بار ئىدى، ئەمما سىستىرانىڭ نارازىلىق چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپ تىلىنى چىقىرىپ قويدى. ئۇ كېسەلخانىغا قايتىپ كىرگەندە سۇلايمان ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. ئاسىيە ھاجەتخانىدىن چىقىپ كەلدى. ئۇ يۈز-كۆزىنى يۇيۇپ چىققاچقىمۇ يۈزلىرىدىن سۇ تامچىپ تۇراتتى.

— ۋىيەي، ئۇيقۇ يېرىم ئۆلۈم دەپ، ئەجەبمۇ قاتتىق ئۇخلاپ كېتىپتىمەن، — دېدى ئاسىيەنىڭ ئالدىدا ئوڭايسىزلىنىپ قالغان شەرىپە، — سىز قاچانلاردىن تۇرۇپ كەتتىڭىز؟ مەن پەقەتلا سەزمەپتىمەن!

— ئاتىڭىز ئەمدىلەتىن ئارامىغا چۈشۈپ ئۇخلىدى، — دېدى ئاسىيە پەس ئاۋازدا، — سىزمۇ ئۇخلاڭ!

شەرىپە ئاستا كارىۋاتقا چىقىپ ياتتى، لېكىن ئايىغى چىقماس چىگىش خىياللار ئۇنىڭغا ئۇيقۇ بېرىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئەتىسى سائەت يەتتىلەر بىلەن مۇنەۋۋەر بىر كورا ئەتكەنچايىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى. زۆھرەمۇ سائەت ئونلار بىلەن يېتىپ كەلدى. ئەسلىدە زۆھرە قاتنىشىۋاتقان ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى تېخى تۈگىمىگەنىدى. ئەمما، زۆھرە تۇيۇقسىز ماغدۇرسىزلىنىپ مىدىرلىغۇدەك ماجالى قالمىغاچقا، بالدۇر قايتىپ كەلگەنىدى. ئۇ ئايروپىلاندىن ئەمدى چۈشۈپ تۇرۇشىغا شەرىپە ئۇنىڭغا: «ئاتام بالنىستتا يېتىپ قالدى» دەپ تېلېفون قىلدى. شۇڭا ئۇ ئايرودرومدىن ئۇدۇللا دوختۇرخانىغا كەلگەنىدى. چىرايى تامدەك تاتىرىپ، پۇت-قولى ماغدۇرسىزلىنىپ كەتكەن سۇلايمان ئۆز ھالى بىلەن قالماي زۆھرەدىن يېنىش-يېنىشلاپ ئەھۋال سوراپ كەتتى.

چاشگاھ ۋاقتى بىلەن مۇنەۋۋەر ئاسىيەگە: «ئۆيگە مېھمان كېلىپ قالدى، بىر كېلىپ كەتمىسەڭ بولمايدىغاندەك قىلىدۇ» دەپ تېلېفون قىلدى.

— ئاسىيە ئاچا، سىز دەرھال قايتىڭ، — دېدى زۆھرە دەرھال، — سىزمۇ بىرئاز ئارام ئېلىۋېلىڭ، بۇ يەردە شەرىپە ئىككىمىز بار!

ئاسىيە سۇلايمانغا قارىدى، ئەمما شۇ ھامان سۇلايماننىڭ قاپاقلىرى چۈشۈپ كەتتى:

— بىمەھەل ۋاقىتتا كەلگەن قانداق مېھماندۇ ئۇ؟ مۇنەۋۋەرگە دەپ قويۇڭلا، ئاسىيە بۇ يەردە بىر قولىنى ئىككى قىلالمايۋاتىدۇ.

بۇ گەپتىن زۆھرە ئاتىسىغا سوئاللىق قارىدى. ئاڭغىچە شەرىپە ئېغىز ئاچتى:

— ئاسىيە ئاچامۇ كىچىدىن بىرى كۆزىنى يۇماي بەك ھېرىپ كەتتى، قايتىپ بېرىپ بىردەم ئارام ئېلىۋالسۇن، بۇ يەردە زۆھرە ئىككىمىز بارغۇ، سەل تۇرۇپ يەڭگەممۇ كېلىدىغان تۇرسا...

سۇلايمان شەرىپەگە قاراپ قويۇپ باشقا گەپ قىلمىدى. ئاسىيە تەڭقىسلىقتا قالغانىدى. شەرىپە ئاسىيەنى قولىدىن تارتتى:

— سىز ئۆيگە بارمىسىڭىز بولمىغۇدەك. كەلگەن مېھماننىڭ بىرەر مۇھىم ئىشى بولمىسا مۇنەۋۋەرمۇ ئالدىراپ تېلېفون قىلمايتتى.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان سۇلايمان يەنە سورىدى:

— كەلگەن كىمكەن ئۇ؟ مۇنەۋۋەر دېمىدىمۇ؟

— ئۇنى سىلى كۆرۈپ باقمىغان، — دېدى ئاسىيە سۇلايمانغا قاراپ، — ئەمما بىلىدىلا، مېنىڭ ھېلىقى سائادەت دېگەن نەۋرە سىڭلىم.

سۇلايمان دەماللىققا ئېسىگە ئالالمىغاچقا ئاسىيە چۈشەندۈردى:

— مۇنەۋۋەرگە ھەمراھ بولۇپ تۇرغان ھېلىقى نەۋرە سىڭلىمچۇ!

— ھە، مۇنداق دېگىن، ئۇ كەپتۇ-دە! ئۇدۇللا مۇشۇ يەرگە كەلسە بولماسمىدى؟!

— بىئەپ كۆرگەن ئوخشايدۇ.

سۇلايمان ئاسىيەگە نارازى بولغاندەك تىكىلدى:

— ئىشقىلىپ، سېنىڭمۇ كەتكۈڭ كېلىپ قالغان ئوخشايدۇ-ھە؟

سۇلايماننىڭ ئىككى قىزى سەدپارە بولۇپ تۇرسىمۇ، ئاسىيەدىن بىردەم بولسىمۇ ئايرىلىشقا كۆزى قىيمايۋاتقانلىقىنى كۆرگەن شەرىپەنىڭ قۇيقا چاچلىرى تىك تۇرۇپ كەتتى. ئۇ

دەس ئورنىدىن تۇرۇپ سومكىسىنى ئالدى-دە، زۆھرەنى تارتقىنىچە تالاغا قاراپ ماڭدى. سۇلايمانمۇ ئۆزىنىڭ بايىقى گەپنى خاتا قىلىپ قويغانلىقىنى سەزدى. ئەمما بۇنى قىزلىرىغا نېمە دەپ چۈشەندۈرۈشنى ئۇقالماي تەڭقىسلىقتا قالغان سۇلايمان كېسەلخانىدىن چىقىپ كېتىۋاتقان قىزلىرىنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ ئولتۇرۇپ كەتتى. ئاسىيە سۇلايماننىڭ كۆزلىرىگە مەنىلىك تىكىلىپ قويۇپ كارىدورغا يۈگۈرۈپ چىقتى-دە، پەلەمپەينىڭ ئاغزىغا بېرىپ بولغان شەرىپەنىڭ قولىغا ئېسىلدى. غەزەپتىن تىترەت كېتىۋاتقان شەرىپە ئاسىيەنىڭ قولىنى بوشقىنا سىلكىدى، ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئاسىيەگە قارىۋىدى، ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرىدىن ئېتىلىپ چىققان ئىككى تامچە ياش قاڭشىرىنى بويلاپ تۆۋەنگە سىرغىدى. شەرىپەنىڭ يۈرىكى ئېزىلىپ كەتكەندەك بولدى. راست گەپنى قىلغاندا، ئۇ تا ھازىرغىچە ئاتىسىدىن بەكرەك ئاسىيەدىن ئاغرىنىپ يۈرەتتى. چۈنكى، ئۇ: «مۇشۇ خوتۇن ئاتامنى ئۆزىگە رام قىلىۋالمىغان بولسا ئاتام بىزنى مەيدىمىزدىن بۇنچىۋالا ئىتتەرمىگەن بولاتتى» دەپ ئويلايتتى. شۇڭلاشقىمۇ ئاسىيەنى كۆرسىلا بىر خىل ئۆچمەنلىك ئوتلىرى ئۇنىڭ يۈرەك-باغرىنى ئۆرتەيتتى. ئەمما بايىقى ئىككى تامچە ياش ئۇنىڭ يۈرىكىدىكى ئاشۇ تۇمانلارنى بىراقلا يۇيۇۋەتتى. ئۇ ئاسىيەنىڭ يېنىدا بېشىنى يەردىن ئالماي جىم تۇراتتى.

— شەرىپە، بىز ئۇنداق قىلمايلى، — دېدى زۆھرە شۇ ھامان، — بۇنداق قىلساق ئاتامنىڭ كۆڭلى بۇزۇلىدۇ!

شەرىپە زۆھرەگە مۇنداقلا قاراپ قويدى، ئەمما گەپ قىلمىدى. ئاسىيە ئۇنىڭ قوللىرىنى سىلىدى:

— ئاتىڭىزنىڭ مىجەزىنى بىلىسىز، شەرىپە! شۇڭا ئۇنداق قىلماڭ، ئاتىڭىز «ئاھ» تارتىپ قالىدۇ! شەرىپە بىلەن زۆھرە باشقا گەپ قىلمىدى.

ئاسىيە كەتكەندىن كېيىن ئاچا ـ سىڭىل ئىككىسى سۇلايماننىڭ يېنىغا كىردى، ئەمما بايىقى كۆڭۈلسىزلىك سەۋەبىدىن بولسا كېرەك، ھەممەيلەن جىمجىت ئولتۇرۇپ كەتتى. بىردەمدىن كېيىن ئادەتتە ئۇن ئېغىز گەپ قىلسا بىر ئېغىز جاۋاب چىقمايدىغان زۆھرە ئارىدىكى تىمتاسلىقنى بۇزدى:

ــ ئاتا، ئۇسسىدىڭمۇ؟ چاي دەملەپ بېرەي!

خۇددى چىۋىن يۇتۇۋالغاندەك كۆڭلى غەش بولۇپ قالغان سۇلايمان بېشىنى لىڭشىتتى. سۇلايمان تۇيۇقسىزلا تولغىنىپ تۇرۇپ ئىڭراپ كەتتى.

ــ نېمە بولدۇڭ، ئاتا؟ بىر يېرىڭ ئاغرىۋاتامدۇ؟ ــ دەپ سورىدى شەرىپە. يوتقاننىڭ ئېچىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەن سۇلايمان قولى بىلەن يوتقاننىڭ ئىككى تەرىپىنى باستۇرۇپ تۇرۇپ دېدى:

ــ چىقىپ دوختۇرنى چاقىرىپ كىرگىنە؟

دوختۇرمۇ ھەش ـ پەش دېگۈچە كىرىپ قاراپ باقتى. ئەسلىدە سۈيدۈك نەيچىسى بوشاپ كەتكەچكە كىچىك تەرەت سىرتقا چىقىپ كېتىپ كۆرپىنى ھۆل قىلىۋەتكەنىدى. ئاڭغىچە سېستىرا كىرىپ سۇلايماننىڭ ئاستىنى قۇرۇقداپ كۆرپە، كىرلىكلەرنى ئالماشتۇردى.

ــ ئالدى پېشاب ئەمدى راۋان ماڭىۋېرىدۇ، ــ دېدى دوختۇر شەرىپەگە، ــ شۇڭا قاچا تۇتساڭلار بولىدۇ.

بايا كىرلىك ئالماشتۇرىدىغان چاغدا سۇلايماننى ئۆرۈشكە توغرا كەلگەنىدى، ئەمما كېسەلخانىدا پەقەت ھېلىقى سېستىرا بىلەن زۆھرە ۋە شەرىپەلا بار ئىدى. دېمەك، سېستىرا يېڭى كىرلىكنى سېلىۋالغۇچە سۇلايماننى زۆھرە بىلەن شەرىپەنىڭ ئۆرۈشىگە توغرا كېلەتتى. ئەمما، شەرىپە كارىۋاتنىڭ يېنىغا كېلىپ بولغۇچە يالىڭاچ بەدىنىنىڭ ئېچىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەن سۇلايمان ئۇنى ئىتتەردى:

— ماڭ! نېرى تۇر، ئۆزۈم ئۆرۈلمەن!

بىراق، سېسترانىڭ نېرى-بېرىسىنى ئويلاپ يۈرۈشكە نەدە ۋاقتى. شۇڭا ئۇ سۇلايماننىڭ گېپىنى بۆلدى:

— بولمايدۇ، ئوپېراتسىيىدىن ئەمدىلا چىقتىڭىز، سىز مىدىرلىسىڭىز بولمايدۇ!

بۇ گەپنى ئاڭلىغان زۆھرە بىلەن شەرىپە يەنە كارىۋاتقا يېقىنلاپ كەلدى. ئەمما، ئۇزى مىدىرلىمىسا زادى بولمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن سۇلايمان بېلىنى رۇسلاپ قوپۇپلا ئولتۇردى. لېكىن، كەسكەن يەر چىمىلداپ ئاغرىپ كەتكەچكە سۇلايمان بۇنىڭغا چىدىيالماي «ۋايجان!» دەپ ۋارقىرىۋەتتى. ئاڭغىچە سېستىرادىن بىرنەچچىسى يۈگۈرۈشۈپ كەلدى. شۇنداق قىلىپ سۇلايماننىڭ كىرلىكىنى تەستە ئالماشتۇرۇپ قويدى. كېسەلخانا يەنە تىمتاسلىققا چۆمدى. سائەت ئون بىردىن ئاشقاندا گۈليار كەلدى. ئۇ شەرىپە ئامراق كاۋا مانتىسى ئېتىپ ئەكەلگەنىدى. گۈليار زۆھرەنىڭمۇ قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ بىلەن يۈز يېقىپ كۆرۈشتى.

— دىلشاتنىڭ ئاتىسى ئۆزلىرىنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ بالدۇر يېنىپ كەلمەكچى بوپتۇ، — دېدى گۈليار سۇلايمانغا، — خۇدا بۇيرۇسا، مۇشۇ ئىككى كۈن ئىچىدە كېلىپ قالىدۇ.

— بۇدا كەلگەندە دىلشاتنى باشلىغاچ كېلىڭ، — دېدى سۇلايمان دىلشاتنىڭ ئېتىنى ئاڭلاپلا، — ئۇ قۇلاق كەستىنى بەكمۇ كۆرگۈم كەلدى.

گۈليار كەلگەندىن كېيىن كېسەلخانىنىڭ كەيپىياتى بۆلەكچىلا كۆتۈرۈلۈپ قالدى، سۇلايمان زۆھرە بىلەن شەرىپەدىنمۇ ئانچە-مۇنچە گەپ سوراپ قويياتتى. ئارىدىن يېرىم سائەتچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن سۇلايمان تۇيۇقسىزلا: «سېسترانى چاقىرىڭلار!» دەپ قالدى. ئاڭغىچە سېسترا

كىرىۋىدى، سۇلايمان ئۇنىڭغا: «كىچىك تەرەت قىستاپ كېتىۋاتاتتىدۇ!» دېدى. سېسترا ئالدى-ئارقىسىغا قارىماي چىقىپ كېتىپ سۈيدۈك قاچىسىدىن بىرنى ئەكىرىپ شەرىپەگە تەڭلىدى ۋە:

— هازىر كارىۋاتتىن چۈشسە بولمايدۇ، شۇڭا تەرىتىگە قاچا تۇتۇڭلار، — دەپ قويۇپلا چىقىپ كەتتى.

— هوي، سېسترا، توختاڭ! — دەپ ۋارقىرىدى سۇلايمان.

سۇلايماننىڭ قىزلىرى ۋە كېلىنىدىن نومۇس قىلىۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى. ئوڭايسىزلىق ئىچىدە نېمە قىلارىنى بىلمەي قېلىۋاتقان شەرىپە سۈيدۈك قاچىسىنى تۇتقىنىچە كارىۋاتنىڭ يېنىدا ئۆرە تۇراتتى، ئۇنىڭ قاچا تۇتقان قولى توختاۋسىز تىترەيتتى. «شۇنداق، مەن دېگەن ئاتامنىڭ قىزى تۇرسام قانداقمۇ يېنىغا بارالايمەن؟» شەرىپەنى تۇيۇقسىزلا يىغا تۇتتى.

ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن، شەرىپەگە سۈيدۈك قاچىسىنى تۇتۇپ كارىۋاتنىڭ ئالدىدا ئوڭايسىزلىنىپ تۇرغان بۇ بىرنەچچە مىنۇت گويا بىر ئەسىردەك ئۇزۇن بىلىنىپ كەتتى. ئاڭغىچە شەرىپەنىڭ ئارقىسىدا تۇرغان گۈليار كېلىپ ئۇنىڭ قولىدىكى سۈيدۈك قاچىسىنى ئېلىپ يەرگە قويدى-دە، چىقىپ سېسترانى چاقىرىپ كىردى.

سېسترا يوتقاننى قايرىپ بېقىپلا سۆزلەپ كەتتى:

— ۋييەي، سۈيدۈك يەنە كۆرپىگە يالاپ كېتىپتۇ، يا باياتىن كىرلىكنىڭ ئاستىغا يالتىراق سېلىپ قويماپتىكەنمىز، كۆرپە بىلەن كىرلىكنى يەنە ئالماشتۇرىدىغان بولدۇق-دە! — دېدى ۋە سېسترادىن يەنە ئىككىنى چاقىرىپ كىرىپ سۇلايماننىڭ ئاستىدىكى كۆرپە ۋە كىرلىكنى ئالماشتۇردى. بۇ چاغدا سۇلايماننىڭ ئىككىسى قىزى بىلەن گۈليار كارىدورغا چىقىپ كەتتى. ئۇلار كارىدوردىكى ئورۇندۇقتا بىرهازا گەپ قىلىشماي ئولتۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن ئارىدىكى جىمجىتلىقنى گۈليار

بۇزدى:
— كۆرگەنسىلەر، ئەھۋال ئەنە شۇ ئەمدى... چوڭلارنىڭ يېنىدا ھەمراھىنىڭ ئۆزى تۇرمىسا، بىز قىزلار ھېچنېمە قىلىپ بېرەلمەيدىكەنمىز... باللار ئاتىسىغا ھەرقانچە كۆيۈمچان بولسىمۇ، بۇنداق چاغدا ياندا قاراپ تۇرماقتىن باشقىسى قولىدىن كەلمەيدۇ، — گۈليار شەرىپەنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويدى، — ئاسىيە ئاچامغا رەھمەت دېسەك بولىدۇ، ھېلىمۇ شۇنىڭ بارى، نۇرغۇن ئىشلاردا ئاتامغا پۇتىغا پۇت، قولىغا قول بولۇۋاتىدۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان شەرىپە گۈليارغا چەكچىيىپ قارىدى.

— بولدى، ماڭا تولا چەكچەيمەڭە، — دېدى گۈليار كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئۇنىڭسىزمۇ پىيالىدەك كۆزلىرىڭىز چانىقىدىن چىقىپ كېتەيلا دەپ قېلىۋاتىدۇ، — ئۇ تۇيۇقسىزلا شەرىپەنىڭ قورسىقىنى سىلىدى، — ۋۇي، ئالدىنقى ئايدىلا ماڭا: «بىر ئايغا قالماي بەش كىلو ئورۇقلىمىسام» دەپ ۋەدە بېرىۋاتاتتىڭىز، قارىغاندا ئورۇقلىماقتا يوق يەنە بەش كىلو سەمرىپ قالغان ئوخشىمامسىز، قاراڭە، بەللىرىڭىزگە يەنە گۆش قونۇپ كېتىپتۇ.

— ئوھۇش، مەيلىلا، — دېدى شەرىپە گۈليارنىڭ قولىنى ئاستا چۆشۈرۈۋېتىپ تۇرۇپ، — زورىغا ئورۇقلىغىلى يا مەن توي قىلمىغان قىز بالا بولمىسام، خەق سېمىز دەپ ياراتماي قالامدىكىن دەيدىغانغا...

— ئۇنداق دېگىنىڭىز بىلەن مەردانىنىڭ ئاتىسىنىڭ كۆڭلى سوۋۇپ «قويۇۋېتىمەن» دەپ قالسىچۇ، — دېدى گۈليار شەرىپەنىڭ چىشىغا تېگىپ.

شەرىپە يانچۇقىدىن بىر تال شاكىلاتنى ئېلىپ ئاقلىغاچ:

— ھىم، مېنىڭ ئۆيۈمدە كىمنى كىم قويۇۋېتىمەن، دەركىن قېنى، — دېدى ۋە شاكىلاتنى ئاغزىغا سالدى.

گۈليار بىلەن زۆھرە بىر-بىرگە قاراپ ئىختىيارسىز كۈلۈپ

كەتتى.

— دېمىسىڭىزمۇ يەنە سەمرىپ كېتىپتىمەن، — دېدى شەرىپە قورسىقىنى سىلاپ تۇرۇپ، — يوپكىلىرىمنىڭ بېلى كەلمىگىلى تۇردى...

## 54

ئاسىيە ئۆيگە كىرگەندە مۇنەۋۋەر داستىخاندا سائادەت بىلەن مۇڭدىشىپ ئولتۇراتتى. ئاسىيەنىڭ كىرىپ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن سائادەت گويا كۆڭلى يېرىم بولغان بالا ئاپىسىنى كۆرگەندەك يۈگۈرۈپ كېلىپ ئاسىيەنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ يىغلاپ كەتتى. ئاسىيە شۇنچە گەپ قىلسىمۇ يىغىسىنى پەقەتلا توختىتالمىدى. ئاخىرچە تاماققا تۇتۇش قىلاي، دەپ قوپقان مۇنەۋۋەر كېلىپ سائادەتنىڭ قوللىرىنى تۇتتى:

— بولدى قىلە، سائادەت ئاچا بۇنداق يىغلاۋەرسەڭ قوشنىلار ئاپامنى يىغلاۋاتىدۇ، دەپ قالىدۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان سائادەت يىغىدىن تەستە ئۆزىنى توختىتىپ ساپادا گەپ قىلماي ئولتۇرۇپ كەتتى. ئاسىيە سائادەتنىڭ ئەپتىگە سەپسېلىپ قاراپ ھەيران قالدى. سائادەت ناھايىتى جۇدەپ كەتكەچكە ياڭاق سۆڭەكلىرى پۇلتىيىپ چىقىپ كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەنىدى. قىسقىسى، ئەمدىلا ئوتتۇز ياشقا كىرگەن بۇ مەزلۇم ئون ياش قېرىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. ئاسىيە تۇيۇقسىزلا سائادەتنىڭ سول قاپىقىنىڭ كۆكىرىپ ئىششىپ كەتكەنلىكىنى بايقىدى، قارىغاندا تاياق تەگكەندەك قىلاتتى. بايا سائادەت ئىچ-ئىچىدىن «ھۆ» تارتىپ كەتكەندە مىت قىلىپ قويمىغان ئاسىيە مانا ئەمدى ئۆزىنى تۇتالمايلا قالدى. ئۇ ئىتتىك كېلىپ سائادەتنىڭ يۈزىنى سىلىدى:

— بۇ يېرىڭگە نېمە بولدى؟

ئەسلىدە سائادەت ھېلىقى بوۋايغا تەگكەندىن كېيىن ھەر ھالدا بىر مەزگىلگىچە ئۇنىڭ بىلەن ئارامخۇدا ياشىغانمۇ بولدى. لېكىن، بوۋاينىڭ باللىرى ئاتىسىنىڭ ئۆزىدىن كىچىك خوتۇن ئېلىۋالغىنىغا ئاچچىقلاپ، ئۇنىڭ ئۆيىگە ئۇزۇن زامانلارغىچە ئاياغ باسمىدى. بوۋاي سائادەت بىلەن بىرنەچچە ئاي ئوبدان ئۆتتى. كېيىن تۇيۇقسىزلا ساقسىز بولۇپ دوختۇرخانىدا يېتىپ قالدى. سائادەت كېچە-كۈندۈز ئۇنىڭ يېنىدىن ئايرىلماي بوۋاينىڭ تەرىتىنى تۆكۈپ، ئىگرىسا ئۇچىسىنى تۇتۇپ... دېگەندەك ئۇنىڭغا بەكمۇ ئوبدان قارىدى. ئەمما، بوۋاينىڭ بەش بالىسى بىلەن نەۋرىلىرى پەقەت دوختۇرخانىغا ئىككى قېتىم كېلىپ يوقلىغان بولدى. بوۋاي توپتوغرا بىر ئاي ياتقاندىن كېيىن ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى. شۇ كۈنى بوۋاي سائادەت ئەتكەن ئىسسىق ئۆگرىنى ئىچكەچ ئولتۇرۇپ:

— ھەي، ھېلىمۇ يېنىمدا سەن باركەنسەن، بولمىغان بولسا بۇ بىر ئاينى قانداق ئۆتكۈزەر بولغىيتتىم، — دېدى سائادەتكە تاغدەك مىننەتدارلىق بىلەن، — خۇدا ئاسان ئۆلۈم بەرسە سېنىڭ ئالدىڭدا كېتىدىغىنىم ئېنىق، بىراق سەن قورقما، مانا مۇشۇ ئۆينى ساڭا قالدۇرىمەن، ئۇنىڭدىن باشقا بانكىدىمۇ ئازراق پۇل بار ئىدى، ئۇمۇ سېنىڭ بولىدۇ.

بوۋاي كىتاب ئىشكاپىدىكى قېلىن بىر كىتابنىڭ ئىچىگە قىستۇرۇپ قويۇلغان پۇل چېكىنى ئېلىپ سائادەتنىڭ قولىغا ئۇنىمىسا ئۇنىماي تۇتقۇزۇپ قويدى.

— بىراق، بۇ ئىشنى ئۆزۈڭلا بىل جۇمۇ! — دېدى ئۇ سائادەتكە تاپىلاپ.

ئېرىنىڭ ياخشى كۆڭلىدىن بەكمۇ تەسىرلەنگەن سائادەت ئۇنىڭ ھالىدىن تېخىمۇ ئوبدان خەۋەر ئالدى، بىراق ئۈچ ئايدىن كېيىن ئۇ ئادەم تۇيۇقسىز ئاغرىپ يەنە بالنىستتا يېتىپ قالدى.

بۇ دورەم ئۇنىڭ مېڭىسىگە قان چۈشكەندى. شۇنداق قىلىپ بوۋاي دوختۇرخانىغا قايتا كىرىپ ئۈچىنچى كۈنى جان ئۈزدى. بوۋاي ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ سائادەت شۇ ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن ئېللا-بىللا ئاياغ بېسىپ باقمىغان بالىلىرى كۆچۈپلا كەلدى. ناماز كۈنى يىراق-يېقىندىن ھازىدارلار، پەتىچىلەرمۇ ناھايىتى جىق ئىدى. ئەمما، سائادەتنىڭ بۇ ئۆيگە كىرگىنىگە ئۇزۇن بولمىغاچقا ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنى تونۇمايتتى. نامازغا كەلگەنلەردىن بىرمۇنچىسى بوۋاينىڭ چوڭ قىزى نىساخان بىلەن كۆرۈشۈپ قويىماقچى بولۇپ ئۇنى ئىزدەشتۈردى، لېكىن نىساخان كۆرۈنمەيتتى. ئۇلار تەرەپ-تەرەپتىن ئاشخانا، ھاجەتخانا ھەتتا گەمە ئۆيلەرگە كىرىپ ئىزدەپ باقتى. ئاردىن بىرەيلەن: «بوۋاينىڭ ھۇجرىسىدا بولمىسۇن يەنە!» دېگەن گەپنى قىلدى. نىساخان دېگەندەكلا بوۋاي بىلەن سائادەت ياتقان ھۇجرىدا ئىدى. تۇيۇقسىز كىرىپ قالغان سائادەت ھۇجرىدىكى ئالامەتنى كۆرۈپ داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. قوش كىشىلىك كارىۋاتتىكى يوتقان-كۆرپىلەر ئۇگىتەي-تۇگىتەي قىلىۋېتىلگەن، ياستۇقلارنىڭ قېپى يىرتىپ تاشلانغانىدى. بوۋاينىڭ كىتاب ئىشكاپىدىكى كىتابلار يەردە چېچىلىپ ياتاتتى، نىساخان ئاشۇ كىتابلارنىڭ ئىچىدىن نېمىدۇر بىرنېمىنى ئىزدەۋاتاتتى. سائادەتنىڭ تۇيۇقسىز كىرىپ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن نىساخان ئۇنىڭدىن ھېيىقماقتا يوق، ۋارقىراپ تۇرۇپ سورىدى:

ــ نېمىگە كىردىڭ؟ ئارقامدىن پايلاقچىلىق قىلىۋاتامسەن؟

نىساخاننىڭ مەقسىتىنى چۈشەنگەن سائادەت ئىختىيارسىزلا ئىچ كىيىمىنىڭ يانچۇقىنى سىلاپ قويدى، ئۇنىڭدا بوۋاي بەرگەن ھېلىقى پۇل چېكى بار ئىدى. ئۇ نىساخانغا باشقا گەپ قىلماي مېھمانلارنىڭ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. ئەمما، نىساخان يۈگۈرۈپ كېلىپ

ئۇنىڭ ياقىسىدىن ئالدى:
— ئاتامنىڭ مۇشۇ كىتاب ئىشكاپىغا قويۇپ قويىدىغان ھېلىقى پۇل چېكى يوققۇ؟ سەن تىقىپ قويدۇڭما؟
نىساخاننىڭ ئەلپازىدىن قورقۇپ تىترەپ كەتكەن سائادەت راست گەپنى دېمەكچى بولدىيۇ، لېكىن ئېرىنىڭ ئۆز ۋاقتىدا «بۇنى ئۆزۈڭلا بىلىپ قال!» دېگەن گېپىنى يادىغا ئېلىپ تىلىنىڭ ئۇچىغا كېلىپ بولغان گېپىنى يۇتۇۋەتتى. نىساخان ھەرقانچە قىستاپ سوراپ باقسىمۇ، ئۇ: «كۆرمىدىم، ئۇقمايمەن» دەپلا تۇرۇۋالدى. ئاخىرىچە بوۋاينىڭ باشقا باللىرىمۇ يوپۇرۇلۇپ كىرىپ سائادەتنى ئۇرۇپ دەسسەپ قوغلاپ چىقاردى.
ئاسىيە سائادەتنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئۇرغۇن تەسەللى بەردى. ئۇ شۇ مىنۇتتا تۇيۇقسىزلا ئۆزىنى ئويلاپ قالدى: «كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاتىسى كېتىپ قالسا، باللىرى مېنىمۇ ئاشۇنداق كۆتۈمگە تېپىپ چىقىرارمۇ؟ ئاھ، خۇدا...! ياق، ياق، ھەرگىز ئۇنداق بولمايدۇ، بۇ ئادەمنىڭ باللىرى ئۇنداق بالىلاردىن ئەمەس».
دەل شۇ چاغدا ئىشىك قوڭغۇرىقى تۇيۇقسىز جىرىڭلاپ كەتتى. مۇنەۋۋەر يۈگۈرۈپ بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى، بوسۇغىدا قاسىم قاراپ تۇراتتى. نېمىدىنىدۇر بىر ئىشتىن ئالاقزادە بولۇپ كەتكەن قاسىم مۇنەۋۋەرگە قاراپ بىرنېمىلەرنى دەپ ئىشارەت قىلدى، لېكىن مۇنەۋۋەر ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى پەقەتلا ئۇقالمىدى. شۇ ئارىدا ئاسىيە ئىشىك تۈۋىگە كەلدى. قاسىم دائىم بۇ ئۆيگە كېلىپ تۇرىدىغان بولغاچقا، ئۇ قاسىمنىڭ ئىشارىتىنى ئانچە-مۇنچە چۈشىنىپ قالغانىدى.
— بىرەر ئىش بولغانمىدى؟ — دەپ سورىدى ئاسىيە قاسىمدىن.
قاسىم يەنە بىرنېمىلەرنى دەپ قول ئىشارىسى قىلدى. بۇنى

كۆرگەن ئاسيە كۈلۈپ كەتتى، چۈنكى قاسىمنىڭ: «ئۆيۈڭلاردا نېمە ئىش بولدى؟ بايا بىرەيلەن بەك يىغلاپ كەتتى، شۇڭا مەن ‹قارىشىدىغان ئىش بارمۇ؟› دەپ كەلگەن» دېگەنلىكىنى چۈشەنگەنىدى. ئۇ قاسىمنى ئۆيگە باشلىدى. ئۇ ساپاغا كېلىپ ئولتۇرۇپ سائادەتنىڭ كۆكىرىپ كەتكەن قاپىقىنى كۆرۈپ: «هۇ-هۇ...» دەپ قويۇپ بىرمۇنچە ئىشارەت قىلىپ كەتتى، لېكىن ئاسيە بۇ قېتىم ئۇنىڭ بۇ ئىشارىتىنى چۈشەنمىدى. ئىچى تىتىلداپ كېتىۋاتقان قاسىم ئۆزىنىڭ پاچىقىنىڭ بۇلجۇڭ گۆشىنى تۇتۇپ بىرنېمىلەرنى دېدى، ئاندىن يۈگۈرۈپ ئاشخانىغا كىرىپ توڭلاتقۇنى ئېچىپ قارىدى. ئۇ توڭلاتقۇدا مۇزلاپ قېتىپ كەتكەن گۆشلەرگە قاراپ قوشۇمىسىنى تۈردى-دە، توڭلاتقۇنىڭ ئىشىكىنى يېپىۋېتىپ ئارقىسىغا بۇرۇلدى ۋە: «مەن ئۆيگە چىقىپلا كىرىمەن» دېگەن مەنىدە ئىشارەت قىلىپ قويۇپ ئىتتىك چىقىپ كەتتى.

قاسىم هايال ئۆتمەي نېپىز شىلىنغان بىر پارچە گۆشنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى. بۇنى كۆرگەن ئاسيە قاسىمنىڭ بايا نېمىشقا توڭلاتقۇغا قارىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى دەرهال چۈشەندى. ئەسلىدە ئۇ: «يېڭى گۆش بولسا نېپىز شىلىپ كۆكەرگەن جايغا چاپلىسا ئىششىقى قايتىپ كۆك يانىدۇ» دېمەكچى ئىكەندۇق.

— ۋاي، ماۋۇ كاللامنىڭ ئىشلىمىگىنىنى قارىمامدىغان، — دېدى ئاسيە پېشانىسىگە شاپىلاق بىلەن بىرنى سېلىپ، — هەي، كۆكەرگەن يەرگە خام گۆش تاڭسا ساقىيىدىغانلىقىنى بۇ مەندىن ئوبدانراق بىلىدىكەن ئەمەسمۇ؟!

ئاسيە قاسىمنىڭ قولىدىن هېلىقى گۆشنى ئېلىپ ساپادا ئولتۇرغان سائادەتنىڭ قاپىقىغا چاپلاپ قويدى. بۇنىڭ بىلەن سائادەتنىڭ سول كۆزىنى بۇ بىر پارچە گۆش بىراقلا توسۇۋالدى. قاسىم ساپانىڭ ئۇدۇلىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ سائادەتكە سەپسېلىپ قاراپ كەتتى. ئۇ گاچا بولسىمۇ ئەر

كىشى-دە! سائادەت قاسىمنىڭ قاراشلىرىدىن سەل نومۇس قىلىپ قالدى. ئۇ ئىختىيارسىز يۈزىنى سىلىغاچ ئاسىيەدىن سورىدى:

— ۋىيەي، يۈزۈم قانداق بولۇپ قاپتۇ؟ بۇ گاچا قاراۋەردىغۇ ئادەمگە؟!

قاسىمنىڭ سائادەتكە سەپسېلىپ قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئاسىيەمۇ سەزدى. ئاسىيە قاسىمغا قاراپ ئۇنىڭغا: «قاسىم، سىڭلىم چىرايلىقمىكەن؟» دېگەن مەنىدە ئىشارەت قىلدى. قاسىم بېشىنى لىڭشىتتى ۋە: «بەك ئۇۋال بوپتۇ، ئۇنى كىم ئۇردى؟» دېگەن مەنىدە ئىشارەت قىلدى.

— بىرى ئۇرمىدى، قاراپىراق ماڭماي بىر يەرگە ئۇسۇۋاپتۇ، — دېدى ئاسىيە قاسىمغا چۈشەندۈرۈپ. لېكىن، قاسىم ئاسىيەنىڭ بۇ گېپىگە ئىشەنمىگەندەك قىلاتتى. ئاڭغىچە مۇنەۋۋەرنىڭ تامىقى پىشتى. لېكىن، ئۇ پەتنۇستا پەقەت ئىككى چىنە چۆچۈرىنى ئاچىقىپ ئۇنىڭ بىرىنى سائادەتنىڭ ئالدىغا، يەنە بىرىنى ئاسىيەنىڭ ئالدىغا قويدى. ئاسىيە ئۆزىنىڭ ئالدىدىكى قاچىنى قاسىمنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ قويدى:

— قېنى، ئالە، قاسىم، سەن چۆچۈرىگە ئامراققۇ؟ ئىسسىقىدا يەۋالغىن!

قاسىم تارتىنغاندەك قىلىپ بېشىنى چايقاپ قاچىنى ئاسىيەنىڭ ئالدىغا ئىتتىرىپ قويدى.

— تارتىنما، قاسىم، ئالدىڭغا تارتىپ يەۋەرگىن، قازاندا يەنە بار، مۇنەۋۋەر هازىرلا ئاچىقىدۇ، — ئاسىيە مۇنەۋۋەرگە ئالىيىپ قارىدى، — قىزىقكەنسەنغۇ، بالام، ئۆيدە قاسىمنىڭ بارلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپ ئىككى قاچىلا ئاچىققىنىڭ نېمىسى؟

بۇ گەپنى ئاڭلىغان مۇنەۋۋەر ئىزا تارتىپ تىلىنى چىقاردى ۋە ئىتتىك كىرىپ كېتىپ ئاشتىن يەنە بىر قاچا ئۇسۇپ ئاچىقىپ

ئاسيەنىڭ ئالدىغا قويدى. قاسىم مۇنەۋۋەرنىڭ ئاسىيەگىمۇ بىر قاچا ئاش ئاچىققانلىقىنى كۆرۈپ ئاندىن قوشۇقنى قولىغا ئالدى. ئاسىيە ئاش ئىچكەچ ئولتۇرۇپ چاندۇرماستىن قاسىمغا سەپسالدى. ئۇ قاچىدىكى ئاشنى ئىشتىها بىلەن يەۋاتاتتى. ئۇنىڭ كەڭرى پېشانىسىدە مونچاقتەك تەرلەر پارقىراپ تۇراتتى. بۇنى كۆرگەن ئاسىيە مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ:

— ھەي، بىچارە بالا! — دەپ پىچىرلىدى.

مۇنەۋۋەر ئاپىسىنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۇنداق دېگەنلىكىدىن بىخەۋەر ئىدى. ئۇ ئاپىسىنى ئالدىراتقىلى تۇردى:

— ۋۇي، قاراپ ئولتۇرماي ئېشىڭنى ئىچمەمسەن، مۇزلاپ قالىدۇ! دوختۇرخانىدىكىلەر ساقلاۋاتىدۇ تايىنلىق!

ئاسىيە مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ قوشۇقنى ئەمدىلا بىر تال چۆپنى ئېلىپ تۇرۇشىغا تېلېفون جىرىڭلاپ كەتتى. تېلېفوننى گۈليار بەرگەنىدى.

— ۋاي، ئاچا، تېز كەلمىسىڭىز بولمىدى، — دېدى ھودۇقۇپ يۈرىكى ئاغزىغا كەپلىشىپ قېلىۋاتقان گۈليار، — شەرىپە، زۆھرە ئۈچىمىز كارىدوردىكى ئورۇندۇقتا پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتۇق، زۆھرە تۇيۇقسىزلا يىقىلىپ چۈشتى، بۇرنىدىن قان كېتىپ پەقەتلا توختىمايۋاتىدۇ. دوختۇرلار تەكشۈرۈپ دەرھال بالنىستتا ياتمىسا بولمايدۇ، دەپ قان كېسەللىكلىرى بۆلۈمىگە بالنىستقا ئالدى...

— بۇ ئىشنى ئاتىڭىز ئۇقمىغاندۇ؟ — دەپ سورىدى ئاسىيە دەرھاللا.

— ياق، ئۇنىڭغا ئۇقتۇرمىدۇق!

گۈليارنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلىغان ئاسىيە تېلېفوننى قويۇپلا تالاغا قاراپ ماڭدى.

## 55

ئاتىسىنىڭ تۇيۇقسىز بالنىستتا يېتىپ قالغانلىقىنى ئاڭلىغان پولات تېزلا قايتىپ كەلدى. ئۇزۇن ئۆتمەي سۇلايمانمۇ ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى. ئاشۇ كۈنلەردە پولات بىلەن شەرىپە بىردەم دوختۇرخانىغا بېرىپ زۆھرەنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالسا، بىردەم ئۆيگە كېلىپ ئاتىسىغا ھال-مۇڭ بولاتتى. سۇلايمان زۆھرەنىڭ بالنىستقا كىرىپ قالغانلىقىنى ئۆزى دوختۇرخانىدىن چىققاندا ئاندىن بىلدى. لېكىن، نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ يۈرىكى بىرنەرسىنى تۇيغاندەك، كۆڭلى ئېغىپلا تۇراتتى. بۈگۈن شەرىپە بالدۇرراق ئىشتىن چۈشۈپ ئۇدۇللا چوڭ ئۆيگە كەلدى. شەرىپە كىرىپ ئەمدىلا ئولتۇرۇپ تۇرۇشىغا ئىشىك قوڭغۇرىقى جىرىڭلاپ كەتتى. ئاسىيە ئىتتىك بېرىپ ئىشىكنى ئېچىۋىدى، پولات كىرىپ كەلدى. ئاسىيە چاقماق تېزلىكىدە چاي دەملەپ چىقىپ، ئاتا-بالا ئۈچىگە بىر پىيالىدىن چاي قۇيدى.

— ئاسىيە ئاچا، سىزمۇ ئولتۇرۇڭە، — دېدى پولات ئاسىيەگە قاراپ، — مەن... مەن... بۈگۈن بىر... شۇم خەۋەر ئەكەلدىم... — پولات يەردىن بېشىنى كۆتۈرۈپ سۇلايمانغا قارىدى، — ئاتا، ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال جۇمۇ...

ئاڭغىچە شەرىپەنىڭ يۈرىكى ئىچىگە پاتماي قالدى:

— ۋۇي، نېمە بولدى؟ تېز گەپ قىلساڭچۇ ئادەمنى تىنىلداتماي!

— زۆھرە... زۆھرە ئۇ...

— زۆھرە نېمە بوپتۇ؟ — سۇلايمان جامدەك ئېچىلغان كۆزلىرىنى پولاتقا تىكتى.

— زۆھرە ئاق قان كېسىلى بولۇپ قاپتۇ...

— نېمە؟ نېمە دېدىڭ؟ ۋۇي... بۇ... بۇ نېمە ئىش ئەمدى-ھە...! — شەرىپە ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭسىزمۇ

كۆڭلى يېرىم بولۇپ يۈرگەن شەرىپە ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي «ھۇ» تارتىپ يىغلاپ كەتتى.

— ۋۇي، ئاللا-تووۋا كۆتۈرمەي تۇرغىنە بىردەم، — دېدى سۇلايمان ئىككى قولى بىلەن بېشىنى چىڭ چاڭگاللىغىنىچە كۆزلىرىنى يۇمۇپ تۇرۇپ، — ھېلىمۇ بېشىم يېرىلىپ كېتەي دەپ قالدى مېنىڭ! — ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ پولاتقا قارىدى، — بۇ گەپنى قاچان ئۇقتۇڭ؟

— تۈنۈگۈن! زۆھرەنى يوقلاپ بارغانىدىم، دوختۇر تۇيۇقسىزلا ئىشخانىسىغا چاقىرىپ قالدى، كىرسەم شۇ گەپنى قىلدى، ئۇنىڭ گېپىگە قارىغاندا زۆھرەنىڭ كېسىلى ئاخىرقى باسقۇچقا بېرىپ قاپتۇ، كۆپ بولغاندىمۇ ئىككى ئايچە ۋاقتى قالغان ئوخشايدۇ، — پولات ئېسەدەپ يىغلاپ كەتتى.

سۇلايماننىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپلا كەتتى، ئۇ بىر ھازا گەپ قىلماي ئولتۇرغاندىن كېيىن ساپاغا ئاستا سۇنايلاندى ۋە جىيەكلىرى قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىنى تورۇسقا تىكتى، ئۇنىڭ لەۋلىرى توختاۋسىز تىترەيتتى. ئاسىيە دەرھال كېلىپ ئۇنىڭ قولىنى تۇتتى:

— ئاتىسى، ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالسىلا، بۇنداق چاغدا باللارغا سىلى يۆلەك بولۇپ تۇرۇپ بەرمىسىلە بولمايدۇ... ئازراق ئۇسسۇزلۇق ئىچەملا.

سۇلايمان بىرھازا زۇۋان سۈرمەي ياتقاندىن كېيىن ئېغىر خۇرسىنىپ «ئۇھ» تارتتى:

— ھەي زۆھرە، ھەي زۆھرە، نېمانچە شور پېشانىسەن، جېنىم قىزىم!

ئاڭغىچە ئاسىيە بىلەن شەرىپە ئۇنى يۆلىدى. ئۇ كۆزلىرىدىن مونچاقتەك تۆكۈلۈۋاتقان ياشلارنى سۈرتكەچ ئۇلارغا قاراپ:

— پولات ئىككىمىز ھازىر دوختۇرخانىغا بارايلى... سىلەر ئىككىڭلار ئۆيدە قېلىڭلار، بولمىسا ئۇ يەردە يىغلاپ ئالەمنى

مالەم قىلىسىلەر!

سۇلايمان پولاتنى ئەگەشتۈرۈپ كېسەلخانىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلگەندە ئامان زۆھرە بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئىككىسىنىڭ قىزغىن پاراڭلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن سۇلايمان «كىرمەي تۇرايلى» دېگەن مەنىدە پولاتقا كۆز ئىشارىسى قىلدى. ئاتا ـ بالا ئىككىسى كارىدوردا ئالاھازەل ئون مىنۇتچە تۇرغاندىن كېيىن ئاندىن كىردى. سۇلايمان بىلەن پولاتنىڭ كىرىپ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن ئامان ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، ئۇلار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى.

ــ بۇ يەرگە زۆھرەنى يوقلاپ كەلگىنىڭىزنى ئاپىڭىز ئۇقمايدىغاندۇ تايىنلىق؟ ــ دەپ سورىدى سۇلايمان كارىۋاتنىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇققا جايلىشىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن. ئامان بېشىنى چايقىدى، لېكىن تۇرۇپلا يەنە بېشىنى لىڭشىتتى. دۇرۇس، ئامانىنىڭ بۇ يەرگە ئاپىسىدىن خۇپىيانە كەلگىنى راست ئىدى، لېكىن يەنە بۇ بولغۇسى قېيناتىسىنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ قويغۇسىمۇ يوق ئىدى. سۇلايمان ئامانىنىڭ بايىقى سوئالغا ھەم «ياق» ھەم «ھە» دەپ جاۋاب بەرگەندەك بېشىنى ھېلى چايقاپ، يەنە دەرھاللا لىڭشىتىشلىرىدىن ئۇنىڭ ئوي ـ خىيالىنى چۈشەنگەندەك بولدى.

ــ ئاپىڭىزنىڭ بۇ ئىشلارغا قوشۇلمايدىغانلىقىنى بىلىمىز، ئامان، ــ دېدى سۇلايمان بىردەمدىن كېيىن پەس ئاۋازدا، ــ ئاپىڭىزنىڭمۇ ئويلىغان بىرى باردۇر، شۇڭا، ئەمدى كېلىپ ئاۋارە بولماڭ، بولمىسا ئاپىڭىزنى خاپا قىلىپ قويىسىز...

زۆھرە سۇلايمانغا سوئاللىق قارىدى، ئەمما باشقا گەپ قىلمىدى. ئۇ «ئاتامنىڭ گەپلىرىنى كۆڭلىڭىزگە ئالماڭ!» دېگەندەك قىلىپ ئامانىنىڭ كۆزلىرىگە «لاپپىدە» قاراپ قويدى. ئوڭايسىزلىنىپ كەتكەن ئامان نېمە قىلارىنى بىلەلمەي ھەدەپ

قوللىرىنى ئۇۋۇلايتتى. ئۇ سۇلايماننىڭ كۆزىگە قارايتتىيۇ، لېكىن گەپ قىلالمايۋاتاتتى. بۇنى كۆرگەن پولات ئورنىدىن تۇردى ۋە ئاماننىڭ مۇرىسىگە قېقىپ قويۇپ تالاغا قاراپ ماڭدى. پولاتنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى چۈشەنگەن ئامانمۇ دەس ئورنىدىن تۇرۇپ سۇلايمانغا «خوش» دەپ قويۇپ پولاتنىڭ ئارقىسىدىن كارىدورغا چىقتى. پولات بىلەن ئامان ئىككىسى كارىدوردىكى ئورۇندۇقتا بىردەم پاراڭلىشىپ ئولتۇردى. پولات ئامانغا زۆھرەنىڭ ئاق قان كېسىلى بولۇپ قالغانلىقىنى دەپ بەرگەندە ئامان بەكمۇ ھودۇقۇپ كەتمىدى.

—زۆھرە دەسلەپتە ئاغرىغان چاغدىكى ئالامەتلەردىنلا شۇنداقمىكىن، دەپ گۇمان قىلغانىدىم، —دېدى ئامان ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ، —ئاخىرى دەل شۇنداق بولۇپ چىقارىنى پەقەتلا ئويلىماپتىكەنمەن، مانا ھازىرمۇ ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ، ھەي... ئىشقىلىپ، زۆھرەنىڭ كېسىلى شىپا تاپىدىغانلا ئىش بولسا جېنىم چىقىپ كەتسىمۇ قولۇمدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىمەن...

دۇرۇس، ئامانلا ئەمەس، زۆھرەنىڭ ئۆپچۆرىسىدە پەرۋانە بولۇۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى زۆھرەنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا زادى قانداق بولۇپ كېتەرىگە بىر نېمە دېيەلمەيتتى. پولات بىلەن ئامان ئىككىسى خېلى ئۇزۇن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن ئامان ھەممەيلەن بىلەن خوشلىشىپ قايتتى. پولات كېسەلخانىغا قايتىپ كىرگەندە شەرىپە زۆھرەنىڭ كارىۋىتىنىڭ لېۋىدە ئولتۇراتتى. ئۆزى شور تۇمشۇق بولغىنى بىلەن كۆڭلى يۇمشاق شەرىپەنىڭ ئالمادىس يىغلاپ سىلىپ زۆھرەگە چاندۇرۇپ قويۇشىدىن ئەنسىرىگەن پولات شەرىپەنى دەرھال كەتكۈزىۋەتمەكچى بولدى:

—كەلمە دېسە يەنە كەپسەنغۇ؟ ماڭە، قايتىپ كەتكىن، بۇ يەردە بىز بار! بىرىپ مەردانىنىڭ قورسىقىغا ئىشلىمىسەڭ

بولماس؟!

ــ سەنمۇ قىزىقكەنسەن، ئاكا! سەن كىلىدىكەنسەنۇ، مەن يوقلاپ كەلسەم بولمامدىكەن؟ كەتمەيمەن! ــ دېدى شەرىپە كۈلۈپ تۇرۇپ. لېكىن، ئۇنىڭ كۆزىدە ياشلار غىلدىرلاشقا باشلىدى. يۈرىكىنىڭ قات-قېتىدىن ئۇقچۇپ چىقىۋاتقان ئاشۇ سۈزۈك ياشلارنىڭ تۈيۈقسىز تاراملاپ كېتىشىدىن ئەنسىرىگەن شەرىپە دەرھال ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ زۆھرەگە چاندۇرماي كۆزلىرىنى سۈرتتى، ئاندىن ئۇ زۆھرەگە تەبەسسۇم بىلەن قارىدى. شەرىپەنىڭ شۇ تاپتا كۆزلىرىدە كۈلۈپ يۈرىكىدە يىغلاۋاتقانلىقى زۆھرەدىن ئۆزگە ھەممەيلەنگە ئايان ئىدى.

بىردەمدىن كېيىن ئاسىيە بىر تەخسە كاۋا مانتىسىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى. زۆھرە خۇشلۇقىدا مانتىدىن ئىككىنى يەپلا «غىققىدە» بولغاندەك تۇرۇپ قالدى. سۇلايمان ئۇنىڭغا: «يەنە بىرەرنى يېگىن!» دەپ زورلاپ باقتى، لېكىن زۆھرەنىڭ گېلىدىن تاماق ئۆتمىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. دېمىسىمۇ، كۈندىن-كۈنگە ئۇنىڭ ئىشتىھاسى تۇتۇلۇپ كېتىۋاتاتتى. بۇنى كۆرۈپ يۈرەكلىرى چىدىغۇسىز ئېچىشقان سۇلايمان زۆھرەگە كۈلۈمسىرەپ قارىدى، لېكىن نېمە دەپ تەسەللى بېرىشنى، كۆڭلىنى قانداق ياساشنى بىلەلمەي قىينىلاتتى. ئاسىيەمۇ سۇلايماننىڭ يېقىندىن بۇيان كۈندىن-كۈنگە چىرايلىرى تاتىرىپ تۈگىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى بايقىدى. سۇلايماننىڭ ئېغىزىدىن چىقارمىغىنى بىلەن ئىچىدە زۆھرە ئۈچۈن تىنىمسىز ئازابلىنىۋاتقانلىقى ئاسىيەگە ئايان ئىدى.

ــ ئاتىسى، سىلى قايتىپ بېرىپ ئارام ئالسىلا، ــ دېدى ئاسىيە سۇلايمانغا قاراپ. سۇلايمان ئولتۇرغان ئورنىدىن كارىۋاتنىڭ يېنىغا كېلىپ زۆھرەنىڭ يوتقىنىنى ئۆز قولى بىلەن تۈزەشتۈرۈپ يېپىپ قويدى، ئاندىن قايتماقچى بولۇپ ئاسىيەنى ئەگەشتۈرۈپ كېسەلخانىدىن ئاستا چىقىپ كەتتى.

زۆھرەنىڭ كېسىلى ئاشكارىلانغاندىن بۇيان سۇلايمان ياتسا كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەيدىغان، داستىخانغا كەلسە گېلىدىن غىزا ئۆتمەيدىغان بولۇپ قالدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ بىر ئاي ئىچىدە توپتوغرا توققۇز كىلوگرام ياداپ كەتتى. بۈگۈنمۇ سۇلايماننىڭ كۆزلىرى تۈن نىسپىدىن ئاشقاندا ئاران ئۇيقۇغا ئىلىنىۋىدى، يېرىم-سائەت ئۆتە-ئۆتمەيلا يەنە چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. زۆھرەنىڭ خەسىدەك ئاقىرىپ كەتكەن سولغۇن چىرايى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىلا تۇراتتى. يۈرىكى «چىممىدە» قىلىپ قالغان سۇلايمان كۆكرىكىدە تۇيۇقسىز پەيدا بولغان ئاغرىقنىڭ دەستىدىن تۇيۇقسىزلا قارا تەرگە چۆمۈلۈپ كەتتى.

«ھەي، بىچارە قىزىم... ياۋاش قىزىم... نېمە بولۇپ كېتەر-ھە... خۇدا ساقلىسۇن...» سۇلايمان ئىچىدە ئۆزى بىلەن پاراڭلاشماقتا ئىدى. ئۇ ئاستا ئۆرۈلدى، لېكىن ئۇ شۇنداق ئېھتىيات قىلسىمۇ، كارىۋات غىچىرلاپ كەتكەچكە يېنىدا ياتقان ئاسىيە ئويغىنىپ قالدى. ئاسىيە قاراڭغۇدا سىلاشتۇرۇپ يۈرۈپ سۇلايماننىڭ پېشانىسىنى تۇتتى:

— يەنە بىئارام بولۇۋاتامدىلا؟

سۇلايمان ئاسىيەنىڭ ئۇيقۇسىنى بۇزۇپ قويغانلىقىغا سەل-پەل ئوڭايسىزلاندىيۇ، ئەمما يۈرىكىدىكى پىغانلىرىنى سۆزلەپ ئۇنىمۇ بىئارام قىلغۇسى كەلمىدى:

— ياق... مەن بىلەن كارىڭ بولمىسۇن، ئۇيقۇڭنى ئۇخلا!

سۇلايمان ئەسلىدە ئاشۇ گەپلىرى بىلەن ئاسىيەنى خاتىرجەم قىلماقچى ئىدى، لېكىن ئاسىيە دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ كارىۋاتنىڭ بېشىدىكى چىراغنى ياقتى. بۇنى كۆرگەن سۇلايمان ئىككى كۆزىنى چىڭ يۇمۇپ يالغاندىن ئۇخلىغان بولۇپ يېتىۋالدى. ئاسىيە سۇلايماننىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىپ تۇراتتى. ئۇ چىراغ نۇرىدا سۇلايمانغا سىنچىلاپ قارىدى. كۈندىن-كۈنگە چىرايلىرى تاتىرىپ ياداپ كېتىۋاتقان سۇلايماننىڭ كۆزلىرى

ئولتۇرۇشۇپ، ياڭاق سۆگەكلىرى پۇلتىيىپ چىققان، شالاڭ چاچلىرى بىر ئايغا قالمايلا تامامەن ئاقىرىپ كەتكەنىدى. سۇلايماننىڭ زۆھرەنى ئويلاپ ئاشۇنداق بولۇپ كېتىۋاتقانلىقى ئاسىيەگە ئايان ئىدى. ئاسىيەنىڭ سۇلايمانغا تەسەللى بېرىپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياسىغۇسى كەلدى، لېكىن نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى. گەپنىڭ راستىنى دېگەندە، ئۇ سۇلايمانغا شۇ تاپتا زادى قانداق ئېغىز ئاچسا ئەڭ مۇۋاپىق بولىدىغانلىقىنى ئۇقالماي ئاۋارە بولۇۋاتاتتى. ئۇ يالغان ئۇخلىغان بولۇپ گەپ قىلماي يېتىۋالغان سۇلايمانغا قاراپ قويۇپ ئۆزىمۇ ياتتى، لېكىن بېشىنى ئەمدىلا ياستۇققا قويۇپ تۇرۇشىغا كاللىسىغا تۇيۇقسىزلا بىر ئىش كېلىپ قالغاندەك يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ ئولتۇردى.

— ھىم، مەنمۇ ساراڭ! سىلى بۇ ئىشتا ماڭا ئەلۋەتتە يۈرەكلىرىدىكىنى دېمەيدىلا، چۈنكى مەن دېگەن زۆھرەنىڭ تۇغقان ئاپىسى ئەمەس-دە، — دېدى ئاسىيە سۇلايمانغا تەنە قىلغاندەك.

قىزىق ئىش، بايا سۇلايماننىڭ گەپ سورىسا ئۈندىمەي يېتىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنى قىلچە كۆڭلىگە ئالمىغان ئاسىيە بۇ گەپلەرنى ئاغزىدىن چىقىرىپ بولغاندىن كېيىن سۇلايماندىن راستتىنلا خاپا بولدى. ئۇ شۇ تاپتا «بۇ ئادەم ھەرقانچە قىلسامۇ ماڭا ئىشەنمەيدىكەن» دەپ ئويلاپ قېلىۋاتاتتى. ئاسىيە قايتىدىن ئورنىغا كىرىپ ياتتى-دە، يوتقانغا پۈركىنىپ، ئىككى كۆزىنى چىڭ يۇمدى. بايىتىن بېرى كۆزىنى يۇمۇۋالغىنى بىلەن سەگەك ياتقان سۇلايمان ئاسىيەنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ئولتۇردى ۋە ئاسىيەنىڭ ئۈستىدىكى يوتقاننى ئېچىۋەتتى:

— قاچاندىن بېرى بۇ ئويغا كېلىپ قالدىڭ؟

— نېمە ئوينى دەيلا؟ — دەپ سورىدى ئاسىيە ۋە يوتقانغا

يەنە پۈركەندى. سۇلايمان ئاسىيەنىڭ ئۈستىدىكى يوتقاننى يەنە تارتىپ ئېچىۋەتكەندىن كېيىن ۋارقىراپ تۇرۇپ سورىدى:

— سەن قاچاندىن بېرى زۆھرەنىڭ ئاپىسى ئىكەنلىكىڭدىن تانىدىغان بولۇپ قالدىڭ؟

ئاسىيە قوپۇپ ئولتۇرۇپ سۇلايماننىڭ كۆزلىرىگە قارىدى:

— سىلى بىلەن مۇڭدىشاي، دەپ يۈرگىلى نە زامان! لېكىن پەقەتلا ئۇۋقتاسى كەلمىدى...

— يەنە مۇڭداشقۇدەك نەرى قالدى؟ ئىچىڭدە نېمە ئويلاۋاتقىنىڭ ماڭا ئايان، شۇنداققۇ؟!

سۇلايماننىڭ بۇ گەپلىرى ئاسىيەنى ھەيران قالدۇردى. باياتىن بېرى ئۇ غەم ئىچىدە مۇڭغا پاتقان بولسا، مانا ئەمدى كۆڭلى بۇزۇلۇپ، يۈرەكلىرى پۇچۇلانغىلى تۇردى. ئۇنىڭ لەۋلىرى بىلىنەر-بىلىنمەس تىترەپ كۆزلىرىگە ياش كەلدى، كۆز چاناقلىرىدىن سىرغىپ چىققان ئىككى تامچە ياش مەڭزىنى بويلاپ ئېقىپ يوتقاننىڭ گىرۋىكىگە تامچىلىدى، لېكىن سۇلايمانمۇ كۆڭلى يۇمشاق ئادەم ئىدى، شۇڭا ئۇ ئۆزىنىڭ بايىقى گەپلىرىنى پىغانى ئۆرلەپ تۇرغاچقا ھاپىلا-شاپىلا دەپ سالغانلىقىدىن پۇشايمان قىلىپ ئاسىيەنىڭ قوللىرىنى تۇتتى، لېكىن ئاسىيە ئۇنىڭ قولىنى ئاستا ئىتتەردى:

— شۇنداق، مەن پۇشايمان قىلغان، بۇنى دېمىسەممۇ ئۆزلىرى سەزدىلە. بۇ ئۆيگە كىرىشتىن بۇرۇن گەرچە ئىگە-چاقىسىز، نامرات تۇل خوتۇن بولساممۇ، لېكىن ئاشۇ ئالىقاندەك غېرىبخانامنىڭ خوجايىنى ئىدىم، ئۆزۈم خالىغاننى ئىككى بېقىنىمغا قارىماي بىمالال قىلالايتتىم، خۇشلۇقۇم تۇتسا قاقاقلاپ كۈلەلەيتتىم، كۆڭلۇم بۇزۇلسا بولۇشىغا يىغلاپ پىغانىمنى چىقىرالايتتىم، ئەمما...

سۇلايمان دەرھال ئۇنىڭ گېپىنى بۆلدى:

— سەن بۇ ئۆيىنىڭ خوجايىنى بولاي دېمەكچىمۇ؟

ئاسىيە كۆزىدىكى ياشلارنى قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن سۈرتۈپ تۇرۇپ سۇلايمانغا قارىدى. سۇلايمان گېپىنى داۋام قىلدى:

— باللىرىم سېنى يەكلەپ كۆڭلۈڭگە جىق ئازار بەردى، بۇنىڭغا ھازىرغىچە چىشىڭنى چىشلەپ كېلىۋاتىسەن. بۇنىڭ ئۈچۈن سەندىن ناھايىتى مىننەتدارمەن... ئەمما مەنمۇ ساڭا ئوبدان قاراۋاتىمەنغۇ... خەجلىگىلى پۇل بېرىۋاتىمەن، يەي دېسەڭ تەييار، كىيەي دېسەڭ تەييار...! يەنە قانداق خوجايىن بولماقچىسەن؟

— سىلى... سىلى مېنى چۈشەنمەيۋاتىدىلا، — دېدى ئاسىيە سۇلايماننىڭ يېنىغىراق سۈرۈلۈپ تۇرۇپ، — سىلى مېنى «ماڭا پۇلۇمنى دەپ تەگدى» دەۋاتامدىلا؟

سۇلايمان ئاسىيەنىڭ پېشانىسىنى سىلىدى:

— ھىم، ناۋادا مەن يانچۇقىدا پۇلىنىڭ تايىنى يوق كۆك نامراتلاردىن بولغان بولسام تېگەمتىڭ؟

— بۇ گەپ سىلىنىڭ ئېغىزلىرىدىن چىقىۋاتامدۇ؟ — دېدى ئاسىيە ئوڭ قولىنىڭ بىگىز بارمىقىنى سۇلايماننىڭ ئاغزىغا تەگكۈزۈپ. سۇلايمان ئاسىيەنىڭ قولىنى دەرھال ئىتتەردى:

— قولۇڭنى تەگكۈزمە! ئەر-خوتۇنچىلىقنىڭ ئەلمى-تەلمىنى ئۇقمايدىغان تەنتەك خوتۇنلار ئېرىگە گەپ قىلغاندا قولىنى تەگكۈزىدۇ! سەنمۇ شۇنداق خوتۇنمۇ-يە؟

ئاسىيە كۆزلىرىنى پارقىراتقىنىچە سۇلايمانغا قاراپلا قالدى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياش تاراملايتتى. ئاسىيە تومپۇچكىنىڭ ئۈستىدىن لۆڭگىنى ئېلىپ ياشلىرىنى سۈرتۈپ، يەنە جايىغا قويۇپ قويدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىگە سۇلايمانغا گويا تۇنجى قېتىم ئۇچراتقان ناتونۇش ئادەمگە تىكىلگەندەك تىكىلەتتى.

— بىز... بىز... بايا... گېپىمىز نەگە كەلگەنىدى؟ — دەپ سورىدى سۇلايمان پەرۋاسىزلىق بىلەن، لېكىن ئاسىيە جىمىپ

كەتتى. ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ سۇلايمانغا دەيدىغانلىرى بەكمۇ جىق ئىدى. دۇرۇس، ئۇ سۇلايمانغا تېگىپ مۇشۇ ئۆيگە كىرگەندىن بۇيان، ئۇ ھەر ئايدا ئاسىيەگە مىڭ يۈەن بېرىدۇ، لېكىن مائاش قەغىزىنى ئاسىيەگە بىرەر قېتىممۇ كۆرسىتىپ باقمىدى. شۇڭا خېلى زامانلارغىچە سۇلايماننىڭ زادى قانچىلىك مائاش ئالىدىغانلىقىنىمۇ ئۇقماي يۈردى. تاسادىپىي بىر پۇرسەتتە باشقا خوتۇنلارنىڭ ئاغزىدىن سۇلايماننىڭ ئېيىغا ئىككى مىڭ سەككىز يۈز يۈەن مائاش ئالىدىغانلىقىنى ئۇقۇپ قالدى. دېمەك، ئۇ ئېيىغا بىر مىڭ سەككىز يۈز يۈەننى ئاسىيەگە ئۇقتۇرماي ئايرىم يىغىۋاتاتتى. دۇرۇس، سۇلايماننىڭ بالىلىرى بار، شۇڭا مائاشنى ئايرىم يىغامدۇ، قانداق قىلىدۇ؟ بۇ دېگەن ئۆزىنىڭ ئىشى. لېكىن، ئاسىيە دېگەن ئۇنىڭ خوتۇنى، ئەر-خوتۇن دېگەن بىر-بىرىدىن سىر ساقلىسا بولمايدۇ-دە! شۇڭا ئېرى بولغان ئادەم ھەتتا ئايدا قانچىلىك مائاش ئالىدىغانلىقىنىمۇ خوتۇنىدىن خۇپىيانە تۇتۇپ يۈرسە بۇنىڭغا خوتۇن كىشىنىڭ دىلى ئاغرىماي قالامتى؟! ناۋادا ئاسىيە سۇلايماننىڭ قىز تەگكەن خوتۇنى بولسا ئىدى، بۇنىڭدىن ھېچ ئىككىلەنمەي سورىيالىغان بولاتتى. لېكىن، ئاسىيە سۇلايمان ئائىلىسىگە يېرىم يولغا قوشۇلۇپ قالغان ئەزا، شۇڭا ئۇ بۇنى ئىچىدە بىلدىيۇ، لېكىن چىشىنى چىشلەپ بۇ ھەقتە سۇلايمانغا پەقەت ئېغىز ئېچىپ باقمىدى. بۈگۈن ئاسىيەنىڭ نېمىشقىدۇر بۇ ئىشنى سۇلايمانغا ئوچۇق دەپ، ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشقۇسى كېلىپ قالدى. ئاسىيە ئىچىدە سۇلايمانغا شۇنداق دېمەكچى ئىدى: «دۇرۇس، سىلى ماڭا ئوبدان قاراۋاتىدىلا، لېكىن ھازىرغىچە مېنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تۇنجى خوتۇنلىرى ئەمەسلىكىمنى ئۇنتۇماي كەلدىلە، شۇڭا ھازىرغىچە ماڭا زادى قانچىلىك مائاش ئالىدىغانلىقلىرىنى دېمىدىلە. نۇرغۇن قېتىم شەرىپە كەلگەن چاغدا سىلى مېنى ‹تاماق ئەتكىن!› دەپ ئاشخانىغا

چىقىرىۋېتىپ، «مېنى ئاگلاپ قالمىسۇن» دېگەندەك ئىشىكنى يېپىۋېتىپ ئۇنىڭغا كۇسۇلداپ تۇرۇپ بىرنېمىلەرنى دېدىلە! ئاشۇنداق چاغلاردا ئۆزۈمنىڭ بۇ ئۆيدە سىلىنىڭ خوتۇنلىرى ئەمەس، بەلكى پەقەت ئاش-تاماق ئېتىدىغان خىزمەتچىگە ئوخشاپ قېلىۋاتقانلىقىمدىن تولىمۇ ئازابلاندىم. شەرىپە قاچا-قۇچىلارنى يېشىمغا ئاتقاندىمۇ ئۇنداق ئازابلىنىپ باقمىغان، بىلەمدىلا؟! سىلىگە دېسەم، قايتا نىكاھلىق بولغان خوتۇنلار ئېرىنىڭ ئۆيدە يەكلىنىپ قېلىشتىن بەكمۇ قورقىدۇ!»

ئاسىيە تىلىنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قالغان بۇ گەپلەرنى يەنە يۇتۇۋەتتى، چۈنكى ھازىر بۇنداق گەپلەرنى دەپ يۈرسە قاملاشمايدىغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلەتتى. ئۇنىڭ ئاپئاق چاچلىرى پاخپايغان، كۆز جىيەكلىرى ئۇيقۇسىزلىقتىن قىزىرىپ كەتكەن سۇلايمانغا قاراپ ئىچى سىيرىلغىلى تۇردى.

«بۇۋاي بالا دەردىدە بەكمۇ ئازابلىنىۋاتىدۇ، — دەپ ئويلىدى ئاسىيە، — مۇشۇنداق چاغدا ئۇنىڭغا ئۇنداق گەپلەرنى دەپ يۈرسەم ئۆلگەننىڭ ئۈستىگە تەپكەندەك ئىش بولمامدۇ؟!»

— نەگە كېلىۋىدۇقكىنتاڭ، مېنىڭمۇ ئېسىمدە يوق، — دېدى ئاسىيە لۆڭگىنى ئېلىپ لەۋلىرىنى سۈرتكەندىن كېيىن كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ. سۇلايمان قولىنىڭ كەينى بىلەن ئاسىيەنىڭ مەڭزىگە بوشقىنە ئۇرۇپ قويدى:

— بەكمۇ ئەقىللىق خوتۇن جۇمۇ سەن!

ئاسىيە سۇلايمانغا كۈلۈمسىرەپ قارىدى، كۆز ياشلىرى مەڭزىنى بويلاپ تۆۋەن سىرغىيتتى، لېكىن سۇلايمان ئۇنىڭ كۆز ياشلىرىنى كۆرمىگەندەك ئۆز گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— بايىقى گېپىڭنى يەنە دەۋەرگەن بولساڭ راستتىنلا قولۇمنىڭ كەينى بىلەن سېلىۋېتەتتىم!

ئاسىيە كۈلۈپ تۇرۇپ بېشىنى لىڭشىتتى.

— شۇنداق قىلىدىغانلىرىغا ئىشىنىمەن! — ئاسىيەنىڭ

كۆزىدىن سىرغىپ چىققان بىر تامچە ياش مەڭزىنى بويلاپ ئېقىپ كېلىپ لېۋىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ قالدى. خوتۇن كىشىنىڭ تەبەسسۇمىغا ئىككى تامچە ياش قوشۇلسا تېخىمۇ لاتاپەتلىك بولۇپ كېتىدۇ، دەپتىكەن. ئاسىيەنىڭ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ ياش تۆكۈۋاتقانلىقىنى كۆرگەن سۇلايماننىڭ ۋۇجۇدى نېمىشقىدۇر ئەسلا كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر خىل غايىۋى تۇيغۇنىڭ ھاراريتىدىن سىلكىنگەندەك بولدى. ئۇ ئاسىيەگە يېقىن سۈرۈلۈپ تۇرۇپ ئۇنىڭ قوللىرىنى تۇتتى:

— بۇ سېنىڭ يۈرەك سۆزۈڭمۇ؟ مېنى راستتىنلا ئۇرىدۇ، دەپ ئويلامسەن؟

ئاسىيە دەسلەپتە بېشىنى چايقىدى، كېيىن يەنە تۇرۇپلا بېشىنى لىڭشىتتى. بۇنى كۆرگەن سۇلايمان ئاسىيەنىڭ قوللىرىنى قويۇۋېتىپ ئاچچىقلىغان قىياپەتتە سورىدى:

— بېشىڭنى ھېلى چايقايسەن، ھېلى لىڭشىتىسەن! بۇنىڭ قايسىسى راست زادى؟

ئاسىيە سۇلايماننىڭ گېپىگە جاۋاب بەرمەي ئەكسىچە «ئۇھ» دەپ ئۇلۇغ-كىچىك تىندى ۋە بىرھازادىن كېيىن:

— سىلى بىلەن يۈز يىل بۇرۇن تونۇشۇۋالغان بولسامچۇ ئىست! — دېدى.

گەپنى ئۇدۇللا چۈشىنىدىغان سۇلايمان ئاسىيەنىڭ بۇ گېپىگە دەرھال جاۋاب بەردى:

— يۈز يىلنىڭ ئالدىدا بىز تېخى تۇغۇلمىغان تۇرساق!

— ئىككىمىز بەكمۇ كېچىكىپ تونۇشتۇق، — دېدى ئاسىيە ناھايىتى تەمكىنلىك بىلەن، — شۇڭا سىلىگە زادىلا ئۆز بولالمايۋاتىمەن! — ئاسىيە بۇ گەپلەرنىڭ ئاغزىدىن قانداق چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئۆزىمۇ بىلمەي قالدى. ئۇ ھېلىلا ئۆزىنى ئېغىر-بېسىق بولۇشقا، پەيتى كەلمىگەن گەپلەرنى دېمەسلىككە ئاگاھلاندۇرغان ئەمەسمىدى؟! ئاسىيە سۇلايماننىڭ چىرايىنى

تۇيدۇرماي كۆزىتىپ باقتى. ئەمما، سۇلايمان ئاسىيەنىڭ بايىقى گېپىگە ئانچە ئېرەنشىپ كەتمىگەندەك قىلاتتى.

— كېچىكىپ تونۇشتۇق دېگىلىمۇ بولمايدۇ، — دېدى سۇلايمان ھېچ ئىش بولمىغاندەك، — سەن بىلەن كۆرۈشكىلى بارغاندا سەن تېخى ئەللىك ياشقا كىرمىگەنىدىڭ، مەنمۇ ئانچە قېرى دېگۈدەك ئەمەس ئىدىم... ھە... ئەللىك يەتتە-ئەللىك سەككىز ياشلاردا ئىدىم...

ئاسىيە سۇلايمانغا قاپاقلىرىنى سۈزۈپ قارىدى:

— ۋىيەي، ئەللىك سەككىز-ئەللىك توققۇز ياشلاردىمىش تېخى! ئاتمىش نەچچە ياش دېسىلە، خوتۇنلارغۇ يېشىنى يوشۇرسۇن بوپتۇ، سىلەر ئەرلەرگە نېمە قويۇپتۇ يېشىنى يوشۇرۇپ...؟

سۇلايمان ئۆزىنىڭ پېشانىسىگە بوشقىنە شاپىلاقلاپ قويدى:

— ۋۇي، شۇنداقمۇ؟ شۇ چاغدا مەن زادى قانچە ياشتا بولغىيتتىم؟ ھازىر قانچە ياشقا كىرگەندىمەن؟

سۇلايماننىڭ چاقچاق قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشەنگەن ئاسىيە ئۇنىڭغا قاراپ «پىسسىڭىدە» كۈلدى. سۇلايمان ئاسىيەنىڭ قولىنى ئالىقىنىغا ئېلىپ ئالدىغا تارتقىنىچە ئۇنىڭ كۆزلىرىگە سۈرلۈك تىكىلدى:

— بىر گەپ بار ئىدى، ئاڭلىغىن-ئاڭلىمىغىن، دەۋىرەي، — سۇلايمان ئاسىيەگە «بولامدۇ» دېگەن مەنىدە قارىدى. ئاسىيە ئۇنىڭغا قاراپ بېشىنى لىڭشىتتى.

— ھەكىمە ئايلاڭ بىلەن توپتوغرا قىرىق يىل ئۆي تۇتۇپتىمەن، — دېدى سۇلايمان گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — گەپنىڭ راستىنى دېسەم، ئۇ بەكمۇ ياخشى ئايال ئىدى، لېكىن ئۇ مېنى تاشلاپ قويۇپ ئۆزى بالدۇر كېتىۋالدى. «دىدار غايىب-نىكاھ غايىب» دېگەندەك، ئىككىمىزنىڭ رىزقى قوشۇلۇپتىكەن، مانا بىر ئۆيدە ئوبدان ئۆتۈۋاتىمىز. تونۇش-

بىلىشلەر: «ھەكىمە ئالتۇنىدەك مەزلۇم ئىدى، ماۋۇ خوتۇنىڭمۇ ئۇنىڭدىن قېلىشمايدىكەن، ئىشقىلىپ، سەن قېرىنىڭ خوتۇنىدىن تەلىيى باركەن» دېيىشىۋاتىدۇ...

سۇلايماننىڭ بۇ گېپىدىن خۇشلۇقىدا تېرىسىگە سىغماي قېلىۋاتقان ئاسىيە سۇلايماننىڭ قوللىرىنى بوشقىنە ئىتتەردى:

— ۋىيەي... ئادەمنى تولا ئالدىمىسىلا...!

— كىم سىزنى ئالداپتۇ؟ — دېدى سۇلايمان قاپاقلىرىنى تۈرۈپ، — ئىشقىلىپ... ئىشقىلىپ... سىزنى مېنىڭ باللىرىمنى ئۆز بالىسىدەك كۆرسىكەن، دېگەن ئۈمىدتىمەن...

— بۇ... بۇ... نېمە دېگەنلىرى ئەمدى ؟ — دېدى ئاسىيە سۇلايمانغا سوئاللىق قاراپ، — قارىغاندا، سىلى مېنى راستىنلا چۈشەنمەيدىكەنلا... زۆھرە ساقىسىز بولۇپ قالغاندىن بۇيان مېنىڭ قانچىلىك سەدىپارە بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىمنى بىلەمدىلا؟

— بىلىمەن، ئەلۋەتتە بىلىمەن، — دېدى سۇلايمان بېشىنى لىڭشىتىپ.

— بىراق سىلى... زۆھرەنىڭ كېسىلىنى ئويلاپ تۈگىشىپ كېتىۋاتقانلىقلىرىنى مەندىن يوشۇرۇۋاتىدىلا، ئىچلىرىدىكى دەردلىرىنى ماڭا دېيىشنى خالىمايۋاتىدىلا. شۇڭا ھە دېسىلا گەپ قىلماي ئۈھ تارتىپ ئولتۇرىدىلا... — ئاسىيەنىڭ ئاۋازى تىرەپ چىقىشقا باشلىدى. سۇلايمان ئۇنىڭغا جاۋابەن گەپ قىلاي دەپ ئېغىزىنى ئۆمەللەپ تۇرۇشىغا سىرتتىن بىرنەچچە خەنزۇنىڭ خېنەن شىۋىسىدە قىلىشقان گەپلىرى ۋە كۈلكە - چاقچاقلىرى ئاڭلاندى. سۇلايمان دەرھال دېرىزىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، پەردىنىڭ ئارىسىدىن تالاغا قارىدى:

— مۇشۇ كۈلىلىقلارزە كارامەت تىرىشچان خەقكەن جۇمۇ! مانا، قاغا پوق يېمەستىلا ھارۋىلىرىنى ئىتتىرىشىپ مېڭىپتۇ.

— كۆكتاتچىلارمىكەن؟ — دەپ سورىدى ئاسىيە ۋە دەرھاللا تامدىكى سائەتكە قارىدى، — ۋىيەي، سائەت ئەمدى تۆت

بوپتۇ، قاراڭغۇ-ماراڭغۇدىلا تىرىكچىلىك قىلغىلى مېڭىپتۇدە بىچارىلەر ئادەمنىڭ ئىچىنى ئاغرىتىپ...!

سۇلايمان كارىۋاتنىڭ لېۋىگە كېلىپ ئولتۇردى:

— بىچارىلەر، دەپ كەتكىنىڭنى سېنىڭ! ھەي، ساڭا دېسەمچۇ، ئۇلار سېنىڭ بىلەن مەندەكتىن نەچچىنى سېتىۋالىدۇ، بىلەمسەن؟

ئاسىيە سۇلايماننىڭ گەپلىرىگە جاۋابەن بېشىنى بوشقىنە لىڭشىتىپ قويۇپ كارىۋاتتىن ئىتتىك چۈشتى-دە، سىرتقا چىقىپ كەتتى. سۇلايمان ئۇنىڭ بامداتقا تاھارەت ئالغىلى چىقىپ كەتكەنلىكىنى بىلەتتى. ئاسىيە تاھارەت ئېلىپ كىرىپ ئىشكاپتىن جايىنامازنى ئېلىپ گىلەمنىڭ ئۈستىگە سالدى، بېشىغا ئۈچبۇرجەك قاتلانغان يوغان ئاق رومالنىڭ ئىككى ئۇچىنى مەيدىسىدىن ساڭگىلىپ ئارتتى، ئاندىن قىبلىگە يۈزلىنىپ تۇرۇپ نامازنى باشلىدى...

سۇلايمان ئاسىيەگە قارىغىنىچە كارىۋاتنىڭ لېۋىدە خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى.

* * *

كېسەلخانىدىكى زۆھرەنىڭ يېنىدا پولات بىلەن شەرىپە قالدى. خالىي قالغاندا قېرىنداشلىرىغا يۈرەك سۆزىنى ئېيتماقچى بولغان زۆھرە پولاتقا قارىدى:

— نېمىشقىدۇر، يېقىندىن بۇيان بۇرنۇم بەكلا قانايدىغان بولۇپ كەتتى، كۆندىن-كۈنگە ماغدۇرسىزلىنىپ كېتىۋاتىمەن... راست گەپنى دېسەم، مەن ئاق قان كېسىلىدىن گۇمان قىلىۋاتىمەن، بىراق دوختۇر تۆمۈر كەملىكتىن بولغان قان ئازلىق كېسىلى دەۋاتىدۇ. دوختۇر مېنى ئالداۋاتقاندەك قىلىدۇ... ئويلاپ باقمامسىلەر، قان ئازلىق كېسىلى بولۇپ قالغان ئادەمنى شۇنچە

ئۇزۇن دوختۇرخانىدا ياتقۇزۇۋالامدۇ؟ ھەي... ئىشقىلىپ، چوقۇم بىر گەپ بار...

— نەدىكى گەپنى قىلىۋاتىسەن؟ — دېدى پولات دەرھاللا، — مەن دوختۇر بىلەن جىق پاراڭلىشىپ باقتىم، ماڭىمۇ شۇنداق دېدى، ئۇنداق نېرى-بېرى خىياللارنى قىلماي خاتىرجەم داۋالانغىن، بولامدۇ؟ — پولاتنىڭ ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ تۇراتتى، لېكىن ئۇ بۇ بىتەلەي سىڭلىسىنىڭ ئالدىدا چاندۇرۇپ قويسا بولمايتتى.

پولات بىلەن شەرىپە دوختۇرخانىدىن ناھايىتى كەچ قايتتى.

— مۇنداق قىلساقچۇ، ئاكا، — دېدى شەرىپە يولدا كېتىۋېتىپ تۇيۇقسىزلا، — زۆھرەگە يىلىك كۆچۈرسەك قانداق بولار؟ ئىككىمىزنىڭ قان تىپى ئوخشايدۇ، مېنىڭ يىلىكىمنى كۆچۈرسە چوقۇم خىل كېلىدۇ.

پولات ئېغىر خورسىندى:

— مەن دوختۇرنىڭ ئاغزىدىن بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلىغان چاغدىلا بايا سەن دېگەن گەپنى ئۇنىڭغا دەپ باققان، ئۇمۇ: «ئويلىشىپ باقساق بولغۇدەك» دېگەنىدى، ئىشقىلىپ، بۇ ئىشنى كۆرمىگۈچە ئويلىغاندىمەن...

— راستتىنلا شۇنداق بولسىغۇ زۆھرەنىڭ كېسىلىنى ساقايتىۋالالايتتۇق... — شەرىپەنىڭ چىرايىغا دەرھال كۈلكە يۈگۈردى. ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن زۆھرەنى داۋالىغان مەسئۇل دوختۇر سۇلايمان بىلەن پولاتنى ئىشخانىسىغا چاقىرتتى.

— بىمارغا يىلىك كۆچۈرۈشنى قارار قىلدۇق، — دېدى دوختۇر ئۇلارغا، — بۇنىڭدا يېقىن تۇغقانلار، بولۇپمۇ قېرىنداشلارنىڭ خىل كېلىدىغان يىلىكىنى كۆچۈرگەندە بىمارنىڭ شىپا تېپىشى شۇنچە تېز بولىدۇ.

پولات سىڭلىسىغا يىلىك تەقدىم قىلىدىغانلىقىنى دوختۇرغا

شۇ يەردىلا ئېيتتى. ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن دوختۇرلار پولات بىلەن شەرىپەنى تەكشۈرۈپ ئاخىرى زۆھرەگە پەقەت شەرىپەنىڭ يىلىكى خىل كېلىدىغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىقتى.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ خۇشلۇقىدا بېشى ئاسمانغا يەتكەن شەرىپە نېمە قىلارىنى بىلەلمەي ئېتىلىپ باردى-دە، ھېلىقى مەسئۇل دوختۇرنى قۇچاقلاپ بىرنى سۆيۈۋالدى. شەرىپەنىڭ بۇ ئىشىدىن يۈزلىرى قۇلاقلىرىغا قىزىرىپ كەتكەن دوختۇر ئاستا ئورنىدىن تۇردى، ئەمما ئۇ شەرىپەنىڭ شۇ تاپتىكى خۇشلۇقىنى چۈشىنىدىغان بولغاچقا بۇنىڭغا خاپا بولۇپمۇ كەتمىدى، ئەكسىچە ئۇنىڭغا چاقچاق قىلدى:

— ھەرنېمە بولسا تەلىيىڭىز باركەن جۇمۇ، بۈگۈن ئايالىم دەم ئالغانىدى، ناۋادا ئۇ بايىقى ئىشىڭىزنى كۆرۈپ قالغان بولسا چاچلىرىڭىزنى يۇلۇۋېتەتتى... ھا... ھا...!

— ئايالىڭىزمۇ مۇشۇ يەردە ئىشلەمدۇ؟ كىم بولغىيتتى؟!

— سىز چوقۇم كۆرگەن، قان كېسەللىكلىرى بۆلۈمىنىڭ سېستراسى.

دوختۇرنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلىغان شەرىپە بىردەم تۇرۇپ قېلىپ تۇيۇقسىزلا قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى:

— ھە، ئېسىمگە كەلدى، ھېلىقى ئۇزۇنتۇرا سېسترا شۇمۇ؟ راستتىنلا تەلىيىم باركەن، ناۋادا ئۇ كۆرۈپ قالغان بولسىزە، مەندەك پەتەكنىڭ ۋەتۋەرىكىنى چىقىرىۋېتەركەن...

## 56

خىل كېلىدىغان يىلىكنىڭ ئۆز ئىچىدىن چىققىنى سۇلايمان ئائىلىسىدىكىلەرنى بەكمۇ خۇشال قىلدى، ئەمما ئويلىمىغان يەردىن چىققان يەنە بىر ئىش ئۇلارنى قىيناشقا باشلىدى.

چۈنكى، يىلىك كۆچۈرۈش ئوپېراتسىيىسى ئۈچۈن ئىككى يۈز نەچچە مىڭ يۈەن پۇل كېتەتتى. بۇ پۇلنى نەدىن غەملىگۈلۈك؟

تېزرەك پۇلنىڭ ئورنىنى قىلىش ئۈچۈن سۇلايمان بۇرۇن ئېلىپ قويغان توقسان مىڭ يۈەنلىك پاي چېكىنى ئەللىك بەش مىڭ يۈەنگە ساتتى. پولات بىلەن شەرىپە ئىككىسى ئۆيلىرىنىڭ بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىنى ئاختۇرۇپ يۈرۈپ قىرىق مىڭ يۈەندەك پۇلنىڭ ئورنىنى قىلدى. ئامانمۇ ئۆزىنىڭ ئەللىك مىڭ يۈەن ئامانەت پۇلىنى ئاپىسىدىن خۇپىيانە ئەكېلىپ بەردى. سۇلايمان دەرھال تىلخەتتىن بىرنى يېزىپ ئامانىنىڭ ئۇنىمغىنىغا قارىماي ئۇنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ قويدى. پۇلنىڭ يەنە كەملەيدىغانلىقىنى پەملىگەن سۇلايمان سۇغۇرتا شىركىتىگە: «سۇغۇرتىدىن بېرىلىدىغان تۆلەمنىڭ بىر قىسمىنى ئالدىنئالا بېرىپ تۇرۇشقا بولارمۇ؟» دەپ تېلېفون قىلدى. لېكىن ئۇلار: «سۇغۇرتا تۆلىمى دوختۇرخانىغا تۆلەنگەن پۇلنىڭ تالونىغا قاراپ نىسبەت بويىچە بېرىلىدۇ، ئالدىن چىقىم قىلىشقا بولمايدۇ» دەپ ئۇنىمىدى. قارىغاندا كەملىگەن پۇلنى ئۆزلىرى ھەل قىلمىسا بولمايتتى. سۇلايمان تۇرۇپلا ھېلىقى قىرىق مىڭ يۈەننى ئون نەچچە كۈنىنىڭ ئالدىدا لەيلىگە بېرىپ تۇرغانلىقىغا سەل پۇشايمان قىلىپ قالدى. شۇ ئەمەسمۇ؟ جانغا تىكىلىپ كەلگەن بۇ ئىشنىڭ ئالدىدا ئۆي دېگەن نېمىدى ئۇ! بىراق، ھازىر «ھېلىقى پۇلنى قايتۇرۇپ بەرگىن» دېسە قانداق بولار؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە لەيلى ئۇ پۇلنى ئاللىقاچان تاپشۇرۇپ بولدى-دە! سۇلايمان تۇيۇقسىزلا ئەسئەد بوۋايغا بەرگەن ھېلىقى پۇللارنى ئېسىگە ئالدى. «ئۇ پۇلنى تىلغا ئالسام ھەرگىز بولمايدۇ!» دېدى ئۇ ئۆز-ئۆزىگە دەرھاللا. ئوپېراتسىيە ۋاقتىمۇ يېقىنلىشىپ قالدى، بۇ ئىشنى ئەمدى زۆھرەگە دېمەي بولمايتتى.

بۈگۈن سۇلايمان بىلەن پولات زۆھرەنىڭ يېنىغا ئەتىگەندىلا

يىتىپ كەلدى. پولات زۆھرەگە ئەھۋالنى ئېيتتى. سۇلايمان زۆھرەنىڭ چىرايىغا سەپسالدى ۋە زۆھرەنىڭ ھېلىقى كۈنى ھالسىزلىنىپ يىقىلىپ چۈشكەن چاغدىكى ھالىتى دەرھال سۇلايماننىڭ كۆز ئالدىغا كەلدى. لېكىن، زۆھرە ئويلىمىغان يەردىن ئىشنىڭ ئۇجۇر-بۇجۇرىنى ئاللىقاچان ئۇقۇپ، كۆڭلىنى تۈرغۈزۈپ بولغاندەك ناھايىتى تەمكىن ئولتۇراتتى. بۇنى كۆرگەن سۇلايمان «ئۇھ» دەپ چوڭقۇر نەپەس ئالدى. زۆھرە دەرھال يېنىدىن بىر چەكنى چىقىرىپ ئاتىسىغا بەردى. سۇلايمان چەكنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. ئۇنىڭدا ئون ئىككى مىڭ يۈەن پۇل بار ئىدى. شۇنداق ئەمەسمۇ؟ ئايدا ئاران بىر مىڭ بەش يۈز يۈەن مائاش ئالىدىغان بىر قىزنىڭ ئىككى يىل ئىچىدە ئون ئىككى مىڭ يۈەن يىغالىشى ئاسان ئەمەس-دە! بىراق ئوپېراتسىيە ھەققى يەنە ئوتتۇز نەچچە مىڭ يۈەن كەملەيتتى. سۇلايمان، پولات ۋە شەرىپەنىڭ يەنە بېشى قاتقىلى تۇردى. شەرىپە تۇيۇقسىزلا سۇلايماننىڭ بىر چاغلاردا پاي چېكى ساتقان قىرىق نەچچە مىڭ يۈەن پۇلنى ئامانەت قويۇپ قويغانلىقى يادىغا كېلىپ قالدى. ئۇ: «ئاتام بۇ پۇلنىڭ بارلىقىنى ئۇنتۇپ قالغان بولسا كېرەك» دەپ ئويلىغانىدى. شۇڭا ئۇ دەرھاللا سۇلايماندىن سورىدى:

ــ ئاتا، ئېسىڭىزدە يوقمۇ؟ سەن ھېلىقى چاغدا پاي چېكى ساتقاندا مەن بىللە بارغانىدىم شۇ چاغدا قىرىق نەچچە مىڭ يۈەننى ئامانەت قويۇۋەتكەنىدىڭ... مەن ساڭا ئىككى خىل يېڭى پاينىڭ بازىرى ئوبدانىدەك تۇرىدۇ، بۇ پۇلغا شۇنىڭدىن ئېلىپ قويغىن، دېسەم، سەن جىددىي پۇل لازىم بولغاندا ئىشلىتىمىز، نەق پۇل پېتى تۇرۇپ تۇرسۇن، دەپ ئۇنىمىغانىدىڭ؛ ئېھتىمال ئېسىڭدىن كۆتۈرۈلۈپ قالغان ئوخشايدۇ-ھە! ــ شەرىپە ھاياجانلىنىپ سۆزلەيتتى. بۇ گەپنى ئاڭلىغان پولاتنىڭ يۈزىمۇ «ۋىللىدە» ئېچىلدى. بىراق سۇلايمان يەنە غەمدە ئىدى.

— نە... نەدىكى گەپنى قىلىۋاتىسەن، قىزىم! — دېدى سۇلايمان دۇدۇقلاپ تۇرۇپ، — ئۇ چاغدا مەن كىنىشكىدىكى پۇلنىڭ ھەممىسىگە پاي چېكى ئېلىۋەتكەن تۇرسام...

— ۋىيەي، ئاتا، قېرىپ ئۇ دەرىجىگە بېرىپ قالمىدىڭ جۇمۇ! ئۆزىنىڭ قانچە تۇمەن پۇلى بارلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ قالىدىغانغا... ئېسىمدە ھازىرقىدەكلا تۇرۇپتۇ... ئىشەنمىسەڭ كارتىڭنى بەرگىن، مەن بانكىغا بېرىپ ئېنىقلاپ كېلەي! گېپىمگە ئىشەنگىنە... دېگەنلىرىم ھەرگىز خاتا ئەمەس...!

شەرىپە سۆزلىگەنسېرى سۇلايماننىڭ جۇدۇنى تۇتقىلى تۇردى. ئۇ شەرىپەگە قاپاقلىرىنى تۈرۈپ تۇرۇپ قارىدى:

— كارتىدا پۇل يوق دەپ تۇرسام ئىشەنمەيۋاتىسەن، سەن بالىنىزە...!

سۇلايمان بىلەن شەرىپەنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ھاڭۋېقىپلا قالغان پولات ھېلى ئاتىسىغا، ھېلى سىڭلىسىغا تەئەججۇپ بىلەن قارايتتى. ئارىنى بىردەم جىمجىتلىق باستى. ئاڭغىچە ئاسىيە پەتنۇستا چاي ئەكىردى. ئاسىيەنىڭ كىرىپ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن شەرىپەنىڭ كاللىسىغا تۇيۇقسىزلا بىر ئىش كەلدى. بىر چاغدا ئاسىيە ئۇنىڭغا لەيلىنىڭ گېپىنى قىلغاچ: «لەيلى ئۆزىنىڭ ئۆيى بولمىغاچقا ھازىرغىچە خەقنىڭ ئۆيىنى ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرۇۋاتىدۇ» دېگەنىدى.

«ئۇ پۇلنى ئاتام يا...؟ — دېگەن ئويغا كەلدى شەرىپە ئۆز خىيالىدا ئىشتىن پۇتاق چىقىرىپ كۆرمەكچى بولدى، لېكىن ئۇ بۇ خىيالىدىن دەرھاللا ياندى، — ياقاي، ئاتام ھەرقانچە ئاق كۆڭۈل بولسىمۇ، قان-تەرى بەدىلىگە كەلگەن پۇلنى ئاتام كۆرمىگەن،ئاپام كۆرمىگەن بىر نېمىلەرگە بېرىۋەتمەس!»

ئۇ بۇ ئويىنى سۇلايماندىن ئۇدۇللا سوراپ باقماقچى بولدى، لېكىن سۇلايماننىڭ «خىيالىڭغا كەلگەننىلا گەپنى قىلىدىكەنسەن» دەپ تېرىكىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ ئاغزىنىڭ

ئۇچىغا كېلىپ قالغان گېپىنى يۇتۇۋەتتى. ئاسىيە بۇ ئاتا ـ بالا ئۇچىنىڭ ئۆزىنى كۆرۈپلا جىمىپ كەتكەنلىكىگە قاراپ دەرھال ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ چىقىپ كەتتى. سۇلايمان ئاسىيە چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئىككى بالىسىغا مەنىلىك قارىدى:

— پۇلدىن قىسىلىۋاتقانلىقىمىزنى ئاسىيە ئۇقماي تۇرسۇن ـ ھە!

— نېمىشقا ئەمدى؟ بىز يا ئوغرىلىق قىلىۋاتمىساق، ئۇ ئۇققانغا نېمە بولاتتى؟ — دەپ سورىدى شەرىپە دەرھاللا.

شەرىپەنىڭ بۇ گېپىدىن سەل دەككە ـ دۈككىگە چۈشۈپ قالغان سۇلايمان:

— ئۇقمىسۇن دېگەندىكىن ئۇقمىسۇن! — دېدى گەپنى كېسىپلا.

— ئۇنى «ئوڭايسىزلىنىپ قالامدىكىن» دەۋاتامسەن، ئاتا؟ — بايىقى پەرىزىنىڭ توغرىلىقىغا كۆزى يەتكەن شەرىپە نىيىتىنى ئەگىتىپ ئېيتتى. دېگەندەكلا سۇلايمانمۇ شەرىپەنىڭ بۇ گېپى بىلەن تەڭلا ئۆڭۈپ كەتتى، لېكىن يەنە دەرھاللا ئۆزىنى ئوڭشاپ:

— نېمە بولىدى؟ يەنە ئۇنىڭ بىلەن گەپ تالىشاي دەمسەن؟ — دەپ سورىدى سۇلايمان تەرىنى تۈرۈپ تۇرۇپ.

— مەن نېمىشقا ئۇنىڭ بىلەن گەپ تالاشقۇدەكمەن، سەنمۇ ئۆزۈڭچىلا خۇدۈكسىرىگەندەك قايناپ كېتىدىكەنسەن! — قارىغاندا شەرىپە بوش كەلمەيدىغاندەك قىلاتتى. ئۆز ئاغزىدىن تۇتۇلۇپ قالغانلىقىغا كۆزى يەتكەن سۇلايمان باشقا گەپ قىلماي جىم ئولتۇرۇۋالدى.

— بولدى قىلسىنا، شەرىپە، — دېدى ئاتىسى بىلەن سىڭلىسىنىڭ يەنە گەپ تالىشىپ قېلىۋاتقانلىقىغا ئاچچىقى كەلگەن پولات شەرىپەگە قاراپ تۇرۇپ، — ساڭا نېمە دېسە بولار...؟ ھازىر ھەممىدىن مۇھىمى زۆھرەنىڭ كېسىلى،

بىلەمسەن؟ نەدىكى بىر گەپلەردىن پۇتاق چىقىرىپلا تۇرىدىكەنسەن!

—مەن نەدە پۇتاق چىقىرىپتىمەن؟ سەن ئۇقمىغاندىكىن شالىڭنى چاچماي ئولتۇرۇۋەرگىنە! مەنمۇ شۇ زۆھرەنىڭ كېسىلىنى داۋالىتىشقا ئالدىراپ كېتىۋاتىمەنغۇ! پۇلنى تېزرەك ھەل قىلايلى، دەپ تىتىلداپ كېتىۋاتقاچقا مۇشۇ گەپلەرنى قىلىۋاتىمەن، بىلەمسەن؟ —شەرىپە قايناپ سۆزلىگىلى تۇردى.

ئاشخانىدا تۇرۇپ شەرىپەنىڭ ۋالاقلاپ سۆزلەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان ئاسىيە ئۇنى ئاتىسى بىلەن گەپ تالىشىۋاتقان بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدى. ئۇ سۇلايماننى يەنە ئاچچىق يۇتۇۋېلىپ ئاغرىپ قالارمىكىن، دەپ ئەنسىرەپ ئىتتىك مېھمانخانىغا چىقتى. ئاسىيەنىڭ يۈگۈرۈپ چىققانلىقىنى كۆرگەن سۇلايماننىڭ ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۆرلىدى.

—ساڭا نېمە بار بۇ يەردە؟ —دەپ ۋارقىرىدى ئۇ ئاسىيەگە غەزەپ بىلەن، —تاماشا كۆرەي دەمسەن؟ ماڭ، يوقال!

«ئاتا-بالا ئىككىسىنى ياخشى قىلىمەن» دەپ چىقىپ دەشنەم يەپ قالغان ئاسىيەنىڭ كۆڭلى بەكمۇ بۇزۇلدى. ئۇ دەيدىغاننى دەپ، قورساق كۆپۈكىنى چىقىرىۋالماقچى بولدىيۇ، لېكىن يەنە ئۆزىنى بېسىۋېلىپ لەۋلىرىنى چىشلىدى. ئۇ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپلا ھۇجرىغا قاراپ ماڭدى. ئاسىيە ئىككى-ئۈچ قەدەم ماڭە-ماڭمايلا شەرىپە يەنە سۆزلىگىلى تۇردى:

—ئاكا، كۆردۈڭمۇ؟ دېسەم-دېمىسەم ئاتام ئۇ پۇلنى مۇشۇ خوتۇنغا بېرىۋەتكەن گەپ... ئۇنىڭ چوڭ قىزى ئۆي ئالىدىغان چاغدا پۇلدىن قىسىلىپ قاپتۇكەندۇق!

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان ئاسىيەنىڭ قۇلاقلىرى تويۇقسىز غوڭۇلداپ ئارقىسىغا «تىرىڭڭىدە» ئۈچۈپ كەتكىلى تاس قالدى. ئۇنىڭ يۈرەكلىرى دۈپۈلدەپ سوقۇپ، بېشى قېيىپ كېتىۋاتاتتى. شۇڭا ئۇ ھۇجرىغا مىڭ تەسلىكتە كىرىپ ئۆزىنى

كارىۋاتقا ئېتىۋەتتى. نەپىسى سىقىلىپ، ئۆپكىسى ھېلىلا ئاغزىدىن ئېتىلىپ چىقىدىغاندەك قىيىنىلىپ كېتىۋاتقان ئاسىيە ئۇن سېلىپ يىغلاپ يۈرىكىدىكى چەكسىز پىغاننى چىقىرىۋالماقچى بولدى، ئەمما ھەرقانچە قىلىپمۇ يىغلىيالمىدى، پەقەت كۆز ياشلىرى توختاۋسىز تاراملايتتى. ئاسىيە بىرھازاغىچە ئاشۇنداق يېتىپ كەتتى. «قانداق قىلارمەن؟ لەيلىدىن ھېلىقى پۇلنى ئەكېلەيمۇ -يە؟ بىراق ئۇ ئاللىقاچان تاپشۇرۇۋەتكەن تۇرسا!...» ئاسىيەنىڭ كۆزلىرى قاراڭغۇلاشتى، ئۇ چېكى تۇگۈلگەن مۇشتۇملىرى بىلەن بېشىغا كۈچىنىڭ بارىچە ئۇراتتى. ئۇ ئۆزىگە، تەقدىرىگە، بۇ تەڭسىز دۇنياغا نەپرەتلەنگۈسى كېلەتتى.

قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن، ئاسىيە شۇ خامۇشلىنىپ ياتقىنىچە بىر چاغلاردا ئۇيقۇغا كەتتى. ئاڭغىچە سۇلايمان تۇيۇقسىز كىرىپ كەلدى. ئاسىيە دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ياشلىرىنى سۈرتتى:

— پولات بىلەن شەرىپەچۇ؟

— پولات ئۆيىگە ماڭدى، شەرىپە دوختۇرخانىغا كەتتى، — دەپ جاۋاب بەردى سۇلايمان پەس ئاۋازدا. سۇلايمان ئاستا كېلىپ كارىۋاتنىڭ لېۋىدە ئولتۇردى.

— بۇنداق بولارىنى بالدۇرراق بىلگەن بولسام ھېلىقى پۇلنى لەيلىگە بېرىپ تۇرماسكەنمەن، ئىسىت، — دېدى ئاسىيە قاتتىق ئوڭايسىزلىق ئىچىدە، — سىلىنىڭ قىسىنچىلىقتا قېلىۋاتقانلىقلىرىنى كۆرۈپ يۈرىكىم بەكمۇ ئېچىشىپ كېتىۋاتىدۇ... ئالدىلىرىدا بەكمۇ خىجىلمەن... مېنى كەچۈرسىلە...!

— سەن نېمىگە خىجىل بولاتتىڭ، باللار ئۇ ئىشنى ئۇقمايدۇ، — دېدى سۇلايمان.

— مەندىن يوشۇرمىسىلا، بايا شەرىپەنىڭ گەپلىرىنى

ئاڭلىدىم!

سۇلايمان ئەسلىدە بايا باللارنىڭ يۈزىدىلا ئۇنى سەتلەپ ھەيدىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ئەپۇ سوراش نىيىتىدە كىرگەنىدى، لېكىن نېمە دېيىشنى بىلەلمەيۋاتاتتى. دېمىسىمۇ، ئۇ ھەددىدىن زىيادە چارچاپ، دەرماندىن كېتىپ قېلىۋاتاتتى. ئۇ كىيىملىرىنى سالمايلا كارىۋاتقا چىقىپ يېتىپ، ھايال ئۆتمەي ئۇخلاپ قالدى. سۇلايمان ئەتىسى ئورنىدىن تۇرۇپلا زۆھرەگە تېلېفون قىلىپ ئۇنىڭ ھالىنى سورىدى ۋە بۈگۈن كۈندۈزى شەرىپەنىڭ بېرىپ قارايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۆزى بولسا تېلېفوننى قويۇپلا ناشتىمۇ قىلماي تالاغا ماڭدى. ئاسىيە ئۇنىڭدىن نەگە ماڭغانلىقىنى سورىۋىدى، ئۇ «ئىچىم بەك پۇشۇپ كەتتى، ئايلىنىپ كىرەي» دېگەن گەپنى قىلدى.

ئەسلىدە ئۇ كەملىگەن پۇلنىڭ ئورنىنى قىلىشقا ماڭغانىدى. تۈنۈگۈن كەچتە ئۇ ئاۋۋال ئاخشامدا ئازراق ئۇخلىغىنى بىلەن، تۈن نىسپىدە ئويغىنىپ كېتىپ پەقەتلا ئۇخلىيالمىدى، بېقىنىدا ياتقان ئاسىيەنى ئويغىتىۋەتمەي دەپ، تاڭ ئاتقۇچە مىدىر-سىدىر قىلماي زورىغا ياتتى. سۇلايمان ئۇيقۇسى قاچقانسېرى تورۇستىكى ئاسما چىراغنىڭ لامپۇچكىلىرىنى بىر-بىرلەپ ساناپ باقتى، لېكىن ساناق سانىغانسېرى ئۇنىڭ ئۇيقۇسى ئېچىلىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇيقۇسى قاچقانسېرى زۆھرەنىڭ زەپىراندەك تاتىراڭغۇ چىرايى ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كېلىۋالاتتى. تۇرۇپلا ئۇنىڭ خىيالى كەملىگەن ھېلىقى قىرىق مىڭ يۈەن پۇلغا كەتتى: «ھەي... بۇ ئىش سەۋەبىدىن شەرىپە يەنە ئاسىيە بىلەن جېدەللىشىپ قالارمۇ؟!»

سۇلايمان كېچىچە تۈزۈكرەك ئۇخلىيالمىغاچقا كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ بېشى قېيىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ تاكسىغا بېرىدىغان ئون يۈەنگە كۆزى قىيماي، ئىككى ئاپتوبۇس ئالمىشىپ سائەت توققۇزدىن ئاشقاندا ھاشىمنىڭ ئۆيىگە مىڭ تەسلىكتە يېتىپ

باردى. ئۆيدە ھاشىم ئەر-خوتۇن ئىككىسى بار ئىدى. سۇلايمان كېلىشىتىكى مەقسىتىنى دېۋىدى، نېمىشقىدۇر بۇ ئەر-خوتۇنلارنىڭ چىرايى بىرقىسىملا بولۇپ قالدى. ئۇلار گەپ قىلماي ئولتۇراتتى. بىرھازا ئىمتاسلىقتىن كېيىن سۇلايمان يانماقچى بولۇپ ئورنىدىن تۇردى، بۇ چاغدا ھاشىم ئىشىك تۈۋىگە بېرىپ بولغان سۇلايماننى چاقىردى.

— زۆھرە قىز ئالدىمىزدا ئويناپ چوڭ بولغان بالا ئىدى، — دېدى ھاشىم خوتۇنى بىلەن كۆز بېقىشىپ تۇرۇپ، — ئېغىر كېسەل بولۇپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ يۈرىكىمىز چىدىمايلا قېلىۋاتىدۇ، شۇنچە يىللار ئاغىنە بولۇپ بىر نان تاپساق تەڭ يەپ دېگەندەك ئۆتتۇقتىمىز، شۇڭا بېشىڭغا كۈن چۈشكەندە ياردەم قىلسام ياخشى بولاتتى، بىراق شۇ... يانچۇق قۇرۇق دېگىنە، ئاداش! بانكىدا ئىشلەيدىغان بالامنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ بىر يۈز يىگىرمە مىڭ يۈەن پۇلنى يۆتكەپ ئىشلىتىپ قويغانلىقىنى بىلىسەن، «شۇ گۈينى قاماقتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالىمەن» دەپ ئەسلى-ۋەسلىمنىڭ ھەممىسىنى سېلىپ بەردىم ئەمەسمۇ...

— ھەي... بۇ دۇنيادىن بالا دەپلا ئۆتىدىكەنمىز، ئاداش، — دېدى ھاشىمنىڭ دەردىنى ئاڭلاپ كۆڭلى بىرقىسما بولۇپ قالغان سۇلايمان، — بالىلارنى كۆز قارىچۇقىمىزدەك كۆرىدىكەنمىز، ئۇلارنىڭ ھال-كۈنى ياخشىلىنىپ قالسا خۇشاللىقتىن ئاغزىمىز قۇلىقىمىزغا يېتىدىكەن، ئۇلارنىڭ بېشىغا كۈن چۈشۈپ قالغۇدەك بولسا ئۇلاردىنمۇ ئۆتە ئازابقا قالىدىكەنمىز. كۆڭلۈڭنى چۈشىنىمەن، ئاداش! — ئۇ تالاغا قاراپ ماڭدى. بۇنى كۆرگەن ھاشىم سۇلايماننىڭ بىلىكىدىن تۇتۇۋالدى:

— مۇشۇ ئالدىراقسانلىقىڭنىزە سېنىڭ...! بىردەم ئولتۇرغىنە، ساڭا دەپ بېرىدىغان نۇرغۇن گەپلىرىم بار تېخى!

— سەن بىلەن مۇڭداشقىلى كېيىن كېلەي، — دېدى

سۇلايمان ھاشىمنىڭ بۇ گېپىدىن سەل رەنجىگەندەك قىلىپ، — ساڭا تاغدەك ئىشىنىپ كەلگەنىدىم، بىراق سەندىن پۇل چىقمىدى. ئەمدى باشقا ئامال تاپمىسام بولمايدۇ، قىزىم دوختۇرخانىدا ماڭا قاراپ ياتىدۇ...

دەل شۇ چاغدا ھاشىمنىڭ خوتۇنى ئىچكەركى ئۆيگە يۈگۈرۈپ كىرىپ كېتىپ بىر كونۋېرتنى ئاچىقىپ ھاشىمغا بەردى. ھاشىم ئۇ كونۋېرتنى ئېلىپ سۇلايماننىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ:

— بەك سەت بولدى، ئاداش! ئۆيدە بارى مۇشۇ بەش مىڭ يۈەن ئىكەن، ئازراق بولسىمۇ ئەمدى...

— رەھمەت ساڭا، بۇ پۇلۇڭنى پات ئارىدا قايتۇرۇۋېتىمەن، — دېدى سۇلايمان ۋە ھاشىمنىڭ قولىدىكى كونۋېرتنى نېزىقاپ ئولتۇرمايلا ئېلىپ يانچۇقىغا سالدى.

غەمنىڭ دەستىدىن مۈكچىيىپ كەتكەن سۇلايمان يولدا ئاستا كېتىۋاتاتتى. تۇيۇقسىز كەلگەن خورلۇق تۇيغۇسى ئۇنىڭ يۈرەك - باغرىنى چىدىغۇسىز ئۆرتەشكە باشلىدى. شۇنداق ئەمەسمۇ! سۇلايمان ئاغزىغا چىش چىققاندىن تارتىپ ھازىرغىچە بىرەرىگە ھاجىتى چۈشۈپ باقمىغانىدى، بۈگۈنكىدەك يېلىنىپ بېشىغا كەلگەن تاغدەك دەرد - ئەلەملەرنىمۇ چىشىنى چىشلەپ تۇرۇپ ئۆتكۈزۈۋەتكەنىدى. ئەمما، بۈگۈن ئۆزىنىڭ بىر ئۆمۈر ئەمەل قىلىپ كەلگەن ياشاش پرىنسىپىنى بۇزۇپ ھاشىمدىن ياردەم تىلەپ باردى. سۇلايمان بۇنىڭغا پۇشايمان قىلمايدۇ، چۈنكى ئۇ يۈرەك پارىسى ئۈچۈن جان بېرىشكە تەييار كۆيۈمچان ئاتا ئىدى. قىزىق ئىش، بۇ خىياللار نېمىشقىدۇر سۇلايماننىڭ بايىقى خورسىنىشلىرىنى ئاللىقاياقلارغا ئۇچۇرۇۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن جىسمى يەڭگىللەپ قالغاندەك بولغان سۇلايمان ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلىدى: «ئەمدى يەنە كىمدىن سوراپ باقسام بولار؟!»

ئۇ ئۆيگە كەلگەندە چىڭقىچۈش بولغانىدى. ئەمما ئاسىيە ئۆيدە يوق ئىدى. سۇلايمان ئۇنى بازارغا كۆكتاتقا چىقىپ كەتكەن ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدى. ئىشىكنى ئالدىغا كېلە-كەلمەيلا قورسىقى ئېچىپ كوركىراپ كەتكەن سۇلايمان كارىۋاتقا چىقىپ خېلىغىچە يېتىپ باقتى، لېكىن ئاسىيەنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى.

«ۋۇي، كۆكتات دۇكىنى بىنانىڭ ئاستىدىلا تۇرسا، — دەپ ئويلىدى سۇلايمان، — ئۇن مىنۇتتا چىقىپ كىرگىلى بولىدىغان يەرگە مۇشۇنداقمۇ يوقاپ كەتكەن بارمۇ؟ قارىغاندا، كۆكتاتقا چىقمىغان ئوخشايدۇ؟ ھەي... ئاخشامنىڭياقى ئۇنىڭغا چىرايىمنى ئاچمىدىم، ئۇنىڭ ئۇستىگە بالىلارنىڭ ئالدىدا سەتلەپ قويدۇم. ئەتىگەن مېنى دەپ تەييارلىغان ناشتىلىقىنىمۇ قارىماي چىقىپ كەتتىم... قارىغاندا، مەندىن رەنجىپتۇ-دە، ھەي...»

كۆڭلى سەل دەككە-دۈككىگە چۈشۈپ قالغان سۇلايمان گويا پۈتى كۆيگەن توخۇدەك ئۆينىڭ ئىچىدە ئۇياقتىن-بۇياققا توختىماي ماڭاتتى. شۇ ئارىلىقتا تۇيۇقسىز تېلېفون جىرىڭلاپ قالدى. «چوقۇم ئاسىيەدىن كەلگەن تېلېفون» دەپ ئويلىغان سۇلايمان ئىتتىك بېرىپ تېلېفوننى ئالدى، لېكىن تېلېفوننى شەرىپە قىلغانىدى.

— بۈگۈن ئەتىگەن زۆھرەنى يوقلاپ بولۇپ تىجارەت قىلىدىغان بىر دوستۇمنىڭ يېنىغا پۇل سوراپ بارغانىدىم، — دېدى شەرىپە تېلېفوندا، — ئۇ تىجارىتىمدىن زىيان چىقتى، دەپ بېرىپ تۇرغىلى ئۇنىمىدى، قارا! تاغدەك ئىشىنىپتىكەنمەن ئۇ ساراڭغا... ھاجىتىم چۈشكەندە «يوق» دەپ تۇرۇۋالدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا دەيدىغاننى دەپ ئۇجۇقتۇرۇۋەتتىم، تازا!

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان سۇلايماننىڭ غەزەپتىن پۈتۈن ئەزايى تىترەپ، شەرىپەنىڭ بۇ يولسىزلىقىغا دەسلەپتە قاتتىق خاپا بولدى، كېيىن بارا-بارا ئۇنىڭغا ئۆچلۈكى كەلگىلى تۇردى.

«ئاتا ـ ئانا ئۆز پۇشتىدىن تامغان بالىسىغا ئۆچلۈكى كەپتۇ» دېسە، بۇ ئەلۋەتتە قۇلاققا بۆلەكچىلا ئاڭلىنىدۇ، لېكىن سۇلايماننىڭ شەرىپەگە راستتىنلا ئۆچلۈكى كېلىۋاتاتتى، ھەتتا ئۇنىڭغا نەپرەتى قوزغىلىۋاتاتتى.

— ھەي شەرىپە... ھەي شەرىپە! — دېدى سۇلايمان بىر دەم گەپ قىلماي تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن ئۆزىنى تەستە بېسىپ، — مۇشۇ ئېلىشما كاللاڭ قاچانمۇ تۈزىلەر ـ ھە؟

«ئاتام دەردىمنى ئاڭلىسا كۆڭلۈمنى ياسايدىغان گەپلەرنى قىلار» دەپ ئويلىغان شەرىپە شۇئان سۇلايماننىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ گاڭگىراپلا قالدى:

— ۋۇي، ئاتا، نېمە بولدى ساڭا؟ بۇ نېمە دېگىنىڭ ئەمدى؟

— «نېمە دېگىنىڭ» دەپ مەندىن سوراۋاتامسەن تېخى؟ ھوي، خەقنىڭ پۇلى بارمۇ، يوقمۇ؟ تىجارەتتە زىيان تارتتىمۇ، پايدا ئالدىمۇ؟ سەن بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى؟ ساڭا پۇل بېرەمدۇ ـ بەرمەمدۇ، ئۇ دېگەن خەقنىڭ ئىشى تۇرسا، «ماڭا پۇل بېرىپ تۇرمىدىڭ» دەپمۇ ئۆكتەملىك قىلىپ خەقنىڭ زىتىغا تەگكىنىڭ نېمىسى ـ ھە؟ ئەجەبمۇ بىزار قىلدىڭغۇ مېنى! — غەزەپتىن ئۆزىنى باسالماي قالغان سۇلايمان شەرىپەگە تېلېفوندا ۋارقىراپ كەتتى. ئەمما، شەرىپە بۇرۇنقىغا قارىغاندا خېلىلا ئېغىر ـ بېسىق بولۇپ قالغانىدى. ئۇ سۇلايماننىڭ بۇ گەپلىرى ئۆچۈن باتناپ ھاپىلا ـ شاپىلا تېلېفوننى قويۇۋەتمىدى. ئەكسىچە پەس ئاۋازدا سىلىق ـ سىپايىلىك بىلەن:

— ئاتا، پەقەت ئاچچىقىمدا قىلىپ قويغان ئىشىمنى ساڭا دەپ بەردىم شۇ! بىراق سېنى بۇنچىۋالا تېرىكىپ كېتەر، دەپ ئويلىماپتىكەنمەن. مۇشۇ مىجەزىمنىڭ ئەسكىلىكىدىنمىغۇ ماڭا كۈندىن ـ كۈنگە ئۆچ بولۇپ كېتىۋاتىسەن. بىراق، بالا ئۆچۈن ئېيتقاندا، بۇ دۇنيادا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆچلۈكىنى كەلتۈرۈپ قويۇشتىنمۇ ئۆتە ئېغىر ئازاب بولمىسا كېرەك. مەن بۇ مىجەزىمنى

ئۆزگەرتەي، دەپ ھەرقانچە قىلىپ باقسامۇ، لېكىن مېنىڭ بۇ قان بىلەن كىرگەن خۇيۇم...

— نېمە؟ بۇ ئوسال مىجەزىم سەندىن ئۆدۈم قالغان، دەپ گۇناھنى ماڭا ئارتماقچىمۇ؟ — سۇلايمان شەرىپەنىڭ گېپىنى بۆلدى.

ئاتىسىنىڭ بۇ گەپلىرى شەرىپەگە بەكمۇ ئېغىر كەلدى، لېكىن ئۇ چىشىنى چىشلەپ تۇرۇپ، دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، ئاتىسىغا گەپ ياندۇرمىدى. بۇ ئۇنىڭ تىلى چىققاندىن بۇيان تۇنجى قېتىم ئۆزىنى بېسىۋېلىپ ئاتىسىنىڭ قىرتاق گەپلىرىگە سۈكۈت قىلىپ تۇرۇشى ئىدى. شەرىپەنىڭ گەپ قىلماي تۇرۇپ قالغانلىقىنى بايقىغان سۇلايماننىڭ تۇرۇپلا يۈرەكلىرى ئېچىشقىلى تۇردى. ئۇ قىزىغا قاتتىق گەپ قىلىپ قويغانلىقىغا پۇشايمان قىلىۋاتاتتى. دېمىسىمۇ، زۆھرەنىڭ جېنى قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىلىقىدا قالغان ھالقىلىق پەيتتە شەرىپە قېرىنداشلىقنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن «يىلىكىمنى تەقدىم قىلىمەن» دەپ مەيدىسىگە ئۇرۇپ چىقتى. ھەدىسىنىڭ ھەلەكچىلىكىدە ئۇ بىچارىمۇ كېچە-كۈندۈز كىرپىك قاقماي چارچاپ كەتكەنىدى. ئايال كىشى بەك چارچاپ كەتسىمۇ كەيپىياتى ئوسال بولۇپ قالىدۇ-دە! سۇلايمان بالىلارغا ئورۇنسىز ۋارقىراپ قويغان تەقدىردىمۇ ئۇلاردىن كەچۈرۈم سوراشقا ئالدىراپ كەتسە بولمايدۇ، دەپ ئويلايتتى. شۇڭا ئۇ بىردەم گەپ قىلالماي تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن تېلېفوننى ئاستا قويۇپ قويدى. ئۇ ئىككى قەدەم مېڭىشىغا تېلېفون يەنە جىرىڭلىدى. بۇ قېتىمقىسى پولاتتىن كەلگەن تېلېفون ئىدى.

— بىر ئاغىنەمگە يالۋۇرۇپ يۈرۈپ ئۈچ مىڭ يۈەن ھەل قىلدىم، — دېدى پولات.

— ھىم، ياخشى بوپتۇ، ھازىرچە يېنىڭغا سېلىپ قويۇپ تۇرغىن، مەن پەقەتلا ئامالىنى قىلالماي قالغاندا ئاندىن ئالاي!

سۇلايمان سائەتكە قارىدى، سائەت بىردىن ئاشقانىدى. سۇلايماننىڭ قورسىقى ئېچىپ ئۆتۈپ كەتكەچكە كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ، پۇتلىرى تىترەپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئاشخانىغا ئىتتىك كىرىپ توڭلاتقۇغا قاراپ باقتى. توڭلاتقۇدا قاچانلاردىندۇ ئېشىپ قالغان بىر تال قۇيماق تۇراتتى. سۇلايمان ئازراق سۇ قاينىتىپ چاي دەملىدى، ئاندىن توڭلاتقۇدىن ھېلىقى قاتتىق قۇيماقنى ئېلىپ چايغا چىلىدى-دە، ھەش-پەش دېگۈچە سوققۇۋەتتى. سۇلايمان بۇ ھالىتىگە قاراپ ئىچىدە كۈلگۈسى كەلدى: «ھەي، بۇ ئەپتىم كوچىدىكى تىلەمچىگىلا ئوخشاپ قالدى-ھە!»

## 57

ئەسلىدە ئاسىيەمۇ «پۇلنىڭ ئورنىنى قىلاي» دەپ چىقىپ كەتكەنىدى، چۈنكى ئۇمۇ كېچىنى كىرپىك قاقماي چىقارغانىدى. ئۇ سۇلايماننىڭ تورۇسقا قارىغىنىچە كىرپىك قاقماي ياتقانلىقىنى كېچىچە بىلىپ تۇردى. شۇڭا، بۇ ئاق كۆڭۈل ئېرىنى ئازراق بولسىمۇ «غەمدىن خالاس قىلاي» دېگەن نىيەتتە ئەتىگەن سۇلايمان ئۆيدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن لەيلىگە: «ھېلىقى پۇلنى تاپشۇرۇپ بولمىغان بولساڭ دەرھال ئەكېلىپ بەرگىن!» دەپ تېلېفون قىلدى. لېكىن، لەيلى پۇلنى ئاللىقاچان تاپشۇرۇپ بولغانىدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، پۇلنى ھازىر قايتۇرمىسا پەقەت بولمايدىغان ئىش بولسا ئۆينى ساتماقتىن باشقا چارە يوقكەن. ئاسىيەنىڭ بېشىنىڭ ئىچىمۇ-تېشىمۇ قاتقىلى تۇردى. ئۇ ئۇيان ئويلاپ-بۇيان ئويلاپ ئاخىر بىر ئىشقا ئۆزىچە تەۋەككۈل قىلىپ باقماقچى بولدى. ئۇ سۇلايمان ئۇنىڭغا ئەزەلدىن ئېچىپ كۆرسىتىپ باقمىغان كىچىك ساندۇقنىڭ قۇلۇپىنى بۇزۇپ ئېچىپ ئۇنىڭدىن سۇلايماننىڭ نامىدىكى ئۆي خېتىنى ئالدى.

ئىشكاپتىن ئەڭ ئېسىل كىيىملىرىنى ئېلىپ كىيدى، ئەزەلدىن تاقاپ باقمىغان ئالتۇن بىلەزۈكىنى ئېلىپ تاقىدى. ئاسىيە ئۈدۈل سودا سارىيىغا بېرىپ ئوچۇق رەڭلىك ئېسىل پوپايكىدىن بىرنى ئالدى ۋە ئازراق قەنت-گېزەك ئېلىپ ئۆيدىن تاۋاق راسلىدى، ئاندىن ئامان يېزىپ بەرگەن ئادرېس بويىچە ئامانلارنىڭ ئۆيىگە كەلدى. ئاماننىڭ ئاپىسى تۇيۇقسىز كىرىپ كەلگەن بۇ مەزلۇمنىڭ زۆھرەنىڭ ئۆگەي ئاپىسى ئىكەنلىكىنى ئۇقۇپ دەسلەپتە ئانچە ئېچىلمىدى. لېكىن، بۇ مەزلۇمنىڭ شۇنداق قىلىدىغانلىقىنى ئالدىنئالا كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغان ئاسىيە بۇنىڭغا پەرۋا قىلمىدى. ئۇ ئۆيگە سالامنىڭ چوڭىنى قىلىپ كىرىپ، تۆرگە ئۆتۈپ ئەركىن-ئازادە ۋە ناھايىتى تەمكىن ئولتۇردى. ئاماننىڭ ئاپىسىمۇ مېھماننىڭ يۈزىنى دەپ دەرھال داستىخان سېلىپ، داستىخاننى توشقۇزۇپ قەنت-گېزەك تىزدى. ئاسىيە ئاماننىڭ ئاپىسى چاي قۇيۇۋاتقاندا ئۇنىڭغا تۇيدۇرماي سەپسالدى. قارىماققا ئۇ مەزلۇم ئاسىيەدىن ئون نەچچە ياش چوڭدەك كۆرۈنەتتى. ئەمما، ئاسىيە ئۇنىڭ ياش قۇرامىنى دېسە جېنىنى بېرىدىغان چىڭگىز خوتۇنلاردىن ئىكەنلىكىنى ئۆز ۋاقتىدا زۆھرەگە تۇتقان پوزىتسىيىسىدىنلا پەرەز قىلىپ بولغانىدى. شۇڭا ئۇ بۇ مەزلۇمنى سىناپ باقماقچى بولۇپ ئېغىز ئاچتى:

—ۋىيەي، ئايىمخان، بەك جوۋاپ كەتتىلا، ئاۋارە بولماي ئولتۇرسىلا، سىلىگە دەيدىغان ئىككى ئېغىز گېپىم بار ئىدى. دەپ بولۇپلا ماڭىمەن، —ئاسىيە ئۆزىدىن ئاز دېگەندىمۇ ئون ياش چوڭ بۇ مەزلۇمنى «ئايىمخان ئاچا» دېمەي، قەستەن ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ گەپ باشلىدى. ئىش ئاسىيەنىڭ ئويلىغىنىدەك چىقتى. ئايىمخان ئۆزىدىن كىچىك بىر خوتۇننىڭ ئۇنىڭغا ئىسمىنى ئاتاپ تۇرۇپ گەپ قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ خۇشلۇقىدىن تېرىسىگە سىغمايلا قالدى. بۇ ئىككى مەزلۇم گەپ

ئارىلىقىدا زۆھرەنىڭ گېپىنى قىلىپ قالدى. ئايمخان: «ئاسىيەنى زۆھرەنىڭ ئۆگەي ئاپىسى بولغاچقا كۆڭلىگە ئالمايدۇ» دەپ قالدىمۇ، ئۆزىنىڭ زۆھرەنى ئوغلىغا ئېلىپ بەرگۈسى يوق ئىكەنلىكىنى ئوچۇق دېدى. ئاسىيەمۇ ئۇنىڭ گەپلىرىگە تەبەسسۇم بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ قايىللىقىنى ئىپادىلىدى. ئاسىيە بۇ مەزلۇمنىڭ زۆھرە ھەققىدىكى گەپلىرىنى سەۋرچانلىق بىلەن ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، زۆھرە ئۈستىدە بولۇۋاتقان گەپنى باشقا ياققا بۇرىدى:

— كۆڭۈللىرىنى چۈشىنىمەن، ئايمخان! قايسىبىر ئاپا، ئوغلىغا دۇنيادىكى ئەڭ چىرايلىق ۋە ئەڭ ئېسىل قىزنى ئېلىپ بېرىشنى ئارزۇ قىلمايدۇ دەيلا؟ بولۇپمۇ سىلىدەك قولىنى نەگە سۇنسا يېتىدىغان كىشىلەر كېلىن دېگەننى چېكىپ، تاللاپ ئالمىسا بولمايدۇ.

— شۇنى دېمەملا، مېنىڭمۇ ئولتۇرسام-قوپسام ئويلايدىغىنىم شۇ! — ئايمخان تۇيۇقسىز كىرىپ كەلگەن بۇ ناتونۇش خوتۇننىڭ ئۆزىگە مۇڭداشچى چىقىپ قالغانلىقىدىن تولىمۇ خۇش بولدى.

— مېنى زۆھرە ئۈچۈن گەپ قىلغىلى كەلدىمىكىن، دەپ ئويلاپ قالمىسىلا، ئايمخان، — دېدى ئاسىيە ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ، — مەن ئۆزلىرىنى يوقلىغاچ باشقا بىر ئىش بىلەن كېلىشىم. ھەرقايسىلىرىدەك پېشانىسى ئوك، كاتتا بايلاردىن بولمىغاچقا ئالدىلىرىغا قۇرۇقلا كېلىپ قالدىم، ئەيىبكە بۇيرىمىغايلا، — دېدى ئاسىيە تەييارلىۋالغان تاۋۇقنىڭ ئۈستىگە ھېلىقى پوپايىكنى قويۇپ، ئۇنى داستىخانغا قوش قوللاپ قويدى.

ئوتقاشتەك شوخ رەڭلىك ئېسىل پوپايىكنى كۆرگەن ئايمخاننىڭ كۆزلىرى چاقنىغىلى تۇردى. ئۇ خۇشلۇقىدا كۈلۈۋىدى، ئاغزىدىكى ئالتۇن چىشلىرى ۋال-ۋۇل قىلىپ

پارقىراپ كەتتى. ئاسىيە ئايىمخاننىڭ ئاغزىنى تولدۇرۇپ ئالتۇن چىش سىيلىۋالغانلىقىغا كۆلگۈسى كەلسىمۇ، لېكىن ئۇنى ماختىغىلى تۇردى:

— ۋىيەي، ئايىمخان، خويمۇ بەلەن چىش سالدۇرۇۋاپتىكەنلا، ئۆزلىرىگە بەكلا يارىشىپتۇ!

— شۇنداقمۇ؟ بىراق ئامان پەقەتلا ياقتۇرمايدۇ دېسىلە. ئۇ تومپاي خوتۇلارغىلا ئوخشاپ قالىدىكەنسەن، ئالدۇرۇۋەتكىن دەپ كېتىۋاتىدۇ!

— ھەي، ئۇ ياشلار نېمىنى بىلەتتى ؟ ئۇ دېگەن كۆرۈنگەنلا ئادەم سالدۇرىمەن، دەپلا سالدۇرالايدىغان نەرسە ئەمەس، ئالتۇن دېسىلە. ئالتۇن! مانا بىزدەك خوتۇنلار ئۇنداق ئالتۇن چىشلارنى بىر ئۆمۈر سالدۇرالماي ئارماندا كېتىمىز!

ئاسىيەنىڭ ئايىمخاننى ئۇچۇرۇپ ماختاشلىرى راستتىنلا ئەسقاتقاندەك قىلاتتى. ئاسىيەنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ خۇشلۇقىدا ئۆزىنى باسالماي قېلىۋاتقان ئايىمخان دەرھال تاماق قىلماقچى بولدى. لېكىن، ئاسىيە ئۇنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇۋېلىپ ھەرگىز قويۇقىلى قويمىدى.

ئاسىيە ئايىمخان ئالاھىدە دەملىگەن سىنچايدىن بىر پىيالىنى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن گېپىنىڭ تېمىسىنى باشقا ياققا بۇرىدى.

— بىر گەپ بار ئىدى، — دەپ گەپ باشلىدى ئاسىيە مەيۈسانە قىياپەتتە، — ئەسلىگە سىلىگە دېيىش نىيىتىم يوق ئىدى، بىراق... شۇ يەنىلا دېمەي ئامال بولمىدى... سىلىگە دېمەي كىمگە دەيمەن، ئويلاپ باقسىلا؟!

— ۋۇي، نېمە ئىشتى؟ تېز دېسىلە!

— زۆھرە ئاق قان كېسىلى بولۇپ قاپتۇ، ئېھتىمال، يېرىم يىللىقمۇ ئۆمرى قالمىدى!

— نېمە؟ — ئايىمخاننىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ چانىقىدىن

چىقىپ كېتەيلا دەپ قالدى.

ـــ ھازىر ھەممەيلەن شۇ بىچارە قىزنىڭ ھەلەكچىلىكىدە، شەرىپە ئاچىسىغا يىلىكىنى تەقدىم قىلماقچى بولدى. بىراق ئوپېراتسىيە پۇلىنىڭ ئۆزىلا ئىككى يۈز نەچچە مىڭ يۈەن ئىكەن. ئۆينىڭ بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىنى قېقىشتۇرۇپ دېگەندەك يۈز نەچچە مىڭ يۈەننى غەملەپ قويدۇق، كەم قالغان ئوتتۇز مىڭ يۈەننىڭ ھېچبىر ئورنىنى قىلالمايۋاتىمىز. بالىلارنىڭ ئاتىسى بىچارىنىڭمۇ بارمىغان يېرى قالمىدى، ـــ ئاسىيە تۇيۇقسىزلا كۆز يېشى قىلدى.

ـــ ئوپېراتسىيە قىلسىلا ساقىيامدىكەن؟ ـــ دەپ سورىدى ئايىمخان دەرھاللا.

ـــ ئوپېراتسىيە قىلدۇرۇۋالىساقلا خۇدا بۇيرۇسا ساقىياتتى، ـــ دېدى ئاسىيە ئۇنىڭغا جاۋابەن، ـــ بىراق، چوقۇم ۋاقتىدا قىلمىسا بولمايدىكەن، ئوپېراتسىيە بىر كۈن كېچىكسە زۆھرەنىڭ ئون كۈنلۈك ئۆمرى قىسقىراپ ماڭىدىكەن دېمەملا!

ـــ ئوغلۇمنىڭ «زۆھرەنى ئالىمەن» دېگىنىگە قوشۇلمىغىنىم راست، لېكىن ئۇ قىز كۆزۈمگە ئىسسىق كۆرۈنگەنىدى: ناھايىتى ئېغىر-بېسىق، ياۋاش قىز ئىكەندۇق. ھەي، ئاشۇنداق جانغا تېگىلىپ كېلىدىغان كېسەللەر ساپلا خۇدانىڭ مۆمىنلىرىنى تاپامدىغاندۇ؟! ھەي، تەڭسىز ئالەم! جاھاننىڭ خۇۋلۇقىنى كۆرۈپ باقمىغان بۇ قىز ئۇنداقلا كېتىپ قالسا بولمايتتى، ئىسىت! ـــ ئايىمخانمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالماي يىغلاپ كەتتى.

ئاسىيە سومكىسىدىن ھېلىقى ئۆي خېتىنى چىقىرىپ شىرەنىڭ ئۈستىگە قويدى ۋە ئايىمخاننىڭ كۆزىگە ئۈندىمەستىن تىكىلدى. ئايىمخانمۇ ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى بىلىپ بولغانىدى، لېكىن ئۇ ھېلى ئۆي كىنىشكىسىغا، ھېلى ئاسىيەگە قارىغىنىچە بىردەم گەپ قىلماي تۇرۇپ قالدى. ئاخىرىدا

ئاردىكى جىمجىتلىقنى يەنىلا ئاسىيە بۇزدى:

—ماڭا ئوتتۇز مىڭ يۈەن قەرز بېرىپ تۇرسىلا بۇ ئۆي خېتى سىلىنىڭ قېشىلىرىدا تۇرۇپ تۇرسۇن، ناۋادا خالىسىلىرى ئەتىلا ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىغا بېرىپ بەزبىر رەسمىيەتلىرىنى بېجىرەيلى!

ئايىمخان نېمە دېيىشنى بىلەلمەي ئاسىيەگە قاراپ ئولتۇرۇپ قالدى، چۈنكى ئۇ ھەم گەپكە ئۇستا، ھەم ئاق كۆڭۈل ئاسىيەگە دەماللىققا گەپ تېپىپ بېرەلمەيۋاتاتتى.

—ئايىمخان، ئىككىلىنىۋاتقانلىقلىرىنى بىلىۋاتىمەن، —دېدى ئاسىيە، —زۆھرە بىچارە مۇشۇ ئوتتۇز مىڭ يۈەن پۇلغىلا قاراشلىق قالدى، سىلىنىڭ «ئۇنى ئوغلۇمغا ئېلىپ بەرمەيمەن» دېيىشلىرى تامامەن ھەقلىق، لېكىن ئۇ قانداقلا بولمىسۇن، ئوغۇللىرى چىن كۆڭلىدىن ئاشىق بولغان قىز دېسىلە. بۇ شور پېشانە قىزنىڭ جېنى ھەلقۇمغا چىقىپ قالغان چاغدا قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرساق بولماس... سىلىدىن ئۆتۈنەي، بىر ياردەم قىلسىلا!

ئاسىيەنىڭ گەپلىرىدىن يۈرەكلىرى ئېرىپ كەتكەن ئايىمخان شىرەدىكى ئۆي خېتىنى ئاستا ئېلىپ ئىچكەركى ئۆيگە كىرىپ كېتىپ بىرھازادىن كېيىن بىرتۇتام پۇلنى كۆتۈرۈپ چىقتى.

—سىلىگە دېسەم، ئاسىيە، بۇ ئوتتۇز مىڭ كويغا يەنە بىر دۇكان ئاچارمىز، دەپ تەخلەپ قويغان پۇل ئىدى، —دېدى ئايىمخان، —بولسا، بەك كېچىكتۈرۈۋەتمەي قايتۇرۇۋەتكەن بولسىلا...

ئاسىيە بېشىنى لىڭشىتىپ پۇلنى ساناپ ئالدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئوقچۇپ چىققان ئىككى تامچە ياش قولىدىكى پۇلنىڭ ئۈستىگە سىرغىپ چۈشتى. بۇ ئۇنىڭ خۇشاللىق ياشلىرى ئىدى.

—خاتىرجەم بولسىلا، ئوپېراتسىيە تۈگىگەن ھامان

سۇغۇرتىدىن تۆلەم بېرىدۇ، كۆپ بولغاندىمۇ بىر ئايغىچە پۇللىرىنى ئۆزۈم ئەكېلىپ بېرىمەن.

* * *

سۇلايمان قېتىپ قالغان قۇيماقنى چايغا چىلاپ يەپ هايال ئۆتمەيلا ئاشقازىنى ئېچىشقىلى تۇردى. ئۇ بىر پىيالە سۈتنى ئىسسىتىپ ئىچىپ باقتى، لېكىن ئۇمۇ كار قىلمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ هۇجرىغا كىرىپ سۇنايلىنىپ يېتىپ باقتى. هەش-پەش دېگۈچە سائەت ئىككىدىن ئاشقاندى. ئاسىيەنىڭ تېخىچە قايتىپ كىرمىگەنلىكىدىن جۇدۇنى ئۆرلەپ كېتىۋاتقان سۇلايمان ئۆز-ئۆزىگە تېرىكىپ سۆزلىگىلى تۇردى: «خوتۇن خەق دېگەنزە لالما ئىتنىڭ ئۆزى! هازىرغىچە تالادىن كىرمەي نەلەردە هاڭۋىقىپ يۈرىدىغاندۇ...!»

## 58

زۆهرەنىڭ تىنچ-ئامان ساقىيىپ چىققانلىقىغا خۇش بولۇپ كەتكەن سۇلايمان بالىۋاقىسىنى بىر رېستوراننىڭ ئايرىمخانىسىغا يىغىپ چاي بەردى. بىر ئاي ئىلگىرى ئىچكىرىگە مۇهەررىرلەر كۇرسىغا كەتكەن مۇنەۋۋەر قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە لەيلىمۇ زۆهرەنىڭ گۆر ئاغزىدىن قايتقانلىقىنى قۇتلۇقلاپ شۇنچە يىراق يەردىن ئالاهىدە كەلگەنىدى. شىرەنى چۆرىدەپ ئولتۇرغان بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ چېھرىدە شادلىق كۆلكىسى جىلۋە قىلاتتى. هەممەيلەننىڭ ئاغزىدا زۆهرە ئىدى. هەممىسى زۆهرەگە سالامەتلىك، بەخت-سائادەت ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر تىلىشەتتى. دەل شۇ چاغدا مۇنەۋۋەر لەيلىنىڭ كۆزىگە «لاپپىدە» قارىۋالغاندىن كېيىن بىر پىيالە چاينى ئېلىپ ئورنىدىن دەس تۇردى، بۇنى

كۆرگەن لەيلىمۇ ئورنىدىن تۇردى. ئاچا ـ سىڭىل ئىككىسى باشقىلارنىڭ گەپلىرىگە قۇلاق سالغىنىچە كۈلۈمسىرەپ جىم ئولتۇرغان زۆھرەنىڭ ئالدىغا باردى:

ــ زۆھرە ئاچا، ئوكۇشلۇق ساقىيىپ چىقىپ ئارىمىزدا بۇرۇنقىدەكلا كۈلۈپ ئولتۇرغانلىقىڭىز ئۈچۈن بەكمۇ خۇشالمىز، ــ دېدى مۇنەۋۋەر ھاياجان بىلەن، ــ ئاچام ئىككىمىز سىزنى قۇتلۇقلاپ بىر پىيالە چاي تۇتىمىز، «ئۆلۈمدىن باشقىسى تاماشا» دەپتىكەن، سالامەت بولۇڭ، كۆڭلىڭىز خۇشال ئۆتكەي...!

زۆھرە ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ مۇنەۋۋەر تۇتقان بىر پىيالە چاينى قوش قوللاپ ئالدى:

ــ ئاچا ـ سىڭىل ئىككىڭلارغا رەھمەت، سىلەردەك تۇغقانلىرىمنىڭ بولغانلىقىدىن خۇشالمەن... سىلەرمۇ سالامەت بولۇڭلار... ــ زۆھرە گېپىنىڭ ئايىغىنى دېيەلمەي قالدى. ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرىدا شادلىق ياشلىرى لىغىرلايتتى...

بۇنى كۆرگەن سۇلايماننىڭ ۋۇجۇدى ھاياجاندىن لەرزىگە كەلدى، كۆلكىدىن ئۇنىڭ كۆزلىرى يۇمۇلۇپ كېتىۋاتاتتى. شۇ ئارىلىقتا شەرىپە ئورنىدىن تۇرۇپ بىر پىيالە چاينى كۆتۈرگىنىچە ئاسىيەنىڭ ئالدىغا كەلدى، بۇنى كۆرگەن ئاسىيەمۇ دەرھال ئورنىدىن تۇردى.

ــ ئاسىيە ئاچا... ــ دېدى شەرىپە دۇدۇقلاپ تۇرۇپ، ــ سىزگە دەيدىغان نۇرغۇن گەپلىرىم بار ئىدى... بىراق گەپنى نەدىن باشلاشنى بىلەلمەيۋاتىمەن... سىزگە پەقەت «رەھمەت» دېمەكچىمەن... ئاتامنىڭ ھالىدىن كۆيۈپ ـ پىشىپ خەۋەر ئالغانلىقىڭىزغا، بىزگە قىلغان چىن ئەقىدىڭىزگە كۆپ رەھمەت، ئاچا...! ــ شەرىپە بىردەم تۇرۇپ قالدى.

ئاڭغىچە پولات گەپ قىستۇردى:

ــ ۋۇي، شۇنچىلىكلىما؟ ئادەتتە ئېغىزىڭ بىر ئېچىلسىلا

توختا، دەپ توختاتقىلى بولمايتتىغۇ؟

— ئوھۇش، ئېلىشتۇرمەي جىم ئولتۇرغىنە، ئاكا، — دېدى شەرىپە پولاتقا قاراپ قاپاقلىرىنى تۈرۈپ، — ئۇنداق بولسا مەن... مەن... بۇ چاينى بىر كۇپلېت بېيىت بىلەن تۇتاي.

شەرىپەنى يەنە «نېمىسدەركىن؟» دەپ قاراپ ئولتۇرغان كۆپچىلىك پاراققىدە كۈلۈشتى.

— ھە، ياخشى...

— قېنى، شەرىپەنىڭ بېيىتىنى ئاڭلاپ باقايلى...

شەرىپە بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن گېلىنى قىردى:

ئىزھار قىلاي كۆڭلۈمنى،
بىر پىيالە چاي بىلەن.
دىل-مېھرىمىز بەسلەشسۇن،
يۇلتۇز بىلەن، ئاي بىلەن!

بۇنى ئاڭلىغان كۆپچىلىك تەرەپ-تەرەپتىن چاۋاك چېلىپ كېتىشتى.

— ئاپىرىن، شەرىپە ئاچا، شائىركەنسىزغۇ ئەسلى، شائىر! — دېدى مۇنەۋۋەر شەرىپەگە قاراپ كۈلۈپ تۇرۇپ. ئاسىيە تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن شەرىپە سۇنغان پىيالىنى قولىغا ئالدى. ئۇنىڭ لەۋلىرى توختاۋسىز مىدىرلايتتى، كۆزلىرىدە بولسا ياش لىغىرلايتتى:

— مەن... مەن... نېمە دېسەم بولار، شەرىپە، — ئاسىيە بارمىقىنىڭ ئۇچىدا كۆز ياشلىرىنى سۈرتتى، — رەھمەت سىزگە، رەھمەت...!

— ۋۇي، رەھمەت دەپلا ئولتۇرماي گەپ قىلسىنا، — دېدى باياتىن بېرى ھاياجاندىن ئۆزىنى تەستە بېسىپ ئولتۇرغان سۇلايمان ئاسىيەگە چاقچاق قىلىپ، — مەن بىلەن ئۇرۇشۇپ

قالساڭ ئاپتوماتتەك سۆزلەپ كېتىسەن، بۈگۈن ئەجەب تىلىڭ تۇتۇلۇپ قېلىۋاتىدۇغۇ؟!

— ۋيەي، نېمە دەيدىغانلا، مەن قاچان سىلى بىلەن گەپ تەرگىشىپ باقتىم؟ — دېدى قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتكەن ئاسىيە، — باللارنىڭ ئالدىدا ئەجەب ئادەمنى...

— شەرىپە، بىر كۆپلېت بېيىت بىلەنلا بۇ سورۇننى مەشرەپ قىلىۋەتتىڭ جۇمۇ! — دەپ كۈلدى باياتىن بېرى جىم ئولتۇرغان پولات.

ئاڭغىچە زۆھرە گەپ قاتتى:

— ئۇيغۇرنىڭ ئولتۇرۇشى دېگەن مۇشۇنداق بولىدۇ.

— ھازىر خەقلەر نەدىكى بىرنېمىلەرنى دوراپ ھە دېسىلا بوتۇلكا تىكلىۋالىدۇ، — دېدى شەرىپەمۇ قىزىپ سۆزلەپ، — چوڭنى چوڭ دېمىگەن، كىچىكنى كىچىك دېمىگەن.

— ھەي، قانداق قىلىسەن، قىزىم، زامان شۇنداق تۇرسا... — دېدى سۇلايمان شەرىپەگە قاراپ. دەل شۇ چاغدا ئىشىك تۇيۇقسىزلا ئېچىلدى. كۆپچىلىك دەرھال ئىشىككە قاراشتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم!

قولىدا بىر دەستە ئەتىرگۈل تۇتقان ئامان كىرىپ كەلدى. ئۇ قولىدىكى ئەتىرگۈلنى دەرھال يانىدىكى مۇلازىمغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ كېلىپ سۇلايمان ۋە پولات بىلەن قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى.

— ئەجەب مېنى چاقىرىشنى ئۇنتۇپ قاپسىلەر-ھە! — دېدى ئامان كۈلۈپ تۇرۇپ، — چاقىرمىغان بولساڭلارمۇ يۈزۈمنى داپتەك قىلىپ كېلىۋەردىم!

ئامان ھېلىقى گۈلدەستىنى مۇلازىمنىڭ قولىدىن ئېلىپ زۆھرەنىڭ ئالدىغا كەلدى:

— ساقىيىپ چىققانلىقىڭىزنى تەبرىكلەيمەن، زۆھرە!

زۆھرە ئامان سۇنغان گۈلدەستىنى تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن ئالدى. بۇنى كۆرگەن كۆپچىلىك يەنە چاۋاك چېلىشتى.

— ھوي يىگىت، باشقىلىرىمىزغا بىرەر ئېغىز گېپىڭىز يوقمۇ؟ — دەپ سورىدى سۇلايمان كۈلۈپ تۇرۇپ. سۇلايماننىڭ بۇ گېپىدىن سەل قورۇنغان ئامان:

— مەن... مەن... ھەممىڭلار سالامەت بولۇڭلار، كۆڭلىڭلار خۇشال ئۆتسۇن، — دېدى دۇدۇقلاپ تۇرۇپ.

— ئۇنداق تالىپ مىجەزلىك قىلىپ تۇرسىڭىز سىزگە لاياقەتسىز دەپ نومۇر قويىمىز جۇمۇ، — دېدى شەرىپە دەرھاللا چاقچاق قىلىپ.

بۇنى ئاڭلىغان سۇلايمان بىلەن پولاتمۇ ئۆزىنى تۇتالماي كۈلۈپ كېتىشتى.

— بۇ... مەن زادى قانچە نومۇر ئالالارمەن... دەپبېقىڭە!

ئۇلار يەنە كۈلۈشتى...

سۇلايمان خېلىغىچە ئۆزىنى كۈلكىدىن توختىتالمىدى. بۇ ئۇنىڭ ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى ئۇنتۇپ كەتكەن، يۈرىكىنىڭ قات-قېتىدىن ئۇرغۇپ چىققۇاتقان شادلىق كۈلكىسى ئىدى. چۈنكى، ئاشۇ كۈلكىلەرنىڭ يارقىن ساداسى ئۇنى ئۆزى زارىقىپ كۈتۈۋاتقان ئاجايىپ ئىللىق ھايات قوينىغا باشلاپ كىرىۋاتاتتى. شۇنداق، كىرسىز قەلبلەردىن تۇرۇلگەن ئىللىق ئائىلە ئۇنىڭ ئاداققى ئارزۇسى ئىدى...

**图书在版编目(CIP)数据**

苏莱曼的再婚生活:维吾尔文/热依汗·米吉提著:
色依提·提力瓦迪译.—乌鲁木齐:新疆青少年出版社,
2008.8
ISBN978—7—5371—5970—8

Ⅰ.苏… Ⅱ.① 热…②色… Ⅲ.长篇小说—中国—当代—
维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.I247.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2008)第 110252 号

责任编辑：尼加提·穆合力斯
责任校对：迪力亚尔·吐尔逊
封面设计：阿里甫·夏

# 苏莱曼的再婚生活（维吾尔文）

（长篇小说）

热依汗·米吉提 著
色依提·提力瓦迪 译

新疆青少年出版社出版
（乌鲁木齐市胜利路二巷1号 邮编：830049）
新疆新华书店发行
新疆彩印胶印厂印刷
850×1168毫米 32开本 15.75 印张
2008年8月第1版 2008年8月第1次印刷
印数：1—3500

ISBN978—7—5371—5970—8 定价：32.00 元
如有印刷装订问题请直接同出版社调换